# روح الدين الإسلامي

# ئىسلام دىنىنىڭ روھى

ئەپىپ ئابدۇلپەتتاھ تەببارە

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئا. روزى توختى

2010 - 1431

islamhouse.com

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە

تەقدىم ............................................ 17
كىتاب ھەققىدە تونۇشتۇرۇش ............................................ 19
كىرىش سۆز ............................................ 23
مۇسۇلمانلار ھالىنىڭ يامانلىقى ............................................ 24
ئىسلام دىنىنى سەت كۆرسەتكۈچىلەر توغرىسىدا ............................................ 25
بىرىنچى بۆلۈم ............................................ 27
ئىسلامنىڭ مەنىسى ............................................ 27
ئىسلامنىڭ لوغەت مەنىسى ............................................ 27
"ئىسلام" نىڭ شەرئىي مەنىسى ............................................ 27
پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا چاقىرىدۇ ............................................ 30
دىنلار زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز سەۋەبىدىن بىر- بىرىگە ئوخشاشماس بولۇپ قالغان ............................................ 31
ئىككىنچى بۆلۈم ............................................ 34
قۇرئان كەرىم توغرىسىدا ............................................ 34
قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە ئىلمىي دەلىللەر ............................................ 34
ۋەھيىنىڭ ھەدىسلەردىكى بايانى ............................................ 35
باشقىلارنىڭ ۋەھيى توغرىسىدىكى گۇماننى يوقىتىش ............................................ 36
قۇرئاننىڭ چۈشۈشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ سۈرىلىرى توغرىسىدا ............................................ 37
قۇرئاننى خاتىرىلەپ يازغۇچىلار ............................................ 38
قۇرئاننى توپلاش ۋە ۋاراقلارغا كۆچۈرۈش ............................................ 38
قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىلمەستىن ساقلانغانلىقى ............................................ 40
قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈش ئۇسۇلى ۋە بۆنداق چۈشۈرۈلۈشنىڭ سەۋەبى ............................................ 41
قۇرئان ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنى مۇنازىرىگە چاقىرىدۇ ............................................ 42
قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىدۇر ............................................ 46
قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى ............................................ 47
قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ............................................ 48
قۇرئان كەرىم ئۇسلۇبىنىڭ - ھەدىس ئۇسلۇبىغا ئوخشىماسلىقى ............................................ 49
قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ۋە بالاغىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ............................................ 50
قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەزنى ۋە چىرايلىق ئوقۇلۇشى ............................................ 50
قۇرئان كەرىمدىكى تەشبىھ (ئوخشىتىش) ............................................ 50
قۇرئان كەرىمدىكى ئىجاز (سۆزنىڭ ئاز مەنانىڭ كۆپلىكى) ............................................ 52
قۇرئاندىكى ماقالە تەمسىللەر ............................................ 54
قۇرئان كەرىمدە بەزى مەزمۇنلارنىڭ تەكرارلىنىشى ............................................ 55
قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ بەزى ئىپادىلىرى ............................................ 56
قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتىنىڭ كامىللىقى ............................................ 57

قۇرئان كەرىمنىڭ قارىمۇ - قارشى مەنىلەردىن ۋە خاتالىقتىن خالىيلىقى ............ 57
قۇرئان مەنىلىرىنىڭ كۆپلىكى ................................ 58
قۇرئان كەرىمنىڭ غەيىب خەۋەرلەرنى سۆزلىشى ........................ 59
قۇرئاندىكى قىسسە (تارىخىي ۋەقە) لەر ............................ 61
قۇرئان كەرىمنىڭ روھى ...................................... 62
ئۈچىنچى بۆلۈم ............................................. 64
قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى ............................. 64
ئاسمان جىسىملىرى بىلەن يەرنىڭ ئەسلى تەركىبىنىڭ بىرلىكى ۋە ھاياتنىڭ سىرى .......... 65
ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ...................................... 66
ئالەمنىڭ ئۇزىرىشى ۋە كېڭىيىشى ............................... 67
زېمىن، كۈن ۋە ئاينىڭ ھەرىكەتلىنىشى ............................ 68
بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى .............. 69
يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ئوكسىگېننىڭ ئازىيىدىغانلىقى .............. 71
زەررىنى تەقسىم قىلىش ....................................... 71
ھەممە نەرسىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى .............................. 72
يامغۇر سەۋەبى بىلەن يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ......................... 73
ئالەم ماددىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئۆلچەمدە بولۇشى ....................... 74
دېڭىزنىڭ سۇ يۈزىدىكى ۋە سۇ ئاستىدىكى دولقۇنلىرى .................... 75
ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ئالىمىنىڭ ئىنسانلار ئالەمگە ئوخشايدىغانلىقى .......... 76
قاتناش ۋاستىلىرىدىن بېرىلگەن خەۋەرلەر .......................... 77
قورساقتىكى بالىنىڭ چوڭىيىش باسقۇچلىرى ......................... 77
قورساقتىكى بالىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەردىلەر ........................ 79
ئادەم بارلىققا كېلىشىنىڭ ئەسلى مەنبەئىي ......................... 79
بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنىڭ جەريانى ........................ 80
ئىنسانىنىڭ مەنىي شەكلىدىكى جانلىق ماددىسىنىڭ ئەلەق قۇرتىغا ئوخشايدىغانلىقى ............................................. 80
ئادەمنىڭ بەدەن بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ........................ 81
تۆتىنچى بۆلۈم .............................................. 83
ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ ئىلمىي دەلىللىرى ............. 83
ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ھۆججەت .................................. 83
ئاسمان، زېمىن ۋە باشقا ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر .......... 85
مۇشۇ يۇلتۇزلارنىڭ چوڭلۇق ھەجمى قۇياشقا نىسبەتەن قانچىلىك؟ ............... 86
بۇ يۇلتۇزلار بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ .......................... 86
كېچە - كۈندۈز، ئاي ۋەكۈن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر .................. 88
تەبىئەتنىڭ قەتئىي ئىرادە ۋە پىلان بىلەن يارىتىلغانلىقى .................. 90
جانلىق ھۈجەيرىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئالامەت .................. 92
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر ............. 93
ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل ئىكەنلىكى ..................... 95

چىشى مەخلۇق قېشىدا ئەركەك يارىتىش ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەت ...................... 96
ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇغۇش ـ تۇغۇلۇشى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر ................ 97
ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، ئۇچار ـ جانىۋارلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل ئىكەنلىكى .......................................... 98
ئاللاھقا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىتىلغان تەبىئىي تونۇشتۇر.......................... 99
بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەننىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشكە چاقىرۋاتقانلىقى ........... 102
ماددىزمچى دىنسىزلار بىلەن مۇنازىرە.............................................. 105
تەسادىپى پەيدا بولۇپ قېلىش قارىشىنىڭ يالغانلىقى .................................. 106
ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ دەسلۋى بار .............................................. 107
شەيئىلەرنىڭ باسقۇچلارغا يۆتكىلىشى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر.......................... 108
بەشىنچى بۆلۈم.................................................................. 110
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى ........................................................ 110
ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەقىدىلىرى....................................... 110
ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىدۇ .................... 112
ئاللاھ بىر دېگەن ئەقىدىنىڭ ئىسلامدىكى روھى مەزمۇنى ................................ 113
ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئەقلىي ھۆججەتلەر .................................... 114
كائىناتنىڭ ئىنتىزامىنىڭ بىرلىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ............ 116
ئاللاھ تائالاغا باشقىسىنى شېرىك قىلىش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئاشكارە كۆرۈنۈشلىرى........ 117
ئىسلام دىنىنىڭ شېرىككە قارشى تۇرۇشى ........................................... 118
شەخسكە ئىبادەت قىلىش ھەققىدە.................................................. 120
بۇت ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش............................................. 123
كۆڭۈل خائىشىغا ئىبادەت قىلىش.................................................. 124
بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە ئىبادەت قىلىش ................................................ 125
تەبىئەت ئالىمىدىكى بەزى ئالاھىدىرەك مەخلۇقلارغا ئىبادەت قىلىش ...................... 127
شاپائەت ........................................................................ 128
ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى........................................ 129
ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەققىدە .................................................. 130
ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ........................................................... 132
ئاللاھ تائالانىڭ ئوخشىشى يوقتۇر .................................................. 133
ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتى .......................................................... 135
ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش سۈپىتى............................................ 136
ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلەش سۈپىتى................................................... 137
ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بارلىقى ۋە دائىملىقلىقى.................................... 138
الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى شۈبھىلەرنى رەت قىلىش ......................... 138
ئاللاھ تائالانىڭ قۇۋۋەت ۋە قەھرى سۈپەتلىرى ....................................... 138
الله تائالانىڭ دوست تۇتۇش ۋە رەھىم قىلىش سۈپەتلىرى ................................ 139
ئاللاھ تائالانىڭ ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسلىكى .................................... 140
رەت قىلىنىدىغان گۇمان............................................................ 140

(قىيامەت كۈنى) ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى.......... 147
قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلىرى.......... 150
قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب.......... 152
جەننەتتىكى ھېلىسى نېمەتلەر.......... 155
جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى.......... 156
جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە مېۋىلىرى.......... 157
جەننەتتىكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر.......... 157
جەننەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىننەت بويۇملىرى.......... 158
جەننەتتىكى ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە خانىلەر.......... 159
جەننەتتىكى ئاياللار ۋە ھۆرلەر.......... 159
جەننەتتىكى مەنىۋىي نېمەتلەر.......... 161
جەننەت نېمەتلىرىنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى.......... 161
ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىش.......... 162
ئاللاھ تائالانى كۆرۈش.......... 163
ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى.......... 164
جەننەت تىنچلىق ئورنىدۇر.......... 165
يامان قىلمىشلارغا جازا بېرىلىشى.......... 166
ئاخىرەت ئازابىنىڭ قاتتىقلىقى.......... 168
دوزاخقا كىرگەنلەر ئۇتتا ئەبەدىي قالامدۇ؟.......... 169
يەتتىنچى بۆلۈم.......... 170
پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا.......... 170
پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىكى غايە.......... 170
پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى.......... 170
پەرىشتىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە قىلىدىغان ئىشلىرى.......... 171
پەرىشتىلەر مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت
قىلىنىشىنى الله تائالادىن تىلەيدۇ.......... 173
پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى يازىدۇ.......... 174
سەككىزىنچى بۆلۈم.......... 176
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش توغرىسىدا.......... 176
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى.......... 176
قۇرئان ئۆزىنىڭ ئالدىدا چۈشكەن كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر.......... 176
قۇرئان بەندىلەر يوقۇتۇپ قويغان ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر.......... 177

قۇرئاننىڭ تەۋراتقا بولغان كۆز قارىشى .................... 178
قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنجىللار توغرىسىدىكى ھۆكمى .................... 180
توققۇزىنچى بۆلۈم .................... 182
پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش توغرىسىدا .................... 182
مىللەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبى .................... 182
پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى .................... 183
پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھتىن خالىيلىقى .................... 184
ھەرمىللەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن .................... 185
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇر .................... 185
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر .................... 186
ئونىنچى بۆلۈم .................... 188
قەدەر توغرىسىدا .................... 188
قۇرئان كەرىمدە قەدەر مەسىلىسى .................... 188
ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى .................... 189
توغرا يول كۆرسىتىش ۋە يولدىن ئازدۇرۇش توغرىسىدا .................... 192
ئىنساننىڭ ئىرادىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە ئىكەنلىكى .................... 193
ئىنساننىڭ رىزقى ۋە ئەجىلى بېكىتىلگەندۇر .................... 194
قەدەرگە ئىشىنىشنىڭ مەنىۋى پايدىسى .................... 195
ئىسلامدا مەنىۋى ھايات .................... 197
ئىنسان روھتىن ھەم ماددىدىن بارلىققا كەلگەن .................... 197
ئىنسانلار ئالىمى روھىي ئىلىم سەۋىيەسىگە موھتاجدۇر .................... 198
ئەخلاقىي تەرەپتىن قوراللىنىش .................... 200
كۆپىنچە دىنلاردىكى مەنىۋى نىزام .................... 200
ئونبىرىنچى بۆلۈم .................... 202
ئىسلامدا ئىنساننىڭ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى .................... 202
روھ بىلەن تەننىڭ تەلەپلىرىگە ئوخشاش قاراش .................... 202
ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل كۆرۈش .................... 205
دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە ئالدىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش .................... 206
بۇ دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن سىناق ئورنىدۇر .................... 207
راھەت پەرەسلىككە تەنقىد .................... 208
قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرى بايلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئازايتىدۇ .................... 210
بايلىقنىڭ بېرىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەستۇر .................... 211
پۇل ـ مال ئىمتىھاندۇر ۋە تېز يوقىلىدىغان مەنپەئەتتۇر .................... 211
ئىنساننىڭ پۇل ـ مال سەۋەبى بىلەن ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تەنقىد قىلىش .................... 212
بايلىق سەۋەبى بىلەن خوش بولۇپ ھاكاۋۇرلۇششتىن توسۇش توغرىسىدا .................... 212
بېخىللىقتىن توسۇش ھەققىدە .................... 213
ئون ئىككىنچى بۆلۈم .................... 215

ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشى ۋە ئۇنىڭ روھىي داۋالىشتىكى پايدىسى ........................................215
ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشىنىڭ غايىسى....................................215
ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەربىيلەش ....................................215
روھىي بەخت ـ سائادەت.................................................216
روھىي داۋالاش................................................216
ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرستىدىغان تەسىرى ..............217
ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە بۇنىڭ روھقا كۆرستىدىغان تەسىرى .....................219
ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت ...............................222
ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانى دوست تۇتۇشى........................................223
ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى........................................224
ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە بۇ قورقۇشنىڭ يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتىكى تەسىرى.........................................227
ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن ئۈمىد قىلىشنىڭ بىللە بولۇشى .......................228
ئىستىغفار ۋە ئۇنىڭ روھىي داۋالاشتىكى تەسىرى.........................229
ئىستىغفار (ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تىلەش) نىڭ پايدىسى توغرىسىدا ..................232
ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش ۋە تەۋبىنىڭ ئەخلاقنىڭ تۈزۈلۈشىگە بولغان تەسىرى...........233
ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ شۇم پال ئېلىشنى تۈگىتىشتىكى تەسىرى ....................................236
ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىبادەتنىڭ ئىنساننى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇشتىكى تەسىرى.........................................238
ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا قىلىش كېرەك بولىدىغان ئىشلار......................240
ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىش ۋە ئۇنىڭ بەندىلەرنى بەختكە ئېگە قىلىشتىكى تەسىرى.........................................240
ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش...................................242
ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ ئۆزىنى تاپشۇرۇش ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىشتىكى تەسىرى ......................................244
ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئىخلاسنىڭ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يۇقىرى مەرتىبىگە كۆتۈرۈشى..........................................246
دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەنىۋىي خارەكتىرى ......................................248
دۇئا قىلىش روھىي داۋالىنىشتۇر.........................................249
بەندە خۇرسەن بولغان ياكى دەرتكە قالغان ھەر قانداق ھالەتتە دۇئا قىلىشى كېرەك........................................249
روھىي ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن دۇئا قىلىش..............................250
دۇئانىڭ پەزىلىتى..........................................252
ئۇن ئۈچىنچى بۆلۈم.............................................254
ئىسلامدا ئەخلاق..............................................254
ئەخلاقنىڭ غايىسى.............................................254

ئىسلامغا قارشى بىر ئويدۇرما ........ 255
ئەقىدىدە، سۆزدە، ھەرىكەتتە توغرا بولۇش، روھىي ھالەتنى تۈزەش ۋە تازىلاش ........ 256
ئۆزىنى تۈزەش ........ 257
روھنى پاكلاش ........ 257
ئېھسان ........ 258
ئىسلامدا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەرتىۋىسى ........ 259
ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى ........ 260
ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ........ 262
تەقۋا دارلىق ........ 264
تەقۋادارلىقنىڭ پايدىلىرى ........ 266
سەۋر (توغرا يولغا مېڭىشتا چىداملىق بولۇش) ........ 267
ئەپۇ قىلىش ........ 270
راستچىللىق ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى ........ 273
كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇش ........ 274
ياردەملىشىش ........ 276
پىداكارلىق ........ 277
ياخشىلار بىلەن بىللە ياشاش ........ 280
كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سوراپ ھەم سالام قىلىپ كىرىش ........ 282
سالام قىلغۇچىغا سالام قايتۇرۇش ........ 283
ناچار ئەخلاقلار ........ 283
تەكەببۇرلۇق (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش) توغرىسىدا ........ 285
ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا ........ 287
ھاراقنىڭ زىيانلىرى ........ 288
قىمارنىڭ زىيانلىرى ........ 289
يالغان سۆزلەش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى ........ 290
خىيانەت ........ 291
ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش ........ 291
يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ........ 292
بوھتان چاپلاش ........ 292
گەپ توشۇش ........ 292
باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈش ........ 293
باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى، كەمچىلىكىنى
تەكشۈرۈش ۋە غەيۋەت قىلىشنىڭ يامانلىقى ........ 294
زىنانىڭ يامانلىقى ........ 296
ئاچچىغى يامانلىقنىڭ ناچار ئەخلاق ئىكەنلىكى ........ 297
ھەسەت (ئىچى يامانلىق) ناچار ئەخلاقتۇر ........ 298
ھەسەتخورلۇقنىڭ داۋاسى ........ 300
پايدىسىز سۆز ۋە ئىشتىن ساقلىنىش ........ 300

يېمەك ـ ئىچمەككە بەك بېرىلىپ كېتىش خاتادۇر.......... 301
ئون تۆتىنچى بۆلۈم .......... 303
ئىسلامدا ناماز .......... 303
ناماز ئوقۇشتىكى مەقسەت.......... 303
نامازنىڭ ھېكمىتى .......... 304
تاھارەت ئېلىشتىكى بەزى ھېكمەتلەر.......... 305
نامازنىڭ شەرتلىرى .......... 306
نامازدىكى ئىشلارنى تونۇشتۇرۇش.......... 306
سۈرە فاتىھە ئىشارەت قىلغان ئالىي مەنالار .......... 307
نامازدىكى ئىشلارنىڭ تۈلۈقلىمىسى.......... 311
نامازنىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بەزى ھېكمەتلىرى .......... 313
ئونبەشىنچى بۆلۈم.......... 317
روزا .......... 317
ئىسلامدىكى روزىنىڭ روھى .......... 318
روزىنىڭ بەزى ھېكمەت ۋە پايدىلىرى .......... 319
روزىدىكى قىينچىلىقنى ئىسلامنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى .......... 320
ئون ئالتىنچى بۆلۈم .......... 323
ھەج .......... 323
كەبىنىڭ بىنا قىلىنغانلىقىنىڭ قىسسىسى .......... 323
ئىسلامدىكى ھەجنىڭ روھى .......... 325
ھەج قىلىش كىملەرگە پەرز؟ .......... 326
ئېھرام باغلاش ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى.......... 327
ئېھرام ۋە سالام.......... 328
ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش.......... 329
بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېكمىتى .......... 329
ساپا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى تېز مېڭىش.......... 330
ئەرەفاتتا تۇرۇش.......... 330
ھەج قىلىش ھەققىدە گۇۋاھلىق.......... 331
ئون يەتتىنچى بۆلۈم.......... 332
ئىسلامدا ئىلىمنىڭ ئورنى.......... 332
ياۋرۇپادىكى ئىلىم بىلەن دىن ئارىسىدىكى كۆرەش.......... 332
ئىلىمنىڭ ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى .......... 333
ئىسلام دىنى ھۆججەت ـ پاكىتنى تۇتقۇ قىلىدىغان دىندۇر.......... 335
ئىسلام دىنىنىڭ گۇماننى ئاساس قىلماي چىڭلىقنى ئاساس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى.......... 336
ئىسلام دىنى قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ دۈشمىنىدۇر.......... 337
ئىسلام دىنى ئەڭ ياخشىنى تۇتۇشقا چاقىرىدۇ.......... 339
ئىسلامدا ئەقىلنىڭ تۇتقان ئورنى.......... 340

ئالەمنىڭ مۇقىم قانۇنى بار ........ 341
تەجرىبىلەر ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشلەر ........ 341
ئىسلام چاقىرغان ئىلىم ........ 343
تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ ........ 343
ھاياتلىق ئىلمى (فىزولوگىيە ئىلمى) ........ 344
تارىخ ۋە جەمئىيەت ئىلمى ........ 345
ياۋرۇپانىڭ بەزى ئالىملىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا بەرگەن گۇۋاھلىقى ........ 346
ئون سەككىزىنچى بۆلۈم ........ 349
ئىسلامدىكى كەڭچىلىك ........ 349
دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى كۆرەش ........ 349
ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، تۇنۇش ۋە ھەرىكەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاشماسلىقى ئاللاھ
تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدا ئورناتقان قانۇنىي يولىدۇر ........ 350
دىنىي ئەركىنلىك ........ 351
مۇسۇلمان ئايالنى مۇسۇلمان ئەمەس ئەرگە تېگىشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبلىرى ........ 354
ناھەق تەرەپبازلىقتا قارشى تۇرۇش ........ 355
مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى ........ 356
بەزى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى ........ 359
ئون توققۇزىنچى بۆلۈم ........ 362
ئىسلامدا ھۆكۈم قىلىش ئىنتىزامى ........ 362
ھۆكۈملەرنى تەيىنلەپ بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر ........ 363
ئىسلام ھۆكۈمىتى روھانىي ھۆكۈمەت ئەمەستۇر ........ 365
ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بارلىققا كېلىدىغان بەزى چوڭ ئاساسلار ........ 368
باراۋەرلىك ........ 371
ئادالەت ........ 375
قۇرئاندىكى ئادالەت ........ 376
ئاۋاتلىقتا ھۆرمەت قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقتا چاقىرىش ........ 377
ياخشىلىقتا بۇيرۇش يامانلىقتىن توسۇش ........ 381
ئىسلام قانۇنى ........ 383
ئىسلام قانۇنىنى خاتىرلەپ مېڭىش ھەرىكىتى ........ 384
ئىسلام قانۇنى تۈزۈشتە تۇتقۇ قىلىنىدىغان بەزى ئاساسلار ........ 385
كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى توسۇشقا قارىتا مەخسۇس پرىنسىپلار ........ 386
بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلىرىنى توسۇشقا خاس پرىنسىپلار ........ 386
قىيىنچىلىقنى يوقىتىشقا تۈزۈلگەن مەخسۇس پرىنسىپلار ........ 388
زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا چەكلەنگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلىنىش پرىنسىپى ........ 388
ئىنساننىڭ ئەسلىدە جاۋابكار ئەمەسلىكىگە خاس پرىنسىپلار ........ 389
ئىسلام شەرىئىتى ھەرقانداق جەمئىيەتكە يېتەرلىك ۋە مۇناسىپتۇر ........ 390
ئىسلامدىكى خەلىپىلىك (ئومۇمىي ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىكى) مەسىلىسى ........ 392
خەلىپىنى كىملەر سايلايدۇ ۋە كىملەر ئېلىپ تاشلايدۇ؟ ........ 392

خەلپە بولۇشتا تۇتقۇ قىلىنىدىغان شەرتلەر.................................393
خەلپىلىك بىلەن پاپالىقنىڭ پەرقى ..............................394
خەلپىنىڭ ئۈممەتكە قارىتا ئادا قىلىش لازىم بولغان ۋەزىپىلىرى.........................395
ئىسلامدا ئەۋۋەلقى خەلپە قانداق تاللانغان؟..............................395
يىگىرمىنچى بۆلۈم..................................398
ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم..............................398
سەرمايىدارلىق (كاپىتالىستىك) ئىقتىسادىي تۈزۈم..........................399
ئۈمۈمىي مۈلكچىلىق (سوتسىيالىستىك) ئىقتىسادىي تۈزۈم .......................400
ئىسلام خۇسۇسىي ئىگىلىكنى توغرا دەپ قارايدۇ ...........................400
سەرمايىدارلىقنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش..........................401
مىراس بېرىش تۈزۈمى .................................402
ۋەسىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك چېگرىسى ...............................405
كەمبەغەللەرنىڭ ئۈلجا، غەنىمەتتىن ئالىدىغان نەسىۋىسى .........................405
ئىقتىسادنى يىغىپ بېسىپ يېتىشنى مەنئى قىلىش..........................407
ئۈممەت (ئومۇمىي مىللەت) نىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئاسراش ...........408
يېتىم باللارغا مال ـ مۈلۈكلىرىنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ
ئەقلىنى سىناپ بېقىش ................................409
ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنى خاتىرىگە يېزىپ قويۇش ..............................410
جازانە (ئۆسۈم) نى هارام قىلىش ...............................413
جازانىنى تۈگىتىشنىڭ ۋاستىلىرى..............................417
پاي قوشۇشنىڭ پايدىسى ................................419
خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشنىڭ هاراملىقى........................420
قىمارنىڭ هارام قىلىنىشى..................................421
كەمچە، جىڭ ـ تارازىنى ئېغىر ـ يېنىك قىلىشتىن هارام قىلىش ..........................422
ئىسراپچىلىقتىن توسۇش..................................423
موهتاجلارغا ياخشىلىق قىلىش .................................423
ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىش................................423
هاجەتمەنلەرگە خىراجەت بېرىش .................................424
سەدىقە ۋە ياردەمنى هالال، پاكىزە ۋە ياخشى مالدىن قىلىش .......................425
پۈتۈن مال ـ مۈلۈك ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر ..........................426
ئاجىزلارغا قىلغان ياخشىلىق ئاللاھقا بەرگەن قەرز هېسابلىنىدۇ ..........................427
كەمبەغەللەرگە قىلىنىدىغان ياردەم يوللىرىنىڭ كۆپلىكى.............................428
يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم..................................429
زاكات..................................429
ئىسلامدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەردىكى ئالۋاڭ ـ سېلىقلار..........................429
زاكاتنىڭ مەنىسى..................................430
موهتاجلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى..............................430
زاكاتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ................................431

زاكات بېرىش مەجبۇرىي ۋەزىپىدۇر....................................432
زاكاتنىڭ تۈرلىرى....................................433
زاكاتنىڭ شەرتلىرى....................................434
ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتى....................................435
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى....................................436
تېرىلغۇ مەھسۇلاتىنىڭ زاكىتى (ئۆشرىسى)....................................437
يايلاقتا بېقىلغان تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى....................................438
كانلار ۋە كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلارنىڭ زاكىتى....................................439
زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغۇچىلار....................................440
ھەر بىر زاكات، زاكاتقا ھەقلىقلەرنىڭ ھەممىگە بېرىلەمدۇ؟....................................443
زاكات ئىجتىمائىي ھۆددىگەرلىكتۇر....................................443
يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم....................................445
ئىسلامدا ئاياللار ۋە ئائىلە مەسىلىسى....................................445
قەدىمقى مىللەتلەردە ئاياللار....................................445
ئىسلامنىڭ بارلىق ئاياللارنى ئازاد قىلىشى....................................447
ئىسلامنىڭ ئەرەب ئاياللىرىنى ئازاد قىلىشى....................................449
قۇرئاننىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان كۆز قارىشى....................................450
ئىسلامدا ئۆيلىنىشنىڭ قائىدىلىرى....................................454
ئايالغا خېرىدار بولۇش....................................455
ئەر ـ ئايالنىڭ باراۋەرلىكى....................................456
تويلۇق....................................456
ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى....................................458
ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش....................................460
مۇسۇلمان ئايال ۋە ئورۇنۇش مەسىلىسى....................................462
بىردىن كۆپ ئايال ئېلىش مەسىلىسى....................................464
بىردىن كۆپ ئايال ئېلىش ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر....................................465
بىردىن كۆپ ئاياللىق بولۇشنى ئاقلىغۇچى ئىلمىي دەلىللەر....................................466
ئىسلامنىڭ بىردىن زىيادە ئايال ئېلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرى....................................466
تالاق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى....................................469
ئىسلامدا تالاقنىڭ روھى....................................471
تالاق قىلىش ئەرنىڭ ھەققىدۇر....................................473
ئايالنىڭ تالاقتىكى ھەققى....................................474
تالاق قىلىشنى مەنئىي قىلىدىغان ئامىللار....................................475
تالاقنىڭ تۈرلىرى....................................476
ئايالنىڭ ئىددىتى ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشىپ قېلىشقا بولىدىغان تالاق....................................477
كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق....................................478
چوڭ بولغان كەسكىن تالاق....................................479
ئىددەت توغرىسىدا....................................480

ئايالنىڭ شەخسىي ھوقۇقلىرى ........................ 482
مۇسۇلمان ئايال ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىق ........................ 484
يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈم ........................ 486
ئىسلامدىكى ئۇرۇش تۈزۈمى ........................ 486
ئۇرۇش ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت ........................ 486
يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى قارىشى ........................ 487
ئىسلامنىڭ تىنچلىققا چاقىرىشى ........................ 488
ئىسلامنىڭ ئۇرۇشقا يول قويۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار ۋە ئۇرۇشتىن مەقسىتى ........................ 490
ئۇرۇش ئاللاھ يولىدىمۇ بولىدۇ ........................ 493
ئۇرۇش ھەققىدە ئىسلام بىلەن باشقا دۆلەتلەر قانۇنىنى سېلىشتۇرۇش ........................ 496
ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە ........................ 499
ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئومۇمىي تەۋسىيەلەر ........................ 501
ئۇرۇشتىكى مەنىۋىي كۈچ ........................ 502
جىزيە (باش بېجى) مەسىلىسى ........................ 506
ئامانلىق تەلەپ قىلغۇچىلار ........................ 508
ئىسلامدىكى ئەھدى - توختاملار ........................ 510
ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىسىنىڭ گۇۋاھلىقى ........................ 512
يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈم ........................ 517
ئىسلامدىكى جازالار ........................ 517
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تىنچلىق ھالەت ........................ 517
جىنايەت ۋە جازا ........................ 517
چەكلەش ۋە جازالاشنىڭ سەۋەبى ........................ 518
جىنايەت بولىدىغان ئىشلارنى ئوچۇق ئۇقتۇرماي تۇرۇپ جىنايەت تۇرغۇزۇش ۋە جازالاش يوق ........................ 518
قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ........................ 519
قاتىلغا ئاخىرەتتىكى جازا ........................ 522
سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى ........................ 523
ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتنىڭ جازاسى ........................ 523
يولنى ئۈزۈش (بۇلاڭچىلىق) نىڭ جازاسى ........................ 524
”زىنا قىلدىڭ“ دەپ تۆھمەت چاپلاشنىڭ جازاسى ........................ 525
زىنانىڭ جازاسى ........................ 527
بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى ........................ 528
ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ........................ 529
قول كېسىش جازاسى بېرىلىدىغان ئوغرىلىقنىڭ مۇنداق بىرقانچە شەرتلىرى بار ........................ 529
قوزغىلاڭچىنىڭ جازاسى ........................ 530
ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى ........................ 530
ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىقنىڭ جازاسى ........................ 531

تەئزىر (مۇقىم ئەمەس جازا) ........ 531
تىنچلىق ساقلاش ئۈچۈن ئومۇمىي تەۋسىيەر ........ 532
جازادىكى باراۋەرلىك ........ 533
ئىسلامنىڭ جازالىرىنىڭ ئادىللىقى ........ 534
يىگىرمە بەشىنچى بۆلۈم ........ 537
ئىسلامدا تەن ـ سالامەتلىك مەسىلىسى ........ 537
تەن ـ سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىش ........ 537
تازىلىق ........ 538
چوڭ تاھارەت ئېلىشنىڭ پايدىسى ........ 539
چىشلارنى تازىلاش ........ 540
تىرناق ۋە چاچلارنى قىرقىپ تۇرۇش ........ 540
نىجاسەتتىن ئۆزىنى پاكىزە تۇتۇش ........ 541
يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە ........ 542
ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننى يېيىشنىڭ زىيانلىرى ۋە ئۇ ھايۋاننىڭ تۈرلىرى ........ 542
يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يەپ ـ ئېشىپ قالغان گۆشىنى يېيىشنىڭ زىيانلىرى ........ 543
يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ زىيانلىرى ........ 544
قاننى ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيانلىرى ........ 544
توڭگۇز گۆشى يېيىشنىڭ زىيانلىرى ........ 544
توڭگۇز گۆشى ۋە كولىسترول ........ 545
ھاراق ئىچىشنىڭ زىيانلىرى ........ 545
ئاش ـ تاماقتا ئاچكۆزلۈك قىلىشتىن توسۇش ........ 548
روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى ........ 548
ھەسەلنىڭ پايدىلىرى ........ 550
ئومۇمىي ساغلاملىق ........ 550
ساغلىقنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى ئىشلاردىن توسۇش ........ 551
مېيىتنى دەرھال دەپنە قىلىشقا ئالدىراش ........ 551
ھەيزدار ئاياللاردىن ئۆزىنى تارتىش ........ 552
زىنانىڭ زىيانلىرى ........ 553
ئىتنىڭ نىجىسلىقى ........ 554
بەدەن چېنىقتۇرۇش ........ 555
ئۆزىنى قىيناشتىن توسۇش ........ 556
يىگىرمە ئالتىنچى بۆلۈم ........ 558
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەقلىي دەلىللىرى ........ 558
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى ھاياتى ........ 558
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىسلاھاتى ........ 559
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە قارىتىلغان گۇمانلارنى پاچاقلاپ تاشلاش ........ 560
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مەنبەئى الله تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر ........ 560

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى................563
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىشى....................564
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئىشىدا رىيا قىلمىغانلىقى....................565
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغان يولىنىڭ ساھابىلىرىدا ئەكس ئېتىشى................568
ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈچلەندۈرۈشى.........................568
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىكىنى تەستىقلىغۇچىدۇر ..........569
يىگىرمە يەتتىنچى بۆلۈم.................................................571
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ئىكەنلىكى................................................................571
ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى...........................................571
ھەدىسلەرنى توپلاپ يېزىش.............................................573
ھەدىسكە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇش.................................574
ھەدىسلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىشتا ئىلمىي ئۇسلۇبقا يۈلىنىش....................576
ھەدىسنىڭ سەنەدى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى......................................578
ھەدىسنىڭ راستلىقىدىكى دەرىجە پەرقى.....................................579
ھەدىسنىڭ ئىبارىتىنى تەكشۈرۈش..........................................579
ھەدىس توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەشھۇر كىتابلار...............................580
توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسلەرنىڭ قىسىملىرى..........................581
ھەدىس بولسا ئىسلام قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ مەنبەسىدىندۇر..........................582
ھۆكۈم يالغاندىن توقۇلغان ھەدىسلەردىن ئېلىنمايدۇ...........................582
ھۆكۈملەر بەزى ھەدىسلەردىن چىقىرىلىدۇ ۋە بەزىلىرىدىن چىقىرىلمايدۇ.....................583
ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىدىن ئومۇمىي ھۆكۈم ۋە بەزىسىدىن خۇسۇسىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.................................................................583

بسم الله الرحمن الرحيم

## تەقدىم

هۈسەيىن يۈسۈف غازالى

ھەممە ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە ئۆزى باشقۇرغۇچى الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانىڭ رەھمىتى بولسۇن!

مۇئەللىپ ئەفىف ئابدۇلپەتتاھنىڭ «روھىيدىينىل ئىسلام» (ئىسلام دىنىنىڭ روھىي) دېگەن كىتابىنىڭ 26 ـ قېتىملىق بېسىلغان نۇسخىسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازاردىن كۆپ ئىزدىدىم. بۇ مۆتىۋەر كىتاب ھەقىقەتەن شۇنداق تېزلىكتە سېتىلىپ كېتىشكە لايىق كىتابتۇر.

بۇ كىتاب دەسلەپتە بېسىلىپ چىققاندا كۆتۈلمىگەن غەلىبىگە ۋە كەڭ دائىرىدە سېتىلىشقا تېگىشلىك بولۇشىنى كۈتكەن ئىدىم. دېگەندەك بۇ كىتابنىڭ كۆپ قېتىم نەشىر قىلىنىشى بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابقا مۇنداق پەۋقۇلادە شەكىلدە يۈزلىنىشى، ئەرەب تىلىدا كىتاب كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئۆتكۈر پىكىر قارشى بىلەن ھەر ساھادىكى كىتابلارنى تاللاپ قىممىتى بار كىتابلارنى بەكرەك ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابتا ھەر خىل غەرەز ۋە مەقسەتلىرىگە جاۋاپ تېپىش ۋە ھەر جەھەتتىن بىلىم ھاسىل قىلىشتا ئىسلام تەلىماتلىرىنى ئاسان يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زامانلاردىن بىرى ئىزدىگەنلىرىنى تاپقان بولىشىدا شەك يوق. ياكى الله تائالانى تونۇش ۋە ئىشىنىشكە دائىر بىلىملەردە بولسۇن، ياكى گۈزەل ئەخلاقا دائىر مەزمونلاردا بولسۇن، ياكى مەنىۋىيەتكە ئائىت مەسىلىلەردە بولسۇن ۋە ياكى كىشىلىك ھاياتقا دائىر پائىلىيەتلەرنى ياخشىلاشقا دائىر مەسىلىلەردە بولسۇن قانائەتلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىسلامىي كۈتۈپخانىلىرىمىز مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان كىتاب ماتېرىياللارغا ناھايىتى باي. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ ھەجىمدىكى كىتابلار بولۇپ، بۇلار پەقەت مۇتەخەسسىسلەرنىلا رازى قىلالايدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇنداق چوڭ كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىپ ئىزدىگەن تەلەپلىرىنى ھەل قىلىشقا كەڭ دائىرىدە پۇرسەت تاپالمايدۇ. پۇرسەت تاپقان تەقدىردە قانائەت قىلدۇرغىدەك كىتاب تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار مەزمۇنى چۈشۈنىشلىك، ئىبارىلىرى ئاسان، ئىسلام دىنىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر كىتاب ئىزدەيدۇ. قولۇڭىزدىكى بۇ كىتاب بۇ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزىدۇ.

مۇئەللىپ چوڭ توملارنى ۋە ئىسلام ھەققىدە بۇرۇن ۋە كېيىن يېزىلغان بارلىق توم ۋە ئەسەرلەرنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلغان، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى نادىر تەرەپلەرنى تاللاپ بۇ كىتابنى زىننەتلىگەن ۋە يەنە ئەقىدىنىڭ تۈپ

ئاساسىنى، ئىبادەتنىڭ روھىينى ۋە كۆڭۈللەرنى پاكلايدىغان، نۇرلاندۇرىدىغان ۋە يۈكسەلتىدىغان مەزمۇنلەرنى تاللاپ بۇ كىتابقا كىرگۈزگەن.

بۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى پۈتۈن ئاۋام خەلق تونىدى. شۇڭا بۇ كىتاب ئەرەب دۇنياسىنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىنىڭ ئالىي ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى مەكتەپلىرىدە دەرس قىلىپ ئۆگىتىلىشكە قارار قىلىندى. تۈرۈك ۋە پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى.

ئىسلامنىڭ مۇنەۋۋەر ھەقىقىتىنى دۇنيا خەلقىنىڭ تونۇشى ئۈچۈن بۇندىن باشقا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنسا ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، بۇ كىتاب ئىسلام دىنىنىڭ سىرلىرىنىڭ تاقىلىپ قالغان يوللىرىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن قۇرئان كەرىمنى يېڭى ئىلىم مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر قوشۇپ قويىدىغان سۆزىم شۇكى، ھازىرقى زامانىمىزدا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان دەھرىلىك (دىنسىزلىك) دولقۇنى كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ئۆزلىگىدىن يوقىلىشقا قاراپ ئىلگىرلىشىنىڭ سەۋەبى: ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيادا بەختكە ئېرىشىشىنىڭ پەقەت دىنىنىڭ دائىرىسىگە قايتىپ، ئىمانىنىڭ ھايات سۈيىنى ئىچىش بىلەنلا قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدۇر. چۈنكى، دۇنيا ھاياتىدىكى تېز يوقىلىدىغان قىسقا مۇددەتلىك لەززەت ۋە راھەتكە كىشىلەر ناھايىتىلا بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىنسانلارغا ھەرگىزمۇ بەخت بېرەلمەيدۇ. ماددىي ھاياتنىڭ شولىسى دىللارغا ھۇزۇر ۋە نۇر بېرەلمەيدۇ، دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى تۇزلۇق دېڭىزدىن سۇ ئىچكەنسىرى تېخىمۇ قاتتىق ئۇسسىغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالماقتا.

شۇڭا ئىنسانلار، بەخت - سائادىتىنىڭ كېلىشىدە ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ تاشقى ئامىلدىن كەلمەيدىغانلىقىنى كۆپ ئىزدىنىشلەردىن كېيىن بىلىپ يەتتى. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز روھ تەرەپكە تېز قەدەم بىلەن ئىلگىرلىمەكتە، بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىن توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول كۆرسەتكۈچ ۋە الله تائالانى تونۇتىدىغان نۇر تاپماقتا. ئادەمنىڭ قەلبىنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە دىللارغا ئارامبەخشلىك ئاتا قىلىدىغان نەرسە، الله تائالاغا ئىشىنىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر. ﴿بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[1]

(1) سۈرە رەئىد 28 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## كىتاب ھەققىدە تونۇشتۇرۇش

شەرىپ خەلىل سۈككەر

الله تائالاغا ھەمدۇسانا بولسۇن! پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالاملىرىمىز بولسۇن!

بۇ قىسقا ماقالەمدە بۇ كىتابنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن. بۇلارنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە چۈشلۇق بىلىم مەدەنىيىتى بىلەن چۈشىنىپ يەتكۈسى.

لېكىن، مەن مۇئەللىپنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتا ئۈچ نەرسىنى نىشان قىلغانلىقىغا ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىنى يۈزلەندۈرۈش بىلەن قانائەت تاپىمەن.

بىرىنچى نىشان: ئىسلامنىڭ ئەسلى ئۇلىنى، ھۆكۈملىرىنى ۋە ئەدەب يوسۇنلىرىنى يېڭى ئىلىم مەدەنىيەتكە ماسلاشقان تەرەققىياتنىڭ يورۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈش. ئاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى ئىلىم مەدەنىيەتنىڭ سېپىدا مېڭىشىنى ۋە يېڭى ئىلىم پەن ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ۋە ھەققانىي دىن ئىكەنلىكىنىڭ ئايدىڭلىشىدىغانلىقىنى پاكىتى بىلەن كۆرسىتىش.

ئىككىنچى: قۇرئاننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىل بىلەن كۆرسىتىش.

ئۈچىنچى: ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامنى دۇنيا ئەللىرىگە سەت كۆرسىتىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن تارقىتىۋاتقان ئىغۋا تۆھمەتلىرىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت.

مۇئەللىپ بىرىنچى نىشان ئۈستىدە توختىلىپ ئىسلامنىڭ ئۇل ئاساسلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە ئەدەب ئەخلاقلىرى ھەققىدە كۆپلەپ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىشلارنى ئېلىپ بارغان. مۇئەللىپنىڭ بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئىسلامنىڭ مەقسەت نىشانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى بىلىشكە تەلپۈنىدىغان ۋە باشقا كىتابلاردا ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان تەپسىلىي باياناتتىن ئىبارەت.

بۇ كىتابتا ئىسلام سىرلىرىنى چۈشىنىش ھەققىدە مۇندىن بۇرۇن ھېچ بىر مۇئەللىپ بۇنچىلىك دەرىجىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تولۇق يېزىپ باقمىغان بەزى يېڭى پىكىرلەر بار. جۈملىدىن ”الله غا ئىشىنىش“ مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، بۇنىڭدا ياۋروپالىق پەننىي ئالىملارنىڭ الله نىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان، پىكىرلىرىنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپ ھەرقانداق گۇمانلىق قارىغۇچىلار ۋە دىنغا ئىشەنمىگۈچىلەرنىڭ گۇمان ۋە پاكىتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ھۆججەت ۋە دەلىللەرنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇئەللىپ قېتىقىنىپ ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق "ئىنسانىنىڭ اللە بىلەن بولغان باغلىنىشى ۋە باغلىنىشىنىڭ ساغلاملىقىدا كۆرسىتىدىغان ياخشى تەسىرى" ھەققىدە بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋرلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن تېمىدا توختىلىپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يەكۈنلەپ چىققان خۇلاسىسى: جىسمانىي كېسەللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى روھىي كېسەللىكتىن بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچى پۇشۇش، ئاچچىغلىنىش، بىئارام بولۇشتەك روھىي ھالەتلەرنىڭ تەن ساقلىقىغا تەسىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. مۇئەللىپ ئىنساننىڭ دىنغا ئىشىنىشى ئارقىلىق اللە غا باغلىنىشىنىڭ نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇدىغانلىقىنى دەلىل بىلەن بايان قىلدى.

مۇھىم بەھسلەردىن يەنە بىرسى "ئىسلامدىكى ئىقتىساد مەسىلىسى" بولۇپ بۇنىڭدا مۇئەللىپ ئىسلامنىڭ كاپىتالىزىممۇ ئەمەس، كومۇنىزىممۇ ئەمەس ئايرىم يېڭى ئىقتىسادىي يولنى تۇتىدىغان بولۇپ، كاپىتالىزىم ۋە كومۇنىزىمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىقتىسادىي يولنىڭ توغرا بولمىغان تەرەپلىرىدىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە ياخشى تەرەپلىرى بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئىسپاتلايدۇ.

ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىش قانۇنى ھەققىدە توختىلىپ، پاساتچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە ھەركىم خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنمەيدىغان، توغرا يولدىكى دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ يولغا قويغان ئادالەت ئاساسلىرىنى، بايان قىلىدۇ.

مۇئەللىپ "ئاياللار ۋە ئائىلە" ھەققىدە توختىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى خارلىنىش ۋە مەھكۇملىقتىن ئازاد قىلىپ، قەددىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا كۆرسەتكەن ئاساسىي قانۇنلىرىنى ۋە ئىسلامنىڭ تاكى ئىسلام كەلگەن دەۋرگىچە باشقا قانۇن ۋە پرىنسىپلاردا يولغا قويۇپ باقمىغان ئائىلە ئىسلاھاتى ئۈچۈن تەيىنلەنگەن قانۇنىنى، بايان قىلىدۇ.

بۇ كىتابنى يېزىشتىن ئىككىنچى نىشان: قۇرئاننىڭ اللە تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامانىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆگىنىشى كېرەك بولغان دەرسلىرىنىڭ مۇھىم ۋە شەرەپلىكرەكىدۇر. چۈنكى پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان كۆپ ساندىكى كىشىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

قايسى كىشى قۇرئان ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ قۇرئاننىڭ، اللە نىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە قايىل قىلارلىق دەلىللەرنى ئوتتۇردا قويالىسا، ئۇ ھالدا قۇرئانغا ئىنكار قىلغۇچىلارنى گەپ قىلالماس قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارغا قۇرئانغا ئىقرار قىلىش ۋە قۇرئان تەلىماتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىش يولىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مۇئەللىپ بۇ جەھەتتە قۇرئاندىن چىقارغان كۈچلۈك ئەمەلىي دەلىللەرنى كەلتۈردى. بۇ دەلىللەر شۇنچىلىك كۈچلىككى، ئىلمگە ئاساسلانغان ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقىدىغان ھەركىم ئۇنىڭغا باش ئەگمەي تۇرالمايدۇ. مۇئەللىپ قۇرئان كەرىم ھەققىدە توختالغاندا بۇ توغرىسىدا گەپ قىلىپ قۇرئاننىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ

تەرەپلىرىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئاندىكى ئەمەلىي مۆجىزىلەردىن كۆپىنچىسىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ.

ئاندىن ”بەدەن ساقلىقى“ دېگەن ماۋزۇدا قۇرئاننىڭ تىببىي مۆجىزىلىرىنى ئايرىم بايان قىلىدۇ. ھەم بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت قىلماستىن ھەر بىر بەھستە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىدا ھېسسىي، ئەقلىي ۋە ئىلمىي ھۆججەتلەرنى قويۇپ، قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل پاكىتلارنى ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى دەلىللەشتە ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە ئەقلىي دەلىللەر“ دېگەن تېمىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

ئۈچىنچى نىشان بولسا، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام ھەققىدە قىلغان گۇمانلىق گەپلىرى ۋە تەنە ـ تۆھمەتلىرىگە جاۋاب بېرىپ، رەد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. دۈشمەنلەر پۇرسەت تاپسىلا ئىسلامغا تەنە قىلىدۇ. مەلۇم سۇيقەستلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلامغا يالغان بوھتانلارنى چاپلاپ تارقىتىدۇ. بۇنىڭغا قارشى مۇئەللىپ مۇھىم ۋە كاتتا ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. چۈنكى ئۇ، دۈشمەنلەرنىڭ شەك ۋە گۇمانلىق گەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ رەد قىلىپ، ئېغىزىنى بۇزمىغان ھالدا ئەسلىي دەلىل ۋە مۇستەھكەم ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ سۇيقەستلىرىگە، زەربە بەرگەن. مۇئەللىپ رەددىيە دەلىللەرنى ئوتتۇرغا قويۇشتا قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن دەلىللىرىنى، توغرا تارىخىي ھۆججەتلەرنى ۋە زامانىۋىي ئىلىم قائىدىلىرىنى نوقتا قىلىدۇ.

مۇئەللىپ بىتچىت قىلغان سەپسەتىلەرنىڭ بىرى شۇكى، دۈشمەنلەر: ”ئىسلام دىنى، مەنىۋيەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ۋە ئۇنى ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرمايدىغان مەدەنىي قانۇندۇر“ دېگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭغا مۇئەللىپ ”ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئىبادەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى“ دېگەن تېمىدىكى پىكىرلىرى بىلەن رەددىيە بەرگەن.

”ئىسلامدا ئىلىم“ دېگەن بەھستە مۇئەللىپ فرانسىيىلىك ئالىم ئەرنەست رىناننىڭ: ”ئىسلام ئىنساننىڭ پىكرى ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرىدۇ، ئىسلام ئىلمىي ھەرىكەتلەرنى توسىدۇ“ دېگەن ئويدۇرمىسىغا، رەددىيە جاۋابىنى بەرگەن.

”ئىسلامدا ھەربىي تۈزۈم“ دېگەن ماۋزۇدا مۇئەللىپ: ”ئىسلام ئىلمىي يول بىلەن قايىل قىلىش بىلەن ئەمەس بەلكى قىلىچ بىلەن كېڭەيگەن“ دېگۈچىلەرنىڭ يالغان تۆھمىتىگە، رەددىيە بەرگەن.

مۇئەللىپ ”ئىسلامدا ئەخلاق“ دېگەن مەزمۇن ھەققىدە توختىلىپ ”قۇرئان ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا قارىتا بىر نەرسە دېمىگەن“ دېگۈچىلەرنىڭ گۇمانىي يالغان سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەن.

يۇقىرىقىلار بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىر قىسىم نەمۇنىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھاياتى ۋە جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇھىم مەزمۇنلاردىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىگە ۋە ھەرقانداق ئىلىم ئەھلىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا كىرىشكە لايىقتۇر.

مەن ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەسئۇللىرىنى ۋە ئۇستازلىرىنى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىسلام ھەقىيقىتىنى تونۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ غەرەزلىك يازغان نەرسىلىرىنى ئوقۇش سەۋەبىدىن زېھىنلىرىگە ئورۇنلىشىپ قالغان خاتا تونۇشلىرىنى توغرىلاش ۋە بۇ كىتابتىكى تەربىيەۋي دەرسلەر ۋە مەنىلەرنى چۈشىنىپ ئىدىيىلىرىنى ھازىرقى ماددىي زاماندىكى زەھەردىن تازىلاشتىن ئىبارەت مۇھىم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەزىرىنى بۇ كىتابقا قارىتىش بىلەن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا، چاقىرىمەن.

الله تائالا بارچىمىزنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن، بىزگە ياخشى ۋە توغرىنى ئىلھام قىلسۇن!

# كىرىش سۆز

**دىنىنى، بىلىش ۋە قايىل بولۇش يولى بىلەن تاللىشىمىز لازىم.**

ھازىرقى زاماندا يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان بىر ئەمەلىي ھەرىكەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئەقىدە مەزھەبلىرى، ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ كېڭىيىشىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئىلىم مەدەنىيەتتىن نېسىۋىسى بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز يولىنى تاللاشتا قايىل قىلارلىق تۈزۈمنى قوبۇل قىلىشتا مۇستەقىل پىكىرلىك بولۇشتىن ئىبارەت، ئۆزىگە خاس بىر تەبىئىتى باردۇر. قايسى يول ۋە قايسى تۈزۈمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ئۇلارنىڭ قارىشىغا ۋە مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئۇلار شۇنى تاللاشتا پىكىر ئەركىنلىكىگە تايانماقتا.

مۇشۇنداق مۇستەقىل پىكىرلىك بولۇش، مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى پات ئارىدا قايىل قىلارلىق بىر دىنىنى تاللاپ ئېلىشقا ئېلىپ بارارمىدۇ يوق؟

زامانىمىزدا ھەرتۈرلۈك دىنغا ئىشىنىۋاتقانلار ئۆز دىنلىرىغا ئاتا بوۋۋىسىدىن مىراس قالغان ئادىتى بىلەن ئېتىقاد قىلماقتا. بۇ ھەممىگە مەلۇم ھەم باشقا بىر سەۋەب يوق. ”مەن مۇسۇلمان“ دېگەنلەرمۇ ئىسلام دىنىغا ئاتا مىراسى ھېسابىدا ئېتىقاد قىلىدۇ. ”مەن خرىستىئان“ دېگەنلەرمۇ، ”مەن يەھۇدىي“ دېگەنلەرمۇ دىنىنى ئاتا ـ ئانىلىرىدىن مىراس ئېلىپ ئەقىدە قىلىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىلىم سەۋىيەسى ۋە تونۇشلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بۇ زاماندا، ئىنساننىڭ ئەقلى يەنىلا بىلمەي قارغۇلارچە ئەگىشىشتىن ئازاد بولۇشى لازىم. دىنىنى، تونۇش، بىلىش، قايىل بولۇش ۋە ھۆججەتنى تۇتقا قىلىش ئاساسىدا تونۇشنى نىشان قىلىپ توغرىلىقىغا كۆڭلى تىنغان، تەكشۈرۈشتە ھەممە كۆرسەتمىلىرى دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، راست دىنىنى تاللىشى لايىقتۇر.

بىر دىنغا ياكى بىر يولغا ئەقىدە قىلىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەسلىدە يارىتىلغان تەبىئىتىدە بار بولغان خۇلقىدۇر. ئەقىدە ئىنساننىڭ بېشىغا ئېغىر ھادىسىلەر كەلگەن ۋاقىتىدىكى يۆلەنچىگىدۇر. مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئەلۋەتتە تەكشۈرۈش ۋە ماھىيىتىنى ئۆگىنىشتىن نېسىۋىسى بولۇشى، ئەركىن پىكىر قىلىش يولى بىلەن سۈرۈشتە قىلىپ يول تېپىشتا قايىل بولۇش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلۇشى، تېگىشلىكتۇر.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئىلىمدىن نېسىۋىسى بار ھەر قانداق ئادەم ئىسلامنى ئاتا مىراستىن ۋە تەرەپ بازلىقتىن خالىي ھالدا ئۆگەنسە ۋە چۈشەنسە ئىدى، ئۇنىڭ ھەقلىقى ۋە گۈزەللىكىدىن ئەجەبلەنگەن بولاتتى ۋە كۆڭلى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا كۈچلۈك مايىل بولغان، ھەم ئۇنىڭ تەلىماتىنى چىڭ تۇتقان بولاتتى. چۈنكى ئۇ كىشى، ئىسلام دىنىدا ئادەمنىڭ ئۇسسۇزلۇقىغا سۇ بارلىقىنى، مەنىۋىي كېسەل ۋە دەرت ئەلەملىرىگە شىپا بولىدىغان دورا بارلىقىنى بىلگەن ۋە ئىنسانلارنى بەختكە

يەتكۈزىدىغان ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى تونىغان بولاتتى. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەردۇر.

## مۇسۇلمانلار ھالىنىڭ يامانلىقى

مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى ھەققىدە ئويلانغان كىشى، ئىسلام دىنىنى ئۆگەنگەندە قولغا كەلتۈرگەن گۈزەل ھالەتنىڭ ۋە تونىغان ھەقىقەتنىڭ ئەكسىنى كۆرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، ئىسلام دىنى باشقا، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولى باشقىدۇر. شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئام - خەلق ئىسلام دىنىغا تەۋە دەپ قارىغان ئىشلاردىن بىزگە كۆرۈنگەنلىرىنىڭ تولىسى ئىسلام دىنىدىن ئەمەس، ئىسلام دىنى ئىشلىرىدىن مۇسۇلمانلاردا ساقلىنىپ قالغىنى ناماز، روزا، ھەجنىڭ شەكلى كۆرۈنىشىدىنلا ئىبارەت. ئىسلام دىنى نامىدىن سۆزلىنىدىغان سۆزلەردىن بەزىلىرى ئۆز مەنىسىدىن ئۆزگەرتىلگەن. دىنىغا قوشۇلۇپ قالغان بىدئەت ۋە يالغان ئىشلار سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار خاتا تونۇش ۋە ناتوغرا ئىشلاردا قېتىۋېلىش، دەلىلسىز ئىشلارنى دىن ھېسابلاش ھالىتىگە يېتىشتى. مۇنداق قاتمال جاھىللاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللە تائالاغا ۋە ئىسلام دىنىغا توقۇغان ئويدۇرمىلىرىدىن اللە تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. چۈنكى، ھازىر مۇسۇلمانلارنى ئەيىپلاپ ئۇلارغا چاپلىۋاتقان ئەقىدە ۋە سۆز ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئىسلامدىن ئەمەس، ئۇلار ئىسلام دەپ ئاتىۋېلىنغان بىلەن ئىسلامدىن باشقا بىر نەرسىلەردۇر.

ئىسلام پەيلاسوپى شەيخ جامالىددىن ئافغانىي مۇنداق دېگەن: ”بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىنىڭ ناچارلىقى ياۋرۇپا خەلقىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىدىن توسقان توسالغۇلارنىڭ چوڭراقىدۇر“ ئۇ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”بىز ياۋرۇپا خەلقىنىڭ ئەركىن پىكىرلىك كىشىلىرىنى بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرماقچى بولغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق سۈپەتكە ئىگە ئەمەسلىكىمىزگە ئىشەندۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلار بىزگە قۇرئاننىڭ ئارىسىدىن قولىنىڭ بارماقلىرىنى كېرىپ بارماقلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىلاپ قارايدۇ. ياۋرۇپالىقلار قۇرئاننىڭ ئارقا تەرىپىدە بىلىمسىزلىك، ھورۇنلۇق، بىر - بىرىگە ياردەملەشمەسلىكتەك سۈپەتلەر ئومۇملاشقان بىر بۆلۈك ئادەملەرنى كۆرىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامنى بۇلار ئارقىلىق خاتا تونۇيدۇ) ئاندىن ئۇلار: ئەگەر قۇرئان ھەق تۈزەتكۈچى كىتاب بولسا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر مۇنداق ناچار ئەھۋالدا بولماستى، دېيىشىدۇ.

راستىنى ئېيتساق: بۇ گۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئاتاققىلا مۇسۇلمان بولغانلار بولۇپ، ئۇلار بۇ كۈنلەردە يولغا قويغان قانۇن - تۈزۈملىرىدە ۋە تۇتىۋاتقان ئادەتلىرىدە ئۆز دىنىنىڭ ھۆكمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، تونۇمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇلارنى ”مۇسۇلمان“ دەپ ئاتاش توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: دۇنيادا ھەرقانداق بىر پارتىيە گۇرۇھى ئۆز پارتىيىسىنىڭ قانۇن نىزامنامىسىغا ئەمەل قىلمايدىغان شەخسلەرنى پارتىيە ئەزالىقىغا

ئاشكارىلاش ئۈچۈن كۈچلۈك بىر قوزغۇلۇشنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىزكى، بۇ ھەرىكەتنىڭ خوش خەۋەر ۋە ئالامەتلىرى بىزگە، بۇنىڭ كۆپلىگەن خالىس دىنلىق ئۆلىمالارنىڭ، ئىسلام دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ۋە بەزى ئىلىم ئورۇنلىرىنىڭ ۋە توغرا ئىسلام تەلىماتى ئۆگىتىلىۋاتقان دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولىۋاتقانلىقىنى، بىلدۈرمەكتە.

## ئىسلام دىنىنى سەت كۆرسەتكۈچىلەر توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋالى ناچار بولغاچقا مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى يامان كۆرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بولۇپمۇ دۇنيانىڭ غەربىدىكى ئىنسانلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىلىكتە باشقىچە بىر خۇسۇسىيەتتە بولغاچقا، ئۇلار ئىسلامنى تونۇمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆز خەلقىگە ئىسلامنى سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان باتىل ھۇجۇملىرى، تارىخنى بۇرمىلىشى ۋە كۆپ يالغان سۆزلەشلىرىدۇر. ئۇلار بۇ ھۇجۇملىرىنى ئۆز غەرىزىگە خىزمەت قىلدىغان كىتاب ۋە قەسىدىلەر يېزىپ نەشر قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقتا.

كونت ھېنرىدى كاستېرى ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھەققىدە كۆڭۈلگە كەلگەن خاتىرە پىكىرلەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

”ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام ھەققىدە توقۇلغان قىسسىلەرنى ۋە خرىستىئان گەپدانلىرىنىڭ غەزەل ناخشىلىرىنى مۇسۇلمانلار بىلىپ قالسا، نېمە دەركىن بىلمەيمەن. بىز خرىستىئانلارنىڭ غەزەل ناخشىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ھەتتا 12 ـ ئەسىر ئالدىدا چىققانلىرىمۇ بىر خىل پىكىردىن ئوتتۇرغا چىققان بولۇپ، بۇ ئىش سەلىب ئۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇ شېئىر ۋە كىتابلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى ۋە دىنغا بولغان تونۇشىنى بىلمىگەنلىكتىن مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت بىلەن توشقۇزۇلغان بوھتان يازمىلىرىدۇر. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى مەزمۇنىدىكى قىسسىلەر ۋە خاتا قاراشلار كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە ۋە زېھنىگە ئورناشتى، ھەتتا ھازىرغىچە ئورنىشىۋاتىدۇ. بۇ شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى توقۇغۇچىلار مۇسۇلمانلارنى مۆمىن ئەمەس بەلكى بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان دىنسىز، مۇشرىكلار دەپ تەسۋىرلەپ كۆرسەتمەكتە“.

ئۇستاز دورمۇنجىم مۇنداق دەيدۇ:

”ئىسلام بىلەن خرىستىئانلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار بىر قانچە ئەسىر داۋام قىلغان ۋاقىتتا ئىككى پىرقىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان نەپرەتلىنىشى قاتتىق بولدى. ھەر قايسى تەرەپ قارشى تەرەپنى يامان ۋە خاتا چۈشەندى.لېكىن، شۇنىڭغا ئىقرار قىلىش كېرەككى، خاتا چۈشىنىش شەرق تەرەپتىكىلەرگە قارىغاندا غەرب تەرەپتىكىلەردە ئېغىر بولدى. جېدەل ـ ماجىراچى خرىستىئان بىزانتى گۇرۇھىنىڭ ئىسلامنى ئۆگىنىمەي ۋە چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىسلامغا چاپلىغان بەتنام ۋە ھاقارەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەلەم كۆرۈشىنىڭ زورۇيىشىغا ئەگىشىپ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان پۇلغا سېتىلغان يازغۇچىلار ۋە شائىرلار سەكرەپ چىققىپ ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. بۇلارنىڭ ھۇجۇمى پەقەت يالغان تۆھمەتلەردىن، ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ئويدۇرمىلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس“

ئىسلام تەلىماتلىرىنى جىددىي ئۆگىنىش، ئىسلامنىڭ سىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم غەرەزلەردىن خالىي ھالدا تەكشۈرۈش ئىشلىرى پەقەت شەرق مەدەنىيىتى ياۋرۇپاغا تارقىلىشقا باشلىغان ۋە شەرقشۇناسلار ئىسلام مەدەنىيىتىنى جىددىي تەتقىق قىلىشقا باشلىغان19 ـ ئەسىردىن تارتىپ باشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋرۇپا خەلقى قۇرئان ھەققىدە ئىككىگە بۆلۈندى. بىر قىسمى قۇرئانغا ئاپىرىن ئوقۇغۇچىلار، يەنە بىر قىسمى نەپسىدىكى غەرەز سەۋەبىدىن قۇرئانغا تەنە قىلغۇچىلاردىن بولدى.

بۈگۈن ئىسلامنىڭ پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرى ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتى ئالدىدا روشەن كۆرىستىلىشكە موھتاج ۋە ئىسلامغا يوقتۇرۇلغان خاتا ئەقىدە قاراشلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشقا، ئىنسانىيەت بېشىغا كەلگەن قاتتىق مۇسىبەتلەرگە داۋا ۋە چارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام تەقدىم قىلغان چىقىش يولىنى دۇنياغا ئوچۇق كۆرسىتىپ قويۇشقا موھتاجدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت بېشىغا ئارقىما ـ ئارقا كېلىۋاتقان مۈشكۈللەردىن قورتۇلۇش ئۈچۈن مەيلى قايەردە بولسا بولسۇن ئۈنۈملۈك چارە ئىزدىۋاتقان كىشىلەر باردۇر. ئىسلام دىنى ھەممە چارە ۋە داۋانىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بىز بۇلارنى مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىمىز.

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئىسلامنىڭ مەنىسى

بۇ بۆلۈم ئىسلامنىڭ لوغەت مەنىسى، شەرئىەتتىكى مەنىسى، بارچە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە الله نىڭ بىرلىكىگە چاقىرىدىغانلىقى، پەيغەمبەرلەر دىنلىرىدىكى ئوخشاشماسلىقنىڭ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز سەۋەبى بىلەن بولغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

”ئىسلام“ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىن تونۇلغان ئىسمدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئاتاش ھەرگىزمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئىجتىھادى بىلەن بولمىغان بەلكى الله تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1].

## ئىسلامنىڭ لوغەت مەنىسى

لوغەت تەتقىق قىلغۇچى ئۆلىمالار، تەپسىرشۇناسلار ۋە شەرقشۇناسلار ”ئىسلام“ نىڭ شەرئىەتتىكى مەنىسىنى لوغەت مەنىسىگە قوشۇۋېتىپ نۇرغۇنلىغان جېدەل ـ ماجرا پەيدا قىلىشتى، بىز بۇ يەردە كۆچلۈك بولغان پىكىرنى ئوتتۇرغا قويماقچىمىز. سىن، لام، مىم. دىن ئىبارەت ھەرپلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بارلىق سۆزلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا بۇ ئىسمنىڭ لۇغەت مەنىسىنىڭ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز:

1 ـ خالىسلىق ۋە ئىچكى تاشقى ئاپەتلەردىن خالىي بولۇش.
2 ـ كېلىشىش ۋە ئامانلىق.
3 ـ ئىتائەت قىلىش بويسۇنۇش.

## ”ئىسلام“ نىڭ شەرئىي مەنىسى

ئىسلام: الله تائالانى (زاتىدا، سۈپەتلىرىدە، قىلىدىغان ئىشلىرىدا) يالغۇز، مىسلىسىز، تەڭدىشى يوق دەپ تونۇپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش بىلەن باش ئىگىش، قەلب ۋە روھنى يالغۇز ئاللاھقا بېرىش ۋە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن دىنىنىڭ ئۇل ئاساسلىرىغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت، دېگەنلىكتۇر.

---

[1] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت.

قۇرئان كەرىم ئىسلامنى شىرىك بىلەن قارىمۇ ـ قارشى دەپ كۆرسەتتى ۋە بۇ ھەقتە الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى الله دىن غەيرىنى مەبۇد تۇتامدىم؟ الله رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۇممەت ئىچىدە خۇدانىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. (ماڭا دېيىلدىكى) سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن»﴾[1] دەيدۇ.

شۇنىڭدەك قۇرئان ئىسلامنى كۆپرى بىلەن زىت دەپ كۆرسەتتى:

﴿شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلەر سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟﴾[2] دەيدۇ.

قۇرئان ئىسلامنى الله تائالاغا دىلنى ۋە ئەمەلنى خالىس قىلىش، مەنىسىدە دەپمۇ كۆرسەتتى ۋە بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله غا تاپشۇرغان (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىني جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[3]. بۇ ئايەتتە الله تائالا ئۆز ۋۇجۇدىنى الله تائالاغا خالىس قىلغان، ئۆزىگە الله تائالادىن باشقا تەربىيەتچى ۋە مەبۇد بار دەپ، تونىمىغان خالىس تەۋھىدلىك بەندىلەرنى مەدھىيىلەيدۇ.

قۇرئاندا ئىسلام الله تائالاغا باش ئېگىش دېگەن مەنىدىمۇ كەلدى، بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار﴾[4] دەيدۇ.

أسلم (ئەسلەمە ـ تەسلىم بولدى) دېگەن سۆزنى قۇرئان بەزى ۋاقىتلاردا مۆمىنلەرگىمۇ كاپىرلارغىمۇ قاراتتى. ھەممىنى الله ياراتقانلىقى ئۈچۈن مۆمىنلەر ۋە كاپىرلار الله تائالاغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي بويسۇنماقتا. ھەممە كىشى الله تائالانىڭ ئالەمدە ئورناتقان ئومۇمىي قانۇنىغا بويسۇنماي تۇرالمايدۇ. (مۆمىنلەر ”قەدەر“ دەپ بويسۇنىدۇ، كاپىرلار ”تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى“ دەپ بويسۇنىدۇ).

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله غا بويسۇنغان تۇرسا. ئۇلار (قىيامەت كۈنى) الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴾[5].

---

[1] سۈرە ئەنئام 14 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 80 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 125 ـ ئايەت.
[4] سۈرە زۇمەر 54 ـ ئايەت
[5] سۈرە ئال ئىمران 83 ـ ئايەت.

أَسلم (ئەسلەمە ـ تەسلىم بولدى) دېگەن سۆزنىڭ يۇقىرقى ئايەتتىكى مەنىسى: الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا باش ئەگدى. الله ئالەمدە ئورناتقان قانۇنلارغا ئىتائەت قىلدى، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئاندىن كېيىن أَسلم (ئەسلەمە ـ تەسلىم بولدى) دېگەن سۆزنى، ئۆزىنى الله تائالاغا ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن تاپشۇردى، دېگەن مەنىگە ئىشلىتىشكە قىسقارتىلدى. دېمەك، مۇسۇلمان (تەسلىم بولغۇچى) كىشى الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا رازى بولغان ۋە تەبىئىي ھالدا ھەم ئۆز ئىرادىسىنى بىلەن الله غا بويسۇنغان كىشىدۇر. شۇڭا الله غا باش ئەگكەن ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان كىشى مۇسۇلمان دېيىلىدۇ.

قۇرئاندا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: ﴿«مەن (الله غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى﴾[1]

الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇدۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى﴾[2].

پەيغەمبەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆز رەببىگە مۇنداق دەيدۇ:

﴿«ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈلگىسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى﴾[3]

شۇنىڭدەك قۇرئاندا پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز مىللىتىگە:

﴿مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر الله غا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، الله غا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى الله غا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا الله غا يۆلىنىڭلار)» دېدى﴾[4] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندا:

﴿ئىسا ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كۇفرىنى (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ،ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى) سەزگەن چاغدا: «الله ئۈچۈن (الله غا دەۋەت قىلىش يولىدا) ماڭا كىملەر ياردەم بېرىدۇ؟» دېدى؟ ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئۇنىڭ تەۋەلىرىدىن ھەقىقىي مۆمىنلەر) مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۈچۈن ساڭا بىز ياردەم بېرىمىز. الله غا ئىمان ئېيتتۇق،گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (پەيغەمبەرلىكىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز﴾[5] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

---

(1) سۈرە يۇنۇس 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 130 ــ 131 ـ ئايەتكىچە.
(3) سۈرە يۇسۇف 101 ـ ئايەت.
(4) سۈرە يۇنۇس 84 ـ ئايەت.
(5) سۈرە ئال ئىمران 52 ـ ئايەت.

ئـاندىن كېيـىن الله تائـالا ئـۆز پـەيغەمبىرى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامنى يۇقـىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىنى تولۇقلىغۇچى ۋە شەرىئەتنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئۆگىتىشكە ئەلچى قىلدى. شۇڭا الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك،ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بۇ يەردە "الله مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغان بىلەن ئوخشاش دىن ۋە شەرىئەت ۋەھيى قىلغان بولسا نېمىشقا دىنلار ئوخشاشمايدۇ؟ دەپ سوئال سورىغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

جاۋاب بېرىپ ئېيتىمىزكى، قۇرئان كەرىم ئۆزى بۇ سوئالغا ئالللىقاچان جاۋاب بەرگەن، قۇرئان بۇنىڭغا ئىلمىي ۋە مەنتىقىي جەھەتتىن ئوچۇق دەلىل كەلتۈرۈپ ھازىرقى دىنلارنىڭ ئەھۋالىنى روشەنلەشتۈردى ۋە ھەقنى يالغاندىن ئايرىپ بەردى.

## پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا چاقىرىدۇ

قۇرئاننىڭ ئەمەلىي دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، قۇرئاندا الله ھېچ بىر پەيغەمبەرنى الله بىر دەپ ئەقىدە قىلىشتىن باشقا بىر نەرسىگە تەكلىپ قىلىشقا ئەلچى قىلمىدى. شۇڭا الله ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنى ۋە خرىستىئانلارنى خالىس تەۋھىدكە چاقىرىشقا (الله غا باشقا نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا) بۇيرۇدى ۋە الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشنى بۇيرۇدى:

---

(1) سۈرە نىسا 163 ــ 165 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.

﴿«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىش، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، الله نى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار﴾[1]

بۇ ئايەتلەر الله تائالانىڭ ھەر بىر پەيغەمبەرنى، ئاۋام خەلقنى الله نى بار ۋە بىر دەپ تونۇشقا چاقىرىش ئۈچۈنلا ئەلچى قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ھالدا الله تائالاغا باش ئېگىشتىن باشقا ئەقىدە ۋە ئەمەللەرگە دائىر ئىشلار، دىنلارغا كېيىن قوشۇلۇپ قالغان نەرسىلەردۇر.

## دىنلار زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز سەۋەبىدىن بىر- بىرىگە ئوخشاشماس بولۇپ قالغان

قۇرئاننىڭ ئىلمىي مەنتىقىلىق دەلىللىرىدىن بىرسى شۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئەسلىدە بىردىن بولۇپ ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن دىنلارنىڭ ئوخشاشماس بولۇپ قېلىشى، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قارشى چىقىشى، تاجاۋۇز قىلىشى ۋە دىنغا مەسئۇل بولغانلارنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتى، ھوقۇق ئىگىلەش تەمەسى ئۈچۈن دىننى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزگەرتىشى سەۋەبتىن بولىدى. الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىشى مۇشۇ ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش، پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىدا بولۇشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بولدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى،ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ،ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (الله ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ) الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرىلەشسە: «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى الله غا تاپشۇردۇم (يەنى الله نىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنغۇچىمىز)» دېگىن. كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار غا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ.ئەگەر ئۇلار

[1] سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت.

يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، اﷲ بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى بولغان دىندا ئىختىلاپلىشىش توغرا بولمىغان ئەھۋالدا دىنلارغا ئەگەشكەن يەھۇدىيلار، خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشى، ئاداۋەتلىشىشى، اﷲ تائالانىڭ تەلىماتىغا خىلاپتۇر. چۈنكى، اﷲ تائالا بۇ دىنلارنى پەقەت دۇنياغا تىنچلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا مۇھەببەت، دوستلۇق ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە چۈشۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئىنسانلار ئايرىلىپ كەتكەن ھەقنى ئۈچۈق كۆرسىتىش ۋە ئىختىلاپ قىلىپ بۆلۈنۈشتىن قورقىتىش بىلەن، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى بولۇپ قالغان ئىنسانلارنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئەلچىلىكى بولدى. شۇڭا اﷲ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن (مۇسۇلمانلارغا) مۇنداق دەيدۇ:

﴿اﷲ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار، مۇشرىكلارغا سەن ئۇلارنى دەۋەت قىلغان نەرسە (يەنى تەۋھىد) ئېغىر كەلدى، اﷲ تەۋھىدكە خالىغان ئادەمنى تاللايدۇ. اﷲ نىڭ (تائىتىگە) قايتىدىغان ئادەمنى تەۋھىدكە باشلايدۇ. (يەھۇدىي، ناسارا قاتارلىقلار) ئۇلارغا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن)، ئاندىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى جازالاشنى) قىيامەتكىچە تەخىر قىلىشتىن ئىبارەت سۆزى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان بولاتتى (يەنى ئۇلار تېز ھالاك قىلىنغان بولاتتى). ئۇلاردىن كېيىن كىتابقا ۋارىسلىق قىلغانلار (يەنى رەسۇلۇللا بىلەن زاماندىش بولغان ئەھلى كىتاب) (كىتاب ھەققىدە) قاتتىق گۇماندىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن ۋە ئېيتقىن: «اﷲ نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتىمەن، ئاراڭلاردا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم، اﷲ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا جېدەللىشىشكە (ئورۇن) يوق (چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارىدۇر)، اﷲ (قىيامەت كۈنى) بىزنى (ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي اﷲ نىڭ دەرگاھىدۇر»﴾[2]

---

(1) سۈرە ئال ئىمران 18 ـــ 20 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە شۇرا 13 ـــ 15 ـ ئايەتكىچە.

ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنىڭ بىر دىن ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت بولۇپ، بۇ قۇرئاندا جاكارلانغان. بۇ ھەقىقەت دىنلارنىڭ ئەسلى ئۇل ئاساسلىرىدا ئوخشاش بولمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ دىنلارنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ گۇمانى قاراشلىرىنى يوقىتىدۇ. ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ "ھەر بىر پەيغەمبەر بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر دىننى ئۆزى ئويلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ" دېگەن دەۋاسى، دىنلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قەتئىي مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆزدۇر. قۇرئاننىڭ قارىشىدا ھەممە دىنلارنىڭ ئۇلى بىر، لېكىن دىنلارنىڭ خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ۋە ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇلارنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە پەرقلىق بولغان. بۇ خۇددى ھۆكۈمەتنىڭ بىر قانۇنى ئوخشىمىغان جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ئوخشىماستىن ئىجرا قىلىنغىنىغا ئوخشايدۇ.

اللہ تائالا ھەممە دىنلارنى ئىسلام دىنى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. تولۇقلىدى ۋە بۇرۇنقى شەرىئەت (قانۇنى يول) يوللىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان مۇقىم شەرىئەتنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەردى. ھەق دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىسلام دىنىدا ئاشكارا قىلدى. بۇ شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەر يەر ۋە ھەرزامانغا تەدبىقلاشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. اللہ ئالدىدا مۇشۇ ئىسلام يولىلا مەقبۇل. باشقىسى مەقبۇل ئەمەس.

﴿وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾

تەرجىمىسى: ﴿كىمكى ئىسلام ( دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## قۇرئان كەرىم توغرىسىدا

### قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە ئىلمىي دەلىللەر

بۇ بۆلۈمدە ۋەھيىنىڭ مەنىسى، ۋەھيىگە قارىتا گۇمانلارنى رەت قىلىش، قۇرئاننى توپلاپ كۆچۈرۈش ۋەقەسى، قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىشتىن ساقلىنىپ تۇرۇشى، قۇرئاننىڭ قانداق چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى قۇرئاننىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچى تەرەپنى تاقابىل تۇرۇشقا مەيدانغا چاقىرىشى، قۇرئاننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ سۆز ئىبارە ئۇسلۇبى، قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بالاغىتى، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ تەرەپلىرى، قۇرئاننىڭ غەيىپ ئەھۋاللارغا دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرى، قۇرئاندىكى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قۇرئاننىڭ مەزمۇنى قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ.

قۇرئان بولسا الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ۋەھيى بولۇپ، قۇرئاننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇتىۋاتىر (كۆپ كىشىدىن كۆپ كىشى ئاڭلاپ يەتكۈزۈش، شەككە ئېھتىمالى يوق دەرىجىدە ئېنىق راست بولۇش) يولى بىلەن، ئىبارەت ۋە مەنە جەھەتتە ئوچۇق يەتكەلگەن قىلىنغان ۋە ئاسماندىن چۈشكەن ھەممە كىتابنىڭ ئاخىرقىسى بولغان كىتابتۇر.

قۇرئاننىڭ مەقسىتى ۋە مەزمۇنىنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن بۇرۇن ۋەھيىنىڭ مەنىسى ۋە ۋەھيىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قانداق ھالەتتە كېلىشى توغرىسىدا توختىلىمىز.

ۋەھيىنىڭ لوغەت مەنىسى: ئىشارەت قىلىش، يېزىش، ئەلچىلىك يەتكۈزۈش، ئىلھام قىلىش، مەخپىي گەپ قىلىش ۋە باشقىلارغا تاشلاپ بەرگەن سۆز دېگەن مەنىلەردىن ئىبارەت. ۋەھيىنىڭ لوغەتتىكى ئەسلى مەنىسى "مەخپىي گەپ قىلىش" "مەخپىي بىلدۈرۈش" دېگەنلىكتۇر.

ئەرەبچە سۆزدە وَحَى إِلَيْهِ دەيدۇ بۇ (پالان كىشى يەنە بىرسىگە باشقىلارغا بىلدۈرمەي گەپ قىلدى. كىشىگە بىلدۈرمەي ئىشارەت قىلدى) دېگەنلىكتۇر.

قۇرئاندا ﴿فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ أَن سَبِّحُوا بُكْرَةً وَعَشِيًّا﴾ ﴿ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى﴾(1) يەنە قۇرئاندا ﴿وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى الْحَوَارِيِّينَ أَنْ آمِنُواْ بِي وَبِرَسُولِي﴾

---

(1) سۈرە مەريەم 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىلارغا : «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدىم﴾[1] يەنى، ئىلھام قىلدىم، دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ۋەھيىنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى: ۋەھيى الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دىنىي ئىلىم ـ مەرىپەتلەردىن بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىنى دىلىغا تاشلاپ بەرگەن ياكى جىبرىئىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

الله تائالانىڭ:

﴿وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَاء حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاء إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ﴾

يەنى : ﴿الله ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا نىسپەتەن ۋەھيى مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ.

قۇرئانغا تەپسىر قىلغۇچىلار: الله تائالا ئادەم ئەۋلادىدىن بىر كىمگە ئۈچ تۈرلۈكتىن باشقا يول بىلەن سۆزلىگىنى يوق.

1 ـ ۋەھيى يولى، يەنى قەلبىگە ئىلھام قىلىپ تاشلاپ بېرىشى ياكى چۈشىدە بىلدۈرۈشى ئارقىلىق ۋەھيى قىلغان.

2 ـ پەردە ئارقىسىدا سۆزلەش، يەنى الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەندەك ئۆزىنى كۆرسەتمەي ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ سۆزلەش ئارقىلىق ۋەھيى قىلغان.

3 ـ پەرىشتىنى ۋاستە قىلىش بىلەن سۆز قىلغان، يەنى پەيغەمبەر پەرىشتىنى كۆرىدۇ، سۆزىنى ئاڭلايدۇ، بۇ خۇددى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ، الله تائالانىڭ جىبرىئىلگە تاشلاپ بەرگەن ۋەھيىسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگىنىگە ئوخشاش.

## ۋەھيىنىڭ ھەدىسلەردىكى بايانى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيىنىڭ مەرتىبىلىرىنى ھەدىس كىتابلىرى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1 ـ راست چۈش: ئىمام بۇخارىي ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپ باشلانغان ۋەھيى ئۇيقىدا راست چۈش

---

[1] سۈرە مائىدە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇرا 51 ـ ئايەت.

كۆرۈش ئارقىلىق باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈش كۆرسە چۈشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنىڭغا سۈبھى يورۇغاندەك ئوچۇق كېلەتتى».

2 ـ پەرىشتىنىڭ ئۆزى كۆرۈنمەي تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ۋەھيىنى تاشلىشى، بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل مېنىڭ قەلبىمگە: «قانداقلا جان ئىگىسى ئۆز رىزقىنى تولۇق قولغا كەلتۈرمەي ئۆلمەيدۇ. رىزىق تەلىپىنى ياخشى (ھالال كەسپ بىلەن ھەقىقىي تىرىشىپ) قىلىڭلار! رىزىق قولۇڭلارغا تېز كەلمەي قالسا ئالدىراپ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يولى بىلەن رىزىق ئىزدىمەڭلار. الله ئالدىدىكى رىزىق الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولى بىلەنلا تەلەپ قىلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى تاشلىدى».

3 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قوڭغىراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا ئاڭلىتىلاتتى.

4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ ۋەھيىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىينىڭ كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ. ھىشام ئوغلى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سىزگە ۋەھيى قانداق كېلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «بەزى ۋاقىتتا ماڭا ۋەھيى قوڭغىراق ئاۋازىدەك كېلىدۇ. بۇ ماڭا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان ۋەھيى، ۋەھيى توختىغان ھامان مەن جىبرىئىلنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن ۋە بەزى چاغدا پەرىشتە ماڭا ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنىدۇ، سۆزلىگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن» دېگەن.

5 ـ پەرىشتىنى الله ياراتقان سۈرىتىدە كۆرۈشى ۋە پەرىشتىنىڭ الله تائالانىڭ ئىزنى قىلغىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىشى.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراج كېچىسى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا ۋەھيى قىلغان ئىشلار، ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەر... دىن ئىبارەت بولغان.

7 ـ پەرىشتىنى ۋاستە قىلماي الله تائالا ئۆزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىشى، بۇ ۋەقە مىئراج ۋە ئىسرا كېچىسى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. مۇنداق ۋەھيى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەھيى قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىدۇ.

## باشقىلارنىڭ ۋەھيى توغرىسىدىكى گۇماننى يوقىتىش

يۇقارقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ قانداق چۈشكەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن رىۋايەتلەردۇر. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاسىل بولغان بىلىم، ئۇنىڭ زېھنىگە پەيدا بولغان سۈرەتمۇ يا ئەمەلىيىتى بار ھەقىقەتمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگۈچى شۇنى بىلىدۇكى، نۇرۇۋا كېسەللىرىنىڭ بىر قىسمى ـ بولۇپمۇ ھېستېرىيە كېسىلى ـ بۇ كېسەلگە دۇچار بولغۇچىغا ئەمەلىيىتى يوق نەرسىلەرنىڭ قارا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ياۋرۇپالىق بەزى يازغۇچىلار ئۆزلىرىچىلا مەيدە كېرىپ چىقىپ، ئالدىراپ تېنەپ

بۇ بوھتاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چاپلىدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيىنى مۇھەممەدكە چۈشكەن بۇ ۋەھيى ”بىر تۈرلۈك ھېستېرىيە“ دېدى. لېكىن بۇ بوھتان بىرمۇ ئىلمىي يا ئەمەلىي ئاساس ئۈستۈگە قۇرۇلمىغان، بۇنى بىز مۇنداق بايان قىلىمىز:

1 ـ دەلىل: ھېستېرىيە (تۇتقاقلىق خاپىقان كېسىلى) تۇتقاندا، ئادەمدە قالايمىقان دەسسەش، تىترەش، ۋاقىراش، ئىتتەك تووۋلاش ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھېچبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى چۈشكەندە، ئۇنىڭدا كۆرۈلمىگەن. شۇنداقلا ئۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەڭ ئېغىر ھالدا ۋەھيى چۈشكەندىمۇ ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولمىغان.

2 ـ دەلىل: ھېستېرىيە كېسىلى بار ئادەمنىڭ قالايمىقان سۆزلىشى كېسەل تۇتقاندا بولىدۇ. كېسەل تۇتقاندا سۆزلىگەنلىرىنى ھوشىغا كەلگەندە ئەسلىيەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىتى بۇنىڭ ئەكسىچە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە چۈشكەن ۋەھيىلەرنى ساھابىلىرىگە ئوقۇپ سۆزلەپ بېرەتتى ۋە خاتىرىلىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى.

3 ـ دەلىل: ھېستېرىيە كېسىلى تۇتقان ئادەمنىڭ قالايمىقان سۆزىنىڭ مەزمۇنى ئادەتتە جاپالىق نىرۋا كېسەللىكلىرىگە مۇناسىپ ۋەھمى تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: كېسەلگە تەھدىد بولغان يامان بىر نەرسىنى كۆرگەندەك، يا بىر كىم ئۇلتۇرۇمەن، دەپ قورقۇتقاندەك ياكى بىر كىم زاڭلىق ئېتىپ ھاقارەتلەپ كۆڭلىنى بىئارام قىلغاندەك ئىشلارنى ئىپادە قىلىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ. ھېستېرىيە تۇتقان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن پەزىلەتنى ئۇمۇملاشتۇرۇشنى ۋە خەلققە توغرا يول كۆرسىتىشنى مەزمۇن قىلغان چوڭقۇر مەنالىق سۆزلەرنىڭ چىقىشى ھەرگىز مۆمكىن ئەمەس.

## قۇرئاننىڭ چۈشۈشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ سۈرىلىرى توغرىسىدا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ چۈشىشى ئۇ مەككىدىكى چېغىدا باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا ئىسىملىك غاردا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئەڭ دەسلەپ بۇ ئايەتلەر چۈشكەن:

﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾[1] ئاندىن كېيىن قۇرئان ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەرنى ھېسابقا ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ھەتتا 23 يىلدا قۇرئان تامامەن چۈشۈپ بولدى.

قۇرئان، سۈرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈرە دېمەك قۇرئاننىڭ، ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ ئايەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئايەتتىن تەركىپ تاپقان مۇستەقىل مەزمۇنلۇق بىر

---

[1] سۈرە ئەلەق 1 ـــ 5 ـ ئايەتكىچە.

پارچىسى، دېمەكتۇر. قۇرئاندا 114 سۇرە بار. ھەر سۇرىنىڭ مەخسۇس ئىسمى بار. قىسمەن سۇرىلەرنىڭ ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپرەك ئىسمى بار. مەسىلەن: سۇرە فاتىھەنىڭ ”سۇرە فاتىھە“، ”قۇرئاننىڭ ئانىسى“، ”سەبئۇل مەستانىي (تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان 7 ئايەتلىك سۇرە)“ دېگەن ئىسىملىرىدەك ئىسىملىرى بولغىنىغا ئوخشاش.

سۇرىلەرنىڭ ئىسمى بەزى سۇرىلەرنىڭ باشلىنىش كەلىمىسىدىن ئېلىنسا (مەسىلەن: سۇرە ياسىنغا ئوخشاش)، بەزىلىرى شۇ سۇرىلەردە بايان قىلىنغان مەخسۇس ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنىدۇ (مەسىلەن: سۇرە بەقەرەگە ئوخشاش) ۋە بەزىلىرى بولسا، شۇ سۇرىدە تەكرار بايان قىلىنغان ھۆكۈملەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنىدۇ.

قۇرئان سۇرىلىرى ئىككى خىل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشتىن بۇرۇن چۈشكەنلىرى ”مەككىي“ (مەككىدە چۈشكەن)، ھىجرەتتىن كېيىن چۈشكەنلىرى ”مەدەنىي“ (مەدىنىدە چۈشكەن) سۇرىلەر دەپ، ئايرىلىدۇ .

## قۇرئاننى خاتىرلەپ يازغۇچىلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكەن ئايەت ۋە سۇرىلەرنى ئۇدۇللۇق يېزىپ تۇرۇشقا بىر قانچە كاتىپ تەيىنلىگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىگە مەلۇمراقى تۆت خەلىپە يەنى: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە بۇنىڭدىن باشقا زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەيي ئىبنى كەئب، مۇئاۋىيە، سابىت ئىبنى قەيس، خالىد ئىبنى ۋەلىد قاتارلىقلار. ئۇلار چۈشكەن ئايەتلەرنى خورما قوۋزىقى، ياپىلاق تاش، تۆگىنىڭ تاغاق سۆڭىكى، قوۋۇرغا سۆڭەك، تېرە ۋە ياغاچلارغا ئوخشاش خەت يېزىش مۇمكىن بولىدىغان نەرسىلەردىن نىمىنى تاپسا شۇنىڭغا يېزىۋالاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارغا: «بۇ ئايەتنى پالان سۇرىنىڭ پالان ئايىتىنىڭ ئايىغىغا يېزىڭلار، بۇ سۇرىنى پالانى سۇرىنىڭ ئايىغىغا يېزىڭلار» دەپ ئوقتۇرۇپ قوياتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا پۈتۈن قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادلىۋالغانلارمۇ بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، سالىم ئىبنى مەئقەل، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەيي ئىبنى كەئب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلار قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادلاپ بولغانلار ئىدى.

## قۇرئاننى توپلاش ۋە ۋاراقلارغا كۆچۈرۈش

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا يەنە ۋەھيى چۈشەرمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن قۇرئان ۋاراقلارغا يېزىلىپ توپلانمىغان بولۇپ، قۇرئان پەقەت يادلىغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ۋە پارچە يېزىلغان سۆڭەك، تاشلاردا تۇرغان ھالىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلدى. ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغان زامانىدىمۇ ئاشۇنداق تۇرغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى زامانىدا ئۇ دىندىن يانغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى، جۈملىدىن يامامە ئۇرۇشى بولۇپ، قۇرئاننى ياد بىلگۈچىلەردىن كۆپ كىشى بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولدى. قۇرئاننى ياد ئالغانلارنىڭ ئۆلۈپ

كېتىشى بىلەن قۇرئاننىڭ بەزى قىسمىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن قورققان ھەزرىتى ئۆمەر قۇرئاننى توپلاپ يېزىپ قالدۇرۇش ھەققىدە ئەبۇ بەكرىگە تەكلىپ پىكرى بەردى. ئەبۇ بەكرى دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان بۇ ئىشنى قىلىشتىن ئىككىلەندى. كېيىن ئويلاپ بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەم قۇرئاننى يادا بىلىدىغان كىشى بولغاچقا ئۇنى ئەبۇ بەكرى چاقىرتىپ كېلىپ قۇرئاننى باشتىن ئاخىر يېزىپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. زەيد ئىبنى سابىت كىشىلەرنىڭ قولىدىكى يېزىلغان بارلىق ئايەت ۋە سۈرىلەرنى يىغىپ بىر توم قىلىپ يېزىپ چىقتى، ئەبۇ بەكرى بۇنى تاكى ۋاپاتىغىچە ئۆز يېنىدا ساقلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ، خەتتاب ئوغلى ئۆمەرنىڭ قېشىدا ساقلاندى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر ئۇنى ئۆز قىزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا قويۇپ قويدى.

ئاندىن كېيىن ساھابىلەر ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەندىن كېيىن ھەر يەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى قۇرئاننى ئۆز شىۋىسى بويىچە ئوقۇپ قۇرئاننىڭ ئوخشىمايدىغان شىۋىلەردە ئوقۇلىشىدەك ئەھۋال شەكىللەندى. مەسىلەن: ”تابۇت“ دېگەن سۆزنى بەزىسى ”تاھۇت“ دەپ ئوقۇدى، بۇ ئەھۋال خەلىپە ئوسمانغا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدىكى قۇرئاننى ئەكەلدۈرۈپ، قۇرئاننى ناھايىتى تولۇق بىلىدىغانلىقى ۋە ھەممىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ئۈچ كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا قۇرئاننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەرگەن ئۇسۇلدا قايتا يېزىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاندا بۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشۈپ بولغان قۇرئاننى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا تىڭشىتىپ ئۆتكۈزۈش ئادىتى بار ئىدى. ئاخىرقى يىلىدا ئىككى قېتىم ئۆتكەزگەن ئىدى.

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرئاننى يېزىشقا باشلىغان، ئۇ ھەر بىر ئايەتنى يازغىچە، ئۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەندە، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ساھابىلەردىن ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن يازدى. بۇلار قۇرئاندىن تۆت نۇسخا يازدى، (بىر رىۋايەتتە يەتتە نۇسخا دېيىلگەن). بۇ نۇسخىلارنى خەلىپە ئۆسمان ئەتراپتىكى كۇپە، بۇسرا ۋە شامغا ئوخشاش ئىسلام يۇرتلىرىغا ئەۋەتتى. ئۆز يېنىدا بىر نۇسخا ئېلىپ قالدى. بىر رىۋايەتتە يېزىلغان نۇسخا يەتتە بولۇپ يەمەن، بەھرەين، مەككىگىمۇ ئەۋەتكەن، دېيىلىدۇ. ئاندىن كېيىن شەخسى - شەخشى يېزىلغانلارنى يىغىپ كۆيدۈرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. مەزكۇر نۇسخىلار دۇنياغا تارقالغان قۇرئانلارنىڭ ئاساسى رەھبىرى بولدى. كىشىلەر باشقا نۇسخىدىكى قۇرئانلارنىڭ توغرا كۆچۈرۈلگەن ياكى كۆچۈرۈلمىگەنلىكىنى مەزكۇر نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ بىلىۋالالايدىغان بولدى.

## قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىلمەستىن ساقلانغانلىقى

بۇ ئالەمدە ھېچ بىر ئۇممەت اللہ دىن چۈشكەن كىتابقا ياكى ئىنسان تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابقا، مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى. ھېچقانداق ئىلاھىي كىتاب ياكى ئىنسان يازغان كىتاب قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى مۇھاپىزە قىلىنغىنىدەك مۇھاپىزە قىلىنمىدى، قۇرئان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بىلىنگىنىدەك مۇقەددەس بىلىنمىدى ۋە قۇرئان قوغدالغاندەك قوغدالمىدى.

ئەينى زاماندا قۇرئاندىن بىر ئايەت ياكى بىر قانچە ئايەت چۈشكەن ھامانلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ياد ئېلىۋالاتتى، ئاندىن كېيىن قېشىدا بار بولغانلارغا ئوقۇپ بېرەتتى. ئاندىن كېيىن ۋەھيى يازغۇچىلارغا يېزىپ خاتىرىلەشكە بۇيرۇتتى. يېزىلغان نۇسخىلاردىن بىر نۇسخىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز يېنىدا ساقلاپ قالاتتى.

ئاندىن قۇرئان باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىغا ئوخشاش بىر بۆلۈك دىن پېشۋالىرىنىڭ قولىدا بېسىپ ساقلىنىپ قالمىدى. ئەكسىچە كەڭ تارقالدى. ئەگەر قۇرئان مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىشقا دۇچ كەلگەن بولسا ئىدى، قۇرئان ئۆزگەرتىلگەنمىدۇ؟ دېگەن گۇمان بەزى كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇسۇلمانلار سۈرە ۋە ئايەتلەر نازىل بولۇنغان ھامانلا ئۇنى ئەتىگەن كەچتىكى نامازلىرىدا ئوقۇپ ئىبادەت قىلىشقا ۋە ھەرقانداق ئىشقا قۇرئان كۆرسەتمىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مۇئامىلىلەردە دەستۇر، قانۇن قىلىپ داۋام قىلىۋاتسا، مۇسۇلمانلار كۆپچىلىكىدىن خەۋەرسىز ھالدا قۇرئاننىڭ ئۆزگەرتىلىنىپ قېلىشى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ؟ بۇ، ئەقىلگە سىغامدۇ؟

ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولغان زاماندا ئۆمەرنىڭ تەكلىپى بىلەن توپلىنىشتىن بۇرۇن يېزىلغان قۇرئان پارچىلىرى تولۇقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ۋە بەزى ساھابىلارنىڭ قېشىدا ساقلانغان ئىدى. ساھابىلەر ئۇنى ئۆيلىرىدە ئوقۇپ تۇراتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئوسمان ئۇنى توپلاپ رەسمىي تومى قىلىپ بىر قانچە نۇسخا يېزىپ قالدۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا قۇرئاننى يازغان كاتىپلار ۋە ئۇنى يادا ئالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى تېخى ھايات ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ قۇرئان قانداقمۇ ئۆزگەرتىلدى، دېيىلسۇن؟

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ يەنى: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1]

[1] سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت.

# قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈش ئۇسۇلى ۋە بۇنداق چۈشۈرۈلۈشنىڭ سەۋەبى

قۇرئان كەرىم 23 يىل ئىچىدە پارچە ـ پارچە چۈشۈرۈلدى، بەزى چاغدا بىرلا ئايەت چۈشسە، بەزى چاغدا بىر قانچە ئايەت ھەتتا ئونغا قەدەر ئايەتلەر بىراقلا چۈشەتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئاسان كۆنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن قايسى مەزمۇندىكى ئايەت چۈشىشىنىڭ سەۋەبى كۆرۈلسە، شۇ مەزمۇندىكى ئايەت چۈشەتتى. ئەرەبلەرگە كامىل ھۆججەت پاكىت بولسۇن ۋە قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنسۇن دەپ، ئېھتىياجقا لايىق ئايەت چۈشەتتى. ئەگەر قۇرئان بىر ئايەتتىن بىر قانچە ئايەتكىچە پارچە ـ پارچە چۈشمەي بىر پۈتۈن چۈشكەن بولسا، قۇرئاننىڭ ئەرەبلەرگە ـ قۇرئانغا گۇمانىغلار بولسا ئەڭ قىسقا سۈرىدەك بىر سۈرىنى ئويلاپ سۆزلەپ بېقىڭلار، دېگەن سۆزى ئەرەبلەرنى شۇنداق تۇرغۇزۇپ قويمىغان بولاتتى. ئەرەبلەر قۇرئانغا تاقابىل تۇرالمىغىنىغا بەزى باھانىلەرنى كۆرسىتىشى، (قۇرئان پارچە ـ پارچە چۈشكەن بولسا، ئۇدۇللۇق تاقابىل تۇرالايتتۇق، بىر پۈتۈن قۇرئانغا تاقابىل تۇرالايمىز دەپ تورۇشى) مۇمكىن ئىدى. لېكىن بىر ۋاقىتتا بىر ئايەت يا بىر قانچە ئايەتلا چۈشۈپ ئارىدىن ئەرەبلەر تاقابىل تۇرسا تۇرالىغۇدەك بىر پۇرسەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر ئايەت چۈشكەن بولسىمۇ ئەرەبلەر پۇرسەت بار تۇرۇپ تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كەلدى. بۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس بەلكى الله تائالادىن چۈشكەنلىكىنىڭ چوڭ دەلىلى بولدى.

بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى چاغدا قىسقا ـ قىسقا سۈرىلەر چۈشكەن ئىدى. ئەگەر ئەرەبلەرنىڭ شائىر گەپدانلىرىنىڭ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يېتىش ئېھتىمالى بولسا ئىدى، بۇ كەڭ پۇرسەتتە قىسقا سۈرىلەرگە بىر ـ بىرلەپ تاقابىل تۇرغان، ھېچ بولمىغاندا بىر تال قىسقا سۈرىگە بولسىمۇ تاقابىل تۇرالىغان بولاتتى.

قۇرئاننىڭ پارچە ـ پارچە چۈشىشىدە يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، ئۇ بولسا: قۇرئاننىڭ يېڭى ـ يېڭى ھادىسىلەرگە قارىتا چۈشكەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ئەرەبلەرنىڭ خۇي مىجەزىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت. كىسەل پەيدا بولغاندا داۋالاشمۇ پەلسەپەگە ئۇيغۇندۇر. ئۇ ھالدا ئەرەبلەرنىڭ خۇي ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ئاسان بولىدۇ. چۈنكى ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇن ھېچ نەرسىدە ۋە ھېچ ئىشتا چەكلەنمەيتتى، (ئۇلارغا ھېچ نەرسە ھارام ئەمەس ۋە ھېچ ئىش جىنايەت ئەمەس ئىدى). ئەگەر قۇرئان بىراقلا چۈشكەن بولسا، قۇرئاننىڭ تەكلىپلىرى ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ ئۇلار قۇرئاننىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۈركۈپ قاچقان بولاتتى.

قۇرئاننىڭ پارچە ـ پارچە چۈشىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ياقتىن چۈشكەن ئايەت ۋە سۈرىلەرنى يادلاپ ئېسىدە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن، ھەرقاچان دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىقى يۈز بەرگەندە ئايەتلەر چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرىكىگە تەسەللى بېرىلىپ كۆڭلى ئارام تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كاپىرلار: «قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە ـ پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم نازىل قىلدۇق﴾[1]
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت ئوقۇيالمايتتى، يازالمايتتى، ئەمما باشقا پەيغەمبەرلەر خەت ئوقۇيدىغان ۋە يازالايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا چۈشكەن كىتابلار بىر پۈتۈن چۈشسىمۇ ئۇنى ئېسىدە تۇتۇۋالالايتتى، يېزىۋالالايتتى.

## قۇرئان ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنى مۇنازىرىگە چاقىرىدۇ

قۇرئاننىڭ ئەرەبلەرنى ياكى باشقا كىم بولسا بولسۇن قۇرئانغا ئوخشاش كىتاب يېزىپ ياكى قۇرئاندىن بىر سۈرىگە ئوخشاش سۆز ئويلاپ ئوتتۇردا قويۇشقا چاقىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بىر سۈرىگە ئوخشاش سۆز ئويلاپ يېزىپ چىقىشتىن ئاجىز كېلىشى، قۇرئاننىڭ الله دىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنىڭ چوڭ دەلىللىرىدىن بىرى، بۇنى تۆۋەندە ئىزاھلايمىز:
ئەرەبلەر بالاغەت (ئىخچام ۋە تەلەپكە لايىق، ئۇقۇملۇق سۆزلەش)، ئەدەبىيات، شېئىر ۋە تەشۋىق سۆزلەشكە ناھايىتى ئامراق بولۇشتەك تەبىئىتى بىلەن خويلىنىپ كەتكەن خەلق ئىدى، ئۇلار ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىت تەيىنلەپ، شۇ مەۋسۇمدە شائىرلەر بەسلىشىپ "ئۇككاز" دېگەن يەردە شېئىر ئوقۇشاتتى، داڭلىق ئۇستا شائىرلەر بۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى باھالاپ ھۆكۈم قىلاتتى.
ئەرەبلەر سۆزمەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئالاھىدىلىكى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئىدى:
1 ـ ئەرەبلەر ياشىغان سەھرا ھاياتى ئادەمنى كۆپ ئويلاشقا، مايىللىقنى قوزغاشقا ۋە تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇلار كىشىگە شائىرلىقنى ئىلھام قىلىدۇ. كۆپ خىل تېمىدا ئىستىلىستىكىلىك سۆز قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.
2 ـ ئەرەبلەرنىڭ قەبىلىلىك ھاياتى، بىر ـ بىرىگە پەخرى قىلىشقا، دەۋالىشىش، زوكونلىششقا ۋە قاتتىق سوقۇشلارغا سەۋەب بولاتتى. شۇڭا ئۇلار قەبىلىلىرىنى داملاپ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدىغان، قارشى تەرەپنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ سۆكىدىغان ئۇستا شائىرلارغا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تەشۋىقات ۋە شېئىرگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، قىززىقارلىق تېمىدا شېئىر يازغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇستا تەشۋىقاتچىلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى.
قۇرئان كەرىم ناھايىتى چۈشىنىشلىك، سۆز ئىبارىلىرى جەھەتتە ناھايىتى كامىل ۋە مۇناسىپ ھالدا كەلگەچكە زامانلاردىن بىرى باشباشتاقلىق ۋە تىنچسىز ياشاپ كەلگەن ئەرەب خەلقىنىڭ قەلبىنى توغرا ۋە بەخت يولىغا يېتەكلەشكە يول ئاچتى. قۇرئان ئەرەب

[1] سۈرە فۇرقان 32 ـ ئايەت.

خەلقى قۇرئان ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولمىغان تەقدىردە، ئەرەبلەرنىڭ قاتتىق جاھىل يۈرىكىگە تەسىر قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرالمىغان بولاتتى. ئىنسانىنىڭ يارىتىلغان تەبىئىتى بولسا ئىنسان ئۆزىنىڭ پەخرى، گۈزەل ئىجادى ۋە چوڭ مەقستى دەپ تونۇغان ئىشىدا باشقىسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلسە ۋە ئامالسىز قىلىپ بېشى قاتسا تەسلىم بولماي چارە تاپالمايدۇ. (ئەرەبلەر قۇرئان ئالدىدا شۇنداق بولدى).

ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىشى سۆزگە ئۇستا بولۇش، ئۇقۇملۇق، ئىنچام گۈزەل سۆزلەشتە ماھىر بولۇش بولغاچقا بۇ جەھەتتە قۇرئان ئۇلارنى تەڭ باراۋەر كېلىشتىن ئاجىز قىلىپ زۇۋانىنى ئۆچۈرۈپ قويغاندىن كېيىن باشقا بىر تەرەپتىن قۇرئانغا قارشى تۇرۇشقا چارە قىلالمىدى.

قۇرئاننى ئەرەبلەرنىڭ شائىر، تەشۋىقاتچى، داڭلىق گەپدانلىرى ئاڭلىغان زامان تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، قۇرئان بالاغىتىنىڭ دولقۇنى ئىچىدە ئەرەب بالاغىتى غەرق بولۇپ كەتتى.

لېكىن، شېرىك ئەقىدىنىڭ باش رولچىلىرى بولغانلار يېڭى دىنغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە باش ئېگىشكە ئۇنىمىدى. پۈتۈن ئېسى يادى بىلەن ھەققە قارشى كۆرەش قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار قۇرئاننى بۇ سېھرى، بۇ شېئىر، بۇ بۇرۇنقىلاردىن قالغان دەلىلسىز چۆچەكلەر دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى" ساراڭ" "جىنكەش" دېدى.

ئەرەبلەرنىڭ بىر - بىرىنى گەپدانلىقدا بەسلىشىشكە، بىر - بىرىنى يېڭىشكە تەكلىپ قىلىشىدىغان، قەسىدە ۋە تەشۋىق سۆزلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئادىتى بولغاچقا، قۇرئانمۇ ئۇلارنى قۇرئانغا ئوخشاش ياكى قۇرئاننىڭ بەزى قىسمىغا ئوخشاش كىتاب ياكى ماقالە ئويلاپ يېزىپ چىقىپ مەيداندا سۆزلەپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىپ بىر قانچە ئايەتتە مۇنازىرە تەلەپ قىلدى.

مۇنداق تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىش ۋە بۇنى قۇرئاندا بايان قىلىشنىڭ سەۋەبى: ئىنسانلار تارىخى ئەرەبلەرنىڭ شۇنچە سۆزمەن، گەپدان ۋە پاساھەتلىك سۆز قىلىدىغان ئادەملەر تۇرۇپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىگە گۇۋاھ بولسۇن، كېيىنكى زامانلاردا بىرەر غەيرى ئەرەب ياكى باشقا مىللەتتىن بىر يالغانچى ئىككى يۈزلۈك ئادەم مەيدانغا چىقىپ: ئەرەبلەر ئۆز ۋاقتىدا قۇرئانغا تاقابىل تۇرغان ياكى قۇرئان ئۇلارنى ئاجىز قىلىۋېتەلمىگەن، دەپ قويمىسۇن (قىيامەتكىچە دۇنياغا كەلگەن ئادەملەر قۇرئاننىڭ ئەرەبلەرنى ئاجىز قىلغانلىقىنى ۋە داۋاملىق ئاجىز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسۇن) دەپ بۇ ئايەتلەرنى قۇرئاندا كەلتۈرگەن.

قۇرئاننىڭ ئەرەبلەرنى تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىشىدا قوللانغان ئۇسۇلى ئەۋۋەل قۇرئانغا ئوخشاش پۈتۈن بىر كىتابنى مەيدانغا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش بولدى. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېدى:

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي». ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب

بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، الله ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە قۇرئان كەرىم ئەرەبلەردىن قۇرئاندەك بىر كىتابنى پەيدا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن قۇرئاندىن قىرىق يەتتە سۈرە چۈشۈپ بولغان ئىدى.

ئەرەبلەر قۇرئاندەك كىتابنى قانداق كەلتۈرۈشنى بىلەلمەي ھەيران بولۇشتى. قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇش تەلىپىگە جاۋاب ياندۇرۇشنى قەست قىلىشقان بولسىمۇ ئاجىز كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا:

﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر - بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ,ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[2] دېگەن ئايەت چۈشتى.

قۇرئان - ئەرەبلەرنى تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىشتا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ﴿قۇرئاندەك كىتاب كەلتۈرەلمىسەڭلار قۇرئان سۈرىلىرىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرە توقۇپ چىقىڭلار!﴾ دەپ تەلەپ قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە سۈرە ھۇدتا مۇنداق دېدى:

﴿ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، الله دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار». ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا ،بىلىڭلاركى، قۇرئان الله نىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (الله غا ) بويسۇنامسىلەر؟﴾[3].

ئەرەبلەرنىڭ قۇرئان مۇھەممەدنىڭ ئۆزى ئويلاپ چىقىپ ئۆزى توقۇغان سۆزى، دېگەن سۆزىگە الله قۇرئاندا: مۇھەممەدمۇ ئىنسان، بەلكى ساۋاتسىز. سىلەر ساۋاتلىق ئىنسانلار، ئىش سىلەر دېگەندەك بولىدىغان بولسا، قۇرئان سۈرىلىرىدەك ئون سۈرە ئويلاپ قوراشتۇرۇپ چىقىڭلار، بۇنىڭغا ھەممە پاساھەتلىك بالاغەتلىك داڭلىق شائىر، يازغۇچىلىرىڭلارنى ياردەملەشتۈرۈڭلار! دېدى. لېكىن ئۇلار ئاجىز كەلدى، تارىخ تا بۇ كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ يەردە ئەسلىتىشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، الله تائالا - ئەرەبلەرنىڭ ئون سۈرە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە ۋە الله تائالانىڭ شېرىكى يوق بىر ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ قىلدى.

ئاندىن كېيىن قۇرئان بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئەرەبلەرگە ئون سۈرە كەلتۈرەلمىسەڭلار بىر سۈرە كەلتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇڭلار! دەپ تەلەپ قويدى. بۇ مەزمۇندا سۈرە بەقەردىكى مۇنۇ ئايەت چۈشتى:

---

(1) سۈرە قەسەس 49 ـ 50 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە ئىسرا 88 ـ ئايەت.
(3) سۈرە ھۇد 13 ـــ 14 ـ ئايەتلەر.

﴿بەندىمىز (مۇھەممەد) گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) اللە دىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار﴾[1].

قۇرئانغا ھەرگىز تاقابىل تۇرالمايدۇ، دېگەن بۇ كەسكىن ھۆكۈم ئىنسانىنىڭ ھۆكمى ئەمەس. ئەقىللىق ئىنساندىن مۇنداق ھۆكۈمنىڭ چىقىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەقىللىق ئىنسان ئەلۋەتتە: يەر يۈزى مەنچىلىك سۆز ئىقتىدارى بار ئادەمدىن خالىي بولمايدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ھۆكۈم يالغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلالمايدۇ. بۇ ھۆكۈم پەقەت قۇرئاننى سۆزلىگۈچى، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئالدىن بىلگۈچى، ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغۇچى اللە تائالانىڭ ھۆكمىدۇر. اللە تائالا قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىدى. قۇرئان ئەرەبلەردىن تەلەپ قىلغان بەس مۇنازىرىگە تەڭ كېلىشتىن پۈتۈن ئىقتىدارلار كەم كېلىشىنى اللە تائالا بىلگەنلىكتىن قۇرئان، قۇرئاننىڭ بىرەر سۈرىسىگە ئوخشاش سۆزنى سۆزلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەرگىز كۈچى يەتمەيدۇ دەپ، ھۆكۈم قىلدى.

قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئايەتلىرىنى پۈتۈن ئەرەبلەر ئاڭلىدى، ئۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى، تىللار سۆزلىدى، بۇ تەلەپكە جاۋاب بېرىپ قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئەرەبلەرنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى ئاشكارا بولدى، ئۇلار ھەم مەڭگۈ ئاجىز كېلىدىغانلىقىنى تونۇدى.

ئەگەر قۇرئان پاساھەتلىك بولمىغان بولسا ياكى ئۇلارغا سۆزلەنگەن ئۇسلۇبى كىشىلەرنى ئاجىز قىلارلىق بولمىغان بولسا، قۇرئاننىڭ ئەرەبلەر ئارىسىدا ئادەتتىكى قەسىدە، تەشۋىق، قىسسە ھېكايىچىلىك بولاتتى، ئۇ چاغدا ئۇلار قۇرئانغا تەڭ كېلىشتىن ئاجىز كەلمەستىن قۇرئاننى جۈملە ـ جۈملە، ئايەتمۇ ـ ئايەت بوزۇپ تاشلاپ، قارشى تۇرغان بولاتتى ۋە ئۇلارغا باشقىچە ھالەتلەر بولاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ كامىل سۆزمەن يازغۇچىلىرى كۆپ، ئۇلار ئىچىدە ئىسلامنىڭ دۈنيا ئەللىرىگە ئۆتتۈرىدا قويغان چاقىرىقىغا يوشۇرۇن دۈشمەنلىك قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئەگەر ئەرەبلەر قۇرئاننىڭ بالاغىتىدە ئازراق ئاجىزلىق يوچۇقى تاپالىسا ئىدى، دەرھال ئاشكارا جار سالاتتى ۋە ئەلۋەتتە بالاغەتتە قۇرئاندىن ئۈستۈن گەپلەرنى ئوتتۇرغا چىقىراتتى.

جاھىز ئىسىملىك ئالىم قۇرئان ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

”ئەرەبلەر باشقا مىللەتنى ياراتمايدىغان، دېمىغى ئۈستۈن، يۇقىرىلىقىغا پەخىرلىنىدىغان، ھەممە ئىشتىن گەپتە ئۈستىلىقنى كاتتا بىلىدىغان بىر مىللەت تۇرۇپ،

---

[1] سۈرە بەقەرە 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

قۇرئانغا تەڭ تۇرۇشقا كۈچى يەتكەن تەقدىردە ئۆزىنىڭ قۇرئانغا تاقابىل تۇرالماي ئاجىز كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمنى بىردەك مەيدانغا چىقىرىشقا بىرلىككە كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشقا موھتاج ئىدى، بىر ئىشقا موھتاجلىق ئۇ ئىشقا - گەرچە نەتىجىسى مەلۇم بولمىسىمۇ - ھىلە چارە قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتەك پايدىسى ئاشكارا ئىشقا بار كۈچى بىلەن ھىلە - چارە قىلماي قالارمىدى؟ قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بولمىغان تەقدىردە ئەرەبلەر 23 يىل داۋامىدا قۇرئان الله تائالانىڭ سۆزى دەپ خاتا ھۆكۈم قىلىشقا ھەممىسى بىرلىككە كېلىشى ياكى تاقابىل تۇرماي تاشلاپ قويۇشى مۇمكىنمىدى؟ تاقابىل تۇرۇشقا چارە تاپالىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، جىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولامتى؟ ئەلۋەتتە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ قۇرئاننىڭ ۋەھيىلىكىنى رەت قىلغان بولماسمىدى؟‹‹

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر نۇرغۇنلىغان زامان ۋە ئەسىرلەر ئۆتتى. كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر، سۆزگە ئۇستىلار، تەنقىد قىلغۇچىلەر، كىتاب ۋە ئەسەر يېزىپ چىققۇچىلار دۇنياغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ مۆجىزە (ئىنسانلارنى تەڭ كېلىشتىن ئاجىز قىلغۇچى) ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بالاغەت، پاساھەت ۋە مەنىسى ئوچۇق ئوقۇملۇق ئىكەنلىكىدە قۇرئانغا تەڭ كەلگىدەك بىرەر سۆز ئىجاد قىلىشىدىن يېتەرسىزلىكىگە ئىقرار قىلىپ كەلمەكتە.

ئەرەب تارىخىدا ئىبنى مۇقەففە، جاھىز، ئىبنى ئەمىد ۋە بەدىئ قاتارلىقلاردەك نەسرى سۆزلەشتە ماھىر ئادەملەر چىققان ئىدى. جەرىر، پەرەزدەق، بەششار، ئەبۇنەۋۋاس، ئەبۇتەممام، مۇتەنەببىھ، مەئرا، شەۋقى ۋە باشقىلاردەك شېئىر نەزمى يېزىشتىمۇ ماھىر داڭلىق ئادەملەر يېتىشكەن. لېكىن بۇلارنىڭ بالاغىتى قۇرئان بالاغىتىنىڭ ئالدىدا نەدە قالدى؟ بۇلارنىڭ ھەر قايسىسى قۇرئانغا باش ئېگىپ قۇرئاندىن ئەيمىنىپ، ھەيران بولۇپ كېتىشكەن ۋە قۇرئاننىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە جەزمەن ئىشەنگەنلەردۇر.

## قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزىدۇر

الله تائالانىڭ ھېكمىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلىدىغان مۆجىزىنىڭ ئەرەبلەر باشقىلاردىن كامىللىق بىلەن مەشھۇر بولغان نەرسىدىن بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئادەتتە شۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى كامىللىشىپ باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن بىر ئىشتا بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: پىرئەۋن گۇرۇھى ماتېماتىكا، تەبىئىي ئىلىم پەندە ۋە سېھىرگەرلىككە ئۇستا، سانائەت ئەھلى بولغان ئىدى. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پىرئەۋن گۇرۇھىنىڭ ئالىملىرى ۋە ساھىرلىرى ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا بەرگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، مۇسانىڭ كەسپىدىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان مۆجىزىلەرنى بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر دانە ھاسىنى

يىلانغا ئايلىنىدىغان، ساھىرلەرنىڭ سېھىر ئارغامچىلىرىنى يۇتۇپ كېتىدىغان مۆجىزە قىلىپ بەردى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تېۋىپلىق ئىلمى بىلەن مەشھۇر بولغان، روھقا ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا اللە تائالا تۇغما قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىدىغان ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان مۆجىزىلەرنى بەردى.

سۆزنىڭ راستىنى سۆزلەش كېرەك: بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىغا دەلىل بولغان مۆجىزىلىرى ئۇزۇن تۇرماي تۈگەپ كېتىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ، شۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن زاماندا بولغان كىشىلەر كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۆجىزىلەر قولىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرلەردىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن كىشىلەر ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرمىگەن، بەلكى كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا يەتكەچكە، ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ كېيىنكىلەرگە بولغان تەسىرى ئاز بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى شۇ زامان ئادەملىرىنىڭ كامىللاشمىغان ئەقىللىرىگە مۇۋاپىق كېلەتتى. ھازىر ئەقىللەر تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم مەرىپەتلەر كۆپىيىپ، دىنلارغا ھەرخىل گۇمانى سۆزلەر، تەنىلەر يېزىلەنگەن زاماندا، ئۇ مۆجىزىلەرنىڭ تەسىرى دىنغا ئىشەنگۈچىلەرگە نىسپەتەن ئاجىزلىشىپ قالدى. توغرىسى: ئىمان ئاجىزلاشتى. دىنغا ئىشەنمەسلىك كېڭەيدى، شۇڭا دىن ئۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇرۇنقىدىن باشقا دەلىل ھۆججەتلەرگە موھتاج بولدى.

كىشىلەر بىلمەي قالغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دىنى بۇرۇنقى دىنلار ماڭغان يولدىن باشقا يولدا ماڭدى، دېمەك، ئىسلام ئۆزىنىڭ راستلىقىغا ۋە اللە تائالادىن كەلگەن دىن ئىكەنلىكىگە دەلىل پاكىت كۆرسىتىشكە يېڭى يول قوللاندى، قۇرئان ئۆزىنىڭ خەلقلەرگە توغرا يول كۆرسىتىشى ھەقنى بايان قىلىپ بېرىشى بىلەن ھەم ھەرقانداق زاماندا داۋاملىق تۇرىدىغان ئۇسلۇبى ۋە مەنبەلىرى بىلەن ھەممە ئىنسانىنى ئاجىز قىلىدىغان مۆجىزە كىتاب بولۇپ چۈشتى. قۇرئان ـ دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئەقلى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن چۈشۈپ، شۇ تەرەققىي قىلغان ئەقىللەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھۆججەت بولدى.

تۆۋەندە، قۇرئاننىڭ اللە تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان مۆجىزىلىكى تەرىپىدىن قىسقىچە ئىلمىي دەرسلەرنى ئوتتۇرىدا قويىمىز. بۇنىڭغا ھەرقانداق ساق ـ سالامەت ئەقىل ئىگىلىرى قايىل بولىدۇ، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمۇپ قارشى چىقىدىغانلاردىن باشقا ھېچكىم ئۇنى چەتكە قاقمايدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى

مۆجىزە دېگەن سۆز، باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى (ئۇنىڭغا تەڭ باراۋەر كېلىشتىن باشقىلارنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكۈچى) دېمەكتۇر.

”قۇرئان مۆجىزە“ دېمەك قۇرئانغا ئوخشايدىغان كىتاب يا ماقالە ئىجاد قىلىشتىن ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى كىتاب دېمەكتۇر. ”قۇرئان مۆجىزە“ دېگەن سۆزدىن كىشىلەر چۈشەنگەن مەنە بىلەن شەرتسىز مۆجىزىدۇر. قۇرئاننىڭ قانداق ۋە قايسى تەرەپلەردىن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئىنسانلار تېخى بىلىپ كېتەلگىنى يوق. ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغانسېرى قۇرئاننىڭ ئېچىلمىغان مۆجىزىلىرى بىر - بىرلەپ ئېچىلماقتا، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇنى شەرھلەپ كەڭ دائىرىدە سۆزلەشكە ۋە ئۇنىڭغا قۇرئان ئايەتلىرىدىنمۇ دەلىل كۆرسىتىشكە ئېھتىياج بار. مۇنداق قىلغاندا بىر قانچە توم كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ كىتابتا، كىتاب ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىخچام تەرىقىدە بىر ئويلاپ كۆرۈشى ئۈچۈن سۆزنى قىسقارتىپ قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ بەزىسىگە ئىشارەت قىلىپلا ئۆتۈش بىلەن قانائەت قىلىمىز. قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىنى ۋە ئالاھىدىلىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى بۇرۇن سۆزلەيمىز.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى

قۇرئاننىڭ داۋاملىق مۆجىزىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈشى بار، ئۇ بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى (ئىنسان سۆزىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە سۆز قۇرۇلۇشى)، بۇ ئۇسلۇب بالاغەتتە، گۈزەللىكتە، مەزمۇنىنىڭ چۈشۈنىشلىك بولۇشىدا، ئوقۇملۇقتا ئايرىم بىر يول بولۇپ ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئۇسلۇبىغا، جۈملە تۈزۈش قائىدىسىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.

دوكتور تاھا ھۆسەين مۇنداق دەيدۇ:

”قۇرئان شېئىر بولمىغاندەك نەسىرمۇ ئەمەس، قۇرئان پەقەتلا قۇرئاندۇر. ئۇنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاش مۇمكىن ئەمەس، قۇرئاننىڭ شېئىر ئەمەسلىكى ئاشكارا. چۈنكى ئۇ، شېئىرنىڭ شەرتلىرىگە چۈشمەيدۇ. ئۇ نەسىرمۇ ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان باشقىسىدا تېپىلمايدىغان قەيتلەرگە باغلانغان، بۇ قەيتلەرنىڭ بەزىسى ئايەت ئاخىرلىرىغا تۇتاش، بەزىلىرى قۇرئانغا خاس بولغان گۈزەل تاۋۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

باقىللانى مۇنداق دەيدۇ:

”قۇرئاننىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى، سۆز بايانلىرىنىڭ نەچچە خىل بولۇشى جەھەتتە ئەرەبنىڭ پۈتۈن سۆزىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى تەرتىپىدىن باشقا ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىق ۋە سۆزلىشىش تەرتىپىدە ئادەتلەنگەن قائىدىسىدىن ئايرىمدۇر. قۇرئان ئەرەبلەر ئادەتلەنگەن سۆز ئۇسلۇبىدىن ئايرىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن شۇنى خۇلاسە قىلالايمىزكى: قۇرئان ئۆز ئۇسلۇبىدا تەنھا بولۇپ ئۇ كەسكىن ھالدا ئىنسان ئىجادى ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئىنسان سۆزى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئۇسلۇبىدىن بىرەرسىگە ئوخشىغان ياكى ھازىرغا قەدەر كېيىنكىلەرنىڭ سۆز ئۇسلۇبىدىن بىرەرسىگە ئوخشاپ قالغان بولاتتى. سۆزگە ماھىر ھەرقانداق ئالىم بۇنى

تونۇيدۇ. قۇرئاننىڭ ئەرەب سۆز ئۇسلۇبىغا ئوخشىمىغانلىقى ئۇنىڭ مۆجىزىلىكىگە دەلىل بولىدۇ. ھەم قۇرئان ئىنسانلار سۆزىدىن ئەمەس، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىمۇ ئەمەسلىكىگە دەلىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قۇرئاننىڭ مۇشۇ ئۇسلۇبى بولمىسا ئىدى، ئەرەبلەرنى جىم تۇرغۇزالمايتتى. ئۇلار ئۆز تەبىئىتى بىلەن سۆزلەيدىغان سۆزلەردىن باشقىچە بىر سۆزنى كۆرۈپ شۇك بولۇشۇپ كەتتى. پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان مۇسەيلىمە كەززابتەك بەزى ئەرەبلەر قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇمىز دەپ، بىر بۆلۈك سۆزلەرنى ئويلاپ سۆزلەپ باققان بولسىمۇ، قۇرئانغىمۇ ئوخشىمايدىغان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر گەپ بولۇپ چىقىپ ئۆزىنىڭ پاساھىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان كۈلكىلىك بىر سۆز بولدى.

## قۇرئان كەرىم ئۇسلۇبىنىڭ ـ ھەدىس ئۇسلۇبىغا ئوخشىماسلىقى

بۇ يەردە، قۇرئان الله تائالانىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولىدىغان چوڭقۇر نەزەر سىلىشقا تېگىشلىك بىر تەرەپ بار. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىماسلىقى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى توپلىغان ھەدىس كىتابلىرىغا قاراپ ئۇنى قۇرئانغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ باقساق، ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىبارەت ئۇسلۇبىدىلا ئەمەس مەزمۇن ۋە تېمىلاردا ھەم ئوخشىمايدۇ. ھەدىسنىڭ ئۇسلۇبىدا ئەرەبلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆزئارا سۆزلىشىش، گەپ چۈشەندۈرۈش، ئۆگىتىش، نۇتۇق سۆزلەش تىللىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئۇسلۇبىدا ئوخشىشى تېپىلمايدىغان قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىدا بولسا، مەزكۇر تىللار كۆرۈلمەيدۇ.

ھەدىسنىڭ ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىنساننىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. الله نىڭ سۆزى ئالدىدا ئاجىزلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. (ھەدىسنىڭ مەزمۇنى الله تائالانىڭ ئىلھامى بولسىمۇ سۆز قۇرۇلمىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تىلىدۇر). قۇرئان ئۇنداق ئەمەس، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن ئادىل، ھەكىم، رەھىملىك الله تائالانىڭ ھەيۋىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەيۋەت ھەتتا الله تائالانىڭ رەھمىتى ھەققىدىكى ئايەتلىرىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر قۇرئان بەزى ئادەملەر دېگەندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۆزى بولسا ئىدى، قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ جۈملە تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ئوخشاش بولغان بولاتتى. چۈنكى ئەقلىلىق ئەدىبلەر تەسلىم بولغان نەرسە شۇكى: بىر ئادەم بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇسلۇبتا سۆزلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتە، ئەرەبلەرنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن ئازراق تونۇشلۇقى بار ئادەممۇ بىلەلەيدىغان ئوخشىماسلىقى قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيىلىكىگە ئىسپات بولىدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ۋە بالاغىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى

قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبى ۋە قۇرئانغا خاس بولغان بالاغەتنىڭ تارماقلىرى ھەققىدە بالاغەت ئۆلىمالىرى كۆپ كىتابلار يازدى. بۇ يەردە ھەممىنى ئوتتۇرغا قويۇپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىز قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قۇرئاندىكى تەشبىھ (بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرۈش)، ئىستىئارە (بىر مەنىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن باشقا سۆزنى ئارىيەت ئېلىش)، ئىجاز (سۆزنى قىسقارتىپ قىلىش) مەسەل بايان قىلىش قاتارلىقلارنى سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنىمىز.
بۇنىڭ بىلەن كىتاب ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئان بالاغىتى ھەققىدە ئىخچام بىر بايان بەرمەكچىمىز. قۇرئان ئوقۇغاندا ئۇنىڭ ئوچۇق مەنىسىنىڭ سېھىردەك تەسىرى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇرئاننىڭ ئەۋزەللىكى قۇرئانغا كۆپ نەزەر سالغان، ئوبدان بىلگەن، ئەرەبلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى، ئادەتلىرىنى بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەرخىل سۆز ئۇسلۇبىنى ۋە باشقا تىللاردىن ئايرىمچە بولغان تىل خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنگەن كىشىلەر تونۇيدۇ.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەزنى ۋە چىرايلىق ئوقۇلىشى

قۇرئان شېرىن سۆزلەرنى تاللاش، پاساھەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىدىغان مەخسۇس بىر تەرتىپتە تىزىلىشتىن كېلىپ چىققان گۈزەل قاپىيىلىنىشى بىلەن باشقىسىدىن ئايرىم تۇرىدۇ. قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ گۈزەل قاپىيىلىنىشى بەزى ۋاقىتتا شېئىرنىڭ ۋەزنىلىرىدىن بىر ۋەزنى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان شېئىر بولۇپ قالمايدۇ. قۇرئاندا ـ نەسرى بىلەن شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

## قۇرئان كەرىمدىكى تەشبىھ (ئوخشىتىش)

”تەشبىھ“ ئورتاق بىر مەنىدە شېرىك ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە ئوخشىتىش، دېمەكتۇر. بۇنىڭدىكى غەرەز ئوچۇق ئوقتۇرۇش ۋە تەسىرلەندۈرۈشتۇر. قۇرئان كامىل تەشبىھ (ئوخشىتىشلاردىن) بىر قانچە تۈرلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن مەنىلەرگە گۈزەللىك ھاسىل بولۇپ ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ.
قۇرئاندىكى تەشبىھلەردىن بىرسى: مەنىۋي نەرسىلەرنى كۆز كۆرىدىغان، ھېس بىلەن بىلگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىدە ئوچۇقلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان مۇشرىكلارنىڭ الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتا ئىشەنچ قىلغان نەرسىلىرىنى، نەتىجىلىك دەپ گۇمانلاپ تارتقان جاپالىرىنى، پايدىسىزلىقىنى ئۆمۈچۈكنىڭ جاپا تارتىپ ياسىغان ئاجىز ئۆيى (تورى) غا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله تىن باشقىسىنى يېقىن ۋە ياردەمچى تونۇپ ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالى ئاجىز ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ ئەھۋالىدەكتۇر (الله تىن باشقىسىغا قىلغان ئىتائەتى ۋە ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسى بىكارغا كېتىدۇ) ئۇلار بۇنى بىلگەن بولسا ئىدى ئۇنداق قىلماس ئىدى﴾

قۇرئان بىزگە كاپىرلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۈمىد قىلغۇدەك نەتىجىسى يوقلۇقىنى، بوران بىلەن چېچىلىپ كېتىپ ئەسىرى قالمىغان كۈلگە ئوخشىتىپ سۆزلەپ بېرىدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى ) ئەمەللىرى بورانلىق كۈندە شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن بىر دۆۋە كۈلگە ئوخشايدۇ، كاپىرلار(بۇ دۇنيادا) قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئازراقمۇ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، بۇ چوڭقۇر ئېزىشتۇر (يەنى چوڭ زىياندۇر)﴾[1].

قۇرئاندىكى تەشبىھ مۇشۇ دۇنيادىكى مەخلۇقلاردىن ئېلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئاندىكى تەشبىھنى ئاڭلىغۇچىغا ئوخشىتىلغان نەرسە، بىلگەن ۋە كۆرگەن نەرسىدەك تەسىر قىلىدۇ. قۇرئانغا قاراڭ! كاپىرلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇسساپ قالغان ئادەم سايدا "ئېزىتقۇ" نى سۇ دەپ گۇمان قىلىپ يۈگۈرۈپ بارغان، ئۇنىڭ قېشىغا بارمايلا قەلبى ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ ئۇنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭدەك كاپىرلارمۇ قىلغان ئىشىغا ئالدىنىپ ئۇ ئىشلارنى پايدىلىق دەپ، گۇمان قىلىدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنى كەلگەندە ئۈمىد قىلغان نەرسىلىرىدىن ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن تاشقىرى الله تائالا ئالدىن ئاگاھلاندۇرغان جازانى تاپىدۇ، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان ) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرمەيدۇ)، ئۇ الله نىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، الله ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[2]

قۇرئان دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ۋە دۇنيادا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئالدىنىپ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلغانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق تەشبىھ قىلىپ كۆرسىتىدۇ:

﴿ھاياتي دۇنيانىڭ مىسالى (تېز ئۆزگىرىشىدە، نېمەتلىرىنىڭ باقاسىزلىقىدا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەغرۇر بولۇشىدا) بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن (يامغۇر) سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ، ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى (ئۈنۈپ چىقىپ) بىرى ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا جەزمى

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 18 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 39 ـ ئايەت.

قىلىپ تۇرغان چاغدا، ناگاھان كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا قازايىمىز يەتتى ـ دە، (زىرائەتلەرنى) تۈنۈگۈن (يەنى ئىلگىرى) يوقتەك، (پۈتۈنلەي) ئورۇپ تاشلانغاندەك قىلىۋەتتۇق (يەنى نابۇت قىلىپ، يوق قىلدۇق)، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز﴾[1].

## قۇرئان كەرىمدىكى ئىجاز (سۆزنىڭ ئاز مەنانىڭ كۆپلىكى)

كۆپ مەنە بەرگەن قىسقا سۆز بەلىغ (كامىل ۋە تەلەپكە لايىق سۆز) دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز قانچە قىسقا، مەنىسى كۆپ بولسا سۆزنىڭ مەرتىبىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ھەتتا مۆجىزىلىك دەرىجىگە يېتىدۇ. قۇرئان كەرىم بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۇزۇن شەرھلىنىدىغان كۆپ تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق ئىبارەتكە ئۇستا گەپدان ئالىم كىشى قۇرئان ئۇقتۇرغان مەنىلەرنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، قۇرئان ئىبارىسىدىن كۆپ جۈملىلەر سۆزلىمەي ئامال تاپالمايدۇ. بەلكى كۆپ سۆز بىلەنمۇ ئۇ مەنىلەرنى بىلدۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى الله تائالانىڭ يالغۇز ئىلاھ ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بىر ئايەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مَا اتَّخَذَ اللَّهُ مِن وَلَدٍ وَمَا كَانَ مَعَهُ مِنْ إِلَهٍ إِذًا لَّذَهَبَ كُلُّ إِلَهٍ بِمَا خَلَقَ وَلَعَلَا بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يَصِفُونَ﴾ يەنى:

﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[2] دېمەكتۇر.

يەنە قۇرئاندا مۇنداق كەلدى:

﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾ يەنى

﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى﴾[3] قانچە مىليون يىللاردىن بېرى، ئالەم قالايمىقان بولماي بۇزۇلماي تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى الله تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە كۈچ قۇدرەتتە تەڭدىشى يوقلۇقىغا دەلىلدۇر.

يەنە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾ يەنى

﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي،

---

(1) سۈرە يۇنۇس 24 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مۆئمىنۇن 91 ـ ئايەت.
(3) سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەت.

ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)﴾[1] دېمەكتۇر. قۇرئان كەرىم بۇ سۆزلەردە ھەممە گۈزەل ئەخلاقنى يىغىپ كەلتۈردى. چۈنكى، ئەپۇ قىلىشتا زىتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈش بار. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇشتا الله تائالانىڭ غەزىبىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويماسلىق بار. قەبىھ قىلىقلاردىن، سۆزلەردىن ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇش بار. چۈنكى، ئۆزى ئەسكى ئىش قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش توغرا ئەمەس. بىلمىسىزلەردىن يۈز ئۆرۈشتە سەۋرچانلىق ۋە ئىغىر بېسىق بولۇشقا بۇيرۇش بار ۋە ئەخمەقلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بار.

قۇرئان كەرىمدە يەنە :

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

﴿الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾[2] دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە الله تائالا ئاز سۆز بىلەن ھەممە ياخشىلىققا بۇيرىدى. ھەممە يامانلىقتىن توستى. نەسىھەتنى تەسىرلىك نەسىھەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

يەنە قۇرئان كەرىمدە جەننەت نېمىتى توغرىسىدا بۇ ئايەت مۇنداق بايان قىلىندى:

﴿وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ وَأَنتُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾

﴿جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر﴾[3].

بۇ قىسقىغىنا سۆز سانسىزلىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەتتە الله تائالا كۆڭۈل تارتىدىغان بارلىق نازۇ ـ نېمەتلىرىگە ۋە كۆرۈپ كۆز راھەتلىنىدىغان بارلىق گۈزەللىكلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ.

يەنە قۇرئان كەرىمدە:

﴿شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى. زېمىندىن بۇلاقلارنى ئاقتۇردى، ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردى﴾[4] دەپ كەلدى. سۇ ۋە ئۈسۈملۈك چىقاردى، دېگەن ئىككى ئىغىز سۆز بىلەن زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسىگە دالالەت قىلدى.

يەنە قۇرئان كەرىمدە:

---

(1) سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.
(2) سۈرە نەھل 90 ـ ئايەت.
(3) سۈرە زۇخرۇف 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە نازىئات 30 ــ 31 ـ ئايەتلەر.

﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾[1] (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). بۇ ئايەتتە قاتىلنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنىڭ پايدىسى چوڭقۇر مەنە ۋە قىسقا سۆز بىلەن بايان قىلىندى.

## قۇرئاندىكى ماقالە تەمسىللەر

قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى مىسال بايان قىلىشتۇر. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، بۇ قۇرئاندا ئۇلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق﴾[2]

مىساللارنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئەسلىتىش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە مەنىۋي نەرسىنى ھېسسىي نەرسىنىڭ سۈرىتىدە تەسۋىرلەپ ئىنسان ئەقلىگە يېقىنلاشتۇرۇشتۇر. چۈنكى، مەنىۋي نەرسىنى ھېسسىي نەرسىنىڭ سۈرىتىدە تەسۋىرلەش زېھنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ ۋە ئىنساننى ئاسانلا قانائەتلەندۈرىدۇ.

قۇرئاندىكى مىساللار مۇنداق ئىككى تۈرلۈكتۇر:

بىرىنچىسى ئاشكارا تۈردىكىسىدۇر. بۇ، مەسىلەن اللہ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، اللہ ئۇلارنىڭ (ئوتنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى)كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى﴾[3] دېگەن ئايىتىدىكىدەك مۇناپىقلارنىڭ ھالىتىنى ئۈچۈق بىر شەكىلدە مىسال كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش.

ئىككىنچىسى يۇشۇرۇن تۈردىكىسى بولۇپ، بۇ اللہ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغانلىرىغا ئوخشايدۇ.

﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى﴾[4] بۇ ئايەت ”ئىنسان بىلمىگەن نەرسىسىنىڭ دۈشمىنىدۇر“ دېگەن ماقالىغا ئوخشاش كېتىدۇ.

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: « پەرۋەردىگارىم!ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن » دېدى. اللہ: « (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا ) ئىشەنمىدىڭمۇ؟ » دېدى. ئىبراھىم: « ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن

---

[1] سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 27 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 17 ـ ئايەت.
[4] سۈرە يۇنۇس 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» دېدى﴾[1] بۇ ئايەت ”ماڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا“ دېگەن ماقالىغا ئوخشاش كېتىدۇ.

﴿كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ﴾[2]

بۇ ئايەت ”نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن“ دېگەن ماقالىغا ئوخشاش كېتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىمدە ماقالا تەمسىل شەكلىدە كەلگەن نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

## قۇرئان كەرىمدە بەزى مەزمۇنلارنىڭ تەكرارلىنىشى

قۇرئان ئۇسلۇبىغا خاس يەنە بىر تەرەپ بار بولۇپ ئۇ بولسىمۇ بەزى ئايەتلەر مەزمۇن جەھەتتىن بىر تورۇپمۇ ئوخشاشمىغان ئىبارىلەردە تەكرارلانغانلىقىدۇر. مەسىلەن: كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇش، قورقۇتۇش، ئوموميۈزلۈك نەسىھەت قىلىش، دەلىل ھۆججەت بېكىتىشتەك مەقسەتلەر ئۈچۈن كەلگەن بەزى قىسسىلەر (ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەسى) دە، ياكى شۈكرى ئادا قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بەزى ئىبارىلەردە كۆرۈلگىنىدەك.

بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى، پاساھەت ۋە بالاغەتتە، لەۋزى ۋە مەنىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان باشقا ـ باشقا ئايەتلەردە بايان قىلىش قۇرئاننىڭ سىرلىرىدىن بىرسى ۋە قۇرئانغا خاس بولغان سۆز قۇدرىتىنىڭ بىر تۈرىدۇر. سۆزلىمەكچى بولغان غەرەز ۋە مەقسەت ناھايىتى ئالىي دەرىجىدە بولغاندا، ئۇنداق ئالىي مەقسەتنى تەكرار سۆزلەش پايدىلىقتۇر.

قۇرئاندىكى بەزى تەكرارلاشلارنىڭ سەۋەبى بولسا، قۇرئاننىڭ بالاغىتى (مول مەنا، ئىخچام سۆز، تەلەپكە لايىقلىقى) ۋە خەلقلەرگە بەخت يولى كۆرسىتىدىغان ئالىيلىقى بىلەن ئەرەبلەرنى ۋە باشقىلارنى قۇرئانغا تەڭ تاقابىل تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىدۇر. شۇڭا ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى بەزى يەردە كېڭەيتىلىپ سۆزلەنسە، بەزى يەردە قىسقارتىلىپ سۆزلەندى.

مەقسەت:

قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكى ئاشكارا بولسۇن، ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى بىلىنسۇن دېمەكتۇر. ئىنسانلاردىن قانداق بىر يازغۇچى، يا شائىر بىر مەنىنى تەكرارلىسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى سۆزى ئەۋۋەلقىدەك تەسىرلىك بولمايدۇ، بەلكى بىر ئاز ھۇنەر ئىشلەتكەنلىكى، جاپا تارتقانلىقى ۋە ماسلاشمىغانلىقى بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. تەكرارلاش بىرەر پىكىرنى، يا ئەقىدىنى دىللارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك ۋاستە ۋە

---

[1] سۈرە بەقەر 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسانىڭ 123 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمى.

قانائەتلەندۈرۈش يولىدۇر. شۇڭا بۇ زامانىمىزدا خەلقلەرنى ئۆز يولى ۋە قارشى تەرەپكە چاقىرغۇچىلارنىڭ ئۆز تەشۋىقىدە ئۆز نىشانىسىگە يېتىش ئۈچۈن بىر مەزمۇننى ھەرخىل ئىبارىلەر بىلەن تەكرارلىغىنىنى كۆرىمىز.

## قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ بەزى ئىپادىلىرى

قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرەپىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر قانچە مۆجىزىلىك تەرەپلىرى بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

**بىرىنچى، قۇرئان پۈتۈن ماۋزۇ ۋە مەزمۇنلىرىدا چۈشۈنىشلىكتۇر.**

قۇرئاندا مەزمۇنلار قىسسە (تارىخ) لەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەر، ھېكمەت پەلسەپەلەر، ھۆكۈملەر، ۋەدىلەر ـ ۋەئىد (ياخشىلارغا ياخشى ئەجرى ۋەدە قىلىش، يامانلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش) لەر ۋە ئۇبدان ئەخلاقلارغا ئوخشاش بىر نەچچە خىل تېمىلارغا ئۆزگەرتىپ سۆزلەنسىمۇ، قۇرئاننىڭ سۆز تىزىلىشى ۋە گۈزەل مۇرەككەپلىكى پەرقلەنمەي ئوخشاشلا پەسىھ ۋە بەلىغلىق ھالەتتە تۇرىدۇ.

ئىنسانلاردىكى بالاغەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ئاجايىپ ئۇستا شائىرلارنىڭ شېئىرىمۇ بۇ ھەقتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. شائىرلاردىن مەدھىيىگە ئۇستا، ھەجۋى شېئىرلارنى ئوبدان يازالمايدىغانلار بار. ماختاشقا ماھىر، ئەيىبلەشتە ناچار سۆزلەيدىغانلار بار. باغۇ ـ بوستانلار، ئىچىملىكلەرنى تەسۋىرلەشتە، غەزەل ناخشىلاردا ھېكمەتلىك سۆزلەردە ئۇستا بولۇپ باشقا مەزمۇندىكى سۆز ۋە شېئىرلەردە يېتەرسىزلىك قىلىدىغانلار بار.

قۇرئاننىڭ مەزمۇننى ئويلاپ كۆرسەك، قۇرئان قايسى مەزمۇندا سۆزلىسە ئوخشاشلا كامىللىقتا ۋە ئالىي مەرتىۋىدە بالاغەتلىك سۆزلەيدۇ.

ئېتىبارغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، ئادەتتە كۆپ سۆزلىنىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش يېڭى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى سۆزلەرنى تاللاپ سۆزلەشكە قارىغاندا ئاساندۇر. ھەممە ئىقرار قىلىدىغان ئەمەلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق سۆز ئىبارىلىرى كۆپىنچە ئېگىز ھاۋالىق جايلارنى ماختاش، غەزەل، مەدھىيىلەش، پەخىرلىنىش ۋە ھەجۋىيلەشتۇرۇش قاتارلىقلار ھەققىدە بولىدۇ. مۇنداق ھېسسىي نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە بالاغەتلىك سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتىلا كەڭرى بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى بۇ نەرسىلەرگە كۆپ مايىل بولىدۇ. كۆپىنچە شائىرلار بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ.

ئەمدى قۇرئانغا نەزەر سالساق، قۇرئان مۇنداق ئۇششاق تۆشەك نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلمايدۇ. ئەرەبلەر سۆزلەپ ئادەتلەنگەن گەپلەرنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، قۇرئان ئەرەبلەر تونۇمىغان باشقا مەزمۇنلاردا سۆز قىلغان. ئۇ بولسىمۇ الله تائالانىڭ بارلىق ۋە بىرلىكى، ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنىڭ سۈپەتلىرى، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا پۈتۈن خەلقنى چاقىرىش ۋە الله تائالانى لايىقسىز سۈپەتلەردىن يىراق تۇتۇش،

ئىتائەت قىلغۇچى بەندىلەرگە الله تەييارلاپ قويغان نېمەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئاسىيلارنىڭ ئازابىنى خەۋەر قىلىشتەك مەزمۇنلاردىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك قۇرئان بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن بولغان ۋەقەلىكلىرىنى، ئۇ ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنىدىغان ئىبرەتلەرنى، ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى، ياخشى ئەخلاققا چاقىرىشنى، قەبىھ قىلىقلارنى ھارام قىلىشنى، مال ـ مۈلۈك توغرىسىدىكى شەرىئەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى، ھۆكۈمەت قۇرۇش يوللىرىنى، ئائىلە ئىدارە قىلىش يوللىرىنى بايان قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئالىي مەنالىق سۆزلەر ئىنسانلارنىڭ سۆزگە ماھىرلىرىغا بويسۇنمايدۇ. يەنى: مۇنداق مەزمۇنلاردىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئادەتتە كۈچى يېتىدىغان ماھىرلىقى بىلەن بالاغەتلىك ئىبارىلەردە سۆزلەشكە كۈچى يەتمەيدۇ.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سالساق مۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئەڭ يۇقىرى پاساھەتتە سۆزلىگىنىنى كۆرىمىز. بۇنىڭغا ھەرخىل تەكىتلەشلەرنى، تۈرلۈك ئوخشىتىشلارنى، مىسال كەلتۈرۈشلىرىنى، ئىستىئارىلەرنى ۋە باشقا بالاغەت پەنلىرىنى ئىشقا سالغىنىنى كۆرىمىزكى، ھەممە زاماندىكى ئەرەب كىتابلىرىنى ئوقۇغۇچى ئالىملار، قۇرئاننىڭ بۇ ماھارىتىگە ئەقلى يەتمەي كەلمەكتە.

## قۇرئان كەرىمنىڭ بالاغىتىنىڭ كامىللىقى

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، ئەرەبلەردە بۈگۈنكى كۈنگىچە قۇرئان مىقدارىدەك ئۇزۇن چوڭ ۋە ئۇنداق چوڭقۇر مەنىلەرنى، كۆپ پايدىلارنى، نۇرغۇن ھېكمەت پەلسەپەلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە ھەممە ئىبارىسى بەلىغ ۋە ئالىي دەرىجىدە ئوخشاش بولغان بىر كىتاب يوق. ئەرەبلەرنىڭ پەيلاسوپ دانىشمانلىرىنىڭ داڭلىق بالاغەتلىك سۆزلىرى ئاز جۈملىلەردىن ئىبارەت. شائىرلارنىڭ بالاغەتلىك دەپ تونۇلغان شېئىرلىرى مەلۇم ساندىكى قەسىدىلەردىن ئىبارەت. ئەمما قۇرئان شۇنچە چوڭ كىتاب تۇرۇقلۇق ھەممە جۈملىلىرى ئوخشاش بالاغەتلىك، پاساھەتلىكتۇر، تەلەپكە لايىق، مەنىسى كۆپ، لەۋزى قىسقا، مەقسىتى ئوقۇملۇق تەسىرلىكتۇر.

ئۇنداق ئىكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك مەكتەپ كۆرمىگەن، ھېچكىمدىن ئىلىم ئۆگەنمىگەن بىر كىمگە، ياكى ئوقۇغۇچىغا، ئۇنىڭغا ھەرقانچە كۆپ ئىلىم بېرىلىپ كەتسىمۇ، ئالتە مىڭ قانچە يۈز ئايەتنى بۇقەدەر پاساھەتلىك ۋە قاملاشقان مەنالىق ھالدا كېلىشتۈرۈپ سۆزلەش مۇمكىن بولامدۇ؟ بۇ دەلىللەر ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس الله تائالادىن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ھۆججەت ئەمەسمۇ؟

## قۇرئان كەرىمنىڭ قارىمۇ ـ قارشى مەنىلەردىن ۋە خاتالىقتىن خالىيلىقى

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، قۇرئان، شۇنچە چوڭ كىتاب بولۇشى بىلەن قارىم ـ قارشىلىقتىن، خاتالىقتىن ۋە ئىختىلاپتىن خالىي بولغاچقا ھېچ

قانداق ئىنسان سۆزىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر زاماننىڭ كاتتا ئالىملىرى كىتاب يازىدۇ. باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. بىر مۇددەتتىن كېيىن شۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىگە يا باشقىلارغا شۇ كىتابتا قارىمۇ ـ قارشىلىق سۆز بارلىقى ياكى ئوخشاشمىغان مەزمۇن بارلىقى ياكى مەنىسى خاتا ياكى ئىبارىسى خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. ياكى ئۇ ئالىملارنىڭ كىتابلىرى ئۆز زامانىسىدا ۋە كېيىنكى مەلۇم زامانلاردا ھەممە كىتابنىڭ ئەۋزىلى ۋە مەزمۇنلىقراقى بولغان بولسىمۇ، ئىلىملەر بارغانچە تەرەققىي قىلىدۇ. زاماننىڭ يۈكسىلىشىنىڭ ئۇسۇل قائىدىلىرى ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابلار بۇ ۋاقىتلار شارائىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كۆپ تەرىپى خاتا بولغانلىقى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەممە ئالىملار قارىشىدا مەشھۇردۇر. قۇرئان بولسا خەت ئوقۇيالمايدىغان يازالمايدىغان ساۋاتسىز بىر كىشى تەرىپىدىن مەيدانغا كەلدى. ئارىدىن ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى. بۇ جەرياندا دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئەقلى پىكرى ئۆزگەردى. لېكىن ھازىرمۇ قۇرئاندا ئىختىلاپ يوقتۇ! بەلكى، قۇرئان ئوتتۇرغا قويغان قانۇن قائىدىلەر، ئۇسۇللارنىڭ ھەر يەرگە ۋە ھەممە زامانغا مۇناسىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز.

## قۇرئان مەنىلىرىنىڭ كۆپلىكى

قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، قۇرئاننىڭ مەنىلىرى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى بىلەن قارشى كېلىپ قالمايدۇ. قۇرئان ھەر زامان بەزى قىسقارتىلىپ بەزى كېڭەيتىلىپ تەپسىر قىلىنىدۇ (شۇ زامان پەلسەپەسىگە توغرىلىنىپ ئىزاھلىنىدۇ ۋە مۇناسىپ كېلىدۇ). قۇرئاننى ئادەملىك تەبىئىي قابىلىيىتىدىن باشقا بىلىمى يوق ئەرەبلەرمۇ چۈشەنگەن. شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن پەيلاسوپ ۋە ئىلىم ئەھلىمۇ چۈشىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئوخشاش ياكى ئوخشاش بولمىغان پىرقە گۇرۇھلارنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي ـ باشلىقلىرىمۇ قۇرئاننى ھەرخىل مەنىلەرگە توغرىلاش بىلەن چۈشەندى. بۈگۈنكى يۈكسەلگەن يېڭى ئىلىم ـ پەن قۇرئاننىڭ تاكى ھازىرغىچىلىك ئېچىلمىغان نۇرغۇن مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. دۇنيادا مەلۇم بولغان ئىنسان سۆزلىرى مۇنداق كەڭ دائىرىلىك مەنىلەرنىڭ ھەممىنى ئەمەس بەزىسىنىمۇ ئىپادە قىلالمايدۇ.

قۇرئاندا كۆپلىگەن مەنە ۋە غەرەزلەر بار بولغان ئىكەن، بۇ مەنىلەر ئەگەر ئىنساننىڭ سۆزىدە بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا ئادەم سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىلىرى چىنىپ قالاتتى ۋە ئىنسان ئەھۋالىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆرۈنۈپ قالار ئىدى.

قۇرئاننىڭ سۆز ئۇسلۇبىدا ئىنسان سۆزى ئىكەنلىكىنى گۇمانلاندۇرىدىغان ياكى سۆزگە ماھىر كىشىلەرنىڭ تەبىئىينى سەزدۇرىدىغان بىر نەرسە يوق. بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ.

﴿ئـۇلار قۇرئـان ئۈسـتىدە پـىكىر يۈرگـۈزمەمدۇ؟ ئەگـەر قۇرئـان (مۇشـرىكلار بىلـەن مۇناپىـقلار گـۇمان قىلغـاندەك) الله دىـن غـەيرىنىڭ تەرىپـىدىن بولغـان بولسـا، ئەلۋەتتـە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾[1]

## قۇرئان كەرىمنىڭ غەيب خەۋەرلەرنى سۆزلىشى

قۇرئـانىنىڭ مۆجىزىلىكىگـە ۋە الله تائـالادىن چۈشكەنلىكىگـە دەلىـل بولىدىغـان ھۆججەتلەرنىڭ بىرى، قۇرئـانىنىڭ غـايىب (ئەرەبلەر ۋە باشقىلار بىلمەيدىغان) خەۋەرلەرنى سۆزلىشى بولۇپ ئۇ خەۋەرلەرنىڭ راستلىقىنى كېيىنكى ئەمەلىي ھادىسلەر كۆرسەتكەن، جۈملىدىن: مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە بېرىشىنى تەكىتلەپ بەرگەن خەۋەرىدۇر. كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ خەۋەر ئەمەلىيەتتە راست بولغان.

ئەقىلنى ھەيران قىلىدىغان ۋە قۇرئاننى الله تائالانىڭ ۋەھيىسى دېمەي تۇرالمايدىغان ھالەتتە كەلتۈرۈدىغان يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، قۇرئان بىر قانچە غەيب ئىشلارنى ئالدىدىن خەۋەر قىلغاندا بەزى كىشىلەر بۇ خەۋەرنى مۇبالىغىلەشكەن سۆز، دەپ خىيال قىلغان ئىدى. جۈملىدىن: "مۆمىنلەرگە - الله تائالا نۇرغۇن يەرلەرگە ھاكىمىيەت قۇرۇپ يەر يۈزىدە الله تائالانىڭ خەلىپىسى بولۇش ھوقۇقى بېرىدۇ، دەپ ئالدىدىن خەۋەر بەرگىنىمۇ شۇنداق چۈشىنىلگەن ئىدى.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئـۇلار ئۈچـۈن تاللىغـان دىنـنى چوقـۇم مۇسـتەھكەم قىلىـپ بېرىشـنى ۋە ئۇلارنىـڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[2]

بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مەككىلىك ساھابىلار مەدىنىگە يېڭى كەلگەن، دۈشمەنلەردىن غەم يەپ، كېچىلەردە، سەھەرلەردە قورال تۇتۇپ يۈرگەن ۋە ئۇلار: بىزگە دىنىي ئىشلىرىمىزنى خاتىرجەم، كۆڭلىمىز ئارامىدا ئادا قىلالايدىغان بىر زامانمۇ كېلەرمۇ؟ دېيىشىدىغان بىر ۋاقىت ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنداق زامان كەلدى. بۇ ئايەتنىڭ ئالدىن بەرگەن خەۋىرى ئەمەلگە ئاشتى. مۇسۇلمانلار كۆپ مەملىكەتلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ الله تائالانىڭ خەلىپىسى (الله نىڭ يولى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان مەئمۇرلىرى) بولدى.

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان خەۋەر غايىب خەۋەرلەردىن بىرىدۇر.

---

[1] سۈرە نىسا 82 - ئايەت.

[2] سۈرە نۇر 55- ئايەت.

﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1]

مۇشۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن دۈشمەنلەردىن مۇھاپىزەت قىلاتتى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ گۈزەتچىلەرگە: «قايتىپ كېتىڭلار! دۈشمەنلەردىن مېنى الله ئۆزى ساقلايدۇ» دېدى. بۇ ئايەت، ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيىلىكىگە كۈچلۈك دەلىلدۇر. بولمىسا بىر ئادەم پۈتۈن مىللەتنى ئۆزگەرتىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دىنىنى ھاقارەتلەپ، ئىلاھلىرىغا تەنە قىلىپ، پۈتۈن مۇشرىكلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە نىشان بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنى يالغۇز قوغداپ قېلىشى مۇمكىن بولامدۇ؟

قۇرئاننىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيىلىكىگە كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردىن بىرى بۇ ئايەت بولۇپ، بۇ ئايەت غەيب ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر قىلغان ۋە ئۇ خەۋەرنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ ئايەت چۈشۈپ ئۇزۇن زاماندىن كېيىن كۆرۈلگەن:

﴿(ئى مۇھەممەد ! ئۇلارغا ) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر»﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە: ”بۇ غەيبتىن بېرىلگەن خەۋەر، مۇندىن كېيىنكى كىشىلەر بېشىغا كېلىدۇ“ دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ خەۋىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى. (يەر تېگىدىن ۋە ئاسماندىن بومبىلار پارتلاپ قانچە ئون مىليونلىغان ئىنسانغا ئازاب كېلىپ ئۆلدى ۋە خرىستىئانلار دۈشمەن گۇرۇھلارغا ئايلاندى.

مۇنداق غەيبلەر (كېيىن بولىدىغان ھادىسىلەر) نى ئالدىدىن خەۋەر بېرىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە ۋە قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىلدۇر. چۈنكى، غەيب ئەھۋالنى الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدۇ.

---

(1) سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنئام 65 ـ ئايەت.

## قۇرئاندىكى قىسسە (تارىخىي ۋەقە) لەر

قۇرئاننىڭ غەيب (كىشىلەر بىلمەيدىغان) خەۋەرلىرىدىن بىرى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۈممەتلىرىنىڭ ۋەقەلىرىدۇر. قۇرئان بۇ ۋەقەلەرنى مىسلىسىز چۈشىنىشلىك ۋە بالاغەتلىك سۆزلەر بىلەن خەۋەر قىلىدۇ. بۇمۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرسى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەت يازالمايدىغان ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ ئۇ ھەم يەھۇدىي مولللىرىنىڭ قېشىدا ئولتۇرمىغان، خرىستىئان راھىپلىرى قېشىدىمۇ ئولتۇرمىغان (بۇلار بىلەن سۆھبەتلەشمىگەن، بۇلاردىن بىر نەرسە ئۈگەنمىگەن تۇرۇپ) قۇرئاندا ئىبراھىم، يۇسۇف، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ـ ئىككى مىڭ يىلدىن 500 يىلغا قەدەر بۇرۇن ئۆتكەن، ھېچ بىر كىتابتىن يا ئېغىزدىن ئاڭلىمىغان ۋەقەلەرنى سۆزلىشى، ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەخپىي ئۆگىتىلگەن كالام) ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

بۇنى قىسسەلەرنىڭ بەزىسىنىڭ بېشىدا يا ئاخىرىدا ئوچۇق سۆزلەيدۇ. ﴿بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ﴾[1].

سۈرە ھۇدتا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغاندىن كېيىن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيى قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتىڭلار، سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[2].

قۇرئان الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيىلىكىگە دەلىل ئىسپاتلارنىڭ بىرسى شۇكى، قۇرئاندا بايان قىلىنغان قىسسە ـ ۋەقەلەر، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاب تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى ۋەقەلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىن يۇقىرى دەرىجىدە تۇرىدۇ. تەۋراتقا قارايدىغان بولساق، الله تائالا دۇنيا ئىنسانلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن تەيىنلىگەن پەيغەمبەرلەردىن سادىر بولۇشى ساغلام ئەقىلگە سىغمايدىغان قەبىھ قىلىقلارنى پەيغەمبەرلەرگە تۆھمەت قىلىپ چاپلايدۇ. ئەمما قۇرئان پەيغەمبەرلەرنى كامىل زاتلار ۋە ئۈلۈغ گۈزەل ئىشلارنى قىلغان زاتلار دەپ سۈپەتلەيدۇ. بۇ سۈپەتلەر ياخشى ئۈرنەكلەر بولۇپ قۇرئاندا شۇ قىسسىلەرنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغۇچىلارغا توغرا يول كۆرسىتىدۇ ۋە ئىماننى زىيادە قىلىدۇ.

قۇرئاندىكى قىسسىلەردىن پەيغەمبەرنىڭ يا ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىش مەقسەت ئەمەس. مەقسەت پەقەت خەلقلەرنى توغرا يولغا چاقىرغۇچىلارغا ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچى خەلقلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش ۋە ئىبرەت دەرسلەر ئۈگىتىشتىن ئىبارەت.

---

[1] سۈرە يۇسۇف 2 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 49 ـ ئايەت.

دوكتور پىيلىپ ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى» دېگەن كىتابىدا بۇنىڭغا گۇۋاھلىق ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

”قۇرئان بۇ قىسسىلەرنى ھېكايە سۆزلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەخلاق تەرەپتىن ئىبرەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنى ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا ئالىي مەقسەت ۋە ئەۋزەل ئەدەبى نەسىھەتلەرنى يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىسسىلەرنى بايان قىلىشتىن الله تائالا ئۆتمۈش تارىختىمۇ توغرا يولدا ماڭغۇچىلارغا ياخشى ئەجىر بېرەتتى، ئۇسال يامان ئىش قىلغانلارغا يامانلىققا لايىق جازا بېرەتتى، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ ئىبرەت ئالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغاندۇر“.

## قۇرئان كەرىمنىڭ روھي

قۇرئاننىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىدە دەلىل بار، ئۇ بولسىمۇ قۇرئاننىڭ مەنىۋىيلىكى بولۇپ، ئۇنى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[1].

دېمەك، الله تائالا قۇرئان كەرىمنى روھ قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن خەلقلەرنىڭ مەنىۋي ھاياتى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدا قۇرئاننىڭ پەزىلىتى خۇددى جاننىڭ بەدەنگە بولغان پەزىلىتىگە ئوخشاش. ھەم الله تائالا قۇرئاننى قۇياشتەك ھەممە ئەتراپنى ئاقارتىدىغان يورۇقلۇق قىلدى.

قارىمامسىز؟ تونۇگۈن (ئۆتمۈشتە) بىر ـ بىرى بىلەن سىياسىي، يا مىللىي، يا دىنىي بىرلىكى يوق چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقلىقى يوق، بەلكى يامان ئادەت ۋە قەبىھ ئەخلاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەبلەرنى بۇگۈن قۇرئان قانداق قىلدى؟ قۇرئان كەلگەندىن كېيىن ئۇلار كۈچلۈك بىر گەۋدە بولۇپ دۇنياغا ئىلىم پەزىلەت تارقىتىپ مالىمانچىلىققا تولغان دۇنياغا ئادالەت نۇرىنى سەپتى. قۇرئان الله تائالانىڭ ۋەھيىسى ۋە ئۇنىڭ الله دىن كەلگەن مەنىۋي جانلىق ئىكەنلىكىگە بۇنىڭدىن چوڭ دەلىل بارمۇ؟

قۇرئاننىڭ روھلۇقى، الله تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىللىرىگە دائىر ئىلىملەرنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى، پەزىلەت ئەدەب قانۇنلىرىنى، سىياسىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا قانۇن پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئىنسانلار ئۇيلاپ تەجرىبە قىلىپ چىققان ھۆكۈمەت قانۇنلىرىدىن يۇقىرىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئېشىپ كەتتى.

---

[1] سۈرە شۇرا 52 ـ ئايەت.

بۇ سۆزلىرىمنى دەلىلسىز قۇرۇق دەۋا ئورنىدا سۆزلىمىدىم. بۇ سۆزلىرىمگە مۇشۇ كىتابتا يازغان ھەر تۈرلۈك بەھسلەر توغرىسىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل قىلىمەن. قۇرئاننىڭ روھلۇق تەربىيى قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ ئاشكارا تەرەپلىرىنىڭ بىرى. چۈنكى الله تائالاغا ئەقىدە قىلىش ئىلىملىرى، ئەدەب قائىدە ئىلىملىرى، دىنىي ۋە مەدەنىي قانۇن ئىلىملىرى ھەممە ئىلىملەردىن ئۈستۈن. بۇ ئىلىملەردە، بۇلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن باشقا ئىشلىرىنى قويۇپ ئۇلارنى ئۆگۈنىشكە ئۇزۇن يىللار مەشغۇل بولغان كىشىلەردىنمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەر كامالەتتە يېتىدۇ. ئوقۇمىغان، يازالمايدىغان، ئىلىم، قانۇن يۇرتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسمىگەن ساۋاتسىز بىر كىشىنىڭ قۇرئاندىكى ئىلىملەرنى ئۆز ئەقلى بىلەن ئويلاپ، راست ۋە كامىل تەرىقىدە مەيدانغا قويۇشقا كۈچى يېتەمدۇ؟ ئۆمرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھېچنېمىنى بىلمىگەن ھالدا ۋە بۇ ئىلىملەرنىڭ قائىدە ئۇسۇللىرىدا بىرەر ئېغىز سۆزلەپ باقمىغان ھالدا بۇ ئىلىملەرنى ھۆججەت دەلىل قىلىپ ئوتتۇردا قويۇشى مۇمكىن بولامدۇ؟

مۇشۇ ھېكمەت بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شەكلىك قىلغان ئەرەبلەرگە مۇنداق دەلىل سۆزلەشكە بۇيرىدى:

﴿«ئەگەر الله ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى (يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، الله مۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۇرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ) ئىلگىرى ئۇزۇن زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلىشكە ) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ » دېگىن﴾[1]

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلەيدىغىنىمىز، قۇرئان چۈشكەن زاماندا ھېچكىم بىلمىگەن، كېيىنكى ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن مۆجىزىلىكى تونۇلغان ئىلمىي مۆجىزىلەردىن ئىبارەت بولۇپ ئەمدى بۇ ھەقتىكى بايانىمىزنى باشلايمىز.

---

[1] سۈرە يۇنۇس 16 ـ ئايەت.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي مۆجىزىلىرى

بۇ بۆلۈمدە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار: ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئەسلى ماددىسىنىڭ بىرلىكى، ھاياتنىڭ سىرى، پۈتۈن ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئاسمان زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭلۇقى، كۈن، ئاي ۋە يەرشارىنىڭ ئايلىنىشى، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ئوكسىگېنىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، زەررىنى پارچىلاش، ھەر نەرسىنىڭ جۈپلۈكى، توپلاشقان بۇلۇتلار ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، يامغۇر سەۋەبى بىلەن تۇپراقنىڭ ھەرىكەتلىنىشى، ئالەمدىكى شەيئىلەر ماددىلىرىنىڭ مەلۇم ئۆلچەمدە بولۇشى، دېڭىزلارنىڭ سۇ يۈزىدىكى ۋە سۇ ئاستىدىكى ئۆركەشلەش ئەھۋاللىرى، ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار ئالەمنىڭ ئىنسانلار ئالەمگە ئوخشاپ قېلىشى، ترانسپوت ۋاستىلىرىدىن خەۋەرلەر، ئانا قورسىقىدىكى بالىنىڭ ئۆزگىرىش باسقۇچلىرى، قورساقتىكى بالىنىڭ پەردىلىرى، ئىنسان بارلىققا كېلىشىنىڭ مەنبەلىرى، بالىنىڭ ئوغۇللۇقى يا قىزلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، ئادەم بولۇشى مەقسەت قىلىنغان جانلىق مەخلۇقنىڭ ”ئەلەق“ دېگەن قۇرتقا ئوخشاش قېلىش مەزگىلى ۋە ئىنسانىنىڭ بەدەن بەلگىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاسمان زېمىنىنىڭ مۇشكۈل مەسىلىلىرى ۋە ۋۇجۇد ئالەمنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىگە سۆزلەپ بېرىش قۇرئاننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئەمەس. قۇرئان پەقەت ئىنسانلارنى ئىككى ئالەمنىڭ بەخت يولىغا باشلاش، ئىنسانلارغا دىنىي ھاياتى ۋە دۇنيالىق ھاياتى يولىنى كۆرسىتىش كىتابىدۇر. شۇنداقتىمۇ قۇرئان ئايەتلىرى تەبىئەت مەسىلىلىرى، تىببىي ۋە جوغراپىي مەسىلىلەردىن قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىكىگە ۋە الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھىيلىكىگە دەلىل بولىدىغان نۇرغۇن ھەقىقەت (ئىلمىي پاكىت) لارغا مەخپىي ئىشارەت قىلىشتىن ۋە چوڭقۇر ئىبارىلەرنى سۆزلەشتىن خالىي بولمىدى.

تارىختىن ئىسپاتلانغان ئەمەلىيەت شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىز بولغاندىن تاشقىرى، يەر ئاسمان تەكشۈرۈش ئىلىملىرى ـ پەننى ئىلىم ـ ئوقۇلىدىغان مەكتەپ بولمىغان، ئىلىم مەرىپەتتىن خەۋەرسىز بولغان مەككىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىدۇر. شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ـ شۇ زاماندا شامدا، ئىسكەندىرىيەدە، ئەسىنادە ۋە رۇمانىيەدە بار بولغان ئىلىم مۇھىتىدىن ناھايىتى يىراق ياشىغان كىشى بولۇپ تۇرۇپ قۇرئان ئىشارەت قىلغان ئىلمىي نەزەرىيەلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا، يەنى مىلادىيەنىڭ 7 ـ ئەسىردە دۇنيادا ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان پەقەتلا ھازىرقى دەۋردە يېڭىدىن مەلۇم بولغان نەزەرىيەلەردۇر.

قۇرئان سۆزلىگەن بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى كىتاب ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قويماقچىمىز. كۆڭۈل خاھىشىدىن يىراق تۇرۇپ ئەقلى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ باقسۇن. قېنى قۇرئاننىڭ مۇشۇ ئايەتلىرى بەزى ئادەملەر خىيال قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۆزى بولۇشى

ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا چۈشۈرگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟

## ئاسمان جىسىملىرى بىلەن يەرنىڭ ئەسلى تەركىبىنىڭ بىرلىكى ۋە ھاياتنىڭ سىرى

الله تائالا: ﴿كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلاربىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟﴾[1]

بۇ ئايەت بىزگە ئەسلىدە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ كېيىن ئايرىلغىنىنى، خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ يېڭى ئىلىم ـ پەن بۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېڭى ئىلىم ـ پەننىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا ئاسمان زېمىن بىر پۈتۈن گاز ئىدى، كېيىن يۇلتۇزلارغا بۆلۈنگەن، بىزنىڭ قۇياش ئالىمىمىز (يەنى يەر بىلەن قوشۇپ قۇياش ئائىلىسى بولغان يولتۇزلار) مەزكۇر بۆلۈنۈشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنى قۇۋۋەتلەيدىغان نەرسە شۇكى، تەبىئەت ئالىملىرى زېمىننىڭ 92 %گە يېقىن بولغان ماددىسىدىن 67 % تىنىڭ قۇياشتا بارلىقىغا دەلىل بايان قىلدى. مۇندىن كېيىن زېمىن ۋە قۇياش ماددىلىرىدىن قانچىلىك بارلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن. قۇياشتىكى ماددىلار يەر يۈزىدىكى ھەممە كىشىگە مەلۇم، ئۇ ماددىلار: ھىدروگىن، ھېلىيوم، كاربۇن، ئازۇت، ئوكسىگىن، فوسفۇر ۋە تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالىملار بۇنىڭغا تەھلىل تەرەپىنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇ بولسا بۇ كۈندە خىمىيە ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ياكى تەجرىبىخانىسىدا زېمىندىكى ماددىلارنىڭ تەركىبىدە، ئۇ ماددىلارنىڭ قانداق تۈردىن ئىكەنلىكىنى ۋە مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغانلىقىغا دەلىل كۆرسەتكەن ئىشنىڭ ئۆزىدۇر.

قۇياش بولسا، باشقا يولتۇزلارنى بىزگە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر يولتۇزدۇر. يۇلتۇزلار بىر ئالەمدۇر. پۈتۈن يۇلتۇز ۋە زېمىننىڭ يارىتىلغان ماددىلىرى پەرقلىق بولسىمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسلىسى بىردۇر.

نەيزەكلەر، سەخرىلەر ۋە ئاي تۇپراقلىرىنى ئالىملار ھاۋا بوشلۇقىدىن تەكشۈرۈۋۈپ بۇلارنىڭ تەركىبىدە زېمىننىڭ تەركىبىدە بار ماددىلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان.

ئەمما بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى بولغان ”ھەرقانداق جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق“ دېگەن سۆز ئالىملار ئۇنىڭ سىرىنى ئەمدى بىلگەن ئىلمىي ھەقىقەتنى مۇقەررەر قىلىشتا قۇرئاندا كەلگەن دەلىلنىڭ ئەڭ بالاغەتلىكرەكىدۇر. ھاياتقا ۋە ئۆسۈشكە كېرەكلىك بولغان خىمىيەۋىي ئەمەلىيەتلەرنىڭ كۆپۈنچىسى سۇغا موھتاج، ھەممە بارلىق ئالەمنىڭ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتلىرىنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ ئاساسى ماددىسى بولسا سۇدۇر.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 30 ـ ئايەت.

زېمىنىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى سۇ بىلەن قورشالغان. سۇنىڭ يۇقىرى هارارىتى بار. هارارەت ئاستىدا سۇ بىر زامان سوىۇقلۇق هالىتىدە تۇرىدۇ، هەم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئىهتىمالى بار. شۇنداق تورۇپ سۇ زېمىن يۈزىدىكى ئىسسىقلىق دەرىجىسىنىڭ مۇقىم نورماللىقتا ساقلىنىشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئىسسىقلىقنى قاتتىق ئۆزگىرىشتىن ساقلايدۇ. بۇ ئىشلار بولمىغان بولسا زېمىنىنىڭ ئۆزۈن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

سۇنىڭ يەنى ئالەمنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى الله تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە هەقىقىي يارايدىغان هالەت بىلەن سەممىي پىلان بىلەن ياراتقانلىقىغا دەلىل بولىدىغان يەنە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بار. چۈنكى، سۇ توڭلىغاندا هەجمى چوڭىيىدىغان، ۋەزنى يەڭگىللىشىدىغان بىر ماددا بولۇپ، سۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنىڭ سۇ هايۋانلىرىنىڭ هاياتىغا چوڭ ئەهمىيىتى بار. سۇ مۇزلىغاندا بېلىقلار سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈشىنىڭ ئورنىغا سۇ يۈزىگە قاراپ لەيلەپ چىقىدۇ. سۇنىڭ ئۈستىگە، مۇزلىغان سۇ بىر قەۋەت مۇز بولۇپ قېتىپ تېگىدىكى سۇنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسىنى ساقلاپ قالىدۇ. سۇنىڭ ئىسسىقلىق دەرىجىسى تۆۋەنلىگەندە سۇ كۆپ مىقداردا ئوكسىگېن سۈمۈرۈپ ئالىدۇ. سۇ توڭلىغاندا كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق سۇنىڭ توڭلىغان يۈزىدىن تۆۋەنگە يۆرۈپ دېڭىزدا ياشايدىغان بېلىق ۋە باشقا سۇ هايۋانلىرىنىڭ هاياتىنى ساقلاشقا ياردەم قىلىدۇ. ئاز سۆز بىلەن يەر يۈزىدىكى هاياتنىڭ سىرىنى بايان قىلغان قۇرئاننىڭ پەلسەپىسى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

بۇ ئايەت مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرى، قۇرئان كائىنات جىسىملىرىنىڭ بىرلىكى ۋە هاياتنىڭ سىرى توغرىسىدا سۆزلىگەن بۇ هەقىقەتلەرنى الله تائالانىڭ بارلىقىغا تانغان كاپىرلارغا قارىتىپ، الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدىغان غالىب ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرغا قويىدى. هالبۇكى ئۇ زاماندا ئەرەبلەر بۇ هەقىقەتلەرنىڭ تېگىنى بىلمەيتتى. بۇنى بۈگۈنكى دۇنيا ئالىملىرى ئاسمان جىسىملىرى ۋە يەرشارىنى تەكشۈرۈشكە كۆپ ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ نۇرغۇن جاپالار بىلەن بىلىپ يەتتى. بۇ ئەمەلىيەتلەر ئەلۋەتتە كىشىنى الله تائالانىڭ بارلىقىغا، كۈچ قۇدرىتىگە ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە ئالاهىدە تۈرتكە بولىدۇ. بىز شەرهلىۋاتقان ئايەتنىڭ بىلدۈرمەكچى بولغان مەقسىتىمۇ هەم شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئاخىرىدىكى ”ئۇلار ئىشەنمەمدۇ؟“ دېگەن سۆز، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا، مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا ۋە قۇرئانغا ئىشىنىشكە مۇشۇ پاكىتلار كۇپايە قىلمامدۇ؟ دېگەنلىكتۇر.

## ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى

الله تائالا قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(سەن ئۇلارغا) «سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان الله نى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىكلەر كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» دېگىن. ئۇ

زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۈنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋابتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى﴾[1]

قۇرئان شۇنى ئوچۇق سۆزلەيدۇكى، ئاسمان ئالەمنى يارىتىشنىڭ دەسلەپىدە گاز ھالەتتە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئالىملارنىڭ ئاسمان زېمىننىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلاردا بولدى. يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈش ئالىمى سىرجىمس جىنس مۇنداق دەيدۇ: ”كۈچلۈكرەك پىكىر شۇكى، ئالەمنىڭ ماددىسى ھاۋا بوشلۇقىغا تەرتىپلىك تارقالغان گاز ھالىتىدە باشلانغان. يۇلتۇزلارمۇ شۇ گازنىڭ زىچلىششى بىلەن تۈزۈلگەن.

دوكتور جاموْ:

”ئالەم دەسلەپتە پەيدا بولۇشتا قانۇنىيەتلىك ھالدا تارقالغان گاز بىلەن توشقۇزۇلغان، بۇ گاز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قويۇق ۋە قىززىق ئىدى. ئوخشاشمىغان ماددىلىرىدىكى ھۆجەيرە ئۆزگىرىش ئەمەلىيىتى مۇشۇ گاز پەيدا بولغاندا قىستالغان قىزىق گازنىڭ قاتتىق بېسىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئاسمانلار ھەم زېمىن ئۆزىراشقا ۋە كېڭىيىشكە باشلىغان. كېيىن ماددىنىڭ قويۇقلىقى ۋە قىزىقلىقى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىغان. كەڭىيىشنىڭ مۇئەييەن مەزگىلىدە يەككە بۆلۈتلارغا تارالغان گاز قويۇقلىشىپ، كۆرۈنىشى تەرتىپسىز، ھەجمى ئوخشاش بولمىغان پارچە يۇلتۇزلارنى شەكىللەندۈرگەن“ دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ ئالەمنى يارىتىش مەنبەئىنىڭ گازدىن ئىبارەت بولغىنىنى تەسۋىرلەپ بەردى. ئەرەبلەر ئۇنى بەدەنگە تېگىش بىلەن بىلىندىغان بىر نەرسە (تۈتۈن) دەپ چۈشۈنەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئالىملەر بۇ ئالەمنىڭ پەيدا بولغان ماددىسى ھاۋاغا تارالغان گازدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ.

ساۋاتسىز بىر ئادەمنىڭ بۇنداق ھەقىقەتلەرنى بۇنىدىن 14 ئەسىر بۇرۇن بۇ ئالەمنىڭ ئەھۋالىدىن ۋە مەخپىي سىرلىرىدىن ھېچ نېمىنى بىلمەيدىغان بىر ۋاقىتتا ئۆز ئەقلى بىلەن بىلىشى مۇمكىنمىدى؟

## ئالەمنىڭ ئۆزىرىشى ۋە كېڭىيىشى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 9 ــ 11 ـ ئايەتكىچە.

﴿ئاسماننى قۇدرىتىمىز بىلەن ياسىدۇق ۋە ئۇنى كەڭرۇتكۈچىمىز﴾[1]

بۇ ئايەت ئالەمنىڭ كەڭلىكىنى چۈشەندۈرەمدۇ ياكى ئالەمنىڭ كېڭىيىش نەزەرىيىسىگە ئۇدۇل كېلەمدۇ؟ (ئويلاپ كۆرۈش كېرەك)

بىرىنچى تەرەپتىن (ئالەمنىڭ بىپايان كەڭلىكى تەرەپتىن) ئېينشتېين ئىسىملىك بىر ئالىم:

”بۇ ئالەم شۇنداق كەڭرىكى ئۇ تىرلىيونلارچە پىلانېت (يۇلتۇز ئائىلىسى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر بىر پىلانېت مىليونلارچە پار - پار يۇلتۇز ئائىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

ئىككىنچىسى (ئالەمنىڭ ئۇزىراش نەزەرىيەسى) جەھەتتە ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك كۆرۈش سايمىنى ئارقىلىق تاشقى پىلانېتلارنىڭ تەرتىپلىك ھەركەت قىلىشلىرىغا دەلىل بولىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلدى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە پىلانېتلارنىڭ ھەممىسى ياكى ”ئالەمنىڭ يىغىلىشى“ نىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قۇياش ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلاردىن بەك يىراق، بەلكى، ئۆز ئارامۇ بىر - بىرىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىشتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىمىزكى: ئالەم توختىماي سوپۇننىڭ ماغزىپى چوڭايغاندەك ياكى شار چوڭايغاندەك چوڭىيىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئالەمدىكى ماددىي جىسىملار ئۆزىنىڭ ھەجمىنى ساقلايدۇ.

ئاسمان بىلەن يەرنى تەكشۈرۈدىغان ئالىملاردىن بىر قىسىم ئالىملار، چوڭىيىپ تۇرىدىغان ئالەمنىڭ ئېنىقسىز تەرەپلىرىنى شەرھلەيدىغان نەزەرىيەلەرنى تەقدىم قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى هابىل بولۇپ ئۇ، پىلانېت تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋەلقىسىدۇر. بۇ كىشىنىڭ قارىشىچە ئالەمدە ناھايىتى يىراق بولغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى باشقۇرىدىغان بىر تارتىش كۈچى بار. بۇ يۇلتۇزلار يېقىنلىششقا قارىغاندا يىراقلىششقا مايىل كېلىدۇ. شۇڭا يىراقتىكى يۇلتۇز ئائىلىرىنىڭ يىراقلىششى قۇياش ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلاردىن يىراقلاشقانسىرى كۆچۈيىدۇ.

## زېمىن، كۈن ۋە ئاينىڭ ھەرىكەتلىنىشى

قۇرئاندا الله تائالا:

﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ

---

[1] سۈرە زارىيات 27 ـ ئايەت.

كۆندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۆندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

قۇرئاندا قۇياش مۇئەييەن نىشان تەرەپكە ماڭىدۇ، دەپ ئوچۇق سۆزلەنگەن. بۇ ھازىرقى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن. كۆن ئۆز تەركىبىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن قوشۇلۇپ ”جاسى“ ئىسىملىك يۇلتۇزلار توپلىمىدىن ئىبارەت نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ئۇدۇلىدا ھەرىكەتلىنىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىدە: ”ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ“ دەيدۇ. قۇياش ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلار كۈننىڭ تارتىش كۈچىگە باش ئېگىپ، كۈن ئەتراپىدا ئاق شەكىلدىكى دائىر ئىچىدە چۆگىلەيدۇ. قۇرئان يەرنىڭ ئايلىنىشىغا ئىشارەت قىلىپ: ”كېچە كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ“ دەيدۇ. زېمىننىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا بىر سوتكىدا بىر ئايلىنىشى كېچە كۈندۈزنىڭ تەرتىپلىك ئالمىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

اﷲ تائالا سۈرە نۇردا:

﴿كۆرمەمسەنكى، اﷲ بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى توپلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرىسەن، اﷲ ئاسماندىكى تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر ياغدۇرىدۇ، ئۇنى اﷲ خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ (يەنى ئۇنىڭ بىلەن خالىغان ئادەمنىڭ زىرائىتى، مېۋىسى ۋە چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ) ۋە ئۇنىڭ (زىيىنىدىن) خالىغان ئادەمنى ساقلايدۇ، چاقماقنىڭ يورۇقى (قارىغۇچىلارنى) كۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ﴾[2] دەيدۇ.

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ئىلىم ئەھلىنىڭ پىكرىدىنمۇ ئىلغار پىكرنى ئوتتۇرغا قويغان. چۈنكى، ئۇ ئايەت ئۇيۇشقان بۇلۇتلارنىڭ ھاسىل بولۇش باسقۇچلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تونۇلغان بىر ھەقىقەتنى ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا قۇرئان كۆرسەتكەن، ئۇ بولسىمۇ يامغۇر ياغدۇرغان بۇلۇتلار تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن ھاۋا دولقۇنى ھەيدەپ چىققان ئۇششاق سۇ پارچىلىرىدىن ئىبارەت بىر قانچە ھۇجەيرلەر شەكلىدىكى بۇلۇتلار بولۇپ، ھاۋادا بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ توپلىنىپ شامال كۈچى بىلەن قىستىلىپ يامغۇر ياغدۇرىدۇ. زېمىندىن ھاۋاغا كۆتىرىلىپ چىققان شامال مۇسبەت توك زەرىتىنى بىللە كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بۇ زەرەت ھاۋادا بار بولغان مەنپى زەرەت بىلەن ئۇچراشقان سەۋەب بىلەن توك ئايلىنىشى پەيدا بولۇپ، دېڭىزدىن ئۆرلەپ چىققان سۇ ھورىنىڭ ئۇششاق سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىشىغا ۋە بۇ

---

[1] سۈرە ياسىن 38 ـــ 40 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە نۇر 43 ـ ئايەت.

تامچىلەر ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ يامغۇر يېغىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ مەنىنى يۇقىرىقى ئايەتتىن چۈشىنىمىز.

بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ گىرەلەشكەن بۇلۇتلارنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىشى، ھەتتا بۇنىڭغا قارىغۇچى كىشىگە يۇغان تاغدەك كۆرۈنىشى ئەمەلىيەتتۇر. بۇلۇتلارنىڭ تاغقا ئوخشاپ قېلىشىنى ئايروپىلانغا چىقىپ بۇلۇت ئۈستىگە چىققان ئادەم بايقىيالايدۇ. پارچە بۇلۇتلار بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ تاغدەك بولۇشىنى قۇرئان: ﴿الله تائالا ئاسمان تەرەپتىن تاغدەك بۇلۇتلاردىن مۆلدۈر چۈشۈرىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن بىزگەن چۈشەندۈرگەن. قۇرئان چۈشكەن زاماندا ئايروپىلان يوقلۇقىنى، قۇرئاننىڭ بىرىككەن بۇلۇتلارنى تاغدەك بۇلۇتلار دەپ، خەۋەر قىلىشىنى ۋە ئايروپىلان بىلەن بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ بۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلسەك، بۇ ئەھۋالنىڭ قۇرئاننىڭ ئىلمىي مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

قۇرئان كەرىم بىرىككەن بۇلۇتنىڭ مۆلدۈر ياغدۇرىدىغانلىقىنى ئېيان قىلىدۇ. بۇ بولسىمۇ قۇرئاننىڭ ئىلمىي ھەقىقەتلىرىدىن بىرى. مولدۇرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى: دېڭىزدىن ئۆرلەپ چىققان ھورلار يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلانغاندىن كېيىن، شامال ئۇنى ئەڭ ئېگىز ھاۋادىكى نولدىن تۆۋەن 40 ، 50 گرادۇسقا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ يەردە يامغۇر تامچىلىرى قارغا ئۆزگىرىدۇ. قار قەۋەتلىرى توپلىشىپ مۇزغا ئۆزگىرىدۇ. بۇلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ھەجمى چوڭىيىپ قالغانلىقتىن ھاۋا ئۇنى كۆتۈرەلمەي يەرگە مولدۇر شەكلىدە چۈشۈرىدۇ.

بۇ يەردە قۇرئان سۆزلىگەن ۋە بۈگۈنكى ئىلىم ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلىغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسا، بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بۇلۇتلاردىن چاقماق پەيدا بولىشىدۇر. مەزكۇر ئايەتتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿بۇلۇتتىن چىققان چاقماقنىڭ نۇرى كۆزنى يوقاتقىلى ئاز قالىدۇ﴾ چاقماق باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئۇ، پەقەت ھەيۋەتلىك توك ئۇچقۇنىدۇر. لېكىن بۇ توك ئۇچقۇنلىرى نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ بۇنىڭ پەيدا بولۇشى بۇلۇت ئىچىدىكى سۇ تامچىلىرىدا بار بولغان زەرەت قۇۋۋەتلىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك بۇلۇت ئەتراپىدىكى ھاۋادىندۇر. بۇلۇت ئىچىدىكى مۆلدۈرنىڭ كۆپىيىپ قېلىشقا ئەگىشىپ چوڭ توك كۈچى ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن بارغانچە كۆپەيگەن توك كۈچىنىڭ قىستىلىشى پەيدا بولۇپ ھاۋا بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئاخىرىدا ئوخشاشمىغان بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىغا توك تۆكۈلىدۇ. ھەتتا بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ئارىسىدا توك چاقنايدۇ. چاقماق نۇرىنىڭ ئاشكارىراق بولغان زەرىرى كۆزنى ۋاقىتلىق كۆرمەست قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئايروپىلاندا ئۇچقۇچىلار بۇ ئەھۋالنى بەك ياخشى بىلەلەيدۇ. خۇسۇسەن ئۇلار كىرىشىپ كەتكەن بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن ئۇچقاندا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرىدۇ.

يامغۇر بىلەن مۆلدۈرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەنلا يەرگە چۈشىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، يامغۇر ياكى مۆلدۈر يەرگە چۈشىشتىن بۇرۇن يەردىن ئۆرلەپ چىققان ھۆر، يامغۇر ياكى مۆلدۈرنىڭ چۈشۈشىنى مۇئەييەن بىر يەردە توساپ تۇرىدۇ. ھۆرنىڭ بېسىم كۈچى ئاجىزلاشقاندا يامغۇر ياكى مۆلدۈر يەرگە شەبنەم ھالىدا چۈشىدۇ. بۇ ئەھۋال بولسا، الله

تائالانىڭ مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى :﴿يامغۇرنى اللە خالىغان كىشىگە تەككۈزىدۇ. خالىغان كىشىدىن قايتۇرىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

## يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۆكسىگىنىنىڭ ئازىيىدىغانلىقى

اللە تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 125 ـ ئايىتىدە: ﴿اللە كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اللە كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى اللە مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾ دېدى.

بىز بۈگۈنكى كۈندە ئايروپىلان، راكېتا، شارلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋاستىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۇقىرى قاتلام ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىش كېلىش قىلغىنىمىزدىن باشلاپ، يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىدا ئوكسىگېن كاملىقىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەتنى بىلىشكە ئىگە بولدۇق. چۈنكى يۇقىرى ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ئادەم تىنىق ئېلىشىدا بەزى تەسلىكنى ۋە دەم سىقىلىش ئەھۋالىنى بىلەلىشىنى قۇرئان ئوچۇق سۆزلەيدۇ. يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا بېرىش ـ كېلىش باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ ئەھۋالنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان "ئېگىز تاغقا چىققاندەك" دېمەستىن "ئاسمان تەرەپكە چىققاندەك" دېگەن ئىبارەت بىلەن سۆزلىدى. ھالبۇكى ئەرەب يۇرتلىرى تۈزلەڭلىك بولۇپ ئېگىز تاغلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ يۇرت خەلقى ئېگىز تاغلارغا چىقىشنى ۋە ئۇ چاغدا دەم سىقىلىش ئەھۋالى بولۇشىنى ئويلاپ باقمايتتى. يۇقىرى ھاۋا قاتلىمىغا كۆتۈرۈلگەندە ئوكسىگېن يېتىشمەي ئادەم نەپىسىنىڭ قىستىلىشى، بۇ كۈندە ھاۋا قاتناشلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن مەلۇم بولدى. بۇنى 14 ئەسىر بۇرۇن قۇرئاننىڭ خەۋەر قىلىشى قۇرئاننىڭ اللە تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ ئىلمىي دەلىلى ئەمەسمۇ؟

بۇ، بۈگۈنكى ئىلىم ئارقىلىق ئايدىڭلاشقان بىر ئەمەلىيەت بىلەن قۇرئان ئايىتىنىڭ ئۇدۇل چىققانلىقىنىڭ بىر مىسالى.

## زەررىنى تەقسىم قىلىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللە نىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر﴾[1].

[1] سۈرە يۇنۇس 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاندىاق بىر ماددىدا بار بولغان ئەڭ كىچىك نەرسە ”زەررە“ دەپ ئاتىلىدۇ. 19 ـ ئەسىرگىچە ”زەررە دېگەننى پارچىلىغىلى بولمايدۇ“ دېگەن قاراش داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۆتكەنكى بىر قانچە ئون يىل ئىچىدە تەبىئەتشۇناسلار پارچىلىغىلى بولمايدىغان زەررىنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ تەكشۈرۈپ، زەررىنىمۇ پارچىلاش مۇمكىنلىكىنى بىلىپ چىقىپ، زەررىنىڭ تۆۋەندىكى نازۇك نەرسىلەردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1 ـ بىروتۇن، 2 ـ نېيوترون، 3 ـ ئېلېكترون.

قۇرئاندىكى ”زەررىدىن كىچىك نەرسە“ دېگەن سۆز زەررىنى پارچىلاش مۇمكىنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

الله تائالانىڭ ”ئاسماندىكى زەررە مىقدارى نەرسىمۇ الله دىن مەخپىي ئەمەس“ دېگەن سۆزى، زېمىن زەررىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆك، ئاي ۋە يۇلتۇزلاردىكى زەررىنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش، يەنى ھەممىسىدە يۇقىرىقى ئۈچ نەرسە بار، دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زەررىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇنى پارچىلاشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاسمان زېمىندىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋاقىپ بولۇش ئىلمىنى ئۆگەنگەنمۇ؟ ياق! ئۆگەنمىگەن. ئۇنداق بولسا شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك ئىلمىي دەلىلدۇر.

## ھەممە نەرسىنىڭ جۈپ ئىكەنلىكى

جانلىق مەخلۇقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسىنىڭ جۈپلىشىش ئىكەنلىكى بۇرۇندىن تارتىپ ھەممىگە مەلۇم. الله تائالا سۈرە شۇئەرانىڭ 7 ـ ئايىتىدە: ﴿ئۇلار زېمىننى (يەنى زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى) كۆزەتمىدىمۇ؟ زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴾ دېدى. لېكىن قۇرئان بۇنىڭ بىلەنلا توختىلىپ قالماستىن يەنە سۈرە شۇرانىڭ 11 ـ ئايىتىدە: ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، الله سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تېپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق الله سىلەرنى كۆپەيتىدۇ﴾ دېدى. لېكىن قۇرئان بۇنىڭغىلا توختىلىپ قالماستىن ھەممە نەرسىنى جۈپ ياراتقانلىقىنى سۆزلىدى.

سۈرە زارىياتنىڭ 49 ـ ئايىتىدە: ﴿سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر بىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق﴾ دەيدۇ. بىز مۇشۇ سۆز ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

قۇرئان چۈشكەن ۋاقىتتىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن كەشپ قىلىنغان توك مەنپىي ۋە مۇسبەتتىن ئىبارەت بىر جۈپ بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىرلىشىش بىلەن توكنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىڭ پەيدا بولۇشىنىلا سۆزلەپ توختالماستىن، ھەر قانداق ماددا ئىچىدە ئەڭ كىچىك پارچە بولغان زەررە ھەققىدە سۆزلەيمىز. ئالىملار، زەررە ئىچىدە كىچىك بىر يۈرەكنىڭ بارلىقىنى، (ئۇ زەررىنىڭ ھۈجەيرىسى ”مەركىزى قىسمى“ دەپ ئاتىلىدۇ)، ناھايىتى يەڭگىل ئۇششاق جىسىملارنىڭ ئۇنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىنى، (ئۇ ئۇششاق

جىسىملار ‹‹ئېلېكترون›› لار دەپ ئاتىلىدۇ)، ئېلېكترونلاردا مەنپىي توك كۈچىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما ئېلېكترونلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈرەك بولغان ھۈجەيرىدە مۇسبەت توك قۇۋۇتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، بايقاشتى.

لېكىن، بۇ يەردە بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر بىر نەرسە باركى ئۇ بولسىمۇ، تەبىئەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانا ۋە تەجرىبىخانىسىدا تەجرىبە قىلىپ شۇنداق نەتىجە چىقاردىكى، زەررىنىڭ ئۆزى بىرقانچە ئۇششاق پارچىلاردىن تەركىب تاپقان. زەررىنىڭ ئىچكى يۈرىكىدە ئىككى دانە ئاساسىي قورۇلۇش پارچىسى بار. بىرسى ھىدروگىن ھۈجەيرىسى بولۇپ بۇ ‹‹بىروتون›› دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى ‹‹نيوترون›› بولۇپ بۇنى ئەنگىلىيە ئالىمى سىرجىمس تاشادويك **1932** - يىلى بايقىغان.

## يامغۇر سەۋەبى بىلەن يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَرَى الْأَرْضَ هَامِدَةً فَإِذَا أَنزَلْنَا عَلَيْهَا الْمَاء اهْتَزَّتْ وَرَبَتْ وَأَنبَتَتْ مِن كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ﴾ يەنى: ﴿(الله تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ﴾[1]

يامغۇر ياغقان يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ۋە ھەجمىنىڭ زىيادە بولۇشىنى قۇرئان ئوچۇق سۆزلەيدۇ. بۇ ئىش ئىلمىي بىر ھەقىقەتتۇر. بۇ راست ئەمەلىيەت بىلەن بۈگۈنكى ئىلىم، قۇرئاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. زېمىن توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنىڭ ئىسپاتلىشىچە زېمىننىڭ ئارىسىدا ھاۋا كىرىدىغان تۆشۈكلەر - يوللار بار. يەرگە ياغقان يامغۇر تۆشۈكنى ئىشغال قىلىش بىلەن ھاۋانى ئىتتىرىدۇ. يەر تۆشۈكلىرىگە يامغۇر سۈيى توشقاندا تۆشۈكتىكى سۇ كۈچى بىلەن لاي پارچىلىرى ھەرىكەتلىنىدۇ، خىمىيە ئالىملىرى ئىسپاتلىدىكى، سۇ بىلەن تۇپراق يوغىنايدۇ. قۇرىسا قورىلىدۇ. زېمىنغا يامغۇر سۈيى چۈشسە، زېمىن ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ھەجمى چوڭىيىدۇ. سۇ كىرگەندە يەرنىڭ ھەجمى چوڭىيىشىنى ئېنىق ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن بولغاندەك يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنىمۇ قىياس بىلەن بىلىشىمىز مۇمكىن.

---

[1] سۈرە ھەج 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئالەم ماددىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئۆلچەمدە بولۇشى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴾[1] ﴿ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾[2].

ﷲ تائالا بۇ دۇنيادىكى ھەر نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن ياراتتى. ئوكسىگىنىنىڭ مىقدارى ھاۋادا ئادەتتە 20% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر مەسىلەن ئوكسىگىن 50% بولسا، نېمە ئىش يۈز بېرەتتى؟ ئۇ چاغدا ئالەمدىكى ئوتتا كۆيۈش تەبىئىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆت كەتكىلى تەييار بولۇپ قالاتتى. ناۋادا چاقماق ئۇچقۇنى دەرەخكە بىر ئاز تېگىپ كەتسە، پۈتۈن ئورمانلار كۆيۈپ كېتىدۇ. پۈتۈن جانلىق مەخلۇقلار ئوكسىگىن سۈمۈرىدۇ. كاربۇن 2 ئوكسىدنى سىرتقا چىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر شۇ كاربۇندىن بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر ئوكسىگىن بىلەن كاربۇننىڭ شۇنداق ئالمىشىشى بولمىسا ئىدى، جانلىق مەخلۇقلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئوكسىگىننى ياكى كاربۇن 2 ئوكسىدنى تۈگىتىپ قويغان، بۇنىڭ بىلەن جانلىقلار ئوكسىگىنسىز قېلىپ ئۆلگەن ۋە ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتكەن بولاتتى.

قۇياشنىڭ زېمىنغا بېرىدىغان ئىسسىقلىق مىقتارىمۇ ئۆلچەم بىلەندۇر. ئەگەر كۈن زېمىنغا ھازىرقى بىرىۋاتقان قىززىقلىقنىڭ يېرىمىنى بەرسە ئىدى، پۈتۈن جانلىق مەخلۇقلار توڭلاپ كەتكەن بولاتتى. ئەگەر ھازىرقىدىن يەنە بىر ھەسسە زىيادە ئىسسىقلىق بەرسە ئىدى، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈل بولغان بولاتتى.

كۈننىڭ يەرگە بېرىدىغان يورۇقلىقىمۇ ئۆلچەم بىلەن، بۇ يورۇقلۇقنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ياششىغا زىچ ئالاقىسى بار. چۈنكى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ راۋاجلىنىشى مەلۇم مىقداردا يورۇقلۇق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بولمىسا بولمايدۇ. بۇ مۇۋاپىق ئۆلچەملەرنى تاسادىپىي ئۆزىچە بولۇپ قالغان ئىش دېيىش، ئۆسۈملۈكلەر ئىلمى نەزەرىيەسىگە خىلاپتۇر. بۇ ئىش ھەرگىز تاسادىپىي بولۇپ قالىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. ئەكسىچە ھەر نەرسىنى پۇختا ۋە پىلانلىق ياراتقان ﷲ تائالانىڭ قىلغان ئىشىدۇر.

ئۆسۈملۈك ماددىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئۆلچەمدە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا قۇرئاندا مۇنداق ئايەت بار: ﴿يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق﴾[3].

بۇ ئايەتتىن دەلىل كۆرسەتمەكچى بولغىنىمىز "ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق" دېگەن سۆزىدۇر. خىمىيە ئىلمى ۋە ئۆسۈملۈك ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرى بولغان ئالىملار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، "ئۆسۈملۈك يارىتىلغان ماددىلار مۇئەييەن ئۆلچەمدە بولۇپ ناھايىتى ئىنچىكە ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەنگەندە، بىلگىلى بولىدىغان مىقداردا

---

[1] سۈرە ھىجر 21 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رەئد 8 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھىجر 19 ـ ئايەت.

تەڭشەلگەندۇر. شۇنىڭدەك ماددىلارنىڭ نىسبىتى ھەر بىر ئۆسۈملۈكتە باشقا بولغان (بىر خىل ئۆسۈملۈكتە بىر ماددا مەلۇم مىقداردا بولسا، يەنە بىرخىل ئۆسۈملۈكتە شۇ ماددا ئۇنىڭدىن ئاز يا كۆپ بولغان) مۇنداق ئىنچىكە ئىلىملەر مۇشۇ ئەسىردىن بۇرۇن ھېچ بىر ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن».

## دېڭىزنىڭ سۇ يۈزىدىكى ۋە سۇ ئاستىدىكى دولقۇنلىرى

الله تائالا سۈرە نۇرنىڭ 40 ـ ئايىتىدە: ﴿ ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، الله نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى الله ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)﴾ دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە دېڭىزدا سۇ يۈزى ۋە سۇ ئاستى دولقۇنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت بار. دولقۇنلارنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە قورقۇنچلۇقى، دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئېقىنىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان دولقۇنلاردۇر. كۆپ يىللاردىن بېرى شىمالىي قۇتۇبقا (مۇز دېڭىزىغا) ماڭغان ھەربىي كېمىلىرى ناھايىتى جاپا بىلەن يول يۈرۈپ ماڭار ئىدى. ئۇ دېڭىزنىڭ سۈيى "ئۆلۈك سۇ" دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر مەلۇم بولۇشىچە ئۇ كېمىنى ماڭغىلى قويمىغان نەرسە دەل دېڭىز ئاستى دولقۇنلىرى ئىكەن.

1900 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىسكەندىنافىن دېڭىزلىرىنى ساھايەت قىلغۇچىلار سۇ تېگىدە دولقۇن بارلىقىغا دىققەت قىلدى. ھازىر مەلۇم بولدىكى، سۇ تېگىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ پەسكە چۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ قاينام تاشقىنلار بار. شۇڭا سۇ تېگىگە شۇڭغۇغان كېمىلەرنى بۇ دولقۇنلار ئۈستىگە ئاتىدۇ. بۇ خۇددى سۇ يۈزىدىكى دولقۇنلارنىڭ ئاتقىنىغا ئوخشايدۇ. دېڭىز ئاستى دولقۇنلىرى دېڭىز قولتۇقى دولقۇنى بىلەن ئۇچراشقاندا پەسلەيدۇ.

قۇرئاندا: ﴿دېڭىز دولقۇنى ئۈستىدە دولقۇن بار﴾ دېيىلگەن. دېمەك بۇ سۆز دېڭىزدا سۇ يۈزىدىمۇ دولقۇن بار، سۇ تېگىدىمۇ دولقۇن بار دېگەنلىككە ئىشارەتتۇر. قۇرئانىنىڭ دېڭىزنى چوڭقۇر ئۈيمان دېگىنى بۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئايەتتە يەنە يەرشارىنى قورشاپ تۇرغۇچى چوڭ دېڭىزلار بارلىقىغا ئىشارەت بار. قۇرئانىنىڭ ئۈيمان دېڭىز دېگەن سۆزى ھەرگىز دېڭىز ياقىسىنى ياكى دېڭىزنىڭ بۈيرۈلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. مۇنداق چوڭقۇر ئۈيمانلىقلاردا كۈنىنىڭ تېگىشى ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت تويلىشىۋالسا قاراڭغۇ بولۇشىدا گەپ يوق، "قولىنى چىقارغان كىشى بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ" دېگەن قۇرئان سۆزى ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتتۇر.

بۇ ئايەتنىڭ قۇرئان چۈشكەن زاماندىكى جوغراپىيىلىك ئەھۋال بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشلىق دەۋرىدە دېڭىزنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەن

بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىنغاندىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرۈشى قىزىل دېڭىز بىلەن ئاق دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. قۇرئان تىلغا ئالغان دېڭىز دولقۇنى ئەھۋاللىرى، بۇ ئىككى دېڭىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەت قۇرئاننىڭ الله دىن چۈشكەن كىتابلىقىغا، ھەممە دېڭىزنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي ئەھۋاللىرىنى بىلگۈچى الله تائالانىڭ بەرگەن خەۋىرى ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىل باردۇر.

## ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ئالىمىنىڭ ئىنسانلار ئالەمىگە ئوخشايدىغانلىقى

الله تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 38 ـ ئايىتىدە: ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن. مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۇممەتلەردۇر (يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر)﴾ دېدى.

بۇ ئايەتتە الله تائالا ھايۋانلار جامائەسىنى ۋە ئۇچار قۇشلار جامائەسىنى "ئۇممەتلەر" دېدى ۋە بىز ئىنسانلارغا بەزى تەرەپلەردىن ئوخشايدىغانلىقىنى يەنى ئۇلاردا ئۆز تۇرمۇشىنى پىلانلىق ئېلىپ بارىدىغان ئەقلىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ بولسىمۇ يېڭى ئىلىم ـ پەن ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتتۇر. يېڭى ئىلىم ـ پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە ھايۋانلار جامائەسىنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم ئالاقىسى بار. ھايۋانلار جامائەسى ئىچىدە چوڭلۇق، ھەسەل ھەرىسى ۋە باشقىلاردەك مۇقىم ئىنتىزاملىق شەكىلدە ياشايدىغانلىرىمۇ بار. ھەر بىر جامائە ھايۋاننىڭ ئۆز ئارا بىلىشىدىغان تىلى بار. قەدىمقى ئالىملار ھايۋانلاردا، ئۇچار قۇشلاردا ئەقىل يوق، ھوشيارلىق يوق، ئاغرىق ـ ئەلەمنى سېزىدىغان سېزىمچانلىقى بار، لېكىن ئەقلى يوق، سايمان ئورنىدىكى مەخلۇقلاردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن بەزىدە تەدبىر پىلاننىڭ بەزى بىر ئالامەتلىرى كۆرۈلسىمۇ ئۇلار ئىلھام ۋە تەبىئىي خۇينىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ تونۇش كېيىنكى ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلغان. شۇڭا پەيلاسوپ "دىكارت" ھايۋان دېگەن ئەقلى ھاياتتىن خالىي مۇرەككەپ سايماندەك بىر نەرسە، ئۇ ئادەم پىكىر قىلغاندەك پىكىر قىلالمايدۇ. ئۆزىنىڭ تەبىئىي خۇيى بىلەن ئىش قىلىدۇ، دېگەن.

بۇ تونۇشتۇرۇش دىكارتتىن كۆپ مەشھۇر بولغان ۋە تەكشۈرگۈچىلەردىنمۇ نەقىل قىلىنغان، ھايۋاننىڭ بىرئاز بولسىمۇ ئەقلى ۋە پىكرى، بار دەپ ئېتىراپ قىلمىغان. پەقەت 18 ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە ئالىملەر:

"ھايۋاننىڭ بىر قەدەر ئەقلى ـ پىكرى بار دەپ ئېتىراپ قىلىشتى. بۇنىڭ بىرسى "دارۋىن" نىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى بولۇپ، ئۇ كىشى: "ھايۋانلاردا پىكىر قىلىش قابىلىيىتى بار، لېكىن ئىنساننىڭكىدىن ئاز" دېگەن.

ئەمما قۇرئان ئېلان قىلغان ھەقىقىي ئەمەلىيەت شەكسىز قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىسىدۇر. چۈنكى، بۈگۈن يېڭى ئىلىم ـ پەن ھايۋان، ئۇچار ـ قۇشلار ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بۇلارنى مۇلاھىزە قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئالىملار نۇرغۇن

ئۆمرىنى سەرپ قىلغاندىن كېيىن ئىسپاتلاپ چىققان بۇ ھەقىقەتنى، قۇرئان مۇندىن 14 ـ ئەسىر بۇرۇنلا قارارلاشتۇرغان ئىدى.

## قاتناش ۋاستىلىرىدىن بېرىلگەن خەۋەرلەر

قۇرئان كەرىمدە: كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان كۆپلىگەن قاتناش ۋاستىلىرى ئالدىن خەۋەر قىلىنغان، مۇندىن 14 ـ ئەسىر بۇرۇن قۇرئان مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لاَ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿الله ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۇچۇن ۋە زىننەت ئۇچۇن ياراتتى، الله يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾[1] يەنى مۇندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ مىنىش ۋاستىلىرىدىن قۇرئان چۈشكەن زاماندا يوق نەرسىلەرنى يارىتىدۇ، دېگەنلىك بولۇپ بۇ نەرسىلەر ھازىر ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي يېتىشكەن ماشىنىلار، پويىز، پاراخوت ۋە ئايرۇپىلاننى كۆرسىتىدۇ.

مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن كېمىلەر كىچىك ياكى ئوتتۇراھال بولۇپ ئادەم كۈچى بىلەن ياكى شامال كۈچى بىلەن ماڭاتتى. شۇ چاغدا قۇرئان: ﴿دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر الله نىڭ ئىلكىدىدۇر﴾[2] دېگەن ئىدى. بۇ بولسا ھازىر ئىنسانلار تەرىپىدىن ييڭى پەيدا قىلىنغان پاراخوتلارنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان چۈشكەن زاماندا مۇنداق تاغدەك پاراخوتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يا باشقىسىنىڭ خىيالىغا كېلىشى مۇمكىنمىدى؟ ياكى بۇ الله تائالانىڭ بىلدۈرۈشىمۇ؟

## قورساقتىكى بالىنىڭ چوڭىيىش باسقۇچلىرى

الله تائالا سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 13،12 ۋە 14 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابمەنىي قىلدۇق. ئاندىن ئابمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر﴾ دېدى.

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ياخشى نەزەر سالىدىغان بولساق، قۇرئان چۈشكەن زاماندىن خېلى كېيىن ئىلىم ـ پەن ئىسپاتلىغان ئىنساننىڭ، ئەسلى لايدىن يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بۇ ئايەتلەر خېلىلا بۇرۇن ئىسپاتلىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى، ئەر ـ ئايالدىن چىققان ۋە ئۇنىڭدىن پەرزەنت بارلىققا كېلىدىغان

[1] سۈرە نەھل 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رەھمان 24 ـ ئايەت.

ئابىمەنى بولسا ئىنسانىنىڭ يېگەن ئىچكەن غىزا تامىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ غىزا تاماق ئەسلى تۇپراقتىن پەيدا بولىدۇ.

ئايەتتىكى ”قورساقتا بالا پەيدا بولىدىغان“ ئابىمەنى ئەردىن ئېقىپ كېلىپ ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىدىكى سويۇقلۇقتا قوشۇلۇدىغان جانلىق ھۇجەيرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھۇجەيرە ئايالنىڭ رەھمىگە تۆكۈلگەندىن كېيىن ئايالدىكى ھۇجەيرە بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ بارىدۇ. ئادەم ئۇرۇغى بولغان جانلىق ھۇجەيرىلەردىن بىرسى بالدۇر كېلىپ ئايالنىڭ ھۇجەير توخۇمىنى تېشىپ ئىچىگە كىرىدۇ. ئىككى ھۇجەيرە بىرلىشىپ قورساقتا بالا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

الله تائالا: ئەردىن ئايالغا تۆكۈلگەن مەنى قويۇغ قانغا ئۆزگىرىدۇ، دەيدۇ. بۇ قان بولسا ھۇجەيرىلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ ئايالنىڭ نەسىللەنگەن ھۇجەيرە توخۇمى بۇ ھۇجەيرىلەرگە تەقسىم بولىدۇ. بۇ توخۇم ئۇستىگە مۇدۇرچاقلار پەيدا بولۇپ چوڭىيىپ بالاياتقۇ قېپىغا تۇتىشىدۇ، بۇ ”ئەلەق“ (ئويۇغان قان) دەپ ئاتىلىدۇ. ”ئەلەق“ دېمەك چاپلاشقان دېمەكتۇر. رەھىمنىڭ قېپىغا چاپلاشقانلىقتىن ”ئەلەق“ دېيىلگەن.

بۇ چاغدىكى بالىنىڭ سۆڭەكلىرى رەتسىز يومۇلاق يۆگىمەچ شەكىلدىكى بىر ھالەتتە بولىدۇ. بىر قانچە ھەپتە شۇنداق تۇرىدۇ. بۇنى الله تائالا چاينالغان گۆشكە ئوخشاپ قالغىنى ئۈچۈن ”چاينالغاندەك“ دېدى. بۇ ھالەت تىبابەت قارىشىدا ئويۇغان قاندەك بولغان ھۇجەيرىلەرنىڭ يوغىنىشى، ئۇنىڭ تۇركۇمگە بۆلۈنىشى ۋە بەزى ئەزانىڭ بەزى ئەزادىن ئايرىلىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ قورۇلۇشى باشلىنىدۇ. چاينالغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇ گۆشتە سوڭەكنىڭ بەلگىلىرى ئاشكارا بولىدۇ. سۆڭەك قورۇلمىسىدىن كېيىن مۇسكۇللارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ كۆرۈنىشى بىلەن گۆش خىلتىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. گۆشنىڭ پەيدا بولۇشى، سۆڭەكنى قورشىغان ھۇجەيرىلەرنىڭ تۇركۇمگە بۆلۈنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. سۆڭەكلەر ۋە مۇسكۇللار ئاشكارە بولغاندا بەدەن ئەزالىرىنىڭ قالغان قىسمىمۇ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ ) باشقا مەخلۇقتا ئايلاندۇردۇق﴾ دېگەن سۆزىدە، قۇرئاننىڭ مۆجىزىلەردىن مۇنداق نازۇك بىر مۆجىزە بار. ئىلىم - پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە قورساقتىكى بالا بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىنسانغا پەقەت ئوخشمايدىغان ۋە شەكلى كۆرۈنىشى قومچاققىلا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بولىدۇ. ئىككى ئايلىق بولغان ئارىدا بالا ھەرخىل سۇ ھايۋانلىرى شەكلىگە ئۆزگىرىپ ئاخىرى ئادەم شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش بالىنى باشقا مەخلۇق يەنى ئادەم قىلىپ قايتا ياراتقانلىقتىن ئىبارەت.

بۇ تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولدىكى، قورساقتىكى بالىنىڭ قۇرئاندا سۆزلەنگەن ئۆزگىرىش باسقۇچلىرى ھازىرقى يېڭى ئىلىم - پەن كۆپ تەكشۈرۈپ ئاخىر ئېچىپ چىققان ئەمەلىيەتلەرنىڭ ئۆزىدۇر. مۇشۇ بىلىملەرنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئەرەب قورۇغلىقىدا ياشىغان بىر ساۋاتسىز ئادەمنىڭ ئۆزى ئويلاپ بىلىشى مۆمكىنمۇ؟ ياق. بۇ پەقەت الله تائالا ئۇ كىشىگە ۋەھيى چۈشۈرۈپ بىلدۈرگەن ئىلىمدۇر.

## قورساقتىكى بالىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەردىلەر

الله تائالا سۈرە زۇمەرنىڭ 6 ـ ئايىتىدە: ﴿الله سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، الله سىلەرنى ئانىلاردىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالاھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق الله غا خاستۇر﴾ دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ بىر ئىلمي مۆجىزىسى بار. چۈنكى، ئۇ ئايەت قورساقتىكى بالىنىڭ ئۈچ پەردە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. 1 ـ مىنبارى پەردە، 2 ـ خورىيۇن پەردىسى، 3 ـ سىرتقى چوڭ پەردىدۇر. دېمەكچى بولغىنىمىز: بۇ پەردە ئىنچىكە سايمان (مىكروسكوپ) بىلەن تەكشۈرۈلسە ئاندىن ئېنىق كۆرىنىدۇ. ئەمما كۆز بىلەن قارالسا، بىر قاتتەكلا كۆرىنىدۇ.

## ئادەم بارلىققا كېلىشنىڭ ئەسلى مەنبەئي

الله تائالا سۈرە ئەئرافنىڭ 172 ـ ئايىتىدە: ﴿ئۆزۈڭ ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەستىلىكلىرى، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساختا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەستىلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾ دېدى.

بۇ ئايەت شۇنى ئوچۇق سۆزلەيدۇكى، الله تائالا ئادەم بالىلىرىنى ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئۇچىلىرىدىن (يەنى جىسمىدىن) چىقاردى. ئادەتتە بالا ئۇرۇغى بولغان مەنى دادىنىڭ ئۇرۇقدېنىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇرۇقدان بولسا ئادەم بەدىنىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولىدۇ. لېكىن، الله تائالا ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن سۆزلەپ ئەمبىريولوگىيە (قورساقتىكى بالىغا دائىر ئىلىملەر) ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بالا قورولۇشىنىڭ ئابىمەنىنى ئايرىپ چىقىدىغان ئەزا ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ ئەزا ئەسلىدە ئەركىشىنىڭ بەل تەرىپىدە يەنى ئىچ بۆرەكنىڭ ئاستى تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇرۇقدان بولىدىغان ماددا شۇ يەردىن يوغىناپ يېتىشىدۇ. بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا يېقىن قالغانغا قەدەر ئۇ بالىنىڭ

ئۈرۈقدان بولىدىغان ئەزاسى بەلدە تۈرۈپ تۇغۇلۇش ئالدىدا پەسكە چۈشۈپ ئادەتتىكى جايىغا ئورۇنلىشىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت قورساقتىكى بالىنىڭ ئابىمەنى ئىشلەش ئەزاسى يەنى ئۈرۈقدانىنىڭ ئەسلى ئورنى بولغان ئۆچىنى (بەلنى) كۆرسىتىدۇ. ئادەم بەدىنى قورلۇشىنى شەرھىلەش ئىلمى يېقىنقى يۈز يىلدا ئىلگىرلەشكە ئېرىشتى. قۇرئان چۈشكەندە بۇ ئىلملەرنى بىر كىم بىلمەيتتى، مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئىلمي مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

## بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنىڭ جەريانى

الله تائالا سۈرە قىيامەتنىڭ 37 ، 38 ۋە 39 - ئايەتلىرىدە: ﴿ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنىي) ئەمەسمىدى؟ ئاندىن ئۇ لەختە قان بولدى، ئاندىن الله ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى. ئۇ مەنىيدىن ئەر - ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى﴾ دەيدۇ.

مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن قانداقلا بىر بالىنىڭ ماددىسى يالغۇز دادىنىڭ ئابىمەنىيسى ئىكەنلىكىنى قۇرئان مۇقەررەر قىلىدۇ. ھازىرقى يېڭى ئىلىم - پەن بۇ ھەقىقەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇنىڭ بايانى مۇنداق، ئىلمي تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا ئادەتتە ئايالنىڭ توخۇم چىقىرىش ئورنى ھەر ئايدا بىر دانە توخۇم ئايرىپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ مەنى سويۇقلۇقى ھەر بىر قېتىمدا مىليونلارچە مەنى ھۈجەيرىلىرىنى ئايرىپ چىقىرىدۇ. بۇ مەنى ھۈجەيرىلىرىنىڭ بىرسى قاچان ئايالنىڭ ھۈجەيرە توخۇمىغا يېتىشۇالسا، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىرلىشىدۇ. ئىككىسى تولۇق بىر ھۈجەيرە بولىدۇ. ئاندىن بۇ ھۈجەيرە ئارقا - ئارقىدىن پارچىلىنىپ بىر قانچە مىليون ھۈجەيرە بولىدۇ. بۇ بولسا بالا بارلىققا كېلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى.

ئەر كىشىدىكى مەنى سويۇقلۇقى قىزلىق ئوغۇللۇق رەڭلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئايالنىڭ ھۈجەيرە توخۇمىنى تېشىپ كىرگەن ئەر ھۈجەيرىسى قىز بويىقىدا بولسا بالا قىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ھۈجەيرىسى ئوغۇللۇق بويىقىدا بولسا، بالا ئوغۇل بولىدۇ. قىز بالىنىڭمۇ ئوغۇل بالىنىڭمۇ ئۈرۈقى دادىسىنىڭ مەنىيسىدىن كېلىدۇ. قۇرئاننىڭ سىرلىق ئىلمى شۇنداق ئاشكارە بولىدۇكى، "ئەرنىڭ مەنى سويۇقلۇقىدىن ئوغۇلنىمۇ قىزنىمۇ ياراتتى" دەيدۇ. يەنە ئادەمنىڭ ئەسلى: "تۆكۈلىدىغان مەنى ئەمەسمۇ؟" دەيدۇ. تۆكۈلىدىغان مەنى دادىنىڭ مەنىسىدۇر. ئانا مەنىسى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تۆكۈلمەيدۇ.

## ئىنساننىڭ مەنىي شەكلىدىكى جانلىق ماددىسىنىڭ ئەلەق قۇرتىغا ئوخشايدىغانلىقى

الله تائالا سۈرە ئەلەقتە: ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى﴾ دەيدۇ.

تىبابەت ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە: ئىنساننىڭ مەنىسى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نۇرغۇن جانلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سويۇقلۇقتۇر. ئۇ جانلىق نەرسىلەر مىكروسكوپ

بىلەن كۆرۈندۇ. بۇ نۇرغۇن جانلىق ماددىلارنىڭ ھەربىرىسىنىڭ كاللىسى، بويىنى ۋە قويرۇقى بار بولۇپ، بۇ خۇددى ‹‹ئەلەق›› ئىسملىك قۇرتقا ئوخشايدۇ.

الله تائالا ئىنسانىنى ‹‹لەختە قاندىن ياراتتى›› دېمەك ئەلەق قۇرتىغا ئوخشايدىغان ماددىدىن ياراتتى، دېمەكتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئاسان چۈشەنسۇن دەپ ‹‹ئەۋچۇن ئەلەقتىن›› ياراتتى، دېدى.

بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ كامىل ۋە ئىنچىكە مۆجىزىلىرىدىن بىرى بولۇپ، قۇرئان چۈشكەن زاماندا ۋە ئۇنىڭدىن بىر قانچە يۈز يىل كېيىنكى زاماندىمۇ بۇ ھەقىقەت كىشىلەرگە ئاشكارە ئەمەس ئىدى. پەقەت مىكروسكوپ ئىجات قىلىنىپ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئۇششاق جانلىق ماددىلاردىن بارلىققا كېلىشى بايقالغاندىن كېيىن ئاشكارە بولدى.

## ئادەمنىڭ بەدەن بەلگىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى

الله تائالا سۈرە قىيامەتتە: ﴿قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ) ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۇنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)، ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز﴾[1] دېدى.

بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسى: ئىنسان بىزنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى توپلىيالمايدۇ، دەپ گۇمان قىلامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى بىز ئۇنىڭ بارماقلىرىنى ئۆز جايىغا تىزىپ دۇنيادىكى ھالىتىگە ئېلىپ كېلىمىز، دېمەكتۇر. بۇ يەردە مۆجىزە بار. نېمىشقا الله تائالا باشقا ئەزانىڭ گېپىنى قىلماي، ئىنساننىڭ بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈمىز، دەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى: ئىنسانلارنىڭ كۆز، بۇرۇن، قۇلاقتەك ئەزالىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. لېكىن ھەر بىر ئادەمنىڭ بارمىقى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ بارماقلىرى يەنە بىر ئادەمنىڭ بارماقلىرىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ھەتتا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەر قۇرئان چۈشكەن زاماندىن ئون ئىككى يېرىم ئەسىر ئۆتكىچە ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى.

1884 ـ يىلى ئەنگلىيەدە بارماق بەلگىلىرى بىلەن ئادەم تۇتۇش تەجرىبىسى رەسمىي ئىشقا سېلىندى، ھەممە كىشىنىڭ كۆز قارىشىدا ئادەم بارمىقىنىڭ تېرىسى ئۈچ تۈرلۈك سىزىق بىلەن يۆگەلگەن.

1 ـ قەۋسلەر (تىرناق شەكلىدىكى ئەگمەچ سىزىق).

2 ـ ئەراۋ

---

[1] سۈرە قىيامەت 1 ـــ 4 ـ ئايەتكىچە.

3 ـ دوۋامات (مەركىزى بىر بولغان يومىلاق سىزىق) يۇقىرىقى ئۈچ سىزىقتىن باشقا ھەممە شەكىلگە ئورتاق بولغان 4 ـ خىل سىزىق بولۇپ، بۇ "مۇرەككەپ" سىزىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سىزىقلار ئادەم ھايات تۇرغاندا ئۆزگەرمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ سىزىقلىرى يەنە بىر ئادەمنىڭ سىزىقلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

يۇقىرىقىلار قۇرئاننىڭ بىز بۇ يەردە كۆرسەتمەكچى بولغان ئىلمىي مۆجىزىلىرى، (ھازىرقى زامان يېڭى ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق بىلىنگەن مۆجىزىلىرى) دىن ئىبارەت. قالغانلىرىنى بۇ كىتابتىكى "تەن ساقلىقى" دېگەن ماۋزۇدا سۆزلەيمىز. ئەمدى قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرىدىكى مۆجىزىلىرى ۋە تەلىماتلىرى ۋە قۇرئاننىڭ ھەر قانداق جەمئىيەتكە يول كۆرسىتىشكە يارايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

بۇ مۆجىزىلەر يېڭى ئىلىم ـ پەن قۇرئاننىڭ بۇ مۆجىزىلەرنى تەكشۈرۈشكە يۈزلەنگەندە ئاشكارە بولىدۇ. بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىلىملەر تەرىپىدىن يېتەرسىزلىكىگە ئىقرار قىلىدۇ.

دوكتور جون كوۋەينىسى ستيۋارت مۇنداق دەيدۇ:

"تەبىئەت ئىلىملىرى ئۆزىنىڭ كۆپ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنى مۇقەررەر قىلغان بىر چاغدا ئىجتىمائىي ئىلىملەر بۇنىڭ ئەكسىچە كۆپ يېتەرسىزلىك بىلەن داۋام قىلماقتا ۋە ئېچىنارلىق ھالدا كېيىن قالماقتا. تەبىئەت، تىبابەت، لاھىيىلەش، جانلىق مەخلۇقلار ھاياتىغا دائىر ئىلىملەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئوتتۇرىدا قويالايمىز. ئەمما نەزەرىيەۋىي سىياسەت، ئىقتىساد ئىلىم، دۆلەت باشقۇرۇش ئىلمى، ئىجتىمائىي پرىنسىپ تۈزۈش ئىلىملىرى چەكلىك ۋە ئاددى پرىنسىپلەردىن ئىبارەت بولۇپ كۆرۈنمەكتە. ئىجتىمائىي ئىلىملەر ئۈستىدە ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئالىملار بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقا ئىقرار قىلماقتا.

# تۆتىنچى بۆلۈم

## ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ۋە ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ ئىلمىي دەلىللىرى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىش، بۇ ئالەم الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل، كېچە ـ كۈندۈز، ئاي ـ كۈن الله تائالاھنىڭ بارلىقىغا ھۆججەت، مەخلۇقلارنىڭ لاھىيىلىنىشى، جانلىق ھۈجەيرىلەر الله تائالانىڭ بارلىقىنىڭ ئالامەتلىرى، ئۆسۈملۈكلەرنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل، ئىنسانىنى يارىتىش الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇغۇلۇشى الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل، الله نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ھەرقانداق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشقان تەبىئىي خۇي، بۇگۈنكى ئىلىم ـ پەن الله غا ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ، ماددىغا ئىشەنگۈچى (خۇداسىزلار) بىلەن دەۋالىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن تەبىئىي خۇيدۇر. بۇ ئىشىنىش ئىنساندا بولماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە بولۇپ، ئىنسانغا ئەقلىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىر قاتارىدا ھاسىل بولىدۇ.

ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىردەك قارار قىلغان ھەقىقەت شۇكى، ھەممە نەرسىنىڭ ئۇنى پەيدا قىلغۇچى سەۋەبى بولىدۇ، ياكى ئۇنى ياسىغۇچى ئۇستىسى بولىدۇ. ھەرقاچان ئىنسان بۇ ئالەمگە ھەرقانداق بىر ۋاقىتتا نەزەر سالسا ۋە ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ئۇ كىشىگە ”بۇ ئالەم ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى بار قىلغۇچى زات بولماي بولمايدۇ“ دېگەن ئاڭ ئۆزلىگىدىن پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

## ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ھۆججەت

ھەربىر ئادەمنىڭ ۋە پۈتۈن كائىنات ئالەمنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىشى لازىم. بۇ ئىشىنىش الله تائالانىڭ بارلىقىنىڭ دەلىللىرى ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن پەيدا بولغان. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى بىلەن بالىلىقىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ھەرقانچە ئەسلەپ باقسىمۇ، ئۆز تېنىدە ياراتقۇچىغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇنىڭغا ئويۇل تاشتەك بېكىتىلىپ كەتكەن ۋە ھاياتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئەقىدىدۇر.

بىز بىلىپ بىلمەيلا بۇ ئەقىدە بىزنىڭ روھىمىزغا ھېس ۋە ئەقلىمىزنىڭ قورالى بولغان مۇھىم ئەزالاردەك پەيدا بولغان. شەكسىزكى، ياراتقۇچىغا بولغان ئەقىدىمىز بوۋاق چېغىمىزدا ئانىمىزنىڭ ئەللەيي ئېيتىپ ئوقۇغان قوشاقلىرى بىلەن ۋە دەسلاپ ئېلىشقا باشلىغان ئەخلاق تەربىيىمىز بىلەن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ ھايات دەۋرىمىزدە بارغانچە

كۈچەيگەن، مەكتەبلەردە ئوقۇش، تەكشۈرۈش بىلەن بىزگە تەسىر قىلغان ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىيادىلەشكەن، ئەقىدە ئىنسانىنىڭ كىچىكلىكىدە پەيدا بولغاندەك مىللەتنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىمۇ پەيدا بولىدۇ. تارىخ بىزگە ئىنسانلارنىڭ ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە ئاسراپ ساقلىغۇچى، خەلق ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقى، يامانلىقىغا بۇ دۇنيا يا ئاخىرەتتە ئۆز لايىقىدا چارە قىلغۇچى بىر ئۇلۇغ قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ئەقىدە قىلىشى ۋۇجۇدىغا ئورناشقان تەبىئى ئەقىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمقى ئىنسانلار الله تائالاغا ئېتىقاد قىلىش مەيداندا بىر ھالەتتە تۇرمىدى. ياراتقۇچىغا قارىتا بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە شەك پەيدا بولدى. ئاندىن الله تائالا ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئارقىمۇ - ئارقا بەلگىلىدى ۋە ئۇلارنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. ئۇ مۆجىزىلەر ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردۇر. ئىنسانلار، پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن ئەقىدە ۋە ئىشلارنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ الله تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ چاپلىشىۋالغان ئازغۇن يولدىن يېنىپ توغرا يولغا كىرسۇن دەپ، الله تائالا پەيغەمبەرلەرگە مۆجىزىلەر بەردى.

ئەمما بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەملەرگە تەسىر قىلغاندەك ئىنسانلارغا تولۇق تەسىر قىلىدۇ دەپ، ھېسابلىمايدۇ. بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ بىر نەرسىگە ئىشىنىشىنىڭ بىرىنچى يولى ئىنسان ئەقلىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە قانائەت قىلىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا يېڭى دەلىللەرنى مەيدانغا قويۇشى كېرەك بولدى.

دىن ئىسلامغا قىلىنغان تەنقىدلەرنىڭ بىرسى ”ئەبتەرى“ دېگەن ئادەمنىڭ دەۋا قىلغان سۆزى بولدى. ئۇ ئادەم: ”الله نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىش ۋە الله توغرىسىدا ئەقلىنى ئىشلىتىشنى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئوچۇق مەنئىي قىلدى“ دېدى ۋە يەنە ”ئەقلىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش قۇرئاندا ئاساسلىق يۈزلىنىشلەردىن ئەمەس“ دېدى. بۇ سۆزنىڭ تۆۋەندە ئايدىڭلاشقاندەك ھەقىقەتكە ۋە ئەمەلىيەتكە بىرمۇ ئالاقىسى يوق.

كىشىنى ھەيران قىلىدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، باشقا دىنلار ئىچىدە ئىسلام دىنى، دىن ئىشلىرى توغرىسىدا ئەقلىنى ئىشقا سېلىشتا يالغۇز. بولۇپمۇ ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىشتە ئەقلىنى ناھايىتى ياخشى ئىشقا سالىدۇ. ئىنسانلارنى الله تائالاغا ئىشىنىشكە چاقىرىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەقلىگە ۋە ئىنساننىڭ ئەسلىدە يارىتىلغان تەبىئىتىگە مەركەزلىشىدۇ، ئەقىل ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىنىشىنى كۈچەيتىشىنىڭ يولى قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى.

بىز بۇ دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلايمىز ۋە كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى دەلىللىرىمىزنىڭ كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئىشىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە قويۇپ قويىمىز. ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئەقلىنىڭ بارغانسېرى قانچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بۇ ئالەمنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى يېشىپ، ئالەمنى ياراتقۇچى

چەكسىز ئىلىم ئىگىسى، ھەرنەرسىنى مۇشۇنداق گۈزەل سۇرەتتە يوقتىن بار قىلغان ۋە ئالەمدە ئاجايىب ئىنچىكە تەرتىپ تۈزۈم ئورناتقان بىر قۇدرەت ئىگىسىنىڭ بارلىقىغا ئۆزلىكىدىن گۇۋاھ بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنسانلار ئەقلى ئارقىلىق تونۇۋالسۇن.

## ئاسمان، زېمىن ۋە باشقا ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەتتۇر

مۇشۇ ئالەمنى ياراتقانلىقىنىڭ ئۆزىلا الله تائالانىڭ بارلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان چوڭ دەلىللەرنىڭ بىرسىدۇر. بۇلار بىز ياشاۋاتقان زېمىن ۋە بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار ھەققىدە ئويلاپ كۆرگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. ئاندىن ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا بولغان ئىشىنىشى زىيادە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى بۇ ئالەمنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا كۆپ نەزەر سېلىپ ئەقىل يۈرگۈزۈشكە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنىشىنى كۈچەيتىش، ھەم كۆڭلىدىكى شەكنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ سىر ۋە پەلسەپەلىرىنى ئويلاشقا چاقىرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. الله تائالا سۈرە يۇنۇسنىڭ 101 ـ ئايىتىدە:

﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾ دەيدۇ.

يەنە الله تائالا: ﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، الله نىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالامۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾[1] دەيدۇ.

قۇرئان شۇنى ئۇچۇق سۆزلەيدۇكى، بىر ئادەم ئاسمان ـ زېمىن ۋە ھەممە مەخلۇقتىن ئىبارەت ئالەمگە ۋە ئالەمنىڭ پۇختا ـ پىلانلىق يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان سىرلار، پەلسەپەلەرگە ۋە الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدىغان ھۆججەت ـ پاكىتلەرغا نەزەر سالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ دىنسىزلىكى داۋام قىلسا، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كۈچلۈك دەلىل يوق. بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق دەلىل ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ.

الله تائالانىڭ بارلىقىغا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى دىنغا ئىشەنگۈچىلەرگىلا دەلىل قىلىنىدۇ. سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ 44 ـ ئايىتىدە الله تائالا : ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ياراتتى، ھەقىقەتەن بۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴾ دەپ تەكىتلەيدۇ.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[2]

---

[1] سۈرە ئەئراف 185 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جاسىيە 3 ـ ئايەت.

بۇ ئالەم نېمىدىن ئىبارەت؟ ئاسمان جىسىملىرىنى تەكشۈرگۈچى ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇكى:

بۇ يەرشارى بولسا قۇياش ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلاردىن بىرسى، قۇياش ئائىلىسى بولغان يۇلتۇزلار توپلىمى بولسا، مەجەر توپلىمى تەركىبىدىكى گۇرۇھلارنىڭ بىرسى. مەجەر توپلىمىدىكى يۇلتۇزلار بولسا، ھاۋا بوشلۇقىدىكى پۈتۈن يۇلتۇزلار يۈرتىدىكى گۇرۇھ ـ گۇرۇھ يۇلتۇزلارنىڭ بىر گۇرۇپپىسى. بۇنىڭدىن باشقا ھاۋا بوشلۇقىدا نەزەكلەر، ئۇچقۇنلەر، ئايلار ۋە قۇرۇقلۇق يۇلتۇزلار بار.

قۇياش ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە "دەربى تابانە" دەپ ئاتالغان مەجەر گۇرۇھى تەركىبىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى قانچە؟

بۇ يۇلتۇزلارغا پەقەتلا كۆزىمىز بىلەن قارىساق زېمىنىنىڭ ئاسمانىنىڭ جەنۇبىي يېرىمىدا ياكى شىمالىي يېرىمىدا كۆرۈنگەن ئومۇمىي يۇلتۇز سانى ئالتە مىڭدىن ئاشمايدۇ.

لېكىن كۈچلۈك كۆرۈش سايمىنى بىلەن قارىساق تونۇشىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. ئاسمان تەكشۈرۈش ئالىمى "كابتىن" نىڭ مۆلچەرلىشىچە يۇلتۇزلارنىڭ سانى **40،000** مىليون دەيدۇ. "شايلى" ئىسىملىك ئالىمنىڭ مۆلچەرلىشىچە **10،000** مىليون دەيدۇ. مەجەررىگە بۆلۈنگەن توپلام ئائىلىسىنى **100** مىليون دىن ئاشىدۇ. ھەربىر مەجەررە تەركىبىدە مىليونلىغان يولتۇزلار بار، دەيدۇ.

## مۇشۇ يۇلتۇزلارنىڭ چوڭلۇق ھەجمى قۇياشقا نىسبەتەن قانچىلىك؟

قۇياشمۇ ئاسماندا بىزگە كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلاردىن بولۇپ قۇياش بىزگە يېقىن بولغىنى ئۈچۈن چوڭ كۆرۈنىدۇ. بولمىسا قۇياش ئوتتۇراھال بىر يۇلتۇزدۇر. ھازىر كەشپ قىلىنغان (تەكشۈرۈپ بىلىنگەن) يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى "پانمانىن" يۇلتۇزى بولۇپ، بۇ يۇلتۇز يەرشارىدىن ئازراقلا چوڭ بولسىمۇ مۇنداق يۇلتۇزلاردىن مىليون يۇلتۇز قۇياشنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلسە، يەنە قۇياش ئېشىپ قالىدۇ. ھاۋا بوشلۇقىدا "مەنكەبۇلجەۋاز" دەك كاتتا يۇلتۇزلار باركى، بۇ يۇلتۇزنىڭ بىرسىنىڭ ئىچىگە قۇياشتەك يۇلتۇزدىن مىليونى كىرگۈزۈلسە سىغىدۇ.

## بۇ يۇلتۇزلار بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

قۇياش سىستېمىسىغا تەۋە بىر گۇرۇھ يۇلتۇزلار( زېمىن بۇنىڭ ئىچىدە ) ھاۋا بوشلۇقىدىكى باشقا ئائىلە يۇلتۇزلاردىن ئايرىم ئورۇن ئالماقتا. بۇنى مۇنداق ئىزاھلايمىز:

قۇياش زېمىندىن تەخمىنەن **186** مىليون كىلومېتىر يىراق، يەنى زېمىن بىلەن ئاينىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىقتىن **400** ھەسسە ئارتۇق يىراق. ئەمما باشقا يۇلتۇزلارنىڭ زېمىنغا يىراقلىقىنى ھېسابلاشقا بىر قانچە مىڭ مىليون كىلومېتىر يەتمەيدۇ، بەلكى مىليون قېتىم مىليون سان كېرەك. شۇڭا ئالىملار بۇ يۇلتۇزلارنىڭ يىراقلىقىنى بىلىشكە نۇر تېزلىكىنى

ئۆلچەم قىلماقتا. ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە نۇر تېزلىكى بىر سېكونتتا 332000 كىلومېتىر. ئايلانغۇچى يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ يىراقى قۇياش ئائىلىسى تەركىبىدىكى ''پىلوتو'' دېگەن يۇلتۇز بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان نۇر زېمىنغا 4 سائەتتىن 5 سائەتكە قەدەر ۋاقىتتا يېتىپ كېلىدۇ. قۇياش ئائىلىسىدىكى يۇلتۇزلارغا ئەڭ يېقىن بولغان باشقا سىستېمىدىكى يۇلتۇزلاردىن چىققان نۇر 4 يىلدىن 5 يىلغا قەدەر مۇددەتتە يېتىپ كېلىدۇ.

يېڭى ئىجاد قىلىنغان يىراقنى كۆرۈش ۋە سۈرەتكە ئېلىش سايمانلىرى ئارقىلىق نۇر تېزلىكىدە بىزدىن 2 مىڭ مىليون يىللىق يىراقلىقتىكى بىر قانچە يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى كۆرۈش مۇمكىن بولدى.

ئويلاپ كۆرۈشمىزگە تېگىشلىك بىر نەرسە شۇكى، زېمىن بىلەن بىرلىكتە قۇياش سىستېمىسى تەركىبىدە بولغان يۇلتۇزلار ئۆزىنىڭ مەركىزى ئوقى ئەتراپىدا ئاستا ئايلىنىدۇ. يەنە باشقا توپلام يۇلتۇزلاردىمۇ ئاشۇنداق ئايلىنىدىغانلىرىنىڭ بارلىقى بىلىندى.

شۇنداق تىرلىيونلارچە يۇلتۇزلارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا تەقسىم قىلىنىپ تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن بىللە بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشلىرى بىر - بىرىگە ئۇسۇشىپ كەتمەيدىغان مەلۇم قانۇنغا مۇۋاپىق بويسۇندۇرۇلۇشى ئەلۋەتتە الله تائالانىڭ بارلىقىغا ھېچقانداق دەلىل تاقابىل تۇرالمايدىغان چوڭ دەلىلدۇر. قۇرئان كەرىممۇ بۇنى دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴾[1].

الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴾ دېگەن سۆزىدە، قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ ئىسپات بار. چۈنكى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى پەقەت يېڭى ئىلىم - پەن ئالىملىرى ئالەمنىڭ مەخپى ئاجايىپ ئىشلىرىنى كۆرسىتىدىغان يىراقنى كۆرۈش چوڭ سايمانلىرىنى ئىجات قىلغاندىن كېيىن چۈشەندى.

ئېينىشتېين دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ:

''مېنىڭ قەلبىم ھەددى ھېسابسىز ئالىي روھقا نۇۋەتچىلىك بىلەن ئەجەپلىنىپ ئىشىنىدۇكى، بۇ ئالىي روھنىڭ سىرى توغرىسىدا ئاز مىقداردا تەپسىلىي ئەھۋال بايقىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز تۈۋەنچىلىك بىلەن بۇنى بىلمەكتە. بۇ چوڭقۇر ئالەم كۆز ئالدىمىزدا تۇرىشى بىلەن بىز تونۇغان ئالىي روھنىڭ ھېكمەت ۋە كۈچىنىڭ بارلىقىغا بولغان ئېتىقادىم ۋە قەلبىمدىكى چوڭقۇر ئىشىنىشىم ماڭا ھەق مەئبۇد (ئىلاھ) توغرىسىدا ئويلىنىشىمغا ئىلھام قىلىدۇ''.

دوكتور مارت ستانلى كونجىدە دېگەم ئالىم مۇنداق دەيدۇ:

''ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلىقىغا دەلىل بولىدۇ. بىز ئالىملار بۇ ئالەمنىڭ ئاشكارە مەخلۇقلىرىنى

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 75 ــ 76 - ئايەتلەر.

تەھلىل قىلىش ۋە ئۆگىنىش قىلىشنى، قولغا دەلىل ھۆججەت كەلتۈرۈش يولىنى ئىشقا سېلىش ۋاستىسى بىلەن بولسىمۇ ئېلىپ بارساق، الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ۋە كاتتىلىقىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشتىن كۆپرەك بىر ئىش قىلالمايمىز“.

مۇشۇنداق ئالەم ئالدىدا ۋە ئالەمنىڭ بىزگە ئايدىڭلاشقان ھەقىقەتلىرى ئالدىدا ئالەمنى ياراتقۇچىغا ئەقلىمىز ۋە قانائەت قىلىشىمىز بىلەن ئىشىنىشىمىز ھەقلىق بولمامدۇ؟ ۋە مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا قۇرئاندا تۆۋەندىكى ئايەتنى تەكرار ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم بولمامدۇ؟

الله تائالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 190 ۋە 191 ـ ئايىتىدە:

﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە،روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار مۇنداق دەيدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ دېدى.

## كېچە ـ كۈندۈز، ئاي ۋەكۈن ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر

قۇرئان كەرىمدە الله تائالا: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي الله نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان الله غا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[1] دەيدۇ.

كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى زېمىننىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىدىن بولىدۇ. زېمىننىڭ بىر سوتكىدا بىر قېتىم چۆگىلىشى الله تائالانىڭ بارلىقىغا ھۆججەت بولىدىغان كۈچلۈك دەلىللارنىڭ بىرسى. چۈنكى، ئويلاپ كۆرگەن ئادەمگە زېمىننىڭ بىرەر سكونت خاتا بولمايدىغان ئىنچىكە تەرتىپتە ئايلىنىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (كېچە ـ كۈندۈزنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشتا ۋە ئۆزىراپ قىسقىرىشىدا قىلچىلىك قالايمىقانچىلىق بولمايدۇ). ئەمما بىر قانچە گىرام ئېغىرلىقتىكى مېتالدىن ياسالغان سائەت ھەرقانچە ئالىي زاۋۇتتا ياسالغان بولسىمۇ بىر كۈندە بىر نەچچە سكونت ئىلگىرى كېيىن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇنى ”ئاجايىب پۇختا، يارامىلىق سائەتكەن“ دەپ ماختاپ كېتىمىز. نەچچە مىليون مىليون تونىنا ھەجىمدە بولغان ۋە بىر كۈندە بىرەر سكونت قالايمىقان بولماي ئىنتىزام بىلەن چۆگىلىدىغان مەلۇم ھېساب بىلەن مەقسەتلىك ھالدا ئۇزىراپ قىسقىراپ تورىدىغان يەرشارى ئالدىدا سائەت قانچىلىك نەرسە؟

يەر يۈزىدىكى جانلىق مەخلۇقلارنىڭ ھاياتىغا زېمىن ئايلىنىشىنىڭ چوڭ رولى بار. ئەگەر زېمىن مۇشۇنداق ئىنتىزاملىق ھالدائايلىنىپ تۇرمايدىغان بولسا، دېڭىز

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 37 ـ ئايەت.

ئوكيانلارنىڭ سۈيى ھاۋاغا تۆكۈلۈپ چېچىلىپ كېتەر ئىدى. ئەگەر زېمىن ھازىرقىدىن تېزراق ئايلانغىنىدا يەر ئۈستىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە باشقىلار تىنچ تۇرالماي چۇۋۇلۇپ كېتەر ئىدى. ئەگەر زېمىن ھازىرقىدىن ئاستىراق چۆگىلسە ئىدى (كېچە بىلەن كۈندۈز بىر سوتكىدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئالماشسا ئىدى)، زېمىن ئۈستىدىكى جانلىق مەخلۇقلار ئۆسۈملۈكلەر سوغاقتا ۋە ئىسسىقتا چىدىيالماي ئۆلگەن ۋە قورۇغان بولاتتى.

قۇرئان كېرىم تۆۋەندىكى ئايەتتە يەرنىڭ ئايلىنىشى ۋە ئايلىنىشىنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە تەرتىپلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئايەت بولسا: ﴿تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان الله نىڭ ھۈنىرىدۇر، الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1] دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە الله تائالا زېمىنىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئايلىنىشىنى تاغنىڭ مېڭىشى بىلەن كۆز ئالدىمىزغا توغرىلاپ بەردى. تاغ يەرگە تۇتاش نەرسە بولغان تاغنىڭ مېڭىشى يەرنىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىدۇ. تاغ بولسا يەر يۈزىدە ئەڭ ئوچۇق نەرسە بولغاچقا تاغ ماڭىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

قۇياش بولسا، الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئەڭ چوڭ نىشاندۇر. ئۇنى الله تائالا زېمىن مەخلۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. قۇياشنىڭ مۇنداق ئۆتكۈر يورۇقلۇقى ۋە قىزىقلىقى نەدىن كېلىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار قۇياشنىڭ ئۆز ئىچىدە بار بولغان نۇر ئامبىرىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھارارىتى يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەشكەن بولاتتى. ئۇ ھالدا قۇياشنىڭ ئۆمرى ھەرگىز ئۇزۇن داۋام قىلمايتتى. لېكىن، بىز ئۇزاق ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، قۇياشنىڭ زېمىنغا كەم زىيادە بولمايدىغان، جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىغا لايىق كېلىدىغان ئۆلچەمدە قىزىقلىق بېرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرىمىز. ئۇنداق بولسا، قۇياشنىڭ چىقىم بولغان ئىسسىقلىقىنى بىر ياقتىن تولۇقلاپ بېرىدىغان، زىيادە بولۇپ مەخلۇقاتلارنى كۆيدۈرۈپ قويمىغۇدەك، كەم بولۇپ مەخلۇقلارنى توڭلىتىپ قويمىغۇدەك، نورمال ھالدا قىززىقلىقنى تەڭشەپ تۇرىدىغان بىر تاشقى كۈچ بولماي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە.

ئاي بولسىمۇ الله تائالا بىز ئىنسانلارنىڭ مۇئامىلە ھېسابلىرىمىز ۋە ئىبادەت ۋاقىتلىرىمىزنى توختام قىلىپ زامانىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، كېچىلىرى يول ماڭغان ۋە ئىش قىلغان ئىنسانلارغا ئايدىڭ بولسۇن ئۈچۈن يارىتىپ بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسىدۇر. بۇلار ھەممىسى ئەلۋەتتە ئاسمان زېمىن مەخلۇقلىرىدىن تاشقىرى بولغان بىر مەقسەت ۋە ئىلاھىي ئىرادە بارلىقىغا دالالەت قىلمامدۇ؟

---

[1] سۈرە نەمل 88 ـ ئايەت.

## تەبىئەتنىڭ قەتئىي ئىراده ۋە پىلان بىلەن يارىتىلغانلىقى

مۆشۈ ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى تىلىيونلىغان نورلۇق يۇلتۇزلارنى ۋە ئايلىنىدىغان يۇلتۇزلارنى بىز ياشاۋاتقان يەرشارى بىلەن ئوخشاپ كېتىپ يەرشارىنى توزاڭغا ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن، بۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تارتىپ ۋە ئىتتىرىپ تورۇش قوۋۋىتى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىز ياشاۋاتقان يەرشارى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆسۈملۈك، جانلىق، تاغ ۋە دېڭىزلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قانۇن بويىچە مېڭىپ تۇرىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ھېكمەتلىك بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ بارلىقىغا ۋە ماددىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ: ”بۇ ئالەم ئۆزىچە تاسادىپىي بار بولۇپ قالغان“ دېگەن گۇمانىنىڭ دەلىلسىز ئويدۇرما ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك ھۆججەتلەردىن بىرىدۇر.

كرېس مورىسىن ئىسىملىك بىر ئالىم مۇنداق دەيدۇ:

”تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ نەرسىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇلار ئەلۋەتتە ھەر بىر نەرسىدە پىلانلىق ئىراده ۋە مەقسەت بارلىقىغا ۋە بۇ ئالەمدە ياراتقۇچى ئۇلۇغ الله تائالانىڭ ئىراده ئىختىيارىغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بىر ئۆلچەم بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدۇ“ ئۇ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”يەرشارىنىڭ ھەجمى، ئۇنىڭ كۈندىن يىراقلىقى ۋە كۈننىڭ قىزىقلىق تېمپېراتۇرسى، ئۇنىڭ ھاياتلىققا بېرىۋاتقان يورۇقلۇقى ۋە يەرشارىنىڭ قېلىنلىقى، يەرشارىدىكى سۇنىڭ مىقدارى، ئوكسىد كاربۇننىڭ مىقدارى، نەتروگىننىڭ ھەجمى، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ زېمىندا ھاياتتا قېلىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىستېمىلىق بىر نىزامنىڭ، كەسكىن ئىراده پىلانىنىڭ ۋە مۇئەييەن مەقسەتنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ“.

مۇشۇ پىلان ۋە مەقسەت بولسا، قۇرئان كۆپ ئايەتلىرىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى قاراتقان نەرسىدۇر. جۈملىدىن الله تائالانىڭ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، الله بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (الله نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر﴾[1]

زېمىن بولسا، ھاۋا بوشلۇقىدا مۇئەللەق ھالدا ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان بىر توپتۇر. بۇ ئايلىنىش نەتىجىسىدە كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مۇندىن باشقا زېمىننىڭ ئايلىنىشىنىڭ شامال پەيدا بولۇشقا تەسىرى بار. شامال بولسا، دېڭىزدىن ئۆرلىگەن ھورنى ھاۋادىكى سوغاق قاتلامغا كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ھور ئۇ يەردە قويۇقلىشىپ يامغۇرغا ئۆرۈلىدۇ. يامغۇر ۋە قار بولسا يەردىكى پۈتۈن تاتلىق سۇنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەگەر

---

[1]سۈره بەقەره 164 ـ ئايەت.

قار يامغۇر بولمىسا ئىدى، زېمىن قوروۇپ كېتىپ ھاياتتىن خالىي بولغان بولاتتى ئىدى. مۇندىن باشقا الله تائالا تۇپىراقتا ياراتقان ماددىلار بار بولۇپ، ئۇنى ئۆسۈملۈكلەر ئۆزىگە سۈمۈرىدۇ . ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. مەخلۇقاتلار موھتاج بولىدىغان تۈرلۈك ـ تۈرلۈك غىزالارغا ئايلىنىدۇ. بىز بۇ ئەمەلىيەتلەرنى بىلىمىز.

زېمىندىكى ھاياتنىڭ مەخپى سىرلىرىدىن، ئىلىم ئارقىلىق ئېچىلغان بۇ ھەقىقەتلەرنى بورۇنلا قۇرئان ئايەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلغان. تەبىئەتنى يارىتىشتا پىلان بارلىقىنى ۋە تەبىئەتنىڭ پۈتۈن ماددىلىرى ئارىسىدا تەرتىپلىك ئالاقە بارلىقىنى بايان قىلغان. بۇلار الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئەقىل ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان دەلىللەردۇر. الله تائالانىڭ: ﴿بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەربار﴾[1] دېگەن سۆزىدىكى مەقسەت مۇشۇدۇر.

يەنە قۇرئاندا الله تائالانىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەندۈرۈشتە بۇ ئايەت كەلدى:

﴿الله يەريۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى، يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى، مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى ـ ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى. كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنى ياپتى). بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴾[2].

زېمىنغا بېكىتىلىپ كەتكەن تاغلارنى بىلمىسىز ئادەملەر بىكار زىيادە نەرسە دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، بۇ تاغلارنىڭ يارىتىلىشىدا زېمىن مەخلۇقلىرىغا ناھايىتى چوڭ پايدا بار. چۈنكى، قارلار تاغ ئۈستىگە ياغىدۇ. تاغنىڭ سوغاق ھاۋاسى قارلارنى بىراقلا ئېرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. قارلار زېمىننىڭ ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ چۈشۈپ ئۆستەڭلەردە ئاقىدۇ. بۇ سۇ بىلەن يەردىن خىلمۇخىل ئاشلىق، مېۋە، مايلىق دان، پاختا ۋە چىگدە قاتارلىقلار چىقىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ھازىرقى مەلۇم ئۆلچەم بىلەن ئالمىشىپ تۇرىشىغا باغلىق. ئەگەر كېچە بىلەن كۈندۈز ھازىرقى مەلۇم سائەتتىن 10 ھەسسە ئۇزۇن بولسا ئىدى، يازلىقنىڭ ئاپتى كۈندۈزدە پۈتۈن ئۆسۈملۈكلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. كېچىنىڭ سوغۇقى يەردىكى ھەممە نەرسىنى ئۈشۈتۈپ قوياتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى سۆزلىگەن ۋە تەبىئەت ئالەمدە كەسكىن ئىرادە پىلان بارلىقىنى ۋە ھېكمەت پەلسەپە بارلىقىنى ئاشكارە قىلىپ قويغان بۇ ھەقىقەتلەر الله تائالانىڭلا ئىرادىسىدۇر.

قۇرئاندا الله تائالانىڭ بارلىقىغا كۆرسىتىلگەن دەلىللەردىن بىرسى: ﴿الله نىڭ سىلەرگە چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۇرۇشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)

---

(1) سۇرە رەئد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۇرە رەئد 3 ـ ئايەت.

قانداق شەكىلدىكى بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مۇمكىن بولمايدۇ. تېرىلغۇ تۇپرىقى ئازىسىغا نىتروگېن گېزىنىڭ كىرىشىگە ئىككى ۋاستە بار. بىرسى ھاۋا گۈلدۈرلەش ئاۋازى ئارقىلىق كىرىدۇ. چاقماق چاقنىغان ئوكسىگېن بىلەن نىتروگېندىن ئى بىر مىقدارى بىرلىشىدۇ. بىرلەشكەن نىتروگېننى يامغۇر يەرگە ئېلىپ چۈشىدۇ. ئىككىنچىسى، كۆكتا بۇغۇملىرىغا ئورۇنلاشقان مۇئەييەن باكتېرىيە مىكروپىنىڭ ھەسسە قوشۇشى بىلەن كىرىدۇ. بۇ مىكروپلار ھاۋادىكى نىتروگېننى تۇتۇۋېلىپ ئوكسىگېن بىلەن بىرلەشكەن نىتروگېنغا تاپشۇرىدۇ. كۆزلۈكتە ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ تۆگەپ كەتكەندە بۇ بىرلەشكەن نىتروگېننىڭ مەلۇم قىسمى يەردە قېلىپ قالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە چاقماقنىڭ گېپىنى قىلىشى، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ يامغۇر يېغىشى ۋە يەرنىڭ كۆكلىشىنىڭ گېپىنى قىلىشى، بۈگۈن ئىلىم - پەن بىلەن بىلىنگەن ئىلمىي ھەقىقەت بولۇپ، قۇرئان 14 ئەسىر بۇرۇن بۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان. بۇ بولسا، اللە تائالانىڭ تەبىئەتتە قىلغان ئىشىدىن ئىبارەت پىلانلىق قەتئىي ئىرادە مەۋجۇتلۇقىغا چوڭ ھۆججەتتۇر.

## جانلىق ھۈجەيرىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئالامەت

سۈرە ئەنئامنىڭ 95 - ئايىتىدە اللە تائالا: ﴿دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن اللە دۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ اللە دۇر، (اللە نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾ دەيدۇ.

يەنە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر، اللە (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ﴾[2].

ھەر بىر ماددىنىڭ تەركىبىدىكى ئاساسلىق بىر نەرسە بولسا، بارلىق جانلىق مەخلۇقلار ئەڭ ئاددىيسىدىن باشلاپ ئەڭ مۇرەككەپ مەخلۇققا قەدەر، ئاساسلىق بىرلىكمىلەردىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ بىرلىكمىلەر بولسا ھۈجەيرىلەردۇر.

ھۈجەيرە دېگەن ئەڭ كىچىك نەرسە بولۇپ، ھاياتلىق ماددىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق چوڭ كىچىك جانلىق مەخلۇققا ھايات تارقىتىشقا قۇدرەت شۇ ھۈجەيرە بىلەن

[1] سۈرە رۇم 24 - ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 116 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولىدۇ. ھەربىر ھۈجەيرىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ھايات بېرىش ۋەزىپىسىنى شۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلايدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئۇستا سائەتچىنىڭ ماھىرلىقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ ھۈجەيرە ”بىروتوبلازىم“ دەپ ئاتىلىدۇ. دوكتور ۋەلىم سىپورتىز دېگەن كىشى بىروتوبلازىمنى تونۇشتۇرۇشتا مۇنداق دەيدۇ:

”بىروتوبلازىم“ دېگەن ماددا سۇ، تۇز، مەست قىلغۇچى ماددا، ياغ ۋە بىروتىنلاردىن ئارىلاشما ناھايىتى چىگىك بىر نەرسىدۇر. بىر ـ بىرىدىن باشقا بولغان بۇ نەرسىلەردىن ھاسىل بولغان بۇ جانلىق ماددىدا ھايات قۇراشتۇرۇلىدىغان شۇ ئەمەلىيەتلەر پەيدا بولىدۇ. ھەرقانداق ئۆسۈملۈك ۋە جانلىق مەخلۇقلار بىروتوبلازىمدىن قوراشتۇرۇلىدۇ. ئۆسۈملۈك بىلەن جانلىق مەخلۇقلارنىڭ بىروتوبلازىمى تەخمىنەن بىرخىل بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس. بۇ پەرقلەر ئاساسىدۇر ۋە جانلىقتۇر. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، قومچاق توخۇمى يوغىناپ قومچاق بولمايتتى. ئاكاسىيە دەرىخىنىڭ ئورۇقى ئۆسۈپ ئاكاسىيە بولمايتتى. پەرقلەر چوڭ چوڭ بولسىمۇ، لېكىن بىزدىن مەخپى. جانلىقلار توغرىسىدىكى ئىلىم بىلەن ئايدىڭلاشقان ئەڭ ئوچۇق ھەقىقەت شۇكى، بىروتوبلازىم خىللىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ مەنبەئى ھەرقانچە يوشۇرۇن بولسىمۇ، چوڭ مىقداردا بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كۆرىنىدۇ. ئۇششاق چاچقۇن چېكىتلىرى بار توخۇمنىڭ ئاقلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

دوكتور رەسەل تەسارلىز ئەرتەست دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ:

”ھۈجەيرىلەرنىڭ بىرى بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز قىيىن بولىدىغان دەرىجىدە موجمەللىكە يەتكەن. زېمىن يۈزىدىكى مىليونلارچە جانلىق ھۈجەيرىلەر الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا، پىكىر، ئەقىل ۋە قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا مەن الله تائالانىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن“.

## ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر

زېمىندىن ئۈنگەن ئۆسۈملۈكلەر، دانلار، مېۋىلەر الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. الله تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 99 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكلىدە، ھەجمىدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا الله نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار﴾.

الله تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: ﴿شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش)

بىر ـ بىرىگە مىنگەشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى﴾ دېگەن سۆزىنى ئويلاپ كۆرۈڭ! يەنى الله تائالانىڭ يېشىل مايسىدىن دان چىقارغىنىنى ئويلاش كېرەك. بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەننىڭ تەكشۈرۈپ بىلگىنىمۇ بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئۆسۈملۈكلەر يېشىل ياپراق ھۈجەيرىلىرى ۋاستىسى بىلەن غىزا ماددىلىرىنى ئۆزىگە ھاسىل قىلىدۇ. ئىنسان ئىشلىگەن ئەڭ ياخشى زاۋۇت يېشىل ياپراق ھۈجەيرىسىدە بار بولغان زاۋۇتنىڭ ئىلغارلىقىغا يېقىنلىشالمايدۇ. قۇرئاننىڭ بۇ ئىبارىسىنىڭ سىرىنى ئويلاپ بېقىڭ.

تۇپراق ۋە سۇنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا قارىماي مېۋىلەرنىڭ تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولماسلىقىنى قۇرئان بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۈرۈقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۈرۈقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز. بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[1].

قۇرئان كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى يەردىن ئۈنگەن نەرسىلەرنىڭ رەڭلىرى ئوخشاشماسلىقىغا قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن بىلمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەرگە سىڭدۈرۈپ بۇلاقنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن الله ئۇنىڭ بىلەن رەڭگى خىلمۇخىل زىرائەتلەرنى ئۈندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئاندىن الله ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئىبرەت بار﴾[2].

قۇرئان كەرىم ئۆسۈملۈك ئەزالىرىنىڭ ئەركەك چىشىغا بۆلۈنىشىنى، الله تائالانىڭ بارلىقىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئۆزى بىلەن ئۆزى نەسىللىنىدۇ. بەزىسىگە ھاۋا ۋە ھاشارەت ئارقىلىق باشقا ئۆسۈملۈكتىن نەسىللىنىش ماددىسى كېلىدۇ. شۇڭا الله تائالا سۈرە شۇئەرانىڭ 7 ۋە 8 ـ ئايىتىدە:

﴿ئۇلار زېمىننى (يەنى زېمىننىڭ ئاجايىباتلىرىنى) كۆزەتمىدىمۇ؟ زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەت بار، ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتقۇچى بولمىدى﴾ دەيدۇ.

دوكتور لىستەرجون زەمىرمان ئۆسۈملۈكنىڭ قانداق ئۆسۈشى توغرىسىدا سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

"ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىگە يالغۇز قۇياش نۇرى، خىمىيەۋى ماددىلار، سۇ ۋە ھاۋالارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆسۈملۈك ئۇرۇغىنىڭ ئىچىدە بىر خىل قۇۋۋەت بار، ئۇ قۇۋۋەت مۇناسىپ ۋاقىتتا پارتلايدۇ. ئاندىن ئۇ قۇۋۋەت نۇرغۇن چەكلىك ۋە گىرەلەشكەن تەسىراتلارنىڭ بار بولۇشىغا ئىلىپ بېرىپ ئاجايىپ مۆۋاپىق ئىشلەيدۇ. ئۇرۇغ بولسا،

---

[1] سۈرە رەئد 4 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 21 ـ ئايەت.

ئىككى تۈرلۈك ھۆجەيرىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، ھەربىر ھۆجەيرە كۆپلىگەن ماددا ۋە ئەمەلىيەتلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ ئۇرۇغ يېڭى بىر نەرسە بولۇپ ئۆزىنىڭ ھايات يولىنى تاپىدۇ ۋە ئۇرۇغ چىققان ئەسلى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. بۇغداي ئۇرۇقىدىن بۇغداي، ئۈزۈك دەرىخى ئۇرۇقىدىن ئۈزۈك دەرىخى ئۈنىدۇ. ھەر بىر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىرى بىر بىرىگە ئوخشىشىپ قېلىشىغا قارىماي ـ ھەر بىرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەرەپلىرى بار. ئېگىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆسۈشى بىلەن بىللە بەزى ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەردە شېرىكلىشىدۇ.

ھەممە ئۆسۈملۈك ئۆزىنىڭ غىزا ماددىسىنى كاربون 2 ئوكسىد ۋە يورۇقلۇقتىكى سۇدىن ھاسىل قىلىدۇ. ئۇرۇغلاردا، ئۆسۈملۈكنىڭ شاخلىرىدا، ياپراقلىرىدا، گۈل چېچەكلىرىدە ۋە ئوخشاشمىغان ئۆسۈملۈكلەردە بۇلار ئادا قىلىدىغان ئوخشاش ۋەزىپىلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قېلىش بار. بۇلاردا تاشقى تەسىر كۆرسەتكۈچ قۇۋۋەتلەرنى بىردەك قوبۇل قىلىش بار. ھەممە ئۆسۈملۈك كۈن نۇرى بىلەن تىرىلىدۇ، كۈن نۇرىدىن ياكى ئوكسىگىندىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ. مۇندىن باشقا بىر قانچە خۇسۇسىيەتلەردە ھەممە ئۆسۈملۈك ئورتاقتۇر. كۆكتاتلار ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە، خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۇرۇغىدىن ئورۇغقا مىراس قېلىشقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، مۇنداق بىر قانچە قانۇنلارنى ئالدىن پەيدا قىلغان ۋە قارارلاشتۇرغان كىم؟ بۇ سوئال بىزنى تېخىمۇ چىگىش تېخىمۇ چوڭقۇر يەنە بىر سوئالغا يېتەكلەيدۇ. ئۇ سوئال بولسا، دەسلەپكى ئۆسۈملۈك نەدىن كەلگەن؟ ياكى دەسلەپكى ئۆسۈملۈك قانداق يارىتىلغان؟ دېگەن سوئالدۇر.

بىز تەبىئى ئەقلىمىز، ئۇقۇملۇق سۆزىمىز بىلەن بۇ نەرسىلەر ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلغان دېمەككە، ياكى تەسادىپى پەيدا بولۇپ قالغان دېمەككە، ھەرگىز كۆچىمىز يەتمەيدۇ. بىز ئەلۋەتتە تۈپتىن يوق نەرسىنى يېڭىدىن ياراتقۇچىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپماي بولمايدۇ. ياراتقۇچى الله تائالانىڭ بارلىقىغا تەسلىم بولۇش، ئەلۋەتتە ئەقلىمىز بىزگە كەسكىن بۇيرۇغان ئاشكارە بىر نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

## ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل ئىكەنلىكى

الله تائالا سۈرە رۇمنىڭ 20 ـ ئايىتىدە: ﴿الله نىڭ سىلەرنى تۇپراقتىن ياراتقانلىقى، ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولۇپ زېمىندا تارىلىپ يۈرۈشۈڭلار الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾ دېدى.

يەنە الله تائالا سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 78 ـ ئايىتىدە: ﴿الله سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە دىللارنى ياراتتى، سىلەر ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴾ دېدى.

ئىنساننىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا الله تائالانىڭ بارلىقىغا سانسىز دەلىللەر باردۇر. ئىلىم ـ پەننىڭ دائىرىسى قانچە كېڭەيسە ئاجايىپ شەكىلدە يارىتىلغان بۇ ئىنساننىڭ ھېكمەتلىك ياراتقۇچ ئىلاھىي بارلىقىغا دەلىل ئىسپات شۇنچە كۆپىيىدۇ.

ئىنسان قۇرۇلۇشىنىڭ قايسى تەرىپى كىشىنى ھەممىدىن ناھايىتى ھەيران قالدۇرىدۇ؟ ئانا قورسىقىدىكى بالىنىڭ بىر قانچە ھالەتلەرگە ئۆزگىرىپ تولۇقلىنىشى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى ئەمەسمۇ؟ ئىنسان يېمەكلىكى ۋە ئىچىملىكىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشى، ئاشقازانغا كىرگەن تاماقنىڭ ھەزىم بولۇپ ئوخشاشمىغان ماددىلارغا مۇۋاپىق ئۆلچەمدە ئايرىلىشى، تاشقىرىغا ھەيدىلىدىغان كېرەكسىز ماددىلاردىن باشقىسىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان جايغا بېرىشى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرسى ئەمەسمۇ؟

قانىنىڭ ئۆزىنىڭ باش ئورنى بولغان يۈرەكتىن سانسىز تومۇرلار يولى بىلەن بەدەننىڭ ھەر تەرەپلىرىگە ئېقىشى، ئاندىن يەنە يۈرەككە قايتىپ كېلىشى، بەدەننىڭ بۇزۇلغان قىنىنى تۈزۈپ ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاندىن بەدەن پايدىلانسۇن ئۈچۈن تىنىق ئارقىلىق يېڭى ھاۋا ئالمىشىپ تۇرۇشى الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرسى ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ ئاڭلىشى، كۆرۈشى، سۆزلىشى سېزىمچانلىقى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ئادەمگە پەيدا بولىدىغان يادىغا ئەكېلىش ئۆتتۈنۈش، ئىچى پۇشۇش، خۇش بولۇش، بىلىش، بىلمەسلىك، ئامراق بولۇش ۋە ئۆچ كۆرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە نېمە دەيسەن؟ بۇلار ئەلۋەتتە ياراتقۇچى الله تائالانىڭ بارلىقىغا چوڭ ئالامەتتۇر.

## چىشى مەخلۇق قېشىدا ئەركەك يارىتىش ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئالامەت

ئەركەكنىڭ قېشىدا چىشى يارىتىش الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ ئايال ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1]

دۇنيادا ئىنساننىڭ نەسلىنىڭ ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئەر ئايالنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش مەقسەت بىلەن ئەر قېشىغا ئايال يارىتىپ بېرىشى، الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئالەمنى يارىتىشتا مەلۇم مەقسەت بارلىقىغا كۈچلۈك دەلىلدۇر. بۇ دەلىل ئەلۋەتتە ئالەمنىڭ مەقسەتسىز ھالدا ماددا بىلەنلا بار بولغىنىغا قايىل بولىدىغان گۇماننى يېقىتىپ تاشلايدۇ.

ئۇستاز "مۇمىنيە" پرانسىيەنىڭ "ئەلكوسمۇس" ژورنىلىغا بىر ماقالە يازدى، بۇنىڭدا ئالەمنى ياراتقۇچى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دېدى:

"ئەقىل قوبۇل قىلىشتىن باشقا بىر يول بىلەن پەرەز قىلىپ، بۇ ئالەمدە ئىرادىلىك، ئىختىيارلىق ياراتقۇچى بولماستىن، ماددىلار ئۆزىچە ئۇچرىشىپ مۇۋاپىق بىرلىشىپ پەيدا

[1] سۈرە رۇم 21 ـ ئايەت.

بولغان، تەكرار ئۇچرىششلار نەتىجىسىدە بىر ئادەم پەيدا بولغان دەپ باقساقمۇ، ئاشۇنداق ئۇچرىششلار، ئۇدۇل كېلىپ قېلىشلار نەتىجىسىدە ئەر كىشىگە شەكلى كۆرۈنۈشتە پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان، ئىچكى قۇراشتۇرۇلۇشتا تۈپتىن باشقىچە بولغان بىر ئايال كىشى دۇنيانى ئادەم بىلەن ئاۋات قىلىش، ئادەم ئۇرۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۆزىچىلا پەيدا بولغان دېيىشنى ئەقىل قوبۇل قىلامدۇ؟ بۇ ئىش ئەلۋەتتە بۇ ۋۇجۇت ئالەمدە ئاسمان زېمىن ۋە ھەممە مەخلۇقنى يوقتىن بار قىلغان ۋە بۇلارنى تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ياراتقان، ھەر قايسىسىغا بىر تۈرلۈك مىجەز تەبىئەت ئورناتقان، ئۆز ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان باشقۇرىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان قابىلىيەت بەرگەن ئىرادىلىك، خالىغىنىنى قىلىدىغان بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئۆز ئالدىغا بىر دەلىل بولمامدۇ؟“

## ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇغۇش ـ تۇغۇلۇشى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر

ئىنسانلار ۋە ھايۋانلاردىكى ئاشۇنداق داۋاملىق تۇغۇش ـ تۇغۇلۇش الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرسى، قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿الله سىلەر (نىڭ ئۆزنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن ئاياللىرىڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ اللەنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟﴾[1]

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى تۆگىنىڭ تۇغۇشى ـ تۇغۇلۇشىغا نەزەر سېلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى﴾[2]

كىرسى مورىسون دېگەن ئالىم مۇنداق دەيدۇ:

”مەخلۇقاتلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھايات، جانلىق مەخلۇقلارنىڭ نەسىللىنىشىنى مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ نەسىللىنىش ھەر بىر مەخلۇقنىڭ ئىچكى كۈچلۈك بىر قۇۋۋىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مەخلۇق بۇ مەقسەت ئۈچۈن بارلىق پىداكارلىقنى سەرپ ئېتىدۇ. ھايات يوق يەردە بۇ مەجبۇر قىلغۇچ كۈچ يوق. ئۇنداقتا مۇنداق بېسىملىق تۈرتكۈچ نەدىن پەيدا بولىدى؟ پەيدا بولغاندىن كېيىن نېمىشقا مىليونلىغان يىللار داۋام قىلىدۇ؟ بۇ پەقەت ياراتقۇچى الله ئىرادىسىدىن كەلگەن قانۇندۇر“.

”بالى“ ئىسىملىك بىر ئالىم بۇ توغرىدىكى تەسىرلىنىشىنى قول سائىتىگە مەسەل قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى شۇنىڭغا قارىتىدۇ:

”قول سائىتىدىكى بىر سايمان ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىگە، بۇ يەردە مىكانىكىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان زېھنى بىر ئەمەلىيەت بار دېگەندەك شەك پەيدا قىلىدۇ“. ئۇ، يەنە

---

[1] سۈرە نەھل 72 ـ ئايەت.
[2] سۈرە غاشىيە 17 ـ ئايەت.

مۇنداق دېدى: ”ئەگەر بىر سائەتكە يەنە باشقا سائەتلەرنى پەيدا قىلىش كۈچى بېرىلگەن دەپ پەرەز قىلساق، بۇ نەرسە ئىنسان ھايۋانلارنىڭ تۇغۇش ـ تۇغۇلۇشىدىن يۇقىرى مۆجىزە بولالمايدۇ“.

## ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، ئۇچار ـ جانىۋارلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل ئىكەنلىكى

ھايۋانلار ۋە ھاشارەتلەرنىڭ يارىتىلىشى الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان دەلىللەردىن بىرسى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى:

﴿الله ھەر بىر جانىدارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ. الله خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]

ئۇچار قۇشلار الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر، دېگەن ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت اللە تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ بىرلىكىنى كۆرستىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[2]

ھايۋانلار ۋە ئۇچار ـ قۇشلارنىڭ ئەھۋالىردا الله تائالانىڭ بارلىقىغا سانسىزلىغان دەلىللەر بار. بۇ دەلىللەرنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە توم كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. ھايۋانلار توغرىسىدىكى ئىلىم بۇنى بايان قىشقا كۇپايە قىلىدۇ.

”نيوتىن“ ئىسىملىك بىر پەيلاسوپنىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىپ سۆزلىگەن بىر ماقالىسىنى ئوقۇدۇق، ئۇ كىشى مۇنداق يازىدۇ:

”ھايۋانلار جىسمىلىرى مۇنداق مىسلىسىز ھۈنەر بىلەن قانداق بارلىققا كەلتۈرۈلدى؟ ۋە قايسى مەقسەت بىلەن بۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەزالىرى قوراشتۇرۇلدى؟ كۆرۈشنىڭ ئۇسۇل قانۇنلىرىنى بىلمەستىن كۆز ياسىلىشى ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ئاۋاز ئاڭلاش قانۇنلىرىغا يېقىن كەلمەستىن قۇلاقنىڭ ياسىلىشىلا ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن يېخىلىنىپ تۇرۇشى قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ھايۋانلارغا تەبىئى ئىلھام نەدىن كەلدى؟“

بۇ پەيلاسوپ سۆزۈنى داۋام قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

”ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئاجايىپ ۋە كامىل شەكىل سۈرەتلەردە بارلىققا كېلىشى، بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىمامدۇكى، ئۇ ئىلاھ جىسىم ئەمەس، دائىم ھايات، ھەر ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى بىلگۈچى، ھەممە يەردە بار ۋە ھەر نەرسىنىڭ راستىنى كۆرگۈچى ۋە بىلگۈچى زاتتۇر“.

---

[1] سۈرە نۇر 45 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 79 ـ ئايەت.

## ئاللاھقا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنۇتۇلغان تەبئىي تونۇشتۇر

دىن توغرىسىدىكى يېڭى ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈشلەر، چوڭقۇر نەزەر سېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشكارلىدى. ئۇ ئىشلار بولسا، ئەزەلدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان پۈتكۈل ئىنسانلاردا دىنغا ئىشىنىش تەبىئىتى ئەسلىدىلا بار، ھېچبىر ئىنسان بالىسى دىنسىز ئەمەس، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

نۇرغۇن ئالىملار: اللّٰه تائالانى ئۇيلاش ياكى دىننى ئۇيلاش ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ھالدا ھەرقانداق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا بېكىتىلگەن تەبئىي ئاڭ بولۇپ ئىنساننىڭ ئەقلىدە مەۋجۇتتۇر. لېكىن، بۇ پىكىرنى بىزگە ئەڭ ئالىي پەيدا قىلغۇچى اللّٰه تائالا پەيدا قىلدى، دېگەن قاراشقا كەلدى. دىنغا ئىشىنىش ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا بېكىتىلگەن تەبئىي ئاڭ، دېگەن پىكىردە ئالىملارنىڭ مەشھۇرراقى ”ئىسكەتلەندى ئەندرىيەلەنج“ دېگەن ئىسىملىك ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق:

1 ـ ھەر بىر ئىنساندا ”ھەر نەرسىنىڭ بار بولۇشىدا بىر سەۋەب بار“ دېگەن ئاڭ بار. بۇ ئاڭ ”ئالەمنى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى ۋە ياسىغۇچى بىر ئىلاھ بار“ دېگەن ئەقىدە پەيدا بولۇشىغا كۈپايە قىلىدۇ. ھەر ئىنساندا بۇ ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى ياساپ چىققان كۈچ توغرىسىدا ئويلىنىش بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، مەخلۇقلارنى ياسىغۇچىنىڭ بارلىقىغا ۋە شەيئىلەرنىڭ ئۆزلىكىدىن ياسىلىپ قالمايدىغانلىقىغا تەن بېرىدۇ.

2 ـ تارىخىي ھۆججەتلەردىن قەدىمقى ياۋايى ئادەملەرنىڭ دادا، خوجا ۋە ياراتقۇچىغا ئەقىدە قىلىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

3 ـ باشلانغۇچ دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھالىتى پاكىزە ۋە سۆزۈك چاغدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىنىي تۇيغۇ بار ئىدى. كېيىنكىلەردە خۇراپىي مەزھەبىي پەيدا بولغان ئىدى.

ۋىنا شەھرى ئالىي مەكتىپىنىڭ ئۇستازى ”لىيوبولدىپۇن“ نىڭ تەكشۈرۈشلىرىمۇ مەزكۇر ئالىم ”لەنج“ نىڭ پىكرىنى ئىسپاتلىدى. بۇ كىشىنىڭ تەكشۈرۈشىچە ياۋرۇپادىكى قەدىمكى ”ئارىيانلار“ نىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھقا ئەقىدە قىلىش پىكرى بارلىقى ئىسپاتلانغان. ئارىيانلار ئەقىدىسىدىكى دىنىنىڭ ئاساسى مۇنداق ئۈچ خىل ئىكەن:

1 ـ تەبىئەتكە ئىبادەت قىلىش.

2 ـ ئۆلۈكلەرگە ئىبادەت قىلىش.

3 ـ ئەڭ ئالىي ۋە ھەممە مەخلۇقنى ياراتقۇچى ئىلاھقا ئىبادەت قىلىش.

لېكىن، بۇ ئۇستاز مەزكۇر ئۈچ ئاساسنىڭ قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالمىغان. ئۇ باشقا بىر ماقالىسىدە بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىنىڭ كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويغان.

دوكتور ”كەرۇبە“ كالىفورنىيەنىڭ ھىندىلىرى توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى نەشر قىلدى. ئۇ، بۇ مۇلاھىزىلىرىدە، ئىسپاتلىنىشىچە بۇ قەبىلىلەر شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ قەدىمقى قەبىلىلىرىدىن بىرسى ئىدى، دېگەن. بۇ دوكتورنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ قەبىلىنىڭ ئەڭ ئالىي بىر ئىلاھقا ئىبادەت

قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغانلىقى كۆرۈنىدۇ. بەلكى، بۇ ھىندىلار ھەممە قۇدرەت ۋە ھەممە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان، ئالەمنى ياراتقۇچى زاتنى، ئالىي يارىتىلغان مەخلۇقلار ۋاستىسى بىلەن تونۇغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

ئادەم جىنسىلىرىنى تەكشۈرگۈچى ئالىم ''شەمەت'' نىڭ ئىسپاتلىشىچە ئافرىقىنىڭ ''قوزمى'' مىللىتى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىلاھ بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلارنىڭ ئەڭ قەدىمقىلىرىدىندۇر. بۇ ئالىم قاراتەنلىك قەبىلىلەرنىڭ تولارىقىدا ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىش مەۋجۇتلۇقىنى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاۋۇستىرالىيە ۋە شىمالىي ئامېرىكا ھىندىلىرىمۇ ئىلاھنىڭ بىرلىكىگە بولغان ئەقىدىسىنىڭ بارلىقىنى، ئاندىن كېيىن بۇ قەبىلىلەر مەدەنىيەتتىن بىر قانچە ھالەتلەرگە ئۆزگىرىپ دىنىي پىكرىگە زىتلىق پەيدا بولۇپ نەتىجىدە بىر قانچە ئىلاھقا ئىشىنىش پەيدا بولغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك ئەڭ ئالىي بىرلا مەۋجۇت ئىلاھنىڭ قېشىدا بىر قانچە ئالىي مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

''رېنان'' ئىسمىلىك ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە: ''سامىللار ئۆز تەبىئىتى بىلەن بىرلا ئىلاھقا يەنى الله غا ئەقىدە قىلغۇچىلاردۇر''. رېنان بۇ قارىشىنى سامىلەر كېيىن ئىبادەت قىلغان ئىلاھلارنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ، ئۇلارنىڭ تىلىدا ''ئىل'' دېگەن ئىسىملىك بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى بىلگەن. بۇ ''ئىل'' دېگەن ئىسىم قەبىلىلەر لەھجىسىدىن ئۆزگىرىپ ئىبرانىيلار لەھجىسىدە ''يەھۇ'' ''يەھوە'' ''ئەلوھىم'' غا ئۆزگەرگەن. ئەرەبلەر تىلىدا ''ئەللات'' ''ئاللاھ'' ''ئىلاھ'' غا ئۆزگەرگەن، ئەسلىدە ھەممىسىدە قارىشىدا ئىلاھ ''ئىل'' ئىدى.

ھايات مەخلۇقلار تەبىئىتى ئىلمىنىڭ ئۇستازى بول كىلىر ئەنس ئەيوسولىد مۇنداق دەيدۇ: ''ئىنسانلارنىڭ بۇ ئالەمنىڭ قانداق بارلىققا كەلگىنىنى چۈشىنىشكە ياردەم تېپىش ئۈچۈن ئۆز ئەقلىدىن كاتتىراق بىر ئەقىل ۋە ئۆز پىلانىدىن مۇستەھكەمرەك ۋە كەڭرەرەك بىر تەدبىردىن خەۋەردار بولۇشقا يۈزلىنىشى ۋە ئىزدىنىشى بولسا، الله تائالانىڭ قۇدرىتىدىن ۋە پىلانىدىن ئىبارەت بىر چوڭ كۈچ ۋە چوڭ تەدبىر بارلىقىغا بولغان دەلىل ھېسابلىنىدۇ.

يالغۇز ماددىي ئىلىم دەلىللىرىنى ئاساس قىلىپ ياراتقۇچى الله تائالانىڭ بارلىقىغا تولۇق تەسلىم بولۇشقا ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن، بىز ئىلمىي دەلىللەر بىلەن روھىي دەلىللەرنى بىرلەشتۈرگەندە ئاندىن الله تائالاغا كامىل ئىشىنىشكە يېتەلەيمىز. يەنى بىز بۇ ھەددى ھېسابى يوق كەڭ ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ئالەم تەرىپىدىن ھاسىل قىلغان مەلۇماتىمىز بىلەن ئىچكى سەزگۈلىرىمىزنى ۋە كۆڭلىمىزنىڭ تارتىشىنى قوبۇل قىلىشىمىزنى ۋە چوڭقۇر پىكرىمىزدىن كېلىپ چىققان روھىيىمىزنى بىرلەشتۈرگەندە، ئاندىن الله تائالاغا ھەقىقىي ئىشىنىش ھاسىل قىلالايمىز. ئەگەر بىز مىليونلىغان ئاقىل زىرەك ئالىملارنى الله تائالاغا ئىشىنىشكە چاقىرغان ئىچكى سەۋەب ۋە تۈرتكىلەرنى ساناپ كۆرمەكچى بولساق، بۇ سەۋەبلەرنىڭ تۈرى كۆپ ۋە سانسىز تولا ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنچە كۆپ بولغاننىڭ ئۈستىگە الله تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىشى،

كۈچلۈك ھەمدە كىشىنى الله تائالاغا ئىشىنىشكە ھەيدىگۈچى سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

ئىسلامدا ئىنسان ئەقىللىرىنى ھەيران قالدۇردىغان دەلىللەردىن بىرسى شۇكى، ئىسلام بۇ ئىلىم جەھەتتە يېڭى ئىلىم ـ پەندىن 13 ئەسىر ئالدىدا ئېشىپ كەتكەن. قۇرئان بۇ تەرەپنى چوقۇملاشتۇرۇپ سۈرە رۇمنىڭ 30 ۋە 31 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. الله غا تەۋبە بىلەن قايتىڭلار. الله دىن قورقۇڭلار، نامازنى ئادا قىلىڭلار، مۇشرىكلاردىن بولماڭلار﴾.

دىنغا ئىشىنىش بولسا ئىنساندىكى تەبىئىي خۇي، الله ئىنساننى ئىشىنىش تەبىئىتى بىلەن ياراتقان. دىنغا ئىشىنىشنىڭ ئاساسى ئۇلى ئالەمنى ياراتقۇچىغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يوق يالغۇزلىقىغا ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى قۇرئان تەكىتلەيدۇ. ئىنسان ئۆزى يالغۇز تورۇپ ئويلىسا، ئۆزىنىڭ ئۇ ياراتقان ۋە نېمەت بەرگەن بىر ھېكمەتلىك ۋە كۈچلۈك ئىلاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

الله تائالانىڭ "ھەنىيفەن" يەنى (ئاللاھنى تەۋھىدلەپ يوق يالغۇز دەپ ئەقىدە قىل) دېگەن سۆزنى ئويلاپ كۆرگىن. ئاندىن الله تائالانىڭ "لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ" دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىغا قارىغىن. بۇ سۆز راست. چۈنكى، دىنغا ئىشىنىش ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن تەبىئى ئاڭ ئىكەنلىكىنى، دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان روھىغا تەسىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن ۋاقىپ بولغان ئازساندىكى كىشىلەردىن باشقىسى بىلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ سۆز قۇرئاننىڭ ئىلمىي مۆجىزىسى بولماي مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى قۇۋۋەتلەپ ھەدىس قۇدۇستا الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

«بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسى الله غا ئىشىنىشكە مايىل تەبىئەت بىلەن يارىتىلدى. ئاندىن شەيتان ئۇلارنى ئۆز دىنلىرىدىن ئازدۇردى ۋە ماڭا بىرەر مەخلۇقنى شېرىك قىلىپ باش ئېگىشكە بۇيرىدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزمۇندا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى تۇغۇلىدىغان ھەربىر بالا يالغۇز الله تائالاغا ئىشىنىش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. ئاندىن ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، يا خرىستىئان قىلىدۇ، يا ئوت پەرەست قىلىدۇ». يەنى بىر بالا ئىسلام دىنى مۇقەررەر قىلغان خالىس تەۋھىد (ئۇلۇغلۇق الله غا خاس دېگەن تونۇش) بىلەن ۋە الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش ئارىلىشىپ قالمىغان ئەقىدە بىلەن تۇغۇلىدۇ. پەقەت ئاتا ـ ئانا ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە دەۋرىنىڭ ۋەزىيىتى ئۇ بالىنى ئەسلى يارىتىلغان تەبىئىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئىنساننىڭ بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ياراتقان ئىگىسىنى چاقىرىپ (ئاھ خۇدايىم) دەپ دۇئا قىلىشى دىنغا ئىشىنىشنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى تەبىئىي ئاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

”ئۇستاز كېرىسى مورسۇن“ مۇنداق دەيدۇ:
”ئىنسان دۇنياغا يارىتىلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن، كۈچلۈك ۋە كاتتا بىر زاتتىن ياردەم، كۈچ - قۇۋۋەت تىلىشكە تۈرتكە بولىدىغان ئۆزىدە بىر قۇۋۋەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ كەلگەنلىكى، ئىنساندا دىنغا ئىشىنىشنىڭ ئىنساندىكى تەبىئىي ئاڭ ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ. ئىلىمنىڭ بۇنىڭغا ئىقرار قىلىشى لازىم بولىدۇ“.
قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى كۆپ ئايەتلىرىدە ئېلان قىلدى. جۈملىدىن الله تائالانىڭ سۈرە رۇم 33 - ئايىتىدىكى: ﴿ئىنسانلارغا بىرەر زىيان - زەخمەت يەتكەن چاغدا، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىخلاس بىلەن ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاندىن الله ئۇلارغا رەھمىتىنى تېتىتقان چاغدا، ئۇلاردىن بىر پىرقە دەرھال پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ئۇلاردىندۇر.
ۋە الله تائالانىڭ سۈرە لوقمان 32 - ئايىتىدىكى ﴿(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن الله غا ئىلتىجا قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى شۇلاردىندۇر.
ئىنسان ئۆز ئىچىدە ئۆزىنىڭ يارىتىلغان تەبىئىتى بىلەن الله تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ ۋە بېشىغا قاتتىقچىلىق كەلگەندە ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە كۈچ قۇۋۋەت تىلەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ.
يۇقىرىقى ئالىم، ئۇستا، دوكتورلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغىنى شۇكى، يېڭى دىنى تەكشۈرۈشلەر قۇرئان ئىسپاتلىغان ھەقىقەتنىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ بولسا، دىنغا ئىشىنىش ئەسلىدە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئورنىتىلغان تەبىئىي ئاڭ دېگەندىن ئىبارەت. قۇرئان چۈشكەن زامانغا قارىساق، ئۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئىنساندا تەبىئىي ئاڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ الله تائالادىن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستىن الله تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولمامدۇ؟

## بۈگۈنكى ئىلىم - پەننىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىشكە چاقىرۋاتقانلىقى

ئىلىمدىن ناھايىتى ئاز بىر نەرسە بىلگەن بەزى ئادەملەر ”دىنغا ئىشەنمەسلىك ئىلىمنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىدىن بىرسى دەپ گۇمان قىلىدۇ ۋە بىلىمى كۆپ كىشىلەر دىنغا بەكرەك تانىدۇ“ دەپ ئويلايدۇ.
ئەمما ئەمەلىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىلىم ھېچ قانداق زامان ئىلىم ئىگىسىنى خۇداسىزلىققا ئېلىپ بارمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ راستىنى سۈرۈشتۈرگۈچى ئالىم ئۆزىنى ھەددى ھېسابى يوق ئالەم ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ۋە ئۇ ئالەمنى ھېچ بىر قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەيدىغان قاتتىق ئىنتىزام ئىدارە قىلىۋاتقىنىنى ئويلاپ بىلىدۇ ۋە دەرھال مۇشۇنداق چوڭ ئالەمنى ياراتقان ئىلاھىي قۇدرەتكە باش ئېگىپ يېقىلىدۇ.

گېرمانىيىلىك دوكتور ”دىنرەت“ بىر ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىسىدا كېيىنكى توّت ئەسىر ئىچىدە ئەقىللەرنى نۇرلاندۇرغان چوڭ ئالىملارنىڭ پەلسەپەۋىي پىكىرلىرىنى تەھلىل قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. 290 ئالىمنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە 28 ئالىمنىڭ ھېچ قانداق ئەقىدىسى يوقلۇقى، 242 ئالىمنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ الله تائالاغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى ۋە 20 ئالىمنىڭ دىن تەرىپىگە ياكى دىنسىزلىق تەرىپىگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويدى.

ئەگەر بىز ھېچ قايسى تەرەپكە پەرۋا قىلمىغانلارنى خۇداسىزلارغا قوشۇپ ھېسابلىساق، چوڭ ئالىملارنىڭ 84% نى الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ سېلىشتۇرما ماددىيچىلارنىڭ ئىلىم بىلەن دىنغا ئىشىنىش بىر ـ بىرىگە زىت بولۇشى ئالىملارغا خاس ئالاھىدىلىك دېگەن گۇماننىڭ ئاساسسىز خاتا گۇمان ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ ۋە شۇنىمۇ كۆرسىتىدۇكى، ئىلىم بىلەن ئىشىنىش بىر ـ بىرىنى كامىللاشتۇرىدىكى، ھەرگىز بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ.

بىز يۇقىرىقى سانلارنى سۆزۈدىن نەقىل قىلىپ ئالغان دوكتور ”لىيونۇۋتى“ مۇنداق دەيدۇ: ئۆتكەن ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن ئۆتكۈر ئەقىللىق چوڭ ئالىم باستۆر مۇنداق يازىدۇ:

”خۇداغا ئىشىنىش ھەرقانداق تەرەققىياتقا توسالغۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق ئىلمىي تەرەققىيات الله تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تەرتىپ ئىنتىزام ۋە مۇناسىپلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر مەن ھازىر بىلگىنىمنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، الله تائالاغا ئىشىنىشىم ھازىرقىدىن چوڭقۇرراق ۋە مۇستەھكەمراق بولاتتى“.

ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

”توغرا ئىلىمنىڭ ماددىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە توغرا ئىلىم الله تائالانى تېخىمۇ زىيادە بىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، ئىلىم بولسا ئالەمنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش ۋاستىسى بىلەن ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ ماھىر ۋە ئەقلى ئۆتكۈرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئالەمنى تەدبىرلىك ئىدارە قىلىش قانۇن تۈزۈملىرىنى ياراتقان ھېكمىتىنىڭ ھەددى ھېسابسىز كامىللىقىغا دالالەت قىلىدۇ“.

خىمىيە مۇئەللىمى ۋە پەنلەرئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى ۋە پارىژ تىببى ئىنستۇتىتىنىڭ مۇدىرى دوكتور ”ۋەتەز“ مۇنداق يازىدۇ:

”الله تائالاغا بولغان ئەقىدەمنىڭ قايسى بىر ۋاقىتتا بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغىنىنى سەزسەم دەرھال ئەقىدەمنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پەن ـ تەتقىقاتلىرىمغا يۈزلىنىمەن“.

ئاسمان جىسىملىرى تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسى ۋە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئەزاسى ”پاي“ ئۆزىنىڭ ”ئالەملەرنىڭ ئەسلى“ دېگەن ئەسىرىدە: ”ئىلىم ئىگىسىنى، ئىلىم الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، دېگەن گەپنى سۆزلەش خاتا“ دەيدۇ.

سوربۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئەللىمى جاھانغا نامى مەشھۇر گېئولوگىيە ئالىمى ”ئەرمۇن ھەربەت“ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىلىمنىڭ بىر كىشىنى الله تائالاغا ئىنكار قىلىشقا

ئېلىپ بېرىشى ياكى ماددىغا ئىشىنىشكە ئېلىپ بېرىشى ياكى شەكلىنىشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس“.

تەبىئەتشۇناس ئالىم ۋە تارىخچى ”پابىر“ مۇنداق دەيدۇ: ”ھەر زاماندا ئەقلىدىن ئازغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. مەن الله تائالاغا ئىنكار قىلىشنى ئەقلىدىن ئازغان قاراش ۋە ھازىرقى زاماندا پەيدا بولغان كېسەل دەپ ھېسابلايمەن، كىشىلەر مەندىن الله تائالاغا ئىشىنىشىمنى تارتىپ ئالغانلىقى ئورنىغا تېرەمنى سويۇپ ئالغىنى ماقۇل ئاسانراق تۇيۇلىدۇ“.

يۇقىرىقى تەبىئەت ئىلمىنىڭ بەزى ئاساسلىق ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى بولۇپ بۇ پىكىرلەرنى ”لىيونۇوتى“ سۆزلىگەنلىرىدىن تاللاپ ئالدۇق.

دوكتور ”ئەندروكونۋاي ئىپىي“ دىن: ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلارنىڭ تولاراقى دىنسىز، دەپ ئاڭلىدىم، بۇ ئاڭلىغىنىم توغرىمۇ؟ دەپ، سوئال سورالغاندا دوكتور جاۋاب بېرىپ:

”مەن بۇ سۆزنى راست دەپ قارىمايمەن، بەلكى مېنىڭ تونۇشۇم بۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭ ئوقۇش، ماتېرىيال كۆرۈش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىلىشىمچە، ئىلىم مەيداندا مەشغۇل بولغان بۈيۈك ئالىملارنىڭ كۆپرەكى دىنغا ئەقىدە قىلغۇچىلاردۇر. لېكىن خەلقلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىشتا ۋە ئۇلارنى چۈشىنىشتە خاتالاشقان“.

دوكتور يەنە سۆزىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ:

”دىنسىزلىق ياكى ماددىغا ئىشىنىدىغان دىنسىزلىق، ئىلىم ئادەملىرى ئۆزىنىڭ پىكىر يۈرگۈزىشىدە، ئىشلىشىدە، ھاياتىدا داۋاملاشتۇرغان يولىغىمۇ قارىمۇقارشىدۇر. ئىلىم ئادەملىرى ئەمەل قىلغان پرىنسىپ بولسا، ھېچ بىر سايماننىڭ ياسىغۇچىسى بولماي بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت. ئىلىم ئادەملىرى ئەقلىنى، تونىغان ھەقىقەتلەرگە ئاساسەن ئىشلىتىدۇ. ئۈمىدلەنگەن ۋە قەلبىگە ئىمان توشقان ھالدا ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئىشىنى مەرىپەت سۆيگەن، خەلقىنى سۆيگەن، الله تائالاغا مۇھەببەت باغلىغان ھالدا ئىشلەيدۇ“.

دوكتور ”ئەلبەرت ماكۇب نىشەشتەر“ نىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى بايان قىلىمىزكى، ئۇ، ”ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇشۇم الله تائالاغا ئىشىنىشىمنى كۈچەيتتى. ھەتتاكى الله تائالاغا ئىشىنىشىم بۇرۇنقىدىن كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەملەندى. ئىلىملەر ئىنسانغا الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى ئەقلى بىلەن كۆرۈشنى زىيادە قىلىشتا شەك يوق. قاچانكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەكشۈرۈشى دائىرىسىدە يېڭى بىر بىلىم بايقىسا، الله تائالاغا ئىشىنىشى زىيادە بولىدۇ“ دەيدۇ.

”لورد كىلپەن“ نىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل قىلىمىزكى، ئۇ: ”چوڭقۇر ئويلىساڭ بىلىسەن، ئىلىملەر سېنى پات يېقىندا الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ“ دېدى.

مەشھۇر ئالىم ”ئەينىشتېين“ مۇنداق دەيدۇ: ”ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئەڭ يارامىلىق ۋە ئەڭ كۈچلۈك نەتىجىسى الله غا ئىشىنىشتۇر“.

ئالىملارنىڭ سۆزلىرىنى ئەنگلىيە پەيلاسوپى ”پرانسىس بېيكون“ نىڭ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز: ”ئاز ۋە يېتەرسىز بولغان پەلسەپە ئىنساننى دىنسىزلىققا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىلىم پەلسەپىسىدە چوڭقۇرلىشىش ئۇ ئىنساننى يەنە دىنغا قايتۇرىدۇ“.

بۇ ئالىملارنىڭ الله تائالاغا ئىشىنىشىنىڭ سەۋەبى بۇلارنىڭ ئىلىم ئىگىلىرى بولغانلىقىدۇر. بۇلارنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ ھەقىقەت بۇنىدىن قۇرئان مۇندىن 13 ئەسىر بۇرۇن قۇرئاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، قۇرئان شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇكى، الله تائالادىن تولۇق قورقۇشنى قۇرئان ئالىملارغا خاس قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[1].

چۈنكى، ئالىملارغا بېرىلگەن چوڭقۇر قاراش، راستىنى سۆرۈشتۈرۈش، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتلىرى سەۋەبى بىلەن، ئۇلار بارلىق ئالەمدىكى الله تائالانىڭ ئاجايىب گۈزەل ۋە سىرلىق ئىشلىرىغا ۋاقىپ بولىدۇ ۋە ئالەمدىكى باشقىلارغا ئېچىلمىغان مۆجىزىلەرنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئالىملار ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەيدىغان بولغاچقا، الله تائالا ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

ئالىملارنىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىنى مالائىكىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر دەرىجىگە قويىدى. مالائىكىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى شەك شۈبھىگە يول قويمايدىغان گۇۋاھلىقتۇر. الله تائالانىڭ بۇ سۆزىدە ئالىملارنىڭ پىكرى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش مەنىسى بار.

بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن ئالەمدىن ئىبارەت كىتابتا، الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل تۇرغۇزدى. ئىلىم ـ پەن تۇرغۇزغان دەلىللەرنى قۇرئان خېلى بۇرۇن تۇرغۇزغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئىككى دەلىل بىرلەشتى. قۇرئاننىڭ دەلىلى ۋە ئالەمنىڭ كىتابىنىڭ دەلىلى.

## ماددىزىمچى دىنسىزلار بىلەن مۇنازىرە

ماددىزىمچىلار، بارلىق ئالەمنى بىر ياراتقۇچى ياراتقان دەپ، ئېتىقاد قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار، بارلىق ئالەمدىكى مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن بار ئىدى، ماددىدىن پەيدا بولغان، دېيىشىدۇ. تەبىئەتتىكى قانۇن ئىنتىزاملار تاسادىپى ئۇدۇل كېلىپ قىلىش يولى بىلەن پەيدا بولغان ۋە ئارقىما ـ ئارقا ئۆزگىرىش بىلەن شۇنداق كامىللىق ۋە پۇختىلىققا

---

[1] سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 18 ـ ئايەت.

يەتكەن، دېيىشىدۇ. ماددىچىلارنىڭ بۇ تەلىماتلىرى بەزى ئادەملەرگە يۇقۇپ دىنسىزلاشتى. بۇلارغا رەددىيە قىلىش ۋە بۇزۇق پىكىرلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىشنى كۆپ ئالىملار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز بۇ يەردە ئالىملارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز.

## تەسادىپى پەيدا بولۇپ قېلىش قارىشىنىڭ يالغانلىقى

دوكتور ”ئىرپەنج ۋەليام“ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن اللە نى بار دەپ ئەقىدە قىلىمەن. چۈنكى، تەسادىپى پەيدا بولۇپ قېلىش دېگەن، نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋۋەلى ئېلېكترون ۋە پروتونلارنىڭ ياكى ئەۋۋەلقى زەررىلىرىنىڭ ياكى ئەۋۋەلقى ئىشەنچلىك ھومۇزلارنىڭ ياكى ئەۋۋەلقى پروتوپلارنىڭ ياكى زېمىننىڭ ئەۋۋەلقى ئۇرۇغىنىڭ ياكى ئەۋۋەلقى ئەقلىنىڭ ئالەمگە ئاشكارە بولۇشىنى بىزگە شەرھلەپ بېرەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن اللە تائالانى چوقۇم بار دەپ ئەقىدە قىلىمەن. چۈنكى، مۇقەددەس اللە تائالانىڭ بارلىقى بىزنى قورشاپ تۇرغان ۋە كۆزۈمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئالەمنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىزگە ئەقىل ئۆلچەمگە مۇۋاپىق شەرھلەپ بېرىدۇ“.

دوكتور ”ۋاين ئولت“ مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنى سايمان شەرھلەشتەك شەرھلەشنى مەقسەت قىلغان نەزەرىيىلەر ئالەمنىڭ دەسلەپ پەيدا بولۇشىنى شەرھلەشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئالەمنىڭ دەسلەپ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ كېيىن بارلىققا كەلگەن مەخلۇقلارنى تەسادىپى پەيدا بولۇپ قالغان، دەيدۇ. اللە تائالانىڭ بارلىقىنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا تەسادىپى پەيدا بولۇش نەزەرىيەسىنى تېڭىشتۇرۇلىشتى. لېكىن، دىنىي ئېتىبارلىرىدىن كۆز يۇمغان ھالدا ئېيتىمىزكى، تەسادىپى پەيدا بولۇشنى ئويلىغاندىن كۆرە اللە تائالانىڭ بارلىقىنى ئويلاش ئەقلىنىڭ ئۆلچىمىگە يېقىنراق. بەلكى، بۇ ئالەمنى باشقۇرۇۋاتقان ئاجايىپ ئىنتىزام، ئالەمنى تەرتىپ ئىنتىزامغا بويسۇندۇرۇپ ئىدارە قىلغۇچى ئىلاھنىڭ بارلىقىغا قەتئىي دالالەت قىلىدۇكى، ھەرگىز قارىغۇ تۆگىدەك قالايمىقان دەسسەيدىغان تەسادىپى پەيدا بولۇشقا دالالەت قىلمايدۇ.

نيۇيورك شەھىرىدىكى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق رەئىسى بۈيۈك ئالىم ”كېرسى مورسون“ ئالەمدىكى ھاياتلىقنىڭ سىرىدىن ۋە بۇ ھاياتلىق ماددىنىڭ سەۋەبىدىن بولغانمۇ؟ دېگەنلىك ھەققىدە سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

”بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي قاراش شۇكى، ۋەزىيەت شارائىت ياكى ھەرقانچە ھاياتقا مۇۋاپىق بولغان ماددا خېمىيەۋىي ئورۇن ۋە تەبىئەتتىكى تەسادىپى پەيدا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆدۈل كېلىپ قېلىشلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس“.

ئۇ، يەنە مۇنداق دېدى: ”ھايات بولسا، ئاڭ سىزىمىنىڭ بىرلا مەنبەسىدۇر. بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ ئۈستىگە پەردە تارتىلىپ قالغان بولسىمۇ، بىزنى اللە تائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى بىلدىغان ۋە اللە تائالانىڭ جامالىغا ھەيران بولىدىغان قىلىدىغىنى، يالغۇز ھايات ۋە ئاڭ سىزىمىدۇر“.

تەسادىپى پەيدا بولۇش نەزەرىيىسى، قوبۇل قىلغىلى بولغىدەك ئىلمىي دەلىلى بولمىغان، پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ۋە ساغلام ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان نەزەرىيەدۇر. شۇڭا قۇرئاننىڭ مۇنداق شەك شۈبھىگە دۇچار بولغان ئادەملەرنى قانائەتلەندۈرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن سۆز قىلىپ ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بىر سەۋەبچىنىڭ بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ سەۋەبچى الله تائالادۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:.

﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى الله نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟﴾[1]

قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى مەخلۇقلارنى يارىتىشتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ياراتقۇچىنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەن ئىلىم ئىگىسى ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھېكمەت تەرەپكە قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمىتىگە مۇۋاپىق، جايىدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى﴾[2] تاسادىپىيلىق ھەرگىزمۇ ئىلىم ۋە ھېكمەت ئىگىسىنى ۋە بىرەر ئىشنى پۇختا قىلىش خۇسۇسىيىتى بار بىرەر مەخلۇقنى يارىتالمايدۇ.

## ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ دەسلىۋى بار

سان پىرانسىسكو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە جانلىق مەخلۇقلار تەكشۈرۈش ئىلمىنىڭ ئۇستازى دوكتور ”ئەدۋارد لوسەر كىسىل“ ئالەم ئەزەلدىن بار دېگۈچى ماددىچىلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

”ئىلىم - پەنلەر ئالەمنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئىنتايىن روشەنلىك بىلەن ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، يەر يۈزىدە قىزىق جىسىملاردىن سوغۇق جىسىملارغا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان قىزىقلىق بار. ئۆز كۈچى بىلەن بۇنىڭ ئەكسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى قىززىق جىسىمدىن سوغۇق جىسىمغا يۆتكىلىپ كېلىۋاتقان قىززىقلىقى ئارقىغا يېنىپ سوغۇق جىسىمدىن قىززىق جىسىمغا يۆتكىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئالەمدىكى بارلىق جىسىملارنىڭ قىززىقلىق گىرادۇسى ئاخىرىدا ئوخشاش تەڭشىلىپ قېلىشى، لازىم بولىدۇ. ھېچ نەرسىدە كۈچ مەنبەئى قالمايدۇ. ئۇ چاغدا دۇنيادا خىمىيەۋى ئەمەلىيەت ياكى تەبىئىي ئەمەلىيەت بولمايدۇ. ئاندىن بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىدە ھاياتنىڭ تەسىرى بولمايدۇ (دۇنيادىكى ھەممە نەرسە يوقۇلىدۇ). لېكىن، دۇنيادىكى مەخلۇقلارغا قارىساق ھايات داۋام قىلىۋاتىدۇ. خىمىيەۋى ئەمەلىيەتلەر، تەبىئىي ئەمەلىيەتلەر ئۆز يولىدا مېڭىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەمنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشى، مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئالەمنىڭ كۈچى خېلى بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن ۋە بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ھەرىكىتى توختاپ قالغان بولاتتى. ئىلىم - پەن تەتقىقاتلىرى

---

(1) سۈرە ئىبراھىم 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە سەجدە 7 - ئايەت.

شۇنىڭدەك ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئالەمنىڭ پەيدا قىلىنىشىنىڭ باشلىمى بار، دېگەن قاراشقا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم ـ پەن اﷲ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. سەۋەبى، ھەر نەرسىنىڭ باشلىنىشى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى باشتىن پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇنىڭغا دەسلەپ پەيدا قىلغۇچى ياكى دەسلەپتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ياكى ياراتقۇچى بولۇشى لازىم ئەلۋەتتە. ئۇ بولسا، ھەقىقىي مەئبۇد اﷲ تائالادۇر“.

قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، قۇرئاننىڭ بۇ ئالەمنىڭ باشلىنىشى بارلىقىنى ۋە ئالەمنى باشتىن دەسلەپتا يارىتىش اﷲ تائالانىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى، ئوچۇق سۆزلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

اﷲ تائالا قۇرئان كەرىمدە سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ 19 ـ ئايىتىدە: ﴿ئۇلار (يەنى ئىنكار قىلغۇچىلار) اﷲ نىڭ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە يوقتىن قانداق بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ بۇ اﷲ غا ھەقىقەتەن ئاساندۇر (ئۇلار بۇنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىدۇ، دەسلەپتە يارىتىشقا قادىر بولغان زات قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر)﴾ دەيدۇ. قۇرئان يەنە ئالەمنىڭ يوقىلىپ تۈگىشىگە بارىدىغانلىقىنى، ئوچۇق سۆزلەيدۇ. دۇنيانىڭ يوق بولىدىغان ۋاقتى قىيامەت كۈنىدۇر. بۇ كۈندە ھەرنەرسىدە ھەرىكەت كۈچى تۈگەيدۇ ۋە كۈننىڭ يورۇقلۇقى ئۆچىدۇ.

اﷲ تائالا سۈرە تەكۋىرنىڭ 1 ۋە 2 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا﴾ دەيدۇ. ھەربىر ئىنسان ئاخىرەتكە نېمە تەييارلاپ ئېلىپ كەلگىنىنى بىلىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن اﷲ تائالا مەخلۇقلارنى باشقا تۈرلۈك شەكىل سۈرەتتە قايتا يارىتىدۇ.

## شەيئىلەرنىڭ باسقۇچلارغا يۆتكىلىشى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر

كۈن شولىسىنى تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسى دوكتور ”جورج ئېرەل داپىز“ مۇنداق دەيدۇ: ”يېڭى ئىلىم بايقىغان ئالەمدىكى بىر ھالەتتىن بىر ھالەتكە يوتكىلىش ئىشلىرىنىڭ ئۆزى، اﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل. چۈنكى، مۇئەييەن سۈرىتى يوق ۋە ئارىسىدا بىكار يەر يوق ناھايىتى ئاددىي ۋە پارچە ماددىلاردىن شۇنچە مىليونلارچە يۇلتۇزلار ۋە قاچان بېكىتىلگەنلىكىنى بىلىشتىن ئىنسانىنىڭ ئەقلى ئاجىز كېلىدىغان مۇقىم قانۇن تۈزۈملەرگە بويسۇنۇدىغان، مۇئەييەن سۈرەتلىرى ۋە توختاملىق ئۆمۈرلىرى بار ئوخشاشمىغان ئالەملەر پەيدا بولدى. بۇ ئالەمدىكى زەررىلەردىن ھەربىر زەررە بەلكى زەرردىن كىچىك بولغان ۋە ئۇنىڭ كىچىكلىكىنى ھېس قىلغىلى ياكى ئەقىل بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەردە مەلۇم قانۇنىيەت بولۇپ ئۆزىنىڭ قانۇنىغا ۋە يولىغا بويسۇنۇپ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە“.

بۇ يېتەرلىك دەلىلدۇر. اﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا بۇنىڭدىن كۆپ ۋە بۇنىڭدىن كۈچلۈك بىر نەرسە بار. ئۇ بولسا، شۇنداق ئاددىي ئۇششاق ماددىلاردىن يۇلتۇزلار پەيدا قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى خىلمۇخىل جانلىق مەخلۇقلار، بەلكى ئويلاشقا، يېڭىدىن شەيئىلەر ئىجاد

قىلىشقا، گۈزەل نەرسىلەر ياساشقا قۇدرەتلىك بولىدىغان ئىنساننىڭ سىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرالايدىغان ئادەملەرمۇ ئاشۇنداق ئاددىي ئۇششاق ماددىلاردىن پەيدا قىلىنىدۇ. ئالەمدىكى مەخلۇقلار يارىتىلغان زەررىلەردىن ھەر بىر زەررە اللّٰە تائالانىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەتتا ماددىي شەيئىلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى يارىتىشتىن ئاجىز قىلىشقا دەلىل كۆرسىتىشكە ھاجەت چۈشمەستىن اللّٰە تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

دوكتور ”ئەدۋارد لوسركىل“ مۇنداق دەيدۇ: ”تەبىئى ياخشىنى تاللاش شەيئىلەرنىڭ ھالەتلەرگە ئۆزگىرىشىنىڭ مېخانىك ئامىللىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگىرىش مەخلۇقلارنى يارىتىشنىڭ ئەمەلىي سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇنداق بولغاندا، شەيئىلەرنىڭ بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە يوتكىلىپ تۇرۇشى ئالەمدە ئورنىتىلغان قانۇنىيەتنىڭ بىرى، ياكى تەبىئەت قانۇنىيىتىدۇر. بۇ قانۇن ئىككىنچى دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان يەنە باشقا ئەمەلىي قانۇنلار بىلەن ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ قانۇن ئۆزى ئۆزنى پەيدا قىلىپ يولغا قويغۇچى كىشىگە موھتاج بولىدۇ. تەبىئىي قانۇننىڭ، اللّٰە تائالا ياراتقان ۋە اللّٰە تائالا يولغا قويغان نەرسە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. تەبىئىي تاللاش ئەمەلىي يولى بىلەن پەيدا بولغان كائىناتنىمۇ اللّٰە تائالا ياراتتى. شۇنىڭدەك تەبىئىي تاللاش باش ئېگىدىغان قانۇنلارنىمۇ اللّٰە تائالا ياراتقان. تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ئۆزى بىر نەرسە يارىتىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. تەبىئىي تاللاش قىلغان ئىشنىڭ ھەر قاندىقى بولسا، داۋام قىلىشى يا ھايات يولىدىن يوقىلىشى ۋە ئوخشاشمىغان مەخلۇقلار ئارىسىدا كۆپىيىشى ئۈچۈن بەزى مەخلۇقاتلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئەمما مەخلۇقلارنىڭ تاللانغان ھالدا ھەر تۈرلۈك بولۇشى كېيىنكىلەرنىڭ بۇرۇنقىلارغا ۋارىس بولۇش قانۇنلىرىغا بويسۇنىدىغان يۇقىرى ئۆرلەشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ قانۇنلار ماددىچىلار ئويلىغاندەك ياكى بىزنىڭ ئاشۇنداق ئېتىقاد قىلىشىمىزنى خالىغاندەك يول كۆرسەتكۈچىسىز ئۆزىچە ماڭمايدۇ ۋە تەسادىپىيلىققا قارىغۇلارچە باش ئەگمەيدۇ.

شەيئىلەرنىڭ پەللىمۇ ـ پەللە تەرەققىي قىلىشى اللّٰە تائالا ياراتقان ئىش ئىكەنلىكىنى قۇرئان ئوچۇق سۆزلەپ: ﴿اللّٰە يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾[1] دەيدۇ. تەبىئىي تاللىنىش بولسا، اللّٰە تائالا ھاياتتا ئورناتقان قانۇن قائىدىلەرگە مۇۋاپىق ھالدا ھاسىل بولىدۇ. اللّٰە تائالا سۈرە رەئدنىڭ 17 ـ ئايىتىدە: ﴿اللّٰە ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ﴾ دېدى.

---

[1] سۈرە نەھل 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# بەشىنچى بۆلۈم

## ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەقىدىلىرى، ئىسلام ئىنسانلارنى اللّٰه تائالانى بىر دەپ تونۇشقا چاقىرىدىغانلىقى، اللّٰه بىر دېگەن ئەقىدىنىڭ ئىسلامدىكى روھىي مەزمۇنى، اللّٰه تائالانىڭ بىرلىكىگە ئەقلىي ھۆججەتلەر، ئالەمدىكى بىر پۈتۈن ئىنتىزام اللّٰه تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ مەخلۇقنى اللّٰه تائالاغا شېرىك قىلىشقا ئىسلامنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقى، ئىنسانلار ئىچىدىكى ئادەم ـ ئادەمگە ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى، بۇتقا ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى، كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا ئىبادەت قىلىش (بويسۇنۇش) مەسىلىسى، بۇرۇنقىلارنىڭ روھىغا ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى، تەبىئەتتە ئالاھىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى، شاپائەت مەسىلىسى، اللّٰه تائالانىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى توغرىسىدا، اللّٰه تائالانىڭ سۈپەتلىرىگە قارىتا گۇمان تەنىلەرنى رەت قىلىش توغرىسىدا، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

## ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەقىدىلىرى

ئىسلامدىن بۇرۇن بۇتقا ئىبادەت قىلىش (ئۇلۇغ بىلىش، ئۇمىد قىلىش) ئەرەبلەر زېمىنىدا كەڭ تارقالغان ئىدى. ئىبنى كەلبى مۇنداق دەيدۇ: مەككىنىڭ ھەربىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆي ئىچىدە ئىبادەت قىلىدىغان بۇتى بار ئىدى. قايسى بىرى سەپەرگە چىقماقچى بولسا، ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا قىلىدىغان ئىشى بۇتقا يۈز كۆزىنى سۈرۈتۈپ خوشلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، تۇنجى قىلىدىغان ئىشى يەنە شۇ ئىدى. تارىخچىلار يازغان ۋە قۇرئاندىمۇ سۆزلەنگەن ئالدىنقى قاتاردىكى بۇتلار سوۋائ، يەغۇس، يەئۇق، نەسرى، مانات، ئەللات، ئۇززا ۋە باشقىلار ئىدى.

ئەرەبلەر ئىچىدە ئاسمان جىسىملىرىغا بولۇپمۇ ئاي بىلەن كۈنگە ئىبادەت قىلىدىغان (ئۇلۇغلاپ ئۇمىد كۈتىدىغانلار) بار ئىدى. قۇياشنى ”ئىلاھە“ (ئايال مەئبۇدە[1]) دەيتتى. بەزى ئەرەبلەر پەرىشتىلەرگە ۋە جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى.

ئەرەبلەردە بۇرۇن ئۆتكەن ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ روھلىرىغا ئىبادەت قىلىش (غايىب كۈچكە ئىگە دەپ تونۇش ۋە دىن ئىسلامغا مۇۋاپىق بولمىغان ئۈمىدلەرنى كۈتۈش) ئىشلىرىدىنمۇ بىر قىسىملىرى بار ئىدى. پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەرنى قەبرىلەرنى چىقىپ تاشلاشقا بۇيرۇشى، قەبرىلەرنى مەسجىد، ئىبادەت ۋە ناماز

---

[1] ئىبادەت قىلىنغۇچى.

ئۇرنى قىلدۇرۇشتىن توسۇش ئۇلارنىڭ شۇ قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرىغا ئىبادەت قىلىپ كەلگەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر ئىچىدە روھلارغا ئىبادەت قىلىشقا ئەقىدە قىلىدىغان ۋە ئىبادەتنىڭ تەسىر قىلىشىغا ئىشىنىدىغانلار بار ئىدى. رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن، بۇ ئىبادەت ھەققىدە ۋە روھلارنىڭ ھوقۇقتا مۇستەقىللىقىغا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتتىن ئايرىم تۇرىدىغانلىقىغا، روھلارنىڭ قەبرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرىدىغانلىقىغا. شۇنىڭدەك ئۆلگەن كىشى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ قىساسى ئېلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ روھى قەبرى ئۈستىدە قانات قېقىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا كەلگەن قىسسە ۋە ھېكايىلەر بار ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ كۆز قارىشىدا روھلارنىڭ ئادەمگە ھەرخىل شەكىلدە كۆرۈنۈش قۇدرىتى بار. بەزى روھلار بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرىدۇ، دېگەن تونۇشلار بارئىدى. شۇ تونۇشقا ئاساسەن بەزى نەرسىدىن شۇم پال ئېلىش، ياخشى پال ئېلىش ۋە بەزى ھايۋانلاردىن ئەيمىنىپ قورقۇش پەيدا بولغان.

تۆتۈم مەزھىبى يەنى مۇقەددەس دەپ تونۇلغان ھايۋانلارغا ئەقىدە باغلاش مەزھىبىمۇ جاھىلىيەت زامانىسىدىن (ئىسلامدىن بۇرۇن) بەزى ئەرەبلەردە بار ئىدى. شۇڭا بەزى قەبىلە ئايماقلارغا مەلۇم ھايۋانلارنىڭ ئىسمىلىرىنى قويۇشقان. مەسىلەن: كەلب (ئىت) قەبىلىسى، تۈلكە، ئېيىق، قۇش، بۆرە، مۈشۈك، ئۆردەك ۋە كالا قەبىلىلىرىدەك. مۇندىن باشقا بەزى دەرەخ ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئىسمىلىرىنى قەبىلىگە ئىسىم قىلىپ قويۇشقانلارمۇ بار.

ئەرەب يۇرتىدا ئالەمنى ياراتقۇچىغا ئىنكار قىلىدىغان بىر بۆلۈك ئەرەبلەر بار ئىدى. ئۇلار دەھرىيلەر (ماددىيچىلار) ئىدى. قۇرئان ئۇلارنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ)﴾[1]

ئەرەبلەر ئارىسىدا يەھۇدىيمۇ ئەمەس، خرىستىئانمۇ ئەمەس، ئەمما بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئەقىدە قىلىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. قۇرئانغا تەپسىر يازغۇچىلار ۋە تارىخي ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلغۇچىلار بۇلاردىن بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ ئىسمىلىرىنى كۆرسەتتى. لېكىن ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئادەملەر ھەققىدە يېزىلغان سۆزلەر ئۇقۇمسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ. دىن توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇلارنى كىشىلەر: ”ھەنىيفلەر“ (الله تائالاغا يالغۇز ئىبادەت قىلىشقا بېرىلگۈچىلەر) دېيىشەتتى. ھەم بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا دەپ، سۈپەتلىنەتتى. بەزى رىۋايەتلەردىن بىلىنىشچە بۇلارنىڭ ئىچىدە الله تائالادىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارنى ئوقۇيدىغان ۋە چۈشىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

---
[1] سۈرە جاسىيە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەم ئۇلار ئاسمان زېمىن ۋە ھەممە مەخلۇقلار توغرىسىدا ئويلىناتتى. ھاراقتىن ۋە باشقا ئىشلاردىن ساقلىناتتى. خەلقلەرگە بۇتتىن يىراق بولۇش ھەققىدە تەۋسىيەرنى قىلاتتى.

ئەرەب زېمىنىدا ئىسلامدىن بۇرۇن بار بولغان دىنلاردىن، ئاتەشپەرەسلىك (ئوتقا باش ئۇرۇش)، سابىئى، يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرى بار ئىدى. ئەرەبلەرگە ئوتقا ئىبادەت قىلىش دىنىي پارىسلەردىن كىرگەن. ئەمما سابىئىلار ئىككى بۆلۈك بولۇپ بىر بۆلۈكى ھەنىيفلار (الله غا شېرىك قوشمىغۇچىلار) ۋە يەنە بىر بۆلۈكى مۇشرىكلار ئىدى. مۇشرىكلار بولسا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلاردۇر. ”سابىئى“ دېگەن سۆز، ئېغىپ كەتكۈچى دېگەن مەنىدە، بۇلار ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەن دىنىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇلارنى ”سابىئىيلار“ دەپ، ئاتىغان.

قۇرئان كەرىمدە ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت زامانىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مەككىلىكلەر ئىچىدە ئاسمان ـ زېمىنلارنى ياراتقان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئەقىدە قىلىدىغانلار بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇشرىك ئىدى. يەنى ئۇلار ”الله بىزنىڭ مۇشرىك بولۇشىمىزنى خالاپ مۇشرىك قىلغان“ دەپ ئەقىدە قىلاتتى. ئۇلار يەنە: ”بىز، ئۆزلىرىمىزنىڭ الله تائالاغا يېقىنلىشىشىمىزغا ۋاستە بولسۇن دەپ، بۇتلارغا يەنى بۇتلارنىڭ روھلىرىغا ئىبادەت قىلىمىز“ دەيتتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿اللەنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ)﴾[1]

جاھىلىيەت زامانىسىدا الله تائالانى بىر بىلىش ئەقىدىسى بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا شېرىك ئارىلاشقان. ئۇلار الله تائالا بىلەن بىر قانچە شېرىكلەرنى تەڭ باراۋەر كۆرگەن ۋە بۇتلارنى ۋاستە قىلىش بىلەن الله تائالاغا يېقىنلاشماقچى بولغان. الله تائالانىڭ قىز ـ ئوغۇللىرى بار، دېگەن. شۇ بۇتلارنىڭ ئۇلارنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇدىغانلىقىنى، الله تائالانىڭ قېشىدا شاپائەت قىلىدىغانلىقىغا، ئىشەنگەن. ئىسلام كەلگەن ھامان شۇ خاتا ئەقىدىلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ الله ئارىسىدا بۇتلارنى ۋە باشقىلارنى ۋاستە قىلىشتەك بۇزۇق ئىددىيەلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىغان.

## ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانى بىر دەپ بىلىشكە چاقىردۇ

ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىپ ئەرەبلەرنىڭ الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش ئەقىدىسىنى بىكار قىلىپ تاشلىدى. الله تائالا زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە تەڭداشسىز يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىشنى ۋە بەندىلەرنىڭ ئىبادەتتە يالغۇز الله تائالاغا يۈزلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى، تەكىتلىدى. الله تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ 163 ـ ئايىتىدە: ﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار

(1) سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېدى.

تەۋھىد (بەندىلەرنىڭ ئۇلۇغ بىلىشكە، باش ئېگىشكە، ئۈمىد قىلىشقا، الله تائالا يالغۇز ئىبادەت قىلىنىشقا ھەقلىق دەپ تونۇش) بولسا، ئىسلامدىكى بىرىنچى ئۇل ئاساس بولۇپ، بۇ ئاساسقا مۇسۇلمان ئادەم قەلبى بىلەن ئىشىنىپ ۋە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ ”ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ. يەنى الله تائالادىن باشقا مەئبۇد يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىدۇر، دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم“. ” الله“ دېگەن ئىسىم ئالەمنى ياراتقۇچىغا يالغۇز ئىشلىتىلىدۇ. ”ئىلاھ“ دېگەن سۆز ھەر قانداق مەئبۇدقا ئىشلىتىلىدۇ. ”لائىلاھە“ دېگەن سۆز بارلىق ئالەمدە مەئبۇد قىلىنغان ھەرقانداق ئىلاھنى يوققا چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ. ”ئىللاللاھ“ دېگەن سۆز مەخلۇقلارنىڭ ئىبادەت قىلىشقا ھەقىقىي لايىق بولغان الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش كېرەكلىكىنى، ئىسپاتلايدۇ.

ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچىنىڭ: ”لائىلاھە ئىللاللاھ. يەنى ئالللاھتىن باشقا مەئبۇد يوق“ دېگەن سۆزى، الله تائالادىن باشقا ھېچكىمگە باش ئەگمەيدىغانلىقىغا قەلبى بىلەن كەسكىن بىلىش ۋە ئەقىدە قىلىش بىلەن بىرگە، تىلى بىلەن ئىقرار قىلغانلىقىدۇر. بۇ گۇۋاھلىق الله تائالانىڭ بارلىقىغا ھەم بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

## ئاللاھ بىر دېگەن ئەقىدىنىڭ ئىسلامدىكى روھى مەزمۇنى

الله تائالانىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىدا ئورناتقان قانۇنىي يولى شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇكى، ئەقىدە ئىنساننىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە بېسىم يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا ئىنساندىن سادىر بولغان توغرا ئىشلار شۇ ئىنساننىڭ توغرا تۇزۇك ئەقىدىسىدىن بارلىققا كەلگەندەك، يامان بوزۇق سۆز ۋە ئىشلار شۇ كىشىنىڭ بوزۇق ئەقىدىسىدىن كېلىدۇ. ئىسلامدا، ئىنساننىڭ شېرىك ۋە بىدئەت ئارىلاشمىغان ۋە يۈرىكىدە ھەقىقىي ئورۇن ئالغان ئەقىدىسىگە، شەرئەت ۋە ئەقىل ئالدىدا ياخشى دەپ تونۇلغان پەزىلەتلىك ئىشلار ئەگەشمەي قالمايدۇ. يالغۇز الله تائالاغا مۇھەببەت باغلاپ، يالغۇز الله نى ئۇلۇغ بىلىپ، بەندىلەرنىڭ باش ئېگىپ ئىبادەت قىلىشىغا يالغۇز الله تائالا ھەقلىق دەپ، تونۇپ سۆزلىگەن تەۋھىد سۆزى، ئۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ يۈرىكىگە الله تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە پايدا يەتكۈزگۈچى يالغۇز الله تائالادۇر، دېگەن ئەقىدىنى بېكىتىدۇ.

مۆمىن ئادەم ئەقىدىسىدە مۇستەقىل ۋە ئەركىن بولالايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە بېسىم يۈرگۈزەلمەيدۇ. تەۋھىد ئەقىدىسى بار كىشى خەلقلەرنىڭ پادىشاھلارغا، ئۆزەمچى باشلىقلارغا، دىن باشلىقلىرىغا باش ئېگىپ بىچارە بولۇشتىن ئىبارەت مۇسىبەتنىڭ سەۋەبىنى خەلقلەرنىڭ، ئەڭ ئۈستۈن تەسىر قىلغۇچى الله تائالانى لايىقىدا بىلمىگەنلىكىدىن ۋە كاتتىلار باشقىچە ئالىي خېمىر تۇرۇچىدىن يارىتىلغان دەپ، تونۇيدىغان خاتا ۋەھىي قۇۋۋىتىگە باش ئەگكەنلىكتىن بولىدى، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا قۇرئاندا

ئىنسانلارنىڭ الله تائالادىن باشقىسىنى قىچقىرىپ مەقسىتىنى تىلەشتىن ۋە ئۈمىد كۈتۈپ مەددەت سوراشتىن توستى.

الله تائالا سۈرە ئەئرافنىڭ 194 ـ ئايىتىدە: ﴿سىلەر الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن﴾ دېدى.

يەنە الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆز جامائەسى بولغان مۇشرىكلارغا مۇنداق سۆز قىلىشقا بۇيرۇدى: ﴿ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان» دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: «الله ياراتقان» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئەگەر الله ماڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دەپئى قىلىشقا، يا الله ماڭا رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى توسۇۋېلىشقا، الله دىن باشقا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار قادىر بولالامدۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلارچۇ؟» ئېيتقىنكى، «ماڭا الله كۇپايىدۇر، تەۋەككۇل قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى ھەممە ئىشنى الله غا تاپشۇرسۇن)»﴾[1].

مۆمىن ئادەم، تەۋھىد ئەقىدىسىدىن مەخلۇققا باش ئېگىشتىن ۋە پەسكەشلىك قىلىپ ئۆزىنى ئىنسان ئالدىدا خار قىلىشتىن ساقلىنىش، پايدىسىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ، الله تائالادىن باشقا رىزىق بېرىدىغان ھېچكىم يوق، دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. الله بۇ ھەقتە: ﴿الله بەندىلىرىدىن قايسى ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلماقچى بولىدىكەن) ئۇنى تار قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] دەيدۇ.

شۇنىڭدەك مۆمىن ئۆزۈدە تەۋھىد ئەقىدىسىدىن يۈرەكلىك بولۇشنى ۋە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق خىسلىتىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ماڭا يالغۇز الله تائالا ئىگە، دەپ تونۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ قەددى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، ئۆزىنى ئەزىز تۇتىدۇ، خارلىققا باش ئەگمەسلىك ۋە ھەق يولدا قۇربان بولۇشقا مايىل بولىدۇ. الله تائالا سۈرە ئالى ئىمراننىڭ 145 ـ ئايىتىدە: ﴿ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)﴾دەيدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئەقلىي ھۆججەتلەر

ئىسلام دىنى بولسا، ئەقلىگە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دىندۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى قانداق بىر ئەقىدىگە بۇيرۇماقچى بولسا، شۇ ئەقىدىنىڭ توغرىلىقىغا ئەقلىي ھۆججەتلەرنى ئوتتۇرىدا قويغاندىن كېيىن بۇيرۇيدۇ. يا باشقا بىر ئەقىدىگە ھۇجۇم

[1] سۈرە زۇمەر 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 62 ـ ئايەت.

قىلماقچى بولسا، ئۇ ئەقىدىنىڭ ناچار ۋە توغرىلىقتىن يىراقلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئىلاھنىڭ بىر قانچە بولۇشى ئادەمنى ئۆزىنىڭ شۇ ئىلاھلىرىغا قۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئىلاھقا ئەقىدە قىلغان سەۋەب بىلەن ئىنساننىڭ ئۈستىگە قابىلىيىتى يەتمەيدىغان ئېغىر يۈكلەر چۈشىدۇ. مەسىلەن: ئىلاھلىرى ئالدىغا ھەدىيەلەر، نەزىرلەر، قۇربانلىقلار تەقدىم قىلىشتەك ۋە ئىلاھلىرىنى رازى قىلىدىغان بەلگىلىك باشقا ئىشلارنى قىلغاندەك ۋەزىپىلەر يۈكلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان مۇشرىكلارغا قارىتىپ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

﴿تۈرمىداش ئاغىنىلەر! تارقاق كۆپ مەبۇدلار ياخشىمۇ؟ ياكى قۇدرەتلىك بىر الله ياخشىمۇ؟ سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقىنىڭلار پەقەت سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان (بۇتلارنىڭ ۋە غەيرىينىڭ) ناملىرىدىنلا ئىبارەت. الله (ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكى بولۇشى توغرىسىدا) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرگىنى يوق. ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

قۇرئان كەرىم ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن بارلىق مەخلۇق ئۇنىڭ ھۆكمىگە باش ئەگىدىغان يالغۇز ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ پەرقىنى ئوچۇق كۆرسەتتى ۋە بۇ تەۋھىد (يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئەقىدىسى) ئىنساننىڭ ئۈستىدىن ئادەم قىنايدىغان پىداكارلىقلار ۋە ۋەھمى قائىدىلەر رەسمىيەتلەردىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلايدۇ، پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر تونۇشقا كەلتۈرۈپ بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئوخشىمىغان ئەقىدىلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بۆلۈنىشلەرنى يوقىتىدۇ، دەپ بايان قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلار بىلەن زوكونلىششقا يۈزلىنىپ مۇنداق دەيدۇكى، ئۆزەڭلار ياسىۋالغان ۋە ئۆزەڭلار ئىسىم قويۇۋالغان ئاتالمىش ئىلاھلىرىڭلارغا، قىلغان بۇ ئىبادىتىڭلارنىڭ توغرىلىقىغا ﴿الله تائالا ھۆججەت چۈشۈرمىسە﴾ ۋە ئۇ نەرسىگە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەقلى قانائەتلىنەرلىك دەلىلى بولمىسا قانداقمۇ ئىبادەت قىلىسىلەر؟

ئىنسان بۇ ئالەم (ئاسمان ـ زېمىن) نىڭ سىرلىرىغا ۋە ئالەمدىكى تەرتىپ، تۈزۈم ۋە ئىنچىكە ھىكمەتلەرگە، ئالەمنىڭ پارچىلىرى بولغان ھەر بىر مەخلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نىشانغا ياخشى نەزەر سالسا، ئۇ ئىنسانغا الله تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەي ۋە شۇ ھەقىقەتنى مۇقەررەر قىلغان قۇرئاننىڭ بۇ ئىبارىسىنىڭ ئاجايىبلىقى ئاشكارا كۆرۈنمەي مۇمكىن ئەمەس.

الله تائالا سۈرە ئەنبىيانىڭ 21 ۋە 22 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ

---

[1] سۈرە يۇسۇف 39 ــ 40 ـ ئايەتلەر.

تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾ دېدى.

شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ بۇ ئايەتكە تەپسىر قىلىشتا بىر قانچە ئىلاھ بولغان تەقدىردە دۇنيادا يۈز بېرىدىغان يامان نەتىجىنى بايان قىلىپ مۇنداق بىر توغرا سۆزنى ئېيتتى: ئۇ چاغدا ئىلاھلارنىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسى ئوخشىمىغان بولاتتى. ئىلىم ۋە ئىرادىدە ئوخشىماسلىقتا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ قارىمۇ قارشى بولاتتى. بۇ ھالدا ئالەمنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلاتتى. بەلكى ئالەمدە بىرلىك ئىنتىزام بولۇشى مۇمكىن، ئەمەس ئىدى. بەلكى ھېچ بىر مەخلۇقنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ئىلاھلارنىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسى ئوخشىمىغاچقا ھەر مەخلۇقنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ھالدا بارلىققا كېلىشى توغرا كېلىدۇ. مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەممىگە ئايدىڭ. ئۇنداق بولسا ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە ئىرادە قىلغۇچى الله تائالا، زاتىدىمۇ ۋە سۈپىتىدىمۇ بىردۇر، يالغۇزدۇر ۋە شېرىكى يوقتۇر. الله تائالا ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلىدۇ، باشقا بىرسى ئۇنىڭغا شېرىكلەشمەيدۇ.

قۇرئان كەرىم ناۋادا ئالەمدە بىر قانچە ئىلاھ بولغان تەقدىردە كائىناتنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ خاراب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپلا قالماستىن بەلكى بۇزۇلۇشنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى ھەركىمنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە ئەمەلىيەتكە قايىل بولمايدىغانلارنىمۇ جىم ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 91 ـ ئايىتىدە: ﴿الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾ دېدى.

## كائىناتنىڭ ئىنتىزامىنىڭ بىرلىكى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ

الله تائالانىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىشتا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇرئانغا خاس بولغان دەلىللەرنىڭ بىرسى ئالەمدىكى مەخلۇقلاردا ئورنىتۇلغان ئىنتىزام بىرلىكىدۇر. بۇ ئىنتىزام بىرلىكى شۇ ئىنتىزامنى پەيدا قىلغۇچى يالغۇز بىر زاتنىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە سۈرە ئىسرانىڭ 42، 43 ۋە 44 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، الله بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (الله ئۈستىدىن) غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى. الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ بوھتان سۆزلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر. يەتتە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار الله نى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، الله نى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى الله نىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن

سىلەر (تېلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى سەزمەيسىلەر. اللہ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: دېگىن ئى مۇھەممەد! ئەگەر مۇشرىكلار ئېيتقاندەك اللہ تائالا بىلەن بىللە باشقا ئىلاھلار بىرگە بولسا ئىدى، ئۇلار اللہ تائالادىن بىز مەخلۇقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تالىشىش ئۈچۈن اللہ قېشىغا بېرىشقا يول ئىزدەيتتى. بىر كىمنىڭ شېرىكلىشىشىدىن اللہ پاك ۋە كاتتىدۇر. يەتتە ئاسمان (كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ھەممىسى) ۋە يەر، ھەم بۇلاردىكى مەخلۇقلار اللہ تائالانىڭ تەڭداشسىز بىرلىكىگە ۋە كەمچىلىكتىن پاكلىقىغا مەدھىيىلەش بىلەن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرسا قانداقمۇ اللہ نىڭ شېرىكى بولىدۇ؟

بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان كەرىم 14 ئەسىر بۇرۇن ھېچكىم بۇ ئالەمنىڭ سىرىدىن ھېچ نەرسىنى سەزمىگەن چاغدا ئېلان قىلغان ئىدى. ھازىرقى ئەسىردە ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئالەمنىڭ بەزى سىرلىرىنى بىلىشكە يەتتى. ھەر نەرسىنىڭ زەررىلىرىدە توختاپ قالمايدىغان داۋاملىق ھەرىكەت بارلىقىنى جۇملىدىن ئاسمان جىسىملىرىدە، جانلىق مەخلۇقلاردا ۋە ئويۇل ماددىلاردا ھەرىكەت بارلىقىنى بىلدى. ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، ئالەمدىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ ماددىسى بىر قانچە زەررىدىن تەركىپ تاپىدۇ. ھەر بىر زەررە ”نېيوترون ۋە پروتون“ دېگەن ئىككى ماددىدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ ئىككى ماددا زەررىنىڭ ئانا ئۆزۈكى دېيىلىدۇ. بۇ ئىككىسىگە 3 - بىر ماددا قوشۇلىدۇ. ئۇ بولسا، ئاسماندىكى زەررىنىڭ ئۆزۈكىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ”ئېلېكترون“ دۇر. بۇ تەرتىپ ئىنتىزام قۇياش سىستېمىسىنىڭ نىزامىغا مۇناسىۋەتلىك تەرتىپكە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىچىك بىر قۇياش سىستېمىسىدۇر. زەررىنىڭ ئانا ماددىسى قۇياشىنىڭ ئورنىدا، زەررىنىڭ ئانا ماددىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئېلېكترون، كۈن ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىدادۇر. ”ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن بايان قىلىنغان نەتىجىلەرگە قارالسا، يۇلتۇزلار توپىلىمىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئاستا چۆگىلەيدىغانلىقى ۋە بارلىق يۇلتۇزلار مەجمۇئەسىنىڭمۇ ئايلىنىشتا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى، بىلىنىدۇ.

ئالەمنىڭ مەخپىي سىرلىرىغا چوڭقۇر نەزەر سالغىنىمىزدىن كېيىن چىقىرىدىغان خۇلاسىمىز شۇكى، ئالەم ئۆزىدىكى ئىنتىزام بىرلىكى بىلەن ئىلاھىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. يۇلتۇزلاردا داۋام قىلىۋاتقان ۋە ھەر نەرسىنىڭ زەررىلىرىدە داۋام قىلىۋاتقان ھەرىكەت، شۇ نەرسىلەرنى ياراتقۇچى اللہ تائالانىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسلىكىنىڭ ئاشكارە دەلىللىرىدىن بىر دەلىلدۇر. بۇ سۆزىمىز ھەرگىزمۇ مۇبالىغە ئەمەس. يۇقىرىقى ئايەتمۇ شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

## ئاللاھ تائالاغا باشقىسىنى شېرىك قىلىش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئاشكارە كۆرۈنۈشلىرى

شېرىك كەلتۈرۈش دېمەك، اللہ تائالاغىلا قىلىنىدىغان ئىبادەتكە، اللہ تائالادىن باشقا بۇت، دەرەخ، ھايۋان، قەبرە، ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلەردىن ئىبارەت

نەرسىلەرنى قوشۇۋېلىش ياكى ئادەمنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىش ياكى الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى يا قىزلىرى بار دەپ، تونۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام دىنى الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىشنىڭ بوزۇق باتىل ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. سۈرە نىسانىڭ 116 ـ ئايىتىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾.

الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش ئەقىدىسى بىلىنمىزلىكتىن ۋە ۋەھمى خىيالدىن تۇغۇلىدىغان بولغاچقا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە باشقا ئەقىدە سۈرەپ كەلمىگەن يامانلىق ۋە چىرىكلىكنى سۈرەپ ئەكىرىدۇ. شېرىكنىڭ ئەقىلغىمۇ، ئىلمىي ئەمەلىيەتكىمۇ زىت ئىكەنلىكى بىلەن بىللە ئىنساننىڭ ئوي پىكرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىقنى يېقىتىپ تاشلايدىغان، ئاجىزلاشتۇرۇدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە توسالغۇ بولىدىغان خىيالىي ئۆيدۇرمىلارغا، يالغان چۆچەكلەرگە ئىشىنىپ بويسۇنىدىغان قىلىپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

كۆپ مەسىلىلەردە ئەڭ ئالىي ئىلاھىي تەلىماتلىرىغىمۇ شېرىك ئارىلىشىپ كەتتى. شېرىك سەۋەبىدىن ئىسلام دىنىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك ئالىي تەلىماتلىرى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى. مۇنداق بولۇشى، بىدئەتچىلەرنىڭ ئاشۇنداق ئەپسانە ھېكايىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئومۇم خەلقنىڭ شەكلىي ئىشلارنى چىڭ تۇتۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇلار بۇ ئىشى بىلەن دىنىنىڭ ئالىي سۈپىتىنى خۇنۇكلاشتۇردى ۋە دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ھۇجۇم قىلىشقا يول ئېچىپ بەردى.

تىرىك ئىنساننى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىش دېگەنلىك نېمە دېگەنلىك؟ ئۇ بولسا بىرەر شەخسنى چەكسىز ئەقىللىق دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا خىلاپ بولغان ھۆكۈمىنى ۋە تەلىماتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمىدىن ۋە تەلىماتىدىن توغرا كۆرۈپ چوقۇنۇپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت.

قەبرىگە ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك:

قەبرىدىكى ئۆلۈغ كىشى دەپ تونۇلغان ئادەمنىڭ روھىغا ئەقىدە قىلىپ، دەردىمنى ئاڭلايدۇ، مۇرادىمنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ياد ئېتىلگەن يەرگە ھازىر بولۇپ مەدەت قىلىدۇ، ئەرۋاھلاردا غەيب كۈچ قۇۋۋەت ۋە مۇستەقىل ئەركىنلىك بار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ بىلىشتىن ئىبارەت.

## ئىسلام دىنىنىڭ شېرىككە قارشى تۇرۇشى

ئىسلام دىنى شېرىككە قارشى جەڭ قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان دىندۇر. ئىسلامنىڭ مەقسىتى بارلىق ئىنساننى زېمىن ئۈستىدىكى ھەرقانداق بىر مەخلۇققا باش ئېگىشتىن ئازاد قىلىشتۇر. بۇ ئىنسانلارغا بۇ دۇنيادىن ئالىراق بىر نىشاننى ئىرادە قىلغىنى

ئۇچۇندۇر. يەنى ئىنساننىڭ باش ئىگىشى، ئىتائەت قىلىشى، كەلگۈسىدە يوقۇلىدىغان ئاجىز مەخلۇققا بولماي مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان، يوقالمايدىغان زاتقا بولۇشىنى ئىرادە قىلغانلىقىدۇر. بىز ياشاۋاتقان ئالەمدىكى ھەركىم ۋە ھەرنەرسە ئۆزگىرىدۇ، يوقىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئۆزگىرىدىغان، يوقىلىدىغان مەخلۇققا باش ئىگىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت شۇكى، شۇ ئىنسان ئۆز ھاياتىدا بىر مەقسەتكە يۈزلىنىشتە غايە نىشاندا تۇراقسىز، كۆڭلى بىئارام بولۇپ ئاخىرىدا بىر ئىشتا، بىر تونۇشتا تۇراقلىق بولالماي، بىر يولدا دائىم ماڭالماي بىردەم بىرسىگە، يەنە بىردەم بىرسىگە تۇتقۇن بولۇپ پاراكەندە ياشايدۇ.

شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئىسلامنىڭ شېرىككە ھۇجۇم قىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىرىدىغان ۋە يوقىلىدىغان ھاياتىنى چەكلىك بولغان شەخسنىڭ قۇللىقىدىن قۇتقۇزۇپ، دائىم ۋە بىقارار تۇرىدىغان زات تەرەپكە يۈزلەندۈرۈشتۇر. كامىللىق ئەلۋەتتە دائىم بار ۋە مۇقەررەر بولغان زاتقا خاستۇر. ئۇ زات داۋاملىق كامىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئۇنىڭغا باش ئىگىش بىلەن شەرەپلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ زاتنىڭ مەرتىبىسى ئىنساندىن كۆپ ئالىيدۇر.

شۇنىڭدەك الله نىڭ ئىرادىسى دۇنيادا تۇراقلىق بولىدۇ، پىكرى ئۆزگەرمەيدۇ، يۈزلىنىشى مۇتلەق كامىللىق تەرەپكە بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا قۇرئاندا: ﴿الله بولسا ئەڭ ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1] دەيدۇ.

ئىسلامنىڭ شېرىككە قارشى جەڭ ئىلان قىلىشى الله تائالانىڭ بىرلىكىگە تولۇق دەلىل كۆرسىتىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى، كىشىلەرنىڭ گۇمانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەم ئەقلىي ۋە ئىلمىي ھۆججەتلەرنى ئوخشاشمىغان ئىبارىلەر بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ ـ الله بىردۇر. ھەممە الله غا موھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[2].

قۇرئاندا الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى. مۇشرىكلار الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان ۋە ئۆزلىرى يارىتىلغان ئىلاھلار (يەنى بۇتلار) غا ئىبادەت قىلدى. ئۇلار (يەنى بۇتلار) ئۆزلىرىدىن بىرەر زىياننى دەپئى قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىگە بىرەر پايدىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، (باشقىلارنىڭ) جېنىنى ئېلىشقا، (باشقىلارغا) ھايات بېغىشلاشقا ياكى (ئۆلۈكلەرنى)تىرىلدۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ. كاپىرلار: «بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا

---

[1] سۈرە نەھل 60 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىخلاس تولۇق.

بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە پۈتۈن ئالەمنىڭ الله تائالانىڭ مۈلكى، مۈلۈكدارلىقتا شېرىكى يوق، ھەرنەرسىنى مەخسۇس قانۇن قائىدە بىلەن ياراتتى، دەپ ئىسپاتلىدى. ئاندىن مۇشرىكلەرنىڭ ھېچ قانداق زىيان - پايدىغا كۈچى يەتمەيدىغان ئۆزىدەك مەخلۇققا چوقۇنۇپ، ھېچ قانداق بىر ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلمەيدىغان ئاجىز مەخلۇققا باش ئېگىپ ئۈمىد كۈتكەنلىكىنى ئەيىبلىدى. تىرىلدۈرۈش ئۆلتۈرۈش دېگەن بىر سىرلىق مۆجىزە بولۇپ ئىنسان بۇنى چۈشىنەلمەي ئاجىز بولۇپ توختاپ قالىدۇ. ئىنسان قۇدرىتىدىن ئۈستۈن، بىر قۇدرەت بارلىقىغا ئىشەنمىگىچە ئۆلتۈرۈش تىرىلدۈرۈش ئۇنىڭ قۇدرىتىدىنلا كېلىدىغانلىقىغا قايىل بولمىغىچە بۇ سىرنى ھېچكىم چۈشىنەلمەيدۇ.

الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىشنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر قانچە خىل ئەمەلىي ئىشلىرى بار. قۇرئان كەرىم كىشى تاقابىل تۇرالمايدىغان ئىلمىي ئۇسلۇب بىلەن شېرىك ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى كۆرسىتىپ سوكۇپ تەنقىد قىلدى. تۆۋەندە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىمىز.

## شەخسكە ئىبادەت قىلىش ھەققىدە

الله تائالاغا باشقىسىنى شېرىك قىلىشنىڭ تۈرلىرىدىن بىرسى شەخسكە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت، ئادەملەر كۆپىنچە ئۆز جىنسى بولغان ئادەم بالىسىنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلدى. ئۇنى باشقا ئىنسانلاردا يوق مەخسۇس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان تەلەپلىرىنى ئۇنىڭدىن كۈتۈپ دات پەرياد قىلدى. ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى ۋە قانۇنىنى الله تائالانىڭ سۆزىدىن ۋە پەرمانىدىن يۇقىرى تونۇپ الله تائالاغا ئاسىي بولۇشتىن قورقماي، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن باش ئېگىپ قوللىدى. بۇ ئىشلار شەخسىي ئىنسانغا ئىبادەت قىلغانلىق ۋە ئۇنى خۇداغا شېرىك قىلغانلىقتۇر.

خەلقلەرگە ئۆزىنى سىرلىق كۆرسىتىپ ئىلاھ بولۇۋالغان بۇ شەخسلەرنىڭ ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن قوللانغان بىر قانچە يوللىرى بار. بۇلار بولسا، خەلقلەرنىڭ بىلمىسىز ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق كۆرسىتىش، قورقىتىش، كايىش، خەلقنى ئۆز يولىغا چاقىرىشتا تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى شەخسەن ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن ئۆز تەمەلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپچىلىكتىن يامان يول بىلەن پايدىلىنىش، ئۇلارنى يوقۇلۇشقا، چوڭ زىيانغا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىنسانلار دۇنياسى مۇنداق شەكىلدە ئىلاھ بولۇۋالغانلاردىن ئادەمنىڭ يۈرىكى سىقىلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچرىدى. ھەرقاچان بۇلارغا قارشى ئىسلاھات قوزغىلىشى كۆتۈرۈلسە، ئىنسانلار دۇنياسى چوڭ نەپەس ئېلىپ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرى باش ئېگىپ

---

[1] سۈرە فۇرقان 2 ــ 4 - ئايەتكىچە.

كەلگەن مۇنداق ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ قارشى چىقىپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەتلىك ۋە مەدەنىيەتسىز خەلقلەردە بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ستالىن سوۋېت خەلقىگە ئۆزىنى ئىلاھ تىكلىگەن زوراۋان ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن سوۋېت خەلقى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنىڭ رەسىم ھەيكەللىرىنى يىرتىپ چىقىپ تاشلىدى. شەخسكە چوقۇنۇشنى ئېيىبلاپ نامايىش كۆتەردى.

قۇرئان كەرىم ئېلىپ كەلگەن چوڭ پرىنسىپلارنىڭ بىرسى، يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش، شەخسكە مەيلى قايسى ئۇسۇلدا بولسۇن ئىبادەت قىلماسلىق (شەرتسىز باش ئەگمەسلىك) تىن ئىبارەت. يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دىن پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى بەختكە ئېگە قىلىش يولىدا ۋە زۇلۇمنى يوقىتىش، ھەم شەخسلىرىنىڭ خەلقلەرنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پايدىلىنىشىنى يوقىتىش يولىدا بىرلىششى لازىم بولغان مۇستەھكەم ئاساسىي قانۇنى كۆرسىتىپ بېرىپ قۇرئان يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارغا قانداق سۆزلىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭغا قاراش كېرەك.

سۈرە ئالى ئىمران 64 ـ ئايەتتە الله تائالا: ﴿«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت الله غىلا ئىبادەت قىلىش، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، الله نى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار، دېگىن﴾ دېدى.

بەزى پەيغەمبەرلەرنى ۋە بەزى خەلقلەرنىڭ ئەقىدە ئەخلاقىنى تۈزۈتۈشكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى ئالىملارنى، ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئىلاھ ياكى يېرىم ئىلاھ قىلىۋالغانلىقتىن قۇرئان كەرىم بۇ خاتا ئەقىدىنىڭ دەلىلسىز باتىللىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿الله بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: «الله نى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ): «كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار» (دەيدۇ) شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبەر سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟﴾[1]

دېمەك، الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى خەلقلەرگە ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ خەلقلەرنىڭ پەيغەمبەرلەرگە باش ئېگىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىبادەت قىلدۇرۇشقا ئەۋەتمىدى. بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خەلقلەرگە بىز الله تەرىپىدىن سىلەرگە ئېلىپ ئېلىمگە ئەمەل قىلىپ، الله تائالاغا قۇل بولۇپ بويسۇنۇڭلار، الله تائالا سىلەرنى پەرىشتىلەرنى،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 79 ــ 80 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەرلەرنى ئىلاھ قىلىپ اللە نى قويۇپ قويۇشقىلارغا بۇيرۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېيىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلدى. چۈنكى، اللە تائالادىن باشقىسىنى (پەيغەمبەر بولسۇن پەرىشتە بولسۇن) ئىلاھ تىكلەپ خۇداغا شېرىك قىلىش كاپىرلىقتۇر.

تۈزەتكۈچى ئالىملارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىبادەت قىلىش (ئۇلارنى باشقىچە قۇدرەت ئىگىسى ۋە ئىلمىي غەيبنى بىلىدۇ، دەپ تونۇپ خۇدادەك ئۇلۇغ بىلىش كۆپ ساندىكى مىللەتلەردە مەشھۇر. مەسىلەن؛ مۇئەللىم بوددا ئۆزى ھايات چاغدا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلغان ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن تولىسى ئۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئىلاھ قىلدى (روھىدىن مەدەت ۋە ھاجەت تىلىدى، ئۇنىڭ ھەيكىلىنى تىكلەپ چوقۇندى. ياخشى ئادەملەرگە ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارىتا بۇخىل ئازغۇن قاراشقا قارشى ئىسلام دىنى چارە قوللىنىپ، ئىسلامغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنى خەلقلەرنى ئىسلامغا چاقىرغۇچى ئۆلىما، ئەۋلىيالارنى ئىلاھ قىلىپ اللە تائالاغا شېرىك قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقا چاقىردى. ئىسلامدا مۇستەھكەم ئەقىدە شۇ بولدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا ئىنسانلاردەك ئادەمدىن تۇغۇلغان ئىنسان، ئۇمۇ اللە تائالانىڭ قۇلى ۋە اللە تائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى يولغا باشلاشقا بەلگىلەپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى، ئۇ اللە تائالاغا ھېچقانداق تەرەپتىن شېرىك ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت. اللە تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇپ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿اللە خالىمىغان ئىكەن، ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى ـ يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»﴾[1]

مۇشۇ مەزمۇندا يەنە سۈرە كەھفدە: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،« مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»﴾[2] دېدى. يەنى اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىنى قويۇپ باشقىسىنىڭ ئىسلامغا خىلاپ بولغان بۇيرۇقىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن باش ئىگىپ ئىشلىمەسلىكى لازىم، دەپ كەلدى.

بۇ ئايەتنىڭ پۈتۈن ئىنسان بەختكە يەتكۈزىدىغان ۋە ئاز سۆزلەپ كۆپ مەنە بىلدۈرگەن ئالىي تەلىماتلىرىنى ئويلاش كېرەكلىكى، بۇ ئايەت اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش (ئىنسانغا

[1] سۈرە ئەئراف 188 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت.

چوقۇنماسلىق) ۋە ياخشى ئىشلارنى ئىشلەشتىن بارلىققا كېلىدىغان ئىسلامچە ئوي پىكىرلەرنى خۇلاسە قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ.

## بۇت ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش

الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ تۈرلىرىدىن بىرسى بۇتلارغا ۋە باشقىلارغا ئىبادەت قىلىشتۇر:

بۇت دېگەن ياغاچتىن يا تاشتىن يا باشقا مېتالدىن ياسالغان بولۇپ ئادەم يا هايۋان يا جانىۋاردەك جانلىق مەخلۇق شەكلىدە بولىدۇ. ياكى بىر قانچە خىل مەخلۇق ئەزاسىدىن بىرىكتۈرۈلۈپ ياسىلىدۇ. بۇت ياكى سىيدام تاش، يا گۈمبەز، يا قەبرى، يالغۇز تېرەكتەك كىشىلەر ئەيمىنىپ ئۇمىد كۈتىدىغان نەرسىلەردىن بولىدۇ.

بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىلار بۇتلارنى ئادەتتىن تاشقىرى غەيب قۇۋۋەت ئىگىسى دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. بۇلار ئارىسىدا بۇتلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادە قىلىدىغان نۇرغۇن يالغان هېكايىلەر بار. مەسىلەن: بەزى بۇتنى جەڭگە، بەزىسىنى رىزىقنىڭ كەڭلىكىگە، مەمۇرچىلىققا، بەزىلىرى بالا ـ قازانى كەتكۈزىشكە هۆددە قىلالايدۇ، دەپ قارايدىغان ئەپسانە قاراشلار بار.

تارىخچىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەب زېمىنىدا بۇتقا ئىبادەت قىلىش كەڭ تارقالغان ئىدى. مەككە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەككە مۇكەررەمنى پەتهى قىلىپ بەيتۇللاھقا كىرگەندە، پەيغەمبەرلەرنىڭ هەيكەللىرىنى كۆرۈپ بۇ هەيكەللەرنى چىقىۋېتىشكە بۇيرۇغان، ئۇنىڭدىن باشقا 360 دانە بۇتنىمۇ پاچاقلاپ تاشلىغان.

بۇتقا ئىبادەت قىلىش ئىنسانلارغا ئۇزۇن زامان زوراۋانلىق قىلغان يامانلىق ئەيىپلىك ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئاندىن كېيىن مۇسا ئەلەيهىسسالام، ئىسا ئەلەيهىسسالام ۋە مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامدىن ئىبارەت يەهۇدىي دىنى، خىرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە بىر بىرلەپ يوقىلىشقا باشلىغان. لېكىن ئەرەبلەرنىڭ تاشقا، مېتالغا، پايدا ـ زىيان كەلمەيدىغان هەيكەللەرگە ئىبادەت قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەرەبلەرنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغىنىغا سەۋەب كۆرسىتىپ دېگەن گەپلىرىدىن الله تائالا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەر،﴿ الله نى قويۇپ بۇتلارنى هىمايىچى قىلىۋالغانلار: «بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى الله غا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر» (دەيدۇ)﴾[1].

هازىرقى زاماندىمۇ بەزى مۇشرىكلار مۇشۇنى دەلىل قىلىدۇ. بۇلار: ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا بۇت يا قەبرى، يا يالغۇز تېرەكتەك بىر نەرسە تۇرسا خۇداغا

---

[1] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېقىنلىشىشنى ئويلاشتا پىكرى مەركەزلىشىدۇ، دەپ دەلىل قىلىدۇ. لېكىن شۇنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەككى، اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ نەمۇنىسى دەپ بۇتقا سەجدە قىلىش ياكى بۇت ئادەمنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دېگەن سۆزگە قايىل بولۇش، باتىل سۆز بولۇپ ئۇ ھەرگىز ئىلمىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇغاندا بۇتتەك نەرسىنىڭ تۇرۇشى ئۇ كىشىنىڭ پىكرىنى اللّٰه تائالادىن يۈز ئۆرۈتىدۇ. اللّٰه تائالاغا يېقىنلىشىش بىر كىمنى يا بىر ھەيكەلنى ۋاستە قىلىش بىلەن ئەمەس ئىدى. بەلكى پىكرىنى اللّٰه تائالاغا بىۋاستە يۈزلەندۈرۈش قىيىن ئەمەس. بەلكى بۇ ئىش ئىنسانىنىڭ ئۆز مەنىۋىي قەدرى قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچكىمنى ئۆزىگە تايانچى قىلماسلىقتا بەكرەك سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانغا مۇشەققەتلىك كۈنلەر ۋە مۇسىبەتلەر ۋە ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە اللّٰه تائالاغا بىۋاستە يالۋۇرىدۇ. ھېچكىمنى ۋاستە قىلمايدۇ. چۈنكى، ۋاستىنىڭ قولىدىن پايدا زىيان كەلمەيدىغانلىقىنى ئىنسان بىلىدۇ.

## كۆڭۈل خائىشىغا ئىبادەت قىلىش

شېرىكنىڭ يەنە بىر تۈرلۈكى ئىنساننىڭ نەپسى تارتقانلا نەرسىگە باش ئېگىپ كېتىشى بولۇپ، نەپسى نېمىنى تارتسا شۇنىڭغا ئەگىشىشتىن ئىبارەت. قۇرئان بۇنى كۆرسىتىپ: ﴿ئېيتىپ باقىنكى نەپسى خالىغاننى ئۆزىگە ئىلاھ قىلغان ئادەمگە نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىشتىن ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا مەسئۇل بولالامسەن؟﴾[1] دەيدۇ.

ئىنسان ئۆزىگە ئىلاھ قىلغان ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭغا قۇل قىلغان نەرسىنىڭ ئاشكارىراقى مال ـ مۈلۈك، مەنسەپ ۋە مۇھەببەتتۇر. پۇل مال ئىنساننى ئۆزىگە شۇنداق قۇل قىلىۋالىدىغان نەرسىكى، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز ھاياتىنى پۇل مال جۇغلاشقا ۋە پۇل ئارقىلىق راھەت كۆرۈشكە پۇل توپلاش يولىدا كىشىلەر بىلەن سوقۇش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېھرىبان پەرۋەردىگارىدىن يۈز ئۆرۈپ لازىم بولغان شۈكرىنى ئادا قىلماي، اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئۆز يولىدا بىجىرىمەي بىخۇتلىشىدۇ.

قۇرئان كەرىم پۇل مالنىڭ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېتىشتىن قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. اللّٰه تائالا سۈرە مۇنافىقۇندا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى اللّٰه نىڭ زىكرىدىن (يەنى اللّٰه نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[2] دېدى.

پۇل ـ مال ئىنساننىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىنى ئىگەللەپ كەتكەندە، ئۇ ئىنساننىڭ دۈشمىنى بولىدۇ. ئىنساننى ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىنى ۋە اللّٰه تائالانى رازى قىلىش

---

[1] سۈرە فۇرقاننىڭ 43 ـ ئايىتى.
[2] سۈرە مۇنافىقۇن 9 ـ ئايەت.

يولىدا پۇل سەرپ قىلىشنى تاشلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى پۇل ـ مالغا بەندە بولغان خەلقلەرنى ماددىي مەنپەئەتچىلىكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ چىرايلىق بىر نەسىھەتىدە: ”ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلماڭلار يەنى الله تائالاغا قوشۇپ پۇل مالغا قۇل بولماڭلار“ دېدى.

ئەمەل مەنسەپ پەرەسلىكمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. بەزى كىشىلەر مەنسەپتىن ئاجراپ كېتىشتىن قورقۇپ الله تائالاغا ئاسىي بولۇش، ئۆز دىنىي قېرىندىشىغا زۇلۇم ھېسابىغا خوجايىنىغا خوشامەت قىلىپ ئىمانىنى، ۋىژدانىنى ۋە ئىنسانلىقنى يوقىتىدۇ، زۇلۇم ئىستىپداتقا ياردەمچى قول چۇماق بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر ئىشقى مۇھەببەت ئالدىدا مەغلۇب بولۇپ خۇداغا ئاسىي بولىدۇ، دىن شەرىئەت يولىغا خىلاپلىق قىلىدۇ. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇلنى مەنسەپنى مۇھەببەتنى ئىلاھ قىلىپ ئىبادەت قىلغانلىق ۋە بۇلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلغانلىقتۇر.

## بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە ئىبادەت قىلىش

ئۆتمۈشتە ۋە ھازىردا ئۆتكەن ئادەملەرگە ئىبادەت قىلىش ئەقىدىسىدەك پۈتۈن ئۇممەتكە كېڭەيگەن بىر ئەقىدىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇرۇن ئۆتكەن سالىھ بەندىلەرنى خەلقلەر الله تائالاغا لايىق كېلىدىغان سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەت بىلەن سۈپەتلىدى.

”تايلۇر“ ئىسىملىك ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە: ”ئاتا ـ بوۋىلارغا ئىبادەت قىلىش (ئاتا ـ بوۋىدىن قالغان خاتا ئەقىدە يامان ئىشلارنىمۇ توغرا دەپ قوبۇل قىلىپ ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ئىشى) ئەرۋاھقا ئەقىدە قىلىشتىن كەلگەن. چۈنكى، باشلانغۇچ ـ مەدەنىيەتسىز قەبىلىلەردە ئاتا ـ بوۋىلار ئائىلە باشلىقلىرى ئىدى. ھەممە ھوقۇق ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھاياتىنىڭ ياخشى يامان ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ تونۇشىدا ئاتا بوۋىلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەرۋاھلىرى ئائىلە ئۈستىدە ھاۋادا قانىتىنى لەپىلدىتىپ تۇرۇپ ئۇلارنى يامان ھادىسىلەردىن ساقلايدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايدۇ. كىشىلەرنى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ روھىغا ئىبادەت قىلدۇرغان نەرسە بولسا، قەھرىمانلارنى ئۇلۇغ بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقۇشتىن ئىبارەت.

بۇ ئەقىدىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئويلىغان ئادەم، بۇنىڭ كىشىلەر قايىل قىلىپ راست دەپ ئىشىنىشتىن ناھايىتى يىراقلىقىنى، بىلەلەيدۇ. بۇرۇن ئۆتكەنلەر كىملەر؟ ئۇلارنىڭ ئەسلىنى ۋە بارغان يېرىنى ئويلاپ بېقىشىمىز لازىم. ئۇلار ئەسلى بىزدەك ئاش نان يېگەن، ئىچكەن، كېسەل بولغان ئاندىن كېيىن ئۆلگەن ۋە ئۆلگەندىن كېيىن بەدىنىنى قۇرت يېگەن، ئۇستىخانلىرى چىرىپ كەتكەن كىشىلەردۇر. ئەسلى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق بولغان كىشىلەردىن مەدەت ياردەم تىلەش ۋە پاناھ بېرىشىنى تىلەش ئەقىلغا توغرا كېلەمدۇ؟

ئەرۋاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىدا ”بۇرۇن ئۆتكەن بەندىلەرنىڭ روھلىرى ۋاپات قىلىش بىلەن بەدىنىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، روھلار ئۇلارغا ھەمىشە ھەمراھ بولۇپ ئۇلارنى قوغدايدۇ“ دەيدۇ. بىز بۇ قاراشنى رەت قىلىپ ئېيتىمىزكى، ”شۇ روھلار نەدە؟ روھنىڭ ھەقىقتى نېمە؟ قانداق قوغدايدۇ؟ روھلار بەدەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆز ئەتراپىغىمۇ تەسىر قىلىشتىن ئاجىزدۇر. روھنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتى بەدەنگە ئىگە بولۇپ كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغاندا بۇ ھاياتقا كېرەكلىك نۇرغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ، ھاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تەبىئەتتىكى نەرسىلەرگە تەسىر قىلالمايدۇ. ئۆلۈم يېقىن كەلسە قايتۇرالمايدۇ. ئىنساننىڭ ھايات چېغىدا ئەھۋالى شۇنچىلىك تۇرسا ئۆلگەندىن كېيىن يوق ھېسابتا بولۇپ قالامدۇ؟

بۇرۇنقىلارنىڭ روھلىرىغا ئىبادەت قىلىش بىرمۇنچە يالغان ئەقىدىلەرگە، ئەپسانە چۆچەكلەرگە ئارىلاشقان ۋە نۇرغۇن رەسمىي قائىدە ئىشلارغا ئارىلاشقان بولۇپ يېغىپ ئېيتقاندا بۇ ئىشلار كىشىلەرنى ئىلغار ھەرىكەتلەردىن بوغۇپ ئالغا بېسىشقا ۋە تەرەققىي قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. كونىلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى ـ ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن چاچنى قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىش،[1] بەدەننى جاراھەتلەندۈرۈش، ئۆلۈكلەرنىڭ دەپنىلىرىگە بېغىشلاپ قەبرىستانلىققا يېغىلىش، قارىلىق كىيىمى كېيىش، قەبرىلەرگە ئالاھىدە ئىشلەش، قەبرى بېشىدا ئىبادەت ۋە باشقا دىنىي ئىشلارنى قىلىپ ئولتۇرۇشلاردىن ئىبارەت.

قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ئىنسانلارغا پەيدا بولغان ئاشۇنداق ئاساسسىز ئويدۇرما ئىبادەت ۋە ئادەتلەر توغرىسىدا توختىلىشتىن چەتتە قالمىدى. قۇرئان ئىنسانلارنى تەلىماتلىرى ئارقىلىق مۇنداق دەرتلەردىن قۇتقۇزۇشقا تەشەببۇس قىلدى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾[2].

ئويلاپ بېقىڭ! بۇ ئايەت اللە تائالانىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، تىرىكنى ئۆلتۈرۈشتىكى قۇدرىتىنى قانداق تەنتەنە بىلەن سۈپەتلەيدۇ؟ ئەمما بۇرۇنقىلارنىڭ ئەرۋاھلىرى مۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلار ئۆلۈك دېگەن باشقا كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ناھايىتى يىراق. يەنە بۇ ئايەت اللە تائالا ھازىرقى پۈتۈن ئىنساننىڭ باققۇچى ئىگىسى، بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلارنىڭمۇ ئىگىسى دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئويلاش كېرەك. ھەممىنىڭ ئىگىسى اللە تائالا تۇرسا بۇرۇنقىلارنىڭ روھىغا ئىبادەت قىلىش يەنى ئۇلارغا غايىب كۈچ ۋە باشقۇرۇش كۈچىنى ئىسپاتلاش يولسىز ۋە ھۆججەتسىز بىر ئىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

---

[1] يەنى چاشنى قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىش بۇددىستلارنىڭ دىنىي ئادىتىدۇر.
[2] سۈرە دۇخان 8 ـ ئايەت.

## تەبىئەت ئالىمىدىكى بەزى ئالاھىدىرەك مەخلۇقلارغا ئىبادەت قىلىش

تەبىئەت (مەخلۇقلار) ئۆزىنىڭ سىرلىرى، گۈزەللىكى، ئاجايىب ئىشلىرى ئادەم باللىرىغا يەتكۈزگەن پايدىلىرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ، اللہ تائالانى سۇرۇشتۇرۇپ تونۇشقا ئۈندەيدىغان ۋە ئىنسان ۋۇجۇدىغا دىنغا ئىشىنىشتىن پىكرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئامىلدۇر.

تەبىئەت ئۆزىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە بېسىم كۈچى بىلەن ئىنسانىنى ئۇنىڭدىن قورقۇلۇش يولىنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغاندەك، ئىنساننىڭ تەبىئەتنى ئىلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ”ماكس موللەر“ ئىسىملىك ئالىم مۇنداق دەيدۇ: ”ئەڭ ئەۋۋەل ئىنساننىڭ دىققىتىنى تارتقان، قارىغان ھامان ئۇنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان نەرسە قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن تەبىئەت ھادىسىلىرىدۇر. تەبىئەتنىڭ ئىنسان روھىغا قىلغان كۈچلۈك تەسىرى ۋە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن ئىنسانلارغا دىنغا ئىشىنىش پىكرىنى پەيدا قىلىش بىلەن تەبىئەتكە ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان“.

قەدىمكى مىللەتلەردىن كۆپلىگەن كىشىنىڭ قارىشىدا، تەبىئەت ھادىسىلىرى ”ئىلاھ“ بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇلارغا باش ئېگىش لازىم، دەپ ھېسابلانغان ئىدى. بەزى مىللەتلەر بىر قانچە ئىلاھقا باش ئۇردى. ئۇ ئىلاھلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ھادىسىلىرى (ئالاھىدە تونۇلغان مەخلۇقلار) ئىدى. مەسىلەن: بەزى مىللەتلەر ئاسماننىڭ بىر ئىلاھى، زېمىننىڭ بىر ئىلاھى، ھاۋانىڭ بىر ئىلاھى ، دېڭىزنىڭ بىر ئىلاھى بار دەپ ئەقىدە قىلاتتى. قەدىمقى مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى يەنى ئىلاھلىرىغا بۇلۇت ئىلاھى، ئوت ئىلاھى، نۇر ئىلاھى دەپ ئىسىم قويۇشتى.

قۇرئان كەرىم تەبىئەتتىكى نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش كېسىلىگە داۋا قىلىپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلىپ، ئىبادەتكە ھەقىقەتەن لايىق زات، بۇ ئالەمنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئىگىسى اللہ تائالا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قۇرئان كەرىمدە سۈرە ساففات 5 ـ ئايەتتە اللہ تائالا: ﴿(ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ۋە مەشرىقلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر﴾ دېدى.

قۇرئان كەرىم اللہ تائالا ياراتقان تەبىئەت مەخلۇقلىرى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ساناپ كۆرسىتىش بىلەن بىللە اللہ تائالانىڭ بىرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار اللہ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، اللہ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ اللہ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللہ نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە

ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾[1].

مەزمۇنى: ئىگەڭلەر اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، دېگەنلىكتۇر. بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى دېمەكتۇر. ئاسمانلار دېمەك ئاسماندىكى بارلىق جىسىملار، زېمىن بولسا بىز ياشاۋاتقان زېمىندۇر. اللە تائالا بۇلارنى ئالتە كۈندە ياراتقاندىن كېيىن ئۆز ھۆكمىنى بۇلارغا يۈرگۈزدى. كېچە ئۆزىنىڭ قاراڭغۇسى بىلەن كۈندۈزنى يوشۇرۇپ قالىدىغان ۋە تەرتىپلىك ھالدا مەلۇم تېزلىك بىلەن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدىغان قىلدى. كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ھەرىكەتلىنىدىغان قىلدى. ”ئاگاھ بولۇڭلار! يارىتىش ۋە باشقۇرۇش اللە تائالاغا خاس“ دېگەن كۆپ مەنالىق قىسقا ئىبارەت اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرىگە تەئەللۇق ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شاپائەت

ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇن بۇتلارنى بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار دەپ ھېسابلايتتى. شاپائەت دېمەك ۋاستە بولماق، ئارىغا چۈشمەك، گۇناھنى تىلەپ قويماق، دېمەكتۇر. شاپائەت تىلەش مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك يول بىلەن بولىدۇ. يەنى ناماز بىلەن، دۇئا تەلەپلەر بىلەن، ئۆلۈغ دەپ تونۇلغان كىشىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە يۈزلىنىپ يالۋۇرۇش بىلەن، ھەيكەللەرگە، ئىبادەت خانىلەرگە قۇربانلىق، نەزىر قىلىپ قازان قاينىتىش بىلەن بولىدۇ. كىشىلەر ئۇلۇغ بەندىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە اللە تاغا ۋاستە بولسۇن دەپ، مۇشرىكلارنىڭ قارىشىدا بۇتلارنىڭ روھلىرىغا ۋە باشقا ئىلاھلىرىغا ۋاستە بولسۇن ۋە بىزگە اللە تائالا ئالدىدا شاپائەت قىلسۇن دەپ، ئاشۇنداق ئىبادەتلەر بىلەن شوغۇللانغان.

ئەمما قۇرئاندا بۇ ھەقتە شاپائەت قىلىشنىڭ يالغۇز اللە تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ سۈرە زۇمەرنىڭ **44** ـ ئايىتىدە اللە تائالا: ﴿شاپائەتنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم اللە نىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر﴾ دېدى. يەنى اللە تائالانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھېچكىم ـ ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. پەقەتلا اللە تائالا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەرگەن كىشىلا شاپائەت قىلالايدۇ. ئالەمنى يارىتىشقا ۋە تەسەررۇپ قىلىشتا اللە تائالا يالغۇز بولغاچقا شاپائەتمۇ اللە تائالاغا خاس ھوقۇقلاردىندۇر. اللە تائالا ئىزنى قىلمىغۇچە ھېچبىر مەخلۇقنىڭ شاپائەت قىلىش ھەققىنىڭ يوقلۇقىنى اللە تائالا تەكىتلەپ سۈرە يۇنۇسنىڭ **3** ـ ئايىتىدە: ﴿(قىيامەت كۈنى) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن اللە نىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ﴾ دەيدۇ.

قۇرئاندا، اللە تائالا شاپائەت قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىگە پەيغەمبەرلەر ئاندىن شاپائەت قىلىدۇ، دەپ كەلدى. بۇ ھەقتە سۈرە ئەنبىيانىڭ **28** ـ ئايىتىدە مۇنداق بايان

---

[1] سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەت.

قىلىندى: ﴿الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ. الله نىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾.

مۇشرىكلارنىڭ سالىھ كىشىلەرنىڭ شاپائەت قىلىشىغا ناھايىتى ئىشىنىپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى قۇرئان ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسسىز خاتا ئەقىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ سۈرە يۇنۇسنىڭ 18 ـ ئايىتىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار الله نى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «بۇلار (يەنى بۇتلار) الله نىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار» دېيىشىدۇ﴾.

قۇرئاندا: شاپائەت الله تائالاغىلا خاس، الله تائالا شاپائەت قىلىنىشنى ئىرادە قىلغان كىشىگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، بولمىسا قىلمايدۇ. دەپ كەلگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنىڭ خاتا تونۇشىنى تۈزۈشتە چوڭ رولغا ئىگە بولۇپ، شاپائەتكە يۆلىنىپ ئۆزىنى ئالدايدىغان ئاسىيلارنىڭ قۇرۇق ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك بىز الله تائالا ئالدىدا سىلەرگە شاپائەت قىلىمىز، گۇناھىڭلارنى تىلەپ قويىمىز، دەپ دەۋا قىلىپ خەلقلەردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى سالىھ پەرزكار كۆرسىتىدىغان يالغان ئەۋلىيالارنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىنى بەربات قىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان ئوچۇق سۆزلىگەندەك الله تائالا شاپائەت ئۈچۈن كىملەرگە ئىزىن بېرىشى مەلۇم ئەمەس. ئاساسىي تۈتقۇ ئىنساننىڭ ئىمانى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى، نىيىتى بولۇپ مۇشۇلارغا ئاساسەن ئىنسان يا دوزاخقا كىتىپ قالىدۇ، يا نىجاتلىق تېپىپ جەننەتكە بارىدۇ. ئىمانسىز ئۆلگەن ياكى الله دوزاخقا تاشلاشنى ئىرادە قىلغان بەندىگە، ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. پەقەت الله تائالا ئەپۇ قىلىشنى ئىرادە قىلغان بەندىگە، شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ الله ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ الله تائالانىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە بەندىلەرنىڭ نىيىتى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن يۈزلىنىشىگە ھەقلىق ئىكەنلىكىدە مۇتلەق يالغۇزلۇقنى تەكىتلەش نەزەرىيەسى، ئىنساننى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئىنسانغا ھەقىقى ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى بېرىدۇ. ھاياتنىڭ ھادىسىلىرى ئالدىدا يېڭىلمەس كۈچ بېرىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كېرەكلىك بىر ئادەم قىلىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندىكى بەزى سۈپەتلىرى

الله تائالانىڭ ئىلاھلىق مەرتىبىسىنى ۋە ئىلاھلىقىغا لايىق كامىللىقىنى ۋە ئۇنى تونۇشنى ئىسلام دىنىدەك توغرا چۈشەندۈرگەن بىر دىننى كۆرمىدۇق. قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى ئۆگەنگەن كىشى، ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە قۇرئان ئايەتلىرىدىن الله تائالادىن ئەيمىنىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئېتىراپ قىلىدىغان بىر سېزىم تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلۇغلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئەقىل تونۇپ يېتىشكە ئەقىل ئاجىز كېلىدىغان ۋە ئەقىل بىلىپ كېتەلمەيدىغان چەكسىز ئەزەمەتلىك زات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھەم ئىنساننى شېرىكتىن يىراق قىلىدىغىنى ھەر ئىنساننىڭ الله تائالاغا بىۋاستە

مۇناسىۋەت باغلىنىشىدۇر. اﷲ تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىشتا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ئىنسانىنىڭ اﷲ بىلەن ئۆزى ئارىسىدا ۋاستە ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىشىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ اﷲ تائالا بىلەن خەلق ئارىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋە كىشىنى باشقا بىرىكىمدىن مەدەت ياردەم تىلەشكە موھتاج قىلمايدىغان بىر يولنى بەلگىلەپ بەرگىنىنى كۆرىمىز.

بۇ كىتابتا ئوقۇغۇچىغا اﷲ تائالا ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ۋاستى قىلىپ بەرگەن سۈپەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ھەققىدە

ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىق ـ جانسىز نەرسىلەر اﷲ تائالانىڭ يوقتىن بار قىلغان ئەسەرلىرىدىن بىر ئەسەردۇر. ئۇنىڭ قۇدرىتى پۈتۈن ئالەمگە ئومۇمىيدۇر. ئۇنى ھېچنەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ ئەلۋەتتە. قۇرئان ئېلان قىلغان نەرسە دەل شۇدۇر: ﴿(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان اللەنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. اللە ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1] ﴿بۇ (يەنى اﷲ تائالانىڭ ئىنسانىنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىرىقىدەك يارىتىشى)، اﷲ نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾[2]

اﷲ تائالانىڭ قۇدرىتى نەتىجىلىك قۇدرەتتۇر. لېكىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن ئىنسانىنىڭ نەتىجىسىدىن كۆپ ۋە ئالىي ئۈستۈندۇر. ئىنسانىنىڭ ئەقلى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ۋە ياساشتا چەكلىكتۇر. اﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ھەددى ھېسابى يوق. پۈتۈن ئىنسانلار بىرلىشىپ بارلىق كۈچىنى چىقارسىمۇ اﷲ تائالانىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ ئاددىسى بولغان بىر قۇرتنى ياراسىقمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. اﷲ تائالانىڭ قۇرئان كۆرسەتكەن چەكسىز قۇدرىتى بىلەن ئىنسان قۇدرىتى ئارىسىدىكى چوڭ پەرق مۇشۇدۇر.

سۈرە ھەجنىڭ 73 ـ ئايىتىدە قۇرئان: ﴿ئى ئىنسانلار!(يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر اﷲ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر﴾ دېدى.

اﷲ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ بۇ ئالەمدە بىزگە ئاشكارە بولغان ئالامەتلىرى ھەددى ھېسابى يوق بىر كۈچ ـ قۇۋۋەتكە دەلىلدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇقلار كۈچ قۇۋۋىتىنى كۈنىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئالىدۇ. كۈن بولسا، ئاسماندىكى اﷲ

[1] سۈرە مۇلك 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 6 ـ ئايەت.

تائالادىن باشقىسى سانىنى بىلمەيدىغان يۇلتۇزلاردىن بىردانە يۇلتۇزدۇر. ئالەمدىكى سان ساناقسىز يۇلتۇزلارغا يورۇقلۇق بەرگەن كاتتا قۇۋۋەتنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك؟ ”الله تائالا ئاسمان زېمىننى نۇرلاندۇرغۇچى“ دېگەن ئايەت بۇ ئاجايىپ قۇدرەتنىڭ قىسقىچە مىسالىدۇر. الله تائالانىڭ قۇدرىتى ئىنسان ھاياتىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسان ئۆز ئارزۇسىنى ھاسىل قىلىش، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن الله تائالادىن باشقىسىغا يالۋۇرىشى، يۆلىنىشى ھاجەتسىز. چۈنكى، بۇ ئىشقا الله تائالادىن باشقىسى ئىگە بولالمايدۇ. قۇرئاندا: ﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى الله دىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1] دەپ بايان قىلىنغان.

الله تائالانىڭ قۇدرىتى بارلىق ئەركەك ۋە چىشىنى يارىتىشتا ئومۇمىيدۇر. بۇ سەۋەبتىن پەرزەنت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن الله تائالادىن باشقا ئىلاھ دەپ ئاتىلىپ قالغان نەرسىلەرگە ياكى ھەق بىلەن ناھاقنى ئارىلاشتۇرغۇچى، ئالماشتۇرغۇچى يالغانچى ئالدامچىلارغا يالۋۇرىشنىڭ لازىمى يوق. الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى تونۇش توغرىسىدا قۇرئاندا: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللەغا خاستۇر، اللە نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[2] دەيدۇ.

مىللەتلەرنى ئىززەت قىلىشتا خار مەھكۇم قىلىشتىمۇ الله تائالانىڭ قۇدرىتى يۈرگۈزۈلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛، ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن»﴾[3].

تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر ھوقۇقتا ھاكىمىيەتتە ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىگە يەتكەندىن كېيىن خار مەھكۇم بولدى. نۇرغۇن پادىشاھلار ۋە ھوقۇقدارلار ئەڭ يۇقىرى مەنسەپكە يەتكەندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلۈش، قامىلىش، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىشتەك دەرت ئەلەملىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى (الله تائالا ئۆزىنىڭ قانۇنى بويىچە، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق بىرلىكنى يوقاتقان، بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلغان، ئەخلاقى چىرىكلەشكەن مىللەتنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىپ جازالىدى).

---

(1) سۈرە ئەنئام 17 ۋە 18 - ئايەتلەر.
(2) سۈرە شۇرا 49 ۋە 50 - ئايەتلەر.
(3) سۈرە ئال ئىمران 26 - ئايەت.

مىللەتلەرنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ كەلگۈسى ياخشى ـ يامان ئاقىۋەتكە تەسىر كۆرسەتكۈچى، ياخشىلىنىشقا يا ۋەيرانلىققا يۈزلەندۈرگۈچى يالغۇز اللہ تائالادۇر. شۇڭا اللہ تائالادىن باشقىسىغا يالۋۇرۇش، مەنپەئەت كۈتۈش بىمەنىلىكتۇر. لېكىن، مىللەتنىڭ يا شەخسنىڭ ئەۋزەل ھاياتىنى قولغا كەلتۈرۈشى ھەققىدە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى اللہ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) اللہ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى اللہ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)﴾[1].

بۇ ئۇلۇغ ئايەت شۇنى ئوچۇق سۆزلەيدۇكى، اللہ تائالانىڭ بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى بەختسىزلىكتىن بەختلىك ھاياتقا ئۆزگەرتىشى شۇ مىللەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپلىرىنى، ئاداۋەتلىرىنى، خائىنلىقلىرىنى، ۋىژدانسىزلىقلىرىنى، خاتا ئەقىدىلىرىنى، بۇزۇق ئەخلاقلىرىنى ئۆزگەرتىپ ھەقىقەتكە بىردەك قايىل بولۇپ بىر ـ بىرىگە جان پىدا قىلىدىغان بولۇشىغا باغلىق. مۇنداق ئۈممەت اللہ تائالانىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشىگە لايىق بولىدۇ. بۇ بولسا، اللہ تائالانىڭ دۇنياغا ئورناتقان قانۇنىدۇر. ئەمما بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرىدىغان ۋە ئىنسانلىق پەزىلەتلىرىنى يوقاتقان مىللەت ئۆزگە قوشنا مىللەتلەرگە مەھكۇم بولۇپ قۇللۇق ۋە خارلىقتا ياشاشقا تېگىشلىك بولىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى

اللہ تائالا ئەزەلدىن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. اللہ تائالادا بىر ئىشنى ئۇنتۇش بولمايدۇ. بۈگۈنكى، تۈنۈگۈنكى ۋە ئەرتىدىكى ھەممە ئىشنى، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھەممە نەرسىنى، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى، دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى ھەممە نەرسىنى اللہ تائالا بىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئالەم ۋە ئالەمدىكى پۇختا مۇستەھكەملىك، ئىنتىزام تەرتىپ ھەممىسى اللہ تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ۋە ھېكمىتىنىڭ ھەممىنى قورشاپ تۇرغانلىقىغا دەلىلدۇر.

اللہ تائالانىڭ ھەممىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان قۇرئاندىكى ئاجايىب گۈزەل ھۆججەتلەرنىڭ بىرسى شۇكى، اللہ تائالا ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر. ھەممە مەخلۇقنى ياراتقان كىشى ئەلۋەتتە ئۆزى ياراتقان مەخلۇقلارنىڭ سىرلىرىنى مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلمەي قالامدۇ؟ اللہ تائالا سۈرە مۇلۇكتە: ﴿سىلەر سۆزۈڭلارنى مەخپىي قىلىڭلار ياكى ئاشكارا قىلىڭلار (اللہ ھامان ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ). اللہ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر. (مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2] دەپ كەلگەن.

قۇرئان، اللہ تائالانىڭ ئىنساننىڭ مەخپىي، ئاشكارە ئىشلىرىنى ۋە نىيەتلىرىنى بىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا اللہ تائالانىڭ بارلىق ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى

---

[1] سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇلك 13 ۋە 14 ـ ئايەتلەر.

ئۇچۇق بايان قىلدى. اللّٰه تائالانىڭ قانداق ئۇلۇغ تەربىيەتچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان بۇ ئايەتنى ئويلاپ كۆرۈڭ:

اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى اللّٰه بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ، ـ ھەممىسىنى اللّٰه بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (اللّٰه) بىلىدۇ. اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر. اللّٰه مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن بۈيۈكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (اللّٰه ئۇچۇن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى اللّٰه ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[1].

اللّٰه تائالا بۇ ئالەمنىڭ ئىنچىكە ۋە مەخپىي ئەھۋاللىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، سۈرە ئەنئام 59 ـ ئايەتتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى يەقەتلا اللّٰه بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللّٰه بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن اللّٰه بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (اللّٰه غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾.

قۇرئاننىڭ بۇ ئوچۇق سۆزلىرىدىن بىزگە شۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىسلامنىڭ اللّٰه تائالا توغرىسىدىكى قارىشى مېتافىزىكىلىق پەلسەپە قارىشى ئەمەس. ياۋرۇپالىقلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ ئېتىقادىچە اللّٰه تائالا پۈتۈن ئالەمنى ياراتقاندىن كېيىن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالەم بىلەن ئىشى يوق دېيىشىدۇ. بۇ ئېتىقاد ئەلۋەتتە خاتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىچە اللّٰه تائالا ئالەمنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ. پەيدا بولغان ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىۋاتقان ھەممە نەرسە اللّٰه تائالانىڭ داۋاملىق قىلىۋاتقان ئىشىدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئوخششى يوقتۇر

اللّٰه تائالانىڭ ھېچ بىر مەخلۇققا ئوخشىماسلىقى ھەممىگە مەلۇم، ياراتقۇچى مەرتىبىسىدىن يارىتىلغۇچىنىڭ مەرتىبىسى كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىگە ئاشكارە ئەمەلىيەت ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ياراتقۇچى ئۆز زاتىدا ۋە سۈپەت خۇسۇسىيەتلىرىدە ھېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ. اللّٰه تائالا ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، لېكىن بىزدەك قۇلاق بىلەن كۆز بىلەن ئەمەس. ئىلاھنىڭ ئەھۋالى مەخلۇقنىڭ يېتەرسىز ئەقلى خىيال تەسەۋۋۇر قىلغاندىن

[1] سۈرە رەئد 8 ــ 10 ـ ئايەتكىچە.

ئۇستۇندۇر (ماھىيىتى باشقا بولغۇچىنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ). شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

”اللّٰه تائالانىڭ زاتىنى ئويلاش بىر تەرەپتىن اللّٰه نىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىش بولىدۇ. ئىنسان ئەقلىگە بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، اللّٰه ۋۇجۇدى بىلەن مەخلۇق ۋۇجۇدىدا پەقەت نىسبەتلىك يوق، اللّٰه تائالانىڭ ۋۇجۇدىنىڭ مەخلۇق ۋۇجۇدىدەك تەركىبلەنگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىگە ئىسلىپ باققانلىقتۇر. پايدىسىز بىھۇدىلىكتۇر، ئىقتىدارى يەتمەيدىغان ئىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقدۇر. ھەم ئىنسان ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقدۇر. چۈنكى، بۇ ئىش ئېتىقادتا مايماقلىقتۇر. چېگراسى يوقتا چېگرا توختاتقانلىق، سانى يوقنى سانلىغانلىقتۇر“.

دوكتور مارت ستانلى كودەجىنىڭ توغرا دەپ قارىغان كۆز قارىشى مۇنداق:

”اللّٰه تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشتا ۋە سۈپەتلەشتە بىز ماددىي ئالەمدىكى نەرسىلەرنى تونۇش ۋە سۈپەتلەشتە ئىشقا سالغان كۆز قاراش ۋە ئىبارىلەردىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان مەنىلەر ۋە ئىستىلاھلارنى ئىشقا سېلىشقا موھتاج بولۇشىمىزدا شەك يوق. بولۇپمۇ بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەمنىڭ خاسلا ماددا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئالەمنىڭ ھەم ماددا ھەم روھ ئىكەنلىكى يا ماددا ۋە ماددا ئەمەسلىكى ئاشكارا بىلىنگەندىن كېيىن، ماددا ئەمەس نەرسىلەرنى يالغۇز ماددىنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەشكە كۈچىمىز يەتمەيدۇ“ دېگەندىن ئىبارەت.

لېكىن، بەزى ئادەملەر اللّٰه تائالانىڭ زاتى توغرىسىدا ئېزىپ كەتتى ۋە ئوخشاشمىغان پىكىرلەردە بولدى. مەسىلەن: بەزى بۇتپەرەسلەر اللّٰه تائالا روھتۇر، ئۇ روھ بۇتلاردا ئەكس ئېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلىرى اللّٰه تائالا زېمىن مەخلۇقلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ بەدىنىگە كىرىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ.

ئەمما ئىسلام بۇ ئىشنى ئۆز ئۆلچىمىدە ئۆلچىدى. اللّٰه تائالا توغرىسىدا ھەقىقەتنى ئۇچۇق كۆرسەتتى. اللّٰه تائالاغا ئېتىقاد قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە داغ بولۇپ يوقىۋالغان ئاساسسىز ئويدۇرما ۋە دەلىلسىز گۇمانلارنى يىقىتىپ تاشلىدى. ئىسلامنىڭ قارىشى بولسا، ئالەمگە پۈتۈن كامىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بىر ياراتقۇچى بار، دېمەكتۇر. ھەم اللّٰه تائالانىڭ بەدەن قۇرۇلىشىدىن پاك، بىر نەرسىگە ئوخشىشىپ قېلىشتىن پاك دەپ ئولۇغلىشىمىزغا ۋە مەخلۇقلارنىڭ ھەرقانداق سۈپەتلىرىدىن پاك دەپ، تونۇشىمىزغا چاقىرىدۇ.

اللّٰه تائالانى سۈپەتلىگەن بۇ ئايەتلەردە كۆرىمىزكى، سۈرە ئەنئام **103** ـ ئايەتتە اللّٰه تائالا: ﴿كۆزلەر اللّٰه نى كۆرمەيدۇ، اللّٰه كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، اللّٰه (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ دېدى.

اللّٰه تائالا سۈرە شۇرا **11** ـ ئايەتتە ﴿ھېچ شەيئى اللّٰه غا ئوخشاش ئەمەستۇر﴾، سۈرە تاھا **110** ـ ئايەتتە: ﴿اللّٰه ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى

بىلمەيدۇ﴾، سۈرە زۇخرۇق 82 ـ ئايەتتە: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاكتۇر﴾ دېدى.

الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقلىرىنى ئويلىشىمىزغا بۇيرۇدى. الله تائالانىڭ زاتىنى ئويلىشىمىزدىن توستى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئويلاڭلار، زاتىنى ئويلىماڭلار» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەر نەرسىنى ئويلاڭلار! الله تائالانىڭ زاتىنى ئويلىماڭلار» دېدى. بۇنى بەيھەقي رىۋايەت قىلدى.

ئالەملەرنى ياراتقۇچى الله تائالا ھېچبىر تەرەپتىن مەخلۇققا ئوخشاپ قالمايدۇ، پاك مۇنەززەھتۇر، دېگەندىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ مۇقەررەر قىلغان بۇ قارىشىغا ئەڭ يۇقىرى پەلسەپەلەرمۇ يېتەلمىگەن ئىدى. پەقەت ئىسلام دۇنياغا كېلىپ كۆپ ئەسىرلەردىن كېيىن يەتتى. مۇنداق توغرا قاراشنىڭ شۇ زاماندا ئەرەب زېمىنىغا پەيدا بولۇشى قۇرئاننىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ ھاياتى

الله تائالا ھاياتلىق مەنبەسىدۇر. جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ھايات بەرگۈچىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا ھاياتلىق كامىل بولۇشى ئەقلىنىڭ قارىشىدا ئەلۋەتتە لازىم. الله تائالانىڭ ھاياتى داۋاملىقتۇر، ئۇنىڭ ھاياتلىقى يوقالمايدۇ. ئۇ ئۇخلىمايدۇ، مۈگدىمەيدۇ. قۇرئان كەرىم ﴿بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛﴾[1] دەپ بايان قىلدى.

قۇرئاندا زېمىندا ياشايدىغان جانلىق كائىناتلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ۋە الله تائالاغا خاس مۇقەررەر سۈپەت ھەققىدە قىسقا ئىبارەت، كامىل مەنالىق ئايەتلەر كەلدى، ئۇ ئايەتلەر ئۇزىنىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ئۆزى دەلىل بولىدىغان ئايەتلەردۇر. سۈرە رەھماندا الله تائالا: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق مەخلۇق ئۆلىدۇ، يوقىلىدۇ. ئەزەمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭ ئۆزى مەڭگۈ قالىدۇ﴾ دېدى.

الله تائالانىڭ ھاياتى باشقا جانلىق مەخلۇقلاردەك يېمەك ئىچمەككە موھتاج بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى الله دىن غەيرىنى مەبۇد تۇتامدىم؟ الله رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە خۇدانىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. (ماڭا دېيىلدىكى) سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن»﴾[2].

---

[1] سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنئام 14 ـ ئايەت.

ئىسلام بۇ ئايەت بىلەن بۇتپەرەس جىنكەشلەرنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى بۇتلارغا قۇربانلىق تەقدىم قىلىشقا، مال بوغۇزلاشقا بۇيرۇشىنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلىدى. ئەمدى ئىبادەتخانىلەرگە مال بوغۇزلىتىپ جىنكەش شەيخلىرى پايدىلىنىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، الله تائالا ھېچ نەرسە يېمەيدۇ.

قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىش بىلەن ئىنسانلارنى قەدىمقى كۆپ مىللەتلەردە كېڭەيگەن ئاساسسىز يالغان رەسمىيەتلەردىن ئازاد قىلدى. بەزى ئادەملەر بۇ باتىل ئىشلارنى ھازىرمۇ داۋام قىلىدۇرۇش بىلەن ئىقتىساد ۋە نەتىجىلىرىنى بىكارغا بۇزۇۋاتماقتا. مەخپىي ئەمەسكى، قۇرئاننىڭ بۇ ئىزاھاتى، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي رەسمىيەت ئادەتلىرىدىن پايدىلىنىپ دىنغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئىشكىنى تاقىدى.

قۇرئان كەرىم الله تائالانىڭ ھاياتى بالىدىن، ئايالدىن پاك ۋە مۇنەززەھ دەپ، ئاشكارە سۆزلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ خەلقلەردىن پايدىلىنىدىغان كاۋىكىنى ئەتتى. چۈنكى، ئۇلار "بىز الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى بىزگە ئىبادەت قىلىشىڭلار، بىزگە باش ئېگىشىڭلار ۋاجىپ" دەپ خەلقلەرنى ئالدايتتى. قۇرئان بۇلارنى يالغانچى قىلدى. الله تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ **101** ۋە **102** ـ ئايەتلىرىدە: ﴿الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، الله نىڭ ئايالى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، الله دىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر﴾ دېدى.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش سۈپىتى

ئالەملەرنى ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرسى، ئاڭلىماق ۋە كۆرمەكتۇر. كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سۈپىتى بولماي ئىلاھنىڭ زاتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، دادىسىنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاشقا چاقىرغاندا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن﴾[1].

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: قۇل بولۇپ باش ئېگىلىدىغان ئىلاھ ئىشتكۈچى ۋە كۆرگۈچى بولۇشى لازىم. بۇ مەنە قۇرئان كۆپ ئايەتلىرىدە ئوتتۇرغا قويغان مەنىدۇر. جۈملىدىن، خەۋلە ئىسىملىك بىر ئايال ساھابە ئېرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئاندىن الله تائالا: ﴿الله ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە الله غا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، الله

---

[1] سۈرە مەريەم 42 ـ ئايەت.

ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. اﷲ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر كۆرگۈچىدۇر﴾[1] دېدى.

## ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلەش سۈپىتى

سۆز قىلىش اﷲ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەتتۇر. لېكىن، اﷲ تائالانىڭ سۆزلىشى ئىنسانىنىڭ سۆزلىشىگە ئوخشىمايدۇ. ئىنسانىنىڭ سۆزى تاۋۇش بىلەن ياكى خەتكە يېزىش بىلەن بولىدۇ. اﷲ تائالا جىبرىئىل ئارقىلىق خالىغان پەيغەمبىرىگە ۋەھيى چۈشۈرىدۇ. بۇ، اﷲ تائالانىڭ سۆزلىگەنلىكىدۇر.

بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2] پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەش بولسا، اﷲ تائالا پەيغەمبەرگە ئۆزىنى كۆرسەتمەي سۆزىنى ئاڭلىتىشتىن ئىبارەت. اﷲ تائالا بىۋاستە سۆزلەش بىلەن مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىرادە قىلغان پەيغەمبەرنى بۇنىڭغا خاس قىلىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش. بۇ توغرىسىدا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق؛ اﷲ ئۇلارنىڭ بەزىسى (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ) بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىسىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىساغا (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش، گاچىلارنى، بەرەس كېسەللىنى ساقايتىشقا ئوخشاش) روشەن مۆجىزىلەرنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن كۈچلەندۈردۇق. ئەگەر اﷲ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى. ئەگەراﷲ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن اﷲ خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[3].

اﷲ تائالانىڭ سۆزىنىڭ سانى يوقتۇر. سۈرە لوقمان: 27 ـ ئايەتتە اﷲ تائالا: ﴿ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز(نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ اﷲ نىڭ سۆزلىرىنى (يېزىپ) تۈگەتكىلى بولمايدۇ﴾ دېدى.

---

[1] سۈرە مۇجادەله 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 51 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 253 ـ ئايەت.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بارلىقى ۋە دائىملىقلىقى

الله تائالا سۈرە ھەدىدنىڭ 3 ـ ئايىتىدە: ﴿الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكاردۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىلەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكاردۇ)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ دېدى. يەنى الله تائالا بارلىقتا ھەممە مەۋجۇداتتىن بۇرۇندۇر. ھەر نەرسىدىن نىھايەتسىز كېيىندۇر. قۇدرىتى ۋە غالىپلىقى بىلەن ھەممىنىڭ ئۈستۈندىدۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ كۆرۈشىدىن ئۆزىنى مەچپى تۇتقۇچىدۇر. ھەممە مەخپىيدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا قوشۇپ باشقا بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلما، الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت الله غا خاستۇر، سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1]

## الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى شۈبھىلەرنى رەت قىلىش

قۇرئاندا الله تائالانىڭ ئىسمى، كۆپ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ كەلدى. بۇلار الله تائالانىڭ كامىللىق سۈپەتلىرىدۇر. پەقەت بەزى ئىزدەنگۈچىلەر بۇ سۈپەتلەر ھەققىدە شەك ـ شۈبھە قوزغىدى. بۇلارنىڭ بىرى دوكتور فىلىپ بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ "ئەرەب تارىخى" دېگەن كىتابىدا ئىسلامدىكى ئەقىدە ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: "الله تائالانىڭ قۇۋۋەت ۋە ھەيۋەت سۈپەتلىرى ئالدىدا مۇھەببەت سۈپەتلىرى يوق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا ھەممىگە قاراپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممىگە غالىبتۇر. ھەممىگە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىدۇر"

بۇ گۇمانغا رەددىيە بېرىپ ئېيتىمىزكى: قۇرئاندا الله تائالانىڭ قۇۋۋەت ۋە ھەيۋەت سۈپىتى، رەھمەت ۋە دوست تۇتۇش سۈپىتىدىن ناھايىتى ئازدۇر. كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇش الله تائالانىڭ ئىلاھلىقىغا لازىمدۇر. چۈنكى، بۇ سۈپەتلەر زالىملارنى ئازغۇنلۇقلىرىدا داۋام قىلىشتىن قورقۇتىدۇ. الله تائالانى ھەممە ۋاقىتتا مۇلايىم مېھرىبان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز، زۆرۈر ئەمەس. بەتبەخت زالىملارغا الله تائالانىڭ غەزەپ قىلىشى ـ الله تائالانىڭ ئادىللىقىغا لازىم بولىدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىز، نادانلىقتۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ قۇۋۋەت ۋە قەھرى سۈپەتلىرى

لله تائالانىڭ قۇرئاندىكى قۇۋۋەت ۋە قەھرى سۈپەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، بۇ سۈپەتلەر ھېچقاچان زۇلۇم قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن: الله تائالانىڭ "جاببار" سۈپىتى، تۈزۈلۈش ياخشىلىنىشىنى تەقدىر قىلغۇچى، دېگەن مەنىدىدۇر.

---

[1] سۈرە قەسەس 88 ـ ئايەت.

بەندىلىرىنى ئۆزى ئىرادە قىلغان تەرەپكە يۆزلەندۈرگۈچى، دېگەن مەنىسىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ غەرىزى ۋە سۈيقەستى تەسىر قىلمىغۇچىدۇر، دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. اللّٰه تائالانىڭ ”جاببار“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالانىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن، دېگەن سۈپۈتىگە يېقىندۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”مۇھەيمىن (كۆزەتكۈچى)“ سۈپۈتى مەخلۇقاتلىرى ئۈستۈدىن ھوقۇق يۈرگۈزگۈچىدۇر ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولغۇچىدۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”ئەزىز (غالىب)“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالاغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمىگۈچى ۋە ئۇ، ھېچكىم تەرىپىدىن ئاجىز قىلىنمىغۇچىدۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”مۇتەكەببىر (ئۇلۇغ بولغۇچى)“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالا كاتتىلىق ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”قاھھار“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالا مەخلۇقلىرى ئۈستىدىن ھوقۇق يۈرگۈزگۈچىدۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”ئازىم (ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنىڭ چەك ـ چېگراسى يوقتۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”مۇنتەقىم“ سۈپۈتى، جىنايەت قىلغۇچىلارنى ۋە كاپىرلارنى جازالىغۇچىدۇر، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالانىڭ ”مالىكۇلمۇلك“ سۈپۈتى، اللّٰه تائالا ئالەمنى شەرتسىز تەسەررۇپ قىلىش ئىگىسىدۇر، دېمەكتۇر.

## اللّٰه تائالانىڭ دوست تۇتۇش ۋە رەھىم قىلىش سۈپەتلىرى

قۇرئاندا اللّٰه تائالانىڭ دوست تۇتۇش، رەھىم قىلىش سۈپەتلىرى كۆپتۇر. ئۇلاردىن بىرسى ”رەھمان“ يەنى كاتتا ـ كاتتا نېمەتلەرنى بەرگۈچى. ”رەھىم“ يەنى مەخلۇقلىرىغا مېھرىبان. ”سالام“ يەنى تىنچ ئامانلىق بەرگۈچى. ”غاپپار“ يەنى گۇناھلارنى ناھايىتى كەچۈرگۈچى. ”راززاق“ يەنى بەندىلىرىنىڭ رىزقىگە كېپىللىك قىلغۇچى. ”ئەللەتىيف“ يەنى قىلغان ئىشىدا ۋە پىلانلىق باشقۇرۇشىدا مۇلايىملىق قىلغۇچى. ”شەكۇر“ يەنى ئىتائەتچان بەندىلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ ياخشى گېپىنى قىلغۇچى. ”كەرىم“ يەنى بېخىللىق قىلمىغۇچى ۋە قانچە كۆپ بېرىۋېتىشكە پەرۋا قىلماي بەرگۈچى. ”مۇجىب“ يەنى كىم قىچقىرسا جاۋاب بېرىشكە قادىر، قاتتىق ۋە تولا تىلىگۈچىدىن زېرىكىپ قالمىغۇچى. ”تەۋۋاب“ يەنى بەندىلىرىگە تەۋبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى بەرگۈچى ۋە تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى. ”ۋەدۇد“ يەنى بەندىلىرىنى كۆپ دوست تۇتقۇچى ۋە يېقىنلاشتۇرغۇچىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقۇچى... دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئاندا اللّٰه تائالانىڭ قۇۋۋەت سۈپىتىنى سۆزلىگەن ئايەتلەرنىڭ بېشىدا يا ئايىغىدا رەھمەت سۈپىتى بىللە سۆزلىنىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[1].

قۇرئاندا اللّٰه تائالا ئۆزىنى رەھمەت سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ئايەتلەر ـ قۇۋۋەت ۋە قەھرى سۈپەتلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە رەھمەت سۈپەتلىرىگە غالىبلىقىنى

---

[1] سۈرە ھىجر 49 ۋە 50 ـ ئايەتلەر.

سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد !) ئەگەر ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سېنى ئىنكار قىلسا، سەن: «پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (الله نىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) الله نىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن﴾[1]. ﴿پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە)رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾[2] مۇسۇلمان ئادەم قۇرئاندىن قايسى بىر سۈرىنى ئوقۇماقچى بولسا: ﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴾ دەپ ئاندىن قىرائەتنى باشلايدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسلىكى

قۇرئاندا الله تائالانى سۈپەتلەشتە: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[3] ﴿الله جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ﴾[4] ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[5] دەپ بايان قىلىنغان.

الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدە "زۇلۇم" دېگەن نەرسە بولمىغاندىن كېيىن، الله تائالانىڭ قۇۋۋەت، قەھرى ۋە بېسىم سۈپەتلىرى غالىب دەپ، دەۋا قىلغانلارنىڭ گۇمانىنىڭ باتىل ۋە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلىشىدۇ. الله تائالانىڭ قۇرئاندىكى سۈپەتلىرى كامىللىق سۈپەتلەر بولۇپ، تولىراقى دوست تۇتۇش ۋە رەھىم قىلىش سۈپەتلىرى ئىكەنلىكى ئۇچۇقتۇر.

## رەت قىلىنىدىغان گۇمان

ئەرەب يۇرتلىرىدا خۇداسىزلىقنا تەشەببۇس قىلغۇچىلار بازارغا سالىدىغان گۇمانلارنىڭ بىرسى مۇنداق بىر سۆزدىن ئىبارەت: "الله تائالا بار بولسا، ئۆزىنىڭ ئالىي ئىگىلىكىگە (ئاسمان تەرەپكە) ئىنسانلارنىڭ چىقىشىغا قانداق يول قويىدۇ. ئىنسانلارنىڭ راكىتا ۋە باشقىلار بىلەن ئايغا ۋە باشقا يۇلتۇزلارغا يېتىشنى قەست قىلىشىغا قانداقمۇ يول قويىدۇ؟"

بىز بۇلارغا شۇنداق دەيمىزكى: الله تائالانىڭ ئىلكى ئايدا، يا مىرىختە يا زوھرە يۇلتۇزىدا دەپ، كىم دەپتۇ؟ قۇرئان كۆز قارىشىدا ئاسمان، يەر، يۇلتۇز ۋە باشقا ھەممە ئالەم الله تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. (بىر دۆلەتنىڭ ئادەمى مەملىكەت ئىچىدە ھەر يەرگە بېرىشقا ئەركىن ئەمەسمۇ؟).

---

[1] سۈرە ئەنئام 147 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە كەھف 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە نىسا 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا سۈرە ئىبراھىم 2 ـ ئايەتتە: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللهنىڭ مۈلكىدۇر﴾ دېدى.

قۇرئاندا بۇ گۇماننى رەت قىلىدىغان بىر ئايەت باركى، ئۇ ئايەت خۇددى بۇ گۇماننى يىلتىزىدىن تازىلاش ئۈچۈن ھازىر چۈشكەندەك ئۇدۇل كېلىدۇ: ﴿بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋىي) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى. بەزى كىشىلەر ھېچقانداق ئىلىمسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا الله بارىسىدا جېدەللىشىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت شۇنى ئوچۇق سۆزلەيدۇكى: الله تائالا ئاسمانلارنى بارلىق يۇلتۇزلىرى ۋە جىسىملىرى بىلەن ھەم بىز ياشاۋاتقان يەرنى ئادەم باللىرىنىڭ پايدىسىغا بويسۇندۇردى. قاچان بۇلارغا ئىنسانىنىڭ ئىلمى يېتىپ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىپ چىقارسا، ئىنسان ئۇ چاغدا الله تائالا ئىرادە قىلغانغا مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئاياغ داۋامىغا قاراش كېرەككى، ئايەت بىلىمسىز خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئېزىتقۇ نەزەرىيەسىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولغان بۇ ئادەملەرگە قىسقا ئىبارەت بىلەن تولۇق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ھۆججىتىنى قۇۋۋەتلەيدىغان بىرمۇ ئىلمىي دەلىلى يوق. الله تائالانىڭ: ”خەلقلەر ئىچىدە ئىلىمسىز، يولسىز ھەقنى كۆرسىتىدىغان، كىتابسىز تورۇپ الله تائالا ھەققىدە تاكاللىشىدىغانلار بار“ دېگەن سۆزى بۇ ئادەملەرگە بەكمۇ توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇلارنىڭ گۇمانلىرى ئاجايىب ئاجىز!

---

(1) سۈرە لوقمان 20 ئايەت.

# ئالتىنچى بۆلۈم

## قىيامەتكە ئىشىنىش

بۇ بۆلۈمدە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار: قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىللەر، ماددىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ يولى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى، ماددىچىلار بىلەن مۇنازىرە، قۇرئاندا روھنىڭ ھەقىقىتى، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى، قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلار، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب جەننەتنىڭ ھېسسىي نېمەتلىرى، جەننەتنىڭ روھىي نېمەتلىرى، يامان قىلىقلارغا جازا بېرىش، مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

## قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىللەر

قىيامەت كۈنىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، نەقلى قىلىش بىلەن بولغان دەلىللەر ۋە ئەقلى بىلەن بىلىنگەن دەلىللەردىن ئىبارەت. نەقلى دەلىل بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا ھايات بارلىققا كېلىشنى ۋە ئۇ ھاياتتا ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىپ چارە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئاسماندىن چۈشكەن ھەممە دىنلارنىڭ بىردەك ئىسپاتلىشىدۇر. (ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرى ئوخشاش ئىسپاتلىدى).

ئەقلىي دەلىللىرىمىز مۇنداق: بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ شەھەرلەردىكى ۋە كەنتلەردىكى، تاغلاردىكى ۋە چۆللەردىكى، ئوخشاشمىغان قىتئە ۋە مەملىكەتلەردىكى خەلقلەردە، بىلىملىك ۋە بىلىمسىز پۈتۈن ئادەمدە، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا بىر ھايات بار، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا يوقالغان ئادالەت ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئىنسانغا ئۇ چاغدا ياخشى ئىشلىرىغا مۇكاپات، يامان ئىشلىرىغا يامان جازا بېرىلىدۇ دەيدىغان ئىلھامغا ئوخشاش بىر مەخپىي ئاڭ سېزىم بار.

”نورمان پەنسىنت بىل“ ئىسىملىك بىر ئالىم مۇنداق دەيدۇ: ”راست ئەمەلىيەت شۇكى، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر ھاياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بولغان تەبىئىي سېزىم شۇنىڭغا كۈچلۈك دەلىلدۇر. اللە تائالا ئىنسانلارنى بىر ئىشقا قانائەت قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، شۇ ئىشقا قانائەت قىلىش پىكرىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە كىرگۈزىدۇ.

يەنە بىر ئالەمدە بولسىمۇ داۋاملىق ھايات تۇرۇشقا بولغان ئىشتىياق پۈتۈن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭگەن بىر سېزىمدۇر. بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئىنتىلگەن دۇنيايىمىزدا چوڭقۇر ھېس قىلغان بۇ تونۇشىمىز ئەلۋەتتە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئاساسلىق قائىدىنىڭ ئىنكاسى بولماي قالمايدۇ. مۇنداق چوڭ ھەقىقەتلەرگە ماددىي دەلىل ئىسپات تەرىپى بىلەن ئەمەس بەلكى ئەقىدە، روھىي ئاڭ سېزىم تەرىپىدىن ئىشىنىمىز. ئىلھام دېگەن نەرسە ئۆز ئالدىغا بىر ھەقىقەتنى ئىلمىي چۈشىنىشتە مۇھىم ئامىلدۇر. ”بەرجسۇن“ دېگەن ئالىم ئېيتقاندەك ئالىملار ئىلمىي غايىگە يەتكەندە ئىسپاتقا

موھتاج. چۈنكى، ئۇلار ئىلھامنىڭ نۇرى بىلەن ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ. ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر بىزنىڭ ئىلھام ۋە ئەقىدىگە بولغان ئېشىنىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ماددىچىلارنىڭ پىكرى ۋە قاراشلىرى ئالەمدىن يوقىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ".

ئىنسانىنى چەكسىز كامىللىشىشقا يۈزلەندۈرىدىغان قابىلىيەتنى، بىلىمدە ۋە كائىنات سىرلىرىنى كەشىپ قىلىشتا بىر يەردە توختاپ قالمايدىغان ئەقىل بەرگەن الله تائالا ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ غايىسى، قابىلىيەتسىز ھايۋانلارنىڭ غايىسى بىلەن ئوخشاش بولىدىغان دەرىجىدە بولۇشۇن دېمىدى، ھەم ھايۋاننى مۇنداق ئالىي تەربىيىدە يېتىشتۈرمىدى. بەلكى الله تائالانىڭ ئىنسانىنى ئەقىللىق ۋە تالانتلىق يارىتىشتىكى مەقسىتى ۋە ھېكمىتى ئىنسانغا بۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا بىر ھايات بېرىپ، ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىش ۋە كامىللىقىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت.

ئەگەر الله تائالا ئىنسانغا ئىلىم، ئەقىل، قابىلىيەت، تىل ۋە باشقا نېمەتلەرنى تولۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىكار تاشلاپ قويسا (قىيامەت قىلىپ تىرىلدۈرۈپ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسەتمىسە)، الله تائالانىڭ بۇ ئىشى پايدىسىز، ئادالەتسىز ۋە مەقسەتسىز بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

## ماددىزمچىلارنىڭ يولى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسرى

ماددىزم نەزىرىيەسى بۇ ھاياتتىن كېيىن ھايات يوق، دەيدۇ. ئىنساندىكى ئاڭ ـ پىكىر، ھېس تۇيغۇ ۋە خائىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماددىنىڭ نەتىجىسى، دەپ دەۋا قىلىدۇ. جىگەر سەپرانى ئايرىغاندەك، بۆرەك سۈيدۈك ئايرىغاندەك، پىكرى، ئىرادە ۋە كۆڭۈل تارتىش ئىشلىرىمۇ مىڭدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ئاز كۆپلۈكى ۋە تۈرى مىڭىنىڭ مىقدارى ۋە خىزمىتىگە قاراپ بولىدۇ. بۇ ھاياتتىكى ھەممە نەرسە ماددا ياكى ماددىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. جان دەيدىغان نەرسە يوق. شۇڭا ئۇنىڭ مەڭگۈ ھايات تۇرۇشىنىڭ مەنىسى يوق. ئۇ گەپ خىيالىنىڭ توقۇغان نەرسىسى، دەيدۇ.

ماددىزىم نەزىرىيەسىگە چاقىرغۇچىلار ئۆتكەن ئەسىردە كۈچىيىپ، تەبىئەت ئىلمىنىڭ ئالەمدىكى مەخپىي قۇۋۋەتلەرنى كەشىپ قىلىشىغا يۆلۈنىپ ئۆز يوللىرىنى كۈچەيتمەكچى بولدى. ئىنساننىڭ ئەقلىي تەبىئەت سىرتىدىكى ھەرقانداق ئالاقىدىن خالىي بولسا، ئەقلى كۈچى پىشىپ يېتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقىا، مۇئامىلىگە، ئىجتىمائىي ئالاقىلارغا تەسىرى بولۇپ كەمتۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي كامىللىقا يېتىپ ئىنسانلارنى كۆتۈلگەن ئالتۇن دۆرىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەت بىلەن ئالەمدىكى ھەقىقەتلەر ئارىسىدا ئېتىقادىي پاتقاقلىقىقا پېتىپ قالمايدۇ، دېيىشتى.

ماددىزىم نەزىرىيەسىگە چاقىرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرلاش زوراۋانلىق كۈچىنى ئىشقا سالدى. ئۆز يولىنى قۇۋۋەتلەيدىغان سوئال جاۋابلىق پەلسەپە مۇنازىرىلىرىنى كۆپ قىلدى. ئۆز گۇمانىنى كۈچەيتىدىغان كىتاب ژورناللارنى نەشىر قىلىپ ئەرزان باھادا

تارقاتتى. تەبىئەت سىرتىدىكى ئەھۋاللار ھەققىدە دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى داۋالغۇتۇشتىن ئىبارەت بەزى مەقسىتىگىمۇ ئېرىشتى.

ماددىزىم نەزىرىيەسىگە چاقىرغۇچىلارنىڭ چىقارغان كۈچلىرىنىڭ نەتىجىسى ئومۇمىي خەلقنى ئىنسانلىق ئەدەب ـ ئەخلاقتىن چىقىرىش بولدى. دوكتور ”لىيون ۋوتى“ بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

”ماددىزىمچىلارنىڭ يولى ئۇزلىرىنىڭ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن بىراقلا يوقىلىدۇ، ئىككىنچى تىرىلىشى يوق، دېگەن ئېتىقادى ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە كىرگۈزۈش بىلەن ئىنسانلارنىڭ خائىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپتىدۇ. ئىنسانغا ھاۋايى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھېرىسلىق پەيدا قىلىدۇ. (ئىنسان ئالدىدا ھالال ـ ھارام، سېنىڭ ـ مېنىڭ بولمايدۇ، ھايا ـ نومۇس بولمايدۇ. زۇلۇم بىلەن ئادالەت ئوخشاش بولىدۇ. ھايۋان بىلەن ئىنساننىڭ پەرقى بولمايدۇ“.

ساراڭلىق ۋە ئاڭسىزلىقتىن بىرىككەن بۇ خەتەرلىك ئىجتىمائىي كېسەل ئىنسانىيەتنى چارىسىز پاراكەندىچىلىك ۋەيرانلىققا تاشلاپ قويىدۇ، خالاس. مۇنداق ۋەيران ھالدا قالغان ئىنسان ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ جاپا مۇشەققەت سېزىدۇ ۋە دەرت چېكىدۇ. ئۆزىگە ھازىرقىدىن ئەۋزەلرەك بىر ھايات بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئۆزى دۇچار بولغان يامان ھالەتتىن قۇتقۇزىدىغان زورۇر بىر يارەدەمچىنى تاپالمايدۇ.

بۈگۈن بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەقلىيچىلىك (ئەقىلنىلا ئۆزىگە رەھبەر قىلىش) يولى بىزنىڭ ئىنسانلىقىمىزنى يوقىتىدىغان ئۆلتۈرگۈچ زەھەردۇر. بۇ قاتىل زەھەرنىڭ ئىنسانلار ئىدىيىسىگە ئېقىپ كىرىشى بىزدىكى پۈتۈن ئېسىل ئەخلاق، گۈزەل خىسلەتلىرىمىزنى بەربات قىلىدۇ. ئىنسانىيەتلىك ئەخلاق ئۆزىنىڭ قەلبلەرگە تەسىر قىلىدىغان كۈچىنى يوقاتقاندا، ئىنسانلار تۈزۈپ چىققان قانۇن ھېچقاچان ئادەملەرنىڭ باش ـ باشتاقلىقىنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئىنسانلىق تەبىئەتتىن ئايرىلىپ قېلىش خەتىرىگە دۇچار بولىمىز. ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىمىزنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشمىساق بارغانچە ھالاكەتكە قەدەم باسىمىز. چۈنكى، يامانلىق جازانى قىچقىرىپ ئەكېلىدۇ.

فرانسىيىلىك ئەدىب ”پىكتورھەيجۇ“ ماددىزىمچىلارنىڭ يولىنىڭ ئىنسانىيەت ۋۇجۇدىغا قىلغان تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

”بۇ زامانىمىزدا كىشىنى قاتتىق غەم قايغۇغا سالغۇچى بىر خەتەر مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بولسا، بارلىق كۆڭۈل بىلىشنى يالغۇز مۇشۇ دۇنيا ھاياتىغا قارىتىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇكى، مۇشۇ دۇنيانىڭ ماددىي ھاياتى دۇنياغا كېلىشتىن ئەڭ ئالىي غەرەزدۇر. مۇندىن باشقا ھايات ۋە مەقسەت يوق، دېگەن تونۇشقا كىشىنى قايىل قىلىش بولسا، بۇ ھاياتنىڭ جاپاسىنى تېخىمۇ چوڭايتىدۇ. ھاياتنىڭ پۈتۈن مەجبۇرىيەتلىرى ئادەمگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۆلۈمنى ئويلاش ئېھتىمالدىن يىراق بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننى كامىللىققا يەتكۈزىدىغان كۆرەشتىن ئىبارەت ئىلاھىي قانۇن ئادەمنى ئوتقا تاشلايدىغان ئۇمىدسىزلىك قانۇنى بولۇپ قالىدۇ. قالغان ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىمۇ ئاشۇنداق. ئىنسان كۆرەشنى ئاسان كۆرسىتىدىغان، ئىش ھەرىكەتنى شەرەپلىك كۆرسىتىدىغان، ئادەمنى يۈرەكلىك، كەڭ

قۇرساق، ئەقىللىق، چىداملىق، غەيرەتلىك قىلىدىغان نەرسە، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنى كىچىك پېئىل ۋە كىشىلەر ئالدىدا ھۆرمەتلىك، ئەركىنلىككە لايىق قىلىدىغان نەرسە بولسا ئىنسانغا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەبەدىي ھايات (ئاخىرەت ھاياتى) بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنىڭ ئارقىسىدا ۋاللىداپ تۇرىدۇ. ھەممىمىز بېشىمىزنى يۇقىرى تەرەپكە قارىتىشىمىز لازىم. روھلىرىمىزنى بۇ ھاياتتىن كېيىن كېلىدىغان، ئادالەت ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشىدىغان، ھەر كىم ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگىنىگە لايىق چارە قىلىنىدىغان بىر ھاياتقا يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم“.

## ماددىزىمچىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش

”ئالەم پەقەت ماددا“ دېگەن سۆز ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر سۆزدۇر. پىكىر، ئىرادە، ئاڭ ۋە سېزىملار قانداقمۇ قويۇق جانسىز ماددىنىڭ نەتىجىسى بولالايدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى ھېس قىلىدىغان پىكىر قانداقمۇ ئۆز شەخسىيىتىنى ھېس قىلمايدىغان ماددىدىن ھاسىل بولىدۇ؟ بەلكى ماددا قانداقمۇ ماددىي بولمىغان ئەقىل ۋە پىكىرنىڭ ئىجاد قىلغۇچى ئامىلى بولالايدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەلۋەتتە ماددا ۋە جىسىمدىن باشقا بىر نەرسە بولمىسا قەتئىي بولمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ روھتۇر.

چوڭ ئالىم كېرىسى مورسۇن بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

”مەيلى قايسى بىر ئاتوم پارچىسى بولسا بولسۇن، ئۇنىڭدا قەتئىي ئاڭ ۋە پىكىر بولمايدۇ. ماددىلار قانداق بىر شەكىلدە بىرلەشسە بىرلەشسۇن، ئۇنىڭدىن بىر كۆز قاراش مەيدانغا كەلمەيدۇ. قانداقلا بىر تەبىئىي قانۇننىڭ ئۆزلىكىدىن چوڭ بىر ئىبادەت خانا ياساشقا كۈچى يەتمەيدۇ. لېكىن مۇئەييەن جانلىق كائىناتلار يەنە بىر مۇئەييەن ھاياتنىڭ تۈرتكىلىرىگە ئەگەشكۈچى بولۇپ يارىتىلىدۇ. بۇ كائىنات ماددا پارچىلىرى ئۆز ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان بىر نەرسە قاتارىغا تىزىلىدۇ. بىز بۇ ئالەمدە كۆرۈۋاتقان ئاجايىب نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇلارنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ جانلىق مەخلۇقلار زادى قانداق نەرسە؟ بۇلار ئاتوملاردىن ۋە پارچە ماددىلاردىنلا ئىبارەتمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېس بىلەن بىلىنمەيدىغان نەرسىغۇ؟ ئالەم ياسالغان ماددىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەم ھەممىنى باشقۇرۇدىغان دەرىجىدە ماددىدىن ئالىي بىر نەرسىغۇ؟ كۆرۈش، ئۆلچەش ۋە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىغۇ؟ بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ئۇنى ئىدارە قىلىدىغان قانۇنلارمۇ يوققۇ.

ئىنسانلارنىڭ روھىي ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنىڭ ئىگىسىدۇر. لېكىن، روھ ئۆزىنىڭ بارلىقىغا مەنبەئ بولغان زاتقا مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىدۇ. روھ، ئىنسانغا ھېچبىر ھايۋان ئىگە بولالمايدىغان ۋە موھتاج بولمايدىغان ئەخلاق قانۇنى ئىجاد قىلىپ بەردى. ئەگەر بىر كىم روھنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن روھ دېگەن، ماددىنىڭ بارلىقىغا قوشۇمچە بولغان زىيادە بىر نەرسە دەپ قارىسا، ئۇنىڭ بۇ سۆزى دەلىلسىز بىر گۇماندىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. روھ ئەمەلىيەتتە بار نەرسە. ئۇ، ئۆزىنىڭ

ھەرىكىتى ۋە يىداكارلىقى بىلەن ئۆزىنى ئاشكارە قىلىپ تۇرىدۇ. ماددىنى باشقۇرۇشى بىلەن بولۇپمۇ ماددىي ئىنسانىي ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقىدىن ۋە خاتالىقىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ الله تائالانىڭ ئىرادىسىگە ماسلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇمۇ الله تائالانىڭ ھېكمىتى ۋە غايىسىدىن ئىبارەتتۇر خالاس. بۇ روھتا ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزىدىن ئالىي نەرسىلەرگە مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئىبارەت، چوڭقۇر ئىشتىياقنىڭ ئىزاھاتى باردۇر. روھ ئىنساننى دىنغا ئىشىنىشكە باشلايدىغان ئاساستۇر. دىن دەل شۇدۇر.

يېڭى ئىلىم پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە ماددا يوقالمايدۇ. ئالەمدىكى ھەر بىر زەررە تۈگەپ كەتمەيدۇ. لېكىن باشقا ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: شام كۆيىدۇ. لېكىن خىمىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە شامنىڭ ئەسلى ماددىلىرى يوقالماي، ھاۋا بوشلۇقىغا تارقىلىپ ھاۋادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى مەۋجۇتلۇقىنى باشقىچە ھالەتتە ساقلايدۇ. پەقەت شەكلى كۆرۈنۈشىلا ئۆزگىرىدۇ. ئەسلى جەۋھىرى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ يېڭى ئىلىم ـ پەننىڭ تەتقىقات نەتىجىسى. شۇ قارارغا ئاساسەن ئادەم ئۆلسە پەقەت جىسمىنىڭ ھالەتلىرى ئۆزگىرىدۇ. جىسىم بۇ ئالەمدە باشقا شەكىللەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدۇ.

ئالەم ھەم ماددا ھەم روھتىن ئىبارەت بولسا ۋە ماددا يوقالمايدىغان بولسا، يوقالماي دائىم تۇرۇۋشقا روھ ماددىغا قارىغاندا بەكرەك لايىق تۇرسا، روھ قانداقمۇ يوقىلىدۇ؟ ۋە ھالەنكى روھنىڭ ۋۇجۇدى ۋە خۇسۇسىيىتى دائىم تۇرۇۋشقا ئەڭ مۇناسىپتۇر. ماددىغا روھ تەككەن ھامان ماددىغا ھايات پەيدا بولىدۇ. روھ ئادەم بەدىنىگە كىرگەن ھامان ئادەمگە ئەقىل ۋە پىكىر پەيدا بولىدۇ. بەدەندىن روھ ئايرىلغان ھامان ئادەم بەدىنى باشقا ماددىلاردەك جانسىز ھەرىكەتسىز ماددا بولۇپ قالىدىغۇ؟ ئىنسان ئۇچۇن يەنە بىر ھايات بارلىقىنىڭ ئىلھامى ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس. بەلكى، ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ئورناشقان ھەقىقىي ئىلھامدۇر ۋە ئىنسان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن جانلىق ئاڭدۇر.

## قۇرئاننىڭ قارىشىدىكى روھنىڭ ھەقىقىتى

ئىنسانلار ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئويلاشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ئىلىم ۋە پەلسەپەگە دائىر مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ چىگىش بولغىنى روھ مەسىلىسىدۇر. روھقا ئىلىم پەلسەپەدىن توغرا ئورۇن بېرىش قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزىدۇر. سۈرە ئىسرانىڭ 85 ـ ئايىتىدە الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن﴾ دېگىن، دەيدۇ.

الله تائالانىڭ "سىلەر ئىنسانلار ئىلىمدىن ناھايىتى ئاز بېرىلدىڭلار" دېگەن سۆزى "شارىل رىشىيە" ئىسىملىك ئالىمنىڭ سۆزىنى بىزگە ئەسلىتىدۇ. ئۇ ئالىم فرانسىيە تىببىي پاكولتېتىنىڭ فىزىلوگىيە مۇئەللىمى ۋە ئىلمىي جەمئىيەت ئەزاسى بولۇپ ئۆزىنىڭ "ئىنسان روھىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرى" دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

”ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن شۇنى نېمىشقا سوزلىمەيمىزكى: بىز ئۇنداق ـ مۇنداق ئىلىملەرگە ئىگە بولدۇق دەپ، پەخىرلەنگەن ئىلمىمىز پەقەت شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلەلەيدىغان ئىلىمدۇر. ئەمما شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش تېخى بىزدىن يىراقتۇر. ھېسياتىمىز بىلەن بىلەلمەيۋاتىمىز. جانلىق ۋە جانسىز ماددىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋاتقان قانۇنىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتى تېخى ئەقلىمىزگە يېقىن كەلگىنى يوق“.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

”توغرا، ئالىم كەمتەر ھەم جۈرئەتلىك بولۇشى لازىم. كەمتەر بولۇشىغا تېگىشلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بىزنىڭ بىلمىلىرىمىز ناھايىتى ئاددىي ۋە چەكلىكتۇر. جۈرئەتلىك بولۇشىمىز كېرەكلىكىنىڭ سەۋەبى، ئالىم ئالدىدا ئالەملەرنىڭ مەيدانلىرى كەڭ ئوچۇقتۇر (قانچە تىرىشسا ئىلىم مەيدانى كۆپتۇر).

## (قىيامەت كۈنى) ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى

بۇ دۇنيا ھاياتىدىن كېيىن باشقا بىر ھاياتنىڭ بولۇشى، ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ ئەجرى مۇكاپاتىنى ۋە يامان گۇناھ ئىشلىرىنىڭ جازا ۋە ئازابىنى كۆرۈشى، الله تائالانىڭ ھېكمىتى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىشتۇر.

ئىنسانلارنى ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەندۇرۇش، بۇ دۇنيادا ساۋابلىق ۋە پايدىلىق ئىشلارنى ئىشلەپ، يامان ئاقىۋەتلىك جىنايەتلەردىن ساقلىنىپ ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ جامالىنى ۋە ساۋابىنى تېپىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە قۇرئان بېرىلدى.

قۇرئان ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى ۋە ئاخىرەت يۇرت ئىشلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە چوڭ ئەھمىيەت بەردى. قۇرئان كەرىم، سۈرىلىرىدىن ھەرقانداق بىر سۈرىدە ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى مەسىلىسىنى مەخسۇس بىر مەزمۇندا سۆزلەپ مۇقەررەر قىلىدۇ. بەزى سۈرىلەر باشتىن ئاياغ بۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەپ نەسىھەت قىلىش، ئىزاھلاش، مىسال، ئۈرنەك كۆرسىتىش ۋە كىشىلەرنىڭ گۇمانلىق قاراشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتەك مەزمۇنلاردا توختىلىدۇ.

قۇرئان بۇ ئەقىدىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. چۈنكى، بۇ ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ ھەرجەھەتتە تۈزۈلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى، پۈتۈن ئالەمنى تۈزۈشنىڭ ئامىلى. ئەگەر پۈتۈن دۇنيا خەلقىدە بۇ ئەقىدە (قىيامەت كۈنى تىرىلىپ الله تائالا ئالدىغا ھېساب بېرىپ چارە قىلىنىش ئەقىدىسى) ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا ۋە ھەممە كىشى شەكسىز ئىشەنسە، ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشى چوقۇم تۈزىلىدۇ. خاتالىق بولمايدۇ. ئىنسانلاردا ياخشىلىقلار ۋە بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش ئىشلىرى كۆپىيىدۇ. ئۆز ئارىسىدا يامانلىق بۇزۇقچىلىق ئاز قالىدۇ. لېكىن، ئىنسانلارغا ھەر زامان بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ مۇھەببىتى كۈچلۈك كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھايات ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسى بىلەن ۋاقىتلىق پايدىسى بىلەن ئالداپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ھېساب بېرىپ چارە قىلىنىشقا گۇمانلىق قارايدۇ. ھەم بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلىشى ياكى گۇمانلىق قارىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەكتۇر:

1 - ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىشى ئېھتىياج چۈشۈپ قالغان ياكى ئۇنىڭدا ئۇمىد كۈتكىدەك پايدا بار بىر ئىش ئەمەس، دېگەن كۆز قاراشتا بولۇش.

2 - قايتا تىرىلىش قانداقمۇ مۇمكىن؟ بولسۇن دەپ، ئۇنى يىراق ساناپ كېتىش. چۈنكى، تىرىك ئادەملەر ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ چىرىپ پارچە - پارچە بولۇپ تۈزۈپ يوقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان. شۇ ئۆلۈپ چىرىپ تۇپىراق بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سېزىملىق بولۇپ تىرىلىشىنىڭ ئاسان بىر ئىش ئىكەنلىكىگە ئەقلىنى قوبۇل قىلدۇرمايدۇ.

3 - ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشى بۇ دۇنيادىكى تەبىئى قانۇنغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، ئۆلۈكنىڭ قەبرىدىن تىرىلىپ قوپقىنىنى ۋە تىرىلىپ قايتا ھاياتقا كەلگەنلىكىنى تىرىك ئادەمدىن ھېچكىمنىڭ كۆرگىنى يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەقىل يەتمەي قالىدۇ.

قۇرئان كەرىم قايتا تىرىلىشكە ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە قىلدى. قايتا تىرىلىشكە ھاجەت يوق ۋە ئۇنىڭ پايدىسىمۇ يوق، دېگەن گالۋاڭ ئەبلەخلەرگە رەددىيە بېرىپ اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭ مۈلكىدۇر، (اللە) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ﴾[1].

يەنە اللە تائالا سۈرە مۇئمىنۇننىڭ 115 - ئايىتىدە: ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىر ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾ دېدى. يەنە اللە تائالا ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى ئەمەلىيەتتىن يىراق دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرگە قارىتىپ مۇنداق دەيدۇكى: ﴿مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بار قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان اللە ئەنە شۇدۇر، ئۇ (يەنى مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈش) اللە غا (ئۇنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغانغا قارىغاندا) ئوڭايدۇر، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئەڭ ئالىي سۈپەت اللە غا خاستۇر، اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

يەنە اللە تائالا سۈرە ياسىننىڭ 78 ، 79، 80، 81 - ئايەتلىرىدە: ﴿ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى) مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر». اللە سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى.

---

(1) سۈرە نەجم 31 - ئايەت.
(2) سۈرە رۇم 27 - ئايەت.

سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۇلارنىڭ ئوخشىشىنى يارىتىشقا قادىر ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا قادىر، اللە ماھىر ياراتقۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾ دېدى.

اللە تائالا ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى دۇنيادا ئېقىپ كەلگەن تەبىئىي قانۇنغا خىلاپ دەپ، گۇمان قىلغان ئادەملەرگە قارىتا مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (اللە نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ـ ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەست ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر. (اللە تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ (يەنى اللە تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يوقلىقتىن بارلىققا كەلتۈرۈشى)، اللە نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقىنى، قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنى (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) اللە نىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾[1].

ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىگە بۇ ئايەتتە ئىككى تۈرلۈك دەلىل بار.

1 ـ ئىنساننى يارىتىش ۋە ئىنساننىڭ تۇپراقتىن قانداق يارىتىلغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن ئىنساننىڭ، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا كامىل ئىنسانلىققا ئۆرۈلگەنگە قەدەر نەچچە ھالەتكە ئۆزگىرىشى، ئاندىن كېيىن ئۆلۈشىدۇر.

2 ـ قۇپ قۇرۇق زېمىنغا اللە تائالانىڭ يامغۇر ۋە قار ياغدۇرۇشى بىلەن يەردە ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يەرنىڭ گۈزەل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈشىدىن ئىبارەت.

يەنە اللە تائالا سۈرە قافنىڭ 9، 10 ۋە 11 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿كۆكتىن (بۇلۇتتىن) مۇبارەك سۈنى چۈشۈردۇق، ئۇنىڭ بىلەن باغلارنى ۋە ئاشلىقلارنى، ئېگىز ئۆسكەن، مېۋىلىرى سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كەتكەن خورمىلارنى ئۆستۈردۇق. (ئۇلارنىڭ

---

[1] سۈرە ھەج 5 ـــ 7 ـ ئايەتكىچە.

ھەممىسىنى) بەندىلەرنىڭ رىزقى ئۈچۈن (ئۆستۈردۇق)، ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك (يەنى قاقاس) زېمىننى تىرىلدۈردۇق، ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر﴾ دېدى.

بۇ ئايەتلەردە الله تائالا ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى مۇمكىنلىكىگە يامغۇر يېغىپ زېمىن ھۆل بولۇش بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇغلىرى ۋە يىلتىزلىرى ئوزۇقلىنىپ ئۈنۈپ ئۆسۈپ يېتىشىپ مېۋىلەر ۋە دانلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنى دەلىل قىلىپ ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىدىن تىرىلىش ۋاقتى كەلگەندە ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە دەرەخلەرگە ياشىرىش سۇ بىلەن پەيدا بولغىنىدەك ئۆلۈكلەرگىمۇ تىرىلىش ئۆسۈش قۇۋۋىتى پەيدا بولۇپ تىرىلىپ چىقىشىنى بايان قىلىدۇ.

## قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلىرى

قۇرئان كەرىم، قىيامەت كۈنىنىڭ دۇنيادا ياشاپ ئۆتكەن پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ۋە ئىنسان روھىغا غالىب بولۇپ بىئارام قىلىپ تىترىتىدىغان دەھشەتلىك قورقۇنچىسىنى تەسۋىرلەشكە، ئەھمىيەت بەردى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا. يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا. تاغلار گۇمران بولغان چاغدا. بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا. ياۋايى ھايۋانلار توپلانغان چاغدا. دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا. جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا. تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا. نامە ـ ئەماللار ئېچىلغان چاغدا. ئاسمان ئېچىپ تاشلانغان چاغدا. دوزاخ قىزىتىلغان چاغدا. جەننەت (تەقۋادارلارغا) يېقىنلاشتۇرۇلغان چاغدا. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئىشلىرىنى بىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتلەردە دۇنيادا كۆرۈلگەن ۋە بىلىنگەن ھەرقانداق نەرسىگە قىيامەت بولغاندا تولۇق ئۆزگىرىش بولۇشىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنىشى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كۈن ئۆز جايىدىن يوقىلىپ، نۇرى ئۆچۈپ، شولىسى ۋە يورۇقلۇقى يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئاسماندا تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇرلۇق يۇلتۇزلار چېچىلىپ نۇرى يوقىلىدۇ. مىدىرلىمايدىغان تاغلار جايىدىن قوزغۇلۇپ يولۇپ تاشلىنىپ پارتلاپ چاڭ توزاڭغا ئايلىنىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئىنسانلار بېشىغا كەلگەن قورقۇنچلۇق ھادىسە ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن ئەڭ ئەتىۋارلىق مال بولغان بوغاز تۆگىلەرمۇ قويۇۋېتىلىدۇ. ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ قاتتىق قورققىنى ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن توپلىشىپ ئارىلىشىپ كېتىدۇ. دېڭىزلارنىڭ سۇلىرى بىر ـ بىرىگە تۆكۈلۈپ ھەممىسى بىر دېڭىز بولۇپ كېتىدۇ. بەدەندىن ئايرىلغان جانلار بەدەنگە قايتىپ كېلىدۇ. جىنايەتسىز سەۋەبسىز تىرىك كۆمۈلگەن قىز باللار تىرىلدۈرۈپ، نېمە جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈلدىڭىز؟ دەپ سوراق قىلىنىدۇ. ھەر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى چاغدا سۆزلىگەن ۋە ئىشلىگەنلىرىنى يېزىپ قاتلاپ قويۇلغان نامە ـ ئەمال

---

[1] سۈرە تەكۋىر 1 ـــ 14 ـ ئايەتكىچە.

دەپتىرى ھېساب ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. ئاسمان جايىدىن يوقىتىلىدۇ. مۇقىم تەرتىپ تۈزۈمى قالمايدۇ. دوزاخ، ئۇنىڭ يېقىلغۇسى كۆپەيتىلىپ قىززىپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى چاغدا اللە دىن قورققان، جىنايەتتىن ۋە خىيانەتتىن ساقلانغان بەندىلەر ئۈچۈن جەننەت تەييارلىنىپ يېقىن كەلتۈرىدۇ. شۇ كۈندە ھەر نەرسە ئۆز ھالىتىدىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ. مۇشۇ ھادىسىلەر بولغاندا ھەربىر ئىنسان دۇنيادىكى چاغدا ياخشى ئىش قىلغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ ۋە شۇ ياخشى ئىش سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرىدۇ. يامان ئىش قىلغىنىنىمۇ بىلىدۇ ۋە ئاشكارىلانغان يامان ئىشى سەۋەبىدىن دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ سۆزلەيدۇ.

قۇرئان يەنە بىر قېتىم يالغۇز تەبىئەتنىڭ قورقۇنچىدىن تىترەپ تەۋرەپ كەتكەن ئەمەلىي كۆرۈنۈشنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا: ﴿قىيامەت قايىم بولغان چاغدا. ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان قىيامەت كۈنى بولسا، بەزى ئادەملەرنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى تۆۋەن چۈشۈرىدۇ. بەزىسىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. ئۇ كۈن پۈتۈن زېمىننى تىترىتىدۇ. تاغلارنى، تىتما ـ تىتما بولۇپ ھاۋادا ئۇچۇرۇپ يۇرۇيدىغان توزان قىلىۋېتىدۇ.

پۈتۈن خەلقنى قورشىۋالىدىغان قورقۇنچىغا قارايلى، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن)، لېكىن اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[2].

قىيامەت كۈنىدىكى ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىدىغان قاتتىق قورقۇنچ سەۋەبىدىن ھەرقانداق ھامىلدار ئايال قورسىقىدىكى بالىنى توغۇۋېتىدۇ. ھەرقانداق بالا ئېمىتكۈچى ئايال ئۆز بالىسىنىڭ ھالىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەست كۆرىنىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە مەست ئەمەس. لېكىن قىيامەتنىڭ قورقۇنچىسى ئاشۇنداق كۆرۈنىدىغان قىلىۋېتىدۇ.

قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچىنىڭ گەۋدىلەنگەن سۈرەتتە بولغان ھالىتىگە بىر قارايلى! اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ

---

[1] سۈرە ۋاقىئە 1 ـــ 6 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ھەج 1 ـــ2 ـ ئايەتكىچە.

قىرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا (شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ﴾[1].

قىيامەت كۈندىكى قورقۇنچ ھەربىر ئادەمنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرىدىنمۇ قاچىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىگە يېتەرلىك دەرت ـ ئەلەمى بىلەن بولۇپ كېتىپ باشقىسىنىڭ ھالىغا قارىيالمايدۇ ۋە باشقا كىشىنى ھەم ئويلىيالمايدۇ.

## قىيامەت كۈندىكى ھېساب

قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئىنسان ئەتراپىغا قاراپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىر بىرىگە قارشى كۈرەش قىلغىنىنى ۋە ئۇتتۇقلۇق بىلەن پەسكەشلىكلەر ئارىسىدىكى جەڭ مەيدانىنى كۆرىدۇ. بەزىدە يامانلىق ياخشىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ پەسكەشلىكلىرى ئۇتتۇقلۇقنى يېڭىدۇ (يەنى ئادەمنى دوزاخقا سورەيدۇ). ھەر بىر ئادەم بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ئۆمرىدە يامانلىق ياخشىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئاخىرەتتە ئېنىق كۆرىدۇ.

بۇ دۇنيادا قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلمەسلىك، قىلىنغان يامانلىقلارغا جازا بېرىلمەسلىك ئىنساننىڭ تەبىتىگە ئېغىر كېلىدۇ. ئادىل بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشكە ئەگىشىپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا ئۆزىگە خاس چارە قىلىشقا ئىشىنىش لازىم كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئادالەت ئەمەلگە ئاشماي قالغاندا يەنە بىر ئالەمدە ئادالەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئەلۋەتتە لازىم (بۇ دۇنيادا كىشىلەر ياخشىلىقنىڭ پايدىسى، يامانلىقنىڭ جازاسىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسە ئاخىرەتتە كۆرمەي بولمايدۇ).

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن ياخشى يامان ئىشىغا قارىتا ھېساب سوراق ئېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا قۇرئاندا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ ئايەتلەرنىڭ بەزىسى قىيامەت كۈندىكى قوقۇنچنى بايان قىلىش بىلەن بىللە ھېساب بېرىش ئۈچۈن توختايدىغان ئورۇنلارنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «قىيامەت كۈنى قاچان بولىدۇ» دەپ سورايدۇ. كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە: «قاچىدىغان جاي قەيەردە؟» دەيدۇ. ياق، (اللہ نىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر. بۇ كۈندە ئىنسانغا (چوڭ بولسۇن،كىچىك بولسۇن، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) ئىلگىرى ـ ئاخىرى قىلغان ئەمەللىرى ئۇقتۇرۇلىدۇ. بەلكى ئىنسان ئۆزىگە (يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قانچە ئۆزرە ئېيتقان تەقدىردىمۇ (ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[2].

---

[1] سۈرە ئەبەس 33 ــ 37 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە قىيامەت 6 ــ 15 ـ ئايەتكىچە.

بۇ ئايەتلەردە اللہ تائالا ئىنساننىڭ ھېساب بېرىش ئۈچۈن توختىلىشىنى سۆزلەش بىلەن بىللە قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىنى بايان قىلىدۇ. دېمەك: ئىنساننىڭ كۆزى قورقۇنچنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆز خۇدىنى يوقىتىپ ھېچنىمىنى كۆرمەيدۇ. ئاي تۇتۇلىدۇ. كۈن ـ ئاي بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالىدۇ. كائىناتنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ. تۈپتىن ئۆزگەرگەن ئەھۋال ۋە بىئاراملىقتا ئىنسان ”قاچىدىغان يەر قەيەردە بار؟“ دەپ سورايدۇ. ھالبۇكى ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇۋالىدىغان جاي يوقتۇر. اللہ تائالا ئالدىدا ھېساب بېرىشكە بارماي بولمايدۇ. بۇ يەردە ھەربىر ئادەمگە دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى خەۋەر قىلىنىدۇ. كىشىنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆزى ئىقرار قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئىنسانلار تۇرغۇزۇلىدىغان ئورۇننى يەنى مەھشەرگاھنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. سۈرە زەلزەلەدە: ﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە. زېمىن (قوينىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئوتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا. ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە. بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر. بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] دەپ بايان قىلىندى.

دېمەك، قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن زېمىن تىترەپ كېتىدۇ. زېمىن ئۆز قوينىدىكى ئۆلۈكلەرنى ۋە كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن كۆمۈش مېتاللارنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلايدۇ. مۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك ئەھۋالنى كۆرگەن ئىنسانلار قورقۇپ بېشى ئايلىنىپ كېتىدۇ. ”بۇ زېمىن نېمىشا قاتتىق تەۋرەپ كېتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئىچىدىكى كۆمۈلگەن نەرسىلەرنى تاشقىرىغا چىقىرىپ تاشلىغاندۇ؟ دەپ سورىشىدۇ. بۇ چاغدا زېمىندىن: ماڭا اللہ تائالادىن خاراب بول! دەپ ئەمرى كەلدى، دېگەندەك خۇددى گەپ سورىغىلى بولىدىغان ۋە جاۋاب بېرەلەيدىغان تىرىك ئادەمدىن كەلگەندەك جاۋاب كېلىدۇ. يەنى زېمىننىڭ شۇ ھالىتى ۋە زېمىندىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىش زېمىننىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزى گەپ سوراپ ئۆزى جاۋاب بەرگەندەك كىشىلەرگە ئەھۋاللارنى بىلدۈرىلىدىغان جاۋاپ كېلىدۇ. شۇ كۈندە خەلقلەر قورقۇنچىدىن كۆڭلى بىئارام ھالدا قىيامەت مەيدانىغا ئۆز قىلمىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئەڭ كىچىك بولغان ياخشى ئىشىغىمۇ ئەجرى مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئەڭ ئاز بولغان يامان قىلمىشىنىڭمۇ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىدە قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچنى سۆزلىمەي خاس ھېساب ئېلىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلىدىغان ئورۇننىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن

---

[1] سۈرە زەلزەلە تولۇق ئايەتلىرى.

كۆرۈۋالىمىز: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە مۇنداق دەيدۇركى، «پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن». (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ. سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سورىشالمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[1].

بۇ ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمگە هازىرلىنىشى، ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن پۇشمان قىلىپ تەۋبە ئېلان قىلىشى ۋە بۇرۇن قىلمىغان ئىشلىرىنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىنى سۆزلەش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا يەنە بىر قېتىم قايتىپ كېلىپ بۇرۇن قىلمىغان ياخشى ئىشلارنى ئىشلىۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ تەلەپنى رەت قىلىش پەقەت شۇ ئارزۇنى قىلغۇچىغىلا بولماي ئومۇمىي ئىنسانلارغا قارىتىلغان رەددىيەدۇر. چۈنكى ئۇ، مەنىسىز تەلەپتۇر. ئۇ ئادەم جاندىن ئايرىلغان تۇرسا ئۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنامدۇ؟ ئىنسانلار ئالدىدا ئۆلۈم دۇنياغا قايتىشتىن توسالغۇ بولۇپ تۇرسا، قانداق قايتۇرۇلىدۇ؟ قىيامەتكىچە قەبرىدە قالىدۇ. خالايىقلار قەبرىدىن تىرىلىپ قوپۇش ئېلان قىلىنغاندا، ئۆلۈكلەر ھەممىسى بىردەك تىرىلىپ قەبرىدىن چىقىدۇ. ئۇلارغا قاتتىق قورقۇنچ ۋە دەھشەت پەيدا بولغاچقا ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بىلەن قېلىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىنمۇ بىخەۋەر بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىسىغا قارىمايدۇ. كىشى ئۆزىدىن باشقا بىرىنى ئويلىمايدۇ ۋە ئۆز قورقۇنچىسى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى يامان ئىشلىرىنى ئۆلچەش ۋە سوراق قىلىش باشلىنىدۇ. ياخشى ئىشلىرى كۆپ ۋە ئېغىر بولغان كىشى قۇرتۇلىدۇ. يامان ئىشلىرى كۆپ ۋە ئېغىر بولغان كىشى دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

الله تائالا ئىنساننىڭ نىيىتى (ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسى) دىنمۇ ھېساب ئالىدۇ. بۇ ھەقتە سۈرە بەقەرە 284 ـ ئايەتتە: ﴿ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. الله خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾ دېدى.

بۇ ئايەت، ئىنساننى بويۇنتاۋلىق ھالدا قويۇۋېتىشكە، ھېچ ئىش ۋە ھېچ نەرسىدىن ھېساب ئالماي، چارە قىلماي تاشلىۋېتىشكە يارىتىلمىغانلىقىنى. بەلكى قانداق بىر يامان

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 99 ــ 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىپ چارە قىلىنىشقا يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ بىرسىدۇر.

اللّٰه تائالا سۈرە مۇئمىنۇننىڭ 115 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى يارىتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟﴾ يەنى بىز سىلەرنى مەقسەتسىز، سەۋەبسىز ياراتقانلىقىمىزنى گۇمان قىلىپ، قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارغا جازا چارە قىلىشىمىز ئۈچۈن قايتا تىرىلىشىڭلار ئۈچۈن ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟ ئۇنداق ئەمەس. سىلەرنى بىكارغا ياراتمىدۇق. بەلكى سىلەرنى دۇنيادا ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن، ئاندىن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ئەجرى ساۋاب بېرىش، ئەسكى ناچار ئىش قىلغۇچىلارغا جازا بېرىش ئۈچۈن ياراتتۇق، دېمەكتۇر. ئىنسان دۇنيادا چارە قىلىنماي ۋاقىتلىق پۇرسەت بېرىپ ئوخشاش رىزىق بېرىپ تۇرۇلغىنىغا ئالدانماسلىق، لازىم.

## جەننەتتىكى ھېسسي نېمەتلەر

اللّٰه تائالادىن قورقۇپ ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان ئىنسانلار ئاخىرەتتە دائىم ياشايدىغان نازۇ نېمەتلەر ئورنىنى اللّٰه تائالا بىر قانچە ئىسىم بىلەن ئاتىدى. بۇ ئىسىملەردىن قۇرئاندا كۆپرەك كەلگىنى ”جەننەت“ (باغ بوستان) دېگەن ئىسىمدۇر. جەننەتنىڭ لوغەت مەنىسى، خورما ۋە باشقا مېۋىلەر قويۇق، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخچىلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەچكە سايىسى ياخشى بولغان، بۈك باراخسان دەرەخلەر سەۋەبىدىن ئوياق ـ بۇياق كۆرۈنمەيدىغان باغۇ ـ بوستان دېمەكتۇر. چۈنكى جەننەت دېگەن ”يېپىق، دالدا، باغ“ دېگەن مەنىدە. قۇرئاندا كۆرستىلگەن باشقا ئىسىملار: ”تىنچ ـ ئامانلىق يۇرتى“، ”كىرگەنلەر داۋاملىق ياشايدىغان ئۇرۇن“، ”يەرلىشىش ئورنى“، ”ماكانلىشىش بېغى“ ئەبەدىي راھەتلىنىش باغلىرى“ ”ئەبەدىي ھايات بوستانى“، ”نېمەتلىنىش باغلىرى“ خاتىرجەملىك ئورنى“ دېگەن مەنىلەردە كەلگەن ”دارۇسسالام“، ”دارۇلخۇلد، دارۇلماقامەت“، ”جەننەتۇلمەئۋا“، ”جەنناتۇ ئەدن“، ”ئەلھەيۋان، پىردەۋس، جەنناتۇنەئىم، مەقامۇلئەمىن“ دېگەن ئىسىملاردۇر.

جەننەت بولسا، اللّٰه تائالاغا، پەيغەمبەرلەرگە، پەرىشتىلەرگە، قىيامەت كۈنىگە، قازايى قەدەرنىڭ اللّٰه تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ھەم اللّٰه تائالا بۇيرۇغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ يۇرتىدۇر. ياراتقان ئىگىسىدىن قورققان كىشىلەرنىڭ يۇرتىدۇر. پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئىتائەت قىلغانلارنىڭ يۇرتىدۇر. اللّٰه تائالاغا ئەھدى بەرگەن، ئەھدىسىگە تۇرغانلارنىڭ ۋە اللّٰه تائالانىڭ يولىدا (دىن ئىسلامنى كۈچەيتىش ئۈچۈن) جېنىنى قۇربان بېرىپ مال ـ مۈلۈكىنى سەرپ قىلىپ جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ يۇرتىدۇر. گۇناھ ئىش قىلىپ سالسا، پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغۇچى، اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ اللّٰه تائالانى ھەممىدىن ئۇلۇغلىغۇچى، اللّٰه تائالا بەرگەن نېمەتلەرنى

تونۇپ ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى، روزا تۇتقۇچى، الله تائالاغا باش ئېگىپ، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغۇچى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەكلىپ قىلغۇچى ۋە يامان ئىشلاردىن توسقۇچى بەندىلەرنىڭ يۇرتىدۇر.

يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەرگە، الله تائالا جەننەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خوش بولۇپ راھەت ھېس قىلىدىغان ۋە دىنغا خىزمەت قىلىش ئىرادىلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ قالىدىغان شەكىلدە تەرىپلىدى.

ئاخىرەت نېمەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ لەززەتلىرىنى تونۇش توغرىسىدا سۆرۈشتۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلار ھەرخىل پىكىرلەردە بولۇشنى. بىر بۆلۈكلەر بۇ لەززەتلەرنى ۋە نېمەتلىنىش سەۋەبلىرىنى ئەمەلىي ھەقىقەت دەپ تونۇدى ۋە نېمەتلەر ماددىي ۋە ھېسسىيدۇر، دېدى. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر باشقا بىر خىل پىكىردە بولۇشتى. بۇلارنىڭ قارىشىدا نېمەتلەر ئىشارەت، ماجاز (مەنىۋىي...) دىن ئىبارەتمىش. بۇلار بولسا، سوپىلار بىلەن پەيلاسوپلاردۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە جەننەت نېمەتلىرى ئىچىدە ماددىي ۋە ھېسسىي نېمەتلەرمۇ بار. مەنىۋىي نېمەتلىرىمۇ بار. قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە بەرگەن چۈشەنچىسى مۇشۇدۇر. ئەمدى بىز جەننەتنىڭ ماددىي نېمەتلىرى توغرىسىدىكى قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جەننەتنىڭ مەنىۋىي نېمەتلىرىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز.

## جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى

الله تائالا سۈرە مۇھەممەدنىڭ 15 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمىدا: ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ﴾ دېدى.

بۇ ئايەتتە جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىنى سۇدىن، سۈتتىن، شارابتىن، ھەسەلدىن بولغان ئۆستەڭلار دەپ سۈپەتلەش بار ۋە جەننەتتە ھەممە نەرسە ھېسابسىز تولا. ئېقىن سۇلىرى توختاپ قالمايدۇ دېگەن چۈشەندۇرۇش بار. جەننەت ئۆستەڭلىرى ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتىدىغان ئەڭ ياخشى ھايات مەنبەلىرى بىلەن ئاقىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقدارىنى ئىچىپ بولالايدۇ، قالغىنى ئېشىپ قالىدۇ. بۇ سۇلارنىڭ تەمى ناھايىتىمۇ تاتلىق بولۇشتىن سىرت ئۇنىڭدىن باشقا جەننەتتە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر بار. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا الله تائالا تەرىپىدىن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش بار.

يەنە الله تائالا سۈرە مائىدىنىڭ 119 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزلىرىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار الله دىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر»﴾.

ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر دېمەك جەننەتنىڭ خورمىلىرى ۋە باشقا دەل ـ دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئاربلاپ سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، دېمەكتۇر. دەرەخلىرى بۈكلۈك سايىلىق بولغان ۋە ئارىلىقىدىن سۇ ئېقىپ تۇرغان باغ ئەڭ گۈزەل باغدۇر.

## جەننەتنىڭ دەرەخلىرى ۋە مېۋىلىرى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا:« بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴾[1].

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۆمىنلەرگە كۆڭلى خوش بولىدىغان خەۋەرنى سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرۇدى. خەۋەر بولسا، الله تائالا مۆمىنلەرگە دەرەخلىرى ۋە ئىمارەتلىرى ئارىلىقىدىن سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان باغ بوستانلارنى ۋەدە قىلدى. ئۇلارغا جەننەتنىڭ قايسى خىل مېۋىلىدىن بىرى بېرىلسە، ئۇلار: بۇ مۇندىن بۇرۇن دۇنيادا بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن، جەننەتنىڭ مېۋىلىرى شەكىلدە دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، دېيىشىدۇ. چۈنكى جەننەت مېۋىلىرى شەكىلدە دۇنيا مېۋىلىرىگە ئوخشىشىدۇ. لېكىن، تەمىنىڭ تاتلىقلىقىدا ئوخشاشمايدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە كامىل پاك پاكىزە ئاياللار بار. ئۇ ئاياللاردا ئەيىبلىگۈدەك بىرەرمۇ تەرەپ بولمايدۇ. ئۇلار جەننەتتە ئەبەدىلئەبەت ياشايدۇ.

الله تائالا جەننەتنى سۈپەتلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىندۇ﴾[2].

## جەننەتتىكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىشەنگۈچى قۇللىرى ئۈچۈن خاس قىلغان نېمەتلىرىنى بايان قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ). ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر

---

[1] سۈرە بەقەرە 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىنسان 14 ـ ئايەت.

جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر. جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇنىڭدىن يەيسىلەر﴾[1].

قىيامەت كۈنى الله تائالا بۇ ياخشى بەندىلەرگە ئازابتىن قورقمىسۇن، دۇنيادىن ئايرىلغانلىغا ئېچىنمىسۇن، دەپ مەرھەمەت قىلىدۇ. ئۇلارغا نېمەت باغلىرى تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئۇلار ئايال ـ بالىلىرى بىلەن دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىتائىتىنىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتى ئۈچۈن جەننەتتە ئەبەدىي خۇرسەنلىكتە ياشايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار جەننەتتە پايدىلىنىدىغان شەيئىلەرنى بايان قىلدى. ئۇ شەيئىلەر ھەرخىل مېزىلىك ئالىي تاماق قاچىلانغان ئالتۇن تەخسىلەر، ياخشى تەملىك ئىچىملىكلەر قاچىلانغان پىيالىلەر ۋە باشقا كۆڭۈل تارتىدىغان ھەرخىل مېۋىلەر، ۋۇجۇت راھەتلىنىدىغان نازۇ ـ نېمەتلەر بولۇپ بۇ نېمەتلەر دۇنيا ـ نېمەتلىرىدەك قىسقا مۇددەتلىك ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان نېمەتلەردۇر.

الله تائالا قۇرئاندا يەنە بىر يەردە مۇنداق دېدى: ﴿پەقەت الله نىڭ سادىق بەندىلىرىلا جازاغا تارتىلمايدۇ. ئۇلار مەلۇم رىزىقتىن (يەنى تۈرلۈك مېۋىلەردىن) بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار ھۆرمەتلىنىدۇ. ئۇلار نازۇ نېمەتلىك باغلاردا، تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارغا ئېقىپ تۇرغان، ئاپئاق، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان شارابلاردىن تولدۇرۇلغان جاملار ئايلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا مەست قىلىدىغان نەرسە يوق، ئۇلار ئۇنى ئىچىش بىلەن مەست بولمايدۇ﴾[2].

## جەننەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە زىننەت بويۇملىرى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز. ئەنە شۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، جەننەتتە ئۇلار ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى سالىدۇ، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن ئىشلەنگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ. (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات! جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!﴾[3].

---

(1) سۈرە زۇخرۇف 68 ــ 73 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە سافات 40 ــ 47 ـ ئايەتكىچە.
(3) سۈرە كەھف 30 ــ 31 ـ ئايەتلەر.

## جەننەتتىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر ۋە خانىلەر

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۇ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) الله نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾[1].

جەننەتتىكى پاكىزە ئالىي ئىمارەت دېمەك، ئۇ ئۆيلەردە ئورۇنلاشقانلار ئۇچۇن ئۆيلەرگە كىرەكلىك سەرەمجان، ئۆي بىساتلىرى، ئالىي ئۆي جابدۇقلىرى تولۇق بولغاچقا كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدىغان ئېسىل تۇرالغۇلاردۇر.

جەننەتنىڭ مەخسۇس خانىلىرى ھەققىدە الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لېكىن (دۇنيادا) پەرۋەردىگارىدىن قورققانلار (جەننەتتە) قەۋەت ـ قەۋەت ئالىي ئىمارەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدۇ، (بۇ) الله نىڭ ۋەدىسىدۇر، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴾[2].

## جەننەتتىكى ئاياللار ۋە ھۆرلەر

ئاياللار ئەرلەر بىلەن ھەممىدە باراۋەر، ئاخىرەتتە مۆمىن سالىھ ئەلەر قانداق نېمەتتىن پايدىلانسا مۆمىن سالىھ ئاياللارمۇ ئوخشاش پايدىلىنىدۇ. دېگەننى بايان قىلىش ئۈچۈن الله تائالا قۇرئاندا ئاياللار ھەققىدە گەپ ـ سۆز قىلدى. الله تائالا سۈرە نىسانىڭ 124 ـ ئايىتىدە: ﴿ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾ دېدى.

الله تائالا مۆمىن سالىھ ئەرلەر جەننەتتە ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ: ﴿ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ﴾[3] دەپ تەسۋىرلىدى.

دۇنيادىكى چاغدا خۇدادىن قورقۇپ شېرىك ئەقىدە ۋە يامان قىلىقلاردىن ساقلانغانلارغا قىيامەت كۈنى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[4].

قۇرئاندا خۇدادىن قورققۇچىلارغا مەخسۇس بولغان جەننەتتىكى نېمەت ھەققىدە مۇنداق بايانلار كەلدى: ﴿(ئۇلارنى تورلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز﴾[1].

---

[1] سۈرە تەۋبە 72 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 20 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ياسىن 56 ـ ئايەت.
[4] سۈرە زۇخرۇق 70 ـ ئايەت.

ھۆر دېمەك، تەنلىرى سۈتتەك ئاق، تۇم قارا كۆزلۈك قىزلار، دېمەكتۇر.

سۈرە راھمانىنىڭ 72 - ئايىتىدە: ﴿ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر﴾ دەپ كەلدى. يەنى ئەھلى جەننەتنىڭ ئاياللىرى قۇلالە قېپىدىن ياسالغان چېدىرلارنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. ئۆز ئېرىدىن باشقىسىغا قارىمايدۇ، دېمەكتۇر.

جەننەتتىكى كۆزى يوغان ئاق بەدەن ئاياللار دۇنيادىكى ئاياللارمۇ ياكى باشقا ئاياللارمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى! ئۇ ئاياللارنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا الله تائالا قۇرئاندا: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق﴾[2] دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر قېرى ئايال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!، الله تائالانىڭ مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىلسىلا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى پالانىنىڭ ئانىسى! جەننەتكە قېرى ئايال كىرمەيدۇ» دېۋىدى. ئۇ ئايال يىغلىغانچە قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «ھېلىقى ئايالغا ئېيتىپ قويۇڭلار، قېرىلىق ھالىتى بىلەن جەننەتكە كىرمەيدۇ (ياش، قىزغا ئۆزگەرتىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ). الله تائالا قۇرئاندا ﴿جەننەتكە كىرىدىغان خاتۇنلارنى قايتا يارىتىمىز، قىزلارغا ئۆزگەرتىمىز، دەيدۇ﴾» دېدى.

بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولۇشىچە ئايەتنىڭ مەنىسى: بۇ دۇنيادىن قېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولسا، ئۇلارنى الله تائالا ياش ۋە تولغان قىزلارغا ئۆزگەرتىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتكە قېرى ھالەتتە كىرمەيدۇ، دېمەكتۇر.

قۇرئاندا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نېمەتلەر، ئاخىرەتتىكى ھېسسىي نېمەتلەردۇر، بەزى ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ سۆزلەردىن يوچۇق تېپىپ ئىسلام دىنى ماددىي دىن، نەپسىي شەھۋەتكە بېرىلگەن دىن، روھىي نېمەت توغرىسىدا گەپ سۆز قىلمايدۇ، دەپ تەنە قىلىشتى.

ھەقىقەت شۇكى، خرىستىئان دىنىمۇ ھېسسىي نېمەتلەرگە ئىشارەت قىلدى. مەسىلەن: پەيغەمبەرلەر ۋە مۇقەددەس دەپ تونۇلغان كىشىلەر ھېسسىي نېمەتلەرنى الله تائالا رازى بولىدىغان ئىشلاردا ئەكس ئەتتۈردى ۋە شۇنداق سۈپەتلىدى.

تەتقىقات يۈرگۈزگۈچى بەزى مۇسۇلمانلار: قۇرئاندا سۆزلەنگەن ھېسسىي نېمەتلەردىن مەقسەت روھىي نېمەتكە يېتىشتۇر. چۈنكى، ئاخىرەتنىڭ روھىي لەززەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن كۆپچىلىك خەلقنىڭ پىكرى سەۋىيەسى ئاجىز بولغاچقا ئۇنى ھېسسىي نېمەت ئىبارىلىرى بىلەن چۈشەندۈرمەي بولمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن تەلىم بېرىلگەن ئىسلام دىنىنى، ئەقىل ئۆتكۈر بولغان ئۆرنەك ئادەملەرگە تەلىم بەرمەستىن، ئۆز ئەتراپىدىكى ئومومىي خەلق ئاممىسىغا، پۈتۈن ھېسسىياتى ماددىي نېمەتكە باغلانغان ئادەملەرگە تەلىم بەرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئەقلىگە چۈشلۈق سۆزلەش لازىم بولغان ئىدى. مەسىلەن: قورسىقى ئاچ ئۇسسۇز ئەرەبكە

(1) سۈرە دۇخان 54 - ئايەت.
(2) سۈرە ۋاقىئە 35 — 37 - ئايەتكىچە.

سوغاق سۇ، ھەسەل، سۈت ئاقىدىغان ئۆستەڭلاردىن ئارتۇق گۈزەل ۋە ئارزۇلىرىغا مۇۋاپىق بىر نېمەت بولامدۇ؟ ئۇ ئەرەب يېشىل باغلىق مول مېۋە، دائىم تۇرىدىغان نازۇ نېمەتلەردىن باشقىسىنى ئارزۇ قىلامدۇ؟ ھېسسىي لەززەت ئارىلاشقان نېمەتتىن باشقىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدى.

## جەننەتتىكى مەنىۋىي نېمەتلەر

قۇرئاندا سۆزلەنگەن نېمەتلەر پەقەت ماددىي نېمەتلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئەكسىچە قۇرئاندا روھىي نېمەتلەرمۇ ئۇچۇق بايان قىلىنغاندۇر. بۇ نېمەتلەرنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز.

## جەننەت نېمەتلىرىنىڭ دۇنيا نېمەتلىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى

شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ سۈرە غاشىيەنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېدى:
”ئاخىرەت ئالەمىدە ئادەمنىڭ بەدىنى چوڭقىيىدىغان سەمرىيىدىغان ئىش يوق. بۇ دۇنيادا تىرىك ئادەملەرگە ھاسىل بولغاندەك ماددىنىڭ ئاجىزلىششى يوق. بەلكى، ئۇ داۋاملىق تۇرۇش ئالەمىدۇر. ئاخىرەتتىكى لەززەتلەرمۇ بەخت ـ سائادەت لەززەتىدۇر. ئاخىرەتتىكى دەرت ئەلەملىرىمۇ بەد بەختلىق دەرت ئالەمىدۇر. ئاخىرەتتە يۈز بېرىدىغان ئىشلار بىلەن بۇ دۇنيا ئىشلىرى ئارىسىدا بەزى تەرەپتىن ئوخشىشىپ قېلىش بولسىمۇ تىپى ئوخشاش ئەمەستۇر. بۇ سۈرىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە كەلگەن: ”تىزىلغان پىيالىلەر، رەتلەنگەن ياستۇقلار، سېلىنغان بىساتلار ۋە بىز ـ بايالارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرىدىغان باشقا زىننەت سايمانلىرىنىڭ ئىسمى قۇرئاندا كەلگەن بولسا، پەقەت نېمەت كۆڭۈل ئازادىلىكى، راھەتلەرنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن سۆزلەنگەندۇر. بولمىسا ئاخىرەت نېمەتلىرىگە بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ“.

شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىدىن رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسىدىن پايدىلىنىپ سۆزلىگەندۇر. « الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەقىدىسى سۆز ھەربىكتى تۈزۈك بولغان بەندىلىرىمگە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشىتمىگەن ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن نېمەتلەرنى تەييارلاپ قويىدۇم ». بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەگەر خالىساڭلار، ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُم مِن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا

ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار.

## ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىش

اللە تائالانىڭ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئالىي غەرەزىنىڭ اللە تائالا بىلەن ئۇچرىشىش ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىشىدىن ئىبارەت كۆرسەتمىسى ئاخىرەت نېمىتىنىڭ پەقەت ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەسلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسان! سەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭغا مۇلاقات بولغىنىڭغا قەدەر (ئۆز ئىشىڭدا) ھەرىكەت ـ ئىجتىھاد قىلىسەن (يەنى ئەمەلىڭنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىسەن)﴾[2].

اللە تائالا ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىغا بېرىلىپ، ئاخىرەتتىن غەم قىلماي دۇنيادىلا كۆڭۈل خوشى ئىزدەپ ، بۇ ھاياتتىن ئۇستۇنرەك بولغان ئاخىرەت ھاياتىنى كۆز ئالدىدا تۇتماسلىقىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

﴿شۈبھىسىزكى، بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى اللە غا مۇلاقات بولۇشنى كۆزلىمەيدىغانلار)، دۇنيا تىرىكچىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلار. ئەنە شۇلارنىڭ جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن، دوزاخ بولىدۇ﴾[3].

اللە تائالا، ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر اللە كىشىلەر تەلەپ قىلغان يامانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇلار تەلەپ قىلغان ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئالدىرىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەجىلى چوقۇم يەتكەن بولاتتى (يەنى ھالاك بولاتتى). بىز بىلەن مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى گۇمراھلىقتا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىمىز﴾[4].

مۆمىنلەرنىڭ اللە تائالا بىلەن كۆرۈشىشى ۋە يېقىنلىشىشىنىڭ يولى ئەمەلى سالىھ (اللە بۇيرۇغان ۋە بەندىلەرگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى ئىشلەش) ۋە اللە تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»﴾[5].

---

[1] سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت
[2] سۈرە ئىنشىقاق 6 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە يۇنۇس 11 ـ ئايەت.
[5] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت.

قۇرئاننىڭ يۇقىرىقى ئوچۇق سۆزلىرى ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى الله بىلەن ئۇچرىشىش ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى لازىملىقى ۋە الله بىلەن كۆرۈشۈش ھەممە نېمەتتىن ئۈستۈن روھىي نېمەت ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

## ئاللاھ تائالانى كۆرۈش

قۇرئان كەرىم، ئاخىرەتتە جەننەتنى چۈشەندۈرگەن ھېسسىي خۇشۇسىيەتلەردىن باشقا روھىي بىر لەززەتنىڭ بارلىقىنى، ئۇ بولسىمۇ الله تائالانىڭ ئۇلۇغ جامالىغا قاراش ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

الله تائالا سۈرە يۇنۇسنىڭ 25 ـ ئايىتىدە: ﴿الله (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (يەنى جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴾ دەيدۇ. يەنى ياخشى ئىش قىلغان، الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى الله رىزاسى ئۈچۈن خالىس ئادا قىلغان، (الله تائالا توسقان ئىشلاردىن ساقلانغان) كىشىلەرگە ياخشى ئەجرى ـ جەننەت بار ۋە تېخىمۇ زىيادە نېمەت بار. يەنى الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش بار. ئۇلارنىڭ يۈزى قارا بولمايدۇ، خارلىق قورشىۋالمايدۇ. ئۇلار جەننەت ئەھلىدۇر. جەننەتتە داۋاملىق ياشىغۇچىلادۇر، دەيدۇ.

ياخشى ئەجىر بولسا جەننەتتۇر، زىيادە نېمەت الله تائالانىڭ ئۇلۇغ جامالىنى كۆرۈشتۇر. سۇھەيب ئىسلىملىك ساھابە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن :«جەننەتكە لايىق بولغان كىشىلەر جەننەتكە، دوزاخقا لايىق بولغانلار دوزاخقا كىرگەندە بىر كىشى ئۈنلۈك ئېلان قىلىپ: ئى جەننەت ئەھلى! سىلەرگە الله نىڭ بىر ۋەدىسى بار، ھازىر ئۇنى نەخ ئىجرا قىلماقچى، دەيدۇ. جەننەت ئەھلى: نېمە ۋەدە ئىكەن ئۇ؟ ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ ئۆلچىمىنى ئېغىر قىلدىغۇ، يۈزلىرىمىزنى ئاق قىلدىغۇ، بىزنى جەننەتكە كىرگۈزدىغۇ، دوزاختىن يىراق قىلدىغۇ؟ دېيىشىدۇ. ئاندىن الله تائالانىڭ ھىجابى (نىقابى) ئېچىلىدۇ، جەننەتتىكىلەر ھەممىسى الله تائالاغا قارايدۇ، ئۇلارغا جەننەتتىكى ھېچقانداق نېمەت الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈنمەيدۇ، باشقا نېمەتتىن الله تائالانى كۆرۈپ راھەتلەنگەندەك راھەتلەنمەيدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەھلى جەننەتنىڭ الله تائالانى كۆرىدىغانلىقىنى بۇ ئايەت ھەم ئىسپاتلايدۇ: ﴿(ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك يوق ئىش ئەمەس)، بەلكى سىلەر بۇ دۇنيانى دوست تۇتىسىلەر. ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر. بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ. بۇ كۈندە، نۇرغۇن يۈزلەر تۇتۇق

---

[1] سۈرە يۇنۇس 26 ـ ئايەت.

بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ مۇشكۇللۇككە دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئۇلار جەزمەن ئىشىنىدۇ﴾[1].

الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۆزىگە يېقىن بەندىلىرى ئارىسىدىكى پەردىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ بەندىلەر الله تائالانى كۆرىدۇ. بۇ لەززەت ھېچقانداق ھېسسىي لەززەت تەڭ كېلەلمەيدىغان روھىي لەززەتتۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى

قۇرئاننىڭ، الله تائالانىڭ رازىلىقى مۆمىنلەرگە خاس بولغان نېمەتتۇر ۋە بۇ نېمەت ھېسسىي نېمەتتىن باشقا بىر نېمەتتۇر، دېگەن سۆزى ئاخىرەت نېمەتلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ روھىي نېمەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

الله تائالا سۈرە تەۋبىنىڭ 72 ـ ئايىتىدە: ﴿الله مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) الله نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾ دېدى.

بۇ ئايەتتە ھېسسىي نېمەتنى مۇقەررەر قىلىش ئاندىن الله تائالانىڭ رازى بولۇشى ھېسسىي نېمەتتىن كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بار. چۈنكى، الله تائالا بۇنى چوڭ مەقسەتكە يەتكەنلىك، دەپ تەرىپلىدى. بۇ تەرىپ، بۇ نېمەتتىن ئەڭ ئالىي غايىنىڭ روھىي نېمەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

قۇرئاندا بىز كۆرگەن روھىي لەززەتنىڭ كامىلراقى، ھېساب كۈنى الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇخلىس (قەلبىنى يالغۇز الله غىلا قاراتقۇچى) بەندىلىرىگە قىلىدىغان بۇ سۆزىدۇر: ﴿ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن﴾[2]

الله تائالانىڭ، ئارام تاپقان، بەرگەن ساۋابىغا رازى بولغان ۋە الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولغان بەندىسىگە ياخشى بەندىلىرى قاتارىغا كىرىشكە بۇيرۇپ سۆز قىلىشى، ھېچقانداق نېمەت تەڭ كېلەلمەيدىغان روھىي بەخت سائادەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن الله ھەققەتەن (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾[3]

---

[1] سۈرە قىيامەت 20 ــ 25 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە فەجر 27 دىن 30 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مەريەم 96 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتە روھىي نېمەتنىڭ بىر كۆرۈنىشى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ راھمان تائالا بىلەن سالىھ بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالىي دوستلۇقتۇر. بۇ نېمەت روھىي نېمەتتۇركى ماددىي نېمەت بۇنىڭغا باراۋەر كېلەلمەيدۇ.

## جەننەت تىنچلىق ئورنىدۇر

روھىي نېمەتنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە سۆزلەمەكچى بولغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، الله تائالانىڭ، تىنچ ئامانلىق ئورنى جەننەت ئەھلى كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە سالام دېيىشىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارغا: سالام، سىلەرگە تىنچ ئامانلىق بولسۇن، دەيدۇ ۋە الله تائالانىڭ تەقۋادارلارغا ”تىنچلىق بار“ دەپ جاكارلايدىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇر. الله تەقۋادارلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (يەنى جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن الله ئۇلارغا مەدەتكاردۇر﴾[1]

الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ جەننەتتە ياشايدىغان تىنچلىق ھاياتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان ناز ـ نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىشتىن ئىبارەت، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر ـ بىرىگە) بېرىدىغان سالامى: «(ئەھلى دوزاخ چېكىۋاتقان ئازابتىن) ئامان بولغايسەن (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم)» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر﴾[2]. دېمەك، جەننەتتىكى بارلىق نېمەتلەر خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئاراملىقى ۋە تىنچ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر.

الله تائالا يەنە بىر يەردە پەرىشتىلەرنىڭ جەننەتتىكى مۆمىنلەرگە قىلىدىغان سالىمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغانلار)، ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئاياللىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى

---

[1] سۈرە ئەنئامنىڭ 127 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 9 ــ 10 ـ ئايەتلەر.

ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ﴾[1].

قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدىن بىزگە شۇ ئېنىق بىلىنىدۇكى، ئاخىرەتتىكى ھايات روھىي تىنچ ئامانلىقتۇر. جاننىڭ ئېرىشكەن ماددىي لەززەتتىن باشقا راھەت نېمىتىدۇر.

قۇرئاندا سۆزلەنگەن روھىي نېمەتلەر يوقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ ئىسلام دىنىدا ئاخىرەت نېمىتى ماددىي نېمەت ۋە شەھۋەت نېئمىتىدىن ئىبارەت، روھىي نېمەت يوق، دەپ تۆھمەت قىلغان ئويدۇرما گۇمانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا يېتەرلىكتۇر.

## يامان قىلمىشلارغا جازا بېرىلىشى

ئاسىيلارنىڭ ئىشلىگەن گۇناھلىرىغا بېرىلىدىغان جازانىڭ دوزاخ ئوتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى قۇرئان تەكىتلىدى. قۇرئان دوزاخقا مۇنداق يەتتە ئىسىم ئىشلەتتى. ئۇلار بولسا، جەھەننەم، ھاۋىيە، جەھىم، سەئىر، سەقەر، لەزا، ھۇتەمە بولۇپ، قۇرئاندا كۆپرەك كېلىدىغان ئىسىم جەھەننەمدۇر.

الله تائالا جەھەننەمنى ئونلارچە ئايەتتە چۈشەندۇردى، دوزاخنىڭ يېقىلغۇسىنى ۋە ۋالىلداپ كۆيىدىغان ئوتىنى، ئەھلى دوزاخنىڭ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغانلىرىنى، دوزاخ ئازابىنى جىنايەتچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى پوكلدىتىدىغان ۋە مۇتەكەببىر زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قول يىغسۇن دەپ، ئۇلارنى قورقىتىدىغان دەرىجىدە بايان قىلدى.

الله تائالا دوزاخ ئوتىنىڭ يېقىلغۇسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[2].

بۇ ئايەت بىزگە دوزاخ ئوتىنىڭ تاش بىلەن قىزىتىلغىنىدەك جىنايەتچى ئادەملەر بىلەنمۇ قىزىتىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر سۈرەتنى بايان قىلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە توختاپ قالماي دوزاخ ئۈستىدە كاپىرلارغا زىيادە ئازاب قىلىدىغان پەرىشتىلەر بارلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ.

الله تائالا دوزاخنىڭ ھەرقانچە كۆپ كاپىر ئاسىيلار تاشلانسىمۇ تويمايدىغان قىزىق ئوتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە بىز جەھەننەمگە: «توشتۇڭمۇ؟» دەيمىز، جەھەننەم: «يەنە بارمۇ» دەيدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە رەئد 22 ــ 23 ــ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قاف 30 ـ ئايەت.

جەھەننەم جىنايەتچىلەرنى كۆرگەن زامان ئاچچىغلاپ قايناپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكتەك) ھاڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلايدۇ﴾[1].

قۇرئان كاپىرلارنىڭ كىيىمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مۆمىنلەر ۋە كۇففارلاردىن ئىبارەت) بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كۇففارلار الله نىڭ دىنى ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، مۆمىنلەر الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، كۇففارلار الله نىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى)، كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ﴾[2].

كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىم پىچىپ كىيگۈزۈلىدۇ. ئاندىن بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ. ئاندىن قورساقلىرىدىكى ئىچ ئەزالىرى ئېرىپ كېتىدۇ. تېرىلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنى قاتتىق ئازابلاش ئۈچۈن تۆمۈر قامچىلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ئازابقا چىدىيالماي دوزاختىن قېچىشنى قەسلەپ باقسا، دەككە بىلەن دوزاخ ئىچىگە قايتۇرۇلىدۇ.

دوزاختا يەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) دۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ. (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) «ئۇنى تۇتۇپ سۆرەپ دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇپ ئازابلاڭلار» دېيىلىدۇ. (ئۇنىڭغا خارلاش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) «(بۇ ئازابنى) تېتىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئىززەتلىك ئۇلۇغ زات ئىدىڭ﴾[3] دېيىلىدۇ.

قاتتىق ئاچچىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان زەققۇم دەرىخى گۇناھكارلارنىڭ دوزاختا يەيدىغان تامىقىدۇر. ياغنىڭ لېيىغا ئوخشاش بۇ نەرسىنى يېگەندىن كېيىن، ئۇ كاپىرلارنىڭ قورساقلىرىدا قاينىغلى تۇرىدۇ. قاتتىق قايناپ كەتكەندە ناھايىتى قىززىق قايناق سۇدەك بولىدۇ. ئاندىن كېيىن جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەرگە: بۇ جىنايەتچىنى ئوتنىڭ ئوتتىرىغا ئىتتىرىڭلار، ئۆزىنىڭ نەسۋىسى بولغان ئازابقا دۇچار بولسۇن، ئاندىن كېيىن ئازابنىڭ تېخىمۇ قاتتىق بولۇشى ئۈچۈن كاللىسىدىن قايناق سۇ قۇيۇڭلار! دېيىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ جىنايەتچىگە كايىش ۋە مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن: ئازابنى تېتىغىن، سەن ئۆز كۆڭلىڭدە ھەممىدىن غالىب كاتتا كىشى ئىدىڭغۇ، دېيىلىدۇ.

الله تائالا جەھەننەم ئازابىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەرلەر الله دىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۆچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى الله غا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن)

---

(1) سۈرە فۇرقان 12 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ھەج 19 ـ ئايەت.
(3) سۈرە دۇخان 43 ــ 49 ـ ئايەتكىچە.

ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ. ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1] بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەقتىن ئايرىلىپ تۇرۇۋالغان، ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاقىۋىتى دوزاخقا بېرىش بولىدۇ. ئۇنىڭغا قان يىرىڭدىن باشقا ئىچكىلى بىر نەرسە يوق. ئۇسسۇلۇقنىڭ يامانلىقىدىن ئىلاجسىز ئاچچىق، سېسىق يىرىڭ زەرداپنى بىر يۇتۇمدىن ئىچىدۇ. ناھايىتى قاڭسىق سېسىق بولغىنى ئۈچۈن تېز يۇتۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ. ئازابنىڭ يامانلىقىدىن ئۇنى ھەرتەرەپتىن ئۆلۈم قورشىسىمۇ لېكىن ئۆلۈپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇنىڭ ئۇستىگە باشقا تۈرلۈك قاتتىق ئازابلارمۇ بار، دېمەكتۇر.

## ئاخىرەت ئازابىنىڭ قاتتىقلىقى

الله تائالا ئاخىرەت ئازابىنى ئادەمنىڭ بەدىنى قورقۇپ شۈركەنگىدەك ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ ئازاب ئىنسان كۆتۈرەلمەيدىغان ۋە چىدىيالمايدىغان ئازابتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن كىشى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش بىلەن بىرگە، الله تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىشلىك. الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆز ئالدىمىزغا توغرا قىلغان بۇ ئازاب يېقى ئىلىم ـ پەن بۇنىڭ بىر تۈرلۈك سىرىنى كەشىپ قىلغان ئازابتۇر. الله تائالا سۈرە نىسانىڭ ئايىتىدە: ﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز. ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2] دېدى.

دوزاختا كۆيۈپ تېرىسى پىشىپ قالغاندا باشقا تېرە ئالماشتۇرۇشتىكى سەۋەب نېمە؟ ئادەم بەدىنىنىڭ دەرت ئەلەم سېزىدىغان ھۇجەيلىرى تېرە قەۋىتىدە بولىدۇ. ئەمما گۆش توقۇلمىلىرىنىڭ، ئاقسىللىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ سېزىمى ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا تېرىدىن ئۆتمىگەن بوشراق كۆيۈكنىڭ دەردىنىڭ گوشكە ئۆتۈپ كەتكەن قاتتىق كۆيۈكنىڭ دەردىدىن يامان بولىدىغانلىقىنى دوختۇرلار بىلىدۇ. گوشكە ئۆتۈپ كەتكەن كۆيۈكنىڭ خەتىرى چوڭ بولسىمۇ ئەمما قاتتىق دەرت ئەلەم پەيدا قىلالمايدۇ.

الله تائالا بىزگە دەرت ئەلەم سېزىدىغان ھۇجەيرە بار تېرە قەۋىتىنى ئوت يەپ كەتسە، دەرت ئەلەمنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تېرە يەڭگۈشلەيمىز، دەيدۇ. بۈگۈن ئىنسانلار كەشىپ قىلىپ تونۇشتىن بۇرۇن الله تائالانىڭ ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. الله تائالا ھەممىگە غالىب، ھەر ئىشنىڭ كېيىنلىكىنى بىلگۈچىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 15 ـــ 17 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 56 ـ ئايەت.

كاپىرلار دەردىنى تارتىدىغان ۋە دۇنيادىكى ئالتۇننى بېرىپ بولسىمۇ قۇرتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىپ باقىدىغان ئازاب بولسا، ئەنە ئاشۇنداق ئازابلاردۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (الله) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىديە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىديىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

## دوزاختا كىرگەنلەر ئۇتتا ئەبەدىي قالامدۇ؟

دوزاختا كىرگۈچىنىڭ ئەبەدىي قېلىش قالماسلىقى الله تائالانىڭ ئىختىيارىغا باغلىق. دوزاختا تاشلانغان ھەممە كىشىنىڭ ئەبەدىي قېلىشى زۆرۈر ئەمەس. الله تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 128 ـ ئايىتىنىڭ بىر قىسمىدا: ﴿الله: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر الله نىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ﴾ دەپ بايان قىلدى.

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەختسىزلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تووۋلاپ نالە ـ پەرياد چېكىدۇ. (دوزاخنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر﴾[2].

ئاخىرەت ھاياتى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەبىئەتتىن باشقا بولغان سىرلارغا نەزەر سالغان ئادەم، ئەلۋەتتە بۇنى ھەرگىز ئىنسان ئەقلىنىڭ ئويلاپ تاپقان گەپلىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىدىن كېلىشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكىر خىيالى ھەر قانچە كەڭ بولسىمۇ ھەركىمنى قايىل قىلدۇرىدىغان ئەقلى دەلىل بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇنداق خەۋەرلەرنى ۋە ئىنسان سۆزى ئەمەس پەقەت الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاخىرەت ئالەمىنىڭ بەزى سىرلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارا ئۇقتۇرۇشى ۋە كىشىلەر ياخشى ئىشلارنى كۆپ ئىشلەش بىلەن ئاخىرەتكە تەييارلىق كۆرۈۋالىشى ئۈچۈن ۋەھيى قىلغان ئىلاھىي ۋەھيى ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان مەلۇماتلارنى ئۆز ئەقلى بىلەن ئويلاپ سۆزلىشى مۇمكىن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە 36 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 106 ــ 107 ئايەتلەر.

# يەتتىنچى بۆلۈم

## پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىكى غايە، پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، پەرىشتىلەرنىڭ تەبىئىتى، پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى، پەرىشتىلەرنىڭ مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقى ۋە بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى اللّٰه تائالادىن تىلەيدىغانلىقى، پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسانلار قىلغان ياخشى يامان ئىشلىرىنى يازىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتىكى غايە

ئىنسانىنىڭ پەرىشتىگە ئىشىنىشى، ئىنسانغا بىر روھىي ھاياتنىڭ بارلىقىغا ئەقىدە قىلىشنى ۋە ئىنساننىڭ، اللّٰه تائالا ئۇنىڭدا ئورناتقان ياخشىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىنىڭ كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى غەرەز ئىنساننىڭ مەرتىبىسىنى كۆتۈرۈپ كامىللىقىنى ئەڭ ئالىي دەرىجىگە تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. ئىسلام ئىنسانلارنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئۇسۇللىرىدىن بىرى قىلدى. اللّٰه تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدا: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللّٰه غا ۋە اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾[1] دەپ بايان قىلدى.

## پەرىشتىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلدى، دېدى. جىننىڭ يارىتىلىشىنى بايان قىلىپ جىن ئوتتىن يارىتىلدى، دېدى. لېكىن پەرىشتىلەرنىڭ نېمىدىن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدا قۇرئان مەخسۇس توختالمىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. جىن ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى».

---

[1] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس؟



پەرىشتىلەردە تاللاش ئىختىيارلىقى يوق. ئۇلار تەبىئى ئىقتىدارلاغا ئۆزىگە خاس بىر تۈرلۈك خۇسۇسىيەت بىلەن ئىگە قىلىنغان. پەرىشتىلەر بۇ جەھەتتىن ئىنسانلارغا ئوخشىمايدۇ. پەرىشتىلەردە داۋاملىق اللە تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاسىي بولماسلىق تەبىئىتى بار. اللە تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر اللەغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (اللەغا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ﴾[1].

پەرىشتىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ مۇھىمراقى پەيغەمبەرلەرگە اللە تائالانىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر. سۈرە فاتىردا: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆزنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللە غا خاستۇر! اللە يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ. اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2] دېدى.

بۇ ئايەتتە اللە تائالا پەرىشتىلەرنى ئۆزى بىلەن پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ئەلچىلىكنى يەتكۈزىدىغان ۋاستە قىلىپ ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ماددىي ئالەمدە قاناتلار ئۇچۇشقا ياردەم قىلىدۇ. قاناتنىڭ كۆپلىكى تېز ئۇچۇشنى بىلدۈرىدۇ. روھلار ئالەمدە قانات ئىبارىسىنى كۈچ قۇۋۋەتنى ۋە اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىنى تېز ئىجرا قىلىشتا ئالدىراشنى كۆرستىدۇ.

اللە تائالا قۇرئاندا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىپ (مۇنداق دەيدۇ): «(ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن (يەنى ئازابىمدىن) قورقۇڭلار»﴾[3].

(1) سۈرە نەھل 49 ـ 50 ـ ئايەتلەر.
(2) سۈرە فاتىر 1 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نەھل 2 ـ ئايەت.

بۇ ئايەتتىكى ”روھ“ دېگەن سۆز ۋەھيى مەنىسىدە كەلگەن. اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ ۋەھيىسىنى پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزى تاللىغان بەندىلىرىگە چۈشۈرىدۇ. پەيغەمبەرلەر باشقا ئىنسانلارنى اللّٰه تائالاغا ئاسيي بولۇشتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ۋەھيىنى روھقا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى، روھ بەدەننىڭ تىرىلىشىگە قانداق سەۋەب بولسا، اللّٰه تائالانىڭ ۋەھيىسىمۇ قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىككى دۇنيادا بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر جانغا ئوخشاشتۇر.

قۇرئاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىنىڭ ئىسمى جىبرىئىل دەپ ئاتالدى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (اللّٰه غا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) اللّٰه نىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا يول كۆرسەتكۈچى، مۆمىنلەرگە بشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى﴾[1].

قۇرئاندا جىبرىئىل ”روھۇلئەمىن“، ”روھۇلقۇددۇس“ دەپمۇ ئاتالدى. اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى﴾[2].

يەنە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، قۇرئاننى جىبرىئىل مۆمىنلەرنىڭ (ئىمانىنى) مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭ ھۇزۇرىدىن راستچىللىق بىلەن نازىل قىلدى﴾[3]

پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنى قوللاش، ئۇلارنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشتۇر. اللّٰه تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پاكىزە روھ (جىبرىئىل) بىلەن كۈچلەندۈردى. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق﴾[4].

پەرىشتىلەر مۆمىنلەرگە ھەمكارلىشىش ۋە خوش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ چۈشىدۇ. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە

---

[1] سۈرە بەقەرە 97 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا 192 ـــ 194 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە نەھل 102 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتىن چۈشەنگىنىمىزچە ئىسلام يولىدا تۈپ ـ تۈز ماڭغان مۆمىنلەر قىشىغا بۇ دۇنيادا توغرۇلۇق ۋە ياخشىلىق ئىلھام قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۆلۈش ۋاقتىدا ئارقىسىدا قالغان ئايال بالىلىرىغا ھەسرەتلەنمەسلىكى ئۈچۈن كۆڭلىنى خاتىرجەملەشتۈرۈش، الله تائالا ۋەدە قىلغان جەننەت بارلىقىدىن خوشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر چۈشىدۇ. پەرىشتىلەر يەنە مۆمىنلەرگە: بىز سىلەرگە ياردەم قىلغۇچىلارمىز ۋە بۇ دۇنيا ھاياتىدا سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، دۇنيادا سىلەرنى ئاسرايمىز. ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ يېقىن دوستۇڭلارمىز، دەيدۇ.

شۇنىڭدەك مۆمىنلەر دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا الله تائالا مۆمىنلەرگە غەلىبە بېرىش ئۈچۈن ۋە كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ياردەمگە پەرىشتە چۈشىرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله: «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بىشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

پەرىشتىلەر مۆمىنلەرنىڭ ئۆلۈش ۋاقتىدا جېنىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولغان شارائىتتا پەرىشتىلەر ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار» دەيدۇ﴾[3].

پەرىشتىلەر زالىملارنىڭمۇ جانلىرىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (كۇفرىنى ئىختىيار قىلىپ) ئۆزلىرىگە زىيان سالغان شارائىتتا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ. ئۇلار بويسۇنغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ: «بىز ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدۇق» (دەيدۇ). ئۇنداق ئەمەس، الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر﴾[4] دېگەن ئايەتلىرىدۇر.

## پەرىشتىلەر مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى الله تائالادىن تىلەيدۇ

قۇرئاندا پەرىشتىلەرنىڭ خالايىقلارغا الله تائالا رۇخسەت قىلغان شەرتى بىلەن شاپائەت قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. سۈرە نەجمدە: ﴿ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ،

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 30 ــ 32 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەنفال 9 ــ 10 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە نەھلى 32 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نەھلى 28 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت اللە ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ﴾[1] دەپ كەلدى.

پەرىشتىلەر الله تائالادىن مۆمىنلەرنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ ۋە الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنى قۇتقۇلۇش يولىغا باشلىشى ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر»﴾[2].

پەرىشتىلەرنىڭ مۆمىنلەرگە شاپائەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى الله تائالادىن تىلىشى، مۆمىنلەرنىڭ روھىي تەرەققىياتقا ئېلىپ بارىدىغان يولغا مېڭىشىنى ۋە ئۇلارنى بىلىمسىزلىك ۋە ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇش قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتقۇزۇپ ئىلىم ۋە ھىدايەت نۇرىغا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا مېڭىشىنى ئىلھام قىلىش ئۈچۈندۇر.

## پەرىشتىلەر بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى يازىدۇ

قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، الله تائالا ھەر بىر ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنى يېزىشقا پەرىشتىلەرنى مەسئۇل قىلغان. سۈرە ئىنفىتار 10، 11 ۋە 12 ـ ئايەتلىرىدە الله تائالا: ﴿ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (الله نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾ دېدى. يەنى سىلەر ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىڭلارنىڭ ھېسابى چۇقۇم يېزىلىپ تۇرۇلغۇچىدۇر. چوڭ ـ كىچىك، ياخشى يامان ھەممە ئىشلىرىڭلارنى چالا قويماي يېزىپ خاتىرلەيدىغان پەرىشتىلەر سىلەرگە مەسئۇل قىلىنغان، دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز. ئىنساننىڭ ئوڭ

(1) سۈرە نەجم 26 ـ ئايەت.
(2) سۈرە غافىر 7 ــ 9 ـ ئايەتكىچە.

تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنسانىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئىنسانىنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇدىغان قۇرئاندا سۆزلەنگەن مەزكۇر ئىككى پەرىشتە بولسا، بىرى ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئىنسانىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دەپتەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىككى پەرىشتىدۇر. ئىنسان قانداقلا گەپ قىلسا، يا بىرەر ئىش قىلسا، ئۇلار ئۇنى كۆزۈتۈپ تۇرۇپ يازىدۇ. ئۇلار ئىنسانىنىڭ بارلىق ياخشى يامان سۆزلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى يېزىپ تۇرۇشقا تەييارلاپ قويۇلغان ھەمىشە نەق بار پەرىشتىلەردۇر.

ئىنسانىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى ھېسابلاپ يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ۋە ئىشەنگەن ئىنسان ئەلۋەتتە يامان ۋە ئەسكى جىنايەتلەرنى ئىشلەشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

يۇقىرىقىلار پەرىشتىلەر ئالەمى ۋە ئۇلارنىڭ تەبئىتى ۋە ۋەزىپىسى ھەققىدە بەرگەن قۇرئاننىڭ خەۋەرلىرى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئىنسانىنى ماددىي ئالەمگە بېرىلىش پاتقىقىدىن قۇتقۇزۇپ روھىي ئۈستۈنلۈككە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت غايىسىنى توغرا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ھەم بۇ غايىنىڭ چوقۇم الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى ئارقىلىق كۆرسىتىلگەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە قاف 16 ـ 18 ـ ئايەتكىچە.

## سەككىزىنچى بۆلۈم

### ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش توغرىسىدا

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى، قۇرئاننىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا چۈشكەن كىتابلارنى تەستىقلىشى، قۇرئان بەندىلەر يوقۇتۇپ قويغان ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ تەۋراتقا بولغان كۆز قارىشى، قۇرئاننىڭ ئىنجىللارغا بولغان كۆز قارىشى دېگەنلەردىن ئىبارەت.

### ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى

الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئىماننىڭ ئۇل ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزگەن الله تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ۋە چەكلىگەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ قۇرئانغا ئىشىنىشى ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشكەن كىتابلارغا ئىشىنىشى لازىم. قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرى ئىنسانلارنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرۈلگەن بۇرۇنقى كىتابلارغا ئىشىنىشىنىڭ لازىملىقىنى سۆزلىدى. الله تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۆزىگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللە غا ۋە اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى﴾[1] دېگەن ئايەتلىرى شۇلاردىندۇر.

قۇرئان بۇ كىتابلاردىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تەۋراتنى، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ئىنجىلنى، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن زەبۇرنى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن سەھىپىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

### قۇرئان ئۆزىنىڭ ئالدىدا چۈشكەن كىتابلارنى تەستىقلىغۇچىدۇر

ئىسلام بىلەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر دىنىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقي ھالىتىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ھەقىقي ئالاقە بولسا، ئۇ دىنلارنى تەستىقلاش ۋە يۈزدە يۈز قوللاش ئالاقىسىدۇر. ئىسلامنىڭ مەزكۇر دىنلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى، دىنلارنىڭ ئەسلىدىن ساقلىنىپ قالغان ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق بولغان تەرەپلىرىنى

---

[1] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەستىقلاش، ئۇ دىنلارغا كېيىن پەيدا بولغان يېڭى نەرسىلەرنى ۋە يات قوشۇمچە نەرسىلەرنى تەنقىتلەپ تۈزۈتىش بېرىش ئالاقىسىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ،ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۇممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار غا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾[1]. يەنى ھەر ئۇممەتكە ئۆز شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىشنى بۇيرۇدۇق، دېمەكتۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرى بەزى ئەمەلىي ھۆكۈملەردە ۋە ئايرىم پارچە مەسىلىلەردە ئوخشاشمىدى. بۇ ئىشلار ھەر دەۋرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئەھۋال ۋە تەلەپلىرى بىلەن ئالاقىداردۇر. چۈنكى، ئەمەلىي ھۆكۈملەر ۋە روھىي تەربىيە ئىشلىرى ھەر جەمئىيەتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. سودا سېتىق توختاملىرىدا، ئۆيلىنىش ھارام بولغان كىشىلەر توغرىسىدا، ئىشلەنگەن گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش مەسىلىلىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈملەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ بىرلىشىدىغان بىر تەرەپى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ الله تائالانى زاتتا، سۈپەت خۇسۇسىيەتلەردە، بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇلۇغ بىلىشىگە ھەقلىق ئىكەنلىكىدە يالغۇز دەپ تونۇشتا، الله تائالاغا خالىس بولۇشتا، چوڭ ياخشى ئەخلاقلاردا بىردەك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئاساسلار ھەممە دىندا بىر بولۇپ پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇممەتلەرنىڭ باشقا ـ باشقا بولۇشى بىلەنمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

## قۇرئان بەندىلەر يۇقۇتۇپ قويغان ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر

بۇرۇنقى ئىلاھىي كىتابلارنىڭ چۈشكىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى ۋە ئۇنى بەزى ئادەملەرنىڭ قوللىرى يەڭگۈشلەپ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىپ بۇزدى. دىن توغرىسىدىكى ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ناھايىتىگە كۆپىيىپ كەتتى. دۇنيا ئىنسانلىرى الله تائالانىڭ دىنىدىن چىقىپ كېتىپ بۇت پەرەسلىككە ۋە خۇداسىزلىق ئازغۇنلۇقىغا تەسلىم بولۇش خەتىرىگە يۈزلەندى. دۇنيا ئەھلى الله تائالادىن قايتا ۋەھيى چۈشۈپ ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ توغرا يولغا يېتەكلەشكە موھتاج بولۇپ قالدى. ھەربىر كىتابنىڭ ئەھلى ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى كاپىر دەيدىغان بولۇپ كەتتى. الله تائالا توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ۋە دىنىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشتا ئوخشاشمىغان قاراشتا بولدى. شۇنداق مۇھىم پەيتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان چۈشۈرۈلدى. قۇرئان ھەقنى باتىلدىن، راستنى يالغاندىن

[1] سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايرىپ كۆرسەتتى. خەلقلەرگە مۇشكۇل بولغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) اللە نامى بىلەن قەسەمكى، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرلەر) ئەۋەتتۇق، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتتى، شەيتان بۈگۈن ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق﴾[1].

## قۇرئاننىڭ تەۋراتقا بولغان كۆز قارىشى

”تەۋرات“ دېگەن سۆز ئەرەبچىگە ئۆرۈلگەن سۆز بولۇپ، ئەسلى تۇراھدۇر. ئىبرانى تىلدا ”تۇراھ“ دېگەن سۆز شەرىئەت (قانۇنى يول) مەنىسىدىدۇر. تەۋراتنىڭ نەچچە پارچە كىتاب ئىكەنلىكى قۇرئاندا مۇقىم كۆرستىلمىگەن. لېكىن قۇرئاننىڭ بەزى يەرلىرىدە تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن بىر يەردە كېلىشى، تەۋراتتىن قەدىمكى ئىبرانىيلارنىڭ قارىشىچە بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن بەش كىتاب مەقسەت قىلىنىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ بەش كىتاب بولسا، تەكۋىن، خورۇج، لاۋىيىن، ئەدەد ۋە تەسنىيە قاتارلىقلاردۇر. كېيىنكى كۈنلەردە ئىبرانىيلار تەۋرات دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى كېڭەيتىپ ”كونا زامان“ دەپ ئاتالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى تەۋرات دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايدىغان بولۇشتى.

الله تائالانىڭ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى خەلقلەرگە توغرا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن، قۇرئاندىن بۇرۇن چۈشۈرۈلگەنلىكىگە قۇرئان گۇۋاھلىق بېرىدۇ. الله تائالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 2 ۋە 3 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (الله) ساڭا نازىل قىلدى.ئىلگىرى، كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى﴾ دېدى.

قۇرئان كەرىم ھازىرقى تەۋراتنى تەنقىد قىلىپ تەۋراتقا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزگەرتكەن، يەڭگۈشلىگەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار﴾[2].

---

(1) سۈرە نەھل 63 ــ 64 ـ ئايەتلەر.
(2) سۈرە نىسا 46 ـ ئايەت.

ئۆزگەرتىش بىر قانچە تۇرلۇك بولىدۇ. سۆزنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن باشقا مەنىگە بۇرمىلاش ياكى بەزى سۆزلەرنى يوشۇرۇپ ئومومغا سۆزلىمەي ئۆتكۈزۈۋېتىش ياكى دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قوشۇش، ياكى زامان ئۇزۇن بولغان ۋە داۋاملىق سىقىلىشقا ئۇچرىغان سەۋەبتىن كىتابنىڭ بەزى بۆيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرى ئۇنتۇلۇپ قېلىش بىلەن بولىدۇ. قۇرئان بۇ ئىشلارنى يەھۇدىيلارنىڭ قىلغانلىقىنى ئۇچۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار(تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى﴾[1] يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ كىتابىنىڭ (تەۋراتنىڭ) ئەسلى تېكىستلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۇنۇتتى. قۇرئاندا الله تائالا يەنە يەھۇدىيلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئۆز ئارىسىدا (دەتالاش قىلىشقان ئىشلار توغرىسىدا) الله نىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا چاقىرىلسا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى بۇنىڭدىن (يەنى الله نىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر (يەنى ھەقتىن يۈز ئۆرۈش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن)﴾[2].
دېمەك، يەھۇدىيلاردا قۇرئان ئېيتقاندەك تەۋراتنىڭ پەقەت بىر بۆلۈكىلا بار بولۇپ ھەممىسى تولۇق ئەمەس.

يەھۇدىيلار ئۆز دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن كۆپ يەرلىرىنى يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىنى قۇرئان ئاشكارە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇنىنى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى﴾[3].

الله تائالا يەھۇدىيلارغا تەراتتا چۈشۈرگەنلىرىدىن ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەت خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىغا تەۋراتتا ئالدىن بېرىلگەن خوش خەۋەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇنى باشقا مەنىلەرگە بۇرمىلاپ ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدەك تەۋراتتا دېيىلگەن ئاخىرەتتە ئالىدىغان ھېساب ۋە چارە ھەققىدىكى تېكىستلەرنى ئۆزگەرتتى. شۇڭا تەۋراتتا ئاخىرەتتىكى ھېساب ۋە جازا ھەققىدە بىرەر تېكىستمۇ تاپالمايمىز. ھالبۇكى، ئاخىرەتتە ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەقىدىسى ۋە ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىپ ھۆكۈم قىلىنىشقا ئىشىنىش ھەممە دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر.

---

[1] سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 23 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە 15 ـ ئايەت.

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنجىللار توغرىسىدىكى ھۆكمى

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن ئىنجىللار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. خرىستىئان دىنىنىڭ تارىخىنى يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىردە ئورتاقتۇر. ئىنجىلغا نۇرغۇن گەپلەر قوشۇلۇپ كىتابنىڭ مەزمونى كۆپىيىپ كەتتى ۋە بىر قانچە خىل كىتاب بولۇپ كەتتى. ئاندىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خرىستىئان ئىبادەتخانا باشلىقلىرىنىڭ دىن باشلىقلىرى مۆتىبەر ئىنجىللەرنى تاللاپ ئازايتماقچى بولۇپ مەتتا، مەرقەس، لوقا، يۇھەننا ئىسىملىك تۆت ئىنجىلنى تاللىدى.

قۇرئان بۇ ئىنجىللەردىكى بەزى گەپلەرنى ئېتىراف قىلمايدۇ. ھەم ئۇلارنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ئىنجىللارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. چۈنكى، قۇرئاننىڭ ئاشكارە بايان قىلىشىچە الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بىر دانە ئىنجىل چۈشۈرگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يېزىلىپ كۆپەيتىلگەن ئىنجىللەر بولسا، ئۇ ئەمەستۇر. الله تائالا يەھۇدىيلار ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۇزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق﴾[1].

قۇرئان يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىئانلارنىڭ الله تائالانىڭ كىتابى ئىنجىلنىڭ ئەسلىدىن بىر بۆلۈكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. الله تائالا بۇ توغرىدا سۈرە مائىدەنىڭ 14 ـ ئايىتىدە: ﴿بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ (الله نى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) الله ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)﴾[2] دېدى.

قۇرئاننىڭ ھازىرقى خرىستىئانلىق ئەقىدىسىگە قاراتقان تۆۋەندىكى ئايەتتىكى قاتتىق تەنقىدى بىزنىڭ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئايەت بولسا: ﴿شۈبھىسىزكى، الله مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. زالىملار غا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى. الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار

[1] سۈرە مائىدە 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 14 ـ ئايەت.

ئېيتقۇاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[1] دېگەندىن ئىبارەت.

[1] سۈرە مائىدە 72 ــ 73 ـ ئايەتلەر.

# توققۇزىنچى بۆلۈم

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش توغرىسىدا

بۇ بۆلۈمدە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار: پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبى ۋە پايدىسى، پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى، پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھتىن خالىيلىقى، ھەر مىللەتكە پەيغەمبەر تەيىنلەنگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر بولغانلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## مىللەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبى

الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئاساسىي تارماقلىرىدىن بىرىدۇر. ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ھەر بىر ئەر ئايالنىڭ ئەقىدە قىلىشى لازىمكى، الله تائالا ئىنسانلار ئىچىدە الله تائالانىڭ ساۋابىدىن خوشخەۋەر بېرىدىغان، ئازابىدىن قورقىتىدىغان پەيغەمبەرلەرنى چىقاردى. ئۇلار ئۈممەتلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغانلارنى يەتكۈزدى. يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ۋەزىپىلەر بولسا، الله تائالانىڭ زاتىنى ھېچقايسى تەرەپتىن ھېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ، پاك ۋە مۇنەززەھ دەپ تونۇشقا چاقىرىش، الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى تونۇتۇش ۋە الله تائالا بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلىدىغان ياخشى ئىشلار، ئالىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە الله تائالا توسقان يامان ئىشلار ۋە بۇزۇق ئەقىدىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئىبارەت. مۆئمىن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ پەيغەمبەرلەر ئۈممىتىگە دىن توغرىسىدا يەتكۈزگەن بارلىق تەلىماتلارنى الله تائالا تەرىپىدىن يەتكۈزگەن ۋە ئۇلار دىن توغرىسىدا ئۆز پىكىرلىرى بىلەن بىر نەرسە دېمىگەن دەپ ئىشىنىشى لازىم. پەيغەمبەرلەرگە ھەممە ئىشتا ئەگىشىپ مېڭىشى، ئۇلار بۇيرۇغان ئىشلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ ئادا قىلىشى ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىشى لازىم. پەيغەمبەرلەر الله تائالا تەرەپتىن ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە كۈچى يەتمەيدىغان مۆجىزە ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن كۈچەيتىلگەن. ئىنسانلارنىڭ تونۇشىنىڭ سىرتىدا بولغان مۇنداق ئىشلار پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردۇر.

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا خوشخەۋەر بەرگۈچى، ئىمان ئېيتمىغان ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلارغا دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، الله (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (الله) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ

قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى﴾[1].

دېمەك، پەيغەمبەرلەر الله تائالا كۆرسەتكەن يولغا ئەگىشىپ ماڭغان خەلقلەرگە دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ۋە بەخت سائادەت بار دەپ خوش خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەن ئىنسانلارغا دۇنيادا زىيان، ئاخىرەتتە ئازاب بارلىقىدىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى

قۇرئان ئىنسانلارنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتىڭلاركى، «الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[2].

پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ بەزىسىگە ئىشەنمىگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى الله تائالا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى قۇرئان ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇكى:

﴿شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز، دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴾[3].

مۇشۇ ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بىرلىك، قېرىنداشلىق، ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا بىر ئاساسىي ئۇلنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى، قاچانكى خەلقلەر ھەممە پەيغەمبەرگە ئىشەنسە بەزى بىر پىكرى ئوخشاشماسلىق يوقىلىپ بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ئاسان بولىدۇ.

بۇ ئۈستۈنلۈك ئىسلامغا خاستۇر. ئىسلام ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ھەممە پەيغەمبەرگە ئىشىنىشنى ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ۋاجىب قىلىشى بىلەن باشقا دىنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مۇمكىن قىلدى ۋە ئاسانلاشتۇردى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 213 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 150 ــ 151 ـ ئايەت.

چوقۇمكى ھەممە دىنىنىڭ ئادەملىرى قۇرئانىنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەكسىچە باشقا دىنلارنىڭ ئادەملىرى ئۆز دىنىدا ئۆز پەيغەمبىرىنى ۋە ئۆز دىنىنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى ئۇچرىتىدۇ.

يېقىن ئۆتمۈشتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىسلامنى، خرىستىئان دىنىنى ۋە يەھۇدىي دىنىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئويلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇلار ھەرقايسى دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىكى شۇ دىنلەرنىڭ ئاساسى دەپ تونۇلغان ئىبارىلەرنى، ئۆز پىكرىچە بىرلىككە توسالغۇ بولغان تەرەپلەرنى يوقىتىدۇ، دەپ ئويلىغان مەنىلەر بىلەن تەپسىر قىلىشتى. نەتىجىدە دىنلارنى بىرلەشتۈرۈش ئورنىغا باشقا بىر دىن پەيدا قىلدى. بۇ دىن، بىرلەشتۈرمەكچى بولغان دىنلارغا پۈتۈنلەي دۈشمەن بىر دىن بولۇپ چىقتى.

ئەقىللىك تەنقىتچى كۆرەلەيدۇكى، ئىسلامنىڭ ھەممە دىنلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈش يولى ھەممىدىن ئەۋزەل يولدۇر. چۈنكى، ئىسلام پۈتۈن پەيغەمبەرلەر دىنلىرىنىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى بىكىتكەندىن كېيىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈشى، خەلقلەرنىڭ شۇ دىنلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشكە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاندىن كېيىن ئىسلام خەلقلەرنى الله تائالادىن چۈشكەن بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ ھەممە ئۆتۈقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتلىرى ۋە ئېھتىياجلىرى تەلەپ قىلغان ئىلىم پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن قۇرئانغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرغىلى باشلىدى.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھتىن خالىيلىقى

الله تائالا ئىنسانلارنى نەپسىي ئارزۇلىرىغا قۇل بولۇشتىن قۇتقۇزۇش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالىي ۋە ياخشى ئەخلاقلىق بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلاردا ئۇممەتلىرىدىن سادىر بولىدىغان ناچار ئەخلاق ۋە ئادەتلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار يامان ئۈرنەك بولغان بولاتتى. ئۇ چاغدا الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىملىرى بىكار بولغان بولاتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە جاكارلايدۇ. سۈرە ئەنبىيادا الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر بۆلۈكىنى ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى﴾[1] دېدى.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 73 ـ ئايەت.

يەنە بىر ئايەتتە الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى تەسۋىرلەپ: ﴿ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز. ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾[1] دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەردىن قەتئىي جىنايەت سادىر بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ)﴾[2].

## ھەرمىللەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن

ھەر بىرئۇممەتكە، ئۇ ئۇممەت ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر تەيىنلەپ ئۇلارنى ياخشىلىق ۋە بەخت سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولغا باشلاشنى، الله تائالانىڭ ئىنسانلار ئۇچۇن يولغا قويغان ئىلاھىي قانۇنى تەلەپ قىلغان. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە نەھلىنىڭ 36 ـ ئايىتىدە: ﴿بىز ھەققەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾ دەيدۇ. يەنە الله تائالا: ﴿قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[3] دەيدۇ.

قۇرئان 25 پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى سۆزلىدى. لېكىن بۇلاردىن باشقىمۇ پەيغەمبەرلەر ئۆتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ: ﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار﴾[4] دېگەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر يالغۇز ئۆز مىللىتىگە پەيغەمبەر قىلىنغان. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بولسان پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان. الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق دەيدۇ: ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۇچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە

---

[1] سۈرە ئەنئام 89 ۋە 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 161 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە فاتىر 24 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

الله تائالا بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئېلان قىلىشقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دەۋەت قىلىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾[2].

## ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەممە پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان ۋە بۇرۇنقى دىنلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان پەيغەمبەرلىك قىلىندى. الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دېدى: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) الله نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز - ھەركىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە الله غا مەخپىي ئەمەس)﴾[3].

بۇ ئايەت پەيغەمبەرلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇردى ۋە ئۆتكەن مىڭلارچە يىل ئىچىدە ئارقىمۇ - ئارقا كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغانلىقىنى كەسكىن ھالدا ئوتتۇرىدا قويىدى. ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا شۇ پەيغەمبەردىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىشتىن خوشخەۋەرلەر بار ئىدى. ئەگەر قۇرئان كەرىم الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى بولماي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئويلاپ چىققان كىتاب بولسا ئىدى، دۇنيادىكى ئارقىمۇ - ئارقا پەيغەمبەر كېلىپ تۇرۇش قانۇنىيىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم قىلىشتىن مەنئى قىلاتتى. چۈنكى، قۇرئاننىڭ بۇ ھۆكمى ئىنسانىيەت قانۇنىغا ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا خىلاپ ئىدى. ئەگەر قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرىدىن بولسا ئىدى، مەندىن كېيىنكىمۇ پەيغەمبەر كېلىدۇ، دەپ خوشخەۋەر قىلىپ خەلق ئىچىدە ئۆز ئىشىنى راۋاجلاندۇرغان بولاتتى. خۇسۇسەن خەلقلەر خوشخەۋەر بەرگۈچىگە زوقمەندۇر. بۇ يولدا ماڭغان كىشىنى راست دەپ ئىشىنىشكە مايىلدۇر. تەخمىنەن 14 ئەسىر ئۆتتى. مۇنچە ئۇزۇن زامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشىگە كۆپايە قىلاتتى. مۇنچە ئۇزۇن مۇددەتتە نېمىشقا پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە سەبەئ 28 - ئايەت
[2] سۈرە ئەئراف 158 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب 40 - ئايەت.

كەلمىدى؟ بۇ ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللہ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر بىشارەت بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېقرار قىلمايدىغان باشقا دىندا بولغان بىر بۆلۈك ئادەملەر بار ۋە ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر كېلىدۇ، دەپ كۈتىدىغان بولسا، ئۆتكەنكى **14** ئەسىردىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەت ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزۈۋېتىشكە كۇپايە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت توغرا تونۇشقا چاقىرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ۋە مۇندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېگەن بۇ ھۆكۈم ئىنساننىڭ ھۆكمى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ چوقۇم اللہ تائالانىڭ ھۆكمىدۇر. قۇرئاننىڭ اللہ تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان مۆجىزىلەردىن بىرسىدۇر.

# ئونىنچى بۆلۈم

## قەدەر توغرىسىدا

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: قۇرئاندا قەدەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى، توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇش، ئىنساننىڭ خالىشى اللە تائالانىڭ خالىشىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكى، ئىنساننىڭ رىزقى ۋە ئەجەلىنىڭ بېكىتىلگەنلىكى ۋە قەدەرگە ئىشىنىشنىڭ روھىي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامغا قاراتقان تەنقىد ۋە تەنە سۆزلىرىنىڭ بىرسى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ قەدەرگە ئىشىنىشى ئۇلارنىڭ كۈچسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ۋە ياۋرۇپادىن ئىلىم - پەن پەلسەپەدە كېيىن قېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسى دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە قەدەرگە ئىشىنىش ئىنساننىڭ كۈچ قۇۋۋەت بىلىم قابىلىيىتىنى بىكار قىلىش ۋە ئىنساننى ھورۇنلاشتۇرۇپ غەيبتىن كېلىدىغان رىزقى ۋە نەسىۋىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بېرىلىدىغان قىلىپ قويىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويارمىش.

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدەرگە ئىشىنىشنى ئىماننىڭ ئۇل ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ جاۋاب بېرىپ: «قەدەرگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللە تائالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭ» دېگەن ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى: بۇ ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ياخشى ۋە يامان ھادىسىلەر مىقدار، ئۆلچەم، قانۇن ۋە سەۋەبلەر بىلەن بولىدۇ. شۇنداق بولۇشىنى اللە تائالانىڭ ھېكمىتى تەلەپ قىلغان ۋە ئالەمدىكى ھەممە ئىش اللە تائالانىڭ ئالدىن بىلگىنىگە ئۇدۇل بولىدۇ، دېمەكتۇر.

قۇرئانغا قارىساق قۇرئان قەدەرگە ئىشىنىشنى اللە تائالاغا ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشكە ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرسى قىلىپ كۆرسەتمىدى. قۇرئاندا قەدەر اللە تائالا ئورناتقان باشقا تەبىئىي قانۇنلاردەك بىر قانۇندىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان قەدەرگە ئىشىنىش ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى.

## قۇرئان كەرىمدە قەدەر مەسلىسى

قۇرئاندا بىر قانچە يەردە سۆزلەنگەن ”قەدەر“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ كۆرسەك، ”قەدەر“ دېگەن سۆز، مىقدار ۋە تەقدىر دېگەن مەنىلەردە بولۇپ بىر نەرسىنى مەخسۇس ئۆلچەمدە، مۇئەييەن قىلىپتا، ياكى مەلۇم قانۇن بويىچە ياساش، دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. اللە تائالا سۈرە مۆئمىنۇننىڭ 18 - ئايىتىدە: ﴿بىز بۇلۇتتىن ھاجەتكە قاراپ يامغۇر ياغدۇردۇق﴾ دېدى. بۇنىڭ مەنىسى سۇنى مۇئەييەن ئۆلچەمدە چۈشۈردۇق، دېگەنلىكتۇر.

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر بىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى الله بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ ـ كۆپمۇ، چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ ـ سەتمۇ، بەختلىكمۇ ـ بەختسىزمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ، ـ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (الله) بىلىدۇ. الله نىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر﴾[1].

دېمەك، الله تائالانىڭ چىشى مەخلۇقلىرىنىڭ قورساق كۆتۈرىشىدە، تۇغماس بولۇشىدا، ئەۋلادىنىڭ ئاز، كۆپ بولۇشىدا الله تائالانىڭ قانۇن تۈزۈمى ۋە مۇئەييەن ئۆلچىمى بولغاندەك باشقا مەخلۇقلاردىمۇ بار. ئىنسانمۇ بارلىق ئالەمنىڭ تارماقلىرىدىن بىر تارماق بولۇپ، الله تائالانىڭ ھېكمىتى تەلەپ قىلغان تۈزۈم قانۇن ئىنسانغىمۇ ماس كېلىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ الله ئۇنى ئابمەنىدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) الله ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىن ـ پەي ياراتتى﴾[2]. يەنە زامان توغرىسىدا قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ (ئۇزۇنلۇقى) نى الله ئالدىنئالا بەلگىلەيدۇ﴾[3]. يەنە ئومۇمىي مەخلۇق توغرىسىدا قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى﴾[4].

يۇقىرىقى دەلىللەردىن بىزگە شۇ ئاشكارە بولۇدىكى، قۇرئاندىكى قەدەر ئەقىدىسى مۇمىنلەرگە كائىناتتا پۇختا ساغلام بىر قانۇن ئىنتىزام بارلىقىنى، سەۋەبتىن ھاسىل بولىدىغان ھەممە نەرسىنى سەۋەبكە باغلايدىغان ئومۇمىي قانۇن بارلىقىنى ۋە الله تائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقلىرىدا قالايمىقانچىلىق يوقلىقىنى ۋە بىر نەرسىنىڭ ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قەدەرگە ئەقىدە قىلىشنىڭ بىر پايدىسى شۇكى، قەدەرگە ئىشەنگۈچىلەر كائىناتتىكى تەرتىپ تۈزۈمنى تەكشۈرۈشكە، الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلاردا ئورناتقان قانۇنلىرىنى تونۇشقا، ھەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ سەۋەبىنى قوللىنىش يولى بىلەن ئىزدەشكە ۋە سەۋەب قانۇنىغا رىئايە قىلىپ ئىش قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردىن بولىدۇ.

## ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى

ئىنسانلارنىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قۇرئاندىن ئىزدەنسەك، ئىسلامغا قارىتىلغان تۆھمەتلەرنىڭ قانچىلىك ئورۇنسىزلىقىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئۇنداق تۆھمەتتىن خالىيلىقىنى كۆرىمىز. ھەم مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشرىك بولغانلىقىغا، الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشى بىلەن بولغان، دەپ دەلىل

[1] سۈرە رەئد 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەبەسە 18 ــ 19 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە فۇرقان 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلتۈرگىنىگە قارشى ئاللاھ تائالانىڭ رەت قىلغان سۆزىدىنمۇ ئىنسانىنىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. الله تائالا مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، الله غا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مۇشرىكلار ئەگەر الله تائالا بىزنىڭ مۇشرىك بولماسلىقىمىزنى خالىغان بولسا، مۇشرىك بولمايتتۇق، الله تائالا بىزنىڭ مۇشرىك بولۇشىمىزنى خالىدى، شۇڭا بىز مۇشرىك بولدۇق، دەيدۇ. يەنى بىزدە مۇشرىك بولۇش بولماسلىقنى تاللاش ئىختىيارلىقى يوق، دېمەكچى بولىدۇ. الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ گۇمانىنى ئىككى تۈرلۈك ھۆججەت بىلەن رەت قىلدى.

1 ـ الله تائالا بۇرۇنقى مۇشرىكلارنى يامان قىلىقلىرىغا ئاساسەن جازالىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ يامان قىلىقلىرى الله تائالانىڭ خالىشى بىلەن بولغان بولسا ئىدى، الله تائالا ئۇلارنى جازالىمايتتى. مۇشرىكلارنىڭ: "الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇشرىك بولدۇق، دېگەن ئۆزرىسى الله تائالاغا قارىتا توقۇغان يالغان سۆزدۇر، دېگەندىن ئىبارەت.

2 ـ الله تائالا مۇنداق سۆزنى ھېچ بىر پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىمىدى ۋە مۇشرىكلاردىن ئۆز گۇمانىغا ئىلمىي ھۆججەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ: ﴿«سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار﴾ دېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ گۇمانىنىڭ يولسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ :﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»﴾ دېدى. بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئەگەر الله تائالا ئىنسانلارغا تاللاش ئىختىيارلىقى بەرمەستىن ھەممە ئىنسانىنىڭ بىر يولدا مېڭىشىنى خالىغان بولسا ئىدى، بۇ توغرا يول چوقۇم ئىسلام دىنى يولى بولغان بولاتتى. يەنى ئىنسانلار ئىختىيارسىز ھالدا مۇسۇلمان بولاتتى. لېكىن پۈتۈن ئىنسانلار الله تەرەپتىن مۇئەييەن بىر يولدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ بۇ ھەقتە تۇتقان يولى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن، ھەق بىلەن باتىلنى خەلقلەرگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى ئىنسانلارغا قويۇش ۋە ھەر كىم ئۆزى خالىغان يولدا مېڭىشتا ئىختىيارى بولۇشقا قارارلاشتى.

---

[1] سۈرە ئەنئام 148 ــ 149 ـ ئايەتلەر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ـ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (ﷲ نىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[1] ﴿ئېيتقىنكى، (ئى مۇھەممەد!): «ھەق دىن سىلەرنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلدى. ئەمدى ئىختىيار قىلغان كىشى ھەق دىنغا ئەگەشسۇن، ئىختىيار قىلغان كىشى ئىنكار قىلسۇن»﴾ دېدى.

ﷲ تائالانىڭ خالىغىنى خالايىقلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر تەيىنلەش ۋە ئىنسانلارغا بەخت يولىنى تەلىم بېرىش، ئازغۇن يولدىن قورقىتىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىمۇ ۋە ئىنساننىڭ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ مېڭىش ئىختىيارى بارلىقىمۇ قۇرئاندىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. قۇرئان كەرىم كۆپ ئايەتلەردە ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن مەسئۇل ئىكەنلىكىنى، ئىنسان قاخشايدىغان ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىكى بوزۇلۇشلار ۋە تۇرمۇش ھاياتىدىكى يامان، ناچار ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۆزى قىلىپ قويغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ﷲ تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، ﷲ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن، دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[2] يەنە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جىنلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ﷲ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)﴾[3] يەنە ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، ۋە يامان ئىش قىلىدىكەن زەرەرىمۇ ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[4]. مەزكۇر ئايەتلەر ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كۆپچىلىك جامائەتلەرنى ئەۋزەل ھاياتقا ئېلىپ بارىدىغان ئىسلاھات ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشتا بىر تەرەپتىن ﷲ تائالاغا ئىشەنچ قىلىش بىلەن بىللە، ھەر ئىشتا شۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا ئىنسانلارنى چاقىرىدۇ. بۇ توغرىدا ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ﷲ نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ﷲ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ﷲ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)﴾[5] شۇنىڭدەك قايسى مىللەت ئۆزىنىڭ شېرىك ئەقىدىسىنى،

---

[1] سۈرە ئىنسان 3 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رۇم 41 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇرا 30 ـ ئايەت
[4] سۈرە فۇسسىلەت 46 ـ ئايەت
[5] سۈرە رەئد 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەتلەنگەن جىنايەتلىرىنى، ئىختىلاپلىرىنى شەخسىيەتچىلىكلىرىنى، بۇزۇق ئەخلاقلىرىنى، خائىنلىقلىرىنى تۈزەتمىگىچە ئۇ مىللەتنى اللە تائالا خارلىقتىن، ۋەيرانلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. دېمەك، شەخسىي ئىنساننىڭ بەختى ياكى پالاكىتىمۇ ئۆز قىلمىشى بىلەن، بىرەر مىللەتنىڭ بەختى پالاكىتىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز قىلمىشى بىلەن بولىدۇ. اللە تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىك مەخلۇق قىلىپ ياراتقاچقا بىر بۆلۈك ئىختىيارلىقنى ئىنسانغا بەرگەن دېمەكتۇر.

قۇرئاننىڭ يۇقىرىقى ئايەتلىرى ئىنساننىڭ ساۋابقا يا جازاغا تېگىشلىك بولۇشىنىڭ مەنبەسى، ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەر دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام دىنى قەدەرگە ئىشىنىش دىنى، بۇ دىن مۇسۇلمانلارنى دۇنيالىق ھاياتىدا تەرەققىي قىلىشتىن توسىدۇ، دېگەن سۆزى بىلەن ھەرگىز ئۇدۇل كەلمەيدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى يالغان بوھتانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## توغرا يول كۆرسىتىش ۋە يولدىن ئازدۇرۇش توغرىسىدا

توغرا يول كۆرسىتىش ۋە ئازدۇرۇش ئىشى اللە تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. لېكىن ئىسلام مۇقەررەر قىلغان بۇ ئىشنى بەزى كىشىلەر ”ئىنسان مەجبۇرلىنىدۇ“ دېگەنگە ھۆججەت قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. اللە تائالانىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا: ﴿كىمگە ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولسا (ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ)، سەن دوزاختىكى ئادەمنى قۇتقۇزالامسەن؟﴾[1] ۋە ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمنىڭ ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن اللە ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. اللە ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[2] دېگەندەك ئايەتلەرنى دەلىل قىلىشىدۇ.

دېمەك، توغرا يولغا كىرگۈزۈش ۋە يولدىن ئازدۇرۇش اللە تائالانىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، لېكىن، اللە تائالانىڭ بەزى بەندىلەرنى توغرا يولغا كىرگۈزۈشى ۋە بەزى بەندىلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشى سەۋەبىنىڭ شۇ بەندىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بولىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە ئۇچۇق بايان قىلىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اللە زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3]. ﴿اللە ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[4]. ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، اللە ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، اللە پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[5]. ﴿بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى

---

[1] سۈرە زۇمەر 19 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 56 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە سەق 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله مۇشۇنداق پىچەتلىۋېتىدۇ﴾[1]. ﴿الله بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ﴾[2]. ﴿الله زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[3].

دېمەك، الله تائالانىڭ بەزى ئادەملەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۋېتىشى يۇقىرىقىدەك زالىملىق، يالغانچىلىق، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇش، ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇۋېلىش، مۇتەكەببىرلىك، زوراۋانلىق ۋە پاسىقلىقتەك يامان خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر الله تائالانىڭ رەھمىتىگە ۋە توغرا يولغا كىرگۈزۈشكە لايىق بولمايدۇ. ئەمما الله تائالانىڭ توغرا يولغا باشلىشىغا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەر بولسا، تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەردۇر.

الله تائالا سۈرە تەغابۇننىڭ 11 ـ ئايىتىدە: ﴿كىمكى الله غا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت الله نىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ﴾ دېدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(ئىش الله نىڭ ئىلكىدە، مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) الله ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگىن﴾[4].

سۈرە مائىدەنىڭ 16 ـ ئايىتىدە الله تائالا: ﴿الله شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (الله نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ﴾ دېدى.

دېمەك، الله تائالانىڭ بەندىنى ھىدايەت قىلىشى "توغرا يولغا باشلىشىمۇ، شۇ بەندىنىڭ يۇقىرىقىدا دېيىلگەن، الله تەرەپكە قايتىش، الله غا ئىشىنىش، الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشتەك خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىندۇر" دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

## ئىنساننىڭ ئىرادىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە ئىكەنلىكى

ئىسلام دىنى بەندىدە تاللاش ئىختىيارلىقى ۋە كەسىپ قىلىش يولىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن ئىنسانلار، الله تائالا ئىنسانلارنىڭ قىلىشىنى خالىغان ئىشلارنى ئۆز ئىرادىللىرى ۋە ئىختىيارلىقلىرى بىلەن قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر (سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر پەقەت

---

[1] سۈرە غافىر 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە رەئد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسانلار ھەر ئىش قىلسا ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانلارنىڭ الله تائالا خالىغان ئىشنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان يەنە باشقا ئايەتلەرمۇ بار. مەسىلەن سۈرە قەسەسنىڭ 68 ـ ئايىتىدە الله تائالا: ﴿الله (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ. تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴾ دېدى. يەنە سۈرە تەۋبىنىڭ 51 ـ ئايىتىدە الله تائالا: ﴿ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت الله نىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ»﴾ دېدى. يەنە سۈرە ئەنئامنىڭ 17 ۋە 18 ـ ئايەتلىرىدە الله تائالا: ﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر كۆلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى الله دىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ دېدى.

ئەمەلىيەت شۇكى، بۇ ئايەتلەر ۋە بۇنىڭ مەزمۇنىدىكى ئايەتلەر ئىلمىي بىر ھەقىقەتنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ياۋروپانىڭ كۆپلىگەن ئالىم پەيلاسوپلىرى تەكتىلىدى ۋە ئۇنىڭغا "مەجبۇرلۇق يولى" دەپ ئات قويدى. ئۇلار مەجبۇرلۇقنى الله تائالاغا، ئۇنىڭ ئىلمىگە، قۇدرىتىگە يۈكلىمەستىن، ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىگە ۋە ھايات مەجمۇئەسىگە دۆڭگەيدۇ. بۇ ئىلمىي مەجبۇرىيەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىز ئىنسانلار ھاياتىدا تولۇق ئىختىيارلىق يوق. نىسبىي بولغان ناھايىتى ئاددىي ئىختىيارلىق بار. نىسبىي ئىختىيارغا قايىل بولۇش ئەمەلىيەت جەھەتتە، ئىلمىي، پەلسەپىۋي ھەقىقەتكە قايتىشتىن كۆپرەك ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ زۆرۈرىيىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر "ئىنساندا ئىختىيارلىق بار" دېگەنلىك مۇقەررەر بولمىغان بولسا ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنى ۋە قارارلىرىنى ئورۇناشتۇرىدىغان بىر ئاساس تېپىشى ۋە ئۆز ھاياتىنى شۇ قانۇن بىلەن تەرتىپكە سېلىشى مۇمكىن بولمايتتى.

## ئىنساننىڭ رىزقى ۋە ئەجىلى بېكىتىلگەندۇر

قۇرئاندا ئىنساننىڭ ئەجىلى توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر بولسا، تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن ئىبارەتتۇر. ﴿ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق

---

[1] سۈرە تەكۋىر 27 ـ 29 ـ ئايەتكىچە.

قىسقارتالمايدۇ)﴾[1]. ﴿قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾[2]. ﴿ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان﴾[3].

بۇ ئايەتلەر ھاياتنىڭ ئەمەلىيىتىنى ھەقىقىي سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى، ئەجەلنىڭ بېكىتىلگەن ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئالدىمىزدا ھەركۈنى دەلىل بار. بەزى كىشىلەرگە ھېچ كېسەل بولماستىن تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىدۇ. ھەتتا بەزى دوختۇرلار: ”ئىنسان، بەدىنىدە ھاياتى ئاخىرلىشىشىنىڭ مىكروپى بولغان ھالدا تۇغۇلىدۇ“ دەيدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئەجىلى ئالدىن توختام قىلىنىپ بولغاندەك ئۇنىڭ رىزقىمۇ بېكىتىلىنىپ قويۇلغان. بۇ ھەقتە اللە تائالا: ﴿اللە ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزق بېرىدۇ﴾[4] دېدى.

مانا بۇلار قۇرئاننىڭ قازىيى قەدەر، ئىنساندا تاللاش ئىختىيارلىقىنىڭ بارلىقى، ئىنساننىڭ رىزقى ۋە ئەجەلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنلىرىدۇر. ئەمما اللە تائالانىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسى ھەممە مەخلۇقنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بىلەن ئىنساننىڭ تاللاش ئىختىيارلىقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا ئىنساننىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈشتە يۇقىرقىدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇرلاپ سۈرۈشتۈرمەكچى بولغان كىشى قازىيى قەدەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە سىرىنى بىلمەكچى بولغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشى قەدەر ھەققىدە بەك سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەن بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز مۇسۇلمانلارنى قەدەر ھەققىدە ناھايىتى كولاپ سۈرۈشتۈرۈشتىن توسقان ئىشىغا زىت ئىش قىلغان ۋە ئىنساننىڭ ئەقلى يېتىشى ئېھتىمالى بولمىغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولىدۇ.

## قەدەرگە ئىشىنىشنىڭ مەنىۋىي پايدىسى

قەدەرگە ئىشىنىش بولسا قەدەرگە ئەقىدە قىلغۇچىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بىر ئىشىم نەتىجە بەرمىسە يەنە بىر ئىشىم نەتىجە بېرەر دەپ، قەدەرنىڭ سىرلىرىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان ھالدا قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. قەدەردە بېكىتىلگەن ئىش ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. قەدەردە نېمىنىڭ بېكىتىلگىنىگە ئىنساننىڭ قىلغان ئىش ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن ئەمەلىيەتتىن باشقا بىرەر نىشان يوق.

[1] سۈرە ئالى ئىمران 145 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 78 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فاتىر 11 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەدەرنىڭ ئالىي ھېكمەتلىرىدىن بىرسى شۇكى، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا دەرت ـ ئەلەم كەلگەندە بىئاراملىقنى يەڭگىلىتىش ۋە مۇسىبەت كەلگەندە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن الله تائالا ئىنسانلارنى قەدەرگە ئىشىنىشكە چاقىردى. ئىنسانىنىڭ دىلى ئارزۇ قىلغان ئىشىدىن ئۈمۈدسىزلەنگەن ياكى ئارزۇ ـ ئارمانىغا يېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان داۋانلار ئالدىنى توسىۋالغاندا، ئۇ كىشىنىڭ الله تائالاغا بولغان يۆلىنىشى ۋە قەدەرگە بولغان ئىشەنچىسى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىپ تاقالغان ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ. مۈشكۈللىكلەرنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى الله تائالا بۇيرۇغان يەردىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىشكە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلايدۇ.

شۇنىڭدەك ئىنسان ئۆز ئىشىدا نەتىجە قازانغاندا ۋە خۇش قىلارلىق ئىشلارغا تۇيۇقسىز يولۇققاندىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشنى ئۇنۇتمايدۇ ۋە ناھايىتى خوش بولۇپ كېتىپ ئۆز خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. قۇرئان بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش)، شۈبھىسىزكى، الله غا ئاساندۇر. (الله تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە الله بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، الله مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىنسانغا بالا مۇسىبەتلەرنىڭ يېتىشىنى بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، الله تائالانىڭ بىلىشىدە بېكىتىلگەن، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. ئىنسانغا يامانلىق يەتسە ئىچى پۇشۇقى تارتىپ ئۆزىنى يوقاتماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ يامانلىق ئىنسانغا بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ بولغان ئىدى. ئىنسان ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان ئىنسانغا ياخشىلىق كەلسە، بۇ نېمەتمۇ الله تائالانىڭ كىتابىغا بۇرۇن يېزىلىپ بولغان. بۇ ماڭا ھامان كېلەتتى، بۇنى مەن قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دەپ ئويلاپ خوش بولۇپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ۋە نېمىتىگە مەغرۇر بولۇپ شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كېرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم.

قەدەرگە ئەقىدە قىلىشقا يۈرەكلىك، قەھرىمان ۋە سېخى بولۇشقا ئوخشاش ياخشى خۇسۇسىيەتلەر ئەگىشىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ ئەجىلى توختىلىپ بولغان، ئۇنىڭ رىزقىغا الله كېپىلدۇر، ھەممە ئىش الله نىڭ ئىلكىدە، ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، دەپ ئەقىدە قىلغان ئادەم، ئۆزىنىڭ ھەققىنى قوغداشتا ۋە ئۆز مىللىتى ئۆز جامائەسىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتا ئۆلۈمدىن قانداق قورقىدۇ؟ ۋە ھەقنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ۋە الله تائالا بۇيرۇغان بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئۆز ئىقتىسادىنى خەجلەشكە قانداقمۇ پېقىر بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ؟

---

[1] سۈرە ھەدىد 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

## ئىسلامدا مەنىۋى ھايات

بۇ يەردە ئىسلام دۈشمەنلىرى بەزى گۇمانلىرىنى ئوتتۇردا قويماقتا. بەزىسى: ئىسلام ئىنسانىنىڭ روھىي تەرىپىگە ئاز ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىسلام بولسا ماددىي دىنىدۇر، دەيدۇ. بەزىسى: ئىسلامدا روھىي ئەخلاقى تۈزۈمگە قارىغاندا قانۇن ـ تۈزۈملەر كۆپ، دەيدۇ. ئەمەلىيەت بولسا، بۇ ئىككى گۇماندىن بەكرەك خاتا گۇمان يوقتۇر. چۈنكى، ئىسلام ھېچبىر ”دىندا“ تېپىلمايدىغان ۋە ئىنسانلار ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىپ كېتىدىغان ئالىي روھىي پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ توغرىدا تۆۋەندە ئىنسانىنىڭ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى، ئىنسانىنىڭ الله غا باغلىنىشى، ئەخلاق ۋە ئىبادەت توغرىسىدىكى بابلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىنسان روھتىن ھەم ماددىدىن بارلىققا كەلگەن

ئىنسان ئىككى نەرسىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى ھەرىكەتلىنىدىغان ماددا، يەنە بىرى ماددا ئەمەس. ئۇ ماددا بولمىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالامەتلىرى ئىنساندىكى پىكىر قىلىش، ئىرادە قىلىش، ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرۈش، ئېسىل ئەخلاق ياكى ناچار ئەخلاقلارغا ئوخشاش مەنىۋى نەرسىلەردىن ئىبارەت.

ئىنسان بارلىققا كېلىدىغان ئىككى ئاساسنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ قىزىقىدىغان نەرسىلىرى بار. ھەرقايسىسى ئۆز ئارزۇسىنى ھاسىل قىلىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانىنىڭ بەدىنى يېمەك ـ ئىچمەك، جىنسىي ـ ئالاقە ۋە باشقىلارغا قىزىقىدۇ. روھ ئۈچۈنمۇ تەرەققىي قىلىش پەللىلىرى بار. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان ھەسسىلەرنى ئېلىشى مۇمكىن.

روھنىڭ بەدەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار. بۇ مۇناسىۋەت داۋامىدا تۈرلۈك بالالار باردۇر. بەزى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ شەھۋىتىگە قۇل بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىقا خاس دەرىجىدىن ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئىنسانلار پەقەت ھەر تۈرلۈك غىزا، تاماق، ئىچىملىك ۋە باشقا تۈرلۈك شەھۋەتلەرگىلا قىزىقىدۇ. بەلكى بۇلار ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقىل پىكرىنى بىكار قىلىۋېتىش جەھەتتە ھايۋانلاردىنمۇ ئېشىپ كەتكەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان الله تائالاغا ئىشىنىشنى ۋە ئۇنى شەكسىز، ئېنىق تونۇشنى ئاساس قىلغان بىر روھىي پرىنسىپنى ئوتتۇردا قويىدى.

بۇ قانۇن ئىنسانىنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ كېرەكلىك بىر ئەزاسى قىلىدۇ. ئىنساننى كائىناتنىڭ سىرىنى بىلەلمىگەن سەۋەبىدىن قايمۇقتۇرىدىغان روھىي بىئاراملىقلاردىن قۇتقۇزىدۇ. ئاندىن قۇرئان ئىنساننى ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرەش قىلىش، ياخشى ئىش قىلىشقا كۆندۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانلار دوستلۇق قېرىنداشلىق تىنچلىق ئاساسىدا توپلىشىپ جەمئىيەت بولۇپ ياشاشنى قولغان كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر كىشى ئۆز قەلبىنى شەھۋەتىدىن، ھاۋايى ـ ھەۋەسىدىن، بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق قىلىشىدىن ۋە باشقا روھىي كېسەللىكلەردىن تازىلاش ۋە توغرا دۇرۇس بولۇشقا چاقىرىدۇ.

## ئىنسانلار ئالمى روھىي ئىلىم سەۋىيەسىگە موھتاجدۇر

بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيا خەلقى روھىي ئىلىمگە موھتاجدۇر. داۋاملىق ماددىي ئىلگىرىلەش بىلەن كامىللىق مەرتىۋىگە يېتىشنى ئېتىقاد قىلىش تەسىرى ئاستىدا قالغان ماددىي دۇنياغا قارىتا بۇ ئېتىقادنى يېقىنقى 30 يىللىق ھادىسىلەر ئۆزگەرتىۋەتتى.

بۇ زاماندا بىز يەتكەن ماددىي تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنى بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەمەلىي نەتىجىسىنى بېرەلمىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ئورۇشتىن كېيىن چىققان بەختسىزلىكنى ئېلىپ كەلدى. كۈچلۈكلەر كۈچسىزلارنى يېمەكتە. ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ يوقىلىرىگە، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇمۇر تىرناقلىرىنى پاتۇرماقنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ھەر تىپتىكى ئىنسانلار بەزىسى ـ بەزىسىنى يامان كۆرمەكتە. بۇ ئەمەلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى روھىي مەنىۋىيەتتىن خالىي بولغان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندى شائىر تاغۇر روھىي ئېتىبارلارغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ماددىي ئىلىم ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھازىرقى مەدەنىيەتنى تەنقىد قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن بىر قانچە سائەت ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىرىغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازدۇرۇپ قويىدى: ”ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشلەر تەبىئەتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى تۈزىتىدۇ، ياخشىلايدۇ. لېكىن ئىنساننى ئىمتىيازلىق بىر ھايۋان قىلىدۇ، خالاس. ھەر بىر شەخسكە مۇستەقىل بىرلىكتەك روھىي كامىللىق تەرەپكە يول كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە روھىي كامىللىق ماددىي ئىلگىرىلەشكە باغلىق ئەمەس. روھىي كامىللىق ئەبەدىي بىرجەۋھەر بولۇپ، مەيلى بىز ماددىي تەرەققىياتتا كېيىن قالغان بولايلى، مەيلى ئىلگىرىلىگەن بولايلى بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا ئورناشقاندۇر. كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە شۇ ئەبەدىي جەۋھەرنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ بىزدىكى ئەمەلىي ئىپادىلىرىنى ۋە بىز بىلەن باشقىلار ئارىسىدا شېرىك بولغان كۈچلىرىنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم. بۇ كۈچلەرنى قانچىلىك ھېس قىلساق كامىللىققا يۈزلىنىشىمىزمۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە ھاسىل بولىدۇ. بىزدىن بۇرۇنمۇ كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلگەن ۋە روھىي كامىللىقنىڭ جانلىق نەمۇنىلىرى بولۇشقان ئىدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدەك مەدەنىيىتىمۇ، بىزنىڭ ئىلمىمىزدەك ئىلمىمۇ ۋە بىزنىڭ تەرەققىياتىمىزدەك تەرەققىياتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار مۇلاھىزە، تەربىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەبەدىي قۇۋۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، گۈللىتىپ ئەڭ بەرىكەتلىك نەتىجىلەر قازانغان ئىدى. لېكىن شۇ ئەبەدىي قۇۋۋەتلەر نېمە؟ بۇلار بولسا، خەلقلەرگە ياخشىلىق قىلىش، مۇھەببەتلىك بولۇش، ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا كۆرۈش، دىن، مىللەت ۋە ئۇلۇغ غايىلەر ئۈچۈن جاننى تىكمەك قاتارلىقلاردۇر. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە دىلىمىزغا تىنچ ئامانلىق ئورناشتۇرۇش، ئۆز ئارىمىزدا ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا ئادالەت ۋە قېرىنداشلىق ئورنىتىش ئۈچۈن قانۇن تۈزۈملەرگە موھتاج ئەمەسمىز. مېنىڭ

ئەجەپلىنىدىغىنىم، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە تەرەققىياتىمىز قانۇن ئىنتىزاملارنى تۈزۈشكە يۈلىنىدۇ. بۇ ئىسلاھنى، ئاشۇ روھىي كۈچلەر تەربىيگە چاقىرىدىغان بىرەر مەزھەب ياكى ئەقىدىگە يان باسمىغان قىزغىن بىر چاقىرىق بىلەن بىرلەشتۈرمەيدۇ. تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن روھىي قۇۋۋەتلەر بىلەن ماددىي مەدەنىيەت خۇددى بىر نەرسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەبەدىي شېرىكلەشكەن ئاساسىي ماددىيلار ئورنىدا بولۇپ بۇ ئىككىسىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، گاز، توكلاردىن پايدىلانغىنىمىزدەك پايدىلىنىشىمىز لازىم. مېنىڭچە ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپلەردە ئېلېكترنىڭ پايدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك بولۇشىنىڭ پايدىلىرىنى چۈشەندۈرۈلۈشى لازىم. كۆمۈرنىڭ، تۆمۈرنىڭ پايدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە قوشۇپ ياخشىلىق ۋە رەھىم شەپقەتلىك بولۇشنىڭ پايدىلىرىنى ئۆگۈتۈش لازىم. يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانلىرىغا مائارىپنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ بۇ ئەبەدىي بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق ھېسسىياتىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى باللارنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ھازىرقى مائارىپلار تەلەپ قىلغان غەرەزنىڭ ئەكسى نەتىجە بېرىپ، ئىنسانلاردا ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق قىلىش ھېسسىياتى يوقىلىپ، ئىنسانىيەتنى بۇزۇنقى ۋەھشىيلىككە ياندۇرىدۇ».

مەشھۇر ئالىم «ئاندىروكونۋاي ئىپى» نىڭ كۆز قارىشىمۇ مۇشۇنداق. ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانىنىڭ تىنچ ئامانلىقى ۋە راھەت پاراغىتى ئۈچۈن ئىنسان ھاياتىنىڭ روھىي تەربىيگە، ئەخلاقىي تەربىيگە ۋە باشقا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. بۇلارغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنسانىيەتتىن باشقا بولغان تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇش ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇرىدۇ. بىزنىڭ فىزىكا بىلىملىرىنى ئەتراپلىق بىلىشىمىز بىز ياشىغان ئالەمنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ھايات ۋاستىلىرىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىشىمىزغا، تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىشقا ۋە ھايات بىلەن پايدىلىنىش ۋاستىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. دەرت ـ ئەلەملەرنى ئازايتىپ، ھاياتنى ئۇزارتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ مۇشكۈللۈك ئەخلاق جەھەتتىكى ۋە دىن جەھەتتىكى مۇشكۈللۈك ھېسابلىنىدۇ. ھازىر دۇنيادا ئەڭ چوڭ مەسىلە، قانداق قىلىپ ئاتوم قۇۋۋىتىنى دۇنيا ئەللىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە، راھەت ـ پاراغىتىگە خىزمەتكە سېلىش يولىنى تونۇش مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش پەقەت دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپتىن قوراللىنىشقا باغلىق. ئىنسانلار ۋە جەمئىيەتلەر دۈچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ئەخلاق قىيىنچىلىقىدۇر. بۇ ھەقتە قانداق توغرا قارارلارنى ئىشقا سېلىشنى تونۇشىمىز كېرەك».

## ئەخلاقىي تەرەپتىن قوراللىنىش

بۇ مەقسەت ئۈچۈن سۈۋەيسىرادا ۋە باشقا مەملىكەتلەردە بۈگۈن بەزى جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىرسى فىرانك بوكمان دېگەن دوكتور قۇرغان ”ئەخلاقىي قوراللىنىش جەمئىيىتى“ دۇر. بۇ كىشى جەمئىيەت قۇرۇش بىلەن شەخسلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغاندۇر. بۇنىڭ يولى بولسا، ھەر بىر كىشى ئۆزىنى ئەخلاق بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن بىر بۈلۈك پرىنسىپلارنى قوللىنىپ سەل قارىماستىن ئۆزىنى شۇ پرىنسىپلارغا بويسۇندۇرۇش كېرەك. پرىنسىپلارنىڭ بىرى الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىش بىلەن الله تائالاغا يۈزلىنىش ۋە قانداق ۋاقىتتا گۇناھ سادىر قىلىپ سالسا، ئۆزىدىن قاتتىق ھېساب ئېلىپ پەسكەشلىكلەردىن ساقلىنىشقا قەتئىي ئىرادە باغلاش ۋە جەمئىيەتتە غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن شەخسلەر بۇ پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشتىن ئىبارەتتۇر. بۆلۈنۈپ كېتىش بۇ زامانىمىزنىڭ ئالامىتىدۇر. بىرلىشىش بولسا دەل بىزنىڭ تەلپىمىزدۇر.

بۆلۈنۈش تەكەببۇرلۇقنىڭ، ئاداۋەتنىڭ، شەھۋەت پەرەسلىكنىڭ ۋە تەمەخورلۇقنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇلار ماددىغا بېرىلىپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان ئىشتۇر. ماددىچىلىقنىڭ ئاشكارە خۇسۇسىيىتى بۇدۇر. قۇرئان كەرىم پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئۆز ئارا تىنچلىق، ئامانلىق ۋە قېرىنداشلىق ئورنىتىشقا كېپىللىك قىلىدىغان روھىي ئاساسلارنى ئېلىپ كەلدى. ئېچىنىمىزكى، بۇ ئاساسلاردىن ھازىرقى بىئارام ئالىمىمىزدە ئىنسانلار ئارىسىدا مۇھەببەت ۋە تىنچلىق ئورنۇتۇشنىڭ ۋاستىلىرىنى تەكشۈرۈپ يۈرىدىغان ئىنسانىيەت ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەملەردىن ۋە ئومۇم خەلقلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەرسىز قالماقتا. ئىسلام دىنىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولۇشىغا دەلىل ئىسپات كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماۋزۇلارنى يېزىشقا بىزنى تەكلىپ قىلغان سەۋەب بولسا، بۇدۇر.

## كۆپىنچە دىنلاردىكى مەنىۋىي نىزام

ئىسلامدىكى مەنىۋىي نىزام دېگەن نېمە؟ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن دەسلەپ ئىسلامدىكى روھىي ئىنتىزامنىڭ مەزمۇنى بىلەن باشقا دىنلاردىكى ۋە باشقا پەلسەپەۋىي ئىنتىزاملارنىڭ مەزمۇنلىرى ئارىسىدىكى پەرقتىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم.

دىنلار ۋە پەلسەپىلەر مەيداندا ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان پىكىر، روھ بىلەن بەدەن ئۆز مەنپەئەتلىرىدە بىر ـ بىرىگە قارشىدۇر. شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە تەرەققىي قىلىشى، گۈللەپ ياشنىشى مۇمكىن ئەمەس. بەدەن ۋە ماددىي ئالەم بولسا روھنىڭ تۈرمىسىدۇر. دۇنيالىق ئالاقەلەر، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە چۆكۈپ قىزىقىپ كېتىشلەر بولسا، ئىنسانلىق روھىنى ئىسكەنجىگە ئالىدىغان نەرسىلەردۇر، دېگەن پىكىردىن ئىبارەت.

بۇ پىكىرنىڭ نەتىجىسى روھىي يوللار بىلەن ماددىي يوللارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىنى ئەلا كۆرگەنلەر دەسلەپ قەدەمدە روھ بىلەن بىللە مېڭىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ پۈتۈنلەي ماددىغا قۇل بولۇشقا چۆكۈپ كەتتى ۋە روھىي تەرەپتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتى. روھىي تەرەپنى ئەلا كۆرگەنلەر ئۆزىنىڭ روھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى دۇنيالىق ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدىغان يول ۋە چارىلەر ئىزدىدى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا روھنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنيا ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى ئارىسىدىن ئۆتىدىغان بىر يولنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ روھنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەدەننىڭ مەنپەئەتىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلغانلىقىنى، ھىندىستان ۋە باشقا يەرلەردىكى بۇددا ۋە بەرەھمەنلاردەك كۆڭۈلنىڭ رىغبىتىنى ئۆلتۈرىدىغان جاپالىق بەدەن چېنىقتۇرۇشلارنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلاردىن ئىچىدە يېمەك ئىچمەكنى ئازايتىپ، ئورۇقلاپ چوڭ ھەيكەلدەك قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بار. بەزىلەر بۇنىڭ ئۈستىگە بەدەنلىرىنى ئېغىر تۆمۈر زەنجىرلاردە باغلاپ ئۆزلىرىنى ئازابلىغان. ھەتتا ئولتۇرسا ۋە ئۇخلىسا مىختەك چىشلىق تاختاي ئۈستىدە بولىدىغان گۇرۇھلارمۇ بولغان.

خرىستىئان دىنىغا نەزەر سالساق ، بىزبۇ دىنىنىڭ دۇنيالىقدىن كۆڭۈل سوۋۇتۇش، دۇنيالىق ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەردىن قول ئۈزۈش، بەدەنگە كۆڭۈل بەرمەي پەقەت روھقىلا ئەھمىيەت بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

# ئونبىرىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ئىنساننىڭ دۇنيا بىلەن مۇناسىۋىتى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: روھ بىلەن تەننىڭ تەلەپلىرىگە ئوخشاش قاراشنىڭ لازىملىقى، ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل كۆرۈش كېرەكلىكى، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشلار، دۇنيانىڭ ئىنسان ئۈچۈن سىناق ئىكەنلىكى، راھەت پەرەسلىكنى تەنقىد قىلىشلار، قۇرئاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يامانلىقلارنى ئازايتىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

## روھ بىلەن تەننىڭ تەلەپلىرىگە ئوخشاش قاراش

ئىسلام روھ بىلەن تەننىڭ تەلەپلىرىگە قارىتا ئوتتۇرھال ۋە ئادىل يول تۇتۇش بىلەن باشقا دىنلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. دېمەك، مۇسۇلمان ماددىي مەنپەئەتلەردىن ۋە تەننىڭ لەززەتلىرىدىن ئىسلام شەرىئەتى كۆرسەتكەن نورمال ئۆلچەم بويىچە پايدىلىنىدىغان بولسا، ئىسلام دىنى ئۇ مۇسۇلماننى ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆزىگە ھارام قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ. ھەتتا بىز قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىنىڭ روھ بىلەن ماددىنى بىللە تەلەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: سۈرە قەسەسنىڭ 77 ـ ئايىتىدە اللہ تائالا: ﴿اللہ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، اللہ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللہ نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن »﴾ دەپ دېدى.

ئىسلام دىنىغا ئەگەشكۈچىلەرگە، ئىسلام ھەر تۈرلۈك زىننەت بىلەن جابدۇنۇشقا ۋە كۆڭۈل تارتىدىغان ھالال نەرسىلەردىن ئوتتۇراھال پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلدى. اللہ تائالا سۈرە ئەئرافنىڭ 31 ۋە 32 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدائەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللہ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، « اللہ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان كىيىملەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ » ئېيتقىنكى، « ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر ». (اللہ نىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴾ دېدى.

اللہ تائالا مۆمىنلەرگە دۇنيانىڭ ھەم ئاخىرەتنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنى بىردەك بېرىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشنى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللہ نى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد

ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار. بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر. بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ. ئەنە شۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مول مېۋىسىنى كۆرىدۇ. اللہ نىڭ ھېساب ئېلىشى تېزدۇر (يەنى شۇنچە كۆپ خالايىقتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھېساب ئېلىپ بولىدۇ)﴾[1].

يەنە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! اللہ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار. (اللہ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، اللہ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. اللہ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال ، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان اللہ غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[2].

بۇ ئايەتتە كىشىنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدىغىنى شۇكى، اللہ تائالا ھالال قىلغان نەرسىدىن ئۆزىنى چەكلەشنى تاجاۋۇزچىلىق، يەنى روھىي تەبىئەت بىلەن ماددىي تەبىئەت ئارىسىدىكى ئادىل يولدىن چىقىپ كەتكەنلىك دەپ ئاتىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ جىسمانىي مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ اللہ تائالانىڭ زېمىننى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىگەنلىكىدىن كۆرۈۋالايمىز. اللہ تائالا بەندىلىرىگە نېمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى﴾[3] يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللہ نىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار﴾[4].

بۇ ئىككى ئايەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئالەمگە ئۆز كۈچىنى قانداق يۈرگۈزۈدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ پەلسەپىۋىي مۆجىزىلىرىدىن ئىبارەت مۇنداق سۆزنى 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ھېچكىم ئىلمىي تەرەپتىن سۆزلەپ باقمىغان، ئۇ زامانلاردا بۇ ئالەمنىڭ سىرى ئوقۇمسىز، قارارسىز بىر نەرسە ھېسابلىناتتى. بۈگۈن ئىنسانلار، ئالەمنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە بويسۇندۇرۇۋاندىن كېيىن ئېيتالايمىزكى، ئىسلام بۇ ئەمەلىيەتنى ئۇنىڭ ئالامىتى كۆرۈنۈشىدىن بۇرۇن ئېچىپ چىققان. زېمىندا ئىنسانلار ئۈچۈن مۇنداق پايدىلىق

---

[1] سۈرە بەقەرە 200 ــ 202 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مائىدە 87 ــ 88 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە بەقەرە 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە جاسىيە 13 ـ ئايەت.

نەرسىلەر بارلىقىغا ھېچكىم قايىللىق ھاسىل قىلىشتىن بۇرۇن ئىسلام بۇنى ئوتتۇرغا قويغان.

بۇ توغرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىسلامدا راھىبلىق يوق» دېگەن ئىدى. چۈنكى، راھىبلىق اللە تائالانىڭ كېرەكلىك بەندىلىرىنى پەقەت ئاخىرەتتە قۇتۇلۇشتىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ئىبادەتخانىلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ۋە ھوقۇق ھاكىمىيەتلىرىنى جاھانى بوزۇشتىن باشقا مەقسىتى يوق ئادەملەرگە تاشلاپ بېرىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئەمما ھازىر خرىستىئانلاردا بار بولغان راھىبلىق توغرىسىدا، اللە تائالا قۇرئاننىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رەھبانىيەتنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق، ئۇلاردىن نۇرغۇنى اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: راھىبلىقنى خرىستىئانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغاندىن كېيىن اللە ئۇلارنى ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى، ئىنسان بىر ئىشنى ئۆزىگە نەزىر قىلىپ ئۆز ئۈستىگە ئارتىۋالسا، اللە ئۇنى ئادا قىلىشنى ئۇنىڭغا ۋاجىپ قىلىدۇ. اللە تائالا ئۇلارغا راھىبلىقنى اللە رازىلىقىنى تېپىۋالسۇن ئۈچۈن ۋاجىپ قىلغان ئىدى. راھىبلىقنىڭ لوغەت مەنىسى اللە تائالادىن قورقۇش، دېمەكتۇر. اللە تائالادىن قورقۇش تەرغىب قىلىنىدىغان ئىشتۇر. لېكىن بەزى راھىبلار بۇنى بۇزدى ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا رىئايە قىلمىدى. ئەمما اللە تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغانلىقىدىن راھىب بولغانلارغا اللە ئالدىدا ئەجرى بار.

راھىبلىقنى بۇزۇپ لايىقىدا رىيائە قىلمىغانلار اللە تائالاغا بويسۇنۇشتىن چىقىپ كەتكەنلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇكى، ئىسلامنىڭ روھ بىلەن ماددىغا ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىش يولى ئىنساننىڭ خوي مىجەزى قوبۇل قىلىدىغان يولدۇر. اللە تائالا ئىنساننىڭ شەھۋەتلىرىنى ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلىرىنى بىكارغا ياراتمىغان ياكى ئۇنى روھىي چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق يوقىتىشى ئۈچۈن ياراتمىغان. لېكىن ئىنساننى مەزكۇر شەھۋەتلەر، قۇۋۋەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئالىي ئۆرنەك بولۇشقا كۈچى يەتسۇن ئۈچۈن تۇرلۇك تەبىئەتلەردىن تەركىبلەندۈرۈپ مۇشۇ سۈرەتتە ياراتقان.

بىر تەرەپلىمىلىك روھانىيلىق بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق ماددىيچىلىق ئارىسىنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇش ھالىتى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ تەلىپىدۇر. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىسلام دىنىدىن باشقا بۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر دىن تېپىلمايدۇ.

---

[1] سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل كۆرۈش

ئىسلامنىڭ روھ بىلەن تەن ئارىسىدا ئوتتۇرھال يول تۇتۇشقا بۇيرۇشى، بۇ ئىككىسى دەرىجىدە ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن الله تائالانىڭ ھېكمىتى ئىسلامنىڭ، ئىلىم ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق بىر دىن بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئىلىمنىڭ ئىسپاتلىشىچە ساق ـ سالامەت بولغان ئەقىل پەقەت ساغلام بەدەندە بولىدۇ. بەدەن ئۆز ئېھتىياجىنى ھەل قىلمىغۇچە روھىي ئۈستۈنلۈك ھاسىل بولمايدۇ. لېكىن ئورتۇھال دائىرە ئىچىدە ھەل قىلىش لازىم. بۇنىڭغا قارىماي قۇرئان ئاخىرەت ھاياتىنىڭ دۇنيا ھاياتىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ يۈزلىنىشى لازىم بولغان غايە ۋە نىشانىنىڭ روھىي كامىللىق ئىكەنلىكىنى مۇقەررەر قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا ياخشى ئىشلارنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىرەتكە تەييارلىق كۆرمەي دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴾[1].

الله تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل!﴾[2].

قۇرئاندا بىر قانچە يەردە دۇنيادىن ئاخىرەتنىڭ ئەۋزەللىكى كۆرسىتىلدى. مەسىلەن: الله تائالا سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ 64 ـ ئايىتىدە: ﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر، شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقى ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)﴾ دېدى.

يەنە الله تائالا: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ﴾[3] دېدى. يەنە الله تائالا: ﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[4] دېدى.

ئاخىرەت ھاياتى دۇنيا ھاياتىدىن ئەۋزەل دەپ ئەقىدە قىلىش، بۇ دۇنيانىڭ بالا مۇسىبەتلىرى يېتىپ ئازابلانغان كىشىنىڭ يۈرىكىگە تەسەللى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئەقىدە

---

[1] سۈرە ھۇد 15 ــ 16 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نەھل 30 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنفال 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئلا 16 ــ 17 ـ ئايەتلەر.

مۆمىنلەرگە روھىي كۈچىنى زىيادە قىلىش بىلەن ئۇلارنى دۇنيادا ئارزۇسىغا يېتەلمەسلىكتەك، ھەرىكەت ـ سەۋەبلىرى نەتىجىسىز بولۇشتەك ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

## دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە ئالدىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

قۇرئان كەرىم دونيانى چۈشەندۈردى. تەنقىد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قېلىشتىن توستى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ ـ زىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) اللّٰه نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئويۇن ـ تاماشا، ئادەمنى بىكارچى قىلىدىغان نەرسە ۋە زىبۇ ـ زىنەت پەخرى قىلىش، پۇل ـ ئىقتىساد ۋە بالا ـ چاقا كۆپەيتىپ ھاكاۋۇرلىشىشتىن ئىبارەت، دەپ چۈشەندۈرىشىنىڭ سەۋەبى، بىز ئىنسانلار خوش بولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيا مەنپەئەتى ھەقىقەتەن تېز يوقىلىدىغان مەنپەئەت بولۇپ، بىر قېتىملىق يامغۇردا ئۈنگەن زىرائەت دېھقاننى خوش قىلىپ ئارقىدىنلا قۇرۇپ كەتكەندەك ئادەم ئالدايدىغان نەرسىدۇر، دەپ بايان قىلىشتۇر.

قۇرئان كەرىم دۇنيا ھاياتىنى تەسۋىرلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ ـ تەرەپكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر﴾[2] اللّٰه تائالا بۇ دۇنيانىڭ گۈزەل ئاۋات بولۇپلا ئارقىسىدىن يوقىلىشىنى ياپ ـ يېشىل بولۇق ئۆسۈپ بولۇپلا قۇرۇپ غازاڭ بولۇپ شامال ئۇچۇرۇپ تۈگىتىۋەتكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ دۇنيانىڭ تېز يوقىلىدىغان زىننىتىدىن ئىبارەت بالا ـ چاقا، پۇل

[1] سۈرە ھەدىد 20 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 45 ــ 46 ـ ئايەتلەر.

ـ ماللىرىغا ئالدىنىشى توغرا ئەمەس. كېرەكلىك ۋە ساۋابلىق ياخشى ئىشلار الله ئالدىدا ياخشىدۇر. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار تولۇق ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

الله تائالا بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[1].

## بۇ دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن سىناق ئورنىدۇر

قۇرئان كەرىم بۇ دۇنيانى ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق ئورنى ۋە ئاخىرەت ھاياتىدا بەختكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ بايان قىلدى. دۇنيا ھاياتىنىڭ تارماقلىرى بولغان ئۆي، بازار، زاۋۇت، دۇكان ۋە مېھمانخانا قاتارلىقلار خەلقلەرنى سىناش ئۈچۈن ئوخشاشمىغان تەجرىبىلەردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، الله (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[2].

ئايەتنىڭ مەنىسى: خەلقلەر بىز سىناقتىن ئۆتمىسەكمۇ، راست مۆمىن ئىكەنلىكىمىز ياكى يالغان مۆمىن ئىكەنلىكىمىز ئاشكارىلانمىسىمۇ ھەق دىنىنىڭ جامائەسىدىن ھېسابلىنىشىمىز ئۈچۈن ئاغزىمىزدا ئىسلام دىنىغا ئىشەندۇق، بىز مۇسۇلمان دېسەك بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلامدۇ؟ ھالبۇكى الله تائالا بۇرۇنقى ئۈممەتلەردىن راستچىللار بىلەن يالغانچىلارنى ئايرىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە ۋە بالايى ئاپەتلەرگە ئۇچرىتىپ سىنىغان ئىدى، دېمەكتۇر.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله تائالا غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ”مەن مۇسۇلمان“ دەپ قويۇشقا باغلىق ئەمەس. بەلكى، ”مەن مۇسۇلمان“ دېگەن ئادەمدە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئەڭ چاپالىق، تارچولوق شارائىتتىمۇ، كەڭچىلىك، راھەت ـ پاراغەتلىك شارائىتتىمۇ ئاشكارە كۆرۈنىشى لازىم.

ئىنسانغا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ كېلىشى ئىماننىڭ جەۋھىرىنىڭ نىشانىسىدۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[3].

---

[1] سۈرە فاتىر 5 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت.

يەنە الله تائالا: ﴿سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بىرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەللىرىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)﴾[1] دەيدۇ. الله تائالا يەنە بىر يەردە: ﴿(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى. الله غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[2] دېدى.

دۇنيا ھاياتى مۇشۇنداق (ئىمتىھان ئالىمى دەپ) قاراش ھەر شەخسنىڭ ئەدەب قائىدىلىرىدە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ھەم نەپسىي بېرىلىپ كەتكەن يامان ئىشلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ قاراش بەزى دىنلارنىڭ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە الله تائالا سىلەرگە يان باسىدۇ. سىلەر نەپسىڭلار بىلەن كۈرەش قىلمىساڭلارمۇ (ھەر قانداق جىنايەت قىلساڭلارمۇ) ئەپۇ قىلىدۇ، دېگەن قاراشلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

## راھەت پەرەسلىككە تەنقىد

روھىي پرىنسىپلار بەدەننىڭ تەلەپ ئارزۇلىرى ۋە لەززەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇنداق پەيداكارلىق قىلىش راھەت پەرەس ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. راھەت پەرەسلىك كىشىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئۆز راھىتىدە داۋام قىلىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ كېرەككە كېلىدىغان ئىلىم ئۆگىنىشلەردىن ئىبارەت يېڭى تەرەپلەرگە قاراپ باقمايدۇ. مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئىلگىرىلەشكە ۋە گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارغا نەزەر سالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا قۇرئاندا راھەت پەرەس ۋە ئىسراپخورلارنى ئىسلاھنىڭ (تۈزۈش، ياخشىلاشنىڭ) دۈشمەنلىرى، ئۇلار ھەر زامان ھەقنىڭ ئالدىنى توسىدىغان قارشى كۈچ، شۇڭا ئۇلار الله تائالا جاھانى تۈزۈش ئۈچۈن تەيىنلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ تونۇتتى.

بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ»﴾[3].

الله تائالا ئۇلارنى كاللىسى قېتىپ قالغان، ھەم ئاتا ـ بوۋىلىرىغا دەلىلسىز ئەگەشكەن، شۇڭا ھېچ قانداق يېڭى ئىسلاھ قىلىش چاقىرىقىغا قاراپمۇ باقمايدىغان ئادەملەر، دەپ بايان

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇلك 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە سەبەئ 34 ـــ 35 ـ ئايەتلەر.

قىلىپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى. (ھەر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا ـ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى﴾[1].

تۇرمۇشى راھەتتە بولغانلار گۇناھ ئىشلارنىڭ چوڭقۇرىغا چۈشۈپ كېتىشكە ھەممە ئادەمدىن بەكرەك يېقىن كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ دۇنيادا ھايات تۇرۇشىدىكى نىشان ۋە مەقسىتى قورساق تويغۇزۇش، شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇش ۋە يانچۇقىنى توملاشتىنلا ئىبارەتتۇر.

فىرانسىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ”مونتەسكىيو“ نىڭ قارىشىچە، راھەت پەرەسلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر ئىككى تۈرلۈكىنى بۇزۇشقا سەۋەبتۇر. دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدە راھەت پەرەسلىك خەلقلەرنى ۋەتەن سۆيۈشتىن يۈز ئۆرىتىدۇ. ئەگەر ئاۋرۇستىقراتىيە جۇمھۇرىيىتىدە (بىرلا پادىشاھ ياكى ھۆكۈمرانغا بويسۇنۇش تۈزۈمىدىكى دۆلەتتە) بولسا، ئېسىل ۋە ئىناۋەتلىك ئادەملەرنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي تەمەلىرى ئارقىسىدىن ماڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا بالايى ئاپەت ھەممىگە ئورتاق كېلىدۇ، دېدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ قارىشىدا، راھەت پەرەسلىك پۈتۈن ئۈممەتنى ھالاك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇزۇق ۋە راھەت خومار تەبىقىلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ نورمال بولغان چېگراسىدا توختاشقا مەجبۇر قىلىش لازىم. چۈنكى، ھالاكەت كەلسە يالغۇز راھەت پەرەسلەرگىلا كەلمەستىن، بەلكى ئۇلارغا يول قويغان پۈتۈن كۆپچىلىككە تەڭ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى)نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴾[2].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىرەر يۇرت خەلقىدە جىنايەتلەر ئاشكارىلىنىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن يۇرت خەلقىنى يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، مۇنقەرىز قىلىشنى ئىرادە قىلساق، دەرھال يوقىتىش جازاسى بەرمەي تۇرۇپ، شۇ يۇرتنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرىنى بىزگە ئىتائەت قىلىپ، شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇيمىز. قاچان ئۇلار بىزگە بوي سۇنۇشتىن باش تارتىپ جىنايەت ۋە قەبىھ قىلىقلارنى قىلسا، ئۇ يۇرت خەلقىنىڭ ھەممىسى ئازابقا لايىق بولىدۇ، دېمەكتۇر.

---

[1] سۈرە زۇخرۇف 23 ـــ 24 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىسرا 16 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك ھەر قانداق مىللەت ئىچىدە راھەتكە بېرىلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى شۇ مىللەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يوقسۇل بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مىللەتنىڭ يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشى ئېھتىياجىغا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ قىسىلىشىپ قىممەت بولۇپ كېتىشى مىللەت ئىچىدىكى راھەت پەرەس بايلارنىڭ بۇزۇپ چېچىشى تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇ ئەھۋال كەمبەغەللەر بىلەن راھەتكە بېرىلگەن بايلار ئارىسىدا ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ ئاخىر پۈتۈن جەمئىيەتنى خاراب قىلىدىغان كۆرەشلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا الله تائالا كۆپچىلىككە زىيان كەلتۈرگەن راھەت پەرەسلەرنى، زالىملار ۋە جىنايەتچىلەر، دەپ تونۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر﴾[1].

## قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرى بايلىقنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ئازايتىدۇ

زامانىمىزدا پۇل - مال كۆپەيتىش كۈرىشى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ خەلقلەرنى ياراتقان ئىگىسىدىنمۇ، ئەخلاق ۋە پەزىلەتتىنمۇ يۈز ئۆرۈتتى. ئاخىرى بۈگۈن دۇنيا ئەللىرى زارلىنىۋاتقان خەتەرلىك مۇشكۈل ئەھۋاللارنىڭ كۆپىنچىسىنى قوزغاشقا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم پۇل مالنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئازايتىشقا ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلىشقا، خەلقلەرنى پۇل مالغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ كېتىشتىن قورقىتىشقا يۈزلىنىپ، پۇل - مالنىڭ ئۇلارنى دىندىن ۋاز كەچتۈرۈپ الله تائالادىن يۈز ئۆرۈتۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى توستى.

الله تائالا مۆمىنلارنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا - سېتىق ئۇلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقىدۇ﴾[2].

الله تائالانىڭ رازى بولۇشى ۋە رەھىم قىلىشى مۆمىنلار ئۈچۈن پۇل - مال توپلىغاندىن ياخشى ئىكەنلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇپ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل - ماللىرى) دىن ياخشىدۇر﴾[3] ئاندىن كېيىن قۇرئان پۇل - مالنىڭ تېگى ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان يامان نەتىجىلەرنى تۆۋەندە بىر قانچە مەزمۇندا كۆرسىتىدۇ.

---

(1) سۈرە ھۇد 116 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە نۇر 37 - ئايەت.
(3) سۈرە زۇخرۇف 32 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## بايلىقنىڭ بېرىلىشى ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەستۇر

قۇرئان پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بېرىلىشىنىڭ الله نىڭ رازىلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسىگە ئىشىنىش بىلەن ئىسلام بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە ئىشلەشنىڭلا بەندىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇردىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ». ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ﴾[1].

## پۇل ـ مال ئىمتىھاندۇر ۋە تېز يوقىلىدىغان مەنپەئەتتۇر

پۇل ـ مال ئىنسانغا دۇنيا ھاياتىدا سىناق ئۈچۈن بېرىلىدۇ. پۇل ـ مال ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ۋاستىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان پۇل ـ مېلىنى الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى يوللارغا خەجلىشى كېرەك. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار﴾[2] دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم پۇل ـ مالنىڭ بۇ دۇنيانىڭ بەزى مەنپەئەتلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ دۇنيا يوقىلىش بىلەن تەڭ پۇل ـ مالنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقىنى، ھەق بىلەن ياخشىلىقنىڭ يوقالمايدىغانلىقىنى، ھەق يولدا ماڭغان ۋە ياخشى ئىشنى قىلىشنى چىڭ تۇتقانلارغا الله تائالا ئاخىرەتتە ناھايىتى ياخشى ئەجرى ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۆمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك). (ئى مۇھەممەد!قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇ زىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ،

---

[1] سۈرە سەبەئ 35 ـ 37 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەنفال 28 ـ ئايەت.

(ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار. (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە اللّٰه نىڭ رەزاسى بار». اللّٰه بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## ئىنساننىڭ پۇل ـ مال سەۋەبى بىلەن ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تەنقىد قىلىش

قۇرئان كەرىمدە اللّٰه تائالا ئىنسان نەپسى كۈچلۈك ھېس قىلىنغاندا ۋە بايلىققا ئىگە بولغان چاغدا شەرىئەت كۆرسەتمىسى دائىرىسىدىن چىقىپ يولدىن ئازدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (اللّٰه غا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ. (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن)﴾[2].

يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن بىھاجەت بولغىنىنى كۆرسە، ئەقلىدىن ئېزىپ ئادالەت يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق نەپسىلەرنى ئاسىيلىقىدىن ياندۇرۇپ زوراۋانلىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھامان ئاجىزلىقىنى ئەسلىتىپ نەسىھەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىنىڭ خام ـ خىيال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە باشلاپ ”سەن پەرۋەردىگارىڭ قېشىغا قايتىپ بارسەن“ دېدى.

رىزىقنىڭ كەڭرىلىكى ئىنسانلارنى كىشىگە ناھەق مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارغا ھالىغا لايىق ئۆزى خالىغان بويىچە رىزىق بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر اللّٰه بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى. لېكىن اللّٰه خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، اللّٰه ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر، (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

## بايلىق سەۋەبى بىلەن خوش بولۇپ ھاكاۋۇرلۇششتىن توسۇش توغرىسىدا

قۇرئان كەرىم ئىنساننى نېمەت ۋە ياخشىلىقلار كەلگەندە نېمەتنى كۆزىگە ئىلمايدىغان مۇتەكەببىرلىشىش دەرىجىسىدە خوش بولۇپ كېتىشىدىن توستى. ئۇنىڭ ئورنىغا نېمەتنى قەدىرلەپ، اللّٰه تائالادىن خوش بولۇشقا چاقىردى. چۈنكى كېرىلىپ كېتىش دەرىجىسىدىكى خوشلۇق پېقىرلارغا دىل ئازار بېرىدۇ. ئىنساننى پۇل ـ مال بىلەن قەبىھ ئىشلارنى قىلىشقا ۋە زامانىنىڭ ھادىسىلىرىدىن ئېھتىيات قىلماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىنى خېلى

---

(1) سۈرە ئال ئىمران 14 ــ 15 ـ ئايەتلەر.
(2) سۈرە ئەلەق 6 ـ 7 ـ ئايەتلەر.
(3) سۈرە شۇرا 27 ـ ئايەت.

كاتتىلاردىن ساناپ ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مۇنداق خوشلۇق الله تائالاغا ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. ﴿الله ھەقىقەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا پۇل ـ مالغا ۋە دۇنيانىڭ تېز يوقىلىدىغان نازۇ ـ نېمەتلىرىگە خوش بولۇپ كەتمەسلىك لازىم. لېكىن ئىنساننىڭ بۇنىڭدىن ئۈستۈنرەك بىر غايىسى بولۇشى لازىم. ئۇ بولسا الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئىلتىپاتىغا خوش بولۇشتۇر. قۇرئان بۇنىڭغا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن)ياخشىدۇر»﴾[2].

## بېخىللىقتىن توسۇش ھەققىدە

بېخىللىق ئىنسانلار ئارىسىدا دوستلۇقنى يوق قىلىدىغان نەرسە بولغىنى ئۈچۈن قۇرئان بۇنىڭدىن توستى. بېخىل ئادەم بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشنى يامان كۆرىدۇ. موھتاج ۋە ئاجىزلارغا مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسە بېرىشكە نەپسى يول قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پېقىرلارنىڭ ئۇ كىشىگە ئاداۋىتى ئېشىپ كېتىدۇ. قايسى بىر مىللەتتە بېخىللىق ئومۇملىشىپ كەتسە، ئۇ مىللەت ئىچىدىكى شەخسلەردە ياردەملىشىش روھى چۈشكۈنلىشىدۇ. شۇڭا الله تائالا بېخىللىقتىن نەپرەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[3].

شۇنىڭدەك بېخىللىقتىن ئىبارەت بۇ پەسكەش ئەخلاقتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغۇچىلارغا، الله تائالا ئۇلارنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىشىگە ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[4].

بېخىلنىڭ يۈرىكى پۇل ـ مالغا ناھايىتى باغلىنىپ كەتكەچكە ئۇ ھەمىشە كەمبەغەللىك تۇرمىشىدا ياشايدۇ. چۈنكى، بايلىق توپلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلانماسلىق بولسا، ھەقىقىي يوقسۇللۇقتىن بەكرەك يوقسۇللۇقتۇر. ئۇنداق بايلىق ئىگىسى خەلق ئىچىدە خار ۋە تۆۋەن كۆرۈلىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، الله (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (الله غا) موھتاجسىلەر﴾[5].

---

(1) سۈرە قەسەس 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە يۇنۇس 58 ـ ئايەت.
(3) سۈرە ئال ئىمران 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆڭلۈم ئارامىدا تۇرسۇن، بەختلىك بولاي دېگەن قېرىنداشلار بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار! بېخىللىق قىلمايمەن دەپ ئىسراپ قىلىپ، بۇزۇپ چاچىدىغان پەسكەشلىككە ھەم چۈشۈپ قالماڭلار! اللہ تائالا سۈرە فۇرقاننىڭ 67 ـ ئايىتىدە: ﴿ئۇلار (يەنى اللہ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾ دېدى.

# ئون ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشى ۋە ئۇنىڭ روھىي داۋالىشتىكى پايدىسى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: ئىنساننىڭ الله تائالاغا باغلىنىشىدىكى غايىسى، الله غا بولغان ئىشىنىشى، الله نى ئەسلەش ھەم ياد ئېتىشى، الله بىلەن بەندە ئارىسىدىكى دوستلۇقى، الله تائالادىن ئەيمىنىپ قورقۇشى، الله تائالادىن گۇناھىنى تىلىشى، يامان نىيەت، گۇناھ ئىشلاردىن كەسكىن يېنىشى، الله تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمۈد قىلىشى، ئىبادەت قىلىشى الله تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تونۇپ خوش بولۇشى، الله تائالاغا ئىشەنچ قىلىشى، نىيىتىدە سۆز ھەرىكىتىنىڭ يالغۇز الله ئۈچۈنلا بولۇشى ۋە دۇئا قىلىش قاتارلىق مەزمونلاردىن ئىبارەت.

## ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا باغلىنىشىنىڭ غايىسى

الله تائالا بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت الله غا ئىشىنىش، الله نى سۆيۈش، الله نىڭ سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرىنى تونۇپ خۇش بولۇش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىللە قۇرئان ئىنسان بىلەن ئۇنى ياراتقۇچى الله تائالا ئارىسىدىكى باغلىنىشتىن ئۈچ نەرسىنى نىشان قىلىدۇ. ئۇ بولسا، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەربىيلەش، مەنىۋي بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە روھىي كېسەللىكلەرنى ساقايتىشدىن ئىبارەت. بۇ روھىي داۋالاش دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسنى تەربىيلەش

ئىنساننىڭ ئەقلى قۇۋۋىتى بولسا، ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى مەنىۋي كۈچ بولۇپ، ھايات ھالەتتە ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان ماياك ئورنىدىدۇر. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى سەۋەبىدىن بەزى ئەقلىي كۈچ بەزىدە ئاجىزلىشىپ قالغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ كەيپىياتى يالغۇز ياكى ئوپچە ھالدا تەربىيلەشتەك تەربىيە ئاساسىدا يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ. بۇ ئىچكى قۇۋۋەتنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىدا شەخسلەرمۇ، مىللەتلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرىقلىق بولىدۇ.
بۇ ئىچكى قۇۋۋەتنى دۇرۇست قىلغۇچى نەرسە بولسا، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن نىيەت مەقسەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئىنساننىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشىدىن ھېساب ئېلىپ چارە قىلىشقا قادىر بولغان ئىلاھقا ئەقىدە قىلىشتۇر. پەيلاسوپلارنىڭ بىرسى: ”الله غا ئەقىدىسى يوق ئىچكى قۇۋۋەت، ھۆكۈم قىلغۇچىسى يوق مەھكىمىگە ئوخشاش“ دەپ توغرا ئېيتقان.

الله تائالا ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ئىنسانىنى ياراتتۇق، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز﴾[1] ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كېلىۋالغان ۋەسۋەسە بولسا، ئىچكى دۇنيانىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ، الله تائالاغا مەخپىي قالمايدۇ.

## روھىي بەخت ـ سائادەت

قۇرئاننىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ روھىي بەختىمۇ ئىنسان بىلەن ياراتقان پەرۋەردىگارى الله تائالا ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۈگۈنكى ئىنسانلارغا روھىي بەختنىڭ يولى تۇتۇق بولۇپ، مۇمكىن قەدەر كۆڭلى تارتقان ئىشنى قىلىپ ھاۋايى ھەۋىسىنى قاندۇرۇشنى روھىي بەخت دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. لېكىن ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئەمەس. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر تېز يوقالغۇچى نەرسىلەردۇر. بايلىقمۇ يوقىلىدۇ. تەن ساغلاملىقىمۇ دائىملىق ئەمەس. ئۆيۈاق، ئايال ـ بالىچاقا، ئاتا ـ ئانا جەمەتلىرىدىن ئالىدىغان مەنپەئەتلەرمۇ داۋاملىق ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا ماددىي جەھەتلەردە ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر يۈز بېرىپ سۆزۈك ھاياتىمىزنى داغلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇ بالا ـ قازالار روھىي بەختىمىزنى يوقىتالمايدۇ.

روھىي بەختنىڭ بىرىنچى ئاملى الله تائالاغا باغلىنىش ۋە الله تائالا داۋاملىق بىز بىلەن بىللە، بۇ ھاياتنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇۋىدىغان ھادىسىلىرى ئالدىدا بىز يالغۇز ئەمەس، الله بىزگە ئۆزرە ھىممىتى بىلەن ياردەم قىلىپ كۈچ قۇۋۋەت بېرىدۇ، دەپ تونۇشىدىن ئىبارەت.

## روھىي داۋالاش

روھىي كېسەللەرنىڭ شىفا تېپىشى توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ بايقىشىچە غەم ئەندىشە، كۆڭۈل بىئاراملىقى، ھەسرەت ـ نادامەت، روھىي چۈشكۈنلۈك قاتارلىقلارنىڭ بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىشىغا يامان تەسىرى پەيدە قىلىدىكەن. ياۋرۇپادا بۇ جەھەتتە ئىنستىتۇتلاردا دەرسلىك يولغا قويۇلدى. روھىي كېسەللەرنى يوقلاپ، ھال سوراشقا ئىشلىك ئېچىلدى. "بول ئەرنەست ئەدولۇف" ئىسىملىك دوكتور مۇنداق دەيدۇ:

"شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھەقىقىي داۋالاشنى ئېلىپ بېرىش روھ بىلەن جەسەتكە بىر ۋاقىتتا بولۇشى لازىم. ماڭا لازىم بولغان ۋەزىپە ئىچكى تاشقى كېسەل داۋالاشتىكى مەلۇماتىمنى الله غا ئىشىنىشىم ۋە ئۇنى بىلىشىم بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى تەرەپنى توغرا بىر ئاساس بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردۇم. يالغۇز مۇشۇ چارە بىلەن مەندە داۋالانغان كېسەللەرگە ئېھتىياجلىق داۋاسىنى تەقدىم قىلالىدىم. چوڭقۇر ئويلىغىنىمدىن

[1] سۈرە قاف 16 ـ ئايەت.

كېيىن بىلدىمكى، مېنىڭ تىببىي مەلۇماتىم، ھەم اللە تائالاغا بولغان ئەقىدەم، بۇ ئىككىسى يېڭى تىببىي پەلسەپە بارلىققا كېلىدىغان ئاساس ئىكەن. مەن تىبابەت بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جەرياندا شۇنى چۈشەندىمكى مېنىڭ ئىلمىي ماددا تەرەپكە يېقىنلىششىم بىلەن بىللە روھىي تەرەپلەر بىلەن قورالليىنىشىم، ماڭا ھەممە كېسەللىنى ئۈنۈملۈك داۋالىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىكەن. ئەمما ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقان ئىگىسىنى بۇ دائىرىدىن يىراقلاشتۇرۇسا (اللە غا يۈلىنىشتىن ئىبارەت روھىي داۋالاشنى بىللە ئېلىپ بارمىسا)، ئۇ كىشىنىڭ بارلىق چارە - تەدبىرلىرى پەقەت يېرىم داۋالاش بولىدۇ، بەلكى مۇنچىلىكمۇ بولمايدۇ".

نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ چوڭ سەۋەبلىرى نېمە؟ بۇ كېسەللەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى بولسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ جىنايەت قىلغىنىنى يا خاتالاشقىنىنى بىلىشى، ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىقىدا ئاداۋەتنى بارلىقىنى بىلىشى، يا قورقۇنچ، روھىي چۈشكۈنلۈك، بىر ئىشتا ئىككىلىنىش، شەك قىلىش، قىزغىنىش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، زېرىكىپ قېلىش قاتارلىقلاردۇر. ئېچىنىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، روھىي داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولغۇچى كۆپلىگەن كىشىلەر كېسەلگە سەۋەب بولىدىغان روھىي بىئاراملىقنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈشتە نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، بۇ بىئاراملىققا چارە قىلىشتا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇلار بىئاراملىق كېسەللىرىگە چارە قىلىشتا كېسەللەرنىڭ روھىغا اللە تائالاغا ئىشىنىشنى سىڭدۈرۈشكە تەدبىر قوللانمايدۇ.

ھادىسىلەردىن تەسىرلىنىش تۈپەيلىدىن كەلگەن بىئاراملىقلار نېمە؟ شۇ كېسەللەرگە سەۋەب بولغان ئامىللار نېمە؟ دەپ سوراپ باقماقچىمىز. بۇ بىئاراملىق كېسەللىرى بولسا، ھەممە دىنلار بىزنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن بىئاراملىقلاردۇر. شۇڭا اللە تائالا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن بىزنىڭ روھىي ھاجەتلىرىمىزنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا كامىل چارە كۆرسەتتى. دېمەكچىمىزكى قۇرئان روھىي كېسەللىكنىڭ ھەممىگە چارە كۆرسەتتى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز﴾[1] بۇ توغرىدا كەلگەن قۇرئاندىكى بەزى تەلىماتلارنى تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

اللە غا ئىشىنىش روھىي ھاياتنىڭ تۈتقۇسى، كۆڭۈل ئاراملىقنىڭ ۋە ھەممە بەخت - سائادەتنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ ئىشىنىش پۈتۈن ئالەمنىڭ باشقۇرغۇچى بىر ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلىشتىنلا ھاسىل بولمايدۇ. بەلكى اللە تائالانىڭ مۇقەددەسلىكىنى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ئىنسان ئۆز يۈرىكىدە تونۇش بىلەن بىللە ئىمانىنىڭ ئالامىتى بولغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

---

[1] سۈرە ئىسرا 82 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالاغا ئىشىنىش ئىنساننىڭ روھىنى ماددىغا باغلىنىپ قېلىشتىن ئازاد قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئىنسان شەھۋەتكە بېرىلىشتىن نومۇس قىلىدۇ. شەخسىي پايدا ـ زىيانغا پەرۋا قىلمايدۇ. ھەق بولغان ۋە ئومۇمىي بولغان قانۇنغا (شەرىئەتكە) بويسۇنۇش ئاساسىدا ۋە ھەممىگە پايدىلىق بولغان ياخشى يولغا مېڭىش ئاساسىدا ئۆزى ئۆچۈنمۇ، ئۆز مىللىتى ئۆچۈنمۇ، پۈتۈن ئىنسانلار ئۆچۈنمۇ ئىشلەيدۇ.

ئىنساندا كۆرۈلىدىغان پۈتۈن ياخشىلىق، ئىسىللىك، پىداكارلىق، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئەلا كۆرۈش، مەن مەنلىك قىلماسلىق قاتارلىقلار ئىنساننىڭ ﷲ تائالاغا ئىشىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ بولسا مۇقەررەر ھەقىقەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي تەجرىبىسىدىن ئىسپاتلانغان ئەمەلىيەتتۇر.

ھەر دۆلەتتە ۋە ھەر زاماندا نۇرغۇن كىشىلەر مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئېسىل، ئالىي ئاڭ ۋە تۇيغۇسى ﷲ غا ئىشىنىشتىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆز ھاياتىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە بەختىگە بېغىشلىغان ئىدى. قۇرئان خالايىقنى چاقىرغان ئىماننىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ قۇرئاندا ”ئىشەنگۈچىلەر“ دەپ كەلگەن ئايەتنىڭ ھەممىسىدە ”ئىشەنگۈچىلەر“ دېگەن سۆزگە ”ياخشى ئىش قىلغۇچىلار“ دېگەن سۆزنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ سۆزلىگەننى كۆرىمىز. بۇ بولسا، ئىشىنىش ياخشى ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن بىللە بولۇشى لازىم، ياخشى ئىش ئىماننىڭ كۆرۈنۈشى ۋە نەتىجىسى، دېگەننى كۆرسىتىدۇ. ئىشىنىش بىلەن ئىسلام بۇيرىغان ياخشى ئىشلارنى ئىشلەش بىرگە ئېلىپ بېرىلسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ﷲ تائالانىڭ رازىلىقى بولۇشى ۋە مۇكاپاتلىشى چوقۇمدۇر. ﷲ تائالا سۈرە كەھفنىڭ 30 ـ ئايىتىدە: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كېلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىنى ھەقىقەتەن يوققا چىقىرىۋەتمەيمىز﴾ دېدى. يەنە سۈرە بەييىنەنىڭ 7 ـ ئايىتىدە: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر﴾ دېدى. ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[1]

ئىمان، ئىنساننىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان پۈتۈن سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۆز ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىگە باش ئېگىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرىغىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىنا قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ» دېدى. سەۋەب كامىل ئىمان مۆمىن ئادەمنىڭ ئىسلامغا زىت كېلىدىغان جىنايەتنى قىلىشىغا ياكى ئىسلام تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلماي تاشلاپ قويۇشىغا يول قويمايدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەر 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالاغا بولغان ئىشىنىشىمىز بىزگە بۇ ھاياتنىڭ قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىرىنى نۇرلاندۇرىدۇ. چۈنكى، ئىسلامغا ئىشەنگۈچى كىشىگە قاچانلا ئۇمىدسىزلىك يەتسە، ئىشەنگۈچى ئادەم ئۆزىگە باش پاناھ بارلىقنى، شۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋېلىشنى ئەسلەيدۇ. ھەمدە، تەربىيەت قىلغۇچى قۇدرەتلىك ئىگەم ماڭا ياردەم قىلىدۇ، دەپ ياد ئېتىدۇ.

بۇ چاغدا بۇ كىشىنىڭ ئۇمىدسىزلىنىشىگە، بىئارام بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر نەرسە قالمايدۇ. كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. قورقۇنچلار كۆزىگە كىچىك كۆرىنىدۇ. الله تائالا مۆمىنلەرگە دائىم ياردەم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى الله غا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت الله نىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، الله ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ﴾[1] يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر﴾[2].

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾[3]. شۇنىڭدەك ياخشى ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن بىرلەشكەن ئىشىنىش بۇ دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ قولغا كېلىشىگىمۇ ۋاستە بولىدۇ. الله تائالا بۇ دۇنيانىڭ ھەم ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئىسلامغا ئىشەنگەن، ھەم ياخشى ئىشلارنى ئىشلىگەنلەرگە خاس قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[4].

ئىنسان بۇ ھاياتتا دەرت ـ ئەلەم ۋە خاپىلىقتىن ئىبارەت ۋەيران قىلغۇچى كەلكۈن ئارىسىدىدۇر. الله تائالاغا ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنى مۇسىبەت، جاپا مۇشەققەتلەرگە كەلگەندە ئۆزىگە پاناھ قىلمىغان كىشى، ئۆز ھاياتىدا ھەممە ئادەمدىن بەختسىزرەكتۇر. مۆمىن كىشى ئېغىر ھالەتلەردىمۇ بەختلىك ياشايدۇ.

## ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە بۇنىڭ روھقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

روھ ھاياتىنىڭ نىشانلىرىدىن بىرسى بولسا، ئەڭ چوڭ دۈشمەن بولغان غەم ئەندىشە ۋە بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىنسان روھىنىڭ ئارام ئېلىشى، راھەت ۋە ھوزۇر بىلەن ھايات كەچۈرىشىدۇر. الله تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭ ئىسمى، سۈپەتلىرىنى سۆزلەش، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش بولسا، شۇ كۆڭۈل ئاراملىقىغا يېتىشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسىدۇر. پىكىر ـ خىيالنىڭ ماددىي غەم ـ ئەندىشىلەر بىلەن ياكى مەنىۋىي ئەندىشىلەر

---

[1] سۈرە تەغابۇن 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەج 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 257 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت.

بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئەقلىنىڭ كەلگۈسىگە ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولۇش تەسىرى ئاستىدا ۋە ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان ھادىسىلىرى ئالدىدا چىچىلىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەسۋەسە ۋە پىكىرلار ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ. كىشىنى ئۆزىنىڭ زۆرۈر بولغان ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز قىلىپ قويىدۇ.

بەزى كىشىلەر غەم ئەندىشە، بىئاراملىقىدا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشتەك روھىي ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ .بۇنىڭ بەدەن بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ خىيال قىلىدۇ. لېكىن ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، غەمگە چۆمۈپ، بىئاراملىقىدا داۋام قىلىۋېرىش فىزىئولوگىيەلىك بىر ھالەت بولۇپ، بەدەننى تېز ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك كېسەللەرگە دۇچار قىلىدۇ. غەم ئەندىشە ۋە بىئاراملىقنىڭ مەنبەسى، ئىنسان بۇ ھاياتنىڭ ھادىسىلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇر. لېكىن، پۈتۈن ئالەمنى ئىدارە قىلغۇچى الله تائالاغا كۈچلۈك ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ئىنساننىڭ روھىغا بۇ ھاياتنىڭ ھەرقانداق ئەندىشىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بىر كۈچ قۇۋۋەت ۋە خاتىرجەملىك تاشلايدۇ.

بۇ راست ئەمەلىيەتكە ئىقرار قىلىپ دوكتور ”بىرىل“ مۇنداق دەيدۇ: ”دىنغا راستتىن ئىشىنىپ، دىنىنىڭ يوللىرىنى ئەمەلدە ئىجرا قىلغان ئادەم ھەرگىز روھىي كېسەللىكلەرنىڭ چاپاسىنى تارتمايدۇ“.

يەنە دوكتور ”دىل كارنىجى“ مۇنداق دەيدۇ: ”روھىي كېسەل دوختۇرلىرى شۇنى بىلىدۇكى، كۈچلۈك ئىشىنىش ۋە دىنغا بويسۇنۇش بولسا، بىئاراملىقنى ۋە قاتتىق نېرۋا قوزغۇلۇشنى باسىدۇ. بۇ كېسەللەرگە شىفالىق بېرىدۇ. الله تائالانى ئەسلەش الله تائالاغا ئىشىنىشنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. زىكرى قىلىش بولسا، روھىي غىزا بولۇپ ئىنساننى ئېھتىياجلىق بولغان خاتىرجەملىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنى قۇرئان ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾(1). الله تائالانى ئەسلەش ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىسىنى تونۇغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن خوش بولۇپ، ياخشى سۈپەتلەنگەنلىكىنىڭ ئەمەلى كۆرنىشىدۇر. شۇڭا قۇرئان الله نى ئەسلەش الله تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسىدۇر، ھەم الله نى ئەسلىگۈچىلەر الله نىڭ مۇھەببىتى ۋە رەھمىتى بىلەن مۇكاپاتلانغۇچىلاردۇر، ئۇچۇق بايان قىلدى. زىكرىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە بىزگە الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى بۇ ئايەتلىرى كۇپايە قىلىدۇ: ﴿مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار ) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن ) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾(2). ﴿ئى مۆمىنلەر! الله نى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار (چۈنكى بۇ ئىككى ۋاقىتتا پەرىشتىلەر چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن، ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەۋزەلى ھېسابلىنىدۇ). الله سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا (يەنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە ) چىقىرىش ئۈچۈن، سىلەرگە

---

(1) سۈرە رەئد 28 ـ ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 152 ـ ئايەت.

رەھمەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ. اللە مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] ﴿اللە نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللە نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا اللە مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾[2]

قۇرئاننىڭ اللە تائالانى زىكىر قىلىش (ئەسلەش) نىڭ ئەۋزەللىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر يەردە اللە تائالانى زىكىر قىلىشتىن يۈز ئۆرۈش ئىنسانىنى يولدىن ئازدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەتبەخت بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرۈمىز. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى مېھرىبان اللەنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[3]. اللە تائالا زىكىردىن (اللە تائالانى ياد ئېتىشتىن) يۈز ئۆرۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر اللە نى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن اللە ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر﴾[4].

اللە تائالانى زىكىر قىلىشنىڭ روھنى تەربىيىلەشكە چوڭ تەسىرى بار. ئىگىسىنى ئەسلىگەن ۋە ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئادەمنىڭ قەلبى يۇمشايدۇ ۋە ئېرىيدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىدىن ياخشى ئىشلارلا سادىر بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى اللە تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ياراتقان ئىگىسىنى ئەسلەشتىن يۈز ئۆرۈپ بۇ ھاياتنىڭ پاتقىقىدا تېيىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ بۇ ئىشى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ قېتىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ، مۇنداق يۈرىكى قاتتىقلىقنىڭ نەتىجىسى يامانلىق سادىر قىلىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا مۇنداق يامان ھالەتكە بېرىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى اللە نىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولمىسۇن، (ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى) زاماننىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى قېتىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[5].

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ اللە تائالانى ئەسلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ئىنسان ئۆز پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئادا قىلىدىغان نامازنى بىر قانچە تۈرلۈك زىكىردىن تەركىبلەنگەن بىر ئىبادەت قىلدى. ھەم بىر كېچە كۈندۈزدە بەش قېتىم ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بەش ۋاختىن باشقا كېچىدە نەپلى ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. كېچىدە ئوقۇلىدىغان بۇ ناماز بولسا، تەھەججۇد نامىزى دېيىلىدۇ. چۈنكى، كېچىدە ئادەمنىڭ

---

[1] سۈرە ئەھزاب 41 ــ 43 ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زۇخرۇف 36 ــ 37 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە ھەشر 19 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ھەدىد 16 ـ ئايەت.

روھلىرى سۆزۈك بولۇپ الله تائالا بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش پۇرسىتى ياخشى بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ. ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر. «پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن» دېگىن﴾[1].

بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا چوڭ بىر كۆڭۈل راھىتى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى قاپلىغان ئالىي بىر زوق ھېس قىلىسىز. بۇ ھالەت سىزنى ماددىي ھاياتنىڭ بىخۇتلىقىدىن چىقىرىپ يەنە بىر ھالاۋەتلىك مەنىۋى ھاياتقا يەتكۈزىدۇ. مانا بۇ روھىڭىزدىكى سىقىلىش ۋە غەم ئەندىشىنى يوقاتقان روھىي كىتاب قۇرئاندۇر.

## ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت

ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان تەنقىدلەرنىڭ بىرسى بولسا، ئىسلام دىنى الله تائالا بىلەن الله تائالانىڭ بەندىللىرى ئارىسىدىكى مۇھەببەتتىن خالىي دەپ دەۋا قىلىشتىن ئىبارەت. ”ئەدۋاررۇس“ ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئىنگلىزچە يازغان ”دىن پەلسەپىسى“ دېگەن كىتابىدا: ”ئىسلام دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى الله نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېمەكتۇر، مۇنداق بولغاندا الله تائالا بەندىلىرىگە ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان بىر زات بولۇپ ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلىش پايدىسىز، مۇقەددەسلىك ۋە مۇھەببەت ئۇنىڭ سۈپىتى ئەمەس، بۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق مۇھەببەتتىن خالىي ”دىن“ دىن ھۆزۈر ھېس قىلمايدىغان مۇسۇلمانلار مەيدانغا چىقىدۇ. ئىسلام ئىچىدە سۈپى گۇرۇھنىڭ پەيدا بولۇپ تارىلىشى مۇھەببەت تۈكۈپ بېرىدىغان بىر تىرىك ئىلاھقا كۈچلۈك مۇناسىۋەت باغلاشقا ئېشتىياقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ“ دەيدۇ.

ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، بۇ يازغۇچىنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقى ۋە بىلىمسىزلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ مۇتلاق بىلمەي قارىسىغا سۆزلىگەن سۆزىگە رەددىيە بەرمەك ناھايىتى ئاسان. چۈنكى، الله تائالا بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەر قۇرئاندا ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ئىسپاتلاش ۋە چوقۇملاشتۇرۇش ئۇسلۇبى بىلەن كەلدى. مۇھەببەت ئىككى خىل بولۇپ بىرسى ئىنساننىڭ الله تائالانى سۆيۈشى. يەنە بىرسى بولسا، الله تائالانىڭ ئىنساننى ياخشى كۆرىشىدۇر.

---

[1] سۈرە ئىسرا 78 ــ 80 ـ ئايەتكىچە.

## ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانى دوست تۇتۇشى

ھەقىقىي مۆمىن اللە تائالانىڭ جامالىنى ۋە جالالىنى يەنى اللە تائالانىڭ رەھىمدىللىكىنى، مېھرىبان شەپقەتلىكىنى، قەھرى ـ غەزەپ سۈپىتىنى بىردەك بىلگەن، مەرھەمىتىنى ۋە ياخشىلىق قىلىشىنى بىلگەن، ماڭا نېمەت بەرگۈچى اللە تائالا، دەپ ئېنىق بىلگەن ئاندىن كېيىن بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ اللە تائالاغا مۇھەببەت باغلىغان، شۇنىڭ بىلەن دىلىنى ھەمىشە اللە بىلەن مەشغۇل قىلغان، قىلغان ئىشى اللە ئۈچۈن بولغان، اللە تائالاغا ئىتائەت قىلغان، باشتۇڭلۇق قىلمىغان، كۆڭلى خوش بولۇپ راھەتلىنىدىغان، اللە تائالانىڭ مۇھەببىتى يولىدا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى رازى ۋە قىزغىن ھالدا ئۈستىگە ئالغان، بۇنى كۆڭلى خاتىرجەم ۋە خوش ھالدا قارشى ئالغان كىشىدۇر.

ئىنساننىڭ اللە تائالانى سۆيۈشى ھەقىقىي ئىماندارلىقىدىندۇر. ھەقىقىي ئىمان اللە نى تونۇپلا قويۇش ۋە نەپسىنى باش ئەگدۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىشىنىش اللە نى ئۆز جېنىدىن ئەلا كۆرۈپ سۆيگەن ۋە اللە نى سۆيگىنىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋە ئىشلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىشىنىڭ ئىشىنىشىدۇر. ئەمما كۆرۈنىشتە باش ئېگىپ قويغان، ئىجابىي ئەمەلىيەتلەردە تەسىرى كۆرۈنمەيدىغان ئەگەشمە ئىمان بولسا، اللە تائالا بەندىلىرىدىن كۈتكەن ئىمان ئەمەس. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللە دىن، اللە نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللە نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللە نىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھ قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار. اللە پاسىق قەۋمنى (يەنى اللە نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»﴾[1].

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئىنسان قىزىقىدىغان ۋە ھاجىتى چۈشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يىغىپ بىر پەللىدە قويدى. اللە نى سۆيۈشنى، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈشنى ۋە اللە نىڭ دىنى ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى يەنە بىر پەللىدە قويدى. مەزكۇر ئىنسان قىزىقىدىغان نەرسىلەردىن كېچىپ اللە تائالانى ۋە پەيغەمبىرىنى ئەلا كۆرۈپ ئۇنىڭ يولىدا كۆرەش قىلغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدى ئىسلام تەلەپ قىلغان ۋۇجۇتتۇر.

اللە تائالانى سۆيگەن ۋە اللە ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەرنى اللە تائالا تەسۋىرلەپ مۆمىنلەرگە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اللە (ئۇنىڭ ئورنىغا) اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللە نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ

---

[1] سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

(يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) الله نىڭ پەزلىدۇركى، (الله) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (الله) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1].

الله تائالانى سۆيۈش ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇ مۇھەببەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان ۋە ئۇ مۇھەببەتكە باشقا بىر نەرسىنى تېگىشمەيدىغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت كىمدە بولسا، ئۇ كىشى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تاپىدۇ. بىرىنچىسى: مۆمىن الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى باشقا ھەر كىمدىن بەكرەك سۆيىدۇ. 2 ـ مۆمىن بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى پەقەت الله ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ. 3 ـ مۆمىن كىشى ئىماندىن ئايرىلىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلىنىشتىن بەكرەك يامان كۆرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

الله تائالانى دوست تۇتۇش ئەخلاقىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى. الله نىڭ مۇھەببىتى بىزنى يامانلىق ۋە تاجاۋۇز سادىر بولمايدىغان پاكىزە روھقا ئايلاندۇرىدۇ. ھەتتا بىزنى ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقلارغا بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم الله تائالانىڭ ياراتقان نەرسىلىرى، دەپ مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان ھالەتكە يەتكۈزىدۇ. مۇنداق تونۇش بىزگە ئادەتتە ئاسان ھاسىل بولمايدۇ. پەقەت بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىز سۈزۈك، تۈزۈك بولۇپ، بىزدىن بىركىمگە بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى بۇزىدىغان، ئادەملەرنى بەختسىز قىلىدىغان بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ئىنتىقام، ھەسەت ۋە باشقا پەسكەشلىك ناچار ئەخلاقلار سادىر بولمايدىغان بۇنداق ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرغاندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

الله تائالانىڭ بەندىسىنى ياخشى كۆرۈشىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپنى قۇرئان پەقەت ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ۋە پۈتۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىگە پايدىلىق چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغان كىشىلەرگە بەردى. ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولىدىغان ئىشلارغا ئادەتلەنگەن ئادەملەردىن بۇ شەرەپنى مەنئىي قىلدى (مۇنداق ئاسىيلىق، خائىنلىق، بۇزۇقلۇققا كۆنۈپ قالغان ئادەملەرنى الله تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ).

الله تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان قۇرئان ئايەتلىرى، الله تائالاغا ياخشى كۆرۈلگەن شۇ بەندىلەرنىڭ مۇھىم ئەخلاق ۋە روھىي پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە مائىدە 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار باشقا دىندىكىلەرگە زۇلۇم قىلسا گۇناھ بولىدۇ). ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ۋە گۇناھتىن ساقلانغانلار (اللّٰه دوست تۇتقان كىشىلەردۇر)، چۈنكى اللّٰه تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[1].

﴿(كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللّٰه غا تەۋەككۈل قىلغىن. اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

﴿(ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[3].

﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇدا گۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار اللّٰه يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، اللّٰه ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾[4].

﴿اللّٰه ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[5]

دېمەك، بۇ ئايەتلەردە اللّٰه تائالا ئادىل، توختامغا ۋە ۋەدىگە تۇرغۇچى، اللّٰه غا ئىشەنگۈچى، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغۇچى، ھەق يولدا جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلغۇچى، گۇناھىدىن تەۋبە قىلغۇچى ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تۆۋەندىكى ئايەتلەردە اللّٰه تائالا ئىنسانلارغا بۇ دۇنيادا يا ئاخىرەتتە بەختسىزلىك كەلتۈرىدىغان يامان قىلىقلارنى ئۆزىگە خۇي ئادەت قىلىۋالغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، اللّٰه ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[6].

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا كەلسەك، اللّٰه ئۇلارنىڭ (قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ. اللّٰه زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ (زالىملارنى دوست تۇتمايدىغان زات قانداقمۇ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلسۇن؟)﴾[7].

﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللّٰه ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[8].

﴿اللّٰه ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى مەرھەمىتىدىن مۇكاپاتلايدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[9].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 76 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئال ئىمران 146 ـ ئايەت.
[5] سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە ئال ئىمران 57 ـ ئايەت.
[8] سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[9] سۈرە رۇم 45 ـ ئايەت.

﴿الله ئۇلارنىڭ يوشۇرغانلىرىنى ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىنى راستلا بىلىپ تۇرىدۇ. الله تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

﴿شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2].

﴿ئەگەرسەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[3].

﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[4].

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەتلەردە الله تائالا بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلارنى، زالىملارنى، ئىسراپخورلارنى، ھەققەتكە تانغۇچىلارنى، مۇتەكەببىرلارنى، مەن ـ مەنچىلەرنى، خىيانەتچىلەرنى، تاجاۋۇزچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

الله تائالانىڭ بىرەر ئىنساننى دوست تۇتۇشى ئۇ كىشىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ مەنبىئى بولۇپ ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ ئۇ كىشىگە قىلىدىغان يېقىنلىقى ۋە ياردىمى، ئۇ كىشىنى قوغدىشى بىلەن ئەگىشىپ بىللە كېلىدۇ. الله ياخشى كۆرمىگەن ئىنسانغا بۇ پايدىلار يوقتۇر. چۈنكى، الله نىڭ بىرەر ئىنساننى يامان كۆرۈشى، ئۇ ئادەمنىڭ بەختسىز يەنى دوزىخى بولۇشىغا سەۋەبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇز ھەدىسىدا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

«الله تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى قىچقىرىپ: مەن پالانى بەندەمنى ياخشى كۆردۈم، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، دەيدۇ. جىبرىئىلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكى پۈتۈن پەرىشتىلەرگە، الله تائالا پالانى بەندىسىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، دەيدۇ. ئاسماندىكىلەر ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ بەندە زېمىندا ھەممە كىشى تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىغان بىر كىشى بولۇپ قالىدۇ. قاچان الله تائالا بىرەر بەندىنى يامان كۆرسە، جىبرىئىلگە مەن پالانى بەندىنى يامان كۆردۈم. سەنمۇ يامان كۆرگىن، دەيدۇ. جىبرىئىلمۇ يامان كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسمان كىشىلىرىنى قىچقىرىپ: الله تائالا پالانى بەندىنى يامان كۆردى، سىلەرمۇ يامان كۆرۈڭلار! دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم يەر يۈزىدىمۇ يامان كۆرۈلىدىغان بولىدۇ»[5].

---

[1] سۈرە نەھل 23 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنفال 58 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە 190 ـ ئايەت.
[5] بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە بۇ قورقۇشنىڭ يامان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتىكى تەسىرى

بۈگۈنكى دەۋرىدە دۇنيا خەلقى دۇچار بولغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە، پەسكەشلىككە بېرىلىپ كېتىش ۋە جىنايى ئىشلارنىڭ كېڭىيىشى، ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچى بولغان الله تائالادىن بىخەۋەر بولغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆز ئالدىدا تۇتۇشتىن بىخەۋەر بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر بۇ ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىدە يامانلىققا بېرىلىپ كېتىشكە تۇسالغۇ بولىدىغان ئەيمىنىش پەيدا بولغان بولاتتى.

الله تائالادىن قورقۇش، روھىي ھايات بارلىققا كېلىدىغان ئاساسىي تۈتقۇلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىنساننى بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرى الله دىن قورقۇشقا مايىل بولۇشنى شەخسلەرنىڭ ۋۇجىدىغا سىڭدۈرۈشكە، ئورنۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش، الله تائالانىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە جازا بېرىشكە سەۋەب بولىدىغان غەزىپىگە ئېلىپ بارىدىغان يامان ۋە بۇزۇق ئەقىدىلەرنى ئوچۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلدى.

ئەگەر الله تائالادىن قورقۇش بولمىسا، ئىنسان يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىنى قويۇپ بېرىدۇ. كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ئىنساننى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ساقلايدىغان قانۇننى يولغا قويغاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ھازىرقى دۇنيا ئەللىرى جاپاسىنى تارتىۋاتقان يامان ئەھۋال دەل مۇشۇدۇر.

ئىسلام دىنى ئىنساننى يامان ئىشلارنى ئىشلەشتىن توسىدىغان جازا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، الله تائالادىن ئەيمىنىش ۋە ئۇنىڭ جازالىشىدىن قورقۇشنى ئىنسانغا ئەسلىتىپ نەسىھەت قىلىشنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. چۈنكى، نەسىھەت ئىنساننىڭ الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشىغا، الله رىزاسىغا ۋە نېمىتىگە يەتكۈزىدىغان يولدا مېڭىشىغا سەۋەب بولىدۇ. قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان الله دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[2]

﴿الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ اللهدىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ﴾[3].

الله تائالادىن قورقۇش ئىنسانغا ئەدەب ـ قائىدىگە مۇۋاپىق بولغان قەلب ئاتا قىلىدۇ. مەدەنىي شجائەت ئىنساننىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ئۇنىڭ ئىنساندا بار بولۇشى ۋە گۈزەللىكى باشقىلار نېمە دەپ گۇمان قىلىشىدىن ياكى نېمە دېيىشىدىن،

---

[1] سۈرە نۇر 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇلك 12 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەييىنە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھۆكۈمدارلىرىنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ھەق دەپ ئەقىدە قىلغان پىكرىنى قورقماي مەيداندا قويۇشى بىلەن بولىدۇ. ھەممە كىشى تەرىپىدىن ياخشى دەپ تونۇلغان ئىش بولسىمۇ، ئۆزى ئۇنى توغرا ئەمەس دەپ تونۇغان بولسا، ئۇ ئىشنى تاشلىيالىشى شجائەتتۇر. الله تائالا مۆمىنلەرگە مۇشۇنداق شجائەتلىك بولۇشقا يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار﴾[1].

﴿ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر﴾[2].

الله تائالا مۆمىنلارنىڭ (ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچىلارنىڭ) خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾[3].

ئىنسانلار تارىخى توغرىنى سۆزلەش، توغرىغا ياردەم بېرىش يولىدا جېنىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قۇربان قىلغان، ھەقنى سۆيۈشتە ھەرتۈرلۈك دەرت ئەلەملەرگە چىداشلىق بەرگەن كۆپلىگەن قەھرىمانلارنىڭ ھاياتىنى يېزىپ قالدۇرۇش بىلەن توشقاندۇر. چۈنكى، ئۇلار ھەقنى ۋە توغرىنى ئۆز جانلىرىدىن بەكرەك سۆيگەنلەردۇر.

پەيغەمبەرلەر، كامىل ئۆلىمالار بۇلارنىڭ تىپىدىندۇر. شۇڭا قۇرئان پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا مۇنداق: ﴿ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) الله نىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، الله دىن قورقىدۇ، الله دىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ الله دىن غەيرىيدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)، الله (ھەممە ئىشلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴾[4].

## ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن ئۈمىد قىلىشنىڭ بىللە بولۇشى

قۇرئان كەرىم الله تائالادىن قورقۇشىمىز بىلەن بىللە الله تائالادىن ئۈمىدۋار بولۇشىمىزنى باراۋەر بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ياراتقان ئىگىسىدىن تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلمايدىغان گۇناھكار ئىنسان، خەتەرلىك بىر ئۈمىدسىزلەنگۈچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ تۈزۈلىشىدىن ئۈمىد يوق. ئۇنىڭدىن پايدىمۇ كۈتۈلمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشى چېكىدىن ئاشقان بۇزۇقلۇقتۇر. كىشىنى الله تائالادىن قورقۇتۇشنىڭمۇ ئۆلچىمى بولۇشى لازىم. ئىنسانى الله تائالادىن ئۈمىدسىزلەنگۈدەك دەرىجىدە قورقۇتۇش بولماسلىقى كېرەك. كىشىلەرنى پەقەت قورقۇتۇش بىلەنلا تەربىيىلەش، بۇزۇق تەربىيە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۈمىدنى ئۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە قورقۇتۇش ئىنساننىڭ قەلبىدىكى نۇرنى ئۆچۈرۈپ ئىنساندىكى

---

(1) سۈرە ئال ئىمران 175 ـ ئايەت.
(2) سۈرە تەۋبە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە ئەھزاب 39 ـ ئايەت.

ياخشىلىق تەرەپكە قوزغىلىدىغان روھنى ئۆلتۈرۈۋېدۇ. ھەرقانداق ئىنساندا كېرەكلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولۇش تەبىئەت بار. ياخشى مۇكاپاتلاش ۋە ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە يېتىدىغانلىقىغا راست ۋەدە قىلىش بۇ تەبىئەتنى غەيرەتلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار. (الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1].

﴿ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[2].

الله تائالا بەزى پەيغەمبەرلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى﴾[3]. ئۈمىد بىلەن بىللە بولغان قورقۇنچ ئىنساننىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈچىدۇر. ھەم ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كېرەكلىك يارامىلىق بىر شەخس قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

## ئىستىغفار ۋە ئۇنىڭ روھي داۋالاشتىكى تەسىرى

قىلغان ھەممە ئىشلىرىمنى الله تائالا نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئىشەنگەن مۆمىن ئادەمنىڭ خاتالىقى چوقۇم ئاز بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بەزى چاغدا خاتالىشىپ مۆمىنگە لايىق بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سالىدىيۇ، دەرھال الله تائالانى يادىغا ئەكىلىپ، شۇ خاتالىقنىڭ زىيىنىنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلىپ الله تائالادىن كەچۈرۈم تىلەپ خاتالىقنى داۋام قىلىشنى ئوختىتىدۇ.

دېمەك، مۆمىنمۇ ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە خاتالىشىدۇ. لېكىن، خاتالاشقان زامان ئۆزىنىڭ توغرا يولغا قايتىۋېلىشى كېرەك. يېقىلغان يېرىدىن قوپۇۋېلىشى لازىم. ئۆزىدىن جىنايەتنىڭ تەسىرىنى يولۇپ تاشلىشى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىزدىگەن غايىسىنىڭ يولىغا قايتا كىرىشى لازىم. شۇڭا الله تائالا خاتالاشقۇچى ئىنساندىن خاتالىقىغا ئۆزرە ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھىغا الله تائالادىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىشقا ئۆزىدىن ئۆزى

---

[1] سۈرە ئەئراف 56 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سەجدە 16 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېساب ئېلىشقا ۋە الله تائالانى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا تۇتۇش ئارقىلىق قەلبنى پاكلاشلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.
ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ ئۆز جىنايىتىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن دىنى ئادەملەر ئالدىدا ئىقرار قىلىشقا (ماشايىختىن ئىستىغفار ئېلىشقا) ھاجەت يوق. شۇنىڭدەك خاتالىق قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان تەرىقىدە ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا مىنىۋالمايدۇ.
ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق ئاسىي ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا بىۋاستە يۈزلىنىپ (ئۆز تىلىدا خۇداغا يالۋۇرۇپ) گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئەپۇ تىلەپ دۇئا قىلىش، الله تائالادىن ئۆزىگە رەھمەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىش سالاھىيىتى بار. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴾[1]
الله تائالا گۇناھلىرىنى كۆچۈرۈشكە لايىق بولىدىغان مۆمىنلارنىڭ سۈپىتىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟. ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىقى خىسلەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[2].
ھەرقانچە كۆپ ۋە ئېغىر گۇناھ قىلىپ تاشلىسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا پۇشايمان قىلىپ قورقۇپ قەلبى بىلەن خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ، شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا ئىرادە باغلىغان ھەرقانداق كىشىگە الله تائالا كەچۈرىم ۋە ئىلتىپات قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3].
بەزى ئالىملار: "قۇرئاندا بۇ ئايەتتىن بەكرەك مۆمىننىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان ئايەت يوق. چۈنكى بۇ ئايەت ئۈمىد ئىشىكىنىڭ ئىككىلى قانىتىنى ئاچقاندۇر" دەيدۇ.
ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ياخشى ئىشلارنى قىلىش گۇناھلارغا كاپپارەتتۇر. بۇ ئىنسانلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. الله تائالا ياخشى ئىشلارنىڭ گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە نىسا 110 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 135 ــ 136 ئايەتلەر.
[3] سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾[1]. ياخشى ئىشلار گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى (يەنى باشقىلارغا ئوخشاش جىھادقا چىقمىغانلىقىغا يالغان ئۆزرە ئېيتمىدى). ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، الله نىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، الله ھەقىقەتەن (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ: «يامان ئىش قىلىپ سالساڭ ئارقىدىنلا ياخشى ئىشنى ئەگەشتۈرۈپ قىلغىن. ياخشى ئىش يامان ئىشنى ئۆچۈرىدۇ» (ئىمام تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئىنسانىنىڭ الله تائالا ھەممە گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، دەپ ئىشىنىشى بەندە قاچان الله دىن گۇناھىنى تىلىسە كەچۈرىدۇ، دەپ ئىشىنىشى بۈگۈنكى زامانىمىزدىكى دوختۇرلار پايدىلانغان روھىي داۋالاش ۋاستىلىرىدىن بىرسىدۇر.

ئادەمنىڭ پسىخىلوگىيىسىنى (روھىي ھالىتىنى) تەتقىق قىلىش ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدا روھىنى تەھلىل قىلىش مەكتىپىنى قورغۇچى پەرۋىد ئىسىملىك ئالىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە شۇنى ئوتتۇرغا قويۇشتىكى، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى روھىي چۈشكۈنلىكىدىن بولۇپ، ئۇ، روھىي سىقىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. روھىي كېسەلگە دۇچار بولغان ئادەم روھىي كېسەل دوختۇرى ئالدىدا ئۆز خاتالىقىغا ئىقرار قىلمىغۇچە شىپا تاپالمايدۇ. مۇنداق قىلىش ”روھىي ھەل قىلىش“ دەپ ئاتىلىدۇ.

دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە: كېسەلنىڭ دوختۇر ئالدىدا خاتالىقلارغا ئىقرار قىلىشى مەنتىقىغا ئۇيغۇن بولغان بىر روھىي سۈپەت بولۇپ، كېسەل ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى كۆرىدۇ. ئاندىن كېسەلنىڭ روھى بىلەن ئىچكى دۇنياسى ئارىسىدا كېلىشىش ھاسىل بولۇپ، كۆڭلى يورىيدۇ. كېسەلنىڭ روھى سىقىلىشى يوقىلىدۇ. كۆپ ۋاقىتتا روھى سىقىلىش باش ئاغرىشقا ۋە يۈرەك سىيلىشقا، دەم سىقىلىش ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى دوختۇر ئالدىدا خاتالىقىغا ئىقرار قىلىش ۋە دوختۇرنىڭ كەڭچىلىك قىلىپ تەسەللى قىلىشى بىلەن كۆڭلى ئېچىلىشى بولسا، الله تائالا ئالدىدا ئىقرار قىلىش بىلەن دوختۇر ئالدىدا ئىقرار قىلىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟ الله تائالانىڭ كەچۈرىم قىلىشى بىلەن كۆڭۈل ئېچىلىش ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟

الله تائالا ئالدىدا خاتالىقىغا ئىقرار قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ نەزىرىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ روھىي ھالىتىگە پايدىلىق تەسىرلىرى بار.

قۇرئان ئىنساننىڭ ئۆز خاتالىقىغا ئىقرار قىلغىنىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە پەيغەمبىرى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالا ئالدىدا ئۆز خاتالىقىغا ئىقرار قىلغىنىنىڭ پايدىسى بېلىق يوتۇپ كەتكەندە بېلىق

---

[1] سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 102 ـ ئايەت.

قورسىقىدا تارتقان ئىچى پۇشقى ۋە غەم ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش بولغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ﴿يۇنۇسنىڭ (قىسسىنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۇنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز﴾[1].

الله تائالا ” شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز“ دېگەن سۆزىگە قاراڭ. الله تائالانىڭ بۇ سۆزى مۆمىنلەرگە گۇناھ ۋە زۇلۇم ئىشلار ئىشلەپ سالغاندا روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ ئۆزىدە بىر سىقىلىش ھېس قىلغاندا بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن الله تائالا ئالدىدا ئۆز خاتالىقىغا ئىقرار قىلىپ ئەپۇ سوراشتىن ئىبارەت يولنى تۇتۇش بىلەن غەمدىن قۇتۇلۇشنى ئىلھام قىلدۇ. الله تائالانىڭ ئالدىدا جىنايەتكە ئىقرار قىلىش قاتتىق بالا ۋە ئاپەتلەرنى ئىنساندىن كۆتۈرىۋېتىدىغان ئىلاھىي مەرھەمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىم الله ئالدىدا گۇناھقا ئىقرار قىلىشقا يەنە بىر مىسال قىلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋادىن سادىر بولغان الله ئەمرىگە خىلاپلىق ئىشنى بايان قىلىش بىلەن مۆمىنلەرگە ئىبرەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾[2].

## ئىستىغفار (ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم تىلەش) نىڭ پايدىسى توغرىسىدا

قۇرئان كەرىم گۇناھتىن مەغپىرەت تىلەش ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن قول يىغىشنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىگە يېتىشنىڭ ۋە بۇ دۇنيادىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارغا ۋە ئىنئاملارغا يېتىشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، الله سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ﴾[3]. بۇ

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 87 ــ 88 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەت.

ئايەتتە الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگەن كىشىنىڭ دۇنيادىمۇ ئەھۋالى ئىنتىزاملىق، كۆڭلى خاتىرجەم تۇرىدىغانلىقىغا دەلىل بار.

الله تائالا تائالا ئۆز پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار»﴾[1]

الله تائالا تائالا ئۆز پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ﴾[2].

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەزى ساھابىلەر مۇنداق دەيتتى: «بىزگە ئىككى ئامانلىق بار ئىدى. بىرسى يوقالدى. ئۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھايات تۇرۇشى ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ تىنچلىقىمىز ئۈچۈن ئىستىغفار قالدى. ئەگەر بىزدىن ئىستىغفار يوقالسا ھالاك بولىمىز».

## ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش ۋە تەۋبىنىڭ ئەخلاقنىڭ تۈزۈلۈشىگە بولغان تەسىرى

يۇقىرىدا ئىستىغفار توغرىسىدا سۆزلەنگەن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بەزى كىشىلەر خاتا چۈشىنىپ، خاتالىق سادىر قىلغۇچى ئادەم شەرىئەت يولىدىن ھەرقانچە چىقىپ كېتىپ ئۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئىشلىسىمۇ الله دىن مەغپىرەت تىلىسىلا مەغپىرەت نېسىپ بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. يەنى ئىش بۇ كىشى گۇمان قىلغاندەك ئەمەس. قىلمىش جىنايىتىگە پۇشايمان قىلماي، تەكرار گۇناھ قىلىش نىيىتىدىن كەسكىن يانماي ۋە ئۆزىنى تۈزىتىۋېلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلىماي، ئاغزىدا ئەستەغفىروللاھ تەۋبە قىلدىم. دېگەنىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق. چۈنكى الله تائالانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا يېتىش ئۈچۈن گۇناھ قىلىشتىن يېنىش شەرت. ئىنسان تەۋبە قىلدى، دېگەنىنىڭ مەنىسى قايتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ياندى ۋە بۇرۇن قىلغان خاتالىقىغا پۇشايمان قىلدى،

[1] سۈرە ھۇد 52 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇھ 10 ـ 12 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ئەنفال 33 ـ ئايەت.

دېگەنلىك بولىدۇ. ”قۇۋۋەتۇلقۇلۇب“ (يۈرەك ئۇزۇقى) ناملىق كىتابنىڭ يازغۇچىسى مۇنداق يازىدۇ:

”تەۋبىنىڭ شەرتى، تەۋبە قىلىپ اللە تائالا تەرىپىگە قايتماقچى بولغان كىشى ئەۋۋەل باشلاپ گۇناھنى بىللە قىلىدىغان ئادەملەردىن ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئايرىلىشى لازىم. ئاندىن كېيىن گۇناھ قىلدۇرغان نەپسىگە قارشى تۇرۇپ ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمەسلىكى لازىم. ئاندىن كېيىن قايتا گۇناھ قىلماسلىققا ئىرادە باغلىشى لازىم. گۇناھقا مەجبۇر قىلىدىغان ھەرقانداق باھانىنى تاشلىشى لازىم“.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق بايان قىلىندى: ئىنساننىڭ گۇناھتىن تەۋبە قىلىشقا قۇرئان كەرىم ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. تەۋبە سۆزىنى بىر قانچە ئايەتتە تەكرارلىدى. اللە تائالانىڭ: ﴿كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] ۋە ﴿«پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە)رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، اللە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن﴾[2] دېگەن ئايەتلىرى مەزكۇر ئايەتلەردىندۇر.

قۇرئان كۆپىنچە يەرلەردە تەۋبە بىلەن ئىستىغفارنى بىللە تىلغا ئالىدۇ. تۆۋەندىكى بۇ ئايەتتىمۇ شۇنى كۆرۈۋالايمىز: ﴿سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار﴾[3].

ئىستىغفار ئېيتىش تەۋبە قىلىشقا سەۋەبچىدۇر. بۇ ئايەت گۇناھ نىيىتىدىن قايتىپ پۇشايماننى ئاشكارە قىلمىغۇچە اللە تائالادىن ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا يول يوقلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى گۇناھكار ئادەم ھەقتىن يۈز ئۆرىگەن ئادەمدۇر. گۇناھتىن يانماي تۇرۇپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، اللە تائالادىن گۇناھنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىش (يەنى ئىستىغفار ئېيتىش) ئاساستۇر، تەۋبە قىلىش بولسا ئۇنىڭغا ئەگەشمىدۇر. چۈنكى، تەۋبە ئىستىغفارنى تولۇقلايدۇ.

قۇرئان تەلەپ قىلىدىغان تەۋبە گۇناھ قىلىپ سالغان ۋە گۇناھ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ھامان دەرھال تەۋبە قىلىشتۇر. گۇناھ قىلىپ سالغان ئادەم بۇ كېسەلنى داۋالاشتۇرۇپ ساقايماس كېسەلگە ئايلاندۇرماسلىقى لازىم. (گۇناھقا ئادەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك)

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە

---

[1] سۈرە مائىدە 39 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر: الله ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

الله تائالا تەۋبىنى قوبۇل قىلىشقا ئىككى نەرسىنى شەرت قىلدى:

1 - ئۆز نەپسىنى باشقۇرالماي ئامالسىز گۇناھ قىلىپ سېلىش.

2 - ئۇزۇنغا قالماي پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىش.

ئەمما ئىنسان گۇناھقا ئادەتلىنىپ گۇناھ قىلغىنىغا يۈرىكى سىقىلماي، بىپەرۋا يۈرۈپ ئۆلۈم كەلگىچە تەۋبە قىلمىسا، ئۆلۈم ئالدىدا قىلغان تەۋبىنى الله تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئايىغىدىكى بۇ ئايەتتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان مۇنداق دەيدۇم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾[2].

ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ مەغپىرىتىگە يېتىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ تەۋبە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»﴾[3].

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ. الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[4] تەۋبە ئەڭ مۇھىم ئەخلاقىي ئاساسلاردىندۇر. تەۋبىنى كىچىككىتۇرۇش ئىنسان ۋۇجۇدىغا پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. تېزلىك بىلەن ھەقىقىي تەۋبە قىلىش ئىنسان روھىنى ياخشىلانغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. يامان ئىشلارنى توگىتىشكە كۈچلۈك سەۋەبتۇر.

گوللاندىيەلىك ”فرانىزستال“ ئىسىملىك بىر يازغۇچى ئەنگلىيىنىڭ ۋوكىڭ شەھىرىدە قورۇلغان ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان ئىسلام ژورنىلىغا بىر ماقالە يازغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى بىلەن ياۋروپانىڭ ئەخلاقى قوراللىنىش ھەرىكىتى چاقىرغان پرىنسىپلارنى سېلىشتۇرىدى. ۋە مۇنداق دېدى:

”ئىسلامدا تەۋبە شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ۋاستىسى، تەۋبە چوڭ ئەخلاقىي قورال، تەۋبە قىلىش بىلەن ھەر بىر ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ. ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇرۇنقى ناچار ھالىتىنى ياخشى ھالەتكە ئۆزگەرتىدۇ“.

بۇ يازغۇچى يەنە مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن ھەسەنبەسرى، مەھاسىبى، مەنسۇر ھەللاجى، ئىمام غەززالىغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىدىكى تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسىنى

---

[1] سۈرە نىسا 17 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 18 ـ ئايەت.
[3] سۈرە تاھا 82 ـ ئايەت.
[4] سۈرە فۇرقان 70 ـ ئايەت.

ئوتتۇرىدا قويۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ”ئەخلاقىي قوراللىنىش جەمئىيەتى“ دېگەن جەمئىيەتنى قۇرغان دوكتور ”فرانكىمان“ نىڭ تەۋبە ھەققىدە دېگەن سۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئىسلامنىڭ نەزىرىيەسىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

## ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ شۇم پال ئېلىشنى تۈگىتىشتىكى تەسىرى

ئىنسانلارنىڭ شەخسىيىتىگە نىسبەتەن شۇم پالدەك زىيانلىق نەرسە يوق. شۇم پال ئېلىش ئادەمنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىدىغان، ئىشىدىن كېرەكسىز قىلىپ قويىدىغان خەتەرلىك كېسەللەردىن بىرى. شۇم پال كۆپىنچە ئىنساننى خەتەرگە ئۇرۇپ ھالاك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇم پالچى ئادەمنىڭ قارىشىدا بۇ ھايات چېدىغۇسىز بىر ئوت ئازابى بولۇپ قالىدۇ. پەرەز قىلايلى، بىر شۇم پالچى ئادەم بولسا، ئۇ ئادەم ئالەمگە قاراپ ئالەمنىڭ بەختسىزلىك، ئاجىزلىق، كېسەل، خاتالىقلار، جىنايەتلەر، غەم ۋە دەرت ـ ئەلەملەرگە توشۇپ كەتكىنىنى، ئالەمدە تىنجلىق، ئامانلىق يوقلۇقىنى كۆرسە ۋە ئۇ كىشىدە كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈمىد، يا ئىشەنچ بولمىسا، بۇ تەتۈر پىشانىلىكلەرگە يۈزلىنىشكە تەسلىم بولۇپ بۇ ھاياتتا بىر ئىشقا ـ سەۋەب قىلمايدىغان بولسا، ئاخىرى بۇ خاپىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ ئادەم بۇ ئىشىدىن زىياندىن باشقا نەتىجە قازىنالامدۇ؟

بۇ ئالەمدە ئىنسانغا يولۇقىدىغان نۇرغۇن مۇسىبەت ـ قاتتىقچىلىقلار بولۇپ، ئادەمنى ھاياتقا يامان كۆز بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويىدۇ. لېكىن الله تائالاغا ئىشەنگەن، الله تائالانىڭ رەھمىتىنى كۈتكەن كىشى الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ. شۇ ئىمانى ۋە ئۈمىدى بىلەن مۇشكۈللىكلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ. ئاقىۋەتنى ئويلاش ۋە چىداشلىق بېرىش بىلەن كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. بېشىنى ئايلاندۇرغان قاتتىق سىقىلىشنىڭ يوقىلىشىنى الله تائالادىن كۈتىدۇ. شۇڭا قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارنى الله تائالادىن رەھمەت تەلەپ قىلىشقا ۋە بۇ ھاياتلىقتا ئىنسانلار يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى الله تائالادىن رەھمەت ئۈمىد قىلىشتىنلا ئىبارەت بولۇشقا چاقىرىدۇ.

بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن)ياخشىدۇر»﴾[1].

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل ـ ماللىرى)دىن ياخشىدۇر﴾[2].

قۇرئان الله تائالانىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىنسانلارنى چاقىرغان نەرسە، بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن قۇرۇق قالغان مىليونلارچە ئىنسانلارغا شىفا بولىدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىش پۈتۈن پىكىر ـ ھېسسىياتنى ئېلىپ كەتكەن

[1] سۈرە يۇنۇس 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەملەر بايلىقىدا، يا مەنسەپ ـ ئىناۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان ئادەملەرگە كۆڭلى بىلەن نەزەر سالمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ بۇ ھاياتتىكى مەقسىتى دۇنيانىڭ تېز يوقىلىدىغان ئالدامچى نەرسىلىرىدىن ئالىيدۇر.

قۇرئان بۇ ئالىي مەقسەتنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئوتتۇرىدا قويۇپ الله تائالانىڭ رەھمىتىگە يېتىشنى الله تائالاغا قارىتامۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتامۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ئۇلۇغ خىسلەتلىك كىشىلەرگە باغلايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر﴾[2]. ﴿«ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن»﴾[3].

يەنە الله تائالا بەزى پەيغەمبەرلىرىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى رەھمىتىمىز دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، ئۇلار ھەقىقەتەن ياخشىلاردىن ئىدى﴾[4].

الله تائالانىڭ رەھمىتىگە يېتىش ئۈچۈن داۋاملىق سەئيي ـ ھەرىكەت قىلغۇچى كىشىلەر بىرەر ئارزۇسىدىن ئۈمىدسىزلەنسىمۇ، يا بىر قانداق خاتالىققا يولۇقۇپ قالسىمۇ روھىي چۈشكۈنلەشمەيدۇ. ئۇلار چەككەن دەرت ـ ئەلەملەرگە، جاپالارغا قارىتا تەسەللىي بېرىدىغان بىر روھىي كۈچ ئۇلارغا ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئالىي مەقسەتتىن بىخەۋەر بولغان ياكى الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەملەر قۇتۇلۇش يولىنى بىلمەي قايمۇقۇپ خەتەرلىك ئورۇنلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. قۇرئان بۇ ھالەتنى ناھايىتى توغرا چۈشەندۈرۈپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى﴾[5].

بۇ ھاياتنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى دېڭىزىنىڭ دولقۇنى ئاستىدا قېلىپ ئۈمىدسىزلىنىپ ئازاب چېكىۋاتقان ئى ئىنسانلار! خاتىرجەملىك ۋە راھەت قىرغىقىغا يېتىش ئۈچۈن يۈزۈڭلارنى مېھرىبان ئىگەڭلار تەرەپكە يۈزلەندۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىنى تەلەپ قىلىڭلار! چۈنكى بارلىق ئالەمدە ھېچ بىر مەخلۇق الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن بىھاجەت ئەمەستۇر. الله

---

[1] سۈرە ئەئراف 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەئراف 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەنبىيا 86 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ھىجر 56 ـ ئايەت.

تائالادىن قاچان رەھمەت قىلىشنى تىلىسەڭلار ۋە رەھمىتىگە يېتىشكە سىلەرنى لايىقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلساڭلار الله نىڭ رەھمىتى سىلەرگە يېقىندۇر.

## ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىبادەتنىڭ ئىنساننى ئازغۇنلۇقدىن قۇتقۇزۇشتىكى تەسىرى

ئىنسان زېھنى ئوچۇق بولغان ۋە ئۆزى توغرىسىدا پىكىر قىلغان چاغدا كۆڭلىگە دەرھال، مەن نېمىشقا يارىتىلدىم؟ مېنى يارىتىشتىن غايە نېمە؟ دېگەن سوئال كېلىدۇ.

بۇ سوئال پەيلاسوپلارنىڭ تەكشۇرۇش، ئويلاش نوقتىسى بولغان بولسىمۇ ئۇلار بۇنىڭ سىرىنى يېشىپ چىقىشتا ئوخشاش بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. گىرمانىيىلىك "كارت" ئىسىملىك بىر پەيلاسوپنىڭ قارىشىچە پەلسەپىگە دائىر مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى مۇنداق ئۈچ مەسىلە بولۇپ، بىرىنچىسى: بىز نېمىلەرنى تونىيالايمىز؟ ئىككىنچىسى: بىز نېمە ئىش قىلىشىمىز لازىم؟ ئۈچىنچىسى: بىزنىڭ ئۈمىد ئارزۇلىرىمىز نېمىگە باغلانغان دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئان بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ ۋە شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، الله تائالانىڭ ئىنساننى يارىتىشتىكى غايە، نىشان، ئىنسانلارنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشىدۇر. الله تائالا سۈرە زارىياتنىڭ 56 ـ ئايىتىدە: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ دېدى.

الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش دېمەك، الله تائالانىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە بويسۇنۇش بىلەن بىللە، الله ئالدىدا ئۆزىنى خار تۇتۇپ باش ئېگىشتىن ئىبارەت. الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش، الله تائالادىن باشقا يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق مەخلۇققا باش ئەگمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى الله تائالادىن باشقىلىرى بولسا، الله يارىتىپ تەربىيىلىگەن مەخلۇقلاردۇر.

قۇرئان بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان﴾(1).

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، الله دىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر﴾(2).

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن بۇرۇنقى پادىشاھلار ۋە جىنكەشلەردەك يەر يۈزىدە ئۆزىنى چوڭ ۋە ئۈستۈن كۆرۈپ خەلقلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇشى ۋە خالىغان ئىشلارغا بۇيرۇپ خالىغان ئىشلاردىن توسۇشى ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. مۇنداق

---

(1) سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئەنئام 102 ـ ئايەت.

ھەددىدىن ئاشقان زوراۋانلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن باش ئەگكۈچىلەر، بۇلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئىشلىرى، جىنايەتلىرى ۋە زۇلۇملىرىغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ ھەسسە قوشقان بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئىنسانلارنى يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشتىكى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن پادىشاھلارغا قۇل بولۇشىدىن ئازاد قىلىپ پادىشاھلار ۋە باشقىلار باشقىچە بىر ئەۋزەل ماددىدىن يارىتىلغان مەخلۇق، ياخشىلىق ـ يامانلىق بۇلارنىڭ قولىدا دەيدىغان خىيالنى خەلقنىڭ ئېڭىدىن يۇلۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سىلەر الله دىن باشقا سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ » دېگىن﴾[1].

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقىنىڭلار (يەنى بۇتلار) سىلەرگە رىزىق بېرىشكە قادىر ئەمەس، رىزىقنى الله نىڭ دەرگاھىدىن تەلەپ قىلىڭلار (رىزىق بېرىشكە پەقەت الله نىڭ ئۆزى قادىردۇر)﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ھەر ۋاقىت ئىنسانلارنى يالغۇز الله تائالاغا بويسۇنۇشقا ۋە الله تائالادىن باشقىسىغا باش ئەگمەسلىككە چاقىرىش ئۈچۈن كۆپ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[3].

ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەسلىكى ئۇلارنىڭ بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئۆزىدەك ئادەم بالىسى ئىچىدىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ باشقا خەلقلەرنى خارلاپ، قۇل قىلىپ بىر ـ بىرىنى بوغۇزلىتىپ، ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان دۈشمەن گۇرۇھلار قىلىپ پارچىلاپ ۋەيران قىلىدىغان زوراۋان ھوقۇق ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىپ شەرتسىز باش ئېگىپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇم ۋە ناھەق قىلىقلىرىغا قول ـ چۇماق بولۇۋاتقىنىنى كۆرىمىز. بۇ سەۋەبتىن الله تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى قايسى مىللەت، قايسى جىنس ۋە قايسى رەڭدىن بولسۇن ھەممىنى يالغۇز الله تائالاغىلا ئىتائەت قىلىشقا يۈزلىنىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىنا غا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى

---

[1] سۈرە مائىدە 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەنكەبۇت 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى الله غا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (الله نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرسىلەر﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: الله تائالا سىلەرگە ئاسمان، زېمىن ۋە جىمىي مەخلۇقنى يارىتىشتەك الله تائالانىڭ تەڭدىشى يوق يالغۇز ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان روشەن دەلىل ۋە ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى. ئەمدى سىلەر يالغۇز الله تائالاغا بويسۇنۇڭلار، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشتا الله تائالاغا باشقىسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. الله تائالانىڭ دىنىغا پەيغەمبەرنىڭ يولىغا خىلاپ ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ ناھەق يولىنى قوللاپ ياردەملەشمەڭلار ۋە الله تائالاغا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلماڭلار. ئۇ چاغدا الله سىلەرنى كەچۈرمەيدۇ، دېمەكتۇر.

## ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا قىلىش كېرەك بولىدىغان ئىشلار

الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسى باش ئېگىشتىنلا ئىبارەتمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئىبادەت قىلىشقا كېرەكلىك بولغان (ئىبادەتنىڭ ئەمەلي ئىپادىسى بولغان) بىر بۆلۈك ئىشلارنى كۆرسەتتى. ئۇ بولسا، الله غا شۈكرى قىلىش، الله غا ئۆزىنى تاپشۇرۇش (تەۋەككۇل قىلىش). ھەر ياخشى ئىشنى يالغۇز الله ئۈچۈن قىلىش (ئىخلاس) الله غا دۇئا قىلىش (پۈتۈن ھاجەتلىرىگە الله نى چاقىرىش) لاردىن ئىبارەت.

ئىنسانلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم بولغان بۇ ئىشلارنى قۇرئان ئىبادەت، دەپ كۆرسەتتى. قۇرئاننىڭ بۇ ئىشلارغا چاقىرىشىنىڭ نۇرى بىلەن بۇلارنى ئوتتۇرىدا قويۇپ شەرھلەيمىز.

## ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىش ۋە ئۇنىڭ بەندىلەرنى بەختكە ئىگە قىلىشتىكى تەسىرى

ئۆلىمالارنىڭ بايان قىلىشىچە شۈكرى دېگەنلىك، بەندىنىڭ الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى، تىلى بىلەن ياخشى سۈپەتلەش ۋە ئېتىراف قىلىش، دىلى بىلەن الله تائالانىڭ نېمىتىنى تونۇش ۋە الله تائالاغا مۇھەببەت باغلاش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەش دېمەكتۇر.

دېمەك، تىلى الله تائالانى ياخشى سۈپەتلەش ۋە نېمىتىگە ئىقرار قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان، قەلبى الله تائالانىڭ نېمىتىنى قەدىرلەپ الله تائالاغا بولغان مۇھەببەتكە توشقان، بېرىلگەن نېمەتلەرنى الله تائالانىڭ ئىلتىپاتى - مەرھەمىتى دەپ تونىغان ۋە پۇت - قول ئەزاسى ۋە مال - مۈلكى بىلەن الله تائالاغا تەسلىم بولۇپ الله تائالاغا بويسۇنغان كىشى الله تائالاغا شۈكرى قىلغۇچى بولىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 21 ــ 22 - ئايەتلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن شۈكرى قىلىش قۇرئان كەرىم تەكلىپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار﴾[1].

شۈكرى دېگەن سۆز قىسقا ئەمما كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەردىن بولۇپ، بارلىق ياخشىلىقلارنى ۋە ئىنسانىنىڭ يۈرىكى، تىلى، پۇت، قول ئەزالىرى ياخشىلىنىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالانى سۆيمەيدىغان ۋە ئۆزىدىكى نېمەتلەرنى الله تائالانىڭ ئىلتىپاتىدىن ۋە ياخشىلىقىدىن كەلگەن دەپ قەلبىدە تونۇمىغان ئادەم شۈكرى قىلغۇچى ئەمەس. ياراتقان ئىگىسىنى تىلى بىلەن ياخشى سۈپەتلىمەيدىغان، ئورۇنسىز ۋە پايدىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىمەنە سۆزلەرنى سۆزلەپ يۈرگەن ئادەم شۈكرى قىلغۇچى ئەمەس. الله تائالا ئىلىم بەرگەن لېكىن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتمىگەن ئادەم شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس. الله تائالا پۇل ـ بايلىق بېرىپ ئۇنى الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش يولىدا چىقىم قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلغان ياكى گۇناھ ئىشلارغا خەجلىگەن ئادەم شۈكۈر قىلغۇچى ئەمەس.

شۇڭا الله تائالا كۆپ ئايەتلەردە ئىنسانلارنى شۈكرى قىلغۇچى بولۇش دېگەن ئەخلاق بىلەن ئادەتلىنىشكە چاقىردى.

مەسىلەن الله تائالا بۇ توغرىدا: ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: «ئەگەر سەن اللەغا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز اللەغا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن» دەپ ۋەھى قىلىندى﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شۈكۈر ۋەزىپىسىنى ئۇبدان ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. اللە ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾[3].

شۇنىڭدەك الله تائالا شۈكرى قىلغۇچىلارغا ئىلتىپات قىلىپ ئۇلارنى ئازابلىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئەگەر الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، الله سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟﴾[4].

الله تائالا شۈكرى قىلغۇچىلارغا دۇنيادا نېمەتنى بارغانچە كۆپەيتىپ بېرىشكە ۋە ئۇنى ئاسراپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە

---

(1) سۈرە بەقەرە 172 ـ ئايەت.
(2) سۈرە زۇمەر 66 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نەھل 121 ــ 122 ـ ئايەتلەر.
(4) سۈرە نىسا 147 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، ناھايىتىمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾[1].

## ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش

ياراتقۇچى پەرۋەردىگارغا شۈكرى قىلىش ئىنسانغا لازىمدۇر. ئەگەر ئىنسان شۈكرى قىلمىسا الله تائالانىڭ نېمىتىگە كۆز يۇمۇشىنىڭ ئەڭ قەبىھراقىنى ئىشلىگەن بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بىز ھەمىشە ياخشىلىق قىلغۇچىغا خۇرسەنلىك بىلدۈرمەي ئەكسىچە ياخشىلىقنى تونۇمىغان ئادەمنى ئەيىبلايمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولغان ئىكەن پۈتۈن نېمەتنىڭ مەنبەسى بولغان ياراتقۇچى الله تائالاغا شۈكرى قىلمىغان ئادەمگە نېمە دەپ قارايسىز؟

الله تائالاغا شۈكرى قىلماي (نېمەتنى قەدىرلەپ، الله تائالاغا بويسۇنماي) تۇرۇپ الله تائالاغا يېقىنلاشقان بەندىلىرىدىن بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا بىر قانچە ئايەتتە مۇشۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[2].

يەنە سۈرە ياسىننىڭ 33، 34 ۋە 35 ـ ئايەتلىرىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتى كاملەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟﴾.

يەنە سۈرە جاسىيەنىڭ 12 ـ ئايىتىدە الله تائالا: ﴿الله نىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ الله نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (الله غا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾ دېدى.

يەنە سۈرە قەسەسنىڭ 71 ، 72 ۋە 73 ـ ئايەتلىرىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر الله كېچىنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە ئۇزۇن سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە يورۇقلۇق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، سىلەر ئاڭلىمامسىلەر؟» دېگىن. «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر الله كۈندۈزنى سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگىچە سوزىدىغان بولسا، الله دىن بۆلەك قايسى ئىلاھ سىلەرگە ئارام

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 78 ـ ئايەت.

ئېلىشىڭلار ئۈچۈن كېچىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ؟ سىلەر كۆرمەمسىلەر؟» دېگىن. سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) اللە نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى اللە نىڭ رەھمىتىدىندۇر﴾. لېكىن ئىنسانلار شۇنچە كۆپ نېمەتكە ناھايىتى ئاز شۈكرى قىلىدۇ.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، اللە ئىنسانلارغا مەرھەمەتلىكتۇر (چۈنكى ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى كېچىكتۈردى)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمايدۇ﴾[1] بەندىلەرنىڭ شۈكرى قىلغىنىنىڭ پايدىسى اللە تائالاغا بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ شۈكرى قىلغىنىدىن اللە تائالا ھېچقانداق پايدا ئالمايدۇ. اللە تائالانىڭ نېمىتىگە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىنكارىنىڭ اللە تائالاغا بىرمۇ زىيىنى بولمايدۇ. شۈكرىنىڭ پايدىسى شۈكرى قىلغۇچىغا ئائىتتۇر. چۈنكى شۈكرى قىلىش ئۇ كىشىنىڭ روھىنى پاكلايدۇ. اللە تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى ۋە نېمەتلىرىنى شەرىئەت كۆرسەتكەن يولى بىلەن خەجلەشتىن ئىبارەت ياخشى تەرەپكە يۈزلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا: ﴿بىز لوقمانغا ھەقىقەتەن ھېكمەت ئاتا قىلدۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «اللە غا شۈكۈر قىلغىن، كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ، كىمكى كۇفرىلىق قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، اللە (بەندىلەردىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر»﴾[2] دەيدۇ.

ئەمما اللە تائالانىڭ نېمىتىگە ئىنكار قىلىش (نېمىتىنى قەدىرلىمەي يولسىز سەرپ قىلىش) نېمەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. نېمەتنى تونىمىغان ئادەم ئۇنى كۆزىگە ئىلماي پايدىسىز ئىشلارغا تۆگىتىدۇ. اللە بەرگەن تەن سالامەتلىك كۆڭۈل ئامانلىق نېمەتلىرىنىمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلاشتۇرىدۇ. اللە تائالا سىزىپ بەرگەن يولدىن باشقا يول بىلەن مېڭىپ اللە تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇپ رەھمىتىدىن يىراقلىشىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ مەھكۇم بولۇپ خاراب بولىشىمۇ، شۇ مىللەتنىڭ اللە نىڭ بەرگەن نېمىتىنى تونۇمىغىنى ۋە شۈكرى قىلمىغىنى سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قۇرئان خەۋەر قىلىدۇ.

اللە تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دېدى: ﴿اللە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ ـ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) اللەنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، اللە ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى﴾[3].

---

[1] سۈرە يۇنۇس 60 ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان 12 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 112 ـ ئايەت.

قۇرئان سەبەئ دېگەن يۇرتنىڭ ئادەملىرىنىڭ ۋەقەسىنى ۋە ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ نېمىتىنى تونىمىغانلىقى سەۋەبىدىن چۈشكەن ئازاب ۋەيرانچىلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (اللہ نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) بەلەن جايدۇر، (سىلەرگە رىزىق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغۇچىنى) مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر. ئۇلار (شۈكۈردىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز ـ تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق. ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز﴾[1].

دېمەك شۈكرى قىلىش، يەنى نېمەتنى اللہ تائالا بەردى دەپ تونۇپ قەدرىلەپ، اللہ تائالا رازى بولىدىغان يول بىلەن ئىشلىتىش، مىللەتلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەبىدۇر. شۈكرىدىن يۈز ئۆرۈش ۋەيرانچىلىقتىن باشقا بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. كاشكى مىللەتلەر شۈكرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار تەلەپ قىلغان ئىنسان ھاياتىنى ۋە بەختنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى. لېكىن كۆپ كىشىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر قالغۇچىدۇر.

## ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ ئۆزىنى تاپشۇرۇش ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلىشتىكى تەسىرى

پەن ـ مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، راھەتكە چىقىرىش جەھەتتىن نىشانىغا يەتتى. لېكىن ئىنسانلارغا كۆڭۈل ئاراملىقى ئېلىپ كېلىشتىن ئاجىز كەلدى. ئىنسانلاردا ھەرخىل قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق داۋام قىلماقتا. يەنە كەلگۈسىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىش، ھاياتتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتىن ئەندىشە قىلىش، تەن ساقلىقىنىڭ يوقىلىشىدىن قورقۇش ۋە باشقا غەم ـ ئەندىشىلەر ئىنسانلارغا قىلغۇلۇقىنى قىلىۋاتىدۇ. يېڭى پىسخولوگىيە جەھەتتىن داۋالاش ئىلمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، يوقۇملۇق ئۇششۇك كېسىلىدىن نوقرەسى (رېماتىزىم) غىچە بولغان ئۈزۈن داۋام قىلىدىغان كېسەللەرنىڭ سەۋەبى كۆپىنچە بەدەن جاپاسىدىن ئەمەس بەلكى روھىي جاپا ـ مۇشەققەت سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. دېمەك كۆپ كىشىلەرگە پەيدا بولغان ساقسىزلىق ئادەمدە چوڭقۇر ئورنىشىۋالغان مەخپىي قورقۇنچلارنىڭ نەتىجىسىدۇر.

---

[1] سۈرە سەبەئ 15 ــ 17 ـ ئايەتكىچە.

ئىسلامدا قورقۇنچنى تۇگىتىدىغان روھىي سەۋەب بار. ئۇ بولسا الله تائالاغا ئىشەنچ قىلىش، ھەممە ئىشلىرىنى الله غا تاپشۇرۇش ۋە الله تائالانىڭ بۇيرىغان، توسقانلىرىغا رىئايە قىلىش (ئىبادەت قىلىش) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبنى بىلىش الله غا خاستۇر، ھەممە ئىش الله غا قايتۇرۇلىدۇ، الله غا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله غا تاپشۇرغىن)﴾[1].

الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش الله تائالاغا ئىشەنگەنىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. ھاياتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلىش الله تائالانىڭ ئىلكىدە، پايدا ۋە زىيان الله تائالانىڭ ئىلكىدە دەپ ئىشەنگەن ئادەم الله بۇيرىغان سەۋەبنى قىلىش بىلەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى الله تائالاغا تاپشۇرىدۇ ۋە الله تائالانىڭ خالىغىنىغا رازى بولىدۇ. كەلگۈسىدە نېمە بولار دەپ ئەنسىرمەيدۇ. تويۇقسىز كېلىدىغان مەخپىي ھادىسىلەردىن ئەندىشە قىلمايدۇ. قورقۇشنىڭ ئورنىغا الله تائالا ئادىللىقى بىلەن ئىش قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ، دەپ تۇنۇپ خاتىرجەم تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى الله تائالا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى قارارلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر الله نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، الله غا تەۋەككۇل قىلىڭلار﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۆمىنلەر الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن﴾[3].

ئىسلام الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارغا خوش خەۋەر قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا الله تائالادىن ئىلتىپات ۋە بەرىكەتلەر كېلىشىگە ۋەدە قىلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ، بۇ ئايەت مۆمىنلارنىڭ قەلبىدە قورقۇنچنى يوقىتىپ روھىي قۇۋۋەت بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورقۇنچ ۋە بىئاراملىقلارنى يېڭىپ كېتىدۇ. ئايەت بولسا، الله تائالانىڭ: ﴿(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر﴾[4] سۆزىدۇر.

الله تائالا تەۋەككۇل قىلغان كىشىگە ياردەم بېرىشنى ۋە قوۋۋەتلەشنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى الله غا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾[5] ئىنسانلار ئىچىدە الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشقا باشقىلاردىن بەكرەك موھتاج كىشىلەر بار. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، سۆز ـ ھەرىكىتى ۋە ئەخلاقىنى تۈزۈشكە تىرىشىدىغان ۋە خىزمەت قىلىدىغانلار بولۇپ بۇلار بۇ خىزمىتى يولىدا ھەمىشە تىكەنگە دەسسەپ ماڭىدۇ. ئېغىر جاپا ۋە ئازار كۈلپەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھىممىتى بوشاپ قالماسلىقى

---

[1] سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەغابۇن 13 ـ ئايەت
[4] سۈرە شۇرا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە تالاق 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن الله تائالا بۇلارغا ھەممە ئىشنى الله تائالاغا تاپشۇرۇشنى تەلىم بېرىدۇ. ھەم الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئەگىششكە بۇيرۇيدۇ. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿«ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن﴾[1].

بۇ يەردە ئادەمنىڭ خىيالىغا تېزلا كېلىدىغان بىر گۇمان بار. ئۇ بولسا، تەۋەككۇلچىلىك ئادەمنىڭ ئىشلەش ھىممىتىنى بوشاشتۇرۇپ ھورۇن قىلىپ قويىدۇ، دېگەن گۇماندۇر. بۇ گۇمانىنى قۇرئان بۇ ئايەتتە يوقىتىپ تاشلايدۇ. قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله غا تەۋەككۇل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

بۇ ئايەتنىڭ دالالىتىدىن قارىغاندا بىر ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشتىن بۇرۇن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققىدە ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش لازىم. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن يولغا مىڭىشقا يېتىلمەس ئىرادە بىلەن قەدەم تاشلاش لازىم. ئاندىن كېيىن غەلىبىگە يېتىش ئۇچۇن اللەغا ئىشەنچ باغلاپ ئۆزىنى اللەغا تاپشۇرۇش لازىم.

دېمەك، تەۋەككۇل قىلىش ئىسلامدا قورقۇنچ ۋە بىئاراملىقنى يېڭىش ئۇچۇن روھىي ئوزۇقتۇر. مومىن ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق سائەتلىرىدە چىراغ بولىدىغان ۋە يەر يۈزىدە نۇرغۇن ئىنسانلار يېتىشەلمىگەن كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى مومىنغا بېرىدىغان نەرسە تەۋەككۇل قىلىشتۇر.

## ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئىخلاسنىڭ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى يۇقىرى مەرتىبىگە كۆتۈرۈشى

الله تائالاغا ئىخلاس قىلىش دېگەنلىك، ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى رىيا ئارىلاشتۇرماي پاك سۆزۈك نىيەت بىلەن قىلىپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، مەيلى ئىبادەت بولسۇن، مەيلى باشقا ئىشلار بولسۇن، بۇنىڭ بىلەن الله جامالىنى ۋە رىزاسىنى مەقسەت قىلىش دېمەكتۇر.

ئىخلاس ئىنساننى ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ يۇقىرى مەرتىبىسىگە كۆتۈرىدىغان روھىي خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىدۇ. ئىسلامدىكى ئىخلاس ئىنساندىكى رىيا ۋە شەخسىي غەرەزلەرنى

---

[1] سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يوقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىخلاسنى ئورنىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئىخلاسقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئۇنى ئىبادەت بىلەن بىر قاتاردا كەلتۈردى. اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللّٰه غا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللّٰه غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[1].

يەنە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا اللّٰه غا ئىبادەت قىلغىن﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى ھەممە كىشىدىن بۇرۇن سوراق قىلىنىدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، بىرىنچىسى: اللّٰه ئىلىم بەرگەن ئادەمدۇر. اللّٰه ئۇنىڭدىن ”بىلگەن ئىلمىڭ بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟“ دەپ سورايدۇ. ئىلىم ئىگىسى بولغان بەندە جاۋاب بېرىپ: ”ئى رەببىم! ئىلىمنى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا ئەمەلگە ئاشۇردۇم“ دەيدۇ. اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: سەن يالغان ئېيتتىڭ، دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ يالغان سۆزلىدىڭ، دەيدۇ. اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: سەن ”پۈلانى ئالىم“ دەپ ئاتىلىپ شۆھرەت قازىنىشنى مەقسەت قىلدىڭ، خەلقلەر تەرىپىدىن شۇنداق دېيىلىپ بولدۇڭ، دەيدۇ. ئىككىنچىسى: اللّٰه تائالا پۇل ـ مال بەرگەن باي ئادەم بولۇپ، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: ”مەن ساڭا كۆپ نېمەت بەردىم، بۇ نېمەت بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ“ دەپ سورايدۇ. ئۇ باي: ”ئى رەببىم! كېچىلەردە، كۈندۈزلەردە مېلىمنى سەدىقە قىلدىم“ دەيدۇ. اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ: ”يالغان ئېيتتىڭ“ دەيدۇ. اللّٰه ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: (سەن مال ـ مۈلكىڭنى) مەن ئۈچۈن سەدىقە قىلمىدىڭ، سەن ”پالانى باي سېخى كىشى“ دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن سەدىقە قىلدىڭ، سەن شۇنداق دېيىلدىڭ، دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بولۇپ، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا: خەلقلەر سېنى شىجائەتلىك پەلۋان ئىكەن، دېسۇن دەپ جىھاد قىلدىڭ، سەن شۇنداق دېيىلدىڭ، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇھۇرەيرىگە: «ئى ئەبۇھۇرەيرە! يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئادەملەر قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتى ئەڭ دەسلەپتە كۆيدۈرىدىغان ئادەملەردۇر» دېگەن.

يالغۇز اللّٰه تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىنىدىغان ئىشلارغا ئەۋۋەل نىيەت ۋە ئىرادە لازىم بولىدىغان بولغاچقا، ئىسلام دىنى نىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ نىيەتنى مۆمىن ئادەمنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئوق قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئەمەللەر ھەقىقەتەن نىيەتكە باغلىقتۇر. شۇنداقلا ھەر قانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت[3] قىلغان بولسا، ئۇ

---

[1] سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ھىجرەتنىڭ مەنىسى يۆتكۈلۈش ياكى كۆچۈش بولۇپ ئۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، كاپىر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا كۆچۈش. ئىككىنچىسى، گۇناھ ئىشتىن ياخشى ئىشقا يۆتكۈلۈش. ئۈچىنچىسى، گۇناھىغا پەرۋا قىلمايدىغان يامان كىشىلەردىن قېچىش.

ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ». (بۇ ھەدىسنى ئىمامى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى).

ياخشى نىيەت ئىنساننى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئالاھىدە بىر ئادەم قىلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيە ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر. ئىسلام نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىنىغان ئىشلارنىڭ قوبۇل بولۇشىدا بىر ئۇل ئاساس قىلدى. ئىسلام بۇنى گېرمانىيىلىك ئەخلاق پەيلاسوپى ‹‹ئەمانۇئىل كانت›› ئىسمىلىك ئالىمنىڭ ‹‹ياخشى نىيەت ئەخلاقتا ھەممىنىڭ ھەممىسىدۇر›› دېگەن سۆزىنى ئېلان قىلىشىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن ئېلان قىلىش بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېگىدۇر.

ئىسلامدا ياخشىلىق پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن ۋە الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئىشلەنسە ئاندىن ياخشىلىق بولىدۇ. ياخشى ئىش پەقەت الله نىڭ ئەمرى بويىچە بولۇش بىلەن نۇرلانغاندىلا ياخشى ئىش بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇشۇ يول ئادەملەرنى ۋە ئىشلارنى باھالاشتا ئەڭ توغرا ۋە ياخشى يولدۇر. بۇ يول ئەھۋاللارنى ئوڭشايدۇ. جەمئىيەتنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ. چۈنكى سۆزلەر ۋە ئىشلار بىرلا غايە ۋە ئالىي ئۆرنەككە باغلىقتۇر. ئۇ بولسا الله تائالادۇر. دېمەك مۆمىن ئادەم بىر كىمنى يا بىر نەرسىنى ياخشى كۆرسىمۇ، يامان كۆرسىمۇ، بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسىمۇ الله تائالا ئۈچۈن قىلىدۇ، قىلماس بولسىمۇ الله تائالا ئۈچۈن قىلمايدۇ. الله تائالا پەقەت شەخسكىمۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگىمۇ ياخشى بولغان ئىشقىلا بۇيرۇيدۇ.

## دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى خارەكتىرى

دۇئا ئىبادەتكە كىرەكلىك ئىشلاردىندۇر. چۈنكى، دۇئا ئىنساننى ياراتقۇچى ئىگىسى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان نەرسىدۇر. دۇئا (يەنى الله نى چاقىرىپ، ئىلتىجا) قىلىش ئىنساندا تەبئىي خۇي بولۇپ، ئىنسان قاتتىقچىلىققا دۇچار بولغاندا ئۆزىنىڭ الله تەرىپىگە ئېھتىياق بىلەن يۈزلەنگىننى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاياتنىڭ ھادىسلىرى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا دۇئادىن باشقا يۆلەنچۈك تاپالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرنى دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالا دۇئا قىلىشتىن چوڭلۇق قىلىپ باش تارتقان ئادەم تائالانىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولىدىغان ئىبادەتنى قىلغۇچى، دەپ چۈشەندۈردى.

---

[1] سۈرە غافىر 60 ـ ئايەت.

## دۇئا قىلىش روھىي داۋالىنىشتۇر

دۇئا قىلىش روھىي كېسەللەرنىڭ تولىسىغا روھىي داۋا بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ مۈشكۈللىرىنى ھەل قىلىشىدا ئۆزىدىكى غەم ۋە ھەسرەتنى ئازايتىدىغان بىر كۈيۈمچان دوستىغا ھەقىقىي كۆڭلى بىلەن ئۆلۈشۈپ دەردىنى تۆكۈپ ياردەم سوراشقا موھتاجدۇر. روھىي كېسەل داۋالاش دوختۇرلارنىڭ بايقىشىچە نېرۋىسى ئاجىزلىشىش ،پەي تارتىشىش كېسەللىرى ۋە روھىي دەرد ـ ئەلەملەر كېسەللىرىنىڭ دورىسى ئۆزىنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقىنىڭ ۋە كۆڭۈل پاراكەندىلىكىنىڭ سەۋەبى بولغان ئىشلارنى يېقىن دوستىغا سۆزلەشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇنى دوستىغا دېمەي يوشۇرۇش كېسەلنى زىيادە قىلىدۇ.

ئىچ پۇشۇق ۋە ھەسرەتكە ئۇچرىغان ئادەم ئۆزىنىڭ دەردىنى مېھرىبان ئىگىسى الله غا تۆكسە ۋە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى تىلىسە، ئۆزىدىكى غەم ۋە سىقىلىشنى يەڭگىللىشتۇرىدىغان بىر كۆڭۈل خوشلۇق ۋە دىل ئارامى ھاسىل بولغىنىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى الله غا ئىشىنىش الله نىڭ بەندىگە يېقىنلىقىغا ۋە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىشىغا كامىل ئەقىدە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئان شۇنداق خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن)﴾[1].

## بەندە خۇرسەن بولغان ياكى دەرتكە قالغان ھەر قانداق ھالەتتە دۇئا قىلىشى كېرەك

ئىسلام دىنى مۆمىنلەرگە دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىق كەلگەندە دۇئا قىلغاندەك كۆڭۈل خوش ۋە راھەتلىك ۋاقىتلاردىمۇ دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىسىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشىغا ۋە بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا ۋە قۇللۇقىنىڭ مەنىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ بېشىغا قاتتىقچىلىق كەلگەندە مېھرىبان ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئى ئادىتىدۇر. لېكىن قاچانلا الله تائالا ئۇنىڭدىن قىيىنچىلىقنى يوقىتىپ قۇتقۇزۇپ قويسا، ئىنسان الله تائالانى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭ كۈچىگە مەغرۇرلىنىپ الله تائالا بۇيرىغان ئىشلارنى ئادا قىلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. زېمىن يۈزىدە بۇزۇق ئىشلارنى قىلىپ، جەمئىيەتكە يۇقتۇرىدۇ. مۆمىنلەر بارغانسېرى الله تائالاغا تېنىش ۋە نېمىتىنى تونۇماسلىقتا بېرىپ قالمىسۇن ئۈچۈن الله تائالا ئىنسانلارغا تەدرىجىي يۈز بېرىدىغان ئۇنداق ئەھۋاللارنى ئالدىن چۈشەندۇردى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسانغا نېمەت ئاتا قىلساق (پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، (الله نىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت.

ئەمرىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ) ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە (الله غا يۈزلىنىپ) ئۈزلۈكسىز دۇئا قىلىدۇ﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ، ئولتۇرسىدۇ، تۇرسىدۇ، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرستىلدى﴾[2].

دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىش خەتىرىگە توغرا كېلىپ قالغاندىن كېيىن، الله ئۆز ئىلتىپاتى بىلەن قۇتقۇزۇپ قويغان بەندىلىرىگە قىلغان بۇ ياخشىلىقنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەيەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ. الله ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! بۇزۇقچىلىقىڭلارنىڭ گۇناھى ئۆزەڭلارغا بولىدۇ﴾[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئىنساننى ھالاكەتتىن ياكى بالايى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن الله غا ئاسىيلىق قىلمىغىنى ياخشى. بەلكى الله تائالانىڭ بالادىن قۇتقۇزۇپ قويغىنى ئىنساننىڭ الله تائالاغا داۋاملىق ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

## روھىي ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن دۇئا قىلىش

ئىسلام دىنى مۆمىنلەرنىڭ، الله تائالانىڭ ئىلتىپاتىنى، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئۆزلىرىدىن زىيان ـ زەخمەتنى يوقىتىپ بېرىشنى الله تائالادىن تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، روھىي ئۈستۈنلۈكى، بەدەنىنىڭ زىيانلىق ھەۋەس تىلەكلىرىدىن ساقلىنىشى ۋە كامىللىق دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى يولغا قويغان. شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرگە پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ بەندىلەرنىڭ تىلى بىلەن قىلىنغان دۇئا بىلەن دۇئا

[1] سۈرە فۇسسىلەت 51 ـ ئايەت
[2] سۈرە يۇنۇس 12 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

قىلىشنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)﴾[2]. ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى مۇ) ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) « پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ﴾[4].

يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾[5]. يەنە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋملەر ئىچىدە قىلمىغىن﴾[6].

يەنە مۇنداق دېدى: ﴿(بەنى ئىسرائىل مۇنداق دەيدۇ) پەرۋەردىگارىمىز. زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن﴾[7]

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار :«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن» دېدى﴾[8].

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن)﴾[1].

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 40 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھقاق 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئالى ئىمران 8 ـ ئايەت.
[4] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت.
[6] سۈرە مۇئمىنۇن 94 ـ ئايەت.
[7] سۈرە يۇنۇس 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە كەھف 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە مۇنداق دېدى: ﴿بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ﴾[2].

يۇقىرىقى دۇئالار بىزگە قاتتىقچىلىق زامانلاردا روھىي ئۇستۇنلۇك تىلىشىمىز ئۈچۈن الله تائالا بايان قىلىپ بەرگەن دۇئالارنىڭ بىر بۆلۈكىدۇر.

## دۇئانىڭ پەزىلىتى

دۇئانىڭ ئەۋزەللىكىگە كەلگەن دەلىللەر ناھايىتى كۆپ، بىز بۇنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن "رىدىرىز دايگېست" دېگەن كىشىنىڭ "مۇختا" ژورنىلىغا يازغان "ناماز بىلەن دۇئاغا ئىشەنمەمسەن؟" دېگەن تېما ئاستىدىكى ماقالىسىنى بايان قىلىمىز.

بۇ كىشى پسىخولوگىيە ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەسەرلەر كۆپ يېزىلغان ئۇرۇش "مۆجىزىلىرى" ھەققىدە سۆزلەپ ئۇنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: "الله تائالانىڭ رەھمىتىنى توك كۈچىگە ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن. روھىمىزنى الله تائالاغا دۇئا قىلىشقا ئۇلاشتۇرساق، دۇئا توك كۈچىدىن پايلادىلانغاندەك تەسىرگە ئىگە بولىدۇ ۋە پايدا ئالىدۇ. ئۆزىمىزنى دۇئاغا ئۇلاشتۇرمىساق ھاياتىمىزدا راھەتنىڭ ئەسىرى يوق دېيەلەيمىز. ئەمدى قايسىنى تاللايمىز؟

(رەئادرىست دېگەست ژورنىلى): دۇئانىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە بۈگۈن ھېچقانداق تەرەپتىن رەد قىلىنمايدىغان دەلىللەر كۆپ، دەپ بايان قىلغان. شۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەردىكى: "ئەلەن لەندە بىرىگ" ئىسىملىك بىر ئۇچقۇچى ئاۋىستىرالىيە تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر بومباردىمانچى ئايروپىلاندا ھاۋادا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان بۇزۇلۇپ قېلىپ، دېڭىزگە چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى توققۇز ئادەم بىللە ئۆلۈم گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى". لەندەبىرىگ مۇنداق دەيدۇ: "دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاندىن چىقىپ ئۇنىڭ ئىككى دانە رىزىنكە چاقىغا مىنىۋالدۇق، بۇنىمۇ قىلالمىغىلى تاس قالدۇق. بىزدە نە بىر چىشلەم نان يا بىر يۇتۇم سۇ يوق ئىدى. ھەممىمىز قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالدۇق. ھەم بىئارام بولدۇق. يالغۇز ئارقىدا تۇرۇپ توپ ئاتقۇچى ئەسكەر "چاۋۇش ئالبەرت" دەرھال الله تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ: الله تائالا بىزنىڭ ئاھ ـ نالىمىزنى دەرھال ئاڭلايدۇ. بىزگە ياردەم قىلىدۇ، دېگەن سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ كەتتۇق. بۇ ئون نەپەر ئادەم كۈنىنىڭ قىزىقلىقىدا ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەن، كالپۇكلىرى يېرىلىپ، تىللىرى ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، توپچى چاۋۇش ئالبەرت بىلەن بىللە تەسبىھ تەھلىل ئېيتىشىدىنمۇ ئاجىز كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۇئا قىلىشىپ بەردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەچ بولغاندا كىچىك بىر قورۇقلۇق

---

(1) سۈرە تاھا 25 ـ ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەت.

ئارالنىڭ ئالامىتى كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار خىيالىغا كەچمىگەن نەرسىلەرنى كۆزلىرى بىلەن كۆردى. يەنى بۇلارنىڭ قېشىغا ئۈچ دانە قېيىق كېمە كەلدى. ئۇنىڭدا قىپ يالىڭاچ ئادەملەر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ قۇتقۇزۇۋالغىلى ئاۋستىرالىيەدىن كەلگەن يەرلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مەلۇم بولدى. بۇلار قارا تەنلىك، چاچلىرى چوۋۇق بىلىقچىلار ئىكەن. شەھەر ئىچىدىن چىقىپ بىر قانچە يۈز كىلومېتىر يۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. بۇلار لەندە بىرەككە (ئايرۇپىلان ھەيدىگۈچىگە) ”بىز تۇنۇگۈن تۇتقان بىلىقىمىزنى ئېلىپ، يۇرتقا قايتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدۇق. لېكىن تۇيۇقسىزلا بۇ ئەھمىيەتسىز قىرغاقتا كېلىشىگە كۆڭلىمىز قىزىقىپ قالغانلىقىنى سەزدۇق، ئاندىن بۇ يەردە سىلەرنى كۆردۇق“ دېگەن.

مانا بۇ ھالاكەت قىرغىقىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەمدىن قۇتقۇزىدىغان قورقۇنچىنى يوقىتىدىغان، كۆڭۈلنى ئارامىغا كەلتۈرىدىغان دۇئانىڭ پايدىسى، ”كارىل“ دېگەن كىشىنىڭ ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ ۋە كامىللىقىمىزنىڭ چوڭقۇر بۇلىقى، بۇ ئىككىسىنى كىشىلەر ياخشىلىماي تاشلاپ قويۇپ ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولۇشتى، دېگەن سۆزى ناھايىتى توغرا بولدى.

# ئون ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ئەخلاق

پەزىلەتلىك ياخشى ئەخلاق بولسا، روھنى تۈزەش ۋە پاكلاشتىن، ياخشىلىق قىلىش، گۇناھدىن ساقلىنىش، ھەق يولدا چىداپ چىڭ تۇرۇش، ئەپۇ قىلىش، راستچىللىق ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى، خەلق ئارىسىنى ياخشىلاش، ياردەملىشىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، ياخشى گەپ قىلىش، ياخشىلار بىلەن بىللە ياشاش ۋە كىشىنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت بىلەن سالام قىلىپ كىرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ناچار ئەخلاق بولسا، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش، ئۆزىنى چوڭ كۆرۈش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زىنا، يالغانچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىش، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش، كىشىدىن يامان گۇمان قىلىش، جاسۇسلۇق، غەيۋەت، غەزەپلىنىش، ئىچى يامانلىق (ھەسەت) پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىش ۋە تاماقتا ھېرىس بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ئەخلاقنىڭ غايىسى

ئەخلاق ئىلمى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تەكشۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئىشلاردا مەقسەت قىلىشتا تېگىشلىك غايىنى ئىزاھلايدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئەخلاق مىللەتلەر مەۋجۇتلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ئۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكشۈرگۈچىلەر ۋە پەيلاسوپلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە: ئەخلاق ھەر شەخسنىڭ مەنپەئەتى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

شەخسلەر ئەگەر يالغانچى، رىياكار، ھەسەتخور، بەد قىلىق، ھىلىگەر بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق ۋە قىلغان ئىشلىرى بۇزۇق بولغاندەك، بۇنداق ناچار ئەخلاقلارنىڭ جەمئىيەتتىكى شەخسلەرگە كېڭىيىشى پۈتۈن جەمئىيەتنى بۇزىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار جامائىتىنى ھەر جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشكە تىرىشىدىغان قانۇنچىلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ بىرىنچى كۆڭۈل بۆلگەن ئىشى خەلقنى پەزىلەتلىك ئەخلاققا دەۋەت قىلىش بولۇپ كەلگەن. چۈنكى، گۈزەل ئەخلاق ھەر بىر ساغلام جەمئىيەتنىڭ قورۇلۇشىنىڭ بىرىنچى ئاساسىدۇر. ”شاتۇ بەديان“ ئىسىملىك ئالىمنىڭ ”ئەخلاق ھەر جەمئىيەتنىڭ ئۇل ئاساسىدۇر“ دېگەن سۆزى ھەرگىز مۇبالىغە ئەمەستۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ياخشى ئەخلاقىقا دەۋەت قىلىش بولدى. قۇرئانمۇ ياخشى ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇشنى تىخىمۇ كۈچەيتكەن ھالدا كەلدى. چۈنكى ئۇ ئاخىرەت نېمىتىگە يېتىشنى قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسىدۇر.

## ئىسلامغا قارشى بىر ئويدۇرما

ئىسلام دىنىنىڭ بەزى دۈشمەنلىرى ئىسلامغا قاتتىق تەنە قىلماقچى بولۇپ، راست ئەمەلىيەتلەرنى بورمىلاپ ئاجايىپ قەبىھ سۆزلەرنى توقۇدى. ”ھەقىقىي دىننى ئىزدەش“ دېگەن كىتاب دىنىي تەلىمات توغرىسىدا سۆزلەنگەن لېكسىيەلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، كىتابنىڭ ئاپتورى ”مىنسيونىر كولى“ ئىسلامنى قەبىھ سۈپەت بىلەن تونۇشتۇرۇپ، ئىسلامنى ئەخلاقتىن خالىي بىر دىن، دەپ گۇمان قىلدى.

بۇ تەنقىدنىڭ يالغان ۋە ئويدۇرما ئىكەنلىكى ئەخلاق ھەققىدىكى قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئوچۇق كۆرىنىدۇ. قۇرئاندىكى ئەخلاقىقا چاقىرىدىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەت بۇ ئويدىرمىنى قەتئىي رەد قىلىدۇ.

لېكىن بىز قۇرئاننىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇردا قويۇشتىن بۇرۇن يۇقىرىقىدەك ئىسلامغا ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا دوكتور ”جوستاف لوبۇن“ نىڭ بۇ سۆزىنى تەقدىم قىلىمىز: ”ئەخلاقنىڭ قۇرئاندىكى ئەسلى ھۆججەتلىرى باشقا ھەممە دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن پۈتۈن ھۆججەتلەردىن ئالىيدۇر“.

دوكتور جوستاف لوبۇننىڭ قۇرئان ئەخلاقى ھەققىدىكى گۇۋاھلىقىنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى بار. دوكتور بۇ گۇۋاھلىقنى بىرەر يول ۋە پرىنسىپنى ياخشى كۆرۈپ، ياكى بىرەرسىنى يامان كۆرۈپ ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلمىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەرگەن راست گۇۋاھلىقىدۇر.

دوكتور بۇ سۆزىنى قۇرئاننى تولۇق مۇلاھىزە قىلىپ قۇرئاندىكى ئەخلاقتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن سۆزلىگەن. جوستاف لوبۇننىڭ ھەممە دىننى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەنلىكى مەخپىي ئەمەس. بۇ كىشى جەمئىيەت ئىلمىدە ھۆججەتتۇر. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بۇ ساھەدە ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار.

ئەمدى بىز كىتاب ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئاننىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى تەقدىم قىلىمىز. ئەۋۋەل باشلاپ قۇرئان چاقىرغان ياخشى، ئەۋزەل ئەخلاقلارنى، ئاندىن كېيىن قۇرئان توسقان پەسكەش ئەخلاقلارنى ئوتتۇردا قويىمىز. بىزنىڭ بۇنىڭدىن غايىمىز پەقەت تەرەپدارلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە خىزمەت قىلىشتۇر ۋە ئىنسانلىقىدا قېرىندىشىمىز بولغان پۈتۈن كىشىلەرنى ھاياتىدا بەختكە يەتكۈزىدىغان كېرەكلىك تەلىماتلارغا باشلاشتۇر.

قۇرئان ھەممە كىشىنى چاقىرغان ئەۋزەل ئەخلاقلار بولسا، ئىنسانغا لايىق ھەقىقىي پەزىلەتلىك بولۇپ، پەيلاسوپلار ۋە ئالىم خەلقىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ياخشىلىنىشىغا چاقىرغۇچى ئالىملار بىردەك چاقىرغان، ئەگەر خەلقلەر شۇ پەزىلەتلەرگە ئەمەل قىلسا، ھەممىسى بۈگۈنكى تىنچسىز دۇنيا ئۈچۈن چوڭ ياخشىلىق ھاسىل قىلىدىغان ئەخلاقتۇر.

قۇرئان ئىنسانلارنى توسقان پەسكەش ناچار ئەخلاقلار بولسا، خەلق ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش، ئاداۋەتلىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئەخلاقلار بولۇپ، بۇ ئەخلاقلارنىڭ ناچار ۋە زىيانلىق ئىكەنلىكىدە ئىنسانىيەتكە خالىس ياخشىلىق تەلەپ قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى شەك قىلمايدۇ.

## ئەقىدىدە، سۆزدە، ھەرىكەتتە توغرا بولۇش، روھى ھالەتنى تۈزەش ۋە تازىلاش

ئىنسان بۇ ھاياتىدا ياخشىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە يامانلىقنىڭ سەۋەبلىرى بولغان قارىمۇ قارشى ئىككى نەرسە ئارىسىدا ياشايدۇ. تولاراق ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ئىچكى تۈرتكە، ياكى تاشقى تەسىر قىلغۇچى سەۋەبىدىن بېرىلىپ كېتىدۇ.

”دىن“ نىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى، ئىنسانغا يامانلىقنىڭ زىيانلىرىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلدۇرۇش بىلەن ئىنساننى يامان ئاقىۋەتتىن ساقلاش، يامان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قالغانلارنى الله تائالا بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەن يولغا ئەگىشىپ ھەممە ئىشتا توغرا بولۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

ھەمدە تۈز ۋە توغرا بولۇش ئەدەبلىك تەرەققىي قىلىشنىڭ كۈچلۈك سەۋەبىدۇر. قايسى بىر مىللەت توغرا ـ دۇرۇس بولۇشقا يۈزلەنسە ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ. جەمئىيەت كىشىلىرى ئارىسىدا تىنچلىق ئورنىتىلىدۇ.

ئىنساندا تۈز، توغرا ـ دۇرۇس بولۇشقا قىزىقىش بولمىسا، ئۇ ئىنساننىڭ ياخشىلىققا يۈزلىنىشى ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلارغا چۆمۈپ كېتىشى ئاسان بولىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ توغرا بولۇشقا مەخسۇس ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسلام ھەر ئىشتا توغرا بولغانلارغا دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ياخشى ساۋاب، كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلىش بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى توغرىلىققا قىزىقىدىغان ۋە ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئۇسلۇب بىلەن چاقىردى.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

الله تائالا. الله تائالاغىلا ئىشىنىپ توغرا يولدا ماڭغانلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿«پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾[2] يەنى ئۇلارغا

---

[1] سۈرە فۇسسىلەت 30 ـــ 31 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەھقاف 13 ـ ئايەت.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن قورقۇش يوق. ھەم ئۇلاردا ئۆلگەندىن كېيىن دۇنيادا قالغان بالا ـ چاقا، پۇل ـ ماللىرىغا ھەسرەتلىنىش يوق.

بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نەسىھەت قىلسىلا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى قىسقا مەزمۇنلۇق سۆز بىلەن جاۋاب بېرىپ: "اللە غا ئىشەندىم، دېگىن، ئاندىن كېيىن توپتوغرا يولدا ماڭغىن» دېدى. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

## ئۆزىنى تۈزەش

توغرا يولدا مېڭىش بىلەن بىرلىشىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. چۈنكى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىۋالماي، يامان ئەقىدە ۋە يامان ئىشلار بىلەن داۋام قىلىش، شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە ئېغىر يامان ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ئۆزىنى تۈزىۋالغان كىشىلەرگە مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە رازى بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

اللە تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆزىنى تۈزۈتۈۋېلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾[2].

## روھنى پاكلاش

تۈز ۋە توغرا ـ دۇرۇس بولۇش بىلەن بىر رەتكە تىزىلىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى پاكىزلىشىدۇر. قۇرئان بۇنى "نەپسىنى پاكىزلاش" دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ مەنىسى: ئىنساننىڭ كىرلاردىن پاكىزە بولۇشتىن، ئۆزىگە كەمچىلىك بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇشتىن ۋە ئۆزىنى ياخشى ۋە شەرەپلىك ئورۇندا قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇز ھېسسىنى اللە تائالانىڭ رازىلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىدىن ئالغىنى بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ئۆز نەپسىنى مۇشۇنداق تازىلاشقا چاقىردى ۋە بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى مۇرادىغا يېتىدۇ، دەپ ۋەدە قىلدى.

---

[1] سۈرە مائىدە 39 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەئراف 35 ـ ئايەت.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى﴾[1] ئىنسان نەپسى ھەققىدە يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[2].

الله تائالا نەپسىنى پاكىزلاشنىڭ پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قىزغىن بولۇش لازىم، دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى (گۇناھلاردىن) پاكلىنىدىكەن، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پاكلانغان بولىدۇ﴾[3].

توغرا يولدا مېڭىش، نەپسىنى تۈزۈش، نەپسىنى پاكىزلاش قاتارلىقلار بولسا، گۇناھ پاتقىقىغا چۆكۈپ كەتكەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئەۋزەل، مەنىلىك ھاياتقا ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزىنى تۈزۈتىشتىن ئۈمىد ئۈزۈشنى يىراق قىلىپ، ئۈمىد ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان سۆيەتلەردۇر. چۈنكى ھەركىمنىڭ دىلىغا ئۈمىدسىزلىنىش ئورۇنلىشىپ قالسا، ئۇ كىشى تۈزۈلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر يامان ماددىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. قۇرئاننىڭ بۇ تەلىماتلىرى يېڭى پىسخولوگىيە ئىلمىنىڭ نەتىجىلىرىنى خۇلاسە قىلىپ بېرىدۇ. يېڭى پىسخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئېيتىشىچە: ئىنساننىڭ ساغلام بىر شەخسىيەت ھاسىل قىلىشى پاكى توغرا ئەخلاقىقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن خاسلا ئىچكى ئوي ـ پىكىر كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى بۇلار نەپسىنى كۈندۈرۈش نەپسىنى پاكلاش، ئۆز ھۆكمىگە بويسۇندۇرۇش، نەپسى ئۈستىدىن غالىب بولۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ، دەيدۇ.

## ئېھسان

ئېھسان ئادەتتە، كىشىگە ئىنئام ۋە ئىلتىپات قىلىش دەپ تونۇلسىمۇ لېكىن بۇنىڭ مەنىسى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭدۇر. ئېھساننىڭ لوغەت مەنىسىگە قارىساق "ياخشى ئىش قىلىش" دېگەن مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ياخشى ئىشلار ئىنساننىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، روھىنى سۆزۈك قىلىپ ئۆزىنى ياراتقان ئىگىسىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان بارلىق ياخشىلىق ۋە ياخشى مۇئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئاننىڭ ئىنسانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرغان ۋە تەرغىب قىلغانلىرى مەزكۇر مەنىدە كەلدى.

قۇرئاننىڭ ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىدىكى روھىي كىتاب ئىكەنلىكىگە ۋە ھەرقانداق دىنىي ۋە ئەخلاقىي مەزھەبلەردىن ئەلا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. چۈنكى قۇرئان ياخشىلىق قىلىشنى ئەمەلىيەتتە ئىشلارغا تۆرتكە بولىدىغان تەرەپتىن ئىنسان شەخسىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سۆز

---

(1) سۈرە ئەئلا 14 ـ ئايەت.
(2) سۈرە شەمس 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
(3) سۈرە فاتىر 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن چوشەندۈردى ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى شەرھىلىدى، باشقىلاردىن بەكرەك ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىشكە ئىلھام بەردى. ئىنسانىيەتنى ئالىي ئۆرنەك بولۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان ياخشىلىق قىلىشقا چاقىردى. پەيلاسوپلار ۋە دۇنيانى تۈزۈشكە چاقىرغۇچىلارمۇ قۇرئان چاقىرغان ياخشىلىققا چاقىرماقتا.

## ئىسلامدا ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەرتىۋىسى

قۇرئان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. الله تائالا ھەر ئىنسانغا كۆپلىگەن نېمەتلەرنى بېرىپ ياخشىلىق قىلغىنىدەك ئىنسان شۇ نېمەتلەر بىلەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك، دەپ بايان قىلدى. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (الله نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن﴾[1].

قۇرئان كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ پايدىسى ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ: ﴿ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾[2] دېدى.

بۇ سۆز راستتۇر. چۈنكى ياخشىلىق قىلغۇچىلار باشقىلار سەزمىگەن كۆڭۈل خوشلۇقىنى سېزىدۇ. ياخشىلىق قىلىنغۇچىلار تەرەپتىن دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە بىر بەخت تۇيغۇسىنىڭ كىرگەنلىكىنى سېزىدۇ. كىشىگە يامانلىق قىلغۇچى بولسا، خەلق كۆزىدىن تاشلانغان پىقىر كۆرۈلگەن بولۇپ ھاياتى راھەتتە ئۆتمەيدۇ. كۆڭلى ئامان تاپمايدۇ. شۇڭا الله تائالا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى ۋە ئۇنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ھەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ھەققەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز - ھەركەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ﴾[3].

شۇنىڭدەك قۇرئان ياخشىلىق قىلىشنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ الله تائالاغا ئىخلاس قىلىش بىلەن بىر ئورۇندا قويدى ۋە بۇ ئىككىسىنى دىنغا ئىشەنگەن ئادەمگە ئەڭ يارىشىدىغان سۈپەت دەپ كۆرسەتتى. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله غا تاپشۇرغان (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنى جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[4].

---

[1] سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل 90 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەنىسى بارلىق ۋۇجۇدىنى الله تائالاغىلا بېغىشلىغان، ئۆزىگە الله تائالادىن باشقا تەربىيەتچى بار دەپ تونۇمىغان ۋە الله تائالادىن باشقىسىغا مۇھەببەت، ئىخلاس بىلەن باش ئەگمىگەن، ياخشى ئىشلارنى قىلغان، يامان ئىشلاردىن ساقلانغان ئادەمدىن (دىن) دا ياخشىراق ئادەم يوق، دېمەكتۇر. ياخشىلىق قىلىشقا ئەگىشىپ كېلىدىغان نەتىجىنى بايان قىلىپ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن الله غا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله غا مەنسۇپتۇر﴾[1].

الله تائالا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ﴾[2].

الله تائالا ياخشىلىق قىلغۇچىغا قىيامەت كۈنى كۆپ ساۋاب ۋە خاتىرجەملىك بېرىشكە ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلار بۇ كۈندە قورقۇنچىدىن ئەمىن بولىدۇ﴾[3].

## ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن سۈپەتلىرىنىڭ بىرى، كېچىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ۋە سەھەر ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىدىن گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەشتۇر. يەنە بىر سۈپىتى ھاجەت سوراپ كەلگۈچى ۋە تىلىمىگۈچى موھتاجلارغا مال ـ مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ تۇرۇشتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)﴾[4].

الله تائالانىڭ يولىدا (ئىسلام دىنى ئۈچۈن) جىنىنى، مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىپ جىھاد قىلىشمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش

---

[1] سۈرە لوقمان 22 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەمل 89 ـ ئايەت.
[4] سۈرە زارىيات 15 ـ 19 ـ ئايەتكىچە.

قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز. اﷲ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1].

ئىنسانىنىڭ اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اﷲ تائالا تەرەپتىن يەتكۈزگەن ئىسلام يولىغا ئەگىشىپ مېڭىشىمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىندۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿راست سۆز (يەنى قۇرئان)نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۆزلىرى خالىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئەنە شۇ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىدۇر﴾[2]. "راست سۆز (يەنى قۇرئان)نى ئېلىپ كەلگەن كىشى" دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. "راست دىن" دەپ ئىشەنگۈچىلەردىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىپ ئۇنىڭ باشلىغان يولىغا ماڭغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

باشقىلاردىن يۈز بەرگەن خاتالىقنى ئەپۇ قىلىشمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىندۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، اﷲ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[3].

سەۋرى قىلىشمۇ ياخشىلىق قىلىش جۈملىسىدىندۇر. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، اﷲ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾[4].

قاراڭ! بىز يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتكەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا اﷲ تائالا ياخشىلىق قىلىشقا قانداق رىغبەتلەندۈردى ۋە كىشىنىڭ كۆڭلى مايىل بولىدىغان ئالىي نېمەتلەر بىلەن قانداق ۋەدە قىلدى؟ چۈنكى ياخشىلىق قىلغۇچىلار يۇقىرى ھىس تۇيغۇ ۋە جانلىق تونۇشقا ئىگە ئادەملەردۇر. قاچان بۇلارغا ئۆز جامائەسىدىن قارشىلىق يۈز بەرسە ياكى زامانىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىسا دەرھال قۇرئاننىڭ تاپشۇرۇقلىرى ئۇلارغا ھەر ئىشتا ئورتاقلىشىدۇ، تەسەللى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئازايتىدۇ ۋە اﷲ تائالانىڭ رازىلىقى بولىدىغانلىقى بىلەن خوش خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار روھىي كۈچ ھاسىل قىلىپ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. كۆڭلى ئارام ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك ياخشىلىق پىداكارلىقتا، ياخشىلىق قىلغۇچى ئۆزىنى كۈرەش ۋە جاپالارغا ئۇچرىتىشقا ۋە يامانلىققا بۇيرۇيدىغان نەپسىگە بويسۇنماسلىققا موھتاج. شۇڭا اﷲ تائالا ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تەبىئىي خۇي قىلىش ئۈچۈن تەسىر كۆرسەتسۇن، دېگەن مەقسەت بىلەن ياخشىلىق قىلىشنىڭ ساۋابىنى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىپ ياخشىلىق قىلىشقا كۆپ رىغبەتلەندۈردى.

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مائىدە 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇد 115 ـ ئايەت.

## ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر

قۇرئان كەرىم ئىنسانلار ئىچىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى باشقىلاردىن بەكرەك ياخشىلىق قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشىلەر، دەپ كۆرسەتتى.

1 ـ ئاتا ـ ئانا. چۈنكى بۇلارنىڭ بەك چوڭ پەزىلىتى بار. قۇرئان ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىپلا قالماستىن بەلكى ئاتا ـ ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ ئالىي ئەخلاقتا گۈزەل ئۈرنەك كۆرسىتىپ بەردى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[1].

قۇرئاننىڭ بۇ سۆزىدىن بىزگە بۇرۇن كۆرۈنگەن مەنە شۇكى، اللہ تائالا ئاتا ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىمىز بىلەن بىر يەردە كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىزغا خۇسۇسەن ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىدە قېرىپ ئاجىزلاشقان چاغدا قانداق ياخشىلىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى. ھەم ئاتا ـ ئانىمىزغا قارىتا ئەڭ چىرايلىق بەش تۈرلۈك مۇئامىلىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا بۇيرىدى.

1 ـ ئاتا ـ ئانىدىن كۆرۈلگەن ھەرقانداق يېقىشماس سۆز ـ ھەرىكەتكە قارىتا يامان مۇئامىلىدە بولماسلىق.

2 ـ ئاتا ـ ئانىغا كايىپ سىلىپ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك.

3 ـ ئۇلارغا ھۆرمەت مەزمۇنىدىكى ياخشى مۇلايىم سۆزلەرنى سۆزلەش.

4 ـ ئۇلار ئالدىدا ئۆزىمىزنى كەمتەر تۆۋەن تۇتۇپ رەھىمدىللىك بولۇپ، جانىۋار ئۆز چۆجىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قانات ياپقاندەك قانات يېيىش.

5 ـ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىدىن ئاتا ـ ئانامغا رەھىم قىل، دەپ اللہ تائالاغا دۇئا قىلىش.

قۇرئان كەرىم ئاتا ـ ئانىدىن باشقىمۇ ياخشىلىق قىلغۇچى بىلەن ياخشىلىق قىلىنغۇچى ئارىسىدىكى تۇغقانلىق ياكى قوشنىلىق مۇناسىۋەتنى ھېسابقا ئېلىپ ياخشىلىق قىلىشقا بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئالاھىدە كۆرسەتتى ۋە ھەم ياردەمچىسى يوق ئاجىز يېتىم بىچارىلەرگە ياخشىلىق قىلىش لازىم، دەپ بۇيرۇيدۇ. اللہ تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە ئىسرا 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

﴿اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللە مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

بۇ ئايەت كىملەرگە قانداق ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسەتتى. ئەگەر ئىنسانلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلسا ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى چوقۇم ياخشىلىنىدۇ. خۇسۇسەن اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش (اللە تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئىشتا ھېچكىمگە بويسۇنماسلىق) ئاتا ـ ئانا بىر تۇغقانلىرى، دادا بىر تۇغقانلىرى، ئانىنىڭ بىر تۇغقانلىرى... بۇلارنىڭ باللىرى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت يېقىن تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش بولۇپ، بۇلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەھۋالى تۈزىلىدۇ. چۈنكى جەمئىيەت ئائىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئائىلىلەر مۇناسىۋىتى ياخشىلانسا جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا بىرلىكى ھاسىل بولىدۇ. ھەرقانداق بەخت بىرلىكتىن دوستلۇقتىن كېلىدۇ. ھەرقانداق پالاكەت، بۆلۈنۈش ۋە خائىنلىقتىن كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن اللە تائالا يېتىم باللارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ باش پاناھى بولغان دادىسى يوق. يالغۇز ئانىسىنىڭ ئۇلارنىڭ تەربىيىلەشكە ۋە تۇرمۇشىنى قامداشقا ئانچە كۈچى يەتمەيدۇ. يېتىم باللارنى كىشىلەر قولىغا ئېلىپ ئىلىم ـ ئەخلاق، ھۈنەر كەسىپ ئۆگىتىپ كېرەكلىك ئادەم قىلىپ قويمىسا بىلمىسىز، ئەخلاقسىز بولۇپ پۈتۈن مىللەتكە زىيانلىق بىر يوقۇملۇق مىكروپ بولىدۇ. ئۇلارنى باشقا يەرگە ھەيدىۋەتكىلى تېخى بولمايدۇ. شۇڭا يېتىم بالىنى اللە رىزاسى ئۈچۈن ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەيدىغان ياخشى كىشىلەرنىڭ بولۇشى لازىم.

شۇنىڭدەك اللە تائالا يېقىن ـ يىراق قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللە كىشىلىرى ئارىسىدا دوستلۇق مۇستەھكەملىنىپ بىر ـ بىرىگە ياردەمچى كۈچ ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن اللە تائالا ھەمراھ بولغانلارغا يەنى ھەم سەپەرگە ۋە مەدرىسە ـ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانلارغا، يا بىللە ھۈنەر قىلغان، تىجارەت قىلغان، فاپرىكىدا بىللە ئىشلىگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ساداقەت ۋە كۈچلۈك دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناپ كۆپ ياخشى نەتىجىلەر قولغا كېلىدۇ.

ئاندىن كېيىن اللە تائالا سەپەر ئۈستۈدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى تاپشۇردى. ئۇ بولسا، يۇرتىغا قايتىپ بولغۇچە يولدا پۇل ـ مېلى تۈگەپ كەتكەن كىشىدۇر. شۇنىڭدەك قول ئاستىدا بولغان قۇل، خىزمەتكارلارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىش ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تاپشۇردى. ناھەق قامالغانلارنى تۈتقۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىشمۇ كۆپ ساۋابلىق ئىشتۇر.

[1] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت.

ئېھسان بولسا، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئومۇمىي بىر ياخشىلىقتۇر. ئەگەر بۇ خۇسۇسىيەت ئىنسانلاردا ئومۇملاشسا، مۇسۇلمانلار پەيلاسوپلار خىيال قىلغان ۋە ئىسلام دەسلەپكى مەزگىللىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغان بەختلىك بىر دۆلەت قۇرغان بولاتتى.

## تەقۋا دارلىق

تەقۋادارلىق، دېگەن پەزىلەتلىك بىر ئەخلاق بولۇپ، قۇرئان بۇنىڭ بىلەن ھەربىر كىشىنىڭ باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ھەر بىر ئىنسان بىلەن ئۇنى ياراتقۇچى پەرۋەردىگار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا تەقۋا ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى بولغان سۆزلەر قۇرئاننىڭ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئەھۋالغا دائىر ئايەتلىرىدە كۆپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشى، ئۆزى زىيان تارتىشتىن ۋە باشقىلارغا زىيان كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشتۇر.

تەقۋانىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆزىنى قوغداش، دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ئۆزىنى قورققان نەرسىدىن قوغدايدۇ. قورقۇشنىڭ ئەسلىسى الله تائالادىن قورقۇشتۇر. قورقۇش ئۈچۈن كىمدىن قورقىدىغانلىقنى ياخشى بىلىش لازىم. شۇڭا الله تائالانى بىلگەن ئادەم الله تائالادىن قورقىدۇ. الله تائالادىن قورققان ئادەم ئۇنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى: تەقۋادارلار ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ ئازابى ۋە كايىشىدىن قوغداپ قالغان كىشىلەردۇر. ئۆزلىرىنى قوغداش بولسا، الله تائالا توختىتىپ بەرگەن چېگرادىن ئۆتمەسلىك (جىنايەت قىلماسلىق)، بۇيرۇغانلىرىنى لايىقىدا ئادا قىلىش ۋە توسقانلىرىدىن يىراق بولۇش بىلەن بولىدۇ.

الله تائالا پەقەت ئىنسانلارغا ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان ئىشلارغىلا بۇيرۇيدۇ. ئىنسانىيەتكە زىيانلىق ئىشلاردىن توسىدۇ. قۇرئان تەقۋادارلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە تەقۋادارلىققا كۆپ بۇيرۇدى. بۇ توغرىدا قۇرئان تەقۋادارلىق توغرىسىدا كۆپ خىل ئۇسلۇبلار بىلەن ئايەتلەرنى بايان قىلدى.

قۇرئان الله تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾[1].

الله تائالادىن ئۆز لايىقىدا قورقۇش بولسا، ئىبادەتتە دىلنى يالغۇز الله تائالاغىلا خالىس قىلىش بىلەن مەخلۇقنى ئۇلۇغلاشتا، بويسۇنۇشتا الله غا شېرىك قىلىشتەك ۋە الله تائالانىڭ يولىدىن ۋە ئادىل ھۆكمىدىن چىقىپ كېتىشتەك ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىم تەقۋادار ئادەم ئۆزىنى زىيانلىق نەرسىلەردىن، ئازار ـ كۈلپەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ساقلاپ قېلىش ۋە ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئالىي غايىگە يېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشتىن ئىبارەت، دەپ سۈپەتلىدى. شۇڭا

[1] سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەت.

اللە تائالا تەقۋادارلارنى ھەقىقىي ئىنسانىي ئۇتۇقلۇقلارنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان كىشىلەر، دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىڭلار (يەنى ئەھلى كىتابلارنىڭ قىبلە توغرىسىدا سۆزلىشىپ يۈرۈشلىرى) ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللە غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى اللە نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللە نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللە نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

يۇقىرىقى ئالىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى اللە تائالا تەقۋادار بەندىلەر، دەپ سۈپەتلىدى.

قۇرئان كەرىمدە تەقۋادارلىق يۇقىرىقى سۈپەتلەرگىلا قىسقارتىلىپ قالماستىن تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر بولسا، ئادىل بولۇشتۇر. ئادىل بولۇشمۇ تەقۋادارلىق جۈملىسىدىندۇر. اللە تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دېدى: ﴿(دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار. بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[2].

باشقىلاردىن يۈز بەرگەن يامانلىقنى[3] ئەپۇ قىلىش تەقۋادارلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. اللە تائالا يۇقىرىقى قاراشنى تەستىقلاپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر ئۆتۈنسەڭلار (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[4].

دۈشمەنلەرگە قارىتا توغرا ئىش قىلىش ۋە ئادىل بولۇشمۇ تەقۋادارلىق قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بۇ نوقتىنى چۈشەندۈرىدۇ: ﴿سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلار ئەگەر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، اللە تەقۋادارلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىدىن قورققان، ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغان، خىيانەت قىلمىغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾[5].

---

(1) سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.

(2) سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ يەردىكى ”باشقىلاردىن“ مەقسەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى، مۇسۇلمانلار كۆللېكتىپى ئۆزئارا كەچۈرۈشى ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم.

(4) سۈرە بەقەرە 237 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) سۈرە تەۋبە 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## تەقۋادارلىقنىڭ پايدىلىرى

قۇئان تەقۋادارلىقنىڭ ئىنسانىنى قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە ھەسرەتتىن خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ دۇنيادىمۇ ﷲ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە تەۋفىقىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ﷲ نىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)﴾[1].

تەقۋادارلىقنىڭ پايدىلىرىنىڭ بىرسى ئاخىرەتتە چوڭ ساۋاب ۋە نېمەتكە ئېرىشىشتۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ﴾[2]. تەقۋادارلىقنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ﷲ تائالانىڭ رەھمىتىگە يېتىشتۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾[3].

قۇرئان تەقۋادارلىقنى ئېغىرچىلىقلارنى يوقىتىش ۋە مۈشكۈللۈكلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ﴾[4]

بۇ ھەقتە ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿كىمكى ﷲ دىن قورقىدىكەن، ﷲ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴾[5] يەنى كىم ﷲ تائالادىن قورقسا، ﷲ تائالا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

قۇرئان يەنە ﷲ تائالانىڭ مۆمىنلەرگە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە ۋە ياردەم بېرىشى ۋە قۇۋۋەتلىشى توغرىسىدا تەقۋانى سەۋەب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿يەر يۈزى ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ مۈلكىدۇر، (ﷲ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ﴾[6].

قۇرئان ئىنسانىنىڭ ئەقلىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ﷲ دىن قورقساڭلار، ﷲ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ﴾[7].

---

(1) سۈرە يۇنۇس 63 ــ 64 ـ ئايەتلەر.
(2) سۈرە ئال ئىمران 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئەئراف 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە تالاق 2 ـ ئايەتنىڭ ۋە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە تالاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە ئەئراف 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) سۈرە ئەنفال 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

"فۇرقان" دېمەك بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ يا بىر قانچە نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئۆتكۈر ئەقلىي كۆرۈش ياكى ئىلمىي ھۆججەت دېمەكتۇر. تەقۋادار بولغانىنىڭ پايدىسى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالايدىغان ئەقلى كۆرۈشنىڭ نۇرىغا ئىگە بولۇشتۇر ۋە قۇتۇلۇش يولىنى تاللاپ مېڭىشتۇر.

مانا بۇ يۇقىرىقىلار تەقۋالىقتۇر ۋە تەقۋادار كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. تەقۋالىقنىڭ شەخسلەرگە ۋە كۆپچىلىككە بەرگەن مۇۋەسسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ تەقۋادارلىقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە خەلقنى تەقۋادار بولۇشقا چاقىرىشى يات بىر ئىش ئەمەس. تۆۋەندىكى ئايەتمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ: ﴿الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككىلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر﴾[1].

ئەگەر دۇنيا خەلقى تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلسا، ئەلۋەتتە يامانلىقنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى تۈگەپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولاتتى.

## سەۋر (توغرا يولغا مېڭىشتا چىداملىق بولۇش)

سەۋر بولسا ئەۋزەل ئەخلاقتىندۇر. سەۋر بىر روھىي نېمەت بولۇپ مۆمىن ئادەم سەۋر قىلىش بىلەن نۇرغۇن يامانلىقتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاپاسى ئازىيىدۇ. كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. سەۋر ئىنساننىڭ دەرت ـ ئەلەملىك جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولىدۇ. شۇڭا سەۋرلىك ئادەم ھەرقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنى قوبۇل قىلىش بىلەن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇنى الله تائالادىن كەلدى، دەپ بىلىدۇ. ئويلاپ كۆرىدىغان بولسا، الله تائالانىڭ مەرھەمىتى بىزگە بەزى ئېغىر ئىشلارنى ئالىي بىر مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنى بىلمىگەن ئادەم ئېغىرچىلىق كەلسە يۈرىكى سىقىلىپ، ئىچى پۇشۇپ چۈشكۈنلىشىدۇ. ئەقىللىق ئادەم الله تائالا سىنىغان ئېغىرچىلىقلاردا سەۋر قىلىپ ياخشى يوللارنى ئىزدەيدۇ.

ئەگەر سەۋر بولمىسا ئىدى، ئىنسان بېشىغا كەلگەن بالالار سەۋەبىدىن يېقىلىپ چۈشەتتى. بۇ ھاياتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن ئاجىز قالاتتى. جەمئىيەتكە پايدىسىز يامان بىر مەخلۇق بولغانىنىڭ سىرتىدا ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆز يۇمىدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، سەۋر روھىي ھايات بىلەن ماددىي ھاياتنى ئايرىپ بەرگۈچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان سەۋرگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتەردى. سەۋرلىك كىشىلەرنى ناھايىتى ماختىدى. قۇرئاندا سەۋر 70 قېتىمدەك سۆزلەندى. قۇرئاندا باشقا پەزىلەتلەر مۇنداق كۆپ سۆزلەنمىدى. بۇ بولسا سەۋرنىڭ چوڭ خىسلەتلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى سەۋرچان بولۇش كۆپ پەزىلەتنىڭ ئاساسىدۇر. سەۋەب سەۋر ئىنسان روھىيدىكى ياخشى خۇي، ئادەتلەرنى راۋاجلاندۇرىدۇ. باشقا ئۇتۇقلارنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەممىسى سەۋرگە موھتاج. مەسىلەن: پۇرەكلىك، غەيرەتلىك بولۇش دېمەك جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت. خاتالىق ۋە نۇمۇس ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش بولسا، شەھۋەتكە بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت. ئېغىر - بېسىقلىق بولسا، ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت.

سىر ساقلاش بولسا، سىرلارنى پاش قىلىشتىن سەۋر بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا الله تائالا سەۋرلىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇرئان سەۋرلىك كىشىلەر دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ الله تائالانىڭ كۆپ ئىلتىپاتى ۋە رەھمىتىگە يېتىدۇ، دەپ جاكارلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ﴾[1].

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[2] يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ سەۋر - تاقەتلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ﴾[3].

سەۋر قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن باشقا الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن قۇۋۋەتلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[4].

سەۋر قىلغۇچىلارغا الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى ئىشلەش ئۈچۈن خەلقلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. بۇنى الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (كۇلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾[5].

الله تائالادا سەۋرلىك بولۇش ئۇلۇغ خىسلەتلەرنىڭ بىرىدۇر، دەپ مۆمىنلەرنىڭ ئۇنى ئۆزىگە سۈپەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىشى بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە

(1) سۈرە زۇمەر 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە نەھل 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئىنسان 12 ـ ئايەت.
(4) سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.

ھەركىتىڭلاردا الله دىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾[1].

سەۋر بىلەن توغرا ئىرادىدە چىڭ تۇرۇش ۋە الله تائالاغا ئاسيي بولۇشتىن ساقلىنىش دېگەن، ھەركىم بەل باغلاپ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك توغرا تەبىئەتدۇر.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالام سەۋر قىلىشنى ئۆز تەبىئىتىگە سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق﴾[2].

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى چاقىرغان سەۋر بولسا، بىر مەيداندا تەۋرەنمەي تۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىش ۋە جاپانى كۆتۈرۈشلىك بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىسلەت ئادەمگە ھەقنى قۇۋۋەتلەش، باتىلنى يوقىتىش يولىدا دۇچ كەلگەن قارشىلىقلارنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ ياكى خەلقتىن دىل ـ ئازارلارنى كۆتۈرۈش، بۇلاردىن باشقا يوقسۇللۇق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن يېقىنلىرىدىن ئايرىلىشتەك مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قۇرئان مۇسۇلمانلارنى الله يولىدا جىھاد قىلىش ئورۇنلىرىدا چىداپ مۇستەھكەم تۇرۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) الله غا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. الله چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾[3].

قۇرئان ئىنسانلارنى باشقىلار تەرىپىدىن ئازار ـ كۈلپەتلەر يۈزبەرگەن يەردە سەۋر قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴾[4].

يەنە ئىبادەتكە داۋام قىلىش ئورنىدا سەۋرگە (بۇشاشماي چىڭ تۇرۇشقا) چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، الله نىڭ ئىبادىتىدىگە چىدامىلىق بولغىن﴾[5].

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن﴾[6].

الله تائالا بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن بالا ـ قازاغا دۇچار قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا سەۋر قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (الله

[1] سۈرە ئال ئىمران 186 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 126 ـ ئايەت
[5] سۈرە مەريەم 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە تاھا 132 ـ ئايەت

نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر﴾[1].

يەنە الله تائالا بالانىڭ تۈرلىرىنى ساناپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[2] دەيدۇ.

بۇ ئايەتلەردە الله تائالا ھەق يولدا چىداپ چىڭ تۇرغۇچىلارنىڭ باشقىلار ئىگە بولالمىغان مۇنداق ئۈچ خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

1 ـ ھەق يولدا چىداپ چىڭ تۇرغانلارغا الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىشى ۋە ئۇلاردىن رازى بولۇشى ۋە ئۇلارنى دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ شەرەپكە ئىگە قىلىشىدۇر.

2 ـ الله تائالانىڭ ئۇلارغا رەھمەت قىلىشى بولۇپ ئۇ بولسا، ئۇلارغا كەلگەن مۇسىبەتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارغا بولغان مېھرىبانلىقى ۋە ئىلتىپاتىدۇر. يەنى ئۇلارغا تەسەللى قىلىشتۇر.

3 ـ ئۇلار توغرا يولدىدۇر. يەنى مۇسىبەت ۋە قاتتىقچىلىق كەلگەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا راست ۋە توغرا ئىش قىلىشقا يول تاپقۇچىلار بولۇپ ئۇلانىڭ كۆڭلىنى بىئاراملىق قاپلىۋالمايدۇ. كەلگەن بالا ـ قازا ئۇلارنىڭ دىلىدىكى ئۈمىدلىرىنى يوقاتمايدۇ.

بۇ بولسا، قۇرئان كەرىم سۆزلىگەن سەۋردۇر. مۇنداق سەۋر جاراھەتلىك يۈرەككە تەسەللى ۋە دەرتلىك كۆڭۈلگە شىپادۇر. ھەم بۇ دۇنيانىڭ مۇشكۈلچىلىكلىرىدىن قۇتۇلۇش ۋاستىسىدۇر. سەۋرلىك بولۇش روھىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ بالا ـ مۇسىبەتنىڭ ئازابىنى تارتقان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىگەنلەرگە كۆپ ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ.

## ئەپۇ قىلىش

مۇسۇلمانلاردىن يۈز بەرگەن ناچار ئىشلاردىن ئىنتىقام ئالماي ئەپۇ قىلىش بولسا، ئىنسانغا چىرايلىق يارىشىدىغان گۈزەل خۇسۇسىيەتلەردىندۇر. چۈنكى ئەپۇ قىلىش كاتتا ۋە ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەم باشقىلاردىن كەلگەن دىل ئازارلىرىغا، چىداشلىق بېرەلەيدىغان كىشىدىن سادىر بولىدىغان ئەخلاقتۇر.

---

[1] سۈرە مۇھەممەد 31 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 155 ـ 157 ـ ئايەتكىچە.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى تەرەپتىكى ھوقۇقىمىزغا كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق بولسا، پەقەت روھىي كېسەل، پەسكەش ۋە ھەممە تەرەپتىن ناچارلىقلا ئورالغان ئىنسانلاردىن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەم بىلەن ئۆزىمىزنى تەڭ قىلماي ئەپۇ قىلىشىمىز لازىم.

ئۆزىمىزمۇ كۆپىنچە ۋاقىتتا باشقىلارغا قارىتا خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ سېلىپ ئۇلارنىڭ بىزنى ئەپۇ قىلىشىغا موھتاج بولۇمىز. بىز ئەگەر باشقىلارنى ئەپۇ قىلمىساق باشقىلارمۇ بىزنى ئەپۇ قىلمايدۇ. شۇڭا بىزگە تاجاۋۇز قىلغان مۇسۇلمان ئادەمدىن ئەنتىمىزنى ئالماقچى بولساق، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساق بولىدۇ. چۈنكى، يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىكنى يۇلۇپ تاشلاپ خىجىللىقتا چۆمدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ خاتالىقتىن قايتىپ دوستقا ئايلىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا قۇرئاندا كۆپ يەردە ئەپۇ قىلىشنى ماختىدى. جۈملىدىن الله تائالا سۈرە تەغابۇننىڭ 14 ـ ئايىتىدە: ﴿ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (الله سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ). الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېدى.

الله تائالا ساداقەتلىك مۆمىنلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ: ﴿ياخشىلىقنى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ـ ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ﴾[1] دېدى.

الله تائالا بىزنىڭ ئىنسانلاردىن كەلگەن يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىزغا چاقىردى. چۈنكى بۇ ئىش ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىدىن بىزگە بولغان دۈشمەنلىكنى يوقىتىپ، ئورنىغا دوستلۇق ئورنىتىدۇ. الله تائالا سۈرە فۇسسىلەتتە: ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴾[2] دېدى.

بەزى ئادەملەرنىڭ نەپسى تاجاۋۇز قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن مۇنداق رەزىل ئادەملەرنى ئازغۇنلۇقتا داۋام قىلىپ كېتىشىدىن توسۇش ئۈچۈن ئىسلام چارە كۆرسەتتى. ئۇ بولسا، شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەن تاجاۋۇزچىغا تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماستىن ياكى ئۇنىڭ قىلمىشىدىن ئاشۇرۇۋاتماستىن ئۇنىڭ قىلمىشىغا تەڭ باراۋەر كەلگىدەك جازا قوللىنىش بىلەن تاقابىل تۇرۇشتۇر. لېكىن بۇنىڭغا قارىماي ئىسلام يەنە ئەپۇ قىلىشنى قوللىدى.

الله تائالا بۇ توغرىدا سۈرە نەھلىنىڭ 126 ـ ئايىتىدە: ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر

---

[1] سۈرە رەئد 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت.

قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴾ دېدى.

يەنە اللە تائالا سۈرە شۇرانىڭ 40 ، 41 ، 42 ۋە 43 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دېدى: ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى اللە بېرىدۇ، اللە ھەققەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇب ئىشلاردىندۇر﴾.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئەپۇ توغرىسىدا تۇتقان يولىدۇر. ئەمما خرىستىئان دىنى ئەپۇنى شەرتسىز گۈزەل ئەخلاق، دەپ تەكىتلەيدۇ. ھەتتا ئىنجىل 5 ـ باب، 38 ـ ماۋزۇدا: "كۆزگە كۆز، چىشقا چىش، ئىنتىقام ئېلىش كېرەك دەپ ئاڭلىدىڭلار، ئەمما مەن سىلەرگە شۇنى سۆزلەيمەنكى، يامان ئادەمگە قارشىلىق كۆرسەتمەڭلار. بىر كىم ئوڭ يۈزۈڭگە كاچات ئۇرسا، ئاندىن كېيىن چەپ يۈزىڭنى چۆرۈپ بەر. بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلىپ سېنىڭ ئىچ كىيىمىڭنى سالدۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا تاش كىيىمىڭنىمۇ سېلىپ بەر. يېقىنىڭنى دوست تۇت، دۈشمىنىڭنى يامان كۆر، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىڭلار، ئەمما مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، دۈشمەنلىرىڭلارنىمۇ دوست تۇتۇڭلار، سىلەرگە ئۆچ ئادەملەرگىمۇ ياخشىلىق قىلىڭلار! سىلەرگە يامانلىق قىلىپ زورلۇق بىلەن ئازاب كەلتۈرگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

ئامېرىكىلىق تەكشۈرگۈچىلەردىن بىرسى بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز "مۇھەممەد شال" ئىسىملىك ئالىمدىن قۇرئاندىكى ئەپۇ توغرىسىدا سوراپ :

"خرىستىئان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىدىن كەڭچىلىكراق ئىكەنلىكىگە قارىمامسىز، خرىستىئان دىنى: "بىر كىم ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرسا، چەپ يۈزۈڭنى چۆرۈپ بەرگىن، دەيدۇ. ئىسلام بولسا ئەۋۋەل قىساس ئېلىشقا ئاندىن كېيىن ئەپۇ قىلىشقا چاقىرىدۇ ئەمەسمۇ؟" دېگەن.

ئۇستاز مۇھەممەد شال مەزكۇر ئامېرىكىلىققا جاۋاب بېرىپ: "ئىسلام چاقىرغان ئىش ئىنسانىيەتنىڭ توغرا تەبىئەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. مەن ئىسلام دىنى بۇ ھەقتە خرىستىئان دىنىدىن كەڭراك دېسەممۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن. چۈنكى، ئىسلام دىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچىغا قىساسنى ئېلىش ھەققىنى بېرىش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى راھەتلەندۇردى ۋە ئۆز ھەققىنى قوغدايدىغان ھوقۇق بەردى. ئىسلام دىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىغۇچىنى قىساس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. مۇنداق بولماي ئەپۇ قىلغاننىڭ مەنىسى بولمايدۇ".

بىر ئىنسان تاجاۋۇز قىلغۇچىدىن قىساس ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ قىساس ئالماي ئەپۇ قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ رەھىم قىلغانلىقىدا ۋە ئىززەت تاپقانلىقىدا شەك يوق. ئەمما خۇددى خرىستىئان دىنىنىڭ چاقىرغىنىغا ئوخشاش تاجاۋۇز قىلىنغان ئادەمگە تاجاۋۇز قىلغۇچىدىن قىساس ئېلىش ھوقۇقىنى بەرمەستىن تاجاۋۇز قىلىنغان ئادەم ئىشىنىڭ بېشىدىلا ئەپۇ قىلىشقا چاقىرىلسا، ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقنى بويسۇنۇش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاقىرىققا بويسۇنۇپ تاجاۋۇز قىلغۇچىنى ئەپۇ قىلغانلىقى ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلغان كىشىنىڭ ئەپۇسى بولماستىن، ئەكسىچە مەجبۇرى ھالدا ئەپۇ قىلغۇچىنىڭ ئەپۇسى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئەپۇ قىلىش بولسا تاجاۋۇزچىنى خىجىل قىلىپ روھىي ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ تاجاۋۇز قىلىنغۇچىنى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىن تاجاۋۇزنىڭ جاراھىتىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

## راستچىللىق ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى

جەمئىيەتنى خاتىرجەم قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئىشەنچ قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى خۇسۇسىيەتكە كېپىللىك قىلىشقا راستچىللىقتەك چوڭ ئامىل يوق. شۇڭا راستچىللىق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەۋزەل ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر خەلقتە راستچىللىق خۇسۇسىيىتى يوقالسا (كىشىلەر بىر - بىرىگە راستچىللىقنى قوللانمىسا) مىللەت ئىچىدە بىر - بىرىگە ئىشىنىش، بىر - بىرىگە ياردەملىشىش يوقىلىدۇ. شۇڭا راستچىللىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ زۆرۈر بىر ئەخلاقى. راستچىللىق ئائىلىلەر ئىچىدىمۇ، مەكتەپ - مەدرىسىلەردىمۇ ئۇرۇن ئىگەللىشى لازىم. راستچىلىق بولغاندا كۆپ ياخشىلىقلار قولغا كېلىدۇ. ھەقلەر ئۆز ئىگىسىگە ياندۇرۇلىدۇ. خەلقلەر ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئىشەنچ قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ھەممە مۇسۇلمانلارنى راستچىللىق ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾[1]. يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى راستچىل بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. ھەركىم راست سۆزلەشتە، راست ئىش قىلىشتا داۋام قىلسا، راستچىل بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى الله ئالدىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ. سىلەر يالغاندىن ساقلىنىڭلار! يالغاندىن قېچىڭلار! يالغانچىلىق كىشىنى

---

[1] سۈرە تەۋبە 119 - ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 70 - ئايەت.

ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاسىيلىق دوزاخقا باشلايدۇ. ھەركىم يالغانچىلىقتا داۋام قىلسا، يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە ئاخىرى الله ئالدىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ». (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

راستچىللىقنىڭ بىر قىسمى ئىشەنچلىك بولۇش بولۇپ، ئىشەنچلىك بولۇش ئىنساندىكى ياخشى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنرەكىدۇر. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان بولۇش دېگەن تىنچ جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ كۈچلۈك ئاساسلىرىدىن بىرى. ئىشەنچلىك بولۇشتىن كۆپ ياخشىلىقلار ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش ئەخلاقىنى مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغىنىنى كۆرىمىز. الله تائالا بۇ توغرىدا: ﴿ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[1] دەيدۇ.

ۋەدىسىدە راست بولۇش: سادىق بولۇشنىڭ بىر قىسمى بولسا، سۆزلىگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇش بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئىنساننىڭ ئۆزىگە زىننەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر. راست سۆزلۈك بولۇش ھەم ۋەدىدە تۇرۇش بۇ دۇنيا ھاياتىدا مۇراد ـ مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر. گېپىگە تۇرۇش بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئوچۇق بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭدىن بۇرۇن الله تائالا بەندىلەرنى سۆزدە راست، ۋەدىدە راست بولۇشقا چاقىرغان ئىدى. الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىسمائىل (نىڭ قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل، ھەم رەسۇل، ھەم پەيغەمبەر ئىدى﴾[2].

راستچىللىق بولسا، جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىگە ناھايىتى زۆرۈر بىر خۇسۇسىيەتتۇر. قۇرئان كەرىمۇ بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن. قۇرئان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھۆرمەت ئىناۋىتىگە ئىگە بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئۇتۇقلۇققا چاقىرغىنىدەك راستچىللىقمۇ چاقىردى.

## كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇش

ئىسلامدىكى پۈتۈن ياخشىلىق ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم ئۆز ھاياتىدا توغرا ـ دۇرۇس بولۇپ خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ ئۆز ئىشىنى پۇختىلاشنى مەقسەت قىلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئەكسىچە ئىنسان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت، زىددىيەتنى تۈزۈتۈپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق ئورنىتىشقا ھەرىكەت قىلىشمۇ ئىسلامدىكى چوڭ ياخشى خىسلەتتىندۇر. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى تۈزۈتۈش بولسا،

---

(1) سۈرە مۇئمىنۇن 8 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مەريەم 54 ـ ئايەت.

ئىسلام دىنى نىشان قىلغان مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئىككى كىشى ئارىسىدىكى ئاداۋەت بارغانسېرى شۇ ئىككى كىشىنىڭ دوستلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئىككى جامائەت ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن مىللەت بىر ـ بىرىگە زىيان كەشلىك قىلىشتىن ۋە ئىزىشتىن باشقىنى قەست قىلمايدىغان دۈشمەن گورۇھلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ھەتتا بىر ـ بىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا ۋە قان تۆكۈشكە ئېلىپ بارىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇش ئىنسانىي ئالىي سۈپەتلەردىن بىرسى بولۇپ، بۇ سۈپەت باشقىلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ۋە كۆيىنىدىغان ئېسىل ئاڭ ئىگىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. جەمئىيەتكە ياخشىلىق كەلتۈرۈشتە، پايدا يەتكۈزۈشتە ۋە پۈتۈن خەلقنى بىر ـ بىرىگە باغلانغان بىر گەۋدە قىلىشتا خەلق ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشتەك نەتىجىلىك بىر ئىش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا بىر دىن (ئىسلام دىن) غا ئەقىدە قىلىش يۈزىدىن بىر ـ بىرىگە قېرىنداش بولغان پۈتۈن مۆمىنلەر ئارىسىنى ياخشىلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، اللہ دىن قورقۇڭلار﴾[1].

مۆمىن گورۇھلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى تۈزۈتۈشكىمۇ چاقىرىپ اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار﴾[2] اللہ تائالا ئەر ـ ئايال ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، ئايالنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، اللہ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ﴾[3].

اللہ تائالا كىشىلەر ئارىسىنى ياخشىلاپ قويۇشنىڭ ساۋابىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى اللہ نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىمىز﴾[4].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى خەلق ئارىسىدىكى مەخپىي سۆھبەت ـ پاراڭلارنىڭ تولاراقىدا ياخشىلىق يوق. چۈنكى ئۇنىڭدا غەيۋەت (يوق ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىش)، گەپ توشۇش ۋە شۇنىڭدەك شەخسلەرنىڭ زىيىنىغا يامان قارار توختام تۈزۈشۈپ، مەخپىي ھۇجۇم قىلىشتەك جىنايى ئىشلار ئاساسىدا بولىدۇ، دېمەكتۇر. ئاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا مەخپىي سۆھبەت پاراڭلىرى توغرىسىدا يول كۆرسىتىپ چېگرا بەلگىلەپ بەردى. ئۇ بولسا مۇسۇلمان ئارىسىدىكى قىينچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ قىينچىلىقىنى ھەل

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نىسا 114 ـ ئايەت.

قىلىش ھەققىدە پاراڭلىشىش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ياردەم قىلىشقا، بۇزۇلغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاشقا ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ھەققىدە پاراڭلىشىشتىن ئىبارەت. مۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى اللہ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئادەملەرگە اللہ تائالا كاتتا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىر بېرىدۇ.

## ياردەملىشىش

ھاياتنىڭ ئۇچۇق ئەۋزەللىكلىرىدىن بىرى بولسا، جەمئىيەت ھاياتىنى ئومۇمىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تىنچ ۋە راھەت تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ۋە ياتلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېزىشىنى ئازايتىشقا ئېلىپ بارىدىغان يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارغا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت.

زامانىمىزدىكى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بۇ ئەمەلىيەتنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەريەردە ياردەملىشىش جەمئىيەتلىرىنى تەشكىل قىلدى. ھېچبىر مەدەنىيەت مۇنداق جەمئىيەتتىن خالى ئەمەس. ھەر شەخسنىڭ ۋە كۆپچىلىكنىڭ بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىشنىڭ زۆرۈر ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىگە بۇ ئەمەلىيەت قەتئىي دەلىلدۇر.

ئۆزئارا ياردەملىشىشكە قۇرئان كەرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ گۈزەل روھىي مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾[1].

قۇرئان كەرىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە اللہ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقۇشتا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشكە بۇيرىدى. مەزكۇر ئايەتتىكى: "ياخشى ئىشقا" دېگەن سۆز، كىشىلەرگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بېرىش، توغرىغا بويسۇنۇش، بۇزۇلغاننى تۈزۈش ۋە راستچىللىقنى قوللىنىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. "ياخشى ئىش" دېگەن ئومۇمىي سۆز بولۇپ كۆپ پەزىلەتكە ئىگىدۇر. تەقۋادارلىق بولسا، اللہ تائالادىن قورقۇش، اللہ تائالاغا بويسۇنۇپ ۋە بۇيرۇغانلىرىنى ئىزچىل تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىش بولسا، ھەرقانداق ياخشى نەتىجىلىك ئىشلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش ۋە ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت. مەيلى ئۇ دىنىي ئىلىم ئورۇنلىرى ۋە دىنىي نەشرىياتقا ياردەم قىلغاندەك ئاخىرەتتە بەختلىك ياشاشقا ۋاستە بولىدىغان ئىشلار بولسۇن ياكى مەكتەپلەر ۋە دوختۇرخانا قۇرۇشقا ياردەم قىلغاندەك مۇشۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشقا ۋاستە بولىدىغان ئىشلار بولسۇن ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر ئايەتنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى بولسا، ئىنسانلارنى گۇناھ ئىشلەشتىن ۋە تاجاۋۇز قىلىشتىن توسۇشتىن ئىبارەت. "گۇناھ" دېگەن سۆز ئىشلەش توغرا بولمىغان ھەرقانداق ئىش بولۇپ، پەسكەشلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاجاۋۇز دېمەك ئاشكارە زۇلۇم

---

[1] سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېمەكتۇر. ھەرقانداق شەخسنى ياكى جەمئىيەتنى بۇزۇدىغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت گۇناھ ياكى تاجاۋۇز تەركىبىگە كىرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر ئايىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان كىشى بۇ ئايەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشلارغا ۋە تەقۋادارلىققا ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىشكە چاقىرىشقا قانائەت قىلماي، بەلكى الله تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ۋە كىشىگە زىيان كەشلىك قىلىدىغان ئىشلارغا ياردەملىشىشتىن توسۇش ۋە قورقۇتۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ توختالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

ئىسلام ئىنسانلارنى پەقەت ئاخىرقى غايىسى ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلارنى بەختكە يەتكۈزۈش بولغان ۋە ھەر بىر كىشى ئەگەر شۇنداق قىلسا، كۆزلىگەن ئومۇمىي ئەركىنلىك ۋە ئامانلىق قولغا كېلىدىغان ئىشلارغىلا ياردەملىششكە چاقىرىدۇ.

## پىداكارلىق

ئىنسانىنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئېسىل ئەخلاقىنىڭ بىرى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتۇر. بۇ خىسلەت ئىنسانىيەتكە ناھايىتى چوڭ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان خىسلەتتۇر ۋە ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئۇلۇغ روھلۇق كىشىلەرنىڭ بەلگىسىدۇر.

بۇنىڭ ئەكسى باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشتىن ئۆزىگە پايدا يەتكۈزۈشنى ئەلا كۆرۈش (يەنى شەخسىيەتچىلىك) بولۇپ، بۇ ھەقتە ”سانت ھىلائىر“ دېگەن ئالىم ئەفلاتۇننىڭ يولىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان چوڭ ئۇسال بىر ئەيىب بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنساندىكى ”ئۆزەمچىلىكتۇر“. بۇنى ھېچكىم ئۆزىدىكى بىر ئەيىب دەپ قارىمايدۇ. بۇ يامان ئەيىبتىن قۇتۇلۇشقا ھېچكىم چارە ئىزدىمەيدۇ. بۇنى كىشىلەر ”ھەركىم ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش“ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆز مەنپەئەتىگە كۆيۈنۈشنىڭ بەزى توغرا تەرەپلىرىمۇ بار. بەلكى بۇ زۆرۈر بولۇپمۇ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئىنساندىكى ئىنسانىي خۇيدۇر. لېكىن، ئۆزەمچىلىك كىشىدە ئەۋج ئالغاندا ئىنسانىنىڭ پۈتۈن خاتالىقىنىڭ ئانىسى ۋە يوقۇملۇق كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم قەستەن توغرىنى كۆرمەس بولۇۋېلىپ، ئۆز ئۈستىدىكى ۋەزىپىنى ئۆتەشكە سەل قارايدىغان بولىدۇ. ھەق ۋە ھەققانىيەت مەنپەئەتىگە ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان بېرىش لازىملىقىنى بىلىپ قالسا، ھەق بولغان، ياخشى بولغان ۋە ياخشى نەتىجىلىك بولغان بىر ئىشقىمۇ ”خاتا“ دەپ ھۆكۈم قىلىپ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئورۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئادەم كاتتا ۋە شەرەپلىك ئادەم بولاي دېسە، ئۇ كىشىگە ئۆزى ۋە ئۆز مەنپەئەتىگە ھېرىسمەن بولۇشى لايىق بولمايدۇ. مەيلى ئۆزىدە بولسۇن، مەيلى باشقا كىشىدە بولسۇن نېمە ياخشى بولسا، نېمە توغرا بولسا ۋە نېمە ئىسلام يولىغا پايدىلىق بولسا، ئۇنىڭ شۇنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ كىشى ماڭىدىغان يولىدا ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان مىڭ تۈرلۈك خاتالىققا يولۇقىدۇ.

باشقىلار ئۈچۈن پىداكار بولۇشنىڭ جەمئىيەتتىكى شەخسلەر ئارىسىدا دوستلۇق ۋە بىرلىكنى چىڭىتىشتا چوڭ تەسىرى بار. ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ۋە ياردەمچى قىلىدۇ. ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەش بولسا يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە كىشىنى باشقىلار يامان كۆرۈدىغان ۋە نەزىرىدىن چۈشكەن بىر ئادەم قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى شەخسىيەتچى كىشى ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن (ئومۇمىي قېرىنداشلىرى ئۈچۈن) ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قىزىقمايدۇ. ئەمما باشقىلار ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى پىدا قىلىش خىسلىتى بولسا، شۇ خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشىنى بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزىدۇ. ئادەم خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈش (پىسخولوگىيە) يېڭى تەتقىقات ئىلمى كەشىپ قىلغان ئىلمى نەزەرىيەنىڭ مۇھىمى: ھەرقانداق ئىنساننىڭ بەخت سائادىتىگە يېتىشىشى ئۆز جېنىنى باشقىلار مەنپەئەتىگە قۇربان بېرىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى پىداكار بولۇشقا چاقىرىدۇ ۋە پىداكارلىقنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن مىللەتنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقە ھەققىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ، مەن ئاچلىق تارتىپ قالدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، يەيدىغان بىر نەرسە بولسا ئەكىلىڭلار، دېدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى قېشىدىن بىرنەرسە تاپالماي كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«بۇ كىشىنى بۈگۈن كېچە مېھمان قىلىپ تويغۇزۇپ قويىدىغان ئادەم بارمۇ؟ الله ئۇ ئادەمگە رەھىم قىلسۇن» دېۋىدى. ئەبۇتەلھە ئىسىملىك ساھابە ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن مېھمان قىلاي، دېدى. مېھماننى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئايالىغا قاراپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنىغا ھۆرمەت قىلغىن! (تاماق بەرگىن) دېدى. ئايالى: نارىسىدە باللىرىمغا يېگۈزگۈچىلىك بىر نەرسە بار. باشقا نەرسە يوق، دېدى. ئەبۇتەلھە ئايالىغا: باللىرىم تاماق تەلەپ قىلسا، بىرقانداق قىلىپ ئەللەي ئېتىپ ئۇخلىتىڭ. بار تاماقنى مېھمان ئالدىدا قويۇپ بولۇپ چىراقنى ئۆچۈرۈڭ، بىزنىڭ يېمەي ئولتۇرغىنىمىزنى مېھمان كۆرمىسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنى ئۈچۈن بىز بۇ كېچىنى ئاچلىقتا چىداپ ئۆتكۈزەيلى، دېدى. ئايالى شۇنداق قىلدى. ئۇ مېھمان ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەبۇتەلھە بىلەن ئايالىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىدىن الله تائالا خۇرسەن بولۇپ ئۇلار ھەققىدە:﴿موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ

---

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1] » دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى » دېدى. (ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇ ۋەقە ئىسلامنىڭ ئەگەشكۈچىلەرگە بەرگەن تەربىيەسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت خەلقىنىڭ بەختى ۋە سائادىتى ئۈچۈن روھىي ئۈستۈنلۈك ئىزدىگەنلەرگە بىر نەمۇنىدۇر.

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ بىرسى كىشىلەرگە چىرايلىق گەپ قىلىشتۇر. ئائىلە ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن مۇشكۈل ئىشلار ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبى ۋە مەنبەسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، بۇلارنىڭ تولىسىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئويلانماي ياكى چاخچاق قىلدىم دەپ سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ گەپ ئاڭلىغۇچىلارغا قەبىھ تۇيۇلىدۇ. ئاندىن تالاش ـ تارتىش قېلىشىپ كۆڭۈل ئاغرىقى يوغىناپ كېتىدۇ.

چىرايلىق ۋە ئىلمىي سۆز قىلىش ھەر ئىشتا ھەل قىلغۇچ ئامىل. تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتتىكى كىشىلەر، نەسىھەت قىلغۇچىلار ۋە يامان ئىشلارغا تۈزۈتۈش بەرگۈچىلەر سۆزنى چىرايلىق سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. باشقىلارنىمۇ چىرايلىق سۆزلەشكە ۋە تىلى يۇمشاق بولۇشقا چاقىرىدۇ. چىرايلىق، يۇمشاق سۆزلەش كىشىنى ھەممە ھالەتتە باشقىلارغا سۆيۈملۈك كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھاياتىدا ھەرخىل قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

شۇڭا الله تائالا چىرايلىق گەپ قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[2].

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرىدە چىرايلىق سىلىق سۆزلىشىشكە بۇيرىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلماي قوپال يىرىك سۆزلىشىپ قالسا، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدۇ. ئارىغا ئاداۋەت ۋە يامانلىق پەيدا بولىدۇ. الله تائالا قۇرئاندا يەنە بىر ئورۇندا: ﴿كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا﴾[3] دەپ بۇيرىدى.

يەنە الله تائالا پەس ئاۋۇش بىلەن سۆزلەشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، بۇ گۈزەل سۆزلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بۇ گۈزەل سۆزنىڭ ئالامىتىدۇر. قۇرئاننىڭ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلەشنى ئىشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشىتىشىمۇ ئۈنلۈك سۆزلەشتىن قاچۇرۇش ئۈچۈندۇر. الله تائالا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلەشنى ئىشەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر﴾[4].

---

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا 53 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 83 ـ ئايەت.
[4] سۈرە لوقمان 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى خەلقلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ۋە سۆزلەشكەندە ئوچۇق چىراي بولۇشقا چاقىرىدۇ. باشقىلارغا يېرىك سۆز قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾[1].

مەزمۇنى: ساڭا الله چۈشۈرگەن رەھمەت سەۋەبى بىلەن ئى مۇھەممەد كىشىلەرگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلدىڭ، ئەگەر سەن گەپ سۆز مۇئامىلىدە سۆزى قوپال ئەخلاقى ناچار ئادەم بولغان بولساڭ ساھابىلىرىڭلار سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى، دېگەنلىكتۇر.

بۇ مۆمىنلەرگە يول كۆرسىتىش بولۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۈممەتكە رەھبەر بولغان كىشىلەرنىڭ خەلقنىڭ قەلبى ۋە مۇھەببىتىنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلىشى ۋە گەپ سۆزى قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن خەلققە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش ۋە ياخشى گەپ قىلىش زۆرۈرلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ بولسا خەلق ئارىسىدا دوستلۇق ئورنۇتۇش ئۈچۈن خەلققە قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى قۇرئاننىڭ ئەدەب قائىدىسى بولۇپ ھاياتىدا تىنچ ئامان بەختلىك ياشاشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەرقانداق جامائەت بۇ ئەدەبتىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ قارايمىز.

## ياخشىلار بىلەن بىللە ياشاش

ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى گۈزەل ۋە ياخشىلاشتۇرىدىغان نەرسىنىڭ بىرى ياخشىلار سۆھبىتىدۇر. چۈنكى ئىنسان كىشىلەرنى دوراشقا ئامراق كېلىدۇ. ئىنسان كىيىم ـ كېچەك شەكلى كۆرۈنۈش جەھەتتە، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى دورىغاندەك گەپ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە خۇي ئادەتتىمۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى دورايدۇ. بىر پەيلاسوپ يەنە بىر كىشىگە: "كىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ يۈرۈيدىغانلىقىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى ئېيتىپ بېرىمەن" دېگەن.

ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇش ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئېسىل ئەخلاق ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە چوڭ ئىشلارنى ئىشلەشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما ناچار ۋىجدانسىز شەخسىيەتچى ئادەملەرگە ئاغىنە بولۇش كىشىنى پەسكەش ئەخلاققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەسكى ۋە گۇناھ ئىشلارنى ئىشلەشكە دادىل ۋە جۈرئەتلىك قىلىپ قويىدۇ. كىشىنى دىنغا ۋە ئەلگە پايدىلىق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا يارامىلىق ئاغىنە ھەقىقەتەن بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. چۈنكى ئۇنداق ئاغىنە كىشى بېشىغا قاتتىق مۇسىبەت كەلگەندە يار يۆلەك بولىدۇ. توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە مۇرادىغا يېتىشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەزىلەتتە كامىل بولغان داڭلىق ئالىملارنىڭ تولىسى ئۆزىنىڭ ئىلىم ئەخلاقىدا كامىللىققا يېتىشىشىنى يارامىلىق ۋە ئۇلۇغ كىشىلەردە

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇقۇغانلىقتىن، سەۋەبتداش بولغانلىقتىن ۋە شۇلار باشلىغان يول بىلەن ماڭغان ۋە ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن ھاسىل قىلغان، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزنى ھاياتىمىزدا يارامىلىق ۋە تۈزۈك ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇشقا چاقىرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە بارلىق ئىشەنگۈچىلەرنى توغرا يولدا ماڭغان ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا، ئۇلارغا ئەگىشىشكە ۋە ئۇلاردىن پەزىلەت ھاسىل قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدىن سۆيۈپ قالماسلىققا، بۇ دۇنيانىڭ يالغان ئالىقانداق نازۇ ـ نېمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىمەن ،دەپ ياسىق ناچار ئادەملەرگە يېقىن كېلىپ قالماسلىققا بۇيرىدى. ئاندىن كېيىن الله تائالا مۆمىنلەرنى الله تائالانى ئەسلەشتىن بىخەۋەر يۈرىدىغان، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگىشىدىغان، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ھەق دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان يامان ئادەملەرگە ئاغىنە ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشتىن توستى.

الله تائالا مۇشۇ مەزمۇندا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان) دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن﴾[2].

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن پەرۋەردىگارىنى غەزەپلەندۈرگەن كىشىنى ئەگەردە ئەڭ يېقىن تۇغقىنى يا ئاغىنىسى بولسىمۇ دوست تۇتۇش مۆمىن ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ياخشى ئاغىنە بىلەن يامان ئاغىنىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەپ مۇنداق دېدى: «ياخشى ئاغىنە بىلەن ئوسال ئاغىنىنىڭ ئەھۋالى ئىپار كۆتۈرگەن ئادەم بىلەن كوراك پۈدىگەن تۆمۈرچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئىپار كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ قېشىغا كەلسەڭ ساڭا ئىپار بېرىدۇ. يا ئىپار سېتىۋالىسەن، ھېچ

---

[1] سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەجم 29 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇجادەلە 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولمىسا ئىپارنىڭ خوش پۇرىقى دىمىغىڭغا كىرىدۇ. كوراك پۈدىگەن ئادەمنىڭ قېشىغا كەلسەڭ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى سېسىق پۇراق پۇرايسەن».

مانا يۇقىرىقلار ياخشى ئاغىنە تاللاش توغرىسىدىكى ئىسلام تەلىماتلىرى بولۇپ، بىزنى داۋاملىق ياخشىلىق تەرەپكە باشلايدۇ. خاتا ئازغۇن يولدىن ساقلاپ قالىدۇ.

## كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سوراپ ھەم سالام قىلىپ كىرىش

مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئالىي ئەدەب قائىدىلىرى ۋە گۈزەل ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا ياخشى رىئايە قىلىدۇ.

بەدەن بىلەن روھنىڭ ئېھتىياجلىرىنى لايىقىدا ھەل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب ـ ئەخلاقنى تەلىم بېرىشتىن خەۋەرسىز قالمىدى. بۇ ئەدەب ئەخلاقلار، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان كىشىنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى بايقىشى كامىل ۋە ئاڭ سەزىمىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلام يولغا قويغان ئەدەب ئەخلاقلارنىڭ بىرى، كىشىنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىشتۇر. بۇ ئىككى ئىش بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك ئەلنىڭ خىسلەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا بەكلا رىئايە قىلىدۇ، سەل قارىمايدۇ. ئىسلام بۇ ئىككى ئىشنى بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا يولغا قويۇپ بەرگەن ئىدى. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللہ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] دەپ بايان قىلىنغان.

اللہ تائالا مۆمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆيلەرگە ئۆي ئىگىلىرىدىن رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن ۋە سالام قىلغاندىن كېيىن كىرىشكە بۇيرىدى. ئەگەر ئۆيدە ئادەم بولمىسا ئۆي ئىگىلىرىدىن بىرەر كىم رۇخسەت بەرمىگىچە كىرمەسلىك كېرەك. كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىسە ۋە قايتىپ كېتىش تەلەپ قىلىنسا قايتىپ كېتىش كېرەك. شۇنداق قىلىش مۆمىنلەرنىڭ كەيپىياتى ئۈچۈن ياخشىدۇر. اللہ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەرداردۇر.

---

[1] سۈرە نۇر 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

## سالام قىلغۇچىغا سالام قايتۇرۇش

ئىسلام دىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سوراپ سالام قىلىپ كىرىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە سالام قىلغان كىشىگە سالام قايتۇرۇشقا تەرغىب قىلدى. چۈنكى، كىشىنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرماسلىق بولسا كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان ناچار ئىشتۇر. ئىسلام ئۆز تەۋەسى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سالامىغا سالام قايتۇرۇشنىلا قانائەت قىلماستىن بەلكى ئارتۇقراق سالام قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ بولسا ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇغان ئەدەب ـ ئەخلاقتىكى ئۈستۈنلىكىنىڭ بىرسىدۇر. اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە بىركىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالام ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)﴾[1].

قۇرئان ئۆگەتكەن ئەدەب ئەخلاق مۇشۇنداق بولۇپ، قۇرئان كىشىلەرنى تەرەققىياتقا يەتكۈزىدىغان ۋە ئەخلاقنى تۈزۈتىدىغان تەرەپلەرنىڭ ھېچ بىرىنى چالا قويماي تەرغىب قىلدى.

## ناچار ئەخلاقلار

**1 ـ نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنۇش.**

ئىنسان بۇ ھاياتتا نۇرغۇنلىغان تىلەك ۋە ئارزۇلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ھالدا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بولسىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ رىغبەتلەنگەن ۋە كۆڭلى تارتقانلىرىغا يېتىدىغان بولسا قىلغان قىلىقلىرىنىڭ قانداقلىقىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق يامان ۋە ناچار بولغىنىنى ئويلىمايدۇ ھەم پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

ئىنساننى ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ قۇترىتىشىغا بويسۇنۇشتىن توسۇش بولسا، ئىسلامنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى بۇزىدۇ. ئىنساننىڭ ھەرتۈرلۈك ئىشلىرىغا بېرىلىشىنىڭ تەبىئىي ھالدا مەخسۇس تۈزۈم تەرتىبى بولۇپ، نورمال ۋە ئۆلچەملىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئىنسان ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتسە، مەزكۇر تەبىئى تەرتىپ ـ تۈزۈم قالايمىقانلىشىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ بارلىق كۈچىنى نەپسى ئارزۇسىدىن ئىبارەت نىشانغا يۆزلەندۈرىدۇ. ئۆلچەملىك بېرىلىشنىڭ تەبىئىي تەرتىبى بوزۇلىدۇ. بىرلا بېرىلىش باش كۆتۈرۈپ باشقىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ كېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىش بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنىڭ تەبىئىي ئىنتىزامىنى بوزىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ توغرىدا اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە نىسا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراپ بولغان بولاتتى﴾[1].

دۆلەت ئىچىدە ئادالەت يۈرگۈزۈشى لازىم بولغان ھوقۇقدارلارنىڭ نەپسى ئارزۇسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشى ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى نەپسى ئارزۇسىغا بويسۇنسا، بايلارغا، كۈچلۈكلەرگە يان بېسىپ ئاجىزلارغا ۋە يوقسۇللۇرغا زۇلۇم قىلسا، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتى بۇزۇلىدۇ. خەلقلەر ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. تارىختىي دەۋرلەردە مۇنداق ئەھۋال كۆپ يۈز بەردى. الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، الله نىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزى بىزگە بېرىلگەن بىر ئىبرەت سۆزىدۇر.

نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىش بىزنى بۇ ھاياتنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. يېڭى پەلسەپىنىڭ پىشقەدەملىرىدىن پەيلاسوپ ”فرانچائىس باكون“ نىڭ قارىشىچە: ”ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن بىزگە ھەقىقەت يولىنى توسۇۋالغان تۆت تۈرلۈك خىيالدىن قۇتۇلۇش لازىم بولىدۇ. بۇ تۆت تۈرلۈك خىيالنىڭ چوڭراقى بۇرۇن ئۆتكەن ئاتا بوۋىلىرىغا دەلىلسىز ئەگىشىش خىيالى بولۇپ، بۇ كۆز قاراش ئىنسانىنى نۇرغۇن خاتالىققا ئۇچرىتىدۇ. ھەتتا زامان تەسىرى بىلەن ياكى ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان ئادەت تەسىرى بىلەن كاللىسىغا ئورنىشىپ قالغان ئەقىدىسىنى ياكى كۆز قارىشىنى تاشلاش ئورنىغا ھەقنى تاشلاش ۋە ھەقىقەتنى دۈشمەن تۇتۇش ئاسان بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلار بىلەن زوكۇنلاشقان ۋە ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە الله تەرىپىدىن يەتكۈزگەن راست دىنغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسلام چاقىرىقىنى قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەتنى ئەلا كۆرگەنلىكى ۋە بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا دەلىلسىز ئەگىشىشكە خويلىنىپ كەتكەنلىكىدۇر، دەپ بايان قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلار ساڭا جاۋاب بەرمىسە، بىلگىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغىلا ئەگىشىدۇ، الله ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ الله ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3].

ئەمەلىيەت شۇكى، بۇ ھاياتتا نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنىڭ كۆپىنچە سەۋەبلىرى روھىي ئاجىزلىق ۋە تونۇشنىڭ كامىل بولماسلىقىدۇر. ھاۋايى ـ ھەۋەس بەزى ئادەمنىڭ ئەقلىنى يېڭىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم بىر نەرسىنى باشقىلاردەك ياخشى ئويلىنالمايدىغان،

---

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 71 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد 26 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قەسەس 50 ـ ئايەت.

ئەسلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ نەپسى بىرلا مەقسەتكە مەركەزلىشىدۇ. ئىنسانىنىڭ بىر نەرسىگە ئامراق بولۇشى شۇ نەرسىگىلا سەزگۈرلىكىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ مەنتىقىسى ئەقىلنىڭ مەنتىقىسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ئىنسانغا قىلىدىغان تەسىرى ئىلىمسىزلىك بىلەن يولدىن ئازدۇرۇش، دەپ چۈشەندۈردى. بۇ توغرىدا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ﴾[1].

يەنە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلمەسلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى﴾[2].

قۇرئان كەرىم نەپسىنىڭ ھەۋىسىنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇ چارىسىنىڭ اللہ تائالاغا تولۇق يۈزلىنىش ۋە اللہ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾[3].

نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە اللہ تائالانى دائىم كۆز ئالدىدا تۇتۇش بولسا، ھەق يولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىمىزنىڭ ۋە ئازغۇن يوللارغا كىرىپ قالماسلىقىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر. خۇسۇسەن اللہ تائالانىڭ كاتتا ساۋابىغا يېتىشكە رىغبەت قىلىش تۇتكۇسى بىلەن بارلىققا كەلگەن دىنىي ھاۋادىكى كۈرەش بولسا، ئۇ تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## تەكەببۇرلۇق (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش) توغرىسىدا

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش جەمئىيەتتىكى رەزىل ئادەتلەردىن بولۇپ ئۇ، كىشىلەر ئارىسىغا بۆلۈنۈش، ئاداۋەت پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزئارا دوستلۇق ۋە ياردەملىشىشنى يوقىتىدۇ. تەكەببۇرلۇق بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشتىن ياندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەب جەھەتتىكى قىياسىمىزنى خۇنۇكلاشتۇرىدۇ. تۇزۇلۇشىمىزنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىنىڭ ئۆز كەمچىلىكى ۋە ئەيىبىنى كۆرمەس بولۇۋېلىشى، ئۆزىنى ناھايىتى كاتتا مۆلچەرلىشى، داملىغۇچى ۋە خۇشامەتچىلەرنىڭ ماختىغان گەپلىرىدىن باشقا سۆزلەرنى ئاڭلىماس بولۇۋېلىشى سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى كاتتا ۋە يارامىلىق ئادەم ھېسابلىغان كىشى باشقىسىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ ھالەت ئۇ كىشىنى ئالىملارنىڭ

---

(1) سۈرە ئەنئام 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە رۇم 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە نازىئات 40 ــ 41 ـ ئايەتلەر.

ئىلمىدىن پايدىلىنىشتىنمۇ، پەزىلەتلىكلەرنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىنىشتىنمۇ مەنئىي قىلىپ ئاخىرى جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇق گىرداۋىغا چۆشۈرۈپ قويىدۇ.

شۇڭا اللّٰه تائالانىڭ دۇنيادا ئورناتقان قانۇن يولى شۇ بولدىكى، تەكەببۇرلىقلارنىڭ قەلبى اللّٰه تائالا پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن ئۇچۇق دەلىللەرگىمۇ ۋە توغرا يولغىمۇ قولاپ سېلىپ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار تەكەببۇرلۇق سەۋەبىدىن يولدىن ئېزىپ اللّٰه تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشقا مەھكۇم بولغانلاردۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە: ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

قۇرئان بىزگە مۇتەكەببىرلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ چاقىرىقىدىن ئەڭ باش تارتقۇچىلار، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. بۇ توغرىدا اللّٰه تائالا پەيغەمبەر سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرى ھەققىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى. ھېلىقى تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴾[2].

ئاد مىللىتىمۇ اللّٰه تائالا باشلىغان توغرا يولنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە دەرتلىك، ئەلەملىك ئازاب بولدى. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاد بولسا زېمىندا (اللّٰه نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان اللّٰه نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق. ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر. ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالا تەكەببۇرلارغا ئاخىرەتتە يامان ئازاب بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿جەھەننەمدە مۇتەكەببىرلەرگە ئورۇن يوقمۇ؟﴾[4] يەنى ئۆزىنى چوڭ كۆرۈپ ھەقىقەتكە باش ئەگمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ ۋە تۇرمىسىنىڭ دوزاخ بولۇشى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

---

[1] سۈرە ئەئراف 146 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 75 ـ 76 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە فۇسسىلەت 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە زۇمەر 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سوراپ باقايلى! كىشىلەر نېمىگە ئاساسەن تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ؟ ئۆزىنىڭ نوچىلىقىغا، كۈچ قۇۋۋىتىگە ئاساسەنمۇ؟ ياكى ساغلاملىقى، ئاز كۈندە يوقىلىدىغان گۈزەللىكى ئۈچۈنمۇ؟ ئازراق كېسەلمۇ كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ھەر بىر كۈن ئۆتسە بەدەن بىر ئاز ئاجىزلايدۇ. ياشلىقىدىن كېيىن قېرىلىق ۋە ئاجىزلىق يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ: ئىقتىسادىم كۆپ دەپ پەخىرلەنمەكچى بولسا بىلىشى كېرەككى، ئۆلۈم باي بىلەن پېقىرنى ئايرىمايدۇ. بارلىق مال ـ مۈلۈكىنى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىپ كېتىدۇ. شۇڭا قۇرئاننىڭ تەۋسىيەلىرى كىشىنى تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكتىن توسىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن ) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەرقانچە گەدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن﴾[1] يەنى مۇتەكەببىر زالىملاردەك مەغرۇرلارچە ماڭمىغىن! قاتتىق دەسسەپ يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، دېمىغىڭ ھەرقانچە ئۈستۈن بولسىمۇ تاغدەك ئېگىز بولالمايسەن.

يەنە الله تائالا تەكەببۇرلۇقتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، الله ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2] يەنى سەن باشقىلارغا، ياكى باشقىلار ساڭا گەپ قىلغاندا خەلقنى تۆۋەن كۆرۈپ ئۆزەڭنى چوڭ تۇتۇپ يۈزۈڭنى باشقا تەرەپكە ئۆرۈپ گەپ قىلما، مۇنداق قىلىش الله تائالا يامان كۆرىدىغان تەكەببۇرلۇق، ھەمدە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بۇزۇدىغان ۋە ئۆزئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان خۇسۇسىيەت. شۇڭا بالا تەربىيىلىگۈچىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى ناچار قىلىقلارنى تۈزەتكۈچىلەر تەكەببۇرلۇققا قارشى كۆرەش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كىشىلەر بىر ـ بىرىگە مېھرىبان جەمئىيەت بولۇپ ياشىيالايدۇ. كېيىن ئېيتىش كېرەككى ياشاشنىڭ ئاساسى دوسلۇقتۇر.

## ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا

مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ھەم قىمارنى ھارام قىلىش (قەتئىي چەكلەش) توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت

(1) سۈرە ئىسرا 37 ـ ئايەت.
(2) سۈرە لوقمان 18 ـ ئايەت.

تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اﷲ نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن،قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1].

بۇ ئىككى ئايەت چوڭ ۋەز ـ نەسىھەتنى مەزمۇن قىلىدۇ. چۈنكى، اﷲ تائالانىڭ ھاراق بىلەن قىمارنى شەيتاننىڭ قىلمىقىلىرىدىن بولغان پاسكىنا قىلىق دېگەنلىكى، بۇلارنىڭ ئەڭ قەبىھ ۋە ناچار قىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسىدىن كۆپ يامانلىق ۋە بۇزۇقلۇقلار پەيدا بولىدۇ. اﷲ تائالا بۇ ئىككىسىدىن ساقلىنىشنى دۇنيادا پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ ھالدا بۇ ئىككىسىگە يېقىن كېلىش دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتىشقا سەۋەب بولىدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. ھەم بۇ ئىككىسىنى اﷲ تائالا خەلق ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغۇچى، دېدى. دۈشمەنلىشىش ۋە ئۆچمەنلىك قىلىشىش بولسا بۇ دۇنيادا بولىدىغان بۇزۇق قىلمىقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. ئاخىرىدا اﷲ تائالا ھاراق بىلەن قىمارنى اﷲ تائالانىڭ زىكرىدىن توسقۇچى دەپ كۆرسەتتى. اﷲ تائالانى ئەسلەش، ناماز ئوقۇش بولسا دىنىنىڭ تۈۋرۈكى (ئاساسلىق ئىشى) دۇر. تۆۋەندە ھاراق بىلەن قىمارنىڭ زىيانلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

## ھاراقنىڭ زىيانلىرى

ھاراقنىڭ سانسىزلىغان كۆپ زىيانلىرى بار. ھاراق ئۆزنى ئىچكۈچىنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىدۇ. ھايا ـ نومۇسنى يوقىتىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ھايا ـ نومۇسنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىدىن زىيانلىق نەرسە يوق. ھاراق بولسا، ئۆزنى ئىچكۈچىنى ئىنسانىي ئەخلاقنى تاشلاشقا، يامان قەبىھ قىلمىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھاراق سەۋەبىدىن زىنا ئىشلىرى، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىش ئىشلىرى يۈز بېرىش بىلەن ئائىلە ۋەيرانچىلىقى ۋە كۆپ پۇشمانلىق ۋە نەدامەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلىشىش ۋە كۆپلىگەن جىنايەتلەر قاۋاقخانىلاردا پەيدا بولىدۇ.

قىسمەن ئىنسانلار ھاراقنى ئاقلاپ: بۇ كۆڭۈلدە روھىي دەرد ـ ئەلەملەر كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭغا ھاراقتىن باشقا داۋا يوق دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا رەددىيە قىلىپ دەيمىزكى: روھىي دەرد ـ ئەلەملەرنى ھاراق يوقىتالمايدۇ، بەلكى ئەخلاقىي ۋىجداننى كۈچەيتىش، كىشىلەرنى ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئۆزىگە تەسەللى قىلىشقا تەربىيىلەش بىلەن دەرت ئەلەمنى يوقاتقىلى بولىدۇ. روھىي ئازابقا دۇچار بولغان ئادەم دەردىنى بېسىش ئۈچۈن روھىي غەيرىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن شىشە كۆتەرسە بالدۇرقىدىن قاتتىقراق دەرت ئەلەملەرگە يولۇقىدۇ. مەستلىكىدىن يېشىلگەندىن كېيىنلا يەنە دەردى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئىنسانىي ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ئاجىز قىلىپ قويىدۇ. ئاخىردا نېرۋا كېسىلىگە دۇچار بولىدۇ، ياكى مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ قېلىپ، بۇ

[1] سۈرە مائىدە 90 ـ 91 ـ ئايەت.

ئادەم ھاياتىدا بۇغۇزى چالا بوغۇزلانغان ھايۋاندەك چالا ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر ئىشقا زوقى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى يوقىلىدۇ. بۇنىڭدى باشقا ھاراقنىڭ تەن سالامەتلىكىگىمۇ كۆپ زىيانلىرى بار. بۇنى يۇقىردا بايان قىلدۇق.

ھاراقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا (جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە) ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى بولسا، ھاراق ھەقىقىي دوستلار بىلەنمۇ، باشقىلار بىلەنمۇ ئاداۋەتلىشىشكە سەۋەب بولىدۇ. ھاراقكەش مەست بولۇپ ئۇنىڭدىن يامان سۆز ۋە قەبىھ قىلىقتىن توسىدىغان ئەقلىي يوقالغانلىقتىن كىشىلەرگە ئەسكىلىك قىلىدۇ. يولسىزلىق بىلەن ئاچچىقلىنىدۇ ۋە يامانلىق قىلىدۇ. بۇلار ئاداۋەت، ئىختىلاپ ۋە دەۋا قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شۇنىڭدەك مەست قىلغۇچى نەرسىلەر الله تائالانى ئەسلەشكە، ناماز ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەست ئادەمدە ئۆزىنىڭ ياراتقان ئىگىسىنى ئەسلىتىدىغان ۋە نېمەتلىرىنى تونۇپ ئىبادەت قىلدۇرىدىغان ئەقىل، ئاڭ يوق. ئىبادەت پەقەت ئەقىل بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ھاراقنى چەكلىگەن ۋە مەستنى جازالاشنى يولغا قويغان ئىسلام، ھاراقنى چەكلىمىگەن ۋە مەستنى جازالىمايدىغان باشقا دىن ۋە قانۇنلاردىن ئىلغار ۋە ئالىي بىر دىن ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئىشى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله تائالاغا ئىبادەت (ئىتائەت ۋە ئىخلاس) قىلىشقا چاقىرىشىدىن ئىبارەت. مەست ئادەمنىڭ ئىبادەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى چەكلىشى ۋە ئۇنىڭ زىيانلارنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويۇشى ئىسلام ئۈچۈن پەخرى ۋە ئۇنىڭ ئىنساننى ماددىغا بېرىلىپ كېتىشنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ، روھنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ۋە ئەخلاقنى تۈزۈدىغان روھىي بىردىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## قىمارنىڭ زىيانلىرى

قىمارنىڭ زىيانلىرىدىن ئالدى بىلەن بىزگە كۆرۈنىدىغىنى بولسا، قىمارۋازغا بولىدىغان ئىقتىسادىي زىياندۇر. بۇ، ئىقتىساد توغرىسىدىكى ماۋزۇدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە قىمارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەققىدە توختىلىمىز.

1 ـ قىمار ئاداۋەت تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى، قىمارۋاز باشقىلارغا زىيان ئۇرماي پايدا تاپالمايدۇ. قىمارۋاز كىشىلەرنىڭ پۇلنى كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بولايدىغان بۇلاڭچى. قىمار ئوينىغۇچى كۆپ ئوتتۇرغانسىرى ئۇتتۇۋالغۇچىغا قارىتا ئۆچمەنلىكى كۈچىيىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزۇن زامان ئەقلىنى، ھېسسىياتىنى، كۈچىنى ئىشلىتىپ ئاران تاپقان پۇلنى بىردەمدىلا تارتىۋالدۇ. قىمارۋاز ئويناشتا داۋام قىلىۋېرىپ ئاخىرى پۈتۈن ئىقتىسادىدىن ئايرىلىدۇ ـ دە، ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ، ياكى ئۇتتۇۋالغۇچىغا مەخپىي سۇيىقەست قىلىشقا باشلايدۇ. زىددىيەت ئەۋج ئالىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ھادىسە.

ھەمدە، قىمار اﷲ تائالانى ئەسلەشكە ۋە نامازغا توسالغۇ بولىدۇ. چۈنكى قىمارۋاز ئۆز ئەقلى ھوشىنى ۋە ھەممە خىيالىنى قىمارغا باغلاپ ئۇتۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىپ ئولتۇرىشتىن قورقۇپ، قىماردىن باشقىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ. ياراتقان ئىگىسىنى ئۇنتۇيدۇ. پۈتۈن ئىبادەتتىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئىنسانىنىڭ روھىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان نامازنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. دۇنيادا قىماردەك ئادەمنىڭ ئەقلى ھۇشىنى تارتىپ كېتىدىغان، ھەممىدىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بىر نەرسە يوق. شۇڭا قۇرئان قىمارنىڭ زىيىنىنى ناھايىتى ئېچىنىشلىك بىلەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى.

قىمارنى چەكلەش ئىسلامنىڭ ئىنسانغا زىيانلىق بولغان ۋە ياراتقان ئىگىسىگە ئىبادەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈتىدىغان ھەرقانداق ئىش ۋە نەرسىلەرنى چەكلەيدىغان بىر روھىي دىن ئىكەنلىكىنىڭ كەسكىن دەلىلىنى بىزگە كۆرسۈتىپ بېرىدۇ.

## يالغان سۆزلەش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى

يالغانچىلىق پۈتۈن رەزىللىكنىڭ مەنبەسىدۇر. يالغانچىلىق بىلەن جەمئىيەت كىشىلىرى پارچىلىنىدۇ. ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ. يالغانچى ئادەم خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى راست دېمەيدۇ ۋە ھېچقانداق ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ھەركىم ئۆزىنىڭ سودا ـ سېتىقىدا كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىگە موھتاج. يالغانچىلىق ئىشەنچنى يوقىتىدۇ. شۇڭا اﷲ تائالا يالغانچىلارنىڭ يولدىن ئېزىپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿اﷲ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] يەنە مۇنداق دېدى: ﴿اﷲ ھەقىقەتەن يالغانچىنى، (اﷲ نىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2].

يالغانچىلارغا قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) اللە نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، اللە نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[3].

يالغان سۆزلەش ھەرقانچە ۋە ھەرقانداق شارائىتتا يامان ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى بەزى ۋاقىتتا ئىنسانىيەتكە يالغانچىلىق راستلىقتىن پايدىلىقراق بولىدۇ. مۇنداق يالغان پەقەت ئەل ئارىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىپ ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئېيتقان يالغاندۇر. بۇ توغرىدا

---

[1] سۈرە غافىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نەھل 116 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەلق ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلغان ئادەم يالغانچى ئەمەس» دېگەن. (ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتى)

## خىيانەت

خىيانەت قىلىش (ئىشەنچىگە يارىماسلىق) ئىنساندا خۇي - ئادەت بولۇپ قالغان يالغاننىڭ تۈرلىرىنىڭ يامانراقى بولۇپ، بۇنىڭ زىيىنى بىۋاستە پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىگە كەڭ تار قىلىدۇ. خائىنلىق كىسەلى قايسى بىر يەرنىڭ كىشىلىرى ئارىسىغا يېيىلسا، شۇ خەلق باش - باشتاق خانە - ۋەيران بولۇپ خاراب بولىدۇ. شۇڭا اللە تائالا مۆمىنلەرنى خائىنلىقتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! اللە غا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾[1].

اللە تائالا خائىنلارنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(گۇناھ قىلىش) بىلەن ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى اللە ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام بىر جەمئىيەت بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغۇچى ئۆز ھاياتىدا تىنچ - ئامانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چوڭ ھەرىكەت ۋە كۆرۈشنى خائىنلىق پەسكەشلىككە قارشى يۈزلەندۈرۈشى لازىم.

## ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش

ھەر كىمگە يامان كۆرۈلىدىغان يالغانچىلىقنىڭ بىرسى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ، بۇ كىسەل شۇ ئادەمنىڭ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىشقا بولمايدىغان ۋە ئىشەنگىلى بولمايدىغان كىرەكسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستانىلىقنى يوقىتىدۇ. ھەم ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ.

1 - ۋاقىتنى بىكار قىلىش.

2 - (قىلغان ۋەدىسىگە تۇرماسلىق بىلەن باشقىلارغا) يالغان ئۈمىد قىلدۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش مۇناپىقنىڭ خۇسۇسىيىتى، دەپ كۆرسىتىپ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ، سۆزلىگەندە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ ۋە ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ» دېگەن. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

---

(1) سۈرە ئەنفال 27 - ئايەت.
(2) سۈرە نىسا 108 - ئايەت.

## يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

يالغان گۇۋاھلىق بېرىشمۇ بىرخىل يالغانچىلىق بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەڭ قەبىھ ئىجتىمائىي يامانلىقلار، جانلار ھالاك بولىدىغان، ھەققانىيەتلەر يوق بولىدىغان ۋە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدىغان مۇشكۈل خەتەرلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىمىز يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ گۇناھىنى ئىسلامدا ئەڭ ئېغىر گۇناھ بولغان اللہ تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش جىنايىتى قاتارىدا كەلتۈردى. اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾[1].

اللہ تائالا ئۆزىگە يېقىن بولغان بەندىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇلار (يەنى اللہ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾[2] دېدى.

## بوھتان چاپلاش

بوھتان چاپلاشمۇ يالغانچىلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنى ئىسلام دىنى ھارام قىلدى. بوھتان چاپلىغۇچىنىڭ مەقستى بىرەر كىمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ياكى بىرەر ئىشنى يوققا چىقىرىش بولۇپ، بوھتان نۇرغۇن زىيان ـ زەخمەت، بالا ـ مۇسىبەتكە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا اللہ تائالا ئىنسانلارنى بوھتان توقۇشتىن ھەزەر قىلدۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[3].

اللہ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىنى ۋە خەۋەر قىلغۇچىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تەكشۈرمەيلا ئىشىنىپ، بىلمەستىن كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلىپ بولمىغۇر ئىش قىلىپ قويۇپ كېيىن پۇشايمان ـ نەدامەت قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يول كۆرسىتىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## گەپ توشۇش

گەپ توشۇش، چېقىمچىلىق قىلىشمۇ بىر تۈرلۈك يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ قىلىق شۇ ئىنسانىنىڭ نىيىتى يامان ۋە روھىي كېسەل ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىش، ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇشتىن باشقا مەقسىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. چېقىمچىغا قارشى جەڭ قىلىدىغان چوڭ قورال بولسا، ئۇنىڭ سۆزىگە قولاق

(1) سۈرە ھەج 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە فۇرقان 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەت.

سالماسلىقتۇر. اللّٰه تائالا بىزنى شۇنىڭغا بۇيرۇپ: ﴿قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلەد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن﴾[1] دېدى.

سۇخەنچى ئادەم كىشىلەر ئارىسىنى بۇزىدىغان بولغاچقا اللّٰه تائالا ئۇنداق ئادەمنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشتىن ۋە ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ. بىركىشىدىن يەنە بىر كىشىگە يامان گەپ توشۇغۇچىغا "سۇخەنچى" دېيىلىدۇ.

## باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈش

قۇرئان كەرىمنىڭ نىشان ـ مەقسەتلىرىدىن بىرسى بولسا، كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ۋە ئۆز ئارا دوستلىقنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەم بۆلۈنۈش ۋە دۈشمەنلىشىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەركىم ئۆزىدىن باشقىسىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللّٰه نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆز ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر﴾[2].

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرنى باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ئابرۇيىنى ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ ھالدا مۆمىنلەر مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ھەر قانداق بىر شەخسنى مازاق قىلماسلىقى، باشقىلارنى سۆز يا قول ئىشارىتى يا باشقا بىر ئىش بىلەن ھاقارەت قىلماسلىقى، كىيىم ـ كېچەك كونا ـ يېڭى ياكى مېيىپ دەپ، تۆۋەن كۆرمەسلىك لازىم. چۈنكى، كۆزگە ئىلىنمەي ئاددىي كۆرۈنگەن بەزى كىشىلەر ئەمەلىيەتتە مەسخىرە قىلغۇچىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا مەسخىرە قىلغۇچى اللّٰه ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولغان كىشىنى تۆۋەن كۆرۈش بىلەن زالىم (ناھەق ناتوغرا ئىش قىلغۇچى) بولىدۇ. مەسخىرە قىلىنغۇچى ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ تۆۋەن كۆرۈلىشىگە ھەرگىز رازى بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇمۇ مەسخىرە قىلغۇچىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاپ تارقىتىدۇ. ئەگەر ئەيىب تاپالمىسا يالغاندىن ئەيىب توقۇپ راستەك كۆرسىتىدۇ. باشقىلار ئۇنى تارقاتقىلى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىنى مەسخىرە قىلغۇچىغىمۇ كۆپ زىيان بولىدۇ.

---

[1] سۈرە قەلەم 10 ـ 13 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە ھۇجۇرات 11 ـ ئايەت.

يۇقىرىقى ئەھۋالنى بىلگەندە بىز ئەلۋەتتە ئادەم مازاق قىلىشنىڭ كىشىلەر كۆڭلىگە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشىنى ۋە شەخسلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ـ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئاندىن كېيىن الله تائالا بىزنى كىشىنىڭ بار يېرىدە ئەيىبنى ئېچىپ تەنە قىلىشتىن مەنئىي قىلدى. چۈنكى، مۇنداق قىلىشمۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتتە پۈتۈن مۆمىنلەر بىر جان بىر تەنگە ئوخشاش بولغاچ بىر ـ بىرىگە تەنە قىلىش لايىق ئەمەس. قاچان بىر مۇسۇلمان يەنە بىر دىنىي قېرىندىشىنى ئەيىبلىسە ئۆزىنى ئەيىبلىگەندەك بولىدۇ، دەپ سۆزلىدى. الله تائالانىڭ: ﴿بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇدۇر.

شۇنىڭدەك الله تائالا ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز دىنىي بورادىرىنى، ئۇ يامان كۆرىدىغان لەقىبى بىلەن چاقىرىشنى مەنئىي قىلىپ: ﴿بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار﴾ دېدى. سەت لەقەب مەيلى شۇ كىشىنىڭ ئۆز لەقىبى بولسۇن، مەيلى دادىسىنىڭ يا ئانىسىنىڭ لەقىبى بولسۇن، مەيلى مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر كىشىنىڭ لەقىبى بولسۇن، لەقەب بىلەن چاقىرىش ئوخشاش مەنئىي قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇمۇ كۆڭۈللەرگە مەخپىي ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن الله تائالا بىر كىمنى مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش ۋە لەقىبىنى چىشلەپ تارتىشتەك ئىشلار شۇ ئىشلارنى قىلغۇچىنىڭ دىن يولىدىن چىقىپ كەتكەن پاسىق ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بايان قىلدى. شۇڭا مۆمىن ئادەمنىڭ ئۇ، مۆمىن (ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچى) كىشى دەپ تونۇلغاندىن كېيىن پاسىق دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋېلىشى لايىق ئەمەس. مۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى ئىشلەشتىن يانمىغانلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلار بولۇپ، ئۆزىنى الله تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلغانلاردۇر.

## باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى، كەمچىلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە غەيۋەت قىلىشنىڭ يامانلىقى

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە باشقىلارنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر الله تىن قورقۇڭلار الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى ناھايىتىمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىنلەرگە قارىتا يامان گۇمان قىلىشتىن توستى. چۈنكى، يامان گۇمان قىلىش ئۇ كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشكە ۋە ئۇلارغا زىيان كەشلىك قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۆمىنگە قارىتا يامان گۇمان قىلىشتىن ھەزەر قىلدۇرۇپ: ﴿بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر﴾ دېدى. يامان گۇماندىن مەنئىي قىلىشنىڭ شەرتى بولسا، گۇمان قىلغۇچىنىڭ تۈزۈك، ياخشى ۋە ئىشەنچلىك كىشى دەپ تونۇلغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئەمما ناچار ۋە يامان قىلىقلارغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ياكى خائىنلىقى ئىسپات بىلەن ئايدىڭ بولغان كىشىلەردىن يامان گۇمان قىلىش مەنئىي قىلىنمايدۇ.

ئاندىن كېيىن الله تائالا مۆمىنلەرگە جاسۇسلۇق قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ماراشتىن توستى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئاداۋەت پەيدا قىلىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەمما ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلقنى پىتنە ـ پاساتقا قۇترىتىدىغان بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ سۆز ھەرىكىتىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ ئادىل ھۆكۈمەتنى قوغدىشى بولسا، قۇرئان توسقان جاسۇسلۇق قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، جاسۇسلۇق قىلىشتىن توسۇشتىكى مەقسەت مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

ئاخىرىدا الله تائالا غەيۋەت قىلىشنى چەكلىدى. غەيۋەت، بىر ئادەم يەنە بىر بۇرادىرىنىڭ يوق يېرىدە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىش دېمەكتۇر. يامان گەپ مەيلى ئاشكارا سۆزلەنسۇن ياكى يوشۇرۇن سۆزلەنسۇن ياكى ئىشارەت بىلەن، مەيلى دىنى توغرىسىدا، مەيلى دۇنيالىقى توغرىسىدا، مەيلى ئۇ كىشىنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا، مەيلى خۇي ئادىتىنى ئەيىبلەش توغرىسىدا بولسۇن ھەممىسى چەكلىنىدۇ. چۈنكى غەيۋەتمۇ ئوخشاشلا كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن شۇنچە قاچۇرىدىكى غەيۋەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بۇرادىرىنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولىدۇ. دېدى ۋە بۇ ھەقتە: ﴿سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى.

سىلەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ گۆشىنى يېيىشنى قانداق يامان كۆرسەڭلار، مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى شۇنچە يامان كۆرۈڭلار، دېمەكتۇر. ئەمما شەرىئەتكە خىلاپ گۇناھلارنى ئاشكارا قىلىپ يۈرگەن ۋە گۇمانلىق يەرلەرگە قاتناپ يۈرگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن يوق يېرىدە شىكايەت قىلىش بىلەن باشقىلارنى ئۇنداق يامان ئىشلاردىن قاچۇرۇش مەنئىي قىلىنمايدۇ.

الله تائالا ئىنسانلارنى الله تائالادىن قورقۇشقا (جىنايەتتىن ساقلىنىشقا) چاقىرىش بىلەن بۇ ئايەتنى ئاخىرلاشتۇردى. چۈنكى الله تائالا مەزكۇر خاتالىقلاردىن يېنىپ پۇشايمان قىلىپ ئەپۇ سورىغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

## زىنانىڭ يامانلىقى

”زىنا“ دېگەن بىر رەزىل ئىش بولۇپ، روھىي خاتىرجەملىكنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇرى بولمايدۇ. زىنادىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش بولسا ئىنسانغا تىنچ ـ ئامانلىق ۋە كۆڭۈل ئاراملىقى بېرىدۇ. زىنا بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ. ھەر ئادەمگە نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغان جىنايەت ھەۋىسىنى تۇغدۇرىدۇ. زىناخورلۇق رەزىللىككە دۇچار بولغان بىر ئادەم ماقا زىناخورنىڭ روھىي ھالىتىنى تونۇشتۇرۇپ الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنى مىسال قىلىپ، زىناخورمۇ قانداق ئاۋاز ئاڭلىسا يۈرىكى بىر قېتىم سىقىلىدۇ، كىم ئۇنىڭغا قارىسا، قارىغۇچى ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنى ئەيىبلەپ قارىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ھەمىشە دەككە ـ دۈككىدە تۇرىدۇ، دېدى. زىناخور شەرئەت كۆرسەتكەن نىكاھلىنىش يولىدا ماڭمايدۇ. ئۇ ھەر دائىم باشقىلار ھېسابىغا مەنپەئەت ئېلىشنى ئىستەيدۇ. ئۆزىنىڭ ھالال ئايالىغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىپ خاتىرجەم ياشاشنى خالىمايدۇ. ئۆيلىنىش بولسا تەبىئىي قانۇن بولۇپ ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە ھاياتىنىڭ بىر بۆلۈكىنى سەرپ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆيلىنىش بىلەن ياخشى تەربىيىلەنگەن ئەۋلادلارنى دۇنياغا كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. ياخشى تەربىيىلەنگەن پەرزەنتلەر، دىن ئۈچۈن ۋە ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ياخشىلىقلارغا ياراملىق ۋە غەيرەتلىك پەرزەنتلەرگە ئايلىنىدۇ. ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ ئويلايدىغان مەنپەئەتى دەل مۇشۇدۇر.

زىنا بولسا، كەلكۈن سۈيىدەك بىزنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى ۋەيران قىلىدىغان، بىزدىكى نۇر ۋە ئېسىل ئەخلاقنى ئۇچۇرىدىغان نەرسىدۇر. زىنارخورلۇق جەمئىيەتتە ئادەملەرگە ئېغىر يۈك بولىدىغان تاشلاندۇق بالىلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ دادىسىز بالىلار ئۆلگىچە باشتىن كەچۈرىدىغان نومۇس ۋە دەرت ئەلەملىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ. بۇلار، مېھرىبانلىق قىلىدىغان ۋە گۈزەل ئىستىقبالى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بېرىدىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوچىقىدىن ئالىدىغان لەززەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ بالىلار بۇ دۇنيا ھاياتىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. مۇنداق بالىلار كۆپىنچە ئىلىم ـ تەربىيەسىز قالغاچقا جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتمايدىغان بۇزۇق، خائىن ۋە ۋابا كېسىلىدەك زىيانلىق ۋە يارامسىز ئادەملەر بولۇپ كوچىلاردا قالىدۇ.

ئۆيلىنىش بولسا ئەر ـ ئايال ئارىسىنى بىر ـ بىرىگە دوستلۇق، شەپقەتلىك ۋە پىداكارلىق ئاساسىدا باغلايدىغان ۋاستىدۇر. قۇرئان بۇ توغرىدا: ﴿نىكاھ سەۋەبى بىلەن الله ئاراڭلارغا دوستلۇق ۋە رەھىم شەپقەت پەيدا قىلدى﴾ دېدى. زىنا بولسا، ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ئالاقىنى ھايۋان ئالاقىسى قىلىپ بىر دەملىك لەززەت ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش بىلەن نۇرغۇن ئاداۋەتنى ئېغىر ھادىسلەرنى سورەپ كېلىدىغان ھادىسلاردۇر.

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەل مۇشۇ نوقتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىسلام دىنىمىز زىنانى ھارام قىلدى. ئۇنى چېكىدىن ئاشقان قەبىھ قىلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن يىراق قېچىشى لازىم بولغان يامان يول دەپ چۈشەندۈرۈپ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1] دېدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئالىيلىقىدىن بىر نەمۇنە شۇكى، ئىسلام دىنى زىناخورلۇق رەزىللىكىگە قارىتا قاتتىق توسىدىغان جازانى يولغا قويۇپ، تېخى ئۆيلەنمىگەنلەرنى يۈز دەررە ئۇرۇش، ئۆيلەنگەندىن كېيىن زىنا قىلغانلارنى تاش ـ كېسەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى كۆرسەتتى. زىناغا مۇنداق جازا قوللىنىشنىڭ سەۋەبى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان ئەڭ يامان ۋە قەبىھ كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان جازالاش كۈچى بولمىغان چاغدا ئېسىل ئەخلاقنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ، ئۇنى جەمئىيەتكە ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايدۇ، رەزىل ئەخلاقلارنى تازىلىماي تۇرۇپ گۈزەل ئەخلاقنى نەزىرىيىۋي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن تەلىم بەرگەننىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمايدۇ، دېگەن توغرا قانۇنىيەتنىڭ نەتىجىسى ئۇچۇندۇر.

## ئاچچىغى يامانلىقنىڭ ناچار ئەخلاق ئىكەنلىكى

ئاچچىقى يامانلىقمۇ رەزىل ۋە ناچار ئەخلاقتىن بىرى بولۇپ، ئەگەر ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلىشىپ، جەمئىيەتكە كېڭىيىپ قالسا جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ ھاياتىغا ئەڭ يامان تەسىرى بولىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان ئېچىنارلىق نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەمنىڭ ئاچچىقى قاتتىق كەلگەندە ئۇنىڭدىن توغرىلىق ۋە راستلىق يوقىلىدۇ. نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەيدىغان يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم ئەسلىدە ئۆزىنى ھۆرمەتتىنى ساقلىغان ۋە مەنپەئەتىنى قوغدىغان كىشى قىلىپ كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئەقلىدىن ئازغان ئەخمەق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ. چۈنكى، ئاچچىق دېگەن تاجاۋۇزدىن ئىبارەت. ئېغىر بېسىقلىق بولسا، ھوشيارلىق ۋە ئەقلى ئۆتكۈرلۈكتىن ئىبارەت.

ئاچچىقىغا بېرىلىپ كېتىش تەن ـ سالامەتلىككىمۇ بىر قانچە تەرەپتىن زىيانلىقتۇر، تىب ئىلمى بۇنى ئىسپاتلىدى.

يۇقىرىقىدەك زىيانلار بولغاچقا ئىسلام دىنى ئاچچىقىغا بويسۇنماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش اللە تائالانىڭ رازىلىقىغا تېگىشلىك بولىدىغان پەرھىزكار كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، دەپ كۆرسەتتى. اللە تائالا تەقۋادارلارنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ اللە يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان

---

[1] سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت.

ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. اللّٰه ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

ئاچچىقنى يۇتۇش، كۆڭلىگە كىرىۋالغان ئاچچىقنى توسۇۋېلىپ ئاچچىقى كەلگەنلىكنىڭ تەسىرىنى ئاشكارا قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى ئاچچىقنى يۇتۇشقا چاقىرىپلا قالماستىن ئاچچىقنى كەلتۈرگەن تاجاۋۇزچىنى ئەپۇ قىلىپ يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. كىشىلەر تاجاۋۇز قىلغاندا، ياكى ھەققەتنى ھەم ھوقۇقنى يوقىا چىقارغاندا ئادەمنىڭ ئاچچىقى قوزغىلىدۇ. بۇ ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دىنىي قېرىنداشنى ئەپۇ قىلىش ئەخلاقى ئۈستۈنلۈكتۇر. بۇ ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئىنسان ئاچچىقلانغاندا ئىنساپسىز ھۆكۈم قىلغۇچى بولىدۇ. ئاچچىقى تاشقاندا كۆزى توغرىنى كۆرمەيدۇ. بىر ئىشنى توغرا ئويلىمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكمى ھەقتىن يىراقلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئاچچىقى كەلگەندە ئەپۇ قىلالىشنى مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر، دەپ بايان قىلدى. بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا: ﴿دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا . . .﴾[2] دېدى.

اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىشنى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىگە ئىگە بولالىشنى پەلۋانلىق دەپ ھېسابلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەلۋانلىق چېلىشىشتا يەڭگەنلىك بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. بەلكى ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا ئۆزىگە ئىگە بولغان (ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرمىگەن) ھەقىقىي پەلۋان ھېسابلىنىدۇ» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

مەدەنىي تەرەققىياتنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇشقا ئادەتلىنىشى، تۇيۇقسىز بىر ئىشتىن تەسىرلىنىش تۈپەيلىدىن تېز قوزغالغان ئاچچىقنى بېسىۋېلىپ ئويلىماي سۆزلەشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇ ھالدا بۇلار سانسىز مۈشكۈللۈكتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

## ھەسەت (ئىچى يامانلىق) ناچار ئەخلاقتۇر

ھەسەتخورلۇقمۇ رەزىل ئەخلاقنىڭ بىرى. بۇ ناھايىتى قەبىھ خۇسۇسىيەت بولۇپ ئىنساننىڭ تۇرمۇشىنى راھەتسىز قىلىدۇ. چۈنكى ھەسەتخور ئادەم باشقىلارنىڭ بەختسىز، تەتۈر پېشانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاچقا ئۆزىنىمۇ بەتبەخت قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن ياخشىلىققا خوش بولۇپ خاتىرجەم ياشاش ئورنىغا باشقىلارغا بېرىلگەن ياخشىلىققا ئىچى ئېچىشىپ دەرت ئەلەمدە ياشايدۇ.

ھازىرقى زامانىمىزدا ھەسەتخورلۇق ئەۋج ئالماقتا. كەمبەغەل بايغا ھەسەت قىلىدۇ. خوتۇنلار ئەرلەرگە، سەت خوتۇنلار چىرايلىق ئاياللارغا ھەسەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن

[1] سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مىللەت بىر ـ بىرىنى يامان كۆرىدىغان بولىدۇ. بىر ـ بىرىگە بەختسىزلىك كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىدىغان بولىدۇ. ھەسەتخورنىڭ خۇيى پەسكەشلىك، ئۇ خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇيدۇ، يامان ۋەقە پەيدا قىلىدۇ ۋە سۈيىقەست قىلىشقا ماھىر بولىدۇ. بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشكەن ئادەمگە قارشى داۋاملىق مەخپىي يامانلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە گەپ تارقىتىدۇ، ياكى ئۇنى ئۆزىدەك قورقۇنچاق كېرەكسىز ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھەسەتخور ئادەم ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ھەسەتخورلۇقتىن توسۇپ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. الله دىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (الله بېرىدۇ). الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1] دەيدۇ.

الله تائالا بۇ ئايەتتە باشقىلارغا بېرىلگەن پايدىنى ئارزۇ قىلىشتىن توستى. ئارزۇ قىلىش دېمەك كۆڭلىدە ئىچى يامانلىق قىلىپ بىراۋنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىش، دېمەكتۇر. ئاندىن كېيىن الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىشلىشى ۋە سەئيي سەۋەب قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. شۇڭا مۆمىنلەر ئۆز تېرىشچانلىقىغا يۆلىنىشى كېرەك، كۆڭلىدىكى ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن بارلىق ئىقتىدارىنى، قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىش كېرەك. ئەگەر ئەمەل ـ ھەرىكىتىدىن نەتىجە قازىنالمىسا، الله تائالانىڭ ئىلتىپات قىلىشىنى ۋە نېمەت بېرىشىنى تىلىشى لازىم، دەپ خەۋەر قىلدى.

الله تائالا يەنە بىر يەردە ھەسەتخورلۇقتىن پاناھ تىلەشكە ( يەنى خۇدادىن ھەسەتخورلۇقتىن ئۆزىنى قوغداشنى تىلەشكە ) بۇيرۇپ: ﴿ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن ساقلىغىن﴾[2] دېگەن ئىدى.

ھەسەتخورنىڭ قەلبىدىكى دەرت ـ ئەلەمنىڭ ئېغىرچىلىقىغا ئىچ ئاغرىتىش لازىم. شۇڭا بىز ھەسەتخورنى ئەيىپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقىسىغا زىيىنى بولمايدىغان ھەسەتخورلۇققا جازا قوللانماسلىقىمىز كېرەك. الله تائالا شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. الله نىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى الله سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەيىپ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[3].

---

[1] سۈرە نىسا 32 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فەلەق 5 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 109 ـ ئايەت.

## ھەسەتخورلۇقنىڭ داۋاسى

ھەسەتخورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە ۋاستىلەر بار.

1 ـ ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئېرىشكەن ياخشىلىققا قانائەت قىلىش.

2 ـ ئۆزىدىن بەختلىكراق بولغان كىشىلەرگە ئۆزىنى سېلىشتۇرماي، ئۆزىدىن تۆۋەن، ناچار ھالدىكى ئادەملەرگە قاراپ ئۆزىگە بېرىلگەن اللە تائالانىڭ ئىلتىپاتىنى تونۇپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسى بىرىڭلارنىڭ ئىقتىسادتا ۋە بەدەن قورۇلۇشىدا ئۆزىدىن ئارتۇق كىشىگە نەزىرى چۈشسە، دەرھال ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەمگە قارىسۇن» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

## پايدىسىز سۆز ۋە ئىشتىن ساقلىنىش

ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدا مەقسەتكە يېتىشى ۋە روھىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىنىڭ كۈچلۈك سەۋەبى بار. ئۇ بولسا، ئۇسال ئادەملەرگە ئارىلاشماسلىق، بىمەنە چاخچاقتىن، بىكار گەپ ۋە بىكار ئىشتىن، ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە يات ئىشتىن يۈز ئۆرۈشتىن ئىبارەت بولغان قۇرئان چاقىرغان يولغا مېڭىشتۇر.

قۇرئاندا: ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اللەنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾[1] دەپ خەۋەر بېرىلدى.

قۇرئان كەرىمدە پايدىسىز سۆز ۋە ھەرىكەتتىن توسۇش كۆپ خىل ئىبارەتلەر بىلەن تەكرارلاندى. اللە تائالا ئۆزىگە يېقىن بەندىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴾[2].

يەنە اللە تائالا ئۆزىگە يېقىنلاشقان بەندىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە: ﴿ئۇلار (يەنى اللە ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغان چاغدا ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[3] دەپ بايان قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە خەلقلەر پەيدا قىلغان شەرىئەتكە خىلاپ ئويۇنلارمۇ بىمەنە ئىش قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار كىشىنىڭ روھىنى پاكلىمايدۇ، ئېڭىنى ئۆستۈرمەيدۇ. چۈنكى بۇلار ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، ئىنسانىي ئەخلاقنى بۇزىدىغان ئويۇنلاردۇر. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش سەۋەبلىرىدىن بىرسى، مىللەت باللىرىنىڭ

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 1 ــ 3 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فۇرقان 72 ـ ئايەت.

پايدىسىز گەپ ۋە پايدىسىز ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈشى پايدىلىق نەتىجىلىك ئىشلارنى ئىشلەشكە چوڭقۇر چۆكىشىدۇر. ئارقىدا قالغان ئىنسان بالىلىرىدا بىكار ئويۇن تاماشا، ھاياسىز قەبىھ گەپ ـ سۆزلەر كۆپ ۋە پايدىسىز ئىشلارغا ۋاقىت زايا قىلىشى كۆپ بولىدۇ.

## يېمەك ـ ئىچمەككە بەك بېرىلىپ كېتىش خاتادۇر

ئادەمنىڭ روھىي رىغبەتلىرى ئاجىزلاشقانسېرى تەبىئىي ھالدا ماددىي رىغبەتلىرى كۈچىيىپ، مەقسىتى ئاساسەن ئالىي دەرىجىدە غىزالىنىشقا مەركەزلىشىدۇ.

مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈلگەن بىر ئىش شۇكى، ئادەمدە تائامغا بولغان ئىشتىھا ھەددىدىن ئاشسا ئۇ ئادەمدە جىنسىي تەلەپ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئادەم بۇ ھاياتنى خاس ماددىي مەنپەئەتلىنىشتىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئادەمدە خۇدا ئۈچۈن خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىش، قۇربان بېرىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىشتەك روھىي خىسلەتلەر ئاجىزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ـ مەنلىك، باغرى قاتتىقلىق ۋە راھەتكە بېرىلىشتەك ئادەتلەر ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ئادەتلەر ئۇ كىشىنى ئاخىر جەمئىيەتنىڭ بۇزۇق بىر ئەزاسى قىلىپ قويىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشى يولىدا پايدا ئالالمايدۇ. شۇڭا قۇرئاننىڭ تاپشۇرۇقلىرى تاماققا ناھايىتى ھېرىس بولۇپ كېتىشتەك رەزىللىكتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىتىلدى ۋە ئۇنداق ئادەمنى اللہ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ، دېدى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اللہ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

شۇنىڭدەك يېمەكلىكلەرگە ناھايىتى بېرىلىپ كېتىش ئادەمنىڭ زېھنىنى گالۋاڭ قىلىپ قويىدۇ. ئەقلىنى، روھىنى، ئېھتىياجلىق ئىلىم ـ مەرىپەتلەر بىلەن غىزالاندۇرۇشقا توسالغۇ بولىدۇ. تائامغا ھېرىس ئادەمنىڭ ھەر تۈرلۈك تاماقنى ئويلاشتىن ۋە بۇ ھاياتنىڭ كەڭرى مەنپەئەتلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈشتىن باشقا مەقسىتى بولمايدۇ. بۇ ھالەت ئۇ كىشىنى روھىنى پاكىزلاشتىن ۋە ئەيىب كەمچىلىكتىن روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزۇشتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ. ئۇ كىشى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق خۇلقىدىن ئايرىلىپ ھايۋاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئىنساندىكى مۇنداق چۈشكۈن خۇسۇسىيەتنى قۇرئان كەرىم كاپىرلارنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ كۆرسەتتى. اللہ تائالا بۇ توغرىدا: ﴿كاپىرلار (ھاياتى دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمان بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[2] دېدى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇھەممەد 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئىسلامنىڭ نىشانلىرىدىن بىرى بولغان روھىي خىزمەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەكتە ئوتتۇرھال بولۇش توغرىسىدىكى قۇرئاننىڭ تەۋسىيەلىرىدۇر.

# ئون تۆتىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ناماز

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: ناماز ئوقۇشتىكى مەقسەت، نامازنىڭ ھېكمىتى، پايدىسى، تاھارەتنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى، نامازنىڭ شەرتلىرى، نامازدا قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىدا قويۇش، سۈرە فاتىھە ئىشارەت قىلغان مەنالار، نامازنىڭ قۇرئاندىكى بەزى ھېكمەتلىرىنىڭ قەبىھ قىلىقلارنى ئۆزگەرتىشى، ناماز ئوقۇغۇچىغا يۈرەكلىك ۋە سېخىلىق ئەخلاقىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، زېھنىنى بىر نەرسىگە مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى ۋە ئىنسانىي مەنىۋىيىتىنى كۈچلەندۈرۈشلەردىن ئىبارەتتۇر.

ناماز دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان "سالات" دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا ياخشى ئىشلارنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىش، دېگەن مەنىدۇر. ناماز دېمەك مۇسۇلمان ئادەمنىڭ دۇئا قىلىش ئارقىلىق الله تائالاغا يېقىنلىشىپ گۇناھىغا كەچۈرىم تىلەش ياكى الله تائالا بەرگەن نېمەتكە شۈكرى (خۇرسەنلىك) بىلدۈرۈش، ياكى ئىبادەت پەرزىنى ئادا قىلىش، دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭدەك ناماز، مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن باش ئېگىلگۈچى بولغان الله تائالاغا سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆز ھاجىتىنى ئىزھار قىلىشتىن ئىبارەت. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى قەتئىي بۇيرۇشى بولسا مۇسۇلمانلار الله تائالانىڭ ھەممە بۇيرۇقىنى ئەسلىسۇن ۋە دۇنيا ھاياتىدا ئۇچراشقان ھەرخىل جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ دەردىنى ئازايتىشقا ناماز بىلەن كۈچ ھاسىل قىلسۇن، دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇشتىن يەنە بىر مەقسەت الله تائالاغا لايىقىدا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ ئۇلۇغلاشتۇر.

## ناماز ئوقۇشتىكى مەقسەت

پارىژ شەھىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى "ئاۋغوست ساباتىئەر" ئىسىملىك كىشى ئۆزىنىڭ «دىن پەلسەپىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: "بىز ھازىر ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى ئايرىم ـ ئايرىم شەرھلەپ تونۇشتۇرالايمىز. دىن، بىئاراملىققا دۇچار بولغان ئىنسانىنىڭ روھىي بىلەن شۇ ئىنسانغا مەخپىي بولغان، ئىنسان ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەۋە دەپ تونۇغان، مېنىڭ تەقدىرىم ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى ئاستىدا دەپ ئەقىدە قىلغان قۇدرەت ئارىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت، دېمەك. نامازنى بولسا ئەمەلىي ھالىتىدىكى دىن ياكى ھەقىقىي دىن دەپ تونۇشقا بولىدۇ".

ئاندىن ئۇ ئادەم مۇنداق دېدى: "دىن دېمەك ئىنسان روھىي ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىپ چىققان ئەسلىگە ئۆزىنى ئېتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدىغان جانلىق بىر ئەمەلىي ھەرىكەت بولمىغۇچە دىن بولالمايدۇ. مۇنداق

ئەمەلىي ھەرىكەت بولسا نامازدۇر. ناماز دېمەك (مېنىڭچە) ئېغىزدا ئوقۇلغان سۆزلەردىن ياكى بەزى ئايەتلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. بەلكى ناماز بولسا، ئىنسان روھىي ئىسمىنى بىلىشتىن بۇرۇن بارلىقنى بىلىپ ئەقىدە باغلىغان مەخپىي قۇدرەت (يەنى الله تائالا) بىلەن بىۋاستە ئالاقە ـ مۇناسىۋەت باغلاشتۇر. يەنى الله تائالانى ئەسلەپ الله تائالاغا باغلىنىپ تورۇپ ئوقۇمىغان ناماز، دىنىي ناماز ھېسابلانمايدۇ".

## نامازنىڭ ھېكمىتى

ئىنسانلار جەمئىيىتى، جەمئىيەت كىشىلىرى بولغان شەخسلەرنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى ئەڭ ئالىي دەرىجىدە ساقلاپ قالغىدەك روھىي قۇۋۋەتلەرگە موھتاجدۇر.

بۇ ئېھتىياج بولسا، شەخسلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋىتى ماددى ئېھتىياجلارغا ۋە شەخسىي مەنپەئەتلەرگە باغلىنىپ قېلىپ، نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان بۇزۇقلۇقلار جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ناماز بولسا، كۆپچىلىككە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان روھىي كۈچ بېرىدىغان ئاساستۇر. روھىي تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ روھىي ئۇنى ياراتقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلەشمىسە ئۇ ئىنساندا بەزى ئەندىشە، غەم ـ قايغۇ ۋە بىر نەرسىگە قانائەت قىلماسلىقتەك ھالەتلەر كۆرۈلگىلى باشلايدۇ. بەزى چاغدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بىئاراملىقىنى ۋە غەم ـ قايغۇسىنى ئادەملەر كۆڭۈل ئاچىدىغان تاماشا ۋە كەيپ ـ ساپالاردىن قۇرۇق قالغانلىقى سەۋەبىدىن بولدى، دەپ گۇمان قىلىپ ئۆزىنى ئويۇن ـ تاماشا، كەيپ ـ ساپالار قويىنغا ئاتىدۇ. ئاخىرى ھاراق ئىچىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ھاياتىنى دۇنيا راھىتىگە قاتتىق بېرىلىش بىلەن ۋە تىرىشىپ بېقىپ قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئارزۇلىرىغا ھەسرەت تارتىش بىلەن ۋە ھەمىشە قايمۇققان، ئالىي دەرىجىدىكى نەرسىلەرنى يېيىش ۋە ئىچىشنى ئويلىغان ھالدا ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم ناماز داۋامىدا كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى مېھرىبان ئىگىسىدىن تىلەيدۇ. پىكىر ـ ھېسسىياتلىرى ئارام ئالىدۇ. ناماز ھەم ئىنسانغا ئۇنىڭ شەخسىي تەلەپ ئارزۇلىرىغا زىت كەلسىمۇ الله تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ئەقىدىسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئۇ كىشىنى بىر مەقسەتتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك ۋە الله تائالادىن ياردەم تىلەشكە چاقىرىدۇ. الله تائالاغا ئىشەنچ قىلغان ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئۈمىدسىزلىك كىلىپ قالمايدۇ. ئەڭ ئىنچىكە ۋە خەتەرلىك مۈشكىللەرگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك روھىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن بىزگە شۇ ئوچۇق بىلىندىكى ئىنسان، روھىنى ياراتقان ئىگىسىگە بىر كۈندە بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىشىپ (الله تائالا بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىپ) تۇرۇشى ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر نەرسىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىدا الله تائالا ناماز ئوقۇشنى يولغا قويۇپ بەرگەن.

نامازنىڭ پەرزلىكىنى قۇرئان كەرىم كۆپ ئايەتلىرىدە بايان قىلىپ كەلدى. الله تائالانىڭ: ﴿خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا

قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن ئايىتى مەزكۇر ئايەتلەردىندۇر.

يەنە الله تائالا قىيامەت كۈنى دوزاختا تېگىشلىك بولىدىغانلاردىن سوراق سورالغان ۋاقتىدىكى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: « سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نىمە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) مۇنداق دەيدۇ: « بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق »﴾[2].

قۇرئان كەرىمدە نامازنى قايسى شەكىلدە ئوقۇش تەپسىلىي بايان قىلىنمىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: « مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغىنىمنى كۆرگىنىڭلاردەك ناماز ئوقۇڭلار » دەپ نامازنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بەردى. بۇ يەردە نامازدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ئۇنىڭ روھىي مەنىلىرى بىلەن قوشۇپ ئوتتۇرغا قويىمىز. ھەم ناماز باشلاشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ تاھارەتنى تونۇشتۇرىمىز.

## تاھارەت ئېلىشتىكى بەزى ھېكمەتلەر

تاھارەتنى قانداق ئېلىش ھەققىدە قۇرئان مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينەككىچە بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾[3].

تاھارەت ئېلىشنىڭ بىر ھېكمىتى نامازغا تەييارلىق قىلىشتۇر. چۈنكى، نامازنىڭ ماھىيىتى ھەربىر مۆمىن ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى الله تائالا ئالدىدا ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىشتۇر. بۇنداق ھالەتكە ئۆز پىكرىنى تەييارلاش ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ كۆپلىگەن مەشغۇلاتلىرىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ناماز ئىبادىتىنىڭ ئالدىدا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدى.

ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان بىر نەرسىنى چوڭقۇر ئويلاش بىلەن مەشغۇل بولغاندا، يەنە باشقا بىر نەرسىنى بىللە ئويلاش مۇمكىن بولمايدۇ. پەقەت نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلىدىغان باشقا ئىشقا ئاگاھلاندۇرۇلغاندا ئەۋۋەلقى پىكرىنى دەرھال تاشلىيالايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىگە باشقا بىر پىكرنى ئارامىدا ئويلاشقا ئاگاھلاندۇرۇلسا، ئۇ كىشى مەلۇم بىر ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم تىجارەت ۋە ياكى ھۆنەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتسا، ئۇ ئادەمگە بىر كىم "قويۇپ ئىبادەت قىلىڭ!" دېسە ئىبادەت ئېغىر تۇيىلىدۇ. ناماز ئالدىدا تاھارەت ئېلىش بولسا، بۇرۇنقى ئوي - پىكرنى

---

[1] سۈرە نىسا 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇددەسسىر 40 ـ 44 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە مائىدە 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاشلاپ قەلبنى نامازغا يۈزلەندۈرۈشكە ياردەم قىلىدۇ ۋە باشقا پىكىرنى ئويلاشقا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىدۇ. بۇ چاغدا تاھارەت ئېلىشنىڭ ھېكمىتى بىلىنىدۇ.

## نامازنىڭ شەرتلىرى

نامازنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىنىڭ پاكىزە بولۇشى، كىيىمى ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورنى نىجاسەت ۋە يىرگىنچلىك نەرسىلەردىن پاكىزە بولۇشى شەرت. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئادەم پاكىزلىققا ئادەتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇغۇچى ئەۋرىتىنى يېپىشى شەرت. ئەركىشىنىڭ يېپىشى لازىم بولغان يەر كىندىكى بىلەن تىزىنىڭ ئارىسىدۇر. ئايال كىشىنىڭ يۈزى ۋە ئالقىنىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى ئەۋرەت بولۇپ، ئۇلارنى تولۇق يېپىشى لازىم. شۇنىڭدەك كەبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشى شەرت. بۇنىڭ سەۋەبى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدا يۈزلىنىدىغان تەرىپىنىڭ بىرلا تەرەپ بولىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ناماز ئوقۇغان كىشى ئۆزى خالىغان تەرەپكە يۈزلەنسە بولىدۇ، دەپ قويۇلسا، ئۇ كىشى قايسى تەرەپكە قارىسام الله تائالاغا بەكرەك يېقىنلىشارمەن، دەپ ھەرخىل پىكىردە بولۇپ بىئارام بولۇپ قالاتتى. شۇڭا الله تائالا دۇنيادا بىرىنچى بىنا بولۇپ ياسالغان كەبىنى پۈتۈن ناماز ئوقۇغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزلىنىشىگە تەيىن قىلىپ بەردى. كەبىگە يۈزلىنىشتىن مەقسەت كەبىگە ئىبادەت قىلىش ئەمەس، بەلكى يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى الله تائالادىن باشقىسىنى مەقسەت قىلىپ ئىبادەت قىلغۇچىنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ناماز باشلاشتىن بۇرۇن ئەزان ـ تەكبىر ئوقۇيدۇ. ئەزاننىڭ مەنىسى: ”الله تائالا ناھايىتى ئۇلۇغدۇر“ تۆت قېتىم، ”الله تائالادىن باشقا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن باش ئېگىشكە لايىق بىر كىم يوق دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن“ ئىككى قېتىم، ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى (ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىمەن“ ئىككى قېتىم، ”مۇسۇلمانلار نامازغا كېلىڭلار!“ ئىككى قېتىم، ”نىجاتلىققا كېلىڭلار“ ئىككى قېتىم، ”الله ناھايىتى ئۇلۇغدۇر“ ئىككى قېتىم، ”الله دىن باشقا مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلەن بويسۇنۇلغۇچى بىر كىم يوق“ بىر قېتىم دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

تەكبىرنىڭ مەنىسىمۇ ئەزاننىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. لېكىن ”قەدقامەتىسسالات يەنى ناماز تەييار بولدى“ دېگەن سۆز تەكبىردە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

## نامازدىكى ئىشلارنى تونۇشتۇرۇش

نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا نىيەت قىلىنىدۇ (كۆڭلىگە پۈكىلىدۇ). ئاندىن الله تائالانىڭ ھەركىم ۋە ھەر نەرسىدىن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ھالدا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ”الله أكبر يەنى الله تائالا ناھايىتى ئۇلۇغ“ دەپ قولاق قاقىدۇ. نامازدا الله تائالاغا مۇناجات قىلىش (مەخپىي سۆزلىشىش) مەقسەت قىلىنغانلىقىدىن ئوي ـ

پىكرى الله تائالادىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى كېرەك. ئاندىن كېيىن قولىنى تاشلاپ تۇرىدۇ، ياكى ئوڭ قولىنى سول قولى ئۈستىدە قويۇپ تۇرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبى الله تائالا بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىملىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئاندىن كېيىن نامازنى باشلاش دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ.

دۇئا مۇنداقتۇر: "يۈزۈمنى ئاسمانلارنى، زېمىننى بارلىققا كەلتۈرگەن الله تائالاغا قاراتتىم، دەلىلسىز تونۇش ۋە سۆز ھەرىكەتتىن يۈز ئۆرىدىم، راست دىنغا بېرىلدىم، الله تائالاغا تەسلىم بولغۇچىمەن، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم، ماماتىم الله تائالا ئۈچۈندۇر. الله تائالا ھەممە ئالەمنىڭ ياراتقان ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوق. مۇشۇنداق تونۇپ ئەقىدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن الله تائالاغا تەسلىم بولغۇچى، باش ئەگكۈچىلەردىن مەن" دېگەن دۇئانىڭ ئەرەبچىسىنى ئوقۇيدۇ.

بۇ دۇئانى الله تائالانىڭ ئەزىمەتىگە قارىتا ھېسسىياتنى قوزغاش ۋە نامازدىكى ئىشلارنى يالغۇز الله ئۈچۈن ئادا قىلىشقا روھنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ.

ئاندىن كېيىن "ئەئۈزۇ" نى، "بىسمىللاھ" نى ئوقۇيدۇ. "ئەئۈزۇ" نىڭ مەنىسى: "الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن قېچىپ الله تائالانىڭ رەھمىتى قورشاۋىغا كىرىۋالىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما "بىسمىللاھ" نىڭ مەنىسى: ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن" دېگەنلىك بولىدۇ.

ئاندىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ. مەنىسى: "جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر. الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا(باشلىغىن)!" دېمەكتۇر.

فاتىھە سۈرىسى ئۇلۇغ مەنىلەرنى مەزمۇن قىلغان ۋە روھىي ئۈستۈنلۈك بېرىدىغان بولغاچقا، ھەم ئۇنىڭ شەخسلەرنى ۋە جەمئىيەتنى تۈزۈشكە چوڭ تەسىرى بولغاچقا ھەر بىر رەكەت نامازدا فاتىھەنى بىر قېتىم ئوقۇش لازىم. دېمەك فاتىھە بولسا، نامازنىڭ روھىدۇر. شۇڭا تۆۋەندە فاتىھە سۈرىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## سۈره فاتىھە ئىشارەت قىلغان ئالىي مەنالار

1 ـ الله تائالانىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقىغا ئىقرار قىلىش. بۇ بولسا: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر. الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىدۇر. دېمەك: ﴿ئەلھەمدۇلىللاھ يەنى جىمى ھەمدۇ سانا الله غا خاس﴾ دېگەن جۈملىسى بىزنىڭ پۈتۈن ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ھۆرمەتلىشىمىز . . . يالغۇز الله تائالاغىلا بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. چۈنكى بىز داملايدىغان ياخشى ئىشلار الله تائالادىنلا كېلىدۇ. الله ھەممە نېمەتنىڭ مەنبەسى. ﴿رەببىل

ئالامىين يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى﴾ دېگەن جۈملە دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسان بىر ئائىلە ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىنى ياراتقان زاتنىڭ الله تائالا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلەيدۇ.

قۇرئان مۇقەررەر قىلغان بۇ ئىنساني ئوي ـ پىكىر كىشىلەردىكى چېكىدىن ئاشقان ۋەتەن، جىنس، رەڭ ئايرىمچىلىقى دەۋاسىدىن ساقلايدىغان (مىللەت مىللەتنى، بىر شەخس يەنە بىر شەخسنى ئەزمىگەن، بىر مىللەتنىڭ ئەقىدىسىگە، ئىقتىسادىغا، سۆز ـ ھەركىتىگە ۋە ئىنساني ھوقۇق ـ ئەركىنلىكىگە تاجاۋۇز قىلىنمىغان شەرت ئاستىدا ھەممە ئادەم قېرىنداش دەپ) تونۇيدىغان بىر مۇھاپىزەتچىدۇر. الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى تەربىيىلىشى ئىككى تۈرلۈكتۇر. بىرى تەن قۇرلۇشىدىكى تەربىيىلىشى بولۇپ، ئۇ بەدىنىنى چوڭقايتىش ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بولىدۇ. يەنە بىرى دىنىي تەربىيە ۋە توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش تەربىيىسىدۇر. بۇ تەربىيە بىر بۆلۈك كىشىلەرگە (پەيغەمبەرلەرگە) ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق توغرا ئەقىدە، ئىبادەت، ئادىل ئەخلاق ۋە توغرا مۇئامىلە يوللىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى تۈزۈشى ۋە روھىنى پاكىزلىشى بىلەن بولىدۇ.

﴿ئەرراھمانىر راھىم يەنى الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ بۇ ئىككى سۈپەت الله تائالانىڭ مەخسۇس سۈپەتلىرىدىندۇر. الله تائالا بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە بولسا، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم قىلىشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىدىن ئىبارەت ئالاقىدۇر. ﴿الله ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر﴾ دېگەنلىكىنىڭ يەنە بىر مەنىسى: بەزى كىشىلەر الله تائالانىڭ "رەب" تەربىيىلىگۈچى ۋە ئىگە بولغۇچى، دېگەن سۈپىتىدىن مەخلۇقلارغا قەھرى قىلغۇچى دېگەن مەنىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن الله تائالا ئۆزىنىڭ رەھىم شەپقىتىنى ۋە ياخشىلىقىنى ئەسلىتىشنى، الله تائالانىڭ تەربىيەت ۋە رەھىم قىلىشى ياخشىلىقتىن ئىبارەت تەربىيە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىشنى ئىرادە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا الله تائالانىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يۈزلەنسۇن، دەپ رەھمان ۋە رەھىم سۈپىتىنى بىلدۈرگەن. دېمەك ئىسلام دىنى ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ھەر بىر نامازدا الله تائالانىڭ رەھىم شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2 ـ سۈرە فاتىھەدىكى ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش. الله تائالا، الله ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە رەھىم شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئىنسانلارغا: "مېنىڭ شەپقەتلىك ئىكەنلىكىمدىن مەغرۇر بولماڭلار، (ئاسىيلىق قىلماڭلار) مەن جازالاش كۈنىنىڭ ئىگىسىمەن" دېدى. يەنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئىشەنگەن ۋە بويسۇنغان بەندىلىرىنى مۇكاپاتلاپ جەننەتكە كىرگۈزۈشتە، الله تائالاغا ئىشەنمىگەن ئاسىيلىق قىلغان ۋە تەۋبە قىلمىغانلارنى دوزاخقا تاشلاپ ئازابلاشتا ھەرنەرسىنى ئۆز ئىگىسى ئۆزى خالىغانچە سەرپ قىلغاندەك يالغۇز ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

الله تائالانىڭ ۋەدىسى پۈتۈن ئۈممەتكە ۋە ھەر شەخسكە ئۇمۇم بولۇپ دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقتۇر. الله تائالا ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ قانۇن يولىغا ئەمەل قىلغان (ئەقىدە تونۇشتا، ئىبادەتتە، ئەخلاقتا، ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ۋە سىياسي ئىشلاردا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئىسلام ئاساسي بولغان قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلغان مىللەتكە) يەر يۈزىنىڭ خەلىپىلىكىنى (ھوقۇق

ھاكىمىيىتىنى) بىرىشكە ۋە ئاخىرەتتە جەننەت نېمىتىنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. الله تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بولسا، دۇنيادا بەختسىز ۋە رەسۋا بولۇشتىن، ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىدىن خەۋەر قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئاگاھلاندۇرۇش كاپىر، مۇناپىق ۋە تەۋبە قىلمىغان ئاسىيلارغا قارىتىلغاندۇر.

3 ـ سۈرە فاتىھەدىكى تەۋھىد (يەنى الله تائالانى بىر دەپ تونۇش) ۋە ئىبادەت مەلىسى. بۇ مەنا الله تائالانىڭ: ﴿ئىياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىياكە نەستەئىين يەنى (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئى الله! بىز يالغۇز ساڭىلا قۇللۇق قىلىمىز. ساڭىلا ئىتائەت قىلىمىز. سەندىن باشقىغا قۇل بولمايمىز. باش ئەگمەيمىز. يالغۇز سەندىن ياردەم تىلەيمىز. سېنىڭ بۇيرۇغانلىرىڭنى ئادا قىلىشتا ۋە باشقا ئىشلىرىمىزدا سەن كۆرسەتكەن سەۋەبلەرنى ئىشلەش بىلەن سەندىن ياردەم تىلەيمىز، دېمەكتۇر.

الله تائالانىڭ بۇ ئىككى سۈپىتىنى سۆزلەش، الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش ئەقىدىسىنى ۋە الله تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇشنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر. ئىسلامدىن بۇرۇن پۈتۈن مىللەتكە تارقالغان بۇ بۇزۇق ئەقىدە بولسا، بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۇلۇغ بىلىپ ئۇلاردا بىز بىلمەيدىغان غەيب كۈچ ـ قۇۋۋەت بار ۋە ئۇلار ئۆزلىرى خالىغاننى قىلالايدۇ، دەپ تونۇپ الله نى ياد ئېتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ياد ئېتىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ئۇلاردىن تىلەپ ياكى ئۇلاردىن ياردەم ـ مەدەت تەلەپ قىلىپ چوقۇنۇشتىن ئىبارەت.

تەقۋادار كىشىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ياكى قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەدەت ۋە ياردەم سورىغان كىشى توغرا يولدىن ئازغان، الله تائالانىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرىگەن ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ ئىشلىرىدىن بىرىنى قىلغان كىشىدۇر.

يالغۇز الله تائالاغا قۇل بولۇشىمىز، يالغۇز الله تائالادىنلا مەدەت ۋە ياردەم تىلىشىمىز كېرەك بولغاچقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن، چۆچەك، ئەپسانىغا، يالغان سۆزلەرگە ۋە غەم خىياللارغا باغلىنىپ ئەسىر بولۇشتىن ئازات بولۇشى لازىم.

4 ـ سۈرە فاتىھەدىكى مەزمۇن توغرا يولدا مېڭىش ۋە توغرا يولدا مۇقىم تۇرۇشتۇر. بۇ مەنا الله تائالانىڭ: ﴿ئىھدىنەس سىراتال مۇستەقىيم يەنى بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنىدۇ. ئى الله! شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىڭ ۋە ياردىمىڭ بىلەن بىزنى ھەقنى بىلىش ۋە توغرا ئىشلەش جەھەتتە ھەقىقەت يولىغا باشلىغىن، دېمەكتۇر. مۇسۇلمان بەندىنى بالايى ـ مۇسىبەت ياكى روھىي سىقىلىش قورشىۋېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا چارە ـ ئامال تاپالمىغاندا دەرھال نامازغا تۇرۇپ نامازدا مېھرىبان ئىگىسىگە "بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن" دەپ دۇئا قىلىدۇ. كۆڭلى ئارام ئالىدۇ. قورقۇنچلارغا قارشى بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك كۈچ ھاسىل بولىدۇ.

5 ـ مەزمۇن. نەمۇنە ۋە ئۈرنەك بولالىغىدەك يارامىلىق ۋە ئىلغار كىشىلەرگە ئەگىشىشتۇر. بۇ مەنا الله تائالانىڭ: ﴿ئەنئامتە ئەلەيھىم يەنى سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە چىڭ يۈرىكى بىلەن

پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلەر، ئەقىدە، سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتتە توغرا بولغۇچىلاردىن ئىبارەت بەختىيار بەندىلەرنىڭ ماڭغان يولىغا بىزنى باشلىغىن، دېمەكتۇر. يارامىلىق ئۆرنەكلەرگە ئەگىشىشكە ھەركىم موھتاج. ئۇلارغا ئەگىشىش كىشىنىڭ ھىممىتىنى زىيادە قىلىدۇ ۋە ياخشىلىق تەرەپكە يۈزلەندۈرىدۇ.

6 - ئازغۇن يوللاردىن ساقلىنىش. بۇ مەنا الله تائالانىڭ: ﴿غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋە لەددالليىن يەنى غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىنىدۇ. الله تائالانىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولغانلار بولسا، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ ھەق يولدىن چىقىپ كېتىپ الله تائالا غەزەپ قىلغانلاردۇر. ئازغانلار بولسا، دىنغا ئېتىقاد قىلىشتا الله تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەنلەردىن ئاشۇرۇۋېتىپ يولدىن ئازغانلاردۇر.

سۈرە فاتىھەنىڭ يەنە باشقا مەنىلىرى: الله تائالانىڭ ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، دېگەن سۆزلىرىدە ”بىز“، ”بىزنى“ دەپ كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار نامىدىن ئىلتىجا قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ مۇنداق ئىلتىجا قىلىشنى تەلىم بېرىشنىڭ سەۋەبى، مۇسۇلمانلارنى ئومۇمىي بىرلىككە ۋە ھەرنەرسىدە ئورتاق بولۇشقا چاقىرىش، بىر - بىرىگە ياردەملىشىش ۋە پۈتۈن كۆپچىلىككە ياخشىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان خەيرى خاھلىققا چاقىرىشتىن ئىبارەت. الله تائالانىڭ ”ئىياكە نەئبۇدۇ“ دېگەن سۆزى، الله تائالاغا يالغۇز ئىبادەت قىلىشىمىز، بىرلىشىپ ئوقۇغان نامىزىمىزنى ۋاستە قىلىپ الله تائالانىڭ رازىلىقىغا يېتىش، شەخسىي مەنپەئەت ۋە بىرلىك ئىتتىپاقلىقنى يوقىتىدىغان ھاۋايى - ھەۋەسنى مەقسەت قىلماسلىقتىن ئىبارەت بىر نىشان تەرەپكە قەلبىمىزنى بىرلەشتۈرۈشكە چاقىرىشتۇر.

الله تائالانىڭ: ”ئىياكە نەستەئىين“ دېگەن سۆزى، ھەممە ئىشىمىزدا الله تائالادىن ياردەم سورۇشىمىزغا يول كۆرسىتىش ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىمىزگە ياردەم قىلىشىمىزغا چاقىرىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئادەم بىر ئىشقا بار كۈچىنى ۋە قولدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىپ بېقىپ ئامال بولمىغاندا ياكى نەتىجە قازىنالماستىن قورقسا باشقىسىدىن ياردەم تىلەيدۇ.

دېمەك، مۇسۇلمانلارمۇ ئاخىرەت ئۈچۈن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرىغا يالغۇزمۇ، بىرلىشىپمۇ بار كۈچى ۋە پىلان تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىللە الله تائالادىن ياردەم تىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾ دېگەن سۆزى، الله تائالادىن ئىككى ئالەمدە نىجادلىققا يېتىشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تىلەش ۋە مۇسۇلمانلارغا بىر - بىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ مۇسۇلملار ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان 17 رەكەت پەرەز نامازنىڭ ھەر رەكىتىدە ئوقۇلىدىغان سۈرىدۇر.

بۇ مۇسۇلمانلار ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئوقۇپ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇناجات قىلىشىدىغان رەببانىي بىر مۇناجاتتۇر. بۇ مۇناجات تەرەپبازلىقتا، باشقىلارنىڭ ھەققىگە

ئەگە بولۇپلىشقا ۋە يۇرتۇۋازلىققا چاقىرىدىغان مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇناجاتلىرىدىن ئىبىسل ۋە ئالىيدۇر. ئىسلام بولسا ئىنسانلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق سۆيگۈسىنى يايىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىدۇ.

## نامازدىكى ئىشلارنىڭ تۈلۈقلىمىسى

ناماز ئوقۇدىغان ئادەم سۈرە فاتىھەنى، ئۇنىڭ مەنالىرىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئامىن (يەنى ئى پەرۋەردىگارىم! ئىجابەت قىلغىن) دەيدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدىكى ھالى خۇددى كېسەلنىڭ دوختۇرنىڭ ئالدىدىكى ھالىغا ئوخشاش. كېسەل ئادەم دوختۇرنى كۆرگەن ھامان ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيدۇ. دوختۇر ئۇنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان دورىلارنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇغۇچىمۇ پەرۋەردىگارىدىن ھىدايەتنى تەلەپ قىلغان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ناچار ئىشلىرىغا ۋە بۇزۇق ئېتىقادلىرىغا شىپا بولىدىغان چارىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا الله تائالا ئۇنىڭغا خۇددى سېنىڭ دوراڭ مېنىڭ سۆزۈم بولغان قۇرئاندىدۇر، ئۇنىڭدىن ساڭا ئاسان بولغىنىنى ئوقۇغىن، ئۇ سېنىڭ بارلىق دەرتلىرىڭگە شىپا بولىدىغان چارىدۇر، دېگەندەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغۇچى سۈرە فاتىھەدىن كېيىنلا قۇرئاندىن بىر قانچە ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ. بۇ بىر نەچچە ئايەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ چارىگە ئېرىششتە ۋە شىپا تېپىشتا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پەرۋەردىگارىغا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ ياردىمىسىز ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ رۇكۇغا بارىدۇ. ئاندىن ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىزى ئۈستىدە قويۇپ تۇرۇپ "سۇبھانە رەببىيەلئەزىم يەنى ناھايىتى ئۇلۇغ كاتتا ئىگەم الله تائالانى پاك مۇقەددەس دەپ تونۇيمەن" دېگەننى ئۈچ قېتىم، دەيدۇ. ئىمام ئەمەس كىشىنىڭ ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك دېيىشى ياخشى، (ساۋابى كۆپ) تۇر. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ توغرا يولغا باشلىغان ئىگىسى الله تائالاغا خۇرسەنلىك بىلەن شۈكرى ئادا قىلىش ئۈچۈن رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرۇپ "سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدە يەنى الله تائالاغا شۈكرى ئېيتقان كىشىنىڭ تەلىپىنى الله ئىجابەت قىلىدۇ" دېگەندىن كېيىن "رەببانا ۋەلەكەلھەمدۇ يەنى ئى رەببىمىز ساڭا ھەمدى بولسۇن" دەيدۇ. ئاندىن يەنە الله تائالانىڭ نېمىتىنىڭ ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى، نېمەتلىرىگە شۈكرى ئادا قىلىشتىن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئويلىغان ھالدا ئىگىسىگە تەزىم بىلدۈرۈش ئۈچۈن "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ سەجدىگە بېرىپ پېشانىسىنى يەرگە قويىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە ناھايىتى باش ئېگىپ ئىلتىجا قىلغانلىقىنى، بۇنى پەقەت ئالىي پەرۋەردىگارىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قىلغانلىقىنى ئويلىغاندىن كېيىن "سۇبھانە رەببىيەلئەئلا يەنى ناھايىتى ئالىي رەببىمنى پاك مۇقەددەس دەپ تونۇيمەن" دېگەننى ئۈچ قېتىم دەيدۇ. سەجدە قىلغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ھاجىتىنى تىلەپ "رەببىغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىينى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى يەنى ئى رەببىم! گۇناھىمنى

كەچۈرگىن، رەھىم قىلغىن، سالامەتلىك ئاتا قىلغىن، ھىدايەت قىلغىن ۋە رىزق بەرگىن“ دېگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى سەجدىگە ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ بېشىنى قويىدۇ. ئىككىنچى سەجدىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى رەكەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ ئورنىدىن قوپىدۇ. نامازنى باشلاش دۇئاسىدىن باشقا ئىشلارنى بىرىنچى رەكەتتىكىدەك قىلىدۇ.

ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر نەرسە شۇكى، ناماز باشلاشتا، رۇكۇدا، سەجدىدە ۋە سەجدە قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپقان ۋاقىتدا ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دېيىش يولغا قويۇلدى. ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ نى كۆپ تەكرارلاشنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك تونۇپ، الله تائالادىن باشقىسىغا ئىگىلمەسلىككە ۋە ئۆزىنى خار قىلماسلىققا كۆندۈرۈشتۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۆزىنى چوڭ بىلىدىغان ھەرقانداق مەخلۇقتىن كاتتا ۋە ئۇلۇغدۇر. الله تائالاغا باش ئەگكەن مۇسۇلماننىڭ ئىمانى ۋە ۋىجدانى مەخلۇققا باش ئىگىشكە يول قويمايدۇ.

ئىككىنچى رەكەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ ”ئەتتەھەيياتۇ لىللاھى، ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىيۇ ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەراكاتۇھ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين، ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ. يەنى تىل بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر الله ئۈچۈندۇر. (الله رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدۇ) بەدەن بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر ۋە ھالال مال - مۈلك خەجلەش بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر الله ئۈچۈن. سالام ساڭا ئى پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)، الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە كۆپ ياخشىلىقلىرى ساڭا بولسۇن. سالام بىزگە ۋە الله تائالانىڭ بارلىق ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. الله تائالادىن باشقا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن باش ئىگىشكە لايىق بىرىكىم يوق دەپ، گۇۋاھلىق بېرىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن“ دېگەننى ئوقۇيدۇ.

ئەتتەھەيياتۇنى ئوقۇشتىكى سەۋەب، ناماز ئوقۇغۇچى نامازدىن بىكار بولۇپ مېھرىبان ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندا الله تائالانى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەزىملەپ چىقىش ئۈچۈن ”ئەتتەھەيياتۇنى“ ئوقۇيدۇ. ھەر قانداق ھۆرمەتلەشكە، تەزىم قىلىشقا يالغۇز الله ھەقلىقتۇر. بىز ئوقۇيدىغان نامازلارمۇ خاس پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئىگىمىز الله تائالا ئۈچۈنلا ئوقۇلۇشى لازىم.

الله تائالا بىزنى پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇد يوللاشقا بۇيرۇدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەزىلىتىنى ئاشكارىلاش، پەيغەمبەرلىكىگە ئىقرار قىلىش ۋە بەزى ھەقلىرىنى ئادا قىلىشتۇر. شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىزگە سالام يوللاشتا ئىسلام قانۇنىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھدى بېرىشتىن ئىبارەت. ئاندىن كېيىن ”سالام بىزگە ۋە الله تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن“ دەيدۇ. بۇ بولسا، ئىسلامنىڭ ئالىي مەقسەتلىرىدىن بىر مەقسەتكە ئىشارەت قىلىش بولۇپ، تىنچلىققا چاقىرىدىغان ئىسلام دىنى بەش نامازدا

مۇسۇلمانلارنى تىنچلىقتا ياشاشقا بۇيرۇيدۇ. تىنچلىق ئىسلامنىڭ شۇئارىدۇر. ئۇنى مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى مىليون قېتىم ئېغىزغا ئالىدۇ، دېمەكتۇر.

ئاخىرىدا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىقىشتىن بۇرۇن الله تائالا ئالدىدا ئىماننى يېڭىلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئاندىن دۇرۇت ئوقۇيدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانىڭ رەھمىتىنى تىلەيدۇ)، ئاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى نېمەتلىرىدىن ئۆزى موھتاج بولغىنىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ئوڭ - سولغا قاراپ ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ“ دەپ ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ۋە پەرىشتىلەرگە سالام قىلىش بىلەن نامازدىن چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن تىنچلىق ۋە رەھمەت بىلەن دۇنياغا يېڭىدىن يۈزلىنىدۇ.

ئى كىتابخان! ئويلاپ بېقىڭ، ھەر كىم نامازنى يۇقىرىقىدەك ئوقۇسا ئۇنىڭدا ناپاكلىك ۋە ناتوغرىلىقتىن ياكى روھىي قاراڭغۇلۇقلاردىن بىر نەرسە قالامدۇ؟ بۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بولۇشى لازىملىقى ۋە بۇ جەرياندا ئىنسان خاتا تونۇش ۋە خاتا سۆز - ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىپ ئۆزىنىڭ ماددىي، مەنىۋي تازىلىقىنى ساقلىيالماسلىقى سەۋەبى بىلەن الله تائالا بىر كېچە - كۈندۈزدە ئۇلارنى بەش قېتىم ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بۇ بولسا، خۇددى كىسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن قورققان كىشى پات - پات دورا يەپ تۇرغىنىغا ئوخشاش نامازمۇ ئۇلارنى مەزكۇر كىرلەردىن تازىلاپ تۇرىدۇ.

## نامازنىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بەزى ھېكمەتلىرى

### 1 - ناماز قەبىھ قىلىقلارنى ئۆزگەرتىدۇ.

ناماز ئوقۇغۇچى بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ ئاللاھ تائالانىڭ ھوزورىدا قول باغلاپ تىك تۇرۇشنىڭ ھەيۋىتىنى بىلگەندە، ئۇنىڭ پىكرىدە ۋە ئۇنىڭ ماددىي ئالەمگە بولغان قارىشىدا الله تائالاغا بولغان ئىمانى مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىمانى پۈتۈن ھاياتىدا تەسىر كۆرسەتكۈچى بىر قۇۋۋەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆز نەپسىنى كۆڭلى تارتقان يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ياندۇرىدىغان، جىنايەتلەردىن ۋە ناچارلىقلاردىن يۈز ئۆرۈتىدىغان بولىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئىشارەت قىلىپ الله تائالا: ﴿نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە الله تائالا نامازنى توغرا ئوقۇشقا بۇيرۇدى. بىر نەرسىنى توغرا ۋە دۇرۇس قىلغانلىق، ئۇنى ئۇنىڭدىن مەقسەت ھاسىل بولىدىغان تەرىقىدە كامىل قىلغانلىقتىن ئىبارەت. ناماز ئوقۇشتىكى مەقسەت، الله تائالاغا بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش ۋە ھەققىي ئەيمىنىپ باش ئېگىش بولۇپ ئىنساننىڭ سەت قىلىق ۋە يامانلىقلىرىغا توسالغۇ بولىدىغان ھالەتتە تەسىرى بولۇشتۇر. ئەگەر ناماز بۇنداق مەنىۋي ھالەتتىن خالىي بولسا،

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ كىشىنى نامازنى توغرا ئوقۇدى، دېيىشكە بولمايدۇ. دېمەك، ناماز ئۆرە تۇرۇش، ئېگىلىش، سەجدە قىلىش ۋە ئېغىز بىلەنلا سۆزلەپ ئاسانلا ئادا قىلغىلى بولىدىغان بىر شەكلى كۆرۈنىشتىن ئىبارەت ئەمەس. نامازدا الله تائالانى ئېسىدە تۇتۇش، پىكرىدە الله تائالادىن باشقىنى ئۇنتۇش ۋە الله تائالاغا تەزىم بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت مەنىسىدىن خەۋەرسىز ھالدا سۆز ـ ھەرىكەت بىلەنلا نامازنىڭ شەكلىي كۆرۈنىشىنى بىجىرگەن كىشىگە الله تائالا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿شۇنداق نامازئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾[1].

## 2 ـ نامازنىڭ كىشىگە شجائەت ۋە سېخىلىق ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈدىغانلىقى

ئىنسان ھەمىشە بىرخىل ھالەتتە تۇرالمايدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا ياخشىلىق بەرسە ھەددىدىن ئاشىدۇ. بېخىل بولىدۇ. يامانلىق يەتسە ناھايىتى بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. نامازنى ئوبدان ئادا قىلىسا قەلبىگە ئارام پەيدا بولۇپ، يۈرىكىگە كۈچ ھاسىل بولىدۇ. كۈچلۈك بىر يۆلەنچۈككە يۆلىنىدۇكى، ئۇ كۈچ بولسا پۈتۈن ئىنسانىنى ياراتقۇچى الله تائالادۇر. ئاندىن دەرھال الله تائالانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتىنى ئەسلەيدۇ ۋە الله تائالا بۇيرىغان ياخشى ئىشلارنى ئەسلەيدۇ. شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئىقتىسادىنى خەجلەيدۇ. الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ قۇرئان مۇنداق دەيدۇ. ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا (يوقسۇزلۇق، ياكى كېسەللىك، يا قورقۇنچ‌تەك) بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا، زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[2].

قۇرئان نامازنىڭ مۇسىبەتنى يېنىكلەشتۈرۈشتىكى تەسىرىگە ئىشارەت قىلىپ سۈرە بەقەردە مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە يۈزلەنگەن ھادىسىلەرگە چىداشلىق بېرىش بىلەن ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن ياردەم تىلەڭلار﴾. يەنى ئى مۆمىنلەر! سىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلىرىگە چىدامىلىق بولۇش بىلەن، الله تائالاغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان ۋە ئېچىدە الله تائالاغا مۇناجات قىلىش بىلەن پۈتۈن غەملەر يەڭگىللەپ قالىدىغان ناماز بىلەن ياردەم تىلەڭلار.

## 3 ـ زېھنىنى بىر يەرگە يىغىش ئىقتىدارىنىڭ ياخشىلىنىشى

ئىنسان ئىبادەت بىلەن الله تائالاغا يۈزلەنگەن ۋە ناماز ئوقۇشقا ئالدىرىغان چاغدا ئۇنى ھەرخىل پىكىرلەر قورشىۋالىدۇ. ئۇ، بۇ پىكىرلەرنى مېڭىسىدىن چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا الله تائالانىڭ كاتتىلىقىنى ۋە الله تائالاغا مۇناجات قىلىش لەززىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇشقا باشلايدۇ. ھەرخىل پىكىرلەرنى كاللىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ الله تائالاغا مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن يۈزلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋاستە بولغان بۇ ناماز ئىشى ئۆتكۈر ئىرادە ۋە چىداشلىق

---

[1] سۈرە مائۇن 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مەئارىج 19 ـ 23 ـ ئايەتكىچە.

بىلەن بىللە اﷲ تائالادىنلا قورقۇش پىكرىنى مېڭىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا موھتاجدۇر. بۇ ھالەت ”نامازدا اﷲ تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرۇش“ دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم نامازنى اﷲ تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ۋە باشقا خىياللارنى ئونتۇپ تۇرۇپ ئوقۇشقا داۋام قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىش ۋە مۇرادىغا يېتىش نەتىجىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ، دېدى. اﷲ تائالا بۇ توغرىدا: ﴿(شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (اﷲ نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾[1] دەپ بايان قىلدى.

”نامازدا اﷲ تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچى“ دېمەك، اﷲ تائالاغا باش ئەگكۈچى ۋە اﷲ تائالادىن قورقۇپ تۇرغۇچى، دېمەكتۇر. ئىمام فەخرۇددىن رازى نامازدىكى ئەيمىنىپ تۇرۇشقا ئىزاھات بېرىپ: پۈتۈن ھىممەتنى نامازغا جۇغلاش ۋە نامازدىن باشقىنى ئويلاشتىن ۋاز كېچىش ”نامازدا ئەيمىنىپ تۇرۇش“ بولىدۇ، دېدى. نامازدا ئەيمىنىپ تۇرۇش زېھنىنى بىر ئىشقا يىغىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋاستە بولۇپ، بۇ قابىلىيەتنىڭ دۇنيالىقتىمۇ ئىنساننىڭ قىلغان ئىشىدا نەتىجە قازىنىشقا چوڭ تەسىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكرىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭ ھەر شەخسنىڭ ئۆز ئىشىدا غەلىبە قىلىشىدىكى قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ياخشى كۆرىمىز.

ۋەلىم مۇلتون مارستىن ئىسىملىك ئالىم مۇنداق دېدى: ئوي ـ پىكرىنى بىر نەرسىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئىشى، ھاياتنىڭ ھەرتۈرلۈك ئىشلىرىدا مەيدانغا چىققان داڭلىق ئادەملەردە ئادەت ئورنىدا بولۇپ قالغان ئىشتۇر. بىر ئىشقا مەسئۇل بولغان يا بىر ئىشتا ماھىر بولغان ئادەم ھەر قانداق بىر مىنۇتلاردا بىرەر ئىش ھەققىدە ئويلىسا، شۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ. كۆپىنچە كىشىلەردە پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈش يېتەرسىز. شۇڭا ئۇلارنىڭ زېھنى چېچىلىپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ قارىمۇ ـ قارشى پىكىرلەر ئارىسىدا قېلىپ ئىشى بۇزۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە قانداق ئىگە بولۇش ھەققىدە مۇنداق دېدى:

”بىر ئىشقا پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈش سۈپىتى ئۆزىنى كۆندۈرۈش بىلەن قولغا كېلىدۇ. كۆندۈرۈش ئۈچۈن سەۋر تاقەت لازىم. چۈنكى پىكرى چاچقۇنلىقىدىن پىكرىنى يىغىۋېلىشقا يۆتكىلىش پەقەت قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. بىر ئادەم ئەقلىنى ۋە پىكرىنى **50** قېتىم ۋە **100** قېتىم يىغىپ قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بىر نىشانغا قارىتالىسا، خىيالغا كېلىۋالدىغان ھەرخىل پىكىرلەر ئۆز ئورنىنى ئۇ ئادەم تاللىغان شۇ نىشانغا قويۇپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئادەم خالىغان ئىشقا پىكرىنى مەركەزلەشتۇرشكە قادىر بولىدىغان بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتالايمىزكى، ئىسلامدىكى ناماز ئىنساندىكى زېھنىنى بىر ئىشقا يىغىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى ناماز بىلەن مەشغۇل بولغاندا بار كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ خىيال پىكرىنى اﷲ تائالانىلا ئويلاشقا يىغىدۇ. بۇ ”نامازدا ئەيمىنىپ تۇرۇش“ دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى بىر نەرسىگە

---

[1] سۈرە مۆئمىنۇن 2 ـ ئايەت.

مەكەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى ئۆسۈپ نامازدىن باشقا ئىشلاردىمۇ بىر نەرسىنى چوڭقۇر ئويلىيالايدىغان بولىدۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ سىلىش پىكرى چېچىلىشتىن ئۆزىنى ئەڭ ياخشى تۇتۇۋالالايدىغان نەرسە ئەقىل بىلەن جىسمىنى بىللە ئىشقا سېلىشتۇر. ئىسلامدىكى نامازمۇ ئەقىل بىلەن جىسمىنى تەڭ ئىشقا سالىدىغان بىر ئىش. شۇڭا ناماز پىكرنى يىغىۋېلىشنى ئۆگىتىدۇ".

**4 - ئىنسان روھىنى قۇۋۋەتلەش.**

ئىنسان پىسخولوگىيىسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار ناماز بىلەن ئىبادەتنىڭ پايدىسىنى ئىسپاتلىدى. نيۇيورك شەھىرىدە **15321** قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى تەتىل ۋاقتىدا ئىشقا سېلىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. تەجرىبە نەتىجىسىدە ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بىر ئەمەلگە يۆزلەندۈرۈشكە مۇۋاپىقلىقى بىلىندى.

ئىنسان ۋۇجۇدىنى تەتقىق قىلىش ئالىملىرىدىن "ھىنرى لىنك" ئىسىملىك كىشى بۇ توغرىدا بىر مەسلىھەتچى تەيىنلەپ بىر پىروگراممىا تۈزۈشكە ۋە ئۇن مىڭ كىشىلىك دەرسنى كۆزىتىشكە تەكلىپ بەردى. بۇ كىشى مۇنداق دېدى:

"مۇشۇ تەجرىبە داۋامىدا بىلىپ يەتتىمكى ئىنسان ھاياتىغا دىنىي ئەقىدە ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. ئىگىلىشىمىزچە دىنغا ئەقىدە قىلغان ياكى ئىبادەت ئورنىغا بېرىپ كېلىپ تۇرغان ئادەم دىنسىز ئادەمگە ياكى ئىبادەتكە ئادەتلەنمىگەن ئادەمگە قارىغاندا ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەۋزەل شەخسىيەتكە ئىگە ئىكەن".

ئىسلام بۇ ئەمەلىي ھەقىقەتنى تونۇغان ۋە چاقىرغان ئىدى. اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش - ئەقرىبالارغا سىلەر - رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار﴾[1].

شۇڭا اللہ تائالا ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇشنى پەرز قىلدى ۋە بۇ نامازنى ئىنسان ئۈچۈن ياخشى دەپ چۈشەندۈردى. اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر!جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، اللەنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە ھەج 77 - ئايەت.
[2] سۈرە جۇمۇئە 9 - ئايەت.

# ئونبەشىنچى بۆلۈم

## روزا

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: روزىنىڭ روھى، روزىنىڭ بەزى ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ روزىنىڭ بەزى ئېغىرچىلىقىنى يەڭگىللەشتۈرۈشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

روزا ئەرەب تىلىدا بىر نەرسىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە بولۇپ شەرئەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىمالىدا الله رىزاسى ئۈچۈن ئۆزىنى يېمەكتىن، ئىچمەكتىن ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ تاكى كۈن ئولتۇرغىچە توختىتىۋېلىش، مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. روزىنىڭ پەرزلىكىنىڭ قۇرئاندىكى ئاساسىي دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىر ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈرقىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدۇر.

الله تائالا بۇ ئايەتلەرنى چۈشۈرۈش بىلەن مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى ۋە روزىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوچۇق بايان قىلدى. تۆۋەندە بىز بۇ ئايەتنى شەرھلەيمىز. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى﴾.

---

[1] سۈرە بەقەرە 183، 184 ۋە 185 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا مۇسۇلمانلارغا: سىلەرگە روزا تۇتۇشنى بۇيرۇشىمىز پۈتۈن پەيغەمبەرلەر شەرىئىتى ئىچىدە يېڭى بىر ۋەزىپە ئەمەس. روزا بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگىمۇ يولغا قويۇلغان قەدىمقى بىر ئىبادەتتۇر، دېدى. الله تائالانىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنىڭ راھەتلىنىشىدە، روزىنى قوبۇل قىلىشىدا، الله تائالاغا ئىتائەت قىلىپ روزىنى تۇتۇشتا ۋە بىئاراملىق ھېس قىلماسلىقتا شەك يوق. چۈنكى بۇ ۋەزىپە مۇسۇلمانلاردىنلا تەلەپ قىلىنغان ئەمەس.

## ئىسلامدىكى روزىنىڭ روھى

الله تائالا روزا تۇتۇشنىڭ غايىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: ﴿(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دېدى. يەنى روزىنى رەزىل ۋە گۇناھ ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىشىڭلارغا توسالغۇ قىلىسىلەر، دېمەكتۇر. روزا بولسا شەخسلەرنىمۇ شەخسىي خاتالىقلاردىن ساقلايدۇ. جەمئىيەتنىمۇ ئۆپچا خاتالىقتىن ساقلايدۇ. شەخسنى نەپسىنىڭ ئاۋارچىلىقىدىن ۋە ھايۋان تەبىئەت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. جەمئىيەتنى ساقلىشى بولسا، جەمئىيەت كىشىلىرىنى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئىلغار كىشىلەر قىلىپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي ئىنسان بولىدىغان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشى بىلەن ساقلايدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا گۇناھتىن توسالغۇدۇر. قايسىڭلار روزا تۇتساڭلار، ھاياسىز گەپ قىلماڭلار! بىلمەسىز ئادەملەرنىڭ قىلىقىنى قىلماڭلار، ئەگەر بىر كىم ئۇرۇشقىلى قەست قىلسا، ”مەن روزا تۇتۇقلۇق“ دەپ جىم تۇرىۋالسۇن» دېدى. روزا تۇتقان ئادەم ئەلۋەتتە ”مەن روزا ئارقىلىق ھايۋانلىق نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىمەن“ دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. سوقۇشقىلى قوپقان ئادەمگە ”مەن روزا تۇتۇقلۇق“ دېگىنى ”مەن ھازىر ئىنسانلىقىمدا، ھايۋانلىقىمدا ئەمەسمەن“ دېگەنلىكتۇر.

ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانسا، جەمئىيەتمۇ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانسا، ئۇ ئىنسان الله تائالانىڭ رازىلىقىغا يېتىشىپ تەقۋادارلار سېپىگە تىزىلىدۇ. بۇ مەنا الله تائالانىڭ: ﴿(گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دېگەن سۆزىدىن بىلىنىدۇ.

روزىنىڭ مۇسۇلمانلارنى الله تائالاغا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىشقا لايىقلاشتۇرۇشى بىر قانچە سەۋەبتىن بولۇپ، بۇنىڭ چوڭراقى شۇكى، روزا، روزا تۇتقۇچىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر. الله تائالادىن باشقا كىشى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولالمايدۇ. روزا تۇتقۇچى الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن روزا تۇتىۋاتقاندا دۇچ كەلگەن ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى تاشلىسا ۋە ئۆزىنى چىداملىق بولۇشقا چېنىقتۇرسا، ياخشى غىزالار ۋە جىنسىي تەلۋىدىن ئۆزىنى يىغسا، الله مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، مەخپىي ئەھۋالىمدىن خەۋەردار دەپ تونۇسا ۋە بۇ ھالەت تولۇق بىر ئاي داۋام قىلسا، ئۇ كىشىگە مۇنداق ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشكەن كۆز قاراش تەكرارلىنىۋەرگەن سەۋەبتىن الله تائالانى ھەمىشە كۆز ئالدىدا تۇتۇش ۋە

ئەيمىنىش خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ۋۇجىدىغا ئورۇنلىشىپ كېتىدۇ. ھەم ئۇنىڭدا مەن قايسى يەرگە بارسام الله تائالا شۇ يەردە بار، دېگەن ئەقىدە ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنى تارتىش ۋە ياخشى بولغان لەززەتلەرنى تاشلاشقا كۆچى يېتىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك الله تائالانى ھەمىشە كۆز ئالدىدا تۇتقان ئۇ كىشى بىر كىمنى ئالدىمايدۇ. ھىلىگەرلىك قىلمايدۇ. كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدۇ. خەلق ئارىسىغا بوزغۇنچىلىق سالمايدۇ (چېقىمچىلىق، جاسۇسلۇق قىلمايدۇ). ئەمما الله تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتمىغان ھالدا يېمەك ـ ئىچمەكتىن توختاپلا قويۇش گۇناھقا توسالغۇ بولمايدۇ. مۇسۇلمانلارغا الله تائالا پەرز قىلغان روزا بۇ ئەمەس. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «يالغان گەپ قىلىشنى ياكى يالغان ئىش قىلىشنى تاشلىمىغان كىشىنىڭ روزا تۇتىمەن دەپ ئاچ ۋە ئۇسسۇز يۈرۈپ تۇتقان روزىسىدىن الله تائالا بىھاجەتتۇر (يەنى ئۇنىڭ روزىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)».

دېمەك ئىسلامدا روزىنىڭ روھي الله تائالانى كۆز ئالدىدا ھەمىشە ھازىر تۇتۇپ چوڭ ـ كىچىك خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىشقا ئۆزىنى كۆندۈرۈشتىن ۋە روزىسىنى خاس الله رىزاسى ئۈچۈن تۇتۇشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنى تەكىتلەيدۇ: «ھەركىم رامىزاندا الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ساۋاب تەلەپ قىلغان ھالدا روزا تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» شۇنىڭدەك روزا گۇناھلارنىڭ باش ئامىلى بولغان شەھۋەتنى كېسىش بىلەن روزا تۇتقۇچىلارنى الله تائالاغا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىشقا تەييارلايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ياشلار گورۇھى! ئۆيلىنىشكە كۈچۈڭلار يەتكىنىڭلار ئۆيلىنىڭلار! ئۆيلىنىش يات ئاياللارغا نەزەر تاشلاشتىن كۆزنى يۇمدۇرىدۇ. پاھىشىدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتمىگەن كىشى روزا تۇتسۇن، روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ» دېگەن.

## روزىنىڭ بەزى ھېكمەت ۋە پايدىلىرى

روزىنىڭ شەخسىيگىمۇ ۋە جەمئىيەتكىمۇ كۆپ پايدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرى بار.

1 ـ روزا ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرگەن يوقسۇللارغا مېھرىبانلىق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى روزا تۇتقۇچى ئاچلىق تارتقاندا يوقسۇزلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەسلەيدۇ. يوقسۇللارغا رەھىم قىلغۇسى كېلىدۇ. دەرت ـ ئەلەمگە دۇچار بولغان ئادەم رەھىملىك بولىدۇ. ئادەمگە رەھىمدارلىق خۇسۇسىيىتىنى پەيدا قىلىشنىڭ ئەمەلىي يولى روزا تۇتۇشتۇر. بايلارنىڭ موھتاجلارغا رەھىم شەپقەت قىلىشى قاچان ئەمەلگە ئاشسا، ئومومىي خەلقتە سۆز ـ ھەرىكەت بىرلىكىنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە كىشىدىن سېخى ئىكەنلىكى، رامىزاندا تېخىمۇ بەك سېخى بولۇپ كېتىدىغانلىقى، رىۋايەت قىلىنىدى. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

روزىنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى، بايلار بىلەن ئاجىزلارنىڭ تورمۇشىدا باراۋەرلىكىنىڭ بولۇشى ۋە تۇرمۇشىدا ئورتاقلىقنىڭ بولۇشىدۇر. تۈزۈمنىڭ كۈچلۈك ۋە توغرا بولغىنى ئىسلام مۇشۇ تۈزىمىدۇر. چۈنكى روزا مەجبۇرىي كەمبەغەل قىلىش بولۇپ، ھەممە ئادەم

ئىچكى ئەھۋالدا باراۋەر بولسۇن ئۈچۈن ئىسلام ئۇنى پەرز قىلغان. مۇنداق مەجبۇري كەمبەغەللەشتۈرۈشتىن مەقسەت پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ جاپادا ۋە راھەتتە ئورتاق بولۇشىنىڭ، ئاڭ بىرلىكى بولغاندا ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي يول بىلەن بىلدۈرۈشتۇر. تۇرمۇشتا، ئاڭدا ئوخشاشماسلىقتا ۋە قارىمۇ ـ قارشى ئارزۇلاردا بولۇشقاندا ئەمەس، بەلكى ھەممىسى بىر خىل دەرت ـ ئەلەمگە يولۇققاندىلا بىر ـ بىرىگە مېھرىبان بولۇدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر.

روزىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى: ئادەتنىڭ بېسىمىنى ئاجىزلاشتۇرۇش. ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ بېسىمى بەزى ئادەملەرنى ئۆزىگە قۇل قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ تاماق يېيىش سائىتى ئازراق ئۆتۈپ كېتىپ ئاچلىق تارتسا مىجەزى ئەسكىلىشىدۇ (ئايال، باللىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ). بەزى كىشىلەر قەھۋە، چاي ۋە تاماكا قاتارلىق كەيپلىك نەرسىلەرنىڭ بېسىمىغا تاماقنىڭ بېسىمىدىن بەكرەك ئۈچرايدۇ. ئۆزىگە ـ ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. بۇلار ماھىيەتتە ئادەتكە قۇل بولۇپ قالغاندۇر. بۇلار ئۇرۇش ۋەزىيەتلىرىدەك بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، خۇي ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتمەي، ئۇستىگە يۈكلەنگەن سوقۇش ۋەزىپىسى ئالدىدا يىقىلىپ كېتىدۇ. روزا تۇتۇپ كۆنگەن ئادەملەر خۇي ئادەتلىرىنى ھەر قانداق بىر ئۆزگۈرۈشىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىگە بويسۇندۇرالايدۇ.

روزىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى: ئىرادىنى كۈچەيتىش. گېرمانىيىلىك ئۇستاز گىھارت "ئىرادىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسىي ئامىلى روزا" دېگەن تېمىدا بىر كىتاب يازغان. ئۇنىڭ پىكرىچە: "روھنىڭ بەدەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۈتكۈر ۋاستە روزىدۇر. ئۇ ھالدا ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان ۋە ماددىي راھەتكە بېرىلىپ كەتمىگەن ھالدا ياشىيالايدۇ".

يۇقىردا بايان قىلىنغانلىرى روزىنىڭ بەزى پايدىلىرى بولۇپ كۆپىنىڭ ئىچىدىن تاللاپ يازدۇق. روزا نۇرغۇن روھىي كېسەللەر ۋە ئىجتىمائىي كېسەللەرگە ئۇنۇملۇك دورا بولغانىنىڭ سىرتىدا تەن ساقلىقى تەرىپىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ پايدىلىرى بار.

## روزىدىكى قىيىنچىلىقنى ئىسلامنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى

بەزى كىشىلەر رامىزان ئىچىدە كېسەل بولۇپ قالىدۇ. يا سەپەردە بولىدۇ. سەپەر ئادەمنى ئۇرۇقلىتىدۇ. الله تائالا ھەر ئىشنىڭ كەلگۈسىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن مۇنداق كىشىلەردىن روزىنىڭ ئېغىرلىقىنى يېنىكلىتىشنى الله تائالانىڭ ھېكمىتى تەلەپ قىلىدى ۋە الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسۇلمانلار سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[1]

---

[1] سۈرە بەقەر 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاندىن كېيىن الله تائالا: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم﴾ دېدى. تاقەت قىلىش دېمەك، بىر ئىشقا ناھايىتى تەس چىدىماق، دېمەكتۇر. ئەرەبلەر بىر ئىشقا بىركىم بار كۈچىنى ئىشلىتىپ كۈچى يەتمىگىلى ئاران قالغاندا تاقەت قىلدى، دەيدۇ. الله تائالانىڭ: ﴿روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر﴾ دېگەن سۆزى كۈچى قالمىغان قېرى ئادەملەرگە، ئورۇق ـ ماغدۇرسىزلارغا، بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىلارغا، ھامىلدار ئاياللارغا ۋە ساقىيىشىدىن ئۈمىد قالمىغان كېسەللەرگە قارىتىلىدۇ. بۇلار روزا تۇتماي بىر كۈنلۈك روزا ئۈچۈن بىر يوقسۇلغا بىر كۈنلۈك تاماق بېرىدۇ. كېيىن قازاسىنى قىلىش لازىم بولمايدۇ.

ئاندىن كېيىن الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە﴾ دېگەنلىكى يوقسۇلغا تاماق بېرىشتە يۇقىرىقى ئۆلچەمدىن جىقراق بەرسە ياكى بىر كۈن روزا ئۈچۈن بىر كىشىدىن كۆپرەك كىشىنى بىر كۈن تويغۇزسا ياكى يوقسۇلنى تاماقلاندۇرغاندىن كېيىن روزىنىڭ قازاسىنىمۇ تۇتسا: ﴿بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ الله تائالا: ﴿ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر﴾ دېدى. يەنى روزا تۇتۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلەلىسەڭلار، رۇزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، دېمەكچىدۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر﴾[1] دېگەن سۆزى الله تائالانىڭ: ﴿(بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر﴾ دېگەن سۆزىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ ئۇ ساناقلىق كۈنلەردىن رامىزان ئېيىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، بايان قىلىدۇ. رامىزان ئېيىنى روزا ئىبادىتىنى ئادا قىلىشقا خاس قىلىشنىڭ سەۋەبى، بۇ ئاي قۇرئان چۈشۈرۈلگەن ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا الله تائالانىڭ ھىدايىتى (ئىسلام يولى) كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئايدۇر.

رامىزاندا قۇرئان چۈشۈرۈلگەن دېگەنلىك قۇرئان كەرىم چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىت، دېگەنلىكتۇر. ﴿سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن﴾ يەنى رامىزاننىڭ يېڭى چىققان ئېيىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن ياكى گۇۋاھ بېرىش بىلەن ئىسپاتلانغانلىقىنى بىلگەن كىشىگە روزا تۇتۇش پەرزدۇر. ئاي چىققانلىقى مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن ئېنىق بولىدۇ.

1 ـ ھاۋا ئوچۇق بولۇپ ئاينى ئەمەلىيەتتە كۆرۈش.

2 ـ ھاۋا تۇتۇق بولۇپ ئاينى كۆرۈشكە مۇمكىن بولمىسا، بارات (يەنى شەئبان) ئېيىنى 30 قىلىۋېتىپ روزا تۇتۇشنى باشلاش، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رامىزان ئېيىنى

---

(1) سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرگەن چاغدا روزا تۇتۇڭلار، روزى ھېيت ئېيىنى كۆرگەن چاغدا ھېيت قىلىڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ رامىزان ئېيىنى كۆرەلمىسەڭلار. شەبئان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تولۇقلىۋېتىپ ئاندىن روزا تۇتۇڭلار » دېدى.

دۇنيانىڭ شىمالىي قۇتىبىدىكى كېچىسى ۋە كۈندۈزى ناھايىتى ئۇزۇن ھەتتا ئوزۇنلۇق ئايلارغا قەدەر بولىدىغان يۇرتلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى روزا تۇتۇدىغان سائەتنى مەككە ـ مەدىنىگە ئوخشاش دۇنيانىڭ ئوتتۇرا بەلۋاغلىرىدىكى كۈندۈز سائىتىگە توغرىلاپ روزا تۇتىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇلار رۇزىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا يېقىنراق بولغان نورمال يۇرتلارغا توغرىلاپ تۇتىدۇ“.

بۇ ھەقتە مۇساجارۇللاھ ئەپەندىنىڭ ”ئۇزۇن كۈنلەردە ۋە مۇشەققەتلىك ھاللاردىكى روزا“ دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.

# ئون ئالتىنچى بۆلۈم

## ھەج

بۇ بۆلۈمدە كەبىنى ياساش ۋەقەسى، ئىسلامدا ھەجنىڭ روھى، ئېھرام باغلاش ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى، كەبە ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېكمىتى، ساپا تېغى بىلەن مەرۋەر تېغى ئارىسىدىكى تېز مېڭىشنىڭ ھېكمىتى، ئەرەفات تېغىدا توختاپ تۇرۇشنىڭ ھېكمىتى ۋە ھەج توغرىسىدا بېرىلگەن گۇۋاھلىق قاتارلىق مەزمۇنلاردا توختىلىمىز.

ھەجنىڭ لوغەت مەنىسى: ئۇلۇغ بىلىنگەن يەرگە بېرىشنى مەقسەت قىلىش، دېگەنلىكتۇر. ھەجنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى مەنىسى: ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەككە شەھىرىدىكى بەيتۇللاھنى مەقسەت قىلىپ بېرىش، دېگەنلىكتۇر. ھەج بولسا، قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ پۈتۈن ئۇممەتلەرگە تونۇلغان دىنىي ئىشلارنىڭ بىرسىدۇر.

ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە ياسىغان بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ھەج قىلاتتى.

ئىسلام كېلىپ شۇ ھەجنى ئۆزھالىدا بىكىتتى. لېكىن ھەجنى بىلمىسىز ئەرەبلەر ئادەتلەنگەن ھەج قىلىش ئۇسۇلىدا قىلىشقا يول قويمىدى. چۈنكى بەزى ئەرەبلەر بەيتۇللاھنى قىپ يالىڭاچ بولۇپ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ چاۋاك چېلىپ ئىسقىرتىپ ئايلىناتتى. بۇ ھالەتنى الله تائالا قۇرئاندا ئەرەبلەرگە ئەيىب ۋە خاتالىق دەپ بېكىتتى ۋە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى﴾[1] ئىسلام كۆچەيگەندە بەيتۇللاھ شېرىكنىڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىلىرىدىن بولغان بۇتپەرەسلىك ۋە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن تازىلاندى.

## كەبىنىڭ بىنا قىلىنغانلىقىنىڭ قىسسىسى

كەبە ھەج پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاساسلىق بولغان ئورۇندۇر. شۇڭا بىزنىڭ ئۇنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى قىسسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. كەبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سېلىنغان. بۇ زاماندا بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش ئۇمۇملىشىپ كەتكەن ۋە كىشىلەر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ قويغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئايالى ھەجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ شام دىيارىدىن جەنۇبقا قاراپ

---

[1] سۈرە ئەنفال 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ماڭغان. ھەتتا شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئائىلىنى قورۇپ چىقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولغان ھىجاز سەھراسىغا كېلىپ چۈشكەن. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام چوڭ بولۇپ قورامىغا يەتكەندە، الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر ئەتراپىغا توپلىنىپ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشى، الله تائالانى ياد ئېتىشى ۋە الله تائالانىڭ بەرگەن نىمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇلىدىغان بىر ئورۇن سېلىشقا بۇيرىدى. الله تائالا بۇ ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ:« پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾[1]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن الله تائالا ئۇ ئىككىسىنى كەبىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋە كەبىدىن نىجىس نەرسىلەرگە ئوخشاش ماددىي پاسكىنىچىلىقنى ۋە شېرىككە ئوخشاش مەنىۋي پاسكىنىچىلىقنى يىراقلاشتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق﴾[2]

كەبە كىشىلەرنىڭ شېرىكى يوق بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇنچى سېلىنغان ئۆيدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر﴾[3].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ۋاپات بولغاندىن ۋە ئارىدىن ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن خەلقلەر ھەج ئىشلىرىغا مەخلۇقلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلىش ۋە بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بىرمۇنچە يامان ئىشلارنى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ شېرىكنى يوقىتىش ۋە ئىنسانلارنى الله تائالانى تەۋھىدلەشكە، دەپ تۇنۇش ئەقىدىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چاقىرغان تەۋھىدكە چاقىرىشقا بۇيرىدى. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿الله (دىنغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ

[1] سۈرە بەقەر 127 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەر 125 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 96 ـ ئايەت.

دىندۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)، الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى﴾[1].

## ئىسلامدىكى ھەجنىڭ روھى

ئىسلامدىكى ھەج باشقا دىنلاردىكى ھەج بىلەن تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ. باشقا دىنلاردىكى ھەج مۇقەددەس تونۇلغان ئادەملەرنىڭ قەبرىلىرىدىن ۋە ئۇلار قويۇپ كەتكەن ئەسەرلەر ۋە بىنالاردىن تەۋەررۈك ئىزدەپ (ياخشىلىق ئۈمىد قىلىپ يوقلاپ، سۆيۈپ، قۇچاقلاپ) زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئىشتىن ئىسلام نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇنى يامان كۆرىدۇ. (چۈنكى الله تائالادىن باشقىسىدىن بەرىكەت ئۈمىد قىلىش خاتالىقتۇر.) باشقا دىنلارنىڭ ئادىتىدە ئەڭ ئەۋزەل ھەج، ئادەم ھەج قىلىش يولىدا ئۆزىگە جاپانى كۆپ يۈكلىۋالغان ھەجدۇر. ئەمما ئىسلام دىنى بولسا، ھەج قىلغۇچىنىڭ گەرچە ئۇ: كۆپ ئەجىر تاپارمەن دەپ ئۈمۈد قىلىپ ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن بولسىمۇ ھەج ئىشلىرىدا ئۆزىنى قىينىشىنى يامان كۆرىدۇ. ھەدىستە كېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ پىيادە ئىككى بالىسىغا ئېسىلىپ پۈتى سۆرەلگەن ھالدا كېتىۋاتقىنىنى كۆردى ۋە:«نېمە ئىش بۇ» دەپ سورىدى. بالىسى، دادام بەيتۇللاھنى پىيادە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشنى نەزرە قىلغان ئىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇنداق ئۆزىنى جاپاغا سېلىش توغرا ئەمەس، بۇ ئادەمنىڭ مۇنداق ئۆزىگە ئۆزى ئازاب سېلىشىدىن الله تائالا بىھاجەتتۇر، ئۇنى تۆگىگە مىندۈرۈڭلار» دېدى.

ئىسلام دىنى ھەج قىلىشنى روھىي، ئەدەبى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋاستە ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى الله نىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار﴾[2] دېگەن ئايىتىدۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋىي) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن﴾ دېگەن سۆزىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ھاجىلارغا ھەج داۋامىدا بولىدىغان مەنپەئەتلەرنى ئالىملار "دىن تەرەپتىن ھەم دۇنيالىق تەرەپتىن بولىدىغان مەنپەئەتلەر" دەپ تەپسىر قىلىدۇ. قۇرئاننىڭ قارىشىدا دىن بىلەن دۇنيا بىر ـ بىرىگە جان بىلەن تەندەك

---

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەج 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.

باغلىنىشلىقتۇر. ئىنسانىنىڭ روھى دىن، توغرا ئىمان، ئىلىم ۋە ئەدەب ـ ئەخلاق ئارقىلىق كۈچەيتىلگەندەك دۇنيا ئىشلىرىمۇ ئىنسانغا ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش سەۋەبلىرى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلارغا ھەج داۋامىدا بولىدىغان ئىلمىي، مەدەنىي ۋە ماددىي مەنپەئەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەج بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىلمىي مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق توغرا بىر ھايات مەنبەسىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاممىۋى يىغىلىشتۇر.

بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىر مۇھىم تەرەپ ئىقتىسادىي تەرەپتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان مىللەتلىرىدىن ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس سانائەتلىرى بار. ھەم باشقا مەملىكەتلەردە تېپىلمايدىغان مەھسۇلاتلار بار. بۇ يىغىن (ھەج) ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە، سانائەت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە توختام قارارلىرى ئورنۇتىشقا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن. قارار ۋە توختام تۈزۈشىدىغانلارغا مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تاۋارلارنى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا، قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن قىلىدىغان خىلمۇ ـ خىل ۋاستىلارنى مۇشۇ يىغىلىشتا (يەنى ھەجدە) كېڭىيىشىش ئاساسانغا چۈشىدۇ.

## ھەج قىلىش كىملەرگە پەرز؟

ھەج قىلىش بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ساغلام، تېنى سالامەت، سەپەر خىراجىتىگە يەتكۈدەك ئىقتىسادى بار، ئۆيىدە قالغان بالا ـ چاقىلىرىغا ئۇ كىشى ھەجدىن كەلگۈچە قىيىنچىلىق تارتماي خەجلىگىدەك ئىقتىساد قويۇپ كېتىدىغان مۇسۇلمان ئادەمگە پەرز بولۇپ، گەردىنىدە قەرز ياكى كىشىنىڭ بىرەر ھەققى قالماسلىقى لازىم. ھەم ھەجگە خەجلەيدىغان پۇل ـ مال جازانە قىلىش ياكى شەرىئەتتە چەكلەنگەن كەسىپلەر بىلەن تاپقان پۇل بولماسلىقى، ھەم ھەر يىلى زاكىتىنى ئايرىپ تۇرغان پۇل بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈستىگە يول تىنچ بولۇشى (يول خېتى ـ پاسپورت ئالالىغان بولۇشى كېرەك).

ھەج ئىچىدە قىلىدىغان پەرز ئىشلار:

1 ـ ئېھرام باغلاش.

2 ـ تاۋاپى زىيارەت قىلىش. (يەنى ئەرەفاتتىن قايتىپ كېلىپ، تاش ئېتىپ، مال بوغۇزلاپ بولۇپ بەيتۇللاھنى يەتتە تاۋاپ قىلىش).

3 ـ ساپا بىلە مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش.

4 ـ ئەرەفاتتا تۇرۇش.

5 ـ چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش.

6 ـ بۇ ئىشلارنى ئۆزتەرتىبى بويىچە قىلىشتىن ئىبارەت.

مەزكۇر ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىي تۆۋەندىكىچە:

## ئېھرام باغلاش ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى

ئەرەبلەر ئۆزىنىڭ ياپلاقلىرىغا چېگرا بەلگىلەيتتى. باشقا ئايماقلار بۇ چېگرا ئىچىگە كىرەلمەيتتى. يۈزلىگەن ھوقۇقلۇق كىشىلەر كۆپ ياپلاقلارنى ئىگەللىۋېلىپ چېگرا ـ توساق تەيىنلەيتتى. ئىسلام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن تاغ، جاڭگال ۋە ياپلاقلارنى كىشىلەرنىڭ ئىگەللىۋېلىشىنى بىكار قىلدى. پەقەت اللە تائالا ئۆزىنىڭ بەيتىگە (كەبىگە) چېگرا بەلگىلىدى. ھەرەم دائىرىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەبە تەرەپكە كىرمەكچى بولغان كىشىنىڭ مەلۇم بىر ھالەتتە بولۇشى كېرەكلىكىنى بۇيرىدى.

مۇسۇلمان ھاجى ئېھرامغا كىرگەندە (كىيىملىرىنى تاشلاپ ئەن رەختكە يۆگىنىپ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغاندا)، ئۇ كىشىگە زىننەت ۋە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ قايسى بىر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۆزىگە خوش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. پۇت، قول ۋە بەدەنىگە تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەك كەيمەيدۇ. يىپ بىلەن تىكىلگەن ۋە پۇتنىڭ ھەممىسىنى ياپىدىغان ئاياغ كەيمەيدۇ. ئاددىيغىنا ساپما كېپىش كىيىدۇ. ئۈزۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن زىننەتلەنمەيدۇ. چېچىنى چۇشۇرمەيدۇ. تىرناق ئالمايدۇ. ئاياللىغا يېقىن كەلمەيدۇ.

بۇ ئىشلارنى قىلىشنى چەكلەشنىڭ سەۋەبى، ھەج بولسا بىر ئىبادەت، بۇ ئىبادەتتىن مەقسەت اللە تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە اللە تائالا ياخشى بەندىلىرىگە تەييارلاپ قويغان ئەجرى مۇكاپاتقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نەپسىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ شەھۋەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرماي، كۆنگەن ئادىتىدىن ۋاز كەچمەي، لەززەت ۋە راھەتتىن ئۆزىنى تۇتتۇالماي بولمايدۇ. مۇنداق بولۇش ئۈچۈن ياشاش يولىنى ھاياتقا زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا قىسقارتىش، پۈتۈن ھەرىكەت ۋە جىم تۇرۇشلار خاس اللە تائالا ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك.

ئېھرام باغلاشنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، ئاق رەختكە يۆگىنىپ يالاڭ باشتاق تۇرغان بۇ ھالەت ئادەمگە ئۆزىنى چاپاغا چىنىقتۇرۇشنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن كۆڭۈل سوغۇتۇشنى، ماددىي ھاياتتىن يۇقىرى يىراق ھاياتقا كۆتۈرۈلۈشنى ۋە بەدەن ئارزۇلىرىغا بويسۇنۇپ كۆنۈپ قالغان ئادىتىنى تاشلاشنى ئىلھام قىلىدۇ.

ھەج ئىشلىرى بىر چىنىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە قايتۇرىدۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئەسلى تەبىئىتىمىزگە قايتىش بىلەن ئۆزىمىزنىڭ روھى پاكىزە، قەلبى ساپ ۋە پاك كىشىلەر بولۇپ قالغىنىمىزنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭدەك ئېھرام داۋامىدا ئۆزىمىزنى جاپاغا چىنىقتۇرۇش، بەرداشلىق بېرىش ۋە تەس كېلىدىغان ئىشلارغا چىداشلىق بېرىشكە كۆنۈش ئىرادىسى ھاسىل بولىدۇ.

بادىن باۋۇل دېگەن كىشى كەشىپ قىلغان ياش ئۆسمۈرلەرنى تەن ـ ھەرىكەت بىلەن چىنىقتۇرۇش ئىشىنىڭمۇ ياخشى نەتىجىسى بولىدى. نۇرغۇن مىللەتلەر بۇنىڭغا كۆڭۈل

بۇلدى. ئېھرامنىڭ چىنىقتۇرۇشىنىڭ تەسىرى بۇنىڭدىن چوڭ دېسەك توغرا ئېيتقان بولىمىز. چۈنكى ئېھرام داۋامىدا مۇشەققەت ئېغىر ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىكتۇر. بۇ ئىش دىنىي مۇھىتتا بولغاچقا جانغا تەسىرى چوڭ ۋە پايدىسى كۆپتۇر.

شۇنىڭدەك مىليونلارچە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر خىل رەختكە يۆگىنىپ، باي بىلەن پېقىر، پادىشاھ بىلەن ئاما خەلق ئوخشاش، كۆرۈنۈشتە ئوخشاش، ھاياتتا ئوخشاش ۋە ھەرىكەتتە ئوخشاش بولۇشى دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقدا باراۋەر ۋە بىر ـ بىرىگە قېرىنداش، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا مۇشۇنداق تونۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

## ئېھرام ۋە سالام

ئېھرام بىلەن مەككىگە كىرگەن كىشى بەيتۇللاھنى كۆرگەندە: ”ئى اللە! سەن تىنچ ئامانلىق ئىگىسى، تىنچ ـ ئامانلىق سەندىن كېلىدۇ. ئى تەربىيەت قىلغۇچى ئىگىمىز! بىزگە تىنچ ـ ئامان قىلىش بىلەن رەھمەت قىلغىن. ئى اللە! بۇ بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتى ۋە شەرىپىنى زىيادە قىلغىن. بەيتۇللاھقا كېلىپ پەرز ھەج قىلغان ۋە ئۆمرە (نەپلى ھەج قىلغان كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە شەرىپىنىمۇ زىيادە قىلغىن“ دەپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ دۇئا شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىسلامنىڭ ھەجنى بۇيرىشىدىكى نىشانى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار قەلبىگە بىر ـ بىرىگە دوستلۇق ئورنىتىش، بىر ـ بىرىگە ئۈچمەنلىك قىلىشنىڭ يىلتىزىنى يۇلۇپ تاشلاش ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە دوست ۋە قېرىنداش ھالەتتە ياشاشقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەنىنى تەكىتلەپ قۇرئان كەرىمدە اللە تائالا: ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، اللە ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1] دېدى.

بۇ ئايەتتە اللە تائالا ھەجگە ئېھرام باغلىغان مۇسۇلمانلارغا كۆڭلى ئارامىدا، ئېغىر بېسىق، تىنچلىق پەرۋەر ۋە چىقىشقاق بولۇشىنى، ھەج داۋامىدا بىر كىم بىلەن تاكاللاشماسلىقنى كۈچلۈك تەكىتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىلار كىشىگە قەبىھ ۋە سەت گەپ قىلماسلىقى، كىشىگە ئازار بەرمەسلىكى، اللە تائالاغا ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىقى ۋە شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلاردىن ھېچ بىرىنى قىلماسلىقى لازىم.

كىشىلەر قەلبىگە تىنچلىق پەرلىكنى سۆيۈشنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھاجىلارغا ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلدى. ھالال ھايۋان بولسۇن، ھارام ھايۋان بولسۇن ئوخشاشتۇر. ئۇلارغا چېقىلىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن

---

[1] سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىقدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى، مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان الله دىن قورقۇڭلار﴾[1].

ھەج داۋامىدا ھەممە كىشىنى ھەر تەرەپلىمىلىك تىنچلىققا چاقىرىشتىكى مەقسەت، مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت يولى بىلەن تىنچلىققا ۋە ئىتتىپاقلىققا كۆندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش

ھەجگە ئېھرام باغلىغان كىشى ھەر پۇرسەتتە ۋە ھەر ئورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن لەببەيكە ئوقۇيدۇ. يەنى "ھازىرمەن ئى الله! ھازىرمەن، ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، ئى الله! مانا ھازىرمەن. ھەقىقەتمۇ بارلىق مەدھىيە ۋە ياخشىلىقلار ساڭىلا خاستۇر، پادىشالىقتا ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر" دېگەن سۆزلەرنى دائىم تەكرارلايدۇ. دىنىنى قوغداشقا ۋە دىن يولىدا ئىلگىرىلەشكە تۈرتكۈ بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاشتىن مەقسەت، ئىنسان ئۆزىنىڭ باش ئەگىشىنى خاس الله تائالاغا قارىتىش، تەكەببۇرلۇقنى سوندۇرۇش ۋە الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆزىنى الله تائالانىڭ مەخلۇقى دەپ تونۇپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن الله تائالانىڭ قانۇنى چېگراسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكتىن ئىبارەت.

## بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ھېكمىتى

ھەج قىلغۇچى بەيتۇللاھنى قاراتاش بېكىتىلگەن بۇرجەكتىن باشلاپ يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ (يەنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ). بۇ تاۋاپ، الله تائالاغا خاس ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن كەبىگە سالام قىلىش ئورنىدىدۇر. قاراتاش كەبىنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكىگە بېكىتىلگەن بىر تاش. بۇ بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمۇنىسى ئورنىدا. ئەرەبلەر بۇ تاشنى ئاسراپ كەلگەن. كەبە ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىش پەرىشتىلەرنىڭ ئەرش ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ تەسبىھ ئېيتىشىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق قىلىشتا ئادەمدە مىسلىسىز روھىي ئۈستۈنلۈك ھاسىل بولىدۇ. دۇنيانىڭ ھەرتەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار كۈندە بەش قېتىم يا كۆپرەك ناماز ئوقۇغاندا يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىدۇ. شۇڭا ھەج قىلغىلى بارغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياسىغان بۇ ماكاننى تاۋاپ قىلىپ سالام بىلدۈرۈش كېرەك.

---

[1] سۈرە مائىدە 96 - ئايەت.

## ساپا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدىكى تېز مېڭىش

بۇ يەردىكى تېز مېڭىش دېگەنلىك، ئادەتتىكى مېڭىشتىن تېزراق، يۈگۈرۈشتىن ئاستىراق بولغان مېڭىش بولۇپ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش ئەرەبلەرنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر پائالىيەت ئىدى. ئىسلام بۇنى بىر تارىخ ۋەقەلىكىگە ئەسلىمە ئورنىدا قالدۇردى. چۈنكى، بۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا دەسلەپ يۈگۈرگەن كىشى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەر ئىدى. ئۇ ئۇسساپ كەتكەن بالىسى ئىسمائىلغا سۇ ئىزدەپ يۈگۈرگەن ئىدى. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى جاھىل ئەرەبلەر بۇ ئادەتنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ھەربىر تاغقا بىردىن بۇت قويغان (تەۋھىدنى شېرىككە ئۆزگەرتكەن) ئىدى.

بىر بۇتنىڭ ئىسمى "ئاساف" يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى "نائىلە" ئىدى. ئىسلام دىنى كەلگەندە بۇتلار تامامەن چېقىپ تاشلاندى. ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا مېڭىش ئىسلام پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ھاجىلارغا تەن - ھەرىكەت ئورنىدا جۇشقۇنلاشتۇرىدىغان ھەربىي مەشىققە ئوخشاش بىر ئىش بولغاچقا ئىسلام بۇنى ساقلاپ قالدى. ساپا مەرۋە ئارىسىدا ماڭغاندا ئىككى ئالەمنىڭ خاپىلىقىدىن ساقلاپ قىلىشى، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشى ۋە كۆڭۈلدىكى نىيەتلەرنى رۇسلاپ ياخشىلىشى ئۈچۈن الله تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇندا الله تائالا ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۇسسۇزلۇق بالاسىنى يوقىتىپ، ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قىلىپ قۇرۇق چۆلدىن زەمزەم بۇلىقى چىقىرىپ بەرگەندۇر.

## ئەرەفاتتا تۇرۇش

ھەجنىڭ ئاساسلىق پەرزلىرىدىن بىرى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئەرەفاتتا تۇرۇشتۇر. بۇ تۇرۇشنىڭ پايدىلىرى كۆپتۇر. ئەرەفات بولسا، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن كەلگەن يۈز مىڭلارچە ھاجىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىدىغان ئومۇمىي يىغىلىش ئورنىدۇر. بۇ يەرگە پاكىستانلىق، مىسىرلىق، ئىراقلىق، ئوردۇنلۇق، ئىندونىزىيىلىكلەر، تۈركلەر، سۈرىيەلىكلەر، لىۋانلىق، لىۋىيەلىك، مەغرىبىستانلىق، ئالجىرىيىلىك، تۇنىسلىق ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلەرنىڭ مېھمانلىرى كېلىپ بىر تۈزلەڭلىككە توپلىشىپ الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. رەھمەت تىلەيدۇ. گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەيدۇ. بۇ يەردە پۈتۈن ئىنسانىنىڭ باراۋەرلىكى ئەمەلىيەتتە كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە تۇرۇش پۈتۈن ئىنسانلار پايدا - زىيانىدا شېرىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ توغرا ۋە ھەقىقىي بولغان تەرەپىنىڭ چوڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدۇر.

ئەرەفاتتا تۇرۇشنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، ئىنسان ئۆزىنى يېغىدىن ئادەم قىلىش، گۇناھ، خاتالىق ۋە يالغان ئادەتلەرگە ئارىلاش بولغان ئۆتمۈش ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن توغرا تۈزۈك، پاكىزە ھايات ئۆتكۈزۈشكە الله تائالاغا يېغىدىن ئەھدى

بېرىشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەر كىم اللە تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن ھەج قىلسا، ھەجدە ھاياسىز شەھۋانىي سۆز قىلمىسا، شەرىئەتتىن چىقمىسا ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاك قايتىپ كېلىدۇ».

## ھەج قىلىش ھەققىدە گۇۋاھلىق

بۇ ماۋزۇنى دوكتور فىلىپنىڭ "مۇسۇلمانلارنىڭ ھەججى ھەققىدە ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى» دېگەن كىتابىدا سۆزلىگىنىنى ئوتتۇردا قويۇش بىلەن تاماملايمىز.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نەچچە ئەسىر داۋام قىلىۋاتقان ھەجى، ئىسلامچە چۈشەنچىنىڭ تۇتقۇسىنى چىڭىتىشتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاشمىغان تەبەقىلىرى ئارىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە تەڭداشسىز بىر ئىنتىزام بولۇپ كەلمەكتە. ھەجنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ، باشقا دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئىجتىمائىي قېرىنداشلىق ئورنىتىدۇ. ھەر تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلار بىلەن ئاڭ سەۋىيىسى بىرلىشىدۇ. بۇ ھەج تۈزۈمىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قارا تەنلىكلەرگە، تۈركى مىللەتلەرگە، پارسلارغا، ئەرەبلەرگە ۋە باشقىلارغا باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن، ئەمەلدار ۋە ھوقۇقدار بولسۇن، پۇقرا بولسۇن بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى، ئىمانىنى، ئەقىدىسىنى تونۇشۇش ۋە دوستلۇق ئورنىتىش ئاسان بولىدۇ. ئىسلام دىنى دۇنيا ئىنسانلىرىدىكى جىنس ئايرىمىسىنى، رەڭ ئايرىمىسىنى، مىللەت ئايرىمىسىنى يوقىتىشتا ئالەمدىكى دىنلاردىن ھېچ قايسى ھاسىل قىلالمىغان غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلام، ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئىشەنمىگۈچىلەر ئارىسىدىكى ئايرىمچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق جەھەتتە ئىنسانلار ئارىسىدا پەرقنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەج ۋاقتىدا توپلىششنىڭ بۇ يولدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر.

# ئون يەتتىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ئىلىمنىڭ ئورنى

بۇ بۆلۈم، ياۋرۇپادىكى دىن بىلەن ئىلىم ئارىسىدىكى كۈرەش، ئىلىمنىڭ ئىسلامدا تۇتقان ئورنى، ئىسلامنىڭ ھۆججەت ۋە پاكىت دىن ئىكەنلىكى، ئىسلامنىڭ گۇماننى ئاساس قىلماي چىڭلىقنى ئاساس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ قارغۇلارچە ئەگىشىشكە دۈشمەن ئىكەنلىكى، ئىسلام ئەڭ ياخشىنى تۇتۇشقا چاقىرىدىغان دىن ئىكەنلىكى، ئىسلامدا ئەقلىنىڭ تۇتقان ئورنى، ئالەمدە تۈزۈم ۋە قانۇنىيەتنىڭ بارلىقى، تەجرىبىلەر ۋە كۆزىتىشلەر، ئىسلام چاقىرغان ئىلىم، ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىسىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىردە ياۋرۇپالىقلار ئارىسىدا بىر خاتا تۆھمەت تارقالغان ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ”ئىسلام پىكىر ئەركىنلىكىگە قارشى، ئىلمىي ھەرىكەتنىڭ ھەممىنى باستۇرىدۇ، ئىلىم ۋە پەلسەپىسىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ“ دېگەندىن ئىبارەت. فىرانسىيىلىك ئالىم ”رىنان“ بۇ تۆھمەتنى مەيدانغا چىقارغۇچىلارنى پاش قىلىپ ئۆزىنىڭ: «ئىسلام ۋە ئىلىم» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلدى.

بىز بۇ يەردە بۇ تۆھمەتكە قۇرئان تەلىماتىنىڭ نۇرىغا ئاساسلىنىپ، ئەمەلىي ھەقىقەتكە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە تارىخنى بورمىلىغان مەزكۇر تۆھمەتنىڭ ئاساسسىز ۋە يالغان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇدىغان تارىخنىڭ گۇۋاھلىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىمىز.

## ياۋرۇپادىكى ئىلىم بىلەن دىن ئارىسىدىكى كۈرەش

ئەمەلىيەت شۇكى، ئىلىمگە قارشى سوقۇشقان ئادەملەر باشقا دىنلارغا باش بولغان كىشىلەردۇر. تارىخچىلارنىڭ ئورتاق پىكرىچە ئىلىم - پەن ئالىملىرى ياۋرۇپادىكى خرىستىئان دىنچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئۇزۇن داۋامىدا دۈشمەن دۈشمەندىن ئۇچرايدىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. خرىستىئان دىنى باشلىقلىرى ئىلىم ۋە پىكىر ئادەملىرىنى سوراق قىلىپ جازالاش ئۈچۈن مەھكىمە قۇردى. ئىلىم ئادەملىرىنىڭ پىكرىنى دىنىي زاتلىرىنىڭ پىكرىگە خىلاپ، دەپ قاراپ ئۇلارنى جىنايەتچىلەر دېگەن قاراشتا بولدى. ئىلىم ساھەسىدىن بىر كىمنىڭ يېڭى ئىلىمگە دائىر ئىشى ئىسپاتلانسا ”تەۋبە قىلىش“ تەلەپ قىلىناتتى. تەكرار قىلماسلىققا ئەھدى ئېلىناتتى. ئەگەر قايتا ئىلىم - يېڭىغا دائىر گەپ سۆز يا ھەرىكەت قىلىپ سالسا، تۇتۇپ ئېلىپ تىرىك ھالدا ئوتقا تاشلىناتتى. ياكى ئىگىز يەردىن چوڭقۇر يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئالىي مەرتىۋىلىك ۋە

مىسلىسىز، ھەم دىنىنى يېڭىلىغۇچى ئالىملاردىن ناھايىتى كۆپ كىشى يوقۇتۇلدى. پىروتاستانت مەزھىبى مەيدانغا چىقىپ كاتولىكلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ كۆپ مەملىكەتلەر پىروتاستانت مەزھىبىنى قوللاش بىلەن كاتولىك دىنى ئادەملىرى ئاجىزلاشقانغا قەدەر مەزكۇر ھالەت داۋام قىلدى. پىروتاستانت مەزھىبى كۆپچىلىكنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەقلىي ئەركىنلىك بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن دىن ئادەملىرىنىڭ ئىلىم ئەھلىگە كەلتۈرگەن زۇلمى ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا بۇ قېتىم ئىلىم ئەھلىنىڭ بەزىلىرى ئىنتىقام ئېلىشنى دىن ئادەملىرىگىلا قاراتماستىن دىنىنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراتتى. دىنىنىڭ ئاساسلىرى ناھايىتى ئاددىي نەرسىلەر دېگەن ئويدۇرمىسىغا دەلىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ كىتاب ماقالىلەر يېزىپ تارقاتتى. ھەتتا دىنىنىڭ ئاساسلىرى بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ خىيالى نەرسىلىرى، دېدى. پۇرسەت تاپسىلا دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆۋەن چۈشۈردى. ھەتتا بۇ مىللەت دىندىن ناھايىتى قاچىدىغان يەرگە يەتتى ھەممە ھەر تەبىقە خەلقلەر ئارىسىدا دىنسىزلىق تارقالدى. بارغانسېرى "دىنغا ئىشىنىش بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتى" ھېسابلىنىپ ماڭدى.

پىكىر ئەركىنلىكى دېگەن باھانە بىلەن دىنغا ھۇجۇم قىلىنغان ۋەقەلەردىن بىرنى مىسال قىلىمىز. 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن "لاۋرۇس" نىڭ «دائىرەتۇلمەئارىپ» دېگەن كىتابىنىڭ "دىن" دېگەن ماۋزۇسىدا، لاۋرۇس دىن ئادەملىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ئەگەر بىز ئىنسانىي زوق ئەقىل بىلەن بىلىش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرگە ئەقىدە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېسەك. ئۇلار: "ياق" دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار (دىن ئادەملىرى) ياخشى بىلەن يامانىنى، ئادالەت بىلەن زۇلۇمنى ئايرىدىغان ئىنسان ئەقلىنى خارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەتتاكى ئەقلىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلسا، ئەقلى كۆرۈشى يوشۇرۇنىپ قېلىنسا، مۆجىزىلەر ئاددىي ئىشلار دەپ ھېسابلانسا، ئاقنى قارا دەپ خىيال قىل دېسە، رەزىل ئىشلار ئۇتۇقلۇق ھېسابلانسا، شۇ چاغدا دىن خەلقلەرنى ئىتائەت قىلىڭلار! دەپ قورقۇتقىلى تۇرىدۇ. ئەگەر كىمگە ئىتائەت قىلىمىز؟ ئەقلىمىزگىمۇ ياكى تەبىئىي زۆرۈر ئىشلىرىمىزغىمۇ؟ ياكى يۈرىكىمىزدىكى ھېسسىياتىمىزغىمۇ ياكى يۇقىرىقىلاردىن كېلىپ چىققان ئىنسانىيەتكە پايدىلىق قانۇنلارغا بويسۇنىمىزمۇ؟ دەپ سورىساق، ياق ئۇقماي ۋە بىلمەي بويسۇنغىن" دەيدۇ، دەپ دىننى پۈتۈنلەي يوققا چىقارغان.

## ئىلىمنىڭ ئىسلامدىكى مەرتىۋىسى

ئەمما ئىسلام، ئىسلام ئەھلىگە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنى بۇيرىدى. تەرەققىي قىلىشقا بۇيرىشى ئىلىمگە يۈرۈش قىلىش ۋە ئىلىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە يۈزلەندۈرۈشى بىلەن بولدى. چۈنكى، ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنى پەقەت ئىلىملا رۇسلايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. الله تائالا ئىلىمگە قوزغاش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئېيتقىنكى،

«بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴾[1].

بۇ ئايەتتە ئىلىمنىڭ شەرىپى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چۈنكى اللە تائالا ئىلىم ئادەملىرى باشقىلاردىن ئايرىم كىشىلەر، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن كېيىن اللە تائالا ئويلاپ كۆرۈش، نەسىھەت قوبۇل قىلىش ئىلىملىكلەرگە خاس، دېدى. ئەقىللىقلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان نەرسە ئىلىمدۇر.

قۇرئان كەرىم يەنە بىر ئايەتتە ئالىملارنىڭ اللە ئالدىدا مەخسۇس دەرىجىلىرى ۋە ئايرىم مەرتىۋىلىرى بار، دەپ ئوچۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ﴿اللە سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[2]. شۇنىڭدەك ئىلىملىكلەرنىڭ اللە تائالانىڭ بىرلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىنى اللە تائالا ھېسابقا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[3].

بۇ ئايەتتە اللە تائالا ئالىملارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئۆزىنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر قاتاردا قويدى. بۇ سۆزدە ئىلىملىكلەرنىڭ قەدرىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشارىتى باردۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئان كەرىمنىڭ بىلىمسىز ئادەملەرگە ئېغى بار ئادەم ئۆزىگە رازى بولمايدىغان بىر ھۆكۈمنى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز: ﴿(اللە نىڭ بىرلىكىنى) بىلمەيدىغان (كۇففار) لارنىڭ دىللىرىنى مۇشۇنداق پېچەتلەيمىز﴾[4].

يەنە اللە تائالا ئىلىمنىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق، دەپ: ﴿ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار﴾[5] دېدى. اللە تائالا بۇ ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويۇشى ئالىملار ئۆزىنى چوڭ بىلىپ كەتمىسۇن، ئىلىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تىرىشسۇن، تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۆزىنى تەييارلاپ تۇرسۇن، دېگەن مەقسەت بولسا كېرەك.

قۇرئان كەرىم ئاسماندىكى مەخلۇقلار ۋە زېمىندىكى مەخلۇقلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشتىن ئىبارەت ئۆزلىرى ئۇمىد قىلغان ھەقىقەتلەر توغرىسىدا ئىلىم ھەقىقىي دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېگەن مەقسەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿«ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!» دېگىن﴾[6].

---

[1] سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇجادەلە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران 18 ـ ئايەت.
[4] سۈرە رۇم 59 ـ ئايەت.
[5] سۈرە يۇسۇف 76 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە تاھا 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارنى بارلىق ئىلىملارنى ئۆگىنىشكە چاقىرىشدا يۇقىرىقىغا قانائەت قىلىپلا قالماستىن، ئەقلىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ قېلىشتىن پىكرىنى يۇرگۈزمەي قېتىپ قېلىشتىن مەنئىي قىلىدىغان نۇرغۇن قانۇن ۋە قائىدىلەرنى بېكىتىپ بەردى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

## ئىسلام دىنى ھۆججەت ـ پاكىتنى تۇتقۇ قىلىدىغان دىندۇر

ئىلىم دېگەن كەسكىن ۋە چوقۇم دەلىل بولمىغۇچە بىر نەرسىنى راستقا چىقارمايدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئانمۇ ھېچبىر ئىنسان دەلىل ئىسپاتى بولمىغان نەرسىنى راست دەپ قوبۇل قىلماسلىق لازىم، دەپ بۇيرۇيدۇ. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار:« يەھۇدي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناساراالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن﴾[1].

دەلىل ـ پاكىتسىز بىر نەرسىگە ئىشىنىش توغرا ئەمەس. باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلغان ئادەملەردىن الله ھېساب ئالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا الله غا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات تاپمايدۇ﴾[2].

يەنە بىر ئايەتتە كۆرىمىزكى، الله تائالا بىر الله دىن باشقا مەخلۇقلارنى ئۆزىگە ئىلاھ قىلىۋالغانلاردىن بۇ ئىشقا ھۆججەت تەلەپ قىلىپ ئۇلارنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتىدۇ.

﴿(ئىنسانىنى) دەسلەپتە خەلق ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدىغان كىم؟ سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىدىغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) ئېيتقىنكى، «(ئەگەر دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»﴾[3] بىز يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتكەن ئايەتلەر شۇنى ئوچۇق ئىپادە قىلىدۇكى: ھەرقانداق بىر سۆزنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈشى لازىم. ئۇ سۆزنى ئىشىتكەن ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل تەلەپ قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ دەلىلى بولمىسا، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۇ سۆزنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

---

(1) سۈرە بەقەرە 111 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مۇئمىنۇن 117 ـ ئايەت.
(3) سۈرە نەمل 64 ـ ئايەت.

## ئىسلام دىنىنىڭ گۇماننى ئاساس قىلماي چىڭلىقنى ئاساس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى

ئىلىم جەزملىك نەرسىنى جەزملىك ئەمەس نەرسىنىڭ ئورنىدا ۋە گۇماننى ئىشەنچنىڭ ئورنىدا قويۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئىلىم بىر مەسىلىنى، بۇ مەسىلىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا گۇۋاھچى بولىدىغان پاكىتنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىقىغا قارىتا ئۇ مەسىلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدۇ. يەنى ئەگەر ئۇ مەسىلىنىڭ پاكىتى كەسكىن ۋە جەزملىك بولسا، مەسىلە ھەق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پاكىتى كەسكىن ۋە جەزملىك بولمىسا، مەسىلە گۇمانىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ھەق بىلەن گۇمانىي مەسىلىنىڭ دەرىجىسىنى بۇ خىل ئىلمىي ئايرىش گۇمان ۋە ۋەھىمىلەردىن ھەزەر قىلىشقا بۇيرىغان قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇندۇر. چۈنكى، گۇمان ۋە ۋەھىمىلەرگە ئەگىشىش كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ﴾[1]. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇتلارغا ئېتىقاد قىلىشتا) پەقەت پەرەزگىلا تايىنىدۇ، پەرەز دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[2] يەنى ئۇلار ئەقىدىسىدە پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ. گۇمان بولسا دەلىل پاكىتقا تايانمىغان ۋە توغرا بولمىغان پەرەزگە ئېلىپ بارىدىغان تەسەۋۋۇردۇر. گۇمان يەنە توغرا ئىماننىڭ مەركىزى بولغان ھەق ئىپادىلەپ بەرگەن ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

قۇرئان ئىشەنچلىك ئىلىمگە ئاساسلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. گۇمانلىرى ۋە ۋەھىملىك خىياللىرى ئارقىسىدىن ماڭغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق)، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار بىلمەسلىكتىن نەپسى خاھىشىغا ئەگەشتى﴾[3] قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر تەرەپتە دەھرىلەر (خۇداسىزلار) نىڭ گۇمانغا ئەگەشكەنلىكىنى ئەيىبلەپ شۇم خەۋەر قىلغىنىنى كۆرىمىزكى: ﴿ئۇلار (يەنى قىيامەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار): «ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز). پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز» (دەيدۇ). ئۇلار بۇ خۇسۇستا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلار پەقەت گۇمان بىلەن سۆزلەيدۇ﴾[4].

الله مۇسۇلمانلارنى تۆۋەندىكى ئىلمىي ئاساسقا باغلىنىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم،

---

[1] سۈرە ئەنئام 116 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 36 ـ ئايەت.
[3] سۈرە رۇم 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە جاسىيە 24 ـ ئايەت.

ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

ئايەتنىڭ مەنىسى: كىشىلەر تەرىپىدىن ساختا سۆزلەنگەن لېكىن سەن ئۇنىڭ راستلىقىنى بىلمىگەن گەپنىڭ كەينىگە كىرمە. چۈنكى بارلىق ئىنسان قۇلىقى ئاڭلىغان، كۆزى كۆرگەن، ئىسىدە تۇرۇپ قالغان، راست بولمىغان ۋە خاتا تونۇشقا يا زىيانلىق سۆز ـ ھەرىكەتكە سەۋەب بولغان نەرسىلەر تەرەپتىن سوراق قىلىنىدۇ، دېمەكتۇر.

قۇرئاننىڭ پەلسەپىسى يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئىبارىلىرىگە قارىتا مۇقىم ۋە مۇقەررەر بولغان ئىلىم ئاساسىدىكى پەلسەپەدۇر. يۇنان ۋە باشقا مەملىكەتلەردىكى ئىسلامدىن بۇرۇنقى پەلسەپەلەردەك گۇمان ۋە دەلىلسىز پىكىر ئاساسىدىكى پەلسەپە ئەمەس. ھازىرقى يېڭى ئۇسۇلدىكى پەلسەپە پەقەت 19 ـ ئەسىردە ”ئىجادى پەلسەپە“ ئىسمى بىلەن پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ پەلسەپە ئەڭ يېڭى پەلسەپە ۋە ئەقىللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى پەلسەپەدۇر.

ئىنسانلار دۇنياسى بۇنداق گۇمانى پەلسەپەلەردىن زېرىكىپ كەتكەن ۋە ئۆتكەنكى ئەسىرلەردە بازارغا سالغان ۋە قوبۇل قىلغان پەلسەپەلىرىنى كېيىنكى ئەسىرلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. گۇمانىي پەلسەپەلەر خىيالى ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا ۋە ئۆزئارا ئىختىلاپلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغان.

ھازىرقى ئىجادىي پەلسەپەنىڭ ئاساسىي كۆزقارىشى ھېسسىي پاكىتلار ئاساسىدا بولۇپ بۇ پەلسەپە كەلگۈسى زامانلاردىمۇ ئەمەلدىن قالمايدۇ. بۇ بولسا قۇرئان پەلسەپەسىنىڭ ئاساسىدۇر.

## ئىسلام دىنى قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ دۈشمىنىدۇر

بۈگۈنكى ئىلىم بىر ئىشنىڭ دەلىلىنى بىلمەي ۋە ئۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ئۇ ئىشتا قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى مەنئىي قىلىدۇ. يېڭى ئىلىم بۇ توغرىدا بۇرۇنقى ئىلىم بىلەن قارىمۇ قارشىدۇر. چۈنكى بۇرۇنقى ئىلىم ۋە ئۇنى تۇتقۇ قىلىۋالغۇچىلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار بىرەر مەسىلىنىڭ راستلىقى، يا يالغانلىقىغا دەلىل كۆرسىتىشتە شۇ مەسىلە مەشھۇر كىشىلەردىن پالانى كىشىنىڭ قارىشىغا ئۇدۇل كېلىشى ياكى كەلمەسلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ قايىل بولۇشاتتى.

مەسىلەن: ئارستوتېل (قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى) نامىدىن ئىسپاتلانغان مەسىلىنىڭ مەزمۇنى قانداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ مەسىلە قەتئىي ھۆججەت تونۇلاتتى. ئارستوتېلنىڭ بۇ پىكرى قانداق؟ ئۇنىڭ دەلىلى نېمە؟ ھېچ سورالمايتتى.

بۈگۈنكى ئىلىم بىركىمگە قارىسىغا ئەگىشىشنى مەنئى قىلىشىدا، ئۆزىنىڭ يا باشقىلارنىڭ پىكرىنى دەلىلسىز ھالدا چىڭ تۇتۇۋالىدىغانلارنى تونۇمايدىغانلىقىدا قۇرئان

---

[1] سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت.

كەرىم بىلەن بىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى چىڭ تۇتۇشى ئۇنى ئەقلى بىلەن تونۇپ يەتكەنلىكىدىن ئەمەس. لېكىن ئاتا ـ بوۋىسى قىلىپ كەلگەن ئىش بولغىنى ئۈچۈن چىڭ تۇتۇۋالىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا الله نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: « ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە » دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋەھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ)﴾[1].

الله تائالا كىشىلەرگە قارىغۇلارچە (دەلىل ـ ئىسپات سۈرۈشتۈرمەي) ئەگىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «الله نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى الله پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار :«ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟ كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن ) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئىبارىتى شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى، ئەقلنى ئىشلەتمەي، قايىل قىلارلىق دەلىل ئىزدىمەي، قارىغۇدەك ئەگىشىش كاپىرلارنىڭ ئىشىدۇر. ئىسلام دىنىغا قايىل قىلارلىق دەلىلگە ئاساسەن ئىشەنگەندە، قارىغۇدەك ئەگەشمەي ئاڭلىق ھالدا ئەگەشكەندە ئاندىن ئادەم مۆمىن بولالايدۇ (مۆمىن ئادەم دىنىدىن ئىلمىسىز ھالدا قالماسلىقى كېرەك).

ئاندىن كېيىن الله تائالا ئىسلامنىڭ (الله دىن باشقىسىغا باش ئۇرۇشنى مەنئىي قىلىدىغان) تەۋھىد دىنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى بېقىۋاتقان پادىچى ھايۋانلارغا: ئالدىڭغا ماڭ، ئارقىڭغا قايت، دەپ ۋاقىرغان چاغدا، پادىچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا پەقەت ئاۋاز تاۋۇشىنىلا ئاڭلايدىغان ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىدۇ. كاپىرلارمۇ شۇنىڭدەك ھەقىقەت تەرەپكە چاقىرغۇچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار چاقىرغۇچىغا جاۋاب بېرىدىغان تىلى ۋە الله تائالانىڭ راست ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى كۆرىدىغان كۆزى يوق ئىنسانلاردۇر، دېدى.

قۇرئان كەرىم خەلقلەرنى ھەربىي باشلىقلارغىمۇ، مەمۇرىي ھوقۇقدارلارغىمۇ ۋە روھانىي دىنى باشلىقلارغىمۇ (ئىشان، ئەۋلىيا، دەرۋىشلارغىمۇ) دەلىل سۈرۈشتۈرمەي قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ. خەلققە ناتوغرا ئەقىدە ۋە ناھەق ئىشلاردا باش بولغانلار ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىش قىلغانلار ئاخىرەتتە ئازابتا باراۋەر بولىدۇ، دەپ مۇنداق بايان

---

[1] سۈرە مائىدە 104 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 170 ـ 171 ـ ئايەتلەر.

قىلىدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ﴾[1]. يەنى دۇنيادا كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە خاتا يولدا ئەگەشتۈرگەنلەر ئەگەشكەنلەردىن قىيامەت كۈنى يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە ئۇلاردىن بىزار بولىدۇ. ئەگەشتۈرگەنلەر ۋە ئەگەشكۈچىلەر كۆز ئالدىلىرىدىكى ئازابنى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلىدۇ.

مانا بۇلار قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە قارشى تۇرىدىغان، ئەقىلگە ۋە دەلىل ـ پاكىتقا مۇۋاپىق بولغىنىنى تۇتۇشقا چاقىرىدىغان ئىسلام تەلىماتلىرىدۇر.

## ئىسلام دىنى ئەڭ ياخشىنى تۇتۇشقا چاقىرىدۇ

ئىسلام ئىنسانلارنى ئاتا ـ بوۋىلارغا، ھوقۇقدارلارغا ۋە يۈزلۈك كاتتىباشلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن توسۇپ ياندۇرغاندىن كېيىن بىرەر مەسىلىگە بىر تەرەپلىمىلىك قاراپ تۇرۇۋېلىشتىنمۇ توستى. شۇنداقلا ياخشىراق تەرەپنى تۇتۇشقا چاقىردى. چۈنكى كۆپۈنچە كىشىلەر دەسلەپتە ئاڭلىغاننى ياكى ياخشى دەپ گۇمان قىلغان كىشىنىڭ كىتابىدا ئوقۇپ كۆرگەننىلا چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان باشقا توغرا پىكىرلەرنى ۋە دەلىل كۈچلۈك مەزھەبلەرنى يوققا چىقىرىپ تۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا پىكىرلىرىدىن ۋە خاتا ئىشلىرىدىن ئايرىلىيالماي داۋام قىلىۋېرىدۇ.

ياخشىراقنى تۇتۇش بولسا، ئەمەلىي ھەقىقەتلەرگە ئىخلاس قىلىشتىكى بىر يېڭى ئىنتىلىش بولۇپ، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىغىلا تولۇق ئايدىڭلاشقان. بۇلارنىڭ قارىشىدا، مۇتلەق ھەقىقەتلەر چەكلىك بىر پەلسەپەگە باغلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن خەلقلەرنىڭ بارلىق پەلسەپەلەر ئىچىدىن ياخشىراق دەپ تونۇلغان پەلسەپەنى تۇتقۇ قىلىشى لازىم. بىرلا ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ ياخشى پەلسەپەگە يېتىۋېلىش مۇمكىن بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ 14 ئەسىردىن بېرى چاقىرغان پەلسەپەسىمۇ پەقەت مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتتە الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق بىرگەپ بولۇنغاندا ئالدى بىلەن ئۇنى ئاڭلاپ بېقىشقا ۋە ھەرقانداق مەزھەبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بېقىشقا، بىر مەزھەبكە ياكى بىر پىكىرگە يان بېسىپ باشقا پىكىر ۋە مەزھەبلەرنى تەكشۈرمەستىن، ئويلاپ كۆرمەستىن قارشى تۇرماسلىققا، ھەممىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئويلاپ كۆرۈپ، ئىسلامنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق، دەلىلى كۈچلۈك ئەقىللەر قايىل بۇلارلىق بولغان ياخشىراق تەرەپنى تۇتۇشقا

---

[1] سۈرە بەقەرىنىڭ 166 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇمەر 18 ـ ئايەت.

بۇيرىدى. مۇشۇنداق قىلغانلارنى اللە تائالا باشلىغان يولدا ماڭغۇچىلار ۋە ئەقلىي كۈچلۈك تولۇق پىكىر ئىگىلىرى ،دەپ ماختىدى.

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ئالىي پەلسەپە ئۇتتۇردا قويغان ئۇل ـ ئاساسلارنى ئاللىقاچان چوقۇملاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرىۋاتىمىز.

## ئىسلامدا ئەقىلنىڭ تۇتقان ئورنى

ئىلىمنىڭ ئەسلى قائىدىسى، ئىنسان دۇچ كەلگەن ھەرقانداق ئىشتا ئەقىلنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشتۇر. مۇنداق ئەقىلدىن ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق مەسىلىنى بىلىش ۋە چۈشىنىشكە شەرتى تولۇق بولغان ئەقىل، كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قۇرئان ھەر ئىشقا ئەقىلنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقىلنى ئىشلەتمىگەنلەرنى ئەيىبلايدۇ. قۇرئاندا ئەقىل دېگەن سۆز ۋە ئەقىلنىڭ قىلغان ئىشى 50 دەك يەردە سۆزلىنىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى دېگەن سۆز ئون نەچچە يەردە سۆزلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەقىلنىڭ چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئىشقا سالماي بولمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە قايىل بولماي بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كۆپ ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا: ﴿يۇقىرىقى ئەھۋالدا ئەقىللىق كىشىلەرگە دەلىللەر بار﴾، ﴿ئەقىلنى ئىشلىتىدىغانلارغا دەلىل ـ ھۆججەتلەرنى بايان قىلدۇق﴾، ﴿ئۇلار ئەقىلنى ئىشلەتمەمدۇ؟﴾ دېگەندەك سۆزلەرنى دەيدۇ.

ئاندىن كېيىن قۇرئاننىڭ ئەقىلنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغانلارنى ئەيىبلەپ، ھېچقانداق تەنقىد تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمىگەن دىلغىمۇ تەسىرىنى ئۆتكۈزگۈدەك ئۇسلۇبتا تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرىمىز: ﴿جانلىق مەخلۇقلارنىڭ اللە تائالا ئالدىدا يامانراقى مۇشۇ پاڭلار، گاچىلاركى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ﴾[1] يەنە اللە تائالا مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾[2] شۇنىڭدەك اللە تائالا ئەقلىنى ئىشلەتمەسلىكنى ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولۇشنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرستىپ كاپىرلار توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ﴾[3].

ئەقىلنىڭ مەرتىۋىسىنى مۇنداق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىسلامغا خاس. باشقا دىنلاردا ئەقىلنىڭ ئېتىبارى چوڭ ئەمەس.

---

[1] سۈرە ئەنفال 22 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان 44 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇلك 10 ـ ئايەت.

## ئالەمنىڭ مۇقىم قانۇنى بار

ئىلىمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن بىرى تەبىئىي ھەقىقەتلەر ھەمىشە بىرخىل داۋام قىلىدۇ، دېمەكتىن ئىبارەت. قايسى بىر ۋاقىتتا راستلىقى قەتئىي دەلىل بىلەن ئېنىق بولغان نەرسە داۋاملىق ھەقىقەت دېمەكتۇر. ئىلىم چىڭ تۇتقان بۇ ئاساس قائىدە قۇرئاندىن ئېلىنغان قائىدىدۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار پەقەت ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە قوللىنىلغان (الله نىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش ۋە جازالاشتىن ئىبارەت) يولىنىلا كۈتىدۇ. الله نىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن﴾[1] يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾[2].

بۇ ئايەتلەر تەبىئەتنىڭ (ئاسمان - زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ) بىرخىل داۋام قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇلاردا الله تائالا ئورناتقان قانۇننىڭ دائىم تۇرىدىغانلىقىنى ۋە يوقۇلۇش قارارى كەلگىچە ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ.

## تەجرىبىلەر ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشلەر

تەبىئەت ئىلىملىرى توغرىسىدىكى، ھايات توغرىسىدىكى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەردە ماڭىدىغان ئىلمىي يول شەرتسىز قايىل بولۇدىغان سۆزلەر بىلەن ياكى پەلسەپە تۈزۈمى بىلەن ياكى مۇئەييەن پىكىرلەر بىلەن باشلانمايدۇ. ھەركىم ئۆز كۆڭلىدە ئويلاپ چىقارغان ھۆكۈملەرگىمۇ ياكى ئالاھىدە ئەقلىلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئاساسلانمايدۇ. بەلكى پۈتۈن سىزىم ئەزالىرىنى ئىشلەتكەن، خۇسۇسەن قۇلاق بىلەن كۆزنى ئىشلەتكەن تەجرىبىلەرگە ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشلەرگە يۆلىنىدۇ. كۆز ۋە قۇلاقنى ياردەملەشتۈرگەن شەرتى بىلەن مىكروسكوپتەك ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىش سايمانلىرىغا يۆلىنىدۇ. كۆز، بۇ سايمانلار ئارقىلىق مىكروۋپتەك كۆز كۆرمەيدىغان ئەڭ كىچىك نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ياكى تېلىسكوپتەك سايمانلار ئارقىلىق يىراقتىكى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆرىدۇ.

تەبىئىي ئىلىمنىڭ توغرا بىر مۇقەددىمىگە يېتىشى ئۈچۈن ماڭىدىغان يولى كۆزدىن كەچۈرۈشتۇر. ئەگەر كۆزدىن كەچۈرۈش ئاسان قىلىنمىغان بولسا، تەبىئەت ئىلىملىرى مۇنداق كەڭ دائىرىدە بولۇپ كېتەلمەيتتى. مەخلۇقلارنىڭ بەزى سىرلىرى مۇنداق ئېچىلمايتتى. كۆزدىن كەچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاساس قۇرئاننىڭمۇ قائىدىسىدۇر. قۇرئان

---

[1] سۈرە فاتىر 43 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە رۇم 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايەتلىرىمۇ ھەر ئىشنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ئەقلىنى، كۆزنى ۋە قۇلاقنى ئىشلىتىشكە كۆپلەپ بۇيرۇيدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

1 ـ ئەقىل بىلەن كۆزنى بىللە ئىشلىتىش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، الله نىڭ مەخلۇقاتىنى قانداق قىلىپ (يوقتىن) بار قىلغانلىقىغا قاراڭلار، ئاندىن الله ئۇلارنى (قىيامەتتە) قايتا پەيدا قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

2 ـ ئەقىل بىلەن قۇلاقنى ئىشلىتىش توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[2].

بۇ ئايەتتىكى ﴿قەلبلەر﴾ دېگەن سۆزدىن "ئەقىللەر" كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بىلىم ئورنى ئەقىلدۇر. الله تائالانىڭ ﴿چۈشىنىدىغان دىللارغا﴾ دېگەن سۆزى بۇنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ يۈرىكى قاساۋەتلىشىپ قالىدۇ. ھېچنېمىنى ئېڭىغا ئالالماس، ئەقىل ئىشلىتەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى جىسمانىي تەرەپتىن ھېچقانداق كېسەل بولۇپ قالمىغان. مۇنداق بولۇش ئادەمنىڭ پسىخولوگىيەسىنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋاللىرىدىن بىر ئەھۋال. ئۇ بولسا يۈرەكلەر قارىغۇ بولۇپ قېلىپ، ئەقلى كورۇشتىن توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئالدىدا تاشقى كۆزنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشى ھېچنەرسە ئەمەس. ئەقىل تەرەپتىن قارىغۇ بولۇش ھاياتنىڭ يولىنى توسۇپ قويىدۇ. شۇڭا يەنە بىر ئايەتتە الله تائالا كاپىرلارنىڭ قەلبىدە بىرنەرسىنى توغرا چۈشىنىش قۇۋۋىتى يوق دەپ مۇنداق دېدى: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ، ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾[3] دەيدۇ.

بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش بولسا، ئاڭلاش، كۆرۈش ھەم ئەقىل ئىشلىتىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بىر بوۋاق بالىنى ئالەمنى كۆرسەتمەي قاماپ قويۇلسا، ئۇنىڭغا پەقەت ھاياتقا كېرەكلىك يېمەك ـ ئىچمەك بېرىلسە، بەدىنى چوڭىيىپ چوڭ ئادەمدەك بولسىمۇ ئەقلى بوۋاقلىق ھالىتىدىن تەرەققىي قىلمايدۇ. بالا تەربىيىلەيدىغان ئالىملار شۇنداق دېگەن. شۇ ھەقىقەتكە قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ: ﴿اللە

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 20 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 46 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەت.

سىلەرنى ئانائىلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتتىكى بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[1] بۇ ئايەت ئىنسانغا ھاسىل بولىدىغان ئىلمىي تەجرىبىلەر تۇغۇلغاندىن كېيىن قولاق، كۆز ۋە ئەقىل يولى بىلەن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

## ئىسلام چاقىرغان ئىلىم

ئىسلام چاقىرغان ئىلىمدىن بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك دىنىي ئىلىملا كۆزدە تۇتۇلامدۇ؟ ياق! ئۇنداق ئەمەس. ئىسلام مەيلى دىنىي ئىشلاردا بولسۇن، ياكى ماددىي نەرسىلەر توغرىسىدا بولسۇن، بىلىمسىزلىكنى يوقىتىدىغان بارلىق ئىلىمنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. ئىسلام دىنى تەبىئەت ئىلىملىرىنى، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار پىسخولوگىيە ئىلىملىرىنى ۋە باشقا ساھەدىكى ئىلىملارنىمۇ دىنىي ئىلىم بىلەن بىللە ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى مەزكۇر ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىكى مەقسىتى، الله تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلىقىنى مەخلۇقاتلىرىنىڭ كۆرەلەيدىغان بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار. ئۇ بولسا، بۇ ئىلىملەردىن ئىنسانلارغا ھاسىل بولىدىغان ھاياتتىكى ماددىي مەنپەئەتلەردۇر.

## تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ

قۇرئاندا تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش مەزمۇنىدا كەلگەن ئايەتلەر كۆپ بولۇپ الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى بۇ ئايىتى شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر: ﴿الله نىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردى، (شۇنىڭدەك الله تاغلارنى ياراتتى) تاغلارنىڭ ئاق، قىزىللىرى، ھەر خىل رەڭدىكى يوللۇقلىرى ۋە قاپقارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى، الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[3].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ ئايەتتىكى ئالىملاردىن مەقسەت الله نىڭ بارلىقىنىڭ ۋە قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى بىلىدىغان ۋە الله تائالا زېمىندىكى

---

[1] سۈرە نەھل 78 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رۇم 22 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فاتىر 27 ــ 28 ـ ئايەتلەر.

مەخلۇقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان يوشۇرۇن ئەھۋاللارنى بىلىدىغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى تەبىئەت ئىلمىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئۆزىدۇر. تەبىئىي پەن بولسا ئاسماندىكى ۋە يەردىكى نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۆزئارا ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەخلۇقلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى، يەنى بۇ مەخلۇقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان الله نىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلمىنى تەكشۈرىدۇ. مەسىلەن: الله تائالانىڭ: ﴿كۆرمەمسەنكى، الله بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى﴾ دېگەن سۆزىدە بايان قىلىنغان ئاسمان تەرەپتىن سۇ چۈشىشىنىڭ مەخپىي سەۋەبى پەقەت تەبىئىي پەن بىلەنلا تونۇلىدۇ. سۇنىڭ قانداق ماددىلاردىن تەركىپ تاپقانلىقى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى خىمىيە ئىلمى بىلەنلا تونۇلىدۇ. دان، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى ئۈندۈرۈش ۋە مېۋە چىقىرىشنىڭ سىرى ئۆسۈملۈكلەر ئىلمى بولغان بىئولوگىيە ئىلمى بىلەن تونۇلىدۇ. تاغ قانداق نەرسە؟ تاغنىڭ ئاق، قىزىل ۋە قارا يوللىرىنىڭ قانداقلىقى يەر قاتلاملىرى ئىلمى بولغان گېئولوگىيە ئىلمى بىلەن بىلىنىدۇ. ئادەم جىنسلىرى، ھايۋان تۈرلىرى، ھاشارەتلەر تۈرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولسا، ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ئەسلىنى بىلىشكە دائىر بولغان فىزولوگىيە ئىلمى بىلەن تونۇلىدۇ.

ئاندىن كېيىن ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى الله تائالانىڭ: ﴿الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىدىن تولۇق ئەيمىنىپ قورقۇدىغانلىقنى الله تائالانىڭ بۇ ئالەمدىكى نەمۇنە ـ دەلىللىرىنى ئۆگىنىدىغان ئالىملارغىلا خاس قىلدى. چۈنكى، ئالىملار ئىسلامغا ئىشىنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرى تەبىئەتنى ياراتقۇچى بولغان الله تائالادىن قورقۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

## ھاياتلىق ئىلمى (فىزولوگىيە ئىلمى)

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنساننى ئۆزىنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئانىنىڭ بالا ياتقۇسىدا قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە قانداق ھالەتلەرگە ئۆزگىرىپ تولۇق ئادەم شەكلىگە كەلگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈشكە يۈزلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى﴾[1].

ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئەسلى ماددىسىغا نەزەر سېلىش بىلەن ھاياتنى بىلىشكە ۋە ئىنسان ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئاجايىپ ئىشلارنى ۋە ھۈجەيرىنىڭ ئادەم يارىتىلىش باسقۇچلىرىدا ھەر تۈرلۈك ھالەتلەرگە ئۆزگىرىشىنى بىلىشكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ بىلىشنى، ”فىزولوگىيەلىك ئىلمىت“ دېيىلىدۇ.

---

[1] سۈرە تارىق 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

ئىنسان نەپسىنى (پسىخولوگىيىسىنى) بىلىش ۋە ئىنسان ئۆزىنى ئويلاش توغرىسىدا قۇرئاندا كەلگەن ئايەت بۇدۇر: ﴿زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا الله غا چىن ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر﴾[1] ئىنسان ئۆزىگە نەزەر سېلىشتىن ئىنسان پسىخولوگىيەسىنى ۋە ئىنساندىكى خۇي ـ تەبىئەت ۋە بىر ئىشقا بېرىلىش ۋە ئىنسانىي قوزغۇغۇچىلارنى بىلىش قولغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

## تارىخ ۋە جەمئىيەت ئىلمى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى كۆز ئالدىدا تۇرغان كائىناتقا (دۇنيادا بار نەرسىلەرگە) ئويلاپ قاراشقا تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە تەرەققىي قىلىشتەك ئەھۋاللىرى توغرىسىدا، ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى بىلمەس بولۇۋېلىپ الله تائالاغا ئاسىي ۋە خەلققە زالىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ھالاك ۋە ۋەيران بولغان ۋەقەلىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) دىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى). الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (يەنى الله ئۇلارنى گۇناھسىز ھالاك قىلغىنى يوق)، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى (كۇفرى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى)﴾[2].

مۇشۇنداق تەلىماتلار كەلگەن تۇرۇپ بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى، تۆۋەن چۈشۈپ كېتىشى، پاراكەندە بولۇشى، ئاۋات بولۇشى ۋە خاراب بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تونۇش ئۈچۈن ئىلمىي ساياھەت قىلماي قويىدىغان مىللەت بار، دەپ قارامسەن؟ مۇنداق تارىخىي ئەھۋاللارنى تونۇش تارىخ ئىلمى ۋە جەمئىيەت ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ۋە بۇلارغا دائىر تەتقىقاتلارنى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولمامدۇ؟

---

[1] سۈرە زارىيات 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە رۇم 9 ـ ئايەت.

## ياۋروپانىڭ بەزى ئالىملىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدا بەرگەن گۇۋاھلىقى

تارىختىن ۋە غەرب دۇنيا تارىخچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن شۇ ئېنىق بولدىكى، بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار دۇنيا خەلقىگە ئىسلام چاقىرىقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تارقالغان ۋە شۇ مىللەتلەردە بار بولغان ئىلىملەر ۋە سانائەتلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ۋە ئۇلارنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەتلەردە تېخىمۇ كامىل بولۇشقا بولغان مۇھەببىتى ئۇلارنى شۇ ئىلىم سانائەتلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان يازما ئەسەرلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىشقا تۈرتكە بولغان. شۇڭا ئۇلار قولغا ئالغان يۇرت ۋە دۆلەتلەردە ئۇچراتقان ئىلمىي پاكىتلارنى بۇرۇنقى باشقا ئىستىلاچىلار كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈۋەتمەستىن ئىلمىي مەنبەلەرنىڭ باش ئاساسلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇ ئىلمىي پاكىتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلارغا ئىش ھەققى بېرىپ ئۇلارنى جۈملىمۇ ـ جۈملە تەرجىمە قىلدۇرغان ۋە شۇ تەرجىمانلارغا ئىخلاس بىلەن قىزىقىپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن كىتاب ماتېرىياللارنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە پۇل ـ مال بەرگەن. ئاندىن كېيىن تەرجىمىلەرنى ئۆگىنىش قىلىشقا ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا كىرىشكەن. شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شاھلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ھەم بايلىرى بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىگە شۇنداق ياردەملەشكەن. شۇنىڭ بىلەن يۇنانلىقلار بىلەن رۇملىقلاردىن كېيىن ئىلىمگە ئىز باسارلىق قىلىش مۇسۇلمانلارغا يۆتكەلگەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرى باشقا مىللەتلەردىن ئىلىم ئۆگىنىشنى خالىغۇچىلارنىڭ نىشانلىق ئورنى بولۇپ قالغان. مۇسۇلمانلار ئۆگىنىۋالغان ئىلىملەرنىڭ تەركىبىگە ئۆزى كەشپ قىلغان تىبابەت، خىمىيە، تەبىئىي پەن، ماتېماتىكا ۋە باشقا ئىلىملەرنى قوشۇپ ئىلىم ساھەسىنى بېيىتقان. ياۋروپا تارىخچىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزلىرىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمىز.

نيۇيورك ئىنىستۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ”دەرىبەر“ ئۆزىنىڭ ”ئىلىم بىلەن دىن ئارىسىدىكى تالاش تارتىش“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: ”مۇسۇلمانلارنىڭ پەننىي ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئۇلارنىڭ مىلادىيەنىڭ **638** ـ يىلى ئىسكەندىرىيەنى قولغا ئېلىش بىلەن يەنى مۇھەممەدنىڭ ۋاپاتىدىن ئالتە يىل كېيىن باشلانغان. كېيىن ئۇلار ئىككى ئەسىر ئۆتەي ـ ئۆتمەيلا يۇناننىڭ ئىلمىي كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغان. ھەمدە توغرا باھا بېرىپ ئۇ كىتابلارنىڭ قەدرىنى قىلغان. ئىسلام خەلىپىلىك ھۆكمىتى **813** ـ يىلى خەلىپە مەئمۇن قولغا ئۆتكەندە باغدات شەھىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ چوڭ ئىلمىي مەركىزى بولۇپ قالغان. خەلىپە باغداتقا سان ساناقسىز كىتابلارنى يىغىپ، ئالىملارنى قېشىغا تارتقان ۋە ئۇلارغا كۆپ ئىنئاملارنى قىلغان“

دوكتور يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئىي پەن توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى ساناپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ئەگەر بىز بۇ چوڭ ئىلمىي ھەرىكەتنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىنى باشتىن ئاخىرىغىچە بۇ كىتابىمدا ئوتتۇردا قويماقچى بولساق، بۇ كىتابنىڭ بەلگىلىك دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىمىز. دېمەك، مۇسۇلمانلار قەدىمقى ئىلىملەردىن كۆپ

ئېشىپ كېتىپ چوڭ تەرەققىي قىلغان ۋە بۇلار بۇرۇن تونۇلمىغان يېڭى ئىلىملارنى ئىجاد قىلغان“.

دوكتور يەنە باشقا ئورۇنلاردا مۇنداق دېگەن: ”مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى ياۋرۇپادىن ئىلىم ئىزدەپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوچۇق ئىدى. ياۋرۇپانىڭ پادىشاھلىرى ۋە ھوقۇقدارلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا مېھمان بولۇپ كېلىپ، ئىلمىي تەجرىبە ۋە سىياسەت ئۆگىنىپ كېتەتتى“.

دوكتور ”سەدىيو“ (سەدىللوت) ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: ”مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىلىمدە، پەلسەپەدە ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشتا تەنھا ئىدى. ئۇلارنىڭ قەدىمى قايسى يەرگە يەتسە شۇ يەرگە ئىلىم - پەن تارقاتقان ئىدى. ئىلىم - پەن ياۋرۇپاغا مۇسۇلمانلاردىن ئېقىپ كىرگەن ئىدى. ياۋرۇپانىڭ ئويغىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پەقەت ۋە پەقەت مۇسۇلمانلارلا چوڭ ياردەمدە بولغان ئىدى“.

ئىجتىمائىي پەن ئالىمى دوكتور ”جوستاۋ لوبون“ ئۆزىنىڭ ”ئەرەب مەدەنىيىتى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: ”شەرقىي دۇنيا پارس، ئىغرىق ۋە روما قاتارلىق كۆپ مىللەتلەرگە مۇستەملىكە بولغان. لېكىن بۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تەسىرى كۆپ بولغان بولسىمۇ مەدەنىيى تەسىرى ناھايىتى ئاجىز بولغان. شەرقتە ئىغرىق، پارس ۋە روماالار ئاجىز كەلگەن ئىشقا ئەرەبلەرنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە ۋە زورلۇقسىز كۈچى يەتكەن. ئەرەبلەرنىڭ مىسىردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۇلارنىڭ بايرىقى لەپىلدىگەن ئافرىقا ۋە سۈرىيەدەك مەملىكەتلەردىمۇ قولغا كەلگەن. ئەرەبلەرنىڭ نوپۇزى بۇرۇن يول ئۇستۇدىلا ئۆتۈپ قالىدىغان ھىندىستانغىمۇ يەتكەن. پەقەت تىجارەتچىلەردىن باشقىسى قەدەم بېسىپ باقمىغان چىن شەھەرلىرىگىمۇ ئاشكارا تەسىرى بولغان“.

تارىختا ئەرەبتەك ئاشكارا تەسىر كۆرسەتكەن بىر مىللەتنى كۆرمەيمىز. ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنرەك بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان.

شەرقتە ئەرەبلەرنىڭ تەسىرى دىندا ۋە پەن - تېخنىكىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىلمىي مەدەنىيەت، ئاڭ - سەۋىيە جەھەتتىمۇ تولۇق بولغان. ئەرەبلەر ھىندىستان ۋە چىن (جۇڭگو) بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىلىم - مائارىپلىرىنى ئۇيەرلەرگە بىللە ئېلىپ بارغان. ياۋرۇپالىقلار بۇ ئەھۋالنى يولسىزلىق بىلەن بۇ ھىندىنىڭ ۋە چىننىڭ مائارىپى ئىدى، دەپ جۆيلىشىدۇ.

”جوستاۋ لوبۇن“ يەنە مۇنداق دېدى: ”ئەرەبلەرنىڭ شەرقتە تەسىرى چوڭ بولغىنىدەك غەربتىمۇ شۇنچە چوڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايمىز. ھەم ياۋرۇپانىڭ ئەرەبلەر مەدەنىيەت قۇرغان يۇرت ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايمىز. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ”بىز ياۋرۇپانىڭ ئەرەبلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىرگەن ۋاقتىدىكى ھاياتىنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكەلمەي تۇرۇپ ئەرەبلەرنىڭ غەربتىكى شان شەۋكىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ كېتەلمەيمىز. بىز، ئەرەبلەرنىڭ مىلادىنىڭ 9 - ئەسىردە ئەندولۇس (ئىسپانىيە) دىكى يۇقىرى پەللىگە چىققان

مەدەنىيىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك غەربتىكى مەدەنىي مائارىپ مەركەزلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەدەنىيەتسىز بولغان ۋە ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ياۋايى بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز".

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "ياۋروپالىقلارغا ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز ياۋايى بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇماي ئۇزۇن مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. **11** ۋە **12** ـ ئەسىرلەرگە كەلگۈچە ياۋروپا ئىلىم تەرەپكە قارىمىغان ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ياۋروپادا بىر بۆلۈك كىشىلەر مەيدانغا كېلىپ ئۆزىدىكى جاھالەت كېپىنىنى ئېلىپ تاشلاپ تىرىلىشنى ئويلىغاندا يۈزلىرى ئەرەبلەر تەرەپكە ئۆرۈلگەن ئىدى".

ئۇستاز "لىبىردىن" رىۋايەت قىلىندۇكى: "ئەگەر ئەرەبلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقمىغان بولسا، ياۋروپانىڭ يېڭى تەرەققىياتى بىر قانچە ئەسىر كېيىن قالغان بولاتتى".

ئەرەبلەرنىڭ ئىلمىي تەرجىملىرى (تەرجىمە قىلغان ئىلمىي كىتابلىرى) **6** ئەسىر داۋامىدا ياۋروپا ئالىي مەكتەبلىرىنىڭ بىردىن بىر دەرسلىك مەنبەلىرى بولدى. شۇنى ئېيتىشىمىز مۇمكىنكى: "ئەرەبلەرنىڭ تىبابەتتەك بەزى ئىلىملىرىدىكى تەسىرى هازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ كىتابلىرى ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا "مونبىلىيە" دەپ شەرھ قىلىندى.

يۇقىرىقى گۇۋاھلىقلار ياۋروپانىڭ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئۇلارنى مۇبالىغە قىلدى، دەپ قارىلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇلارغا ۋە مىللىتىگىمۇ هېچقانداق بىر شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان سۆزلەر ئەمەس. بىز بۇ سۆزلەرنى ئىسلام دىنىدا شەخسلەرنىمۇ، جامائەلەرنىمۇ ئىنسانىيەت تەلىماتلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىياتقا ئۈندەيدىغان بىر روھنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىش ئۈچۈن نەشىر قىلىمىز. بۇ سۆزلەر ئىسلام دىنىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن تەلىم بېرىلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە، باشباشتاق كىشىلەرنىڭ جويلىگەندەك ئىنسان ئىجادىيىتىنىڭ مەهسۇلى ئەمەسلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر.

## ئون سەككىزىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدىكى كەڭچىلىك

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار، دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى كۆرەش، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، تونۇش ۋە ھەرىكەتتە بىرخىل بولماسلىقىنىڭ اللہ تائالانىڭ مەخلۇقلىرى ئارىسىدا ئورناتقان بىر قانۇن يولى ئىكەنلىكى، دىنىي ئەركىنلىكى، مۇسۇلمان ئايالنى مۇسۇلمان ئەمەس ئەرگە تېگىشتىن مەنئىي قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى، تەرەپبازلىققا قارشى ئۇرۇشلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىرىگە قوللىنىدىغان مۇئامىلىسى، غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقىدىن ئىبارەت.

## دىنلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئارىسىدىكى كۆرەش

تارىخىي دەۋرلەرنى تەكشۈرسەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى دىندا ئوخشاشماسلىق سەۋەبى بىلەن تىنچلىق دېگەن نەرسىنى تونۇماي ئۆتكىنىنى كۆرىمىز. چۈنكى ھەر بىر گۇرۇھ ئەقىدىدە ئۆزىگە ئوخشىمىغانلارغا قارشى داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تارىخنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدىغان ۋەھشىيانە ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر يۈز بەردى. مۇنداق ئېچىنارلىق ھادىسىلەر ھەرقايسى دىن مەسئۇللىرىنىڭ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا قارشى ئومومىي خەلقنىڭ قەلبىگە ئورناتقان ئۆچمەنلىك تەلىماتلىرى سەۋەبىدىن يۈزبەرگەنلىكىدە شەك يوق.

”جون سىمۇن“ دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ «ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دېگەن كىتابىدا دىنىي ئاداۋەت بىر يېرىم ئەسىرنىڭ بۇ تەرىپىدە بىرئاز ئازايدى دەپ، دەۋا قىلىپ مۇنداق دېدى: ”دىنلارنىڭ ئەركىنلىكى زامانىسى تېخى ئۇزاق ئەمەس. ئالەم تارىخىنىڭ ھەممىسى دىنىي ئاداۋەت تارىخىدىن ئىبارەت. دىنىي ئاداۋەت بولسا دىنىي ئەركىنلىكتىن خېلىلا بەك بۇرۇنقى ئەسىرلەردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن“.

”جون سىمۇن“ يەنە ئەۋۋەلقى ئەسىرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرلەرگىچە پۈتۈن دۇنيادا ساقلىنىپ كەلگەن ناچار تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرلىرىنى سانىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ئاخىرىدا پەلسەپە روھىي مىلادىيە 1789 ـ دىنلار ئەركىنلىكى قارارلاشتۇرۇشقا يېتىشتى. لېكىن بۇ ئادىل بولغان تىنچلىق پەقەت 1791 ـ يىلىدا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ تارىخ بولسا، يەھۇدىيلارنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش تارىخىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە فرانسىيە قوزغىلىڭى ئىشلارنى ئۇيدان ئىدارە قىلالمىغان سەۋەبتىن دىنىي ئەركىنلىكنى قوروپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى“.

جۈن سىمۇننىڭ ”دىنىي ئەركىنلىك تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى قارارلاشتۇرۇلدى“ دېگەن سۆزى توغرا ئەمەس. بەلكى دىنىي ئەركىنلىكنىڭ ئورنىتىلىشى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئىسلامنىڭ قولى بىلەن بولغان ئىدى. بىز بۇنىڭغا قۇرئاننىڭ بىرقانچە ئوچۇق ئىبارىلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي تارىخىنى ۋە غەرب تارىخچىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ گۇۋاھلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، تۇنۇش ۋە ھەرىكەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشماسلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدا ئورناتقان قانۇنىي يولىدۇر

ئىسلام دىنى ھەرخىل دىنغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەقىلدىن دىنىي ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلاشقا قانداق مۇيەسسەر بولدى؟ ئىسلام دىنى بۇنىڭغا پەقەت يېقىنقى زاماندىن بېرى بىز ئاڭلىغان يول بىلەنلا مۇيەسسەر بولغان ئىدى. يەنى ئالىملار ئىنسانىيەت روھىنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ چىققاندىن كېيىن ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسى شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا قانداق ئوخشاشمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن شۇ ئالىملار دىنىي ئاداۋەتنى يوقىتىشنىڭ يولىنى بايان قىلدى، دېسەكمۇ بولىدۇ. ئىسلام بولسا ئاللىقاچان (14 ئەسىر بۇرۇن) بۇ يولنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىدە ئوخشاش بولماسلىقى اللہ تائالانىڭ مەخلۇقلىرىدە ئورناتقان قانۇنىدۇر، دەپ ئوچۇق كۆرسۈتۈلدى.

اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. اللہ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن جەھەننەمنى پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴾[1].

يەنە اللہ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار دىندا ئوخشاش بولمىغانلارنى مەجبۇرلىماسلىقى ۋە ئاداۋەت قىلماسلىقى بىلەن بىلىندى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ دىندا ئوخشاشماسلىقى اللہ تائالانىڭ ئىرادىسى بولۇپ ئىنسانلار شۇنداق بولۇشقا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

---

(1) سۈرە ھۇد 118 ـ ئايەت.
(2) سۈرە يۇسۇف 103 ـ ئايەت.

## دىنىي ئەركىنلىك

بىلگىنىمىزدەك باشقا دىنلارنىڭ باشلىقلىرى ئۆز دىنىدىكى ئەگەشكۈچىلىرىگە خەلقلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئون مىڭلارچە ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ ئۇلارنى زورلاپ بېسىم ئىشلىتىشكە بۇيرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىسلام ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە (مۇسۇلمانلارغا) ھېچكىمنى ئۆز دىنىنى تاشلاپ ئىسلامغا ئەقىدە قىلىشقا زورلىماڭلار، دەپ بۇيرۇيدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى﴾[1] ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟﴾[2].

يەنى ئى مۇھەممەد! خالايىقنى دىنغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلىش سېنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەڭ ئەمەس. ھەم ئۇنىڭغا كۈچۈڭمۇ يەتمەيدۇ، (ئىسلام دىنىنىڭ ھەققانىي توغرا دىن ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئىنسانلىرىغا چۈشەندۈرۈش ۋە ئىشەنگۈچىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىپ زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرۇپ خەلقنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر، ئەمما كىشىنى دىنغا زورلاش دىنىي ۋەزىپە ئەمەس، دېمەكتۇر).

مۇسۇلمانلار باشقا دىنىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىشىدا مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ماڭغان ئىدى. دېمەك، مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن يۇرتلارنىڭ ئادەملىرىنى ئىسلام ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سېلىقنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆز دىنلىرىدا قېلىش ھوقۇقىنى بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە، دىنىي، مىللىي ئادەتلىرىگە ۋە ئىبادەت خانىلىرىغا چېقىلمايتتى. بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قۇددۇس ئادەملىرىگە "بۇلارنىڭ ھاياتىنى، مال ـ مۈلكىنى، ئىبادەتخانىلىرىنى، سەلىبلىرىنى، كېسەللىرىنى، ساقلىرىنى ۋە باشقا پۈتۈن مىللىي، دىنىي ئىشلىرىنى قوغداشقا، تىنچ ئامان قويۇشقا ئەھدى قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالماسلىقىغا، ئىمارەتلىرىنى ئۆرۈپ ـ يىقىتىۋەتمەسلىكىگە، مۈھتىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىكىگە، ئىسلام دىنىغا ئەقىدە قىلىشقا زورلىماسلىقىغا، ھېچكىمگە زىيانكەشلىك قىلماسلىقىغا ۋە ئىليا شەھرىدە بۇلار بىلەن بىللە بىرەر يەھۇدىينىڭمۇ بىللە تۇرىۋالماسلىقىغا ئەھدى قىلغانلىقى ۋە ئىجرا قىلىغانلىقىدۇر. ئىسلامنىڭ بۇ ئەركىنلىك سىياسىتى ئىسلام قارمىقىدا بولغان باشقا دىندىكىلەرگە مۇسۇلمانلارغا رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارغا رۇخسەت قىلىدۇ. دېمەك، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ھاراق ئېچىشنى ھارام قىلدى. ھاراق ئىچكەن مۇسۇلماننى جازالايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ باشقا دىندىكىلەرگە ھاراق ئىچىشكە

---

[1] سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇنۇس 99 ـ ئايەت.

روخسەت قىلدى. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارغا توڭگۇز گۆشىنى ھارام قىلغان تۇرۇپ، باشقا دىندىكىلەرگە ئۆز دىنى چەكلىمىگەن تەقدىردە توڭگۇز گۆشى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. ئىسلام باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشنى شۇ قەدەر كامىل قىلدىكى، ئىسلام ھۆكۈمىتىگە پۇخرا بولغان باشقا دىندىكىلەرنىڭ ھارىقىنى بىر مۇسۇلمان تۆكۈۋەتسە، يا توڭگۇزىنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ بازار نەرقى پۇلىنى تۆلەشكە بۇيرىدى.[1]

دىنىي ئەركىنلىكنىڭ بىر نەمۇنىسى شۇكى، ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشىدە ئەقىلگە ۋە مەنتىققە ئۇيغۇن ئاساستا قانائەتلىنەرلىك يول بىلەن گۈزەل مۇنازىرە يۈرگۈزۈش قائىدىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز الله غا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[2].

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن﴾[3].

الله تائالا باشقا دىندىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. الله دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾[4].

بۇ ئايەتتە الله تائالا مۇسۇلمانلارنى دىندا باشقا بولغان ئادەملەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپلا قالماستىن، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ياخشىلىق قىلىش بولسا ئادىللىق قىلىشتىن ئۈستۈندۇر. ياخشىلىق قىلىش كىشىگە مايىل بولۇش، شەپقەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلىشتىن كېلىدۇ. الله تائالا بۇيرىقىدىن مۇسۇلمانلارغا بېسىم ئىشلەتكەن ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقانلارنى ئايرىۋالدى. يەنى ئۇلارغا

---

[1] بۇ، كېلىشىم بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ ياشاپ مۇسۇلمانلارغا بەلگىلىمە بويىچە باج - سېلىق تۆلەيدىغانلارغا قارىتا يۈرگۈزىلىدىغان سىياسەتتۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپراقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋالغانلارغا بۇ سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەيدۇ.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت 46 - ئايەت.

[3] سۈرە نەھل 125 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە مۇمتەھىنە 8 - 9 - ئايەتلەر.

تاقابىل تۇرۇشنى، بۇزەك بولماسلىقنى قايتا ـ قايتا بۇيرىدى. بۇ بولسا ھەقىقىي ئادىللىقتۇر.

ئىسلام بولسا باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىشىش، ئۆچمەنلىشىش ۋە كۆرەشلىشىشكە قارىغاندا دوستلۇق ۋە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەلكىم ﷲ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، ﷲ ھەممىگە قادىردۇر، ﷲ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ، دىندا ئوخشاش بولمىغانلارغا قوللىنىدىغان ياخشى مۇئامىلىسى ھەققىدىكى دەلىللەرنىڭ بىرسى شۇكى، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىغا ئىشەنگۈچى ئاتا ـ ئانىلارغىمۇ ۋە ئىشەنمىگۈچى ئاتا ـ ئانىلارغىمۇ ئوخشاش ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدى. پەقەت بالىسىنىڭ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئاتا ـ ئانىغا شۇ بۇيرۇقتا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ، دېدى.

بۇ ھەقتە ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾[2].

ئىسلام دىنىنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يېيىشنى مۇسۇلمانلارغا رۇخسەت قىلغانلىقى، ئۇلار بوغۇزلىغان ھالال مالنىڭ گۆشىنى ھالال دېگەنلىكى ۋە مۇسۇلمان ئەركىشىنىڭ ئۇلارنىڭ قىز ـ ئاياللىرىنى نىكاھلاپ ئېلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىنىڭ بىرىدۇر.

ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[3].

بىللە تاماق يېيىش ۋە قۇدا ـ باجا بولۇشۇش بولسا، دوستلۇققا، چىرايلىقچە بىرگە ياشاشقا ۋە مۇئامىلىدە خالىس بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكىنىڭ يەنە

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان 14 ــ 15 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مائىدە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرى شۇكى، ئىسلام ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغان باشقا دىندىكىلەرنى ”زىممىي ئادەملىرى“ دەپ ئاتىقانلىقىدۇر. زىممىي دېمەك. الله تائالانىڭ زىممىسى، ئەھدىسى ۋە رىئايىسى ئاستىدىكى ئادەملەر. يەنى الله تائالا، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاسراپ قوغدايدىغان ئادەملەر، دېمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىگە ئېلىنغانلارغا رىئايە قىلىشقا تاپىلاپ مۇنداق دېدى: «كىم زىممىگە ئازار بەرسە ئۇ كىشى بىلەن ئۆزۈم دەۋالىشىمەن. مەن بىر كىم بىلەن دەۋالاشسام قىيامەت كۈنى ئۇنى مەن يېڭىمەن (ئۇ جازالىنىدۇ)».

## مۇسۇلمان ئايالنى مۇسۇلمان ئەمەس ئەرگە تېگىشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبلىرى

ئامېرىكىلىق بىر تەكشۈرگۈچى بىزنىڭ دوستىمىز ئۇستاز مۇھەممەد شالدىن سوئال سوراپ: ”ئىسلام دىنى ناھايىتى كەڭچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان دىن بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا نېمىشقا مۇسۇلمان ئايالنى باشقا دىندىكى كىشىگە تېگىشتىن توسىدۇ؟“ دېگەن.

ئۇستاز مۇھەممەد شال ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ”ئەر - ئاياللىق ھايات بولسا ھەممە ئىشتا شېرىكلىشىش، ياردەملىشىش، ئەر - ئايال ئارىسىدا پاك مۇھەببەت ۋە بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىغا قورۇلماي مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانغا تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئەر ئايال ئارىسىدىكى دىنىي مۇھەببەتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەركىشىگە يەھۇدىي يا خرىستىئان دىنىدىكى ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، مۇسۇلمان ئايالغا بەرگەن ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئايالغا بېرىدۇ. پەقەت مىراس ھوقۇقىدا ئوخشىمايدۇ. دېمەك مۇسۇلمان ئەر كاپىر ئايالدىن مىراس ئالمايدۇ. كاپىر ئايال مۇسۇلمان ئەردىن مىراس ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام باشقا تەرەپلەردىمۇ ئىنساپ قىلغاندەك ئىنساپلىق بولدى. چۈنكى، مىراسنى مەنئىي قىلىشدا ئىككى تەرەپنى باراۋەر قىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يەھۇدىي ئەركىشى يەھۇدىي ئەمەس ئايالنى ئالسا، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆلسە يەھۇدىي ئەر ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر يەھۇدىي ئەر بۇرۇن ئۆلسە ئايالى ئۇنىڭدىن مىراس ئالمايدۇ، دەپ قارار قىلغان. شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەرنى مۇسۇلمان ئەمەس ئايالغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئۆز دىنى ئىشلىرىنى ئادا قىلغىلى قويۇشقا چاقىردى. مۇنداق كەڭچىلىك ئىسلامغا نىسبەتەن يات بىر ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىسلامغا ئىشەنگەن كىشى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگىمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇ ھالدا يەھۇدىي يا خرىستىئان ئايال بىلەن مۇسۇلمان ئەر ئارىسىدىكى ئەر ئاياللىق ھاياتقا ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئايال يەھۇدىي يا خرىستىئان ئەرگە تەگسە، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ھايات قولغا كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەر مۇسۇلمان ئايالنى يامان كۆرىدۇ. سەۋەبى، ئۇ ئەر ئۇ ئايالنىڭ پەيغەمبىرىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) يالغان دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەيدۇ. ھەم يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار

دىنىدا ئىسلامدىكىدەك كەڭچىلىك يوق. ئۇ ئەر ئايالنى ئاساسىي يوق يالغان دىنغا ئەگەشتۈرىدىغان ئايال، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ئۇ ئايالنى ھاقارەتلەشكە، ئۇنى ئۆز دىنىدا چەك تۇرۇشقا ۋە دىنىي ئىشلىرىنىمۇ ئادا قىلىشتىن توسۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. مۇنداق ئۆچمەنلىك ۋە ھاقارەت بىلەن تۇرۇپ ئەر ئاياللىق ھايات قانداق تەرتىپلىك ئۆتىدۇ؟

## ناھەق تەرەپبازلىققا قارشى تۇرۇش

باشقا دىنلاردىكى ئادەملەرنىڭ ئەقىللىرىغا داغ بولۇپ توسۇۋالغان گۇمان، ۋەھىمە خىياللارنى ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان خاتا ماددىي تەرەپبازلىقنى ئىسلام يېقىتىپ تاشلىدى. يەنى يەھۇدىيلارنىڭ "بىز الله نىڭ ئوغۇللىرى، دوستلىرى ۋە ياخشى كۆرگەن خەلقى جەننەت پەقەتلا بىزنىڭ ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا كىرەلمەيدۇ، دەيدىغان خۇراپىي يالغان دەۋاسىنى ئىسلام تارمار قىلدى".

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز الله نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز الله نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) الله نېمە ئۈچۈن سىلەرنى گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش الله ياراتقان ئىنسانسىلەر، الله خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن. ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اللهغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[2].

قۇرئان شۇنى ئېلان قىلدۇكى، بارلىق ئىنسان رەڭ ئايرىماستىن، جىنس ئايرىماستىن، مىللەت ۋە گۇرۇھ ئايرىماستىن ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ھەقلىقتۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[3] دېمەك

---

[1] سۈرە مائىدە 18 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 111 ـــ 112 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت.

ئىسلامنىڭ كۆز قارىشىدا الله تائالانىڭ ئالاھىدە تاللانغان خەلقى يوق بەلكى پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار الله تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىشكە لايىقتۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى

يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ئالىي نەمۇنە بەردى. ھەدىستە كېلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تويى ۋە زىياپەتلىرىگە قاتنىشاتتى. دەپنىلىرىگە باراتتى. كېسەللىرىنى يوقلايتتى. باشقا چاغدىمۇ ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتى. ھۆرمەتلەيتتى. ھەتتاكى نەجران دېگەن يۇرتتىن كەلگەن خرىستىئان ئەلچىلىرىگە كىيىمىنى سېلىپ ئۇلارنى كىيىمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىتاب بېرىلگەنلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ ئورنىغا ئۆي ـ سەرەمجان گۆرۈگە قويغان ئىدى. ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىمۇ بىر دانە تۆمۈر كىيىمى يەھۇدىينىڭ يېنىدا گۆرۈگە قويۇقلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپە يەھۇدىيغا قەرزنى تۆلەپ بېرىپ ئۇ تۆمۈر كىيىمنى قايتۇرۇپ ئالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيدىن قەرز ئېلىشى ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قەرز بېرىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ساھابىلارنىڭ ئىچىدە چوڭ بايلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جانلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قۇربان بېرىشكە تەييار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسى ئۈممەتلىرىگە باشقا دىندىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش يولىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى». دېمەك ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا سىياسىي جەھەتتىنمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ۋە دىنىي جەھەتتىنمۇ ئىنسانىي ھوقۇق ئەركىنلىكىگە چېقىلمىغان ئەجنەبىي كاپىرلارغا ئىنسانىي ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ماڭغان ئەخلاقىي يولى بىلەن ماڭغان ئىدى. باشقا دىن ۋە باشقا مەزھەب ئادەملىرى بىلەنمۇ پاك كۆڭۈل بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ياشىغان ئىدى. خرىستىئان دىنىدىكى ئادەممۇ مۇسۇلمان بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان. بىر ـ بىرىنى يوقلىغان، ھەدىيە ـ سوغات قىلىشقان ئىدى. مۇسۇلمانلار پەقەت مەسجىدتە، يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىسىدا ۋە خرىستىئانلار كەنىسىلىرىدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە: مەشھۇر ساھابە ئىبنى ئابباسنىڭ خىزمەتچىسى قوي بوغۇزلىغان. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: "يەھۇدىي قوشنىمىزنى ئۇنۇتما، دەپ تەكرارلىدى. خىزمەتچى ئىبنى ئابباسقا: قانچە قېتىم دەيسەن بۇ گەپنى؟ دېدى. ئىبنى ئابباس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ھەتتا بىز قوشنىلىرىمىزنى بىزگە مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ كەتكەن ئىدۇق، دېگەن. مۇشۇ خەۋەرنى سۆزلىگەن ئىبنى ئابباس يەھۇدىي قوشنىغا ھەدىيە بېرىشنى باشقىلارغا مۇھىم بىلگەندەك مۇھىم بىلەتتى. دېمەك، ئىسلام كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە

قىلىشتا ۋە تويلىشىپ ياشاش ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشتا مۇسۇلمان بىلەن باشقىسىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىزباسار بولغان خەلىپىلەر) نىڭ دىنىي ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەسكەرلىرى پەلەستىننى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ئۆمەر پەلەستىنگە بېرىپ بەيتۇل مۇقەددەستىكى ”قىيامەت“ ئىسىملىك بىر خرىستىئان ئىبادەتخانىسى ئىچىدە تۇرغاندا ناماز ئەسرىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كەنىسىدە ناماز ئوقۇمىغان. كېيىنكى كۈنلەردە مۇسۇلمانلار بۇ كەنىسىنى ”ئۆمەر ناماز ئوقۇغان“ دەپ خرىستىئانلارغا زۇلۇم قىلىپ مەسجىد قىلىۋېلىپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىلغانلىقتىن ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ يەردە ناماز ئوقۇمىغان ئىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە: ھەزرىتى ئۆمەر بەيتۇل مۇقەددەسكە كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ خرىستىئانلىرى بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشكەندە بىردانە ھەيكەلنىڭ بېشى توپىغا كۆمۈلۈپ قالغىنىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ روما ئىمپېراتورلۇقى تەرىپىدىن ياسالغان بىر يەھۇدىي ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەيكەلنىڭ توپىسىنى كوينىكىنىڭ پېشى بىلەن ئېتىپ قويغان. ئەسكەرلەرمۇ ئۆمەرگە ئەگىشىپ ئېتىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن توپا پۈتۈنلەي تازىلانغان. دېمەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا قول سۇنمىغان پۇقرا كاپىرلارغا ئىسلام ھەرگىز دەخل ـ تەئەررۇز قىلمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنى ۋە سىياسىتى مۇسۇلمان ئەمەس ئادەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك مۇسۇلماندىن ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئاپىرىشقا يول قويىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر يەھۇدىي ھەزرىتى ئەلى ئۈستىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئەرز قىلىدۇ. ئەلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماي ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيئوغلى، ھەم خەلىپىلىككە نىشانلانغان كىشىلەرنىڭ بىر ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ھەزرىتى ئۆمەر ئىككى دەۋاگەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەلىگە قاراپ: ئورنىڭدىن تۇرۇپ دەۋاگەرنىڭ ئالدىدا ئولتۇر ئى ھەسەننىڭ دادىسى! دېدىيۇ ياكى ئى ھەسەننىڭ دادىسى! دەۋاگەرىڭ بىلەن باراۋەر تۇرغىن! دېدى. ئەلى قوبۇل قىلىپ دەۋاگەر يەھۇدىي بىلەن باراۋەر تۇردى. لېكىن ئەلىنىڭ چىرايى بىرئاز ئۆڭدى. دەۋا تۈگىگەندىن كېيىن ئۆمەر ئەلىگە: دەۋاگەرىڭ بىلەن باراۋەر تۇرغىنىڭغا خاپا بولدۇڭمۇ؟ دېۋىدى. ئەلى جاۋاب بېرىپ: ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. لېكىن سەن مېنى ئەلى دەپ چاقىرماي ھەسەننىڭ دادىسى دەپ چاقىرىۋېدىڭ، مېنى ھۆرمەتلەپ سالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ چىرايىم ئۆزگەردى، دېدى.

يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مىسىر مەملىكىتىنىڭ ۋالىسى ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى مىسىرنىڭ يەرلىك پۇخراسىدىن بىرنى ئۇرىدۇ. ئۇ ئادەم: مۆمىنلەر رەھبىرى ئۆمەرگە ئەرز قىلىمەن، دەپ قەسەم قىلغان. ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ ئوغلى ئۇ ئادەمگە: بارغىن، ئەرز

قىلغىن، سېنىڭ ئەرزىڭدىن ماڭا ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ. مەن بولسام ھۆرمەتلىك، كاتتا ئادەملەرنىڭ بالىسى، دەيدۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى بىلەن ھەج ۋاقتىدا ھەرەمدە بىللە بولغان ئىدى. ئەمرى ئىبنى ئاسمۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىمۇ شۇيەردە بار ئىدى. مەزكۇر مىسىرلىق ئادەم كېلىپ ئۆمەرگە: ئى مۆمىنلەرنىڭ رەھبىرى! ماۋۇ كىشى مېنى ناھەق ئۇردى ۋە نەگە بارساڭ بار، مەن بولسام ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ بالىسى دېدى، دەپ شىكايەت قىلىۋېدى. ئۆمەر، ئەمرى ئىبنى ئاسقا: قاراپ تۇرۇپ خەلقلەرنى قاچاندىن بېرى قۇل قىلىۋالدىڭلار؟ ھالبۇكى خەلقلەرنىڭ ئانىلىرى ئۇلارنى ئازات ئەركىن ھالدا تۇغقان ئىدىغۇ؟ دېدى ۋە ئۇ ئادەمگە دەررىسىنى سۇنۇپ تۇرۇپ: "ھۆرمەتلىك كاتتىلارنىڭ بالىسىنى سېنى ئۇرغاندەك ئۇرغىن!" دەپ بۇيرىدى. شۇنداق ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قىلىپ پادىشاھنىڭ بالىسىدىن پۇقرانىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى.

مۇسۇلمانلار دەسلەپتە مۇشۇنداق ئادالەتلىك مۇھىتتا يېتىشتۇرۇلگەن ئىدى. دىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئاڭ پىكرىگە ھاكىم (پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى دىنغا ئەمەل قىلىش) ئىدى. شۇڭا ئۇلاردىن باشقا دىندىكىلەرگە كەڭچىلىك قىلىش جەھەتتە ئەيىبلاشقا لايىق بىر ئىش كۆرۈلمىگەن ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلاردا ئىلىم كېڭەيدى. مۇئەللىپلەر (ئاپتورلار) ۋە ئىزدەنگۈچىلەر يېتىشىپ چىقتى. بۇ ھالەت ئۇلاردا ئىسلام پرىنسىپىدىن ئازراقمۇ چەتنەش پەيدا قىلمىدى. بەلكى بۇلار باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىنى قوغدىغان ۋە مەدھىيىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن بارغانسېرى روناق تېپىپ راۋاجلاندى. مۇنداق ۋەقەلەر «كىتابۇل ئەغانى» دا كۆپلەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئەۋۋەلقى ئىسلام پەقىھلىرى (ئىسلام ئىجتىمائىي قانۇن ئالىملىرى) زىممىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئەھمىيەتسىز قالدۇرمىدى. ئۇلارغا مۇلايىملىق قىلىش، ئۇلارغا ئازار بەرمەكچى بولغان كىشىنى توسۇش لازىم دېيىشەتتى. "شىھاب القراقى" ئىسىملىك ئالىم ئىسلامدا قانۇن تۈزۈش رەھبەرلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولۇپ ئۆزىنىڭ "الفروق" دېگەن مەشھۇر كىتابىدا مۇنداق دېدى:

"زىممىلەر بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدە بويىچە، بىزدە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ھەقلىرى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىزگە قوشنا ھەم بىزنىڭ مەسئۇللىقىمىزدىدۇر. ھەم الله تائالانىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ قوغدىشى ئىچىدىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا بىر ئېغىز يامان گەپ قىلىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا تېگىش بىلەن بولسىمۇ چېقىلغان، ياكى بىركىمنىڭ ئازار قىلىشىغا ياردەم قىلغان كىشى الله تائالانىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قوغداش مەسئۇلىيىتىنى بىكار قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ".

ئىمام ئىبنى ھەزم «مەراتىبۇل ئىجمائ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

"مۇسۇلمانلار ھىمايىسىدە بولغان كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سىرتقى دۈشمەنلەر كەلسە، ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىشىمىز لازىم. ئۆلۈپ كەتسەكمۇ چېكىنمەي

ئۇلارنى قوغدىشىمىز لازىم. دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق ئۇلارنى قوغداشقا قىلىشقان ئەھدىمىزنى بىكار قىلغان بولىمىز".

## بەزى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى

خرىستىئانلار ئېلان قىلغان خەۋەرلەردە ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقى ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىقلار بار. ئۇنىڭ بىرسى ھىجرىيەنىڭ 647 ـ يىلىدا بەترىيركىيەنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان "ئىشۇيابە" نىڭ گۇۋاھلىقىدۇر. ئۇ كىشى مۇنداق يازىدۇ:

"الله تائالا دۇنياغا ھاكىم بولۇشقا ئىمكانىيەت بەرگەن ئەرەبلەر بىزگە سىلەر تونۇغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار خرىستىئانلىقنىڭ دۈشمىنى ئەمەس. بەلكى ئۇلار بىزنىڭ دىنىمىزنى ماختايدۇ. ئالىملىرىمىزغا ۋە ئۇلۇغلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىبادەتخانىلىرىمىزغا ۋە ئېيتكاپ خانىلىرىمىزغا ياردەم قولىنى سونىدۇ".

يەقۇبىييە ئەنتاكىيەسىنىڭ پوپى چوڭ مىخائىل 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆزىنىڭ دىن قېرىنداشلىرى ئېيتىراپ قىلغان مۇنداق بىر سۆزنى يازىدۇ. ئۇ، شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىرەقلىنىڭ پۇخرالارغا قىلغان زۇلمى ۋە بېسىملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئىنسانلارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزى خالىغانچە ئالماشتۇرۇپ ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدىغان ۋە خارلانغانلارنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ۋە بېسىم يۈرگۈزۈشتە تەڭداشسىز يالغۇز بولغان ئىنتىقام ئىلاھى (الله تائالا) روملۇقنىڭ يامانلىقلىرىنى كۆردى. روملۇقلار كۈچ ـ قۇۋۋەتكە يۆلىنىپ ئىبادەتخانىلىرىمىزنى بولاپ ـ تالاپ ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى تارتىۋېلىپ بىزنى رەھىم ـ شەپقەتسىز ھالدا ئازابلىغان ئىدى. الله تائالا بىزنى روملۇقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرىنى جەنۇب تەرەپتىن ئەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە كاتولىك چىركاۋلىرىنىڭ قولىمىزدىن تارتىۋېلىنىپ باشقا مەزھەبتىكى خرىستىئانلارنىڭ قولىغا بېرىلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن بىز ئازراق زىيان تارتقان بولساقمۇ لېكىن، بۇ چىركاۋلار ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدە ۋەيران بولۇپ كەتمەي ساق قېلىپ قالدى. شەھەرلەر ئەرەب فاتىھلىرىغا بويسۇنغان ۋاقىتتا ئەرەبلەر خرىستىئانلارنىڭ ھەر بىر مەزھەبىگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى چىركاۋلىرىنى تەيىن قىلىپ بەردى. (بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ قولىمىزدىن ھۇمۇس ۋە ھەيران شەھرىنىڭ چوڭ چىركاۋى تارتىۋېلىنىپ باشقا مەزھەبتىكىلەرگە بېرىلگەن ئىدى).

بىزنىڭ روملارنىڭ بىزگە قاتتىق قوللۇق قىلىشىدىن، ئەزىيەت بېرىشىدىن ۋە ئۆچمەنلىك قىلىشىدىن قورتۇلۇشىمىز، ئۆزىمىزنى خاتىرجەم ۋە تىنچلىق ئىچىدە كۆرۈشىمىز ئاسانغا چۈشمىگەن ئىدى".

ئارنولد ئۆزۈنىڭ "ئىسلامغا چاقىرىش" دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ھىجرىيە 1 ـ ئەسىردە ئەرەب خرىستىئانلىرىنىڭ ئۈستۈدىن غەلىبە قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئومۇملاشتۇرغان ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىچە

داۋاملاشتۇرغان ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىدۇر. بىز تارىختىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن خرىستىئان قەبىلىلىرىنىڭ ئىسلامغا ئۆز ئىختىيارى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن كىرگەنلىكىنى ئىنكارلىمىغانلىقىنى بايان قىلالايمىز. كۆنىمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئەرەب خرىستىئانلارنىڭ ياشىشى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ كەڭچىلىكىنىڭ بىر پاكىتىدۇر" مەزكۇر ئالىم مەزكۇر كىتابىدا يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىز ئەرەب خرىستىئانلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بولغان دوستلۇق ئالاقىسىدىن شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالايمىزكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ بىسىمى بىرىنچى ئامىل ئەمەس ئىدى. ھەتتا مۇھەممەدنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئۆزىمۇ بەزى خرىستىئان قەبىلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، ئۇلارنى ھىمايە قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى قىلىش ئەركىنلىكىنى بەرگەن. شۇنىڭدەك يەنە دىن ئادەملىرىگە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقوقلىرى ۋە تەسىرى بىلەن ياشاش پۇرستى يارىتىپ بەرگەن".

ئۇستاز "مېتىز" ئىسلام دىنىنىڭ كەڭچىلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام مەملىكەتلىرىنى خرىستىئان ياۋروپاسىدىن ئايرىپ تۇرۇدىغان چوڭ بىر ئامىل ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياشىشى، خرىستىئان ياۋروپاسىدا ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولمىغانلىقىدۇر. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە چىركاۋ ۋەباشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى خۇددى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسىدە ۋە ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولمىغاندەك ئەركىن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن ھەق - ھوقوقلار ئىدى. يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىدا ياشاشقا توغرا كەلدى. بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىق تېخى تونۇپ يەتمىگەن كەڭچىلىك مۇھىتىنى يارىتىشنىڭ ئاساسى بولدى. يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئۆزىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ياشاشتا ئەركىن ئىدى. لېكىن، يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولۇپ ئاندىن ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ (مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە - پاسات چىقىرىشقا ئورۇنسا)، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلاتتى".

تۆۋەندىكى ماقالە كاتتا ئالىم ئۇستاز "شۈكرى قەرداھى" تەرەپتىن ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپات ماقالىسى بولۇپ، ئۇ كىشى فىرانسىيە تىلىدا "ئىسلام يۇرتلىرىدا مەخسۇس دۆلەت قانۇنى تۈزۈش ۋە تەجرىبە قىلىش" دېگەن ئىسىم بىلەن بىر كىتاب نەشر قىلدى. بۇ كىتابقا مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىن سۆزلەپ تارىخىي دەۋرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئوتتى. سۆزىدە ئەۋۋەلقى ئەرەب دۆلىتى زامانىدىكى ئەجنەبىيلەرنىڭ (مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ) ھەر تۈرلۈك ھالەتلىرىنى، ئاندىن كېيىن تۈرك دۆلىتى زامانىدىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سۆزلىدى. ئاخىرىدا شۇنىڭغا ئىقرار قىلماي تۇرالمىدىكى: "ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى ئەجنەبىيلەرگە قىلىنغان كەڭ مۇئامىلە ئىسلامنىڭ ئەڭ سادىق بولغان كەڭچىلىك يولىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مۇنداق كەڭچىلىككە تەڭ تۇرىدىغان مۇئامىلە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدا

ھەرگىز تېپىلمايدۇ. ئاندىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە (ھازىرقى زاماندا ئازسانلىق مىللەتلەر قانۇن ـ تۈزۈمگە ئوخشايدىغان) بىر ئىمتىياز تۈزۈمى ئورنۇتۇش قارار قىلىنىۋېدى، كۈتۈلمىگەن بىر ئاشكارا ئىش مەيدانغا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ بۇگۈن ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن ئەجنەبىيلەرنىڭ ئەھۋالى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىسلام دۆلىتى زامانىدىكى ئەھۋالىدىن پايدىسىز بولۇپ چىققانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەجنەبىيلەرگە قارىتا ئىسلام كەڭچىلىكىنىڭ مېھرىبانلىقى ئۇلار ھازىر پايدىلىنىۋاتقان ئىمتىياز تۈزۈمىدىن پايدىلىقراق ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈندى".

يۇقىرىقىلار بەزى غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى توغرىسىدا بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر. كونا ۋە يېڭى باشقا مىللەتلەردە مۇنداق ئەمەلىي تارىخي ئەخلاقنىڭ ئوخشىشى ھەرگىزمۇ تېپىلمايدۇ.

ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكى قۇرئاننىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنىڭ ۋە ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنداق بولمىسا مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي، مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتىن غەلىبە قىلغان ۋاقتىدا ئۆز ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىپ، بۇگۈنكى مەدەنىيەت ۋە ھادىسىلەرگە قارشى ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىپ ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىلىم ـ پەنلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىجاد قىلغان دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك سىياسەتلىرىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن چەكسىز كەڭچىلىك مۇئامىلىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولاتتى؟!

## ئون توققۇزىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ھۆكۈم قىلىش ئىنتىزامى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار ھۆكۈملەرنى تەيىنلەپ بەرگۈچى الله تائالادۇر، ئىسلام ھۆكۈمىتى روھانىي ھۆكۈمەت ئەمەس،ئىسلامدىكى سايلام (كېڭەيش)، بەراۋەرلىك، ئادىللىق، بۇيرۇقلار، يامان ئىشلاردىن توسۇشلار، ئىسلام قانۇنى تۈزۈش، ئىسلام قانۇنىنىڭ بەزى ئاساسلىرى، ئىسلام يولىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر يەرگە يېتەرلىك ئىكەنلىكى ۋە ھەر قانداق جەمئىيەتكە مۇناسىپ ئىكەنلىكى ۋە خەلىپىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ئىنتىزامى ۋە جازا قانۇنى، مۇئامىلە قانۇنى، ئىقتىسادى تۈزۈملەر ۋە تاشقى سىياسەت قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېلىپ كەلگەن يولىنى ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە قۇرئاندا مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىنمىغانلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا، زامانلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدىغان كىچىك پارچە مەسىلىلەردە تەپسىلىي توختالمىغانلىقىنى بىلىمىز. قۇرئان پەقەت يىغىنچاق ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەنمۇ كۆپ ئۆزگەرمەيدىغان ئومۇمىي قائىدىلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

ھۆكۈمەت تۈزۈمى توغرىسىدا قۇرئان كەرىم ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرا قىلىشى لازىم بولغان مۇئەييەن بىر شەكىلنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىدى. ئىسلام ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى قانداق تۈزۈش توغرىسىدىمۇ ئۇچۇق بىر نەرسە سۆزلىمىدى. پەقەت ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تۈزۈمى تۈزۈش لازىم بولغان مۇقىم ئاساسلارنى بېكىتىپ بەردى.

بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئورۇنلارنىڭ ۋە زامانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قانۇن بىر ۋاقىتتا پايدىلىق بولسا يەنە بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ ياكى بىر مىللەتكە پايدىلىق بولغان قانۇن يەنە بىر مىللەتكە پايدىسىز بولىدۇ. ئەگەر الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ھۆكۈملەرنى ئايرىم - ئايرىم چەكلىك ھالدا يولغا قويغان بولسا، مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار يۈز بېرەتتى. خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى قۇرئان تەلىماتى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغاندا تېخىمۇ قىيىنچىلىق بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ ھېكمىتى، قۇرئاندا زامانلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەنمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئاساسلىق ھۆكۈملەرنى ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلارنى يولغا قويۇپ بېرىش بولدى. ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان تارماق مەسىلىلەرنى ۋە تەپسىلىي ئىشلارنى قۇرئان مۇقەررەر قىلغان ئاساسىي ھۆكۈملەردىن چەتنەپ كەتمەسلىك شەرتى ئاساسىدا مىللەتنىڭ مەسلىھەت پىكرىگە قالدۇردى.

## ھۆكۈملەرنى تەيىنلەپ بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر

ھـۆكـۈم قىلـىش ئـىنتىـزامى مەرگەزلەشـكەن بــىرىنچى ئاسـاس بولسـا، ھۆكـۈملـەرنى تەيىنلەپ بەرگۈچى ياللغۇز الله تائالادۇر، دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئىنسـاننىڭ الله تائالانىڭ يولىغا قويغان قانۇنىدىن باشقا قانۇن ۋە قائىدىلەرنى ئوتتۇردا قويۇپ ئىجرا قىلىش ھەققى يوق. ئەمما قۇرئاندا ياكى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستە ئوچۇق كۆرستىلمىگەن مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمىنى تەيىنلەشنى شەرئەت ئىجتىھاد قىلىش قابىلىيىتى بار ئالىملاردىن ئىبارەت ھوقۇق ئىگىلىرىگە تاپشۇردى.

قانۇن بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ ياللغۇز الله تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) غا شۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا الله نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن﴾[2].

الله تائالا ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەر شەرىئەتكە (الله تائالا كۆرسەتكەن قانۇنى يولىغا) ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ بولغان يولغا ۋە قانۇنغا ئەگىشىشتىن توسۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن﴾[3]

الله تائالا ئىسلام قانۇنىدا ئوچۇق كۆرسەتكەننىڭ سىرتىغا چىقىشنى كەسكىن ھالدا چەكلەيدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقىسىغا ئەمەل قىلغۇچىنى كاپىر (ئىسلامغا ئىنكار قىلغۇچى) ھەم زالىم (ناھەق ئىش قىلغۇچى) ھەم فاسىق (ئىسلام يولىدىن چىققۇچى) دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ قۇرئاندىكى دەلىللىرى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدۇر: ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[4]. ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[5]. ﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[6].

مۇسۇلمانلار ئۆز ئارىسىدا پەيدا بولغان قارىمۇ - قارشى پىكىرلەرگە قارىتا پەيغەمبەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈم قىلدۇرمىسا ئۇلاردا ئىمان يوق، دەپ الله

---

(1) سۈرە يۇسۇف 40 - ئايەت.
(2) سۈرە نىسا105 - ئايەت
(3) سۈرە ئەئراف 2 - ئايەت.
(4) سۈرە مائىدە 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) سۈرە مائىدە 45 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) سۈرە مائىدە 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تائالا ئۆز زاتى بىلەن قەسەم قىلىپ تەكىتلىدى. بۇنىڭغىلا قانائەت قىلماستىن بەلكى ئۇلارنى مۆمىن ھېسابلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە چىن دىلىدىن سىقىلماسلىقنى ۋە تولۇق تەسلىم بولۇپ قەلبىدە ۋە ئەمەلىيەتتە قوبۇل قىلىشنى شەرت قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1]. الله تائالا ۋە پەيغەمبىرى ئىختىيار قىلغان ھۆكۈمدىن باشقا ھۆكۈمنى ئىختىيار قىلغان كىشى ئىسلام يولىدىن ئازغان كىشىدۇر.

الله تائالا بۇھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾[2].

"ھۆكۈم قىلىش الله تائالانىڭ ھەققى" بولۇشتىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم نەتىجە چىقىدۇ:

1 ـ ھۆكۈم قىلغۇچىلار (دۆلەت رەئىسى ۋە باشقا ھوقۇقدارلار) ئۆزگەرسىمۇ شەرىئەت قانۇنى مۇقىم ۋە داۋاملىق بىرخىل تۇرىدۇ. ئەمما باشقا پادىشاھلارنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ قانۇننى تۈزگۈچى ئادەملىرىنىڭ ئۆزى توغرا كۆرگەن يول ۋە تۈزۈملىرىنى قوغداش ۋە ئۆزى ئورناتقان ئىنتىزامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قارار قىلغان قانۇنلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار ئۆز قانۇننى تۈزۈپ چىقىشتا ئۆز گۇرۇھىنىڭلا مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قانۇن مەزكۇرلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ ئۆزگىرىدۇ ياكى ئۆز قانۇننى ھۆرمەت قىلماسلىققا ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە دەرھال ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

2 ـ الله تائالادىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتى قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېتىقاد بىۋاستە شەرىئەت قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. چۈنكى شەرىئەت قانۇنلىرىغا بويسۇنۇش الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنماسلىق الله تائالانىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك جازاسىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى قۇرئان كەرىم كۆپ يەردە سۆزلىدى. ئالەمدىكى قانۇنلار شەخسلەرنىڭ جانىغا ئورۇنلاشقان ھۆرمەتلەش، بويسۇنۇش ۋە ئىشەنچ قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت.

## ئىسلام ھۆكۈمىتى روھانىي ھۆكۈمەت ئەمەستۇر

ئىسلام ھۆكۈمىتى الله تائالا يولغا قويغان قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ھۆكۈمەت دېگەن سۆزدىن ھەرگىز ”ئىسلام ھۆكۈمىتى تىيوقىراتىيە“ يەنى روھانىي ھۆكۈمەت دېگەن مەنا چىقمايدۇ. ”تىيوقىراتىيە“ دېگەن سۆز ”دىنى ھۆكۈمەت“ دېگەن مەنىگە تەرجىمە قىلىنىدۇ. تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى: ئىسلام ھۆكۈمىتى بولسا، دۆلەت رەئىسى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى الله تائالادىن قولغا كەلتۈرگەن بىر دۆلەت دېمەكچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئويلىشىچە بولغان دىنىي ھۆكۈمەت ئىسلامنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي يىراق بولغان ھۆكۈمەتتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئويلىغان دىنىي ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇن سىياسەتلىرىنى، دىنىي ئادەملەر ۋە پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى الله تائالادىن بىۋاستە قولغا كەلتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلقلەرگە ئۆزىنىڭ ئارزۇ ھەۋەسلىرى بويىچە قانۇن ـ تۈزۈم تۈزۈپ بېرىدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنىدا ھۆكۈمەت قانۇنىغا دائىر بىر نەرسە يوق، ئۇلارنىڭ دىنى پەقەت ئەخلاق توغرىسىدىكى نەسىھەتتىنلا ئىبارەت، دېگەن قەدىمقى پىكىرلەردىن ھاسىل قىلغان. ئەمما ئىسلام دۆلىتى بولسا قۇرئان ئېلىپ كەلگەن قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىدۇ.

ئىسلامدا بىرەر تۈركۈم دىنىي كىشىلەر ئۆز پىكرى بويىچە بىر نەرسىگە ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا پۈتۈن مىللەت مۇسۇلمانلىرى مەسئۇلدۇر. چۈنكى، قۇرئاننىڭ قارىشىچە مۇسۇلمانلار جامائەسى الله تائالانىڭ خەلىپىسىدۇر. يەنى الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇلدۇر. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾[1].

ھوقۇق ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى پۈتۈن خەلقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۆمىنلەرگە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەندە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾[2]. يەنە الله تائالا: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋەئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار﴾[3] دېدى.

بۇ ئايەتلەردە الله تائالا جىنايەتچىلەرنى جازالاش ھوقۇقىنى ھەممە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا تاپشۇردى.

ئومومىي خەلق بىر جەمئىيەت بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى تەشكىلسىز مۇمكىن بولمىغاچقا، كۆپچىلىككە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئارىلىرىدىن مەلۇم كىشىلەرنى سايلاپ چىقىشنى الله تائالا پەرز قىلدى. بۇ سايلاش خەلقنىڭ ئىختىيارلىق، رازىلىقى بىلەن ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتنى

---

(1) سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەت.

مەقسەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. زورلاش، بېسىم ئىشلىتىش ۋە ھىيلە ـ مىكىر قىلىش بىلەن سايلىنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئەمما خەلق ئۆزىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن سايلىغان ھوقۇقدار، خەلقنىڭ نازارىتىگە بويسۇنۇشى لازىم. خەلقنىڭمۇ ئۆزى سايلىغان رەھبىرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم. مۇنداق ھوقۇقدارلارنى الله تائالا ﴿ئۇلۇل ئەمرى﴾ (ئىش ئۈستۈدىكىلەر) دەپ ئاتىدى.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي)ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[1].

الله تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىتائەت قۇرئانغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى، قۇرئان الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان بولسا، ئىسلام قانۇنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر. ھەر قانداق بىر ھادىسە ئۈچۈن قۇرئاندا ئوچۇق ھۆكۈم تېپىلسا، قۇرئاندىكى ئۇ ھۆكۈمنى قويۇپ باشقىنىڭ ھۆكمىگە يۆتكىلىشكە بولمايدۇ. ئاندىن كېيىن الله تائالا پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىسلام يولىنىڭ قۇرئاندا ئومۇمىي ھالدا كۆرسىتىلگەن ھۆكۈملىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن راست ۋە مۇقىم پاكىت بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولسا قۇرئاندىن قالسا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر.

ئاندىن كېيىن الله تائالا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئۈچىنچى مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى بويسۇنۇشنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە بويسۇنۇشقا بۇيرۇغاندەك بۇيرۇدى. بۇ ئۈچىنچى مەنبە بولسا ﴿ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە﴾ دېگەن ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئىسلام ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن مۇسۇلمان خەلقنىڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان مۇشكۈل ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان ۋە توختام قارارلارنى ئىمزالايدىغان بىر گورۇھ مۇسۇلمانلاردۇر. بۇلارنىڭ كۆز قارىشى پۈتۈن مىللەتنىڭ كۆزقارىشى ھېسابلىنىدۇ. شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ ﴿ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: "ھوقۇق ئىگىلىرى بولسا "مۇسۇلمانلاردىن بولغان ھەل قىلىش ۋە توختام قىلىش ئادەملىرىدۇر". يەنى ئۇلار ئىسلام ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ھاكىملار، ئالىملار، ھەربىي قوماندانلار ۋە يۇرت مەسئۇللىرى بولۇپ خەلقلەر ئۆز ھاجەتلىرىنى ۋە ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىگە دائىر قارار ۋە پىلانلارنى ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ھەل قىلىدىغان كىشىلەردۇر".

---

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

بۇلار بىر ئىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىسا يا ھۆكۈم قىلسا، خەلقنىڭ شۇ قارارغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇشى ۋە بۇلارنىڭ قارارى الله تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا خىلاپ بولماسلىقى ۋە ھەر قايسىسىنىڭ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشىدە ئەركىن بولۇشى ۋە ئىختىيارىي ھالدا بىر قارارغا كېلىشى شەرت. يەنە ئۇلار ماقۇللىغان ئىشلار ئومومىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە دائىر ئىشلار بولۇپ ئۇلارنىڭ قاراپ بېقىش ۋە سۈرۈشتۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى ئۆتىدىغان ئىشلاردىن بولۇشى لازىم. يەنى ئىبادەتكە ياكى ئەقىدىگە دائىر مەسىلىلەردىن بولماسلىقى لازىم (چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىبادەتلەرنى تەلىم بېرىش يالغۇز الله ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىدۇر، باشقا كىشى بۇ ھەقتە ئۇنداق ـ مۇنداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. يوقنى پەيدا قىلالمايدۇ“.

بۇلاردىن ”ئالىي مىللەت مەجلىسى“ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ مەجلىس ئومۇمىي مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مىللەتنىڭ سوقۇش ۋە تىنچلىق توغرىسىدىكى سىياسىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇلار بىر ئىشقا قارار ماقۇللىسا پۈتكۈل خەلق ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم. ھاكىم (مەمۇرى ھۆكۈمەت) نىڭ ئۇنى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئەگەر ھاكىم ئىجرا قىلىشتىن باش تارتسا، خەلق مەجلىسى ھاكىمنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ.

ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ (ئالىي مەجلىسى) نىڭ بىرلىك قارارى ”ئىجماﺋ (بىرلىككە كەلگەن قارار)“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسى بولۇپ قۇرئاندا ۋە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستە ئوچۇق ھۆكۈم تېپىلمىغان مەسىلىلەردە ئىجماغا مۇراجەت قىلىنىدۇ.

الله تائالا ھوقۇقدارلار (ئالىي مەجلىس ۋەكىللىرى) ئۆزئارا بىر قارارغا كېلەلمەي ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇپ قالغاندا بۇلار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قانداق قىلىدىغانلىقىنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. ئۇ يول بولسىمۇ دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە قايتىش، سەۋەبلەرنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە ھادىسىلەرنى خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىشىدىغان ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشقا الله تائالا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾[1].

يەنى قۇرئاندا ياكى ھەدىستە ھۆكمى بايان قىلىنغان ۋە خاراكتېر جەھەتتىن سىلەر تارتىشقان مەسىلىگە ئوخشايدىغان مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە تەتبىق قىلىڭلار! دېگەنلىكتۇر.

ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ئوخشاشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ ھەل قىلىش ئىشىنى ھوقۇقدارلار بىر بۆلۈك ئەقىللىق ۋە ئاڭ سەۋىيىلىك (دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە مەقسىتىنى چۈشىنىدىغان) كىشىلەرنى تاللاپ ھەيئەت

---

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەشكىللەپ شۇلارنىڭ پىكرى بىلەن ھەل قىلىدۇ. بۇنداق سىلىشتۇرۇش ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە ”قىياس“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بولسا ئىسلام قانۇنى تۈزۈشنىڭ تۆتىنچى ئاساسىدۇر. ئىجما ۋە قىياس بىلەن ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر پەقەتلا خەلق ئارىسىدىكى مۇئامىلىلەردىن ئىبارەت. ئەمما ئىبادەتلەردە بولسا، ھەر مۇجتەھىد ئۆز قارىشى بويىچە (ھەر ئالىم قۇرئان ۋە ھەدىستىن چۈشەنگى بويىچە) ئەمەل قىلىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى تاللىغان ۋە ئىلمىگە ئىشەنچ قىلغان مۇجتەھىدقا ئەگەشسە بولىدۇ. ھوقۇقدارلارغا ئىتائەت قىلىش پەقەت اللہ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ چېگرىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى لازىم. دېمەك اللہ تائالانىڭ كالامى قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ھوقۇقدارغا ئىتائەت قىلىش لازىم. قۇرئان ھەدىستە كەلگەن ئىشلارغا يا ھۆكۈملەرگە خىلاپ ئىشقا بۇيرۇغان ھوقۇقدارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «اللہ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىش يوق. ئىتائەت پەقەت ئىسلام دىنىدا تونۇلغان ئىشتىلا بولىدۇ» دېگەندۇر. ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تۆۋەندە كىتابخانلارغا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنىڭ بەزىسىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز.

## ئىسلام دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بارلىققا كېلىدىغان بەزى چوڭ ئاساسلار

**1 ـ كېڭەش (شۇرا)**

بىز يۇقىرىدا اللہ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ۋە رازى بولىدىغان ئىشلاردا (يەنى ئىسلامغا مۇۋاپىق بولىدىغان ئىشلاردا) ئىسلام ھوقۇقدارلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۆتتۇق. بۇ ھوقۇقدارلار دۆلەتنى ۋەيرانلىققا ئېلىپ بارىدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن اللہ تائالا بۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان قانۇنى يولغا قويۇپ بەردى. ئۇ بولسا، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بولۇپ ھازىرقى دەۋرىمىزدە يولغا قويۇلۇش تەلەپ قىلىنىۋاتقان دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسىدۇر.

شۇرا يەنى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىنىڭ كېڭەش يىغىنى ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى قارارلاشتۇرۇش بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرسىدۇر. شۇڭا قۇرئاندا شۇرا ئىسمىلىك بىر سۈرە بارلىقىنى كۆرىمىزكى، بۇ سۈرىدە اللہ تائالا ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ئىشنى كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن قىلىشنى ئۆزىگە قانۇن قىلغان مۇسۇلمانلارنى ماختايدۇ.

اللہ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا،

بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا. ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالا شۇرا (دېمۇكراتىيە) تۈزۈمىنى ناماز ئوقۇش ۋە سەدىقە بېرىش بىلەن بىر قاتاردا سۆزلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ھوقۇقدارلار ئۆزئارا كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن قىلىش (ئۆزەمچىلىك قىلماسلىق). ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىدىن بىرسى ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرقانداق ھوقۇقدارلار ئۆزى چاغلاپ ئىش قىلىدىغان مۇستەبىتلىكنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى كۆرستىش ئۈچۈندۇر.

الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله غا تەۋەككۇل قىلغىن﴾[2] دەپ بۇيرۇق بەرگەن.

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاممىۋى ئىشلاردا كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ئۇھۇد“ سوقۇشىغا چىقىش ئالدىدا مۇسۇلمانلاردىن مەسلىھەت سورىغانلىقى ۋە كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مەدىنە سىرتىغا چىقىشقا مەسلىھەت بەرگەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پىكرى مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىش بولسىمۇ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە ئاساسەن سىرتقا چىققانلىقى ۋە ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى تارىختا ئېنىقتۇر.

شۇڭا الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ”ئۇلارنى ئەپۇ قىل، گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم تىلە، يەنى سىياسىي ئىشلاردا ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىل“ دېدى. يەنى مەسلىھەتلىشىشتىن كېلىپ چىققان بەزى سەلبىي نەتىجىلەر سېنىڭ مەسلىھەتلىشىشنى تاشلىشىڭغا سەۋەب بولمىسۇن. يەنىلا مەسلىھەتلەشكىن دېگەنلىكتۇر. الله تائالانىڭ بۇ ئەمرى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىتىنىڭ پرىنسىپى كېڭەشىپ مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا بولۇشىنى، بۇ مەسلىھەتلىشىشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولسا بولسۇن، شەخسىي ھوقۇقدار ئۆز پىكرىدە مۇستەقىل بولۇۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقنى كۆرستىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەقلىدە كامىل، روھىي جەھەتتە ئۈستۈن ۋە الله تائالادىن ۋەھيى چۈشىدىغان پەيغەمبەر بولۇش بىلەن ھەممە ئادەمدىن پەرقلىق بولغان بىر زات تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش ۋاجىب بولغان يەردە، باشقىلارنىڭ ھەر بىر ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىلىشى ئەلۋەتتە ۋاجىبتۇر. مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بەزىسى: الله تائالانىڭ كېڭىشىپ ئىش قىلىشنى ئىسلام يولىنىڭ بىر قائىدىسى قىلىشنى ئىرادە قىلمىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساھابىلىرى بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلىشقا بۇيرۇمايتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن پىكىر ئېلىشتىن بىھاجەت ئىدى، دېدى.

---

[1] سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇرئاندا ئۇچۇق بايان قىلىنمىغان ئىشلار توغرىسىدا ساھابىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكى ۋە توغرا دەپ قارالغىنىنى قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئىسلام بۇيرىغان كېڭەش ئاممىۋي مۇسۇلمانلارغا ياكى مۇتلەق كۆپچىلىككە مەنسۇپ ئەمەس. چۈنكى، قۇرئان كەرىمدە ئىلىملىك ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇش كۆپ ساندىكىلەرنىڭ سۈپىتى ئەمەس، دەپ ئۇچۇق سۆزلەيدىغان ئايەتلەر تەكرارلانغان. بۇ ھەقتە قۇرئاندا كەلگەن بىر بۆلۈك مىساللار بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدىن:

﴿ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغاننىلا سۆزلەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر.

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر﴾[2].

بىلىمسىز ۋە ئاڭسىز كۆپچىلىككە بويسۇنۇش الله تائالانىڭ يولىدىن چىقىرىۋاتىدىغان بولسا، ئۇنداق بىلىمسىز ئاممىدىن مەسلىھەت سوراشمۇ توغرا بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، كېڭەشنى ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا ) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار ( يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى﴾[3].

ھەر ئىش توغرۇلۇق شۇ ئىشنى بىلىدىغانلاردىن مەسلىھەت سوراش كېرەك. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴾[4].

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشىنى ئۇچۇق كۆرسەتمەي بەرمىدى. چۈنكى، سىياسىي ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىش تۈزۈملىرى ۋە يوللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمايدىغان ئىشتۇر. شۇڭا مەسلىھەتلىشىش بىلەن ئىش قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ تەپسىلىي تۈزۈمىنى مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ۋە مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇلدا يولغا قويۇشنى شۇ مىللەتنىڭ ئاڭ پىكىرلىك كىشىلىرىگە تاپشۇرۇش ئادالەتتۇر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇرقان 44 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە زۇمەر 9 ـ ئايەت.

## باراۋەرلىك

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى باشقا مىللەتلەر 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرغىچە يەنى فىرانسىيە قوزغىلىڭى قوزغالغىچە مىللەت ئىچىدىكى قاتلاملارغا چوڭ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشتى (ھەممە كىشى ھوقۇقتا باراۋەر ئەمەس ئىدى). لاۋروسنىڭ كىتابلىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

"مىلادىي 1798 ـ يىلىدا ئومۇمىي مەنسەپلەرنى تەقسىم قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلماسلىقتا باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت ئىدى. 16 ـ لۇۋىيىسنىڭ مىنىستىرلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى مىللەت تەلەپ قىلغان ئىسلاھاتلارنى يۇرگۈزۈشكە ئىشلەتتى. لېكىن دىن ئادەملىرىنىڭ ۋە يۇزلۇك كاتتىلارنىڭ ئىسلاھاتقا قارشى تاقابىل تۇرۇشىنى يېڭىپ كېتەلمىدى. مىللەت بۇ ئىشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن باشقا ئىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى ئويلاپ كۆرۈپ ئىمتىيازلىق گۇرۇھلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەممە خەلق ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش قانۇنىنى يۇرگۈزىدىغان باشقا بىر گۇرۇھنى ھوقۇقتا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ قوزغالدى".

فىرانسىيە قوزغىلىڭى پەيدا قىلغان ئىسلاھاتلار ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ياۋروپانىڭ ئۇيقىدىن ئويغىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقى كىتابخانلارغا مەخپىي ئەمەس. فىرانسىيە قوزغىلىڭىدىن ئىلھاملانغان ياۋروپا فىرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىپ قوزغالغان ئىدى.

بەزى دىنلار ھازىرغىچە "تەبەقىلەر" تۈزۈمىنى ئورنىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بەرەھمەنلەر دىنىدا مىللەت تۆت گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. تەبەقىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن "بەرەھمەنلەر" ياكى "جىن كەشلەر" دۇر. ئەڭ تۆۋەن تەبىقە "تۆۋەن قاتلاملار" ياكى "نىجىسلار" دەپ ئاتالغاندۇر. بۇ تۈزۈمنىڭ ناھەق ۋە زالىمانە تۈزۈملىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن شۇنى تونۇشىمىز يېتەرلىككى، بەرەھمەن دىنى قانۇنىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان مۇنۇنىڭ قانۇنىدا مۇنداق يېزىلغان: "بەرەھمەن گۇرۇھىنىڭ ھەر قانداقىنى تەبىقىسى سەۋەبىدىن ھۆرمەتلەش ۋاجىب. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىلا ھۆججەت. ئەگەر ئۇنىڭ ئېھتىياجى چۈشسە، ئۇنىڭ قانداق بىر تۆۋەن قاتلام كىشىنىڭ مال مۈلكىگە ئۆزى خالىغانچە ئىگە بولۇش ھەققى بار. چۈنكى قۇل ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسە خوجايىنىنىڭ مۈلكىدۇر".

تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دىن ئۆگىنىشى ياكى ئىلىم ئۆگىنىشى قەتئىي چەكلەنگەن ئىدى. ئەگەر تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دىنىغا ئەقىدە قىلغانلىقى ياكى ئىلىم ئۆگەنگەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇ قولۇقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن قويۇلۇش ياكى تىلى تىلىۋېتىلىش ياكى بەدىنى كېسىۋېتىلىشتەك ئېغىر ئازاب بىلەن قىيىنىلاتتى.

يەھۇدىيلارمۇ ئۆزلىرىنى اللە تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇلار قانۇنلىرىدا يەھۇدىيلار بىلەن باشقىلار ئارىسىنى ئايرىدۇ. يەھۇدىيلار ئۆز ئارىسىدا جازانە قىلىشىشنى ھارام قىلغان ئىدى. ئەمما يەھۇدىي بولمىغان باشقا مىللەتلەرگە قارىتا ئۆسۈمگە پۇل بېرىشنى ھالال تىجارەت ھېسابلايدۇ.

نازى گېرمانىيە مىللىتىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن "تەبىقىۋازلىققا چاقىرىشتا" ناھايىتى ئاشۇرۇۋەتكەن. ئىنسانلارنى بىر قانچە تەبىقىگە بۆلگەن. گۇمانى بويىچە "ئارى" تەبىقىسىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويغان ئىدى.

دېموكراتىيە دەۋاسىنى قىلىپ پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى "ھەممە ئادەم ھوقۇقتا باراۋەر" دېگەن پرىنسىپىدا بىرگە ئەگەشىدۇ، دەپ جار سېلىۋاتقان مىللەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىدە دېموكراتىيە پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا ئۆلكىلىرىنىڭ بەزىسىدە ۋە ياۋرۇپا مۇستەملىكچىلىرىگە باش ئېگىۋاتقان بەزى ئافرىقا مەملىكەتلىرىدە قارا تەنلىكلەرنى ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ ئاددىي ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قالدۇردى.

ئىسلام قانۇنلاشتۇرغان باراۋەرلىك پرىنسىپىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، باشقا ھېچقانداق پەيغەمبەر شەرىئىتى ياكى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار بەراۋەرلىك پرىنسىپىدا ئىسلام يەتكەن دەرىجىگە يېتەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى، ئىسلام پۈتۈن ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا، ئاممىۋى سىياسىي ھوقۇقلاردا ۋە باشقا ھوقۇقلاردىمۇ باراۋەر بولۇشنى قارارلاشتۇردى. ئەرەبنىڭ باشقا مىللەتتىن ئارتۇقلۇقى يوق. ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئارتۇقلۇقى يوق. باي ـ كەمبەغەلدىن ئەۋزەل ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى "تەبىقىلەر" تۈزۈمىنى ۋە تەبىقىلەرنىڭ ھوقۇقتا ۋە ۋەزىپىدە پەرقلىق بولۇش تۈزۈمىنى يوق قىلدى.

بۇ ھەقتە اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾[1].

بۇ ئايەتتە اللّٰه تائالا دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنساننى چاقىردىكى، بىر قەبىلىنى ياكى بىر مىللەتنىلا خاس چاقىرمىدى. بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئەسلى دادىسى ئادەم ۋە ئانىسى ھەۋۋا نامى بىلەن چاقىردى. ئاتىسى ۋە ئانىسى بىر بولغان كىشىلەرنىڭ مەن پالان جىنسىدىن دەپ بەزىسى ـ بەزىسىدىن ئۈستۈنلۈكنى دەۋا قىلىشقا ئورۇن يوق. يۇرتقا بۆلۈنۈپ ياشىغان بولسىمۇ ۋە جىنسىدا، تىلىدا، رەڭدە خىلمۇخىل بولسىمۇ، بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدىلىكى يوق. چۈنكى، مۇنداق ئوخشىماسلىقلار ئۇلاردىن قېرىنداشلىق سۈپىتىنى يوقىتىۋەتمەيدۇ. بەلكى ئىنسانلار ئۆزئارا تونۇشۇشى كېرەك. تونۇشۇش بولسا، ھايات تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش يولىدا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىششقا چاقىرىدۇ.

بۇنى چۈشەنگەندە ئىنساننىڭ روھى ئىسلام پرىنسىپىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. بۇ چۈشەنچە ھەركىمنى ئىسلام پرىنسىپىنى ئىككىلەنمەي تۇتۇشقا يېتەكلەيدۇ.

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بۇرۇنقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش، ھەر مىللەت ۋە ھەر تەبىقە ئۆزىنى رەھبەرلىك ھوقۇقىغا لايىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ تونۇيدىغان تەرەپبازلىق بولمىسا ئىدى. كىشىلەر ئىسلامنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان بولاتتى.

ئايەتنىڭ ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾[1] دېگەن ئاخىرقى جۈملىسى ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەللىكى پەقەت ئەمەلىي ئىپادىسىگە ۋە ئۆز پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ھەم ئۆز يۇرتى ئۈچۈن ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ياخشى خىزمىتىگە ئاساسەن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ: «ئى خەلقلەر! سىلەرنى ياراتقان ئىگەڭلار بىر، داداڭلار بىر. ئاگاھ بولۇڭلار! ھېچقانداق بىر ئەرەبنىڭ ئەرەب ئەمەستىن ئەۋزەللىكى يوق. ئەرەب ئەمەسنىڭ ئەرەبتىنمۇ ئەۋزەللىكى يوق. قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىكتىن ئەۋزەللىكى يوق. لېكىن، ئەۋزەللىك اللّٰه دىن قورقۇش بىلەن (اللّٰه تائالاغا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىش) بىلەنلا بولىدۇ» دېگەن ئىدى. (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى)

مانا بۇ، نەسەب بىلەن پەخرى قىلىشتا ئەڭ قاتتىق تۇرىدىغان ئەرەبلەر يۇرتىدا مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئىسلام ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان باراۋەرلىك پرىنسىپىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىغاندا ئەرەب كاتتىباشلىرى قارشى چىقىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن مۇھەممەد ھەبەشلىك بىلال، پارىسلىق سەلمان، رۇملۇق سۇھەيب، ئەممار ۋە شۇنىڭدەك باشقا قۇللار ۋە ئامما خەلقلەر بىلەن بىللە ئولتۇرساڭ، بىز سېنىڭ قېشىڭغا قانداق كېلىپ ئولتۇرالايمىز؟ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغىن، ئاندىن بىز سەن بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپ، چاقىرىقىڭنى ئاڭلايمىز، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. ئاندىن ئۇلار: ئۇنداق بولسا ئۇلار بىلەن بىركۈن، بىز بىلەن بىر كۈن ئولتۇرۇشقىن دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گېپىگە ماقۇل دېگىلى تاسلا قېلىۋىدى اللّٰه تائالا ۋەھيى چۈشۈرۈپ: ﴿اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن)، سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن. ئۇلارنىڭ: «اللّٰه ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي ـ چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). اللّٰه شۈكۈر قىلغۇچىلارنى

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، الله ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن﴾[1] دېدى.

بىر قېتىم ئەبۇزەررىل غىفار ئىسىملىك ساھابە بىلەن بىر قارا تەنلىك قۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار يەردە تاكاللىشىپ قالدى. ئەبۇزەرنىڭ قۇلغا غەزىپى كېلىپ: «ھوي قارا ئايالنىڭ بالىسى! دەپ ۋاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەپلىنىپ: ئاق ئايالنىڭ بالىسىنىڭ قارا ئايالنىڭ بالىسىدىن ئارتۇقلۇقى يوق. پەقەت الله تائالادىن قورقۇش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ئارتۇق بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇزەر ئېڭىكىنى دەرھال يەرگە قويۇپ قارا قۇلغا قاراپ: ئورنىڭدىن قوپۇپ ئېڭىكىمگە دەسسىگىن، دېدى. دېمەك ئۇ ئېيتقان خاتا سۆزىگە كەففارەت بولسۇن، دەپ قاراقۇلنىڭ ئۆز ئېڭىكىگە دەسسەشنى تەلەپ قىلغان.

الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققانىيەتچىلىكىدە ۋە مۇئامىلىدە ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكنى، ئازاد ۋە ئەركىن ئادەم بىلەن قۇلنى پەرقلەندۈرمەيتتى. شۇنچە كۆپ كاتتا ساھابىلەر بار تۇرۇپ، بىلالنى مەدىنىگە ۋالىي قىلغان ئىدى. بىلال بولسا بۇرۇن قۇل ئىدى. ئۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېتىۋېلىپ ئازاد قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارىسلىق "بازان" دېگەن كىشىنى يەمەنگە ۋالىي قىلغان ئىدى. ئۇ ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تەيىنلەنگەن ئىدى.

ئىسلامنىڭ باراۋەرلىك قانۇنىنىڭ ئۈستۈنلىكى ۋە يۈكسەك ئادىللىقى بۈگۈنكى ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىي ھۆرمەتكە زىت بولغان مۇئامىلىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلگەندە تېخىمۇ ئاشكارا بولىدۇ.

پەننىي ئىلىم ۋە ئۇنىڭ يەتكەن تەرەققىياتى بۈگۈن ئىنسانلارنى ئىسلامغا قارارلاشتۇرۇشقا ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىنسانىي باراۋەرلىككە يەتكۈزەلمىدى. ئىسلام بۇ باراۋەرلىك قانۇنىنى ئىلىمدىن ۋە پەلسەپىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق بىر يۇرتتا قارارلاشتۇرغان ئىدى. مۇشۇ رىئال ئەمەلىيەت بۇ قانۇننىڭ پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى بۈيۈك الله تەرىپىدىن يولغا قويۇلغانلىقىغا كۈچلۈك دەلىل ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەمەس بىر ئىلىم ۋە پەلسەپە ئىگىسى ھەرقانچە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق قانۇن پرىنسىپلارنى تۈزۈپ ھاۋا بوشلۇقىنى قاپلىۋەتسىمۇ ئۆلچەمدىن ئاتلاپ كېتەلمەيدۇ. يەنى ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇنىدەك ئالەم شۇمۇل بىرقانۇننى ھېچقاچان پىكىر قىلىپ ئىجاد قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىيىتىدەك پۈتۈن ئەھۋال مۇنداق پىكىرگە توسالغۇ بولۇۋدىغان ۋەزىيەتتە تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

[1] سۈرە ئەنئام 52 ــ 54 ـ ئايەتكىچە.

## ئادالەت

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۇممەتلەرمۇ ئادىللىق بىلەن زۇلۇمنىڭ مەنىسىنى تونۇيتتى. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ چەك چېگرىسىنى تونۇمايتتى. ئادالەت بىلەن زۇلۇمنىڭ چېگرىسى ئارىلىشىپ كېتەتتى. دېمەك ئادالەت ـ زۇلۇم دېگەن سۆزلەر ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپ ئىدى. يۇنان مىللىتىگە قارىساق يۇنان ئىرقىدىن بولغان كىشى بىلەن ئۇنىڭدىن بولمىغان كىشىنى پەرقلەندۈرگىنىنى كۆرىمىز. كېلىپ چىقىشى ئەسلى يۇنان ئىرقىدىن بولغان ئادەمگە دۆلەت پۇقرالىقى ۋە ھوقۇقلىرىنى تولۇق بېرەتتى. باشقىلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى شۇلارغا تاپشۇراتتى. بۇنداق پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشتا رۇم خەلقىمۇ يۇنان خەلقى بىلەن بىر يولدا ماڭغاندىن باشقا روملىقلار بۇنى بەكرەك ئاشۇرۇۋېتەتتى. يەنى روم ئىرقىدىن بولغانلار بىلەن باشقىلارنى پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن روم خەلقىنىڭ خاسلىرى بىلەن ئومومىي خەلقنى پەرقلەندۈرۈپ ھوقۇق ھاكىمىيەتنى، يۇرت ياكى ئىدارە ياكى زاۋۇتلارغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى، ئەسكىرىي قوماندانلىقنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس شۇلارغىلا بېرەتتى. قالغان خەلقنى بۇلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايتتى.

لارۇسنىڭ "مائارىپ دائىرىسى" دېگەن كىتابىدا روملىقلارنىڭ قانۇن ئىنتىزامى مۇنداق يېزىلدى: "رومنىڭ تۈزۈمى يىغىپ ئېيتقاندا: قانۇن شەكلىدە تۈزۈلگەن ۋەھشىيلىك ۋە قوپاللىق شەكلىدىكى قانۇن ئىدى. ئەمما روم خەلقىنىڭ شجائەتلىك، ھىيلە ـ مىكىرلىق، ھەر ئىشىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش، تەرتىپىگە رىئايە قىلىش ۋە كوللىتىپ ئۇچۇن مۇتلەق ئىخلاسمەن بولۇشتەك پەزىلەتلىرى بولسا، ئوغرى بىلەن بۇلاڭچىلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما روملىقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بولسا ۋەھشىيلىك خارەكتىرىنى ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى مال ـ دۇنيا توپلاشقا ھېرىسلىقتىن، ياتلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشتىن ۋە ئىنسانىي رەھىم ـ شەپقەتتىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى".

يۇنانلىقلاردىمۇ ئادالەت كامىل بولمىغان ۋە ئۇلارغا ئىز باسار بولغان روملىقلاردىمۇ ئادالەت تولۇق بولمىغان. ئادالەت پەقەت 19 ـ ئەسىردە كامىللاشقان. ئادالەتنىڭ كامىل بولۇشىنىڭ بۇ قەدەر كېيىن قېلىشىنىڭ سەۋەبى، يېقىنقى زاماندا تولۇقلانغان ئىجتىمائىي مائارىپ ئاساسىغا قورۇلغانلىقىدىن بولدى. مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ قارىشىچە ۋە ئىجتىمائىي ئىلىمنىڭ شەرتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كامىل ئادالەت، مىللەتلەر ئۆزى يولغا قويغان ئىنسانىي ھوقۇقلارغا ۋە قانۇنغا تەلتۆكۈس رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي پەننىڭ ئوتتۇرغا قويۇشىچە مۇنداق مۇكەممەل ئادالەتكە تېخى ھېچقانداق مىللەتنىڭ يەتكىنى يوق.

ئەمدى قاراپ باقايلى! مۇسۇلمان ئەللەردە ئادالەتنىڭ مەنىسى كامىل بولدىمۇ يوق؟ قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق ئىبارىلىرىدە مۇنداق تەلىماتلار بارمۇ يوق؟ ئادالەت ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قۇرئاندا ئەمەلىيلەشتى. مانا بۇ قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىڭ ئىلمىي ھۆججىتىدۇر.

## قۇرئاندىكى ئادالەت

ئىسلامدىكى ئالىي نەمۇنىنىڭ بىرسى بولسا ئىسلامنىڭ، ئەگەشكۈچىلىرىنى (مۇسۇلمانلارنى) خەلقلەر ئارىسىدا ئادالەتكە توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق ئېتىبارلاردىن قەتئىينەزەر ئادالەتنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇشىدۇر.

بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، الله سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالا دىنىغا ئىشەنگۈچىلەرنى ئادالەتتە چىڭ تۇرىدىغان ۋە راست گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولۇشقا بۇيرۇدى. گۇۋاھلىق بەرگەندە گەرچە ئادىل گۇۋاھلىق بەرسە ئۆزىگە، يا ئاتا ـ ئانىسىغا، يا يېقىن كىشىگە زىيانلىق بولسىمۇ راست گۇۋاھلىق بېرىشكە بۇيرۇدى. گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى كىشى گەرچە ئۇنىڭدىن ياخشىلىق، مەنپەئەت كېلەرمىكىن دەپ ئۈمىد قىلىنىدىغان، ياكى ئۆچ ئالارمىكىن دەپ قورقىلىدىغان كىشى بولسىمۇ ياكى شەپقەت قىلىشقا ۋە رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك ئاجىز ۋە پېقىر بولسىمۇ ھېچ قايسىغا يان باسماي راست گۇۋاھلىق بېرىش كېرەك. باينى ئەمەلدارنى خوش قىلىمەن دەپ، ياكى قورقۇپ ياكى پېقىرغا رەھىم قىلىمەن دەپ راست گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتماڭلار. بايغىمۇ ۋە پېقىرغىمۇ الله تائالا ئۆزى ئىگە. ئۆزى يېقىن. سىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا رىئايەت قىلىشىڭلار لازىم. كۆرگىنىڭلار، بىلگىنىڭلار بويىچە راست گۇۋاھلىق بېرىشىڭلار كېرەك. كۆڭۈلگە ئەگەشسەڭلار ھەق يولدىن چىقىپ كېتىسىلەر. ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. ئادىللىقنى تاشلىماڭلار! ئەگەر ئادالەتنى يۈرگۈزۈشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار الله تائالا بۇ قىلىقىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. سىلەرنى جازالايدۇ، دېمەكتۇر.

الله تائالا مۆمىنلەرنى ئۆزئارا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپلا قالماستىن ھەتتا دۈشمەنلەرگە قارىتامۇ ئادىللىق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمەنلىرىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[2]

---

(1) سۈرە نىسا 135 ـ ئايەت.
(2) سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش ۋە ئادىللىقنىڭ ناھايىتى چوڭ نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ھەققىدە قۇرئاندا كۆپ ئايەتلەر بار. بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرى الله تائالانىڭ: ﴿كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدۇر.

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى گەپ ـ سۆزىدىمۇ ئادىل راستچىل بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ﴾[2].

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق﴾[3].

بۇ ئايەت شۇنى بايان قىلىدۇكى، الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلىشتا ئۇلارغا چۈشۈرگەن ھۆكۈملەر ۋە دىنىي قانۇنلىرىنى مەزمۇن قىلغان كىتابلارنى ئاساس قىلىپ ۋە ئۆلچەملىك ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلارنى بۇيرۇغان ئەمرىنى ئاساس قىلىپ ئۆلچەملىك ئادالەتنى ئىجرا قىلىشنى ئىراده قىلغان. چۈنكى راست، يالغاندىن ئادالەت بىلەن ئايرىلىدۇ ۋە خەلقلەر ئادالەت بىلەن ئۆز ھەقلىرىنى ئۆزلىرى قولغا ئالالايدۇ.

بۇ بولسا قۇرئاننىڭ يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ۋەزىپىلىرى. مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىدىن ۋە روھىدىن شۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇركى: ”قۇرئان ئىنسان سۆزىدىن ئەمەس. قۇرئان كەرىم بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە بەخت ـ سائادەت يولىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا تىنچ ـ خاتىرجەم ياشاش يولىغا يېتەكلىگەن الله تائالانىڭ سۆزىدۇر“.

## ئاۋاتلىققا ھۆرمەت قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىققا چاقىرىش

ئىسلامدىن بۇرۇن كۆپ مىللەتلەر ئۆتكەنكى ئۇلارغا كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق ھاسىل بولغان. دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ يۇرتلارنى ئىشغال قىلغان. ئىگىلىكنى كېڭەيتىش ۋە بايلىقنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە كۆپ يەرلەرنى باسقان. ئۇلارنىڭ بۇ جەريانىدا قوللانغان سىياسىتى ئادالەت بولماستىن بېسىم كۈچىگە ئىشىنىپ زۇلۇم قىلىش يولى بولغان. قايسى يۇرتنى قولغا كەلتۈرسە شۇ يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقىنى ۋەيران قىلغان. مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ تالىغان. يۇرت خەلقىنى خارلىغان. خەلقنى خارلايدىغان ۋە زۇلۇم قىلىدىغان رەھىمسىزلەرنى ھوقۇقدار قىلىپ قويغان. مانا بۇ بولسا يۇرتلارنى ئىشغال قىلغۇچىلارنىڭ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ”سەبەئ“ شەھرىنىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى ئۇنىڭغا يېتىپ بارغاندا قىسقىچە

---

[1] سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بايان قىلغان. بۇنى قۇرئان بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (يەنى بىلقىس) مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار بىرەر شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، ئۇنى خاراب قىلىدۇ، شەھەرنىڭ مۆتىۋەر ئادەملىرىنى (ئۆلتۈرۈش، ئەسىرگە ئېلىش ۋە سۈرگۈن قىلىش بىلەن) خار قىلىدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ﴾[1].

مۇنداق ئەھۋاللارغا تارىختىن دەلىل كۆرسىتىش ناھايىتى ئاسان. چۈنكى تارىخ ھەر زاماندا يەر يۈزىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەردىن يۈز بەرگەن ئېچىنارلىق ئەھۋاللار بىلەن تولۇپ كەتكەندۇر.

دەلىل ئىزدەپ يىراققا بارمايمىز. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قىرغىن قۇراللىرى بىلەن تىنچ ياشاۋاتقان ئاھالىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارغا قارشى مەيدانغا چىققانلارنى ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن بىگۇناھ خەلقلەر بومبا بىلەن ۋەيران قىلىنغان ئىمارەتلەر تېگىگە تىرىك كۆمۈلدى. توپ ـ توپ ھەربىي ئايروپىلانلارنىڭ بومباردىمان قىلىشى ئاستىدا شەھەر، يېزىلاردىكى ئۆي، ئىمارەتلەر، ھايۋانلار ۋە زىرائەتلەر ۋەيران قىلىندى. بۇ ئۇرۇشنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە مەدەنىي مىللەتلەر ئىلىم ـ مەدەنىيەتلىك تۇرۇپ بۇ قەدەر ۋەھشىيلىك قىلار، دېگەن ئوي كەلمىگەن ئىدى.

ئەمما ئىسلامغا قارىساق ئىسلام ئىنسانلارنى بىر نەرسىنى بۇزۇشتىن تەسىرلىك ئىبارە ۋە ھەر تۈرلۈك بايان بىلەن سۆزلەپ قورقىتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئاۋات يەرلەرنى خاراب قىلىش، تۈزۈكىنى بۇزۇشتەك پەسكەشلىكنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسانپەرۋەرلىك پەزىلىتىنى ئورناتتاتتى. سوقۇش داۋامىدا ئۆي ئىمارەت، زىرائەت ۋە باشقىلارنى بۇزۇشنى الله تائالا ئىجتىمائىي جىنايەت، دەپ ھېسابلىدى. الله تائالا كۆپ ئايەتلەردە بۇزۇشتىن توسۇپ ۋە بۇزغۇچىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد !) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇدىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) الله نى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇشىرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ). ئۇ (ھۇزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). الله بۇزغۇنچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا (ۋەز نەسىھەت قىلىنىپ يامان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭدىن قايتىپ) الله دىن قورققىن دېيىلسە، غۇرۇرى ئۇنىڭغا گۇناھ يۈكلەيدۇ (يەنى ھەقتىن تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتىپ، پىتنە ـ پاساتتا تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدۇ)، ئۇنىڭغا جەھەننەم يېتەرلىكتۇر، جەھەننەم ناھايىتى يامان جايدۇر﴾[2].

---

[1] سۈرە نەمل 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 204 ـ 206 ـ ئايەتكىچە.

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرۈنۈشتە ھەق تەرەپدارى ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىنى ياخشى كۆرىدىغاندەك ئۆزىنى باشقىچە كۆرسىتىدىغان مۇناپىق ئادەملەر بار. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قولىدىن كەلسىلا ھەممە ئىشنى بۇزغىلى قەست قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇپ يالغاندىن چىقىپ پاراكەندىلىك ۋەيرانچىلىق تۇغدۇرۇپ جەمئىيەتنى تىنچسىزلاندۇرۇپ، ئادەم ئۆلتۈش، زىرائەتلەرنىڭ ۋە چارۋىلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم بىرەر مەنسەپكە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى بۇزۇلغىنىنى تۈزۈش ئەمەس ۋە جاھاننى پاسات قىلىش، زىرائەت ۋە نەسىل ئەۋلادىنى ھالاك قىلىش بولىدۇ. ئەگەر بىر كىم ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرىسا، يا يامانلىقتىن توسسا، قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ناھايىتى ئەسەبىيلىشىدۇ. بىراۋنىڭ نەسىھەت قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشىنى ئۆزىگە خارلىق دەپ قارايدۇ. مۇنداق بۇزغۇنچىلارنىڭ يامان قىلمىشىنىڭ جازاسى ئۇچۇن بارىدىغان يېرى دوزاختۇر، دېمەكتۇر.

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى باشقا دىندىكى خەلقلەرگە قوپاللىق ۋە بېسىم ئىشلىتىشتىن ۋە ئاۋات يۇرتلارنى خاراب قىلىشتىن ھەزەر قىلدۇرىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ خالىس ئىشلىرىدا غەلىبە قىلالماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ (مۇسۇلمانلارغا يۇقىرا بولغان غەيرى دىندىكىلەر مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلماي، پۇرسەت تاپسا دۈشمەنلىك قىلىدۇ). مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئۆگەنگەن ئادەم شۇنى تونىيالايدۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەۋەلىكىدىكى زۇلۇم تارتقان ئەل تەرەپتىن بولىدۇ.

الله بۇ قانۇنىيەتنى قىسقىچە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇكى: ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[1] دەيدۇ. يەنى زېمىننى ئاۋات قىلىشقا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىشلەشكە قابىلىيەتلىك بەندىلىرىم زېمىنغا ئىگە بولىدۇ، دېمەكتۇر.

بۇ ئىشنىڭ شەكلىك بولۇشى ياكى ئەقىللىقلەرگە مەخپىي بولۇشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟﴾[2].

الله تائالا قاتتىق ھەزەر قىلدۇرغان نەرسە بولسا، ئالەمدە تۈزۈلۈپ بولغان ئىشنى بۇزۇشتۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار. (الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى)

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 105 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ساد 28 ـ ئايەت.

ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىشلار، شۈبھىسىزكى، اللہ نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1].

اللہ تائالانىڭ ئاخىرەتتە ئىنسانلارنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىنى مۇشۇ ئەدەب قائىدىسىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە يەنى بۇزماسلىققا باغلاپ قويۇشى بولسا، يۇرتتا ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق، جەمئىيەت تىنچلىقى ۋە يۇرتنىڭ ئامانلىقى جەھەتلەردە بۇزۇشتىن ساقلاشقا ۋە ئىسلامىيەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرۇشنى زىيادە قىلىدۇ. چېقىمچى مۇناپىقلارغا زەربە بېرىدۇ.

اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[2].

بىر بۆلۈك مەملىكەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشىنى اللہ تائالا ئالدىن بىلگەچكە قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿سىلەر (ئىسلام دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى اللہ رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾[3].

يەنى ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرنى اللہ تائالا بىر بۆلۈك يۇرتلارنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ئىگە قىلسا، سىلەرنىڭ شۇ يەرلەردە بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشىڭلار ئۆزئاراڭلاردىكى ئىنسانىي دوستلۇق ۋە يېقىنلىقنى ئۈزۈپ تاشلىشىڭلار كۆتۈلەرمۇ؟ دېگەندىن كېيىن اللہ تائالا مۇنداق پاسات ئىشلارنى قىلغان ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلەرگە ھەددىدىن ئاشقان جىنايەتچىلەرگە قارىتىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مالامەتنى قاراتتى.

بۇ ئايەتتە قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىك كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىل بار (اللہ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بار). چۈنكى، ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇش سۆزى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنىڭ سۆزى بىر يەردە سۆزلەندى. كېيىنكى زامانلاردا ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغانلارنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق توختام تۈزۈشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يېقىنلىرى بىلەن دوستلۇقنى كېسىپ تاشلاپ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇغ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ تۆگەتكەنلىكىنى تارىخ ئوبدان سۆزلەيدۇ. دېمەك كېيىنكى زامانلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشنى قۇرئان ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن.

بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، قۇرئاننىڭ ئاۋاتلىققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىمارەتلەرنى ئاسراش ۋە ئۇنى بۇزۇشتىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقلار ئەرەب يۇرتلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، قۇرئان چۈشكەن زاماندا ئەرەب زېمىنلىرىدا ئالىي ئىمارەتلەردىن ۋە ئاۋاتلىقلاردىن ھېچ بىر ئەسەر يوق ئىدى. بۇ، قۇرئاننىڭ كەلگۈسىدە

---

(1) سۈرە ئەئراف 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەت.
(3) سۈرە مۇھەممەد 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر.

دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشىنى، ئالىي ئىمارەت ۋە شەھەرلەر ياسىلىشىنى بىلگەن الله تائالا تەرەپتىن چۈشكەن كىتابلىقىغا ئاشكارا دەلىلدۇر. بۇ مەزمۇندا كۆپ تاپشۇرۇق بېرىشى الله تائالا تەرەپتىن مۇسۇلمانلار يېقىندا تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئۈستىدىن غالىب بولۇپ ئۇلارنى ئىدارە قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاۋات شەھەرلىرىنى ۋە ئىمارەتلىرىنى بۇزماڭلار! دېگەنگە كۈچلۈك ئىشارەتتۇر.

ئەرەبلەرنىڭ غەلبىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ئەسىردىن ئازراق ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ تۆتتىن بىرقىسمى مىقدارىغا كېڭەيگەن. مۇسۇلمانلار بۇ يۇرتلاردا ئالىي قەسىرلەر، مۇئەسسەسلەر ۋە سانسىز ئىبادەتخانىلەرگە ئۇچراشقان بولسىمۇ، چېقىلماي ئۆزھالىتىدە ساقلاپ قالغان. بۇ ئەھۋال ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنى نەزەردە تۇتىدىغان ئاممۋىي بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلدۇر.

## ياخشىلىققا بۇيرۇش يامانلىقتىن توسۇش

ئىسلام سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى قۇرۇلتاي ۋە كېڭەش يىغىنىدا قارار قىلىش پىرىنسىپىنى ئورناتقانلىقتىن ئىسلام دۆلىتىدە پۈتۈن مىللەتكە ۋاكالىتەن ھەر ئىشنى ھەل قىلىدىغان قارار توختام قىلىدىغان بىر جامائە ۋەكىللەر بولۇشنى ۋاجىپ قىلدى. ئۇلار دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە نازارەت قىلىدۇ. تۈزۈم قانۇنلىرىنى كونترول قىلىدۇ. خەلققە ئورۇنباسارلىق قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتتە كۆرسەتكەن جامائە دەل بۇلاردىندۇر. الله تائالا ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەت خادىملىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش. ھوقۇقدارلار ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەشتە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ۋەكىللىرىنىڭ تۈزۈتىشىنى قوبۇل قىلىش، ۋەكىللەر ياخشىلىققا چاقىرغۇچىلار، يامانلىقتىن، زۇلۇمدىن توسقۇچىلار ۋە خەلققە كۆيىنىپ غەمخورلۇق قىلغۇچىلار بولۇشتىن ئىبارەت. ياخشىغا يۇرۇش ۋە ياماندىن توسۇش بۇ جامائەگىلا خاس ئەمەس. بەلكى قۇرئان بۇ ۋەزىپىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

الله تائالا مۇشۇنداق ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ياماندىن توسۇش الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان مۆمىنلەرگە رەھىم

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت.

قىلىشنى ۋەدە قىلدى. الله تائالانىڭ رەھىم قىلىشى دۇنيادا بالا ـ قازادىن، ئاخىرەتتە دوزاختىن ئاسراپ قېلىش ۋە تەۋپىق بېرىشتىن ئىبارەت.

الله تائالا ئەمر ـ مەروفنىڭ مۆھىملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[1].

ھەق يولدا مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىش بولسا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا تەكلىپ قىلىش، شەرىئەت ئىشلىرىغا بۇيرۇش ۋە ئىسلامدا يامان كۆرۈلگەن جىنايەتلەر ۋە ناھەقچىلىقلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيەتتە يامان ئىشلار ئۆز يولىدا مېڭىۋەرسە ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ توسىدىغان كىشى تېپىلمىسا، پۈتۈن مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ. بەنى ئىسرائىل گۇناھ ئىش قىلغۇچىلارنى توسماي ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنلىكتىن الله تائالا قۇرئاندا ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلار داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇر دا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[2].

لەنەت قىلىنغانلىق بولسا رەسۋا قىلىدىغان قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىنغانلىقتۇر. لەنەت قىلىش رەھمەتتىن يىراق قىلىش، قوغلاش، تەۋپىقتىن ۋە ئاسراشتىن مەھرۇم قالدۇرۇشتۇر. مۇنداق لەنەتكە دۇچار بولغان مىللەت ھالاكەتكە مەھكۇم بولىدىغان مىللەتتۇر. الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا لەنەت قىلىشنىڭ سەۋەبى ئاسىيلىق ۋە شەرىئەتتىن چىقىش ۋە يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسماسلىق، دەپ بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن "ئۇلارنىڭ قىلمىشى ناھايىتى يامان بولدى" دەپ ئەيىبلىدى.

قۇرئان مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن غالىب ۋە ئەركىن بولۇشىنىڭ مەخسۇس بىر سەۋەبىنى ۋە بىر ـ بىرىنى توسماسلىق، دەپ ئەقىدە ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، بۇزۇق ئەقىدە ۋە گۇناھ ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت، دەپ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر دۇنيا ئەللىرىگە يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ياخشى ئۈممەت بولدۇڭلار، چۈنكى سىلەر ئىسلامغا مۇۋاپىق، خەلققا پايدىلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيسىلەر، يامان ئىشلاردىن توسىسىلەر، الله غا ئىشىنىسىلەر﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق تەۋسىيەلىرى بار: «مۇسۇلمانلاردىن كىمكى دىندا يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن

[1] ئەسر سۈرىسى تولۇق.
[2] سۈرە مائىدە 78 ـــ 79 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئال ئىمران 11 ـ ئايەت.

ئۆزگەرتسۇن. قولى بىلەن تۈزۈتۈشكە كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، قەلبى بىلەن قارشى تۇرسۇن. قەلبى بىلەن نارازى بولۇپلا تۇرۇش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزراقى».

ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلمان ياخشى ئىشلارنى قوللاش، رەۋاجلاندۇرۇش، يامان ئىش ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ تۈزۈتۈشتە ئۆزىنى اللە تائالا ئالدىدا جاۋابكار، دەپ تونۇش كېرەك. شۇ يول بىلەن ئىسلامنى راۋاجلاندۇرغىلى ۋە ئادالەت ئورناتقىلى بولىدۇ.

مۇشۇ ئاساسنى تۇتقۇ قىلىپ ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ قايسى يېرىدە بۇزۇق ئىش بولسا، ئۇنى شۇ يەردە يوق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا جىم تۇرمايدىغان بىر ئالىي نىشان تەرەپكە ئومۇمىي بىر كۆز قاراشنى تىكلەشكە ھەرىكەت قىلىدى. مىللەت ئىچىدىكى بىر بۆلۈك شەخسلەرنىڭ دىن ئىسلام مەنئىي قىلغان ئىشلار تەرىپىگە يامراپ كېتىشى ياكى ئىسلام دۆلىتى قانۇنىغا ۋە ئاممىۋى ھەقلەرگە تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مىللەت خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا قوزغالماسلىقى، جىنايەتچىلەرنى قول يىغىشقا مەجبۇرلىماسلىقى ئومومىي خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتى زىيانلىقتۇر.

## ئىسلام قانۇنى

مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن دىنىي ئىشلىرى توغرىسىدا يول سورايدىغان، ھەل قىلىدىغان ئورنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇلار قانداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كېيىن ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغانلار ئەمەس ئىدى. بەلكى ساھابىلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈم قىلغىنى ۋە جاۋاب بەرگىنىنى كۆرگىنىگە ئاساسەن ئىسلام قانۇنىنىڭ روھىنى چۈشەنگەنلەر ئىدى. بۇلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ئىدى:

1 ـ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە ھەققىدىكى قۇرئان ئايىتى ۋە ھەدىسنىڭ ئىبارىتىنى چۈشىنىش ۋە شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىش.

2 ـ ئىجتىھاد (چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ يېڭى مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى قۇرئاندا، يا ھەدىستە بار مەسىلىنىڭ خاراكتېرىگە تەتبىقلاپ ئوخشاشلىقنى تەھلىل قىلىش) ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش. ئىككىنچى بۇ ئۇسۇل پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە پەيدا بولغان، قۇرئاندا يا ئىشەنچلىك ھەدىستە بۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاب تېپىلمىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا قوللىنىلىدۇ.

ساھابىلار مۇنداق دىنىي قانۇن بەلگىلەش ھوقۇقىنى خەلىپە (دۆلەت رەئىسى) نىڭ تەيىنلىشىدىن قولغا كەلتۈرگەن، ياكى خەلقنىڭ سايلىشى بىلەن ئەمەس. پەقەت ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتداش بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئاننى ۋە ھەدىسلەرنى ئۆگىنىپ ئېسىدە تۇتۇۋالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

نۇرغۇن ھۆكۈملىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، اللە تائالا ئۇلارغا ئىلىم ۋە ئاڭ چۈشەنچە بەرگەنلىك سەۋەبتىن باشقىلاردىن ئالاھىدە قابىلىيەتلىك كىشىلەر ئىدى. شۇ ئالاھىدىلىكلەر سەۋەبىدىن ئۇلار ئىسلام قانۇنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ بۇ توغرىدا ئۇلارغا قىزغىن بويسۇنغان ئىدى. بۇلار بۇ قانۇنىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىسلام يۇرتلىرىغا تارقالغان ئىدى. ھەر بىر ئىسلام شەھرىدە ساھابىلاردىن بىرقانچە كىشى بولۇپ ۋالىيلارمۇ، باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ، جامائەتلەرمۇ ۋە شەخسلەرمۇ يۈز بەرگەن ھەرقانداق مەسىلە ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدا شەرىئەت ھۆكمىنى تونۇش ئۈچۈن بۇ ساھابىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ مەسىلىنى بۇلاردىن سوراپ ھەل قىلاتتى. ھەر بىر ئىسلام شەھرىدە بەزى مۇسۇلمانلار ئالىملىرى ساھابىلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ قۇرئان مەنىسىنى ئۆگىنەتتى. ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلاتتى. قۇرئان ھەدىستە ئوچۇق جاۋاب تېپىلمىغان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىشنى ۋە پەتىۋا بېرىشنى ئۈستىگە ئالاتتى.

## ئىسلام قانۇنىنى خاتىرلەپ مېڭىش ھەرىكىتى

ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرئان بىلەن ھەدىستىن باشقا قانۇنىي بولمىغان ھالدا ئۆتكەن ئىدى. ساھابىلار بولسۇن ياكى تابىئىن (ساھابىلارغا ئەگەشكۈچىلەر) ياكى باشقا ئالىملار بولسۇن دىنىي مەسىلىلەرگە پەتىۋا (جاۋاب) بېرىشتە قۇرئاندىن يا ئىشەنچلىك ھەدىستىن جاۋاب تاپالىسا، قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە جاۋاب بېرەتتى. ئەگەر بىرەر مەسىلىگە قۇرئاندىن يا ھەدىستىن جاۋاب تاپالمىسا، ئۆزى ئويلاپ ئىسلامنىڭ روھىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھالدا ئىجتىھاد قىلىپ جاۋاب بېرەتتى. بۇلارنىڭ ئۆزى ئويلاپ جاۋاب بەرگەن ھۆكۈملىرى خاتىرىلەنمەيتتى. ئۇ ھەم قانۇن ياكى شەرىئەت ھېسابلانمايتتى. پەقەت قۇرئان يا ئىشەنچلىك ھەدىسنى ئاساس قىلىپ قىلغان ھۆكۈملىرى قانۇن ۋە شەرىئەت ھېسابلىناتتى. لېكىن ئىسلام دائىرىسى كېڭىيىپ كۆپلىگەن دۆلەت مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتۈپ ئىسلام دىنى يىراق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنى) نى بىلىدىغان ۋە ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىدىغان ئالىملارنىڭ ھەر خىل بولۇپ قېلىشىدىن ۋە ئىسلام قانۇنىغا قالايمىقانلىق كىرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىلدى:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كىتابقا يېزىپ بېكىتىش.

2 ـ مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا توغرىلاپ ئويلاپ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ئىجتىھادلىرىنى كىتابقا يېزىپ قالدۇرۇش.

مۇجتەھىد ئالىملاردىن ئىمامى ئەبۇھەنىفە (ئىمام ئەزەم) ئىمامى مالىك، ئىمامى شافىئىي، ئىمامى ئەھمەد ھەنبەل، ئىمام زەيد ئىبنى ئەلى، ئىمام جەئفەر سادىق ۋە باشقىلار قۇرئان ھەدىستىن جاۋاب تېپىلمايدىغان يېڭى دىنىي مەسىلىلەرگە قۇرئان ۋە ھەدىس روھى بويىچە ئويلاپ ئىجتىھاد قىلىپ جاۋاب بېرىشتە قوللانغان ئۇسۇللىرى خاتىرلەپ قالدۇرۇلغان.

شۇ ۋاقتتىن باشلاپ قانۇن ئالىملىرى ھەر بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئەۋۋەل قۇرئان ۋە ھەدىستىن جاۋاب ئىزدەش ئاندىن كېيىن ئىجتىھاد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن، مۇنداق قىلىشتا خاتالىق يوق. چۈنكى، مەزكۇر مۇجتەھىدلارغا مۇراجىئەت قىلىش پەقەت قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش ۋە ئىجتىھاد قىلىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا بولىدۇ.

## ئىسلام قانۇنى تۈزۈشتە تۇتقۇ قىلىنىدىغان بەزى ئاساسلار

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەتلەر، مۇئامىلىلەر ۋە جازالاش تۈزۈملىرىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان بابلىرىدا بايان قىلغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگەنگەن كىشىگە شۇ ئوچۇق مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ ۋە ھەدىسنىڭ قانۇن تۈزۈم كۆرسىتىپ بېرىشىدىكى مەقسەت پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۇلار ئارىسىدا ئادىللىقنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا الله تائالا قۇرئاننى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)﴾[1] يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتى ئالىملىرى بۇ ئەمەلىيەتنى بىلىپ يەتتى. ئەمما شاتىبىي دېگەن ئالىم ئۆزىنىڭ ”ئەلمۇۋافىقات“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ”شەرىئەت ھۆكۈملىرى پەقەت ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈنلا يولغا قويۇلدى. قايسى يەردە خەلق مەنپەئەتى بار ئىكەن، شۇ يەردە الله نىڭ قانۇنى بار“ (شۇنى الله يولغا قويۇپ بەرگەن).

ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزىي ”ھېكمەتلىك يوللار“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ”خالايىقلارنىڭ ئادالەت ۋە باراۋەرلىك بىلەن ياشىشى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا يول كۆرسىتىشكە پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىدى. كىتابلار چۈشۈردى. الله چۈشۈرگەن كىتابلار ۋە پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن يول بولسا، ئاسمان ـ زېمىن مەخلۇقلىرى ئۇنىڭ بىلەن تۇرىدىغان ئادالەتتۇر“.

قايسى يول بىلەن بولسا بولسۇن ئادالەت ئالامەتلىرى ئاشكارا بولسا ۋە ئادالەت نۇرى چاقنىسا، شۇ يەردە الله تائالانىڭ شەرىئىتى ۋە دىنى مەۋجۇتتۇر.

يۇقىرىقى بايانىنىڭ نۇرى بىلەن شۇنى كۆرىمىزكى، ئىسلام قانۇنى ئالىملىرى قۇرئان كەرىمدىن ۋە ھەدىستىن، قانۇن دەستۇر ھېسابلىنىدىغان، ھەرقانداق قانۇنچى ئۆز قانۇنىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ تۈزىدىغان ۋە ھەرقانداق ھۆكۈم قىلغۇچى ئۆز ھۆكمىنى ئۇنىڭغا قاراپ قىلىدىغان بىر ئومۇمىي قانۇن تۈزۈپ چىقتى.

---

[1] سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىدىغان بۇ قانۇن ـ پرىنسىپلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ، ئىنسانلار مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە ھەر زامان ۋە ھەر يەرگە تەتبىقلاشقا يارايدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

## كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىشنى توسۇشقا قارىتا مەخسۇس پرىنسىپلار

بۇ پرىنسىپلارنى قانۇن ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «زەرەر ئۇرۇش يوق ۋە زەرەر ئۇرۇشۇش يوق» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن تۈزگەن. بۇ پرىنسىپلار بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئىسلام قانۇنىدا ”زىيان يوقىتىلىدۇ“.

بۇنىڭ مىساللىرى: زېمىن شېرىكى يەنى ئۆيۋاخ شېرىكىنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بار. يەنە بىرى: كىشىنىڭ مېلىنى يوقاتقۇچى تۆلەپ بېرىش لازىم. يەنە بىرى: كېسەللەردىن ساقلىنىش ۋە داۋالىنىش لازىم. دېگەنلەردىن ئىبارەت.

2 ـ ”زىيان زىيان بىلەن يوقىتىلمايدۇ“. بۇنىڭ مىساللىرى: بىر كىمنىڭ يېرىنى سۇ باسقىلى قوپسا، سۇنى باشقا كىشىنىڭ يېرىگە باشلىۋېتىش ئارقىلىق ئۆز يېرىنى قوغداش توغرا ئەمەس. يەنە بىرى: كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يوقىتىش ئارقىلىق ئۆز مال ـ مۈلكىنى قوغداش توغراس ئەمەس.

3 ـ ”ئومۇمي زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن خۇسۇسي زىيان ئۆز ئۈستىگە ئېلىنىدۇ“.

بۇنىڭ مىساللىرى: خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاممىۋي يولغا يىقىلماقچى بولۇپ قىيسايغان تام ئالدىن يىقىۋېتىلىشى لازىم.

4 ـ ”وڭ زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىچىك زىياننىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ“. بۇنىڭ مىساللىرى: ئېرى بىلەن بىرگە ياشاشتا چوڭ زىيان تارتىدىغان ياكى ئېغىرچىلىققا دۇچار بولىدىغان ئايال ئېرىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ. بايلارنىڭ كەمبەغەل يېقىن تۇغقانلىرىغا خىراجەت بېرىپ تۇرۇش ۋەزىپە قىلىنىدۇ.

5 ـ ”زىياندىن ساقلىنىش بولسا پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ“. بۇنىڭ مىساللىرى: مال ئىگىسى ئۆز مېلىنى ئىشلەتكەن تەقدىردە بىراۋغا زىيىنى يېتىدىغان بولسا، ئۇ ئۆز مېلىنى ئىشلىتىشتىن مەنئىي قىلىنىدۇ.

## بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلىرىنى توسۇشقا خاس پرىنسىپلار

بۇ پرىنسىپلارنى ئالىملار الله تائالانىڭ: ﴿مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن

ھەددىدىن ئېشىپ اللە نى تىللايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى سۆزىدىن ئېلىندى. مۇشرىكلار ئۆزىنى ئاتقان باتىل مەئبۇتلارنى تىللاش بولسا، گەرچە اللە تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە شېرىككە غەزەپلىنىش تۈپەيلىدىن بولسىمۇ اللە تائالا بۇنىڭدىن مەنئىي قىلدى. چۈنكى بۇ ئىش مۇشرىكلارنىڭ اللە تائالانى ھاقارەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىلارنى توسۇش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «چېگرا ئەتراپىدىن چۆگىلىگەن كىشىنىڭ چېگرا ئىچىگە كىرىپ قېلىشى ئېھتىمال. بىلىپ قىلىڭلار! اللە تائالا مەنئىي قىلغان ئىشلار اللە تائالانىڭ چېگرىسىدۇر».

ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئالىملار بۇ پرىنسىپلارنى چىقىرىپ شۇ پرىنسىپلارنىڭ نۇرى بىلەن قانۇن تۈزدى. ئۇ پرىنسىپلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

"چەكلەنگەن ئىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى قىلىشمۇ چەكلىنىدۇ". "ۋاجىبنى تولۇقلىغان ئىشنى قىلىشمۇ ۋاجىبتۇر". "كۆپ قىلىنسا زىيانلىق بولۇدىغان ئىشنى ئاز قىلىشمۇ چەكلىنىدۇ". "بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى توسۇش، پايدا كەلتۈرۈشتىن ئەلا".

بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنى توسۇشنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىبنى قەييۇم جەۋزىي «ئىئلامۇ لمۇۋەققىئىين» دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي شەرھلەپ بۇنىڭغا 99 مىسال كەلتۈرگەن.

ئۇ كىشى سۆزلىگەن مىساللاردىن بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا بىرلا ۋاقىتتا ئايال ۋە ئۇ ئايالنىڭ ھامما ئاچىسى (دادىسىنىڭ يا ئانىسىنىڭ ئايال بىر تۇغقىنى) بىللە بولۇشنى ھارام قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر قاچان مۇشۇنداق ئىشنى قىلساڭلار، تۇغقانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلايسىلەر. شۇڭا ئۇنداق ئىككى ئايال بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا بولۇشقا ئۆزى رازى بولۇشقان تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلىشقا رۇخسەت يوق. چۈنكى بۇ ئىش تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھارام».

شۇ جۈملىدىن ئىسلام قانۇنى دۈشمەننىڭ دۈشمەن ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشنى مەنئىي قىلدى. چۈنكى، مۇنداق گۇۋاھلىق دۈشمەننىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

شۇ جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنىڭ قېشىدا ئۆزىنىڭ ئېرىدىن ياكى نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان تۇغقىنىدىن باشقا كىشىنىڭ كېچىدە قونۇپ قېلىشىنى توستى. چۈنكى، بۇ ئىش زىنانىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شۇ جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەم خېرىدار بولغان ئايال كىشىگە خېرىدار بولۇشتىن ۋە بىر ئادەم سېتىۋالماقچى بولغان نەرسىگە تۈپىلەپ خېرىدار بولۇشتىن توستى. بۇ ئىشلارمۇ كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆچ بولۇپ ۋە يامان كۆرۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

---

[1] سۈرە ئەنئام 108 ـ ئايەت.

## قىيىنچىلىقنى يوقىتىشقا تۈزۈلگەن مەخسۇس پرىنسىپلار

بۇ پرىنسىپنى ئالىملار الله تائالانىڭ: ﴿الله سىزلەرگە ئىسلام دىنىدا قىيىنچىلىق قالدۇرمىدى﴾[1]. ﴿الله سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىدۇ، خاپىلىقتا سېلىشنى ئىرادە قىلمايدۇ﴾[2]. ﴿الله ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتلەردىن ئېلىندى. بۇ ئايەتلەردىن ئالىملار چىقارغان پرىنسىپلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ "جاپا تارتىلىدىغان ئەھۋالدا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش يولغا قويۇلىدۇ". بۇنىڭ مىساللىرى: مۇسۇلمان ئادەم رامىزاندا سەپەرگە چىقسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا ئىسلام شەرىئىتى روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى. (سەپەردىن كەلگەندە، كېسەلدىن ساقايغاندا بىر كۈنگە بىر كۈن قازاسىنى تۇتسا بولىدۇ). شۇنىڭدەك سەپەردە نامازنى قىسقارتىپ (تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت) ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئاجىز ياكى كېسەل ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن ۋە يول خەتىرى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ھەج قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىكار قىلىۋەتتى.

2 ـ "قىيىنچىلىق يۈزىسىدىن شەرىئەتتە بەزى بەلگىلىمىلەر ئەمەلدىن قالىدۇ". بۇنىڭ مىساللىرى: ئايال كىشىنىڭ ئەركىشى تەكشۈرۈشكە بولمايدىغان ئەيىب ۋە كېسەللىرىنى خاس ئايال كىشى تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە ئايال كىشىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.

3 ـ چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ قىلىنىشقا رۇخسەت قىلىنىشتا ئېھتىياج زۆرۈرىيەت ئورنىغا قويۇلىدۇ.

بۇ مىساللىرى مۇئامىلە توختاملىرىدا ۋە تىجارەت شىركەتلىرىدە كۆپ بولىدۇ. سودا ـ سېتىق توختاملىرى ياكى تەسەررۇپلاردىن بىرەر تۈرلۈكىنى قىلىش خەلقلەرگە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىغا، ئەگەر ئۇ مەنئىي قىلىنسا خەلقلەرگە قىيىنچىلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا راست دەلىل ۋە پاكىت تېپىلسا، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغۇچىلىك مىقداردا شۇ ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

## زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا چەكلەنگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلىنىش پرىنسىپى

بۇ پرىنسىپنى ئالىملار الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[4] دېگەن ئايىتىدىن ئالغان.

---

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئايەتتە اللە تائالا تۆت نەرسىنى يېيىشنى هارام قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتتە بىر كىم ئاچ قېلىپ يېگىلى بىر نەرسە بولماي ئۆلۈپ قالغىدەك هالەتكە چۈشسە ، قاننى يا تاپىنى ياكى چوشقا گۆشىنى ياكى ئەرۋاهنىڭ نامى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ گۆشىنى يەنى قانداقلىكى بىر هارام نەرسىنى ئۆلۈمدىن ساقلانغۇدەك مىقتاردا يېسە، گۇناھ يوق دېدى.

بۇ پرىنسىپ يەنە سۈرە نەهلىنىڭ 106 ـ ئايىتىدىكى اللە تائالانىڭ: ﴿كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەهكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن سۆزىدىن ئېلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىندىن يېنىشقا مەجبۇر قىلىنىپ ئۆلۈمگە ياكى ئېغىر زەخىملىنىشكە دۇچار بولغان ئادەم دىنىغا قەلبىدە ئىككىلەنمىگەن هالدا تۇرۇپ ئاغزىدا دىندىن يېنىپ بېرىپ ئۆلۈمدىن ساقلىنىشقا رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭدەك ئاچلىقتىن ئۆلگىلى ئاز قالغان ئادەمنىڭ قان يېيىشى، توڭقۇز گۆشى ياكى ئۆزى ئۆلگەن هايۋاننىڭ تاپىسىنى يېيىشى، يا هاراق ئىچىشتەك ئىسلامدا مەنئىي قىلىنغان نەرسىنى ۋاقىتلىق يېيىشى رۇخسەت قىلىندى.

بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى هۆكۈملەر چىقىرىلىدۇ:

1 ـ زۆرۈرىيەت ئۆز مىقدارى توختىتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆلۈمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا كىشىنىڭ نەرسىسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولسا يېسە بولىدۇ. (هارام ئەمەس) لېكىن بازار باهاسى بويىچە پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما زۆرۈرىيەت دەپ باهانە قىلىپ مەنئىي قىلىنغان ئىشنى داملاشتۇرۇپ قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. زۆرۈرىيەتنىڭ مەجبۇرلۇق هالىتى يوقالغان هامان چەكلىمە ئەسلىگە كېلىدۇ.

2 ـ مەجبۇرلۇق كىشىنىڭ هەققىنى بىكار قىلمايدۇ. شۇڭا ئاچلىقتىن ئۆلگىلى ئاز قالغان ئادەم باشقا ئادەمنىڭ نەرسىسىنى يېگەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

## ئىنساننىڭ ئەسلىدە جاۋابكار ئەمەسلىكىگە خاس پرىنسىپلار

بۇنى ئالىملار اللە تائالانىڭ: ﴿اللە زېمىندىكى هەممە نەرسىنى سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتتى﴾ دېگەن ئايىتىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئانىدىن تۇغۇلغان هەر بىر بالا هەققانى دىننى قوبۇل قىلىش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئاتا ـ ئانا ئۇنى يولدىن چىقىرىدۇ» دېگەن سۆزىدىن چىقارغان.

بۇ ئايەت ۋە هەدىستىن ئالىملار چىقارغان پرىنسىپلار: ”هەر نەرسىدە رۇخسەت ئەسلىدۇر“. ”ئىنساننىڭ جاۋابكار بولماسلىقى ئەسلىدۇر“ دېگەنلەردىن ئىبارەت. مەزكۇر پرىنسىپلار ئىسلام قانۇنى ئاساسلانغان بەزى پرىنسىپلار بولۇپ ئىنساپى بار ئادەم بۇ پرىنسىپلارنىڭ هېچبىر ئادىل قانۇن پرىنسىپىگە زىت ئەمەسلىكىگە شەك قىلمايدۇ.

## ئىسلام شەرئىتى ھەرقانداق جەمئىيەتكە يېتەرلىك ۋە مۇناسىپتۇر

ئىسلام شەرئىتى ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق ئېھتىياجىنى كەم قىلىپ قويمىدى ۋە ھەر قانداق بىر مەنپەئەتكە يا ئادالەتكە توسالغۇ بولمىدى. ئەكسىچە ئىسلام شەرئىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن مەنپەئەتلىرىگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى ئىسلام دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ئۇنىڭ بايراقلىرى شەرقتىن جوڭگۇغىچە، غەربتىن ئىسپانىيىگىچە جىنسى، ئورپ ـ ئادىتى ۋە دىنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ شەرىئەت قانۇنى بىلەن تەرتىپ ئىنتىزامغا سالغان. مۇسۇلمانلار شۇنچە ئەسىرلەردىن بىرى ئەسىردە باشقىلارنىڭ قانۇن پرىنسىپىدىن بىرەر قانۇندىن پايدىلانغانلىقىنى تارىخ بىزگە تېخى سۆزلەپ باقمىدى.

بەلكى الله تائالا مۇسۇلمانلارغا قايسى بىر شەھەر يا مەملىكەتنى ئېلىشقا غەلبە بەرسە، ئىسلام ئالىملىرى شۇ يەرگە قانۇن تۈزۈش ئۈچۈن ئىجتىھاد ۋە ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. شۇڭا ئىسلام شەرئىتى مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە باشقا كىم بولسۇن ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق ئېھتىياجىغا يېتەرسىز كېلىپ قالمىدى. ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئۇيغۇن كەلمەي قالمىدى. بەلكى شۇلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئادالىتى ۋە كەڭلىكى سايىسىدە شاد خۇرام ياشىدى. شۇ زاماندا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن شەرىئەت قانۇنلىرى ئادالەت ئاساسلىرىدىن نۇرغۇن تەرەپلىرىدە بۈگۈنكى مەدەنىيەتتىن ئېشىپ كەتكەن ۋە مەدەنىيلەشكەن جەمئىيەت تەلەپ قىلغان پرىنسىپلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭغا، ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغان قانۇن ئالىملىرى ئىقرار قىلماقتا.

تۆۋەندىكىلەر ئاشۇ ئالىملارنىڭ بەرگەن بەزى گۇۋاھلىقلىرىدۇر:

”سانتىلانا“ ئىسىملىك ئالىم مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام ئىلمىدە پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتەرلىك قانۇن باردۇر. ئىسلامدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي يول پرىنسىپلارغا يېتەرلىك ئىلمى بار“.

مىسىر قازىسى پىروفېسسور مۇھەممەد سادىق پەھمى ”ئىسپات“ ئىسىملىق بىر رىسالە يازدى، ئۇنىڭ تارماق بابلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شەرىئەت ئالىملىرى قارارلاشتۇرغان پرىنسىپلاردۇر. بۇ رىسالىنى فىرانسىيەنىڭ ئىمتىھان ھەيئىتى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ھەممىنى توغرا دەپ قارار قىلدى. مۇھەممەد سادىقنىڭ ”ھوقۇق ئىلمى“ دىكى ئۇستازى ”لىپى ئولمان“ ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر رىسالىسىگە بىر مۇقەددىمە يېزىپ باشقا ”تاج“ ئورنىدا قوندۇردى. ”لىپى ئولمان“ يازغان مۇقەددىمىسىدە شۇنداق دېدى: ”پىروفېسسور مۇھەممەد سادىقنىڭ يازغان كىتابىنى ھازىرقى ئىلمىي قانۇن مەجمۇئەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلار قاتارىغا قوشۇشقا تېگىشلىك. بەلكى ھازىرقى ئويغانغان ئەسىردىكى قانۇنلارنىڭ بېشى بولۇشى لازىم. شۇڭا ئىسلام شەرئىتىنى مۇئامىلىلەردە ھازىرقى زامان قانۇنلىرىنىڭ جانلىق مەنبەسى ۋە ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىكى ھەققانىيەتنىڭ تۈتقۇسى قىلىش لازىم“

ھارفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە مۇئەللىمى بولغان ئامېرىكىلىق تەكشۈرگۈچى ھوكەنجى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى، دېگەن تېما ھەققىدە «ئالەم سىياسىيىتىنىڭ روھى» دېگەن كىتابلىرىدا بىر ماقالە يازدى. بۇ كىتاب 1932 - يىلى بېسىلغان. ئۇ ئالىم ماقالىسىدە ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئاساسى ۋە ئىسلامدىكى تۆت مەزھەپ توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: "ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ يولى، شەخسىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى، قانۇن ۋە ئىلاھىي تۈزۈم توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىشكە دىنىنىڭ ھەققى يوق، دەپ دەۋا قىلىدىغان غەربلىكلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى قوللىنىش بىلەن ئەمەس. بۇ دەۋا خاتا. چوقۇمكى، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش ۋە راۋاجلىنىش مەنبەسىنى دىنىدىن تېپىشى لازىم. بەزى چاغلاردا كىشىلەر ئىسلامنىڭ تۈزۈم قانۇنى يېڭى پىكىرلەرنى تۇغدۇرۇشقا، مۇستەقىل ھۆكۈملەرنى ۋە ھازىرقى زامان ھاياتى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئاساسلارنى كۆرسىتىپ بېرىشكە كۈچى يېتەمدۇ؟ دەپ سورايدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋاب شۇكى، ئىسلام قانۇن تۈزىمىدە ئىلگىرىلەش، راۋاجلىنىشنىڭ ئىچكى تەييارلىقىنىڭ ھەممىسى بار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىسلام قانۇنى پەيدىن - پەي تەرەققىي قىلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكى بىر - بىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان كۆپ قانۇنلاردىن ئارتۇقتۇر. قىيىنچىلىق ئىسلام شەرىئىتىدە ئىلگىرىلەش، راۋاجلىنىش ۋاستىلىرى يوقلۇقىدا ئەمەس. بەلكى پەقەت ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشقا قىزىقماسلىقتىدۇر. مەن ئىسلام شەرىئىتىنى تەرەققىي قىلىش ۋە ئىلگىرىلەش پرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ بەرگەن باھايىمدا راستچىل بولغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن".

پروفېسسور ئالىم "ئەزىكو ئەنسابا توھىن" مۇنداق دەيدۇ:

"ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاشكارا ھاجەتلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ماسلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە، يوقىلىپ كەتمەستىن بارغانسىرى تەرەققىي قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئىسلام ئۆزىنىڭ ھايات كۈچى ۋە ماسلىشىش كۈچىنى كامىل ساقلىغان ھالدا داۋام قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئالەمگە ئەڭ مۇستەھكەم ۋە مۇقىم قانۇن پرىنسىپلارنى يولغا قويۇپ بەردى. ئىسلامنىڭ قانۇن سىياسەتلىرى نۇرغۇن تەپسىلىي مەسىلىلەردە ياۋروپا قانۇن پرىنسىپلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ".

1932 - يىلى "لاھاي" بىرلەشمە قانۇن تۈزۈش دۆلەت قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىشىچە: "ئىسلام دىنى قانۇن سېلىشتۇرما مەنبەلىرىدىن بىر مەنبەدۇر. شۇڭا سېلىشتۇرما قانۇننىڭ مەنبەلىرى تۆت بولدى. (فرانسىيە قانۇنلىرى، گېرمانىيە قانۇنلىرى، ئەنگلىيە قانۇنلىرى ۋە ئىسلام قانۇنلىرىدىن ئىبارەت)".

يۇقىرىقى دۇنيا قانۇن ئالىملىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى قانۇنى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىرىنىڭ بەزى قىسمىدۇر. سۆزنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قىسقارتىپ بايان قىلدۇق. مۇسۇلمان مىللەتلەر بارلىق مەسىلىلەردە مۇشۇ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ئۇنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشقا قايتسا، ھېچ زىيان يوق. چۈنكى، ئىسلام قانۇنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر مەملىكەتتىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قانۇن بولۇشقا يارايدىغانلىقى تەجرىبە ۋە دەلىل - پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

ئىسلام شەرىئىتى بولسا، اللہ تائالا ئۆزى كۆرسىتىپ بەرگەن قانۇندۇر ۋە يولدۇر. اللہ تائالا سۈرە مائىدەنىڭ 50 ـ ئايىتىدە: ﴿ئىشىنىدىغان جامائەلەر ئۈچۈن اللہ دىن ياخشىراق ھۆكۈم قىلغۇچى بارمۇ؟﴾ دېدى.

شۇڭا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەر قايسى دىن ئالىملىرىنىڭ، قانۇن ئالىملىرىنىڭ ۋە ئىقتىساد ئالىملىرىنىڭ ياخشىلىرىدىن تاللانغان بىر ئىلمىي ھەيئەت تەشكىللىشى ۋە ئۇ ھەيئەتنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئانغا ۋە توغرا دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسكە مۇۋاپىق قانۇن قارار قىلىپ ھۆكۈمەتكە سۇنۇشى لازىم. بۇ ھەيئەت ئاما خەلق مەنپەئەتى ئۆلچەم قىلىنىدىغان خەلق مۇئامىلىسى ئىشلىرىنىڭ قۇرئاندا، ھەدىستە كۆرسىتىلمىگەن قىسمىدا مۇجتەھىدلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق ھۆكۈملىرىگە قوشۇلۇشى لازىم.

## ئىسلامدىكى خەلىپىلىك (ئومۇمىي ئىسلام دۆلىتى رەئىسلىكى) مەسىلىسى

ئىسلامدا خەلىپىلىك، ئىماملىق ۋە ئەمىرلىك دېگەن سۆزلەر بىر مەنىدە: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئورۇنباسار بولۇپ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ئىشلىرى ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا رەئىسلىك قىلىش مەنىسىدە).

بۇ ۋەزىپىگە مەسئۇل بولغان ئادەم ''خەلىپە'' ياكى ''ئىمام'' دېيىلىدۇ.

ئىمام دېيىلىشتىكى سەۋەب ھەممە كىشىلەرنىڭ ئەگىشىشى ۋە تەۋە بولۇشى جەھەتتە نامازنىڭ ئىمامىغا ئوخشىغانلىقىدىندۇر. خەلىپە دېيىلىشتىكى سەۋەب پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىزباسار بولۇش مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا مۇتلەق قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلىپىلىك بولسا، ئومۇمىي خەلقنى ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىغا ۋاستە بولىدىغان دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى شەرىئەت ئالدىدا ئاخىرەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇنيا ئىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. خەلىپىلىك بولسا ماھىيەتتە دىننى ئاسراش ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى دىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پىلانلىق باشقۇرۇشتا شەرىئەت ئىگىسىگە ئورۇنباسار بولۇشتىن ئىبارەت.

## خەلىپىنى كىملەر سايلايدۇ ۋە كىملەر ئېلىپ تاشلايدۇ؟

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىلەن ماڭغۇچىلار شۇنداق قاراشتا بىرلىككە كەلدىكى، خەلىپە تىكلەش پەرز كۇپايە[1]. خەلىپىنى سايلاشقا

[1] پەرز كۇپايە دېگەن، بىر ئىشنى بىر بۆلۈك ئادەملەر ئادا قىلسا، شۇ ئىشنى قىلىش قالغانلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزدۇر.

دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭىشىپ قارارلاشتۇرۇش ۋە ھەل قىلىشقا قابىلىيەتلىك بولغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يەنى يۇرت باشلىقلىرى، ئىسلام يولىنى بىلىدىغان، مىللەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى، ھەق ـ ناھەقنى ھۆكۈم قىلىپ ئايرىش ئىشلىرىنى ۋە ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى بىلىدىغان ئالىملار جاۋابكار. ئىسلام ھۆكۈمىتىدە خەلىپىلىكنىڭ ئورنى قانۇنىي دۆلەتلەردىكى ئالىي دۆلەت رەئىسىنىڭ ئورنى بىلەن باراۋەردۇر. خەلىپە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى مىللەتنىڭ پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن قولىغا ئالىدۇ. خەلىپە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ساقلاشتا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە قاراپ خالىس خىزمەت قىلىشى، دۆلەتكە ۋە خەلققە خائىنلىق قىلماسلىققا يۆلىنىدۇ.

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى شۇنى قارار قىلدىكى، خەلىپەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىك سەۋەب تېپىلغاندا مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. خەلىپەنى يېقىتىشتا چوڭ بۇزۇلۇش ئېھتىمالى بولسا، زىيىنى يەڭگىللەرەك بولغان تەرەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. قانۇنى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالىي رەئىسلىكى بىلەن خەلىپىلىكنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ خەلىپىلىك دىن ئىشلىرى ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىدىغان خىزمەتتۇر.

## خەلىپە بولۇشتا تۇتقۇ قىلىنىدىغان شەرتلەر

خەلىپىلىككە سايلىنىدىغان كىشى توغرىسىدا ئالىملار بىر قانچە شەرتلەرنى كۆرسەتتى. بىز بۇ يەردە ئەبۇلھەسەن ماۋەردى دېگەن ئالىمنىڭ ”سۇلتانغا (باش رەئىسقا) مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر“ دېگەن كىتابىدا كۆرسەتكەن شەرتلىرىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز.

مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىي رەئىس بولۇشنىڭ يەتتە تۈرلۈك شەرتى بار:

1 ـ پۈتۈن شەرتلىرى تولۇق بولغان ئادىل كىشى بولۇش.

2 ـ يېڭىدىن يۈزبەرگەن ھادىسە ۋە ھۆكۈملەرنى شەرىئەت روھىغا تەتبىقلاپ ئويلاپ كۆرۈپ ھەل قىلالىغۇدەك ئىلىملىك بولۇش.

3 ـ كۆزى، قۇلىقى، تىلى ـ بىۋاستە كۆرەلەيدىغان، ئاڭلايدىغان، راۋان سۆزلەيدىغان دەرىجىدە ساغلام بولۇش.

4 ـ پۈتۈن ئەزالىرى تېز ئولتۇرۇپ قوپۇپ ۋە تېز ھەرىكەت قىلالىغۇدەك ساق بولۇش.

5 ـ مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئىدارە قىلالىغۇدەك ۋە خەلق مەنپەئەتىنى پىلان قىلىپ خىزمەت قىلالىغۇدەك ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇش.

6 ـ شىجائەتلىك، قورقماس، ئۆتكۈر پىكىرلىك ۋە قەتئىي ئىرادىلىك بولۇپ يۇرت ئىستىقلالىنى ساقلاشتا دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتا قەتئىي تۇرىدىغان بولۇش.

7 ـ قۇرەيش نەسلىدىن بولۇش.

ئەبۇلھەسەن ماۋەردى دېگەن ئالىمنىڭ ئېيتقانلىرى بۇلاردىن ئىبارەت. ماۋەردىنىڭ 7 ـ شەرتىگە كۆپىنچە ئالىملار قوشۇلمايدۇ. چۈنكى خەلىپە قۇرەيشتىن بولىدۇ، دېگەن سۆزنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپتىقانلىقى ئىشەنچلىك ئەمەس. ھەم بۇ سۆز، ئىسلامدا نەسەب ئەۋلاد ئېتىبارسىز ئەقىدە بىلەن ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنىدۇ، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشەنچلىك ھەدىسلەرگە زىتتۇر.

ئىسلامدا تەرەپبازلىق ئەيىبلىنىدۇ. خەلىپەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلغان زامانلاردا قۇرەيشتىن بولۇشىنىڭ شەرت قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ چاغدا قۇرەيش قەبىلىسىدىن باشقىلارنىڭ ھىمايىچىسى ئاز. باشقا قەبىلىدىكىلەر خەلىپە بولسا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان ۋە پۈتۈن خەلق بىردەك ئەتراپىغا ئۇيۇشمايدىغان شارائىت بولغاچقا خەلىپەنىڭ قۇرەيشتىن بولۇشى شۇ زامانغا خاس شەرت ئىدى. چۈنكى خەلىپە نوپۇزلۇق ۋە ئىناۋەتلىك جامائەدىن بولۇشى كېرەك. شۇڭا قۇرەيشتىن بولۇشى دائىملىق شەرت ئەمەس.

## خەلىپىلىك بىلەن پاپالىقنىڭ پەرقى

ياۋروپالىق يازغۇچىلاردىن كۆپ كىشىلەر خەلىپىلىك مەسىلىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئۇنى پاپالىققا ئوخشاتتى. ئەمەلىيەتتە خەلىپىلىك پاپالىققا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىرەر تەرەپتىمۇ بىرلەشمەيدۇ. چۈنكى پاپانى "كەردىنال مەزھەبىدىكىلەر" ئۆز ئىچىدىن تاللايدۇ. كەردىناللىق بولسا پاپالىقتىن قالسا كەھنۇتلىقنىڭ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئۈستۈنراقى ھېسابلىنىدۇ. خەلقنىڭ پاپا سايلاش ھوقۇقى يوق.

ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەرگە رەئىس بولغان ئادەم ئادەتتىكى بىر ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى دۆلەت ئىشلىرنى قارار قىلىدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان پارلامېنت ئەزالىرى سايلايدۇ. ئەگەر خەلىپە ئۆز خىزمىتىدە قۇرئان ۋە ھەدىس يولىدىن چەتنەپ كەتسە، پارلامېنت ۋەكىللىرى ئۇنى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ باشقىسىنى سايلايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىق تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق» دېگەن. شۇڭا ئىسلام قانۇنى بىلەن ئىش قىلمىغان پادىشاھلارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

پاپا بولغان ئادەم ئۆزى بىلگىنىچە قارار قىلىدۇ. قارارنى ئۆزى بۇزىدۇ. خالىسا ئۆزى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئۆزى خالىغان كىشىنى ھەقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. باشقىلاردىن ھەم پىكىر قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام خەلىپىسىنىڭ قولىدا مۇنداق ھوقۇقلار يوق. ئۇ پەقەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىدۇ.

مۇقەددەس كىتابنى تەپسىر قىلىش پەقەتلا پاپاغا خاس.

ئىسلام دىنى بولسا، قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىش پەزىلىتىنى خەلىپىگىلا خاس قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە خەلىپە بىلەن باشقا ئىلىم ـ چۈشەنچە تەلەپ قىلغۇچىلار باراۋەر ئورۇندا. كىمنىڭ ئەقلى سۆزۈك ۋە مەسىلىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلىشى كۆپ بولسا، شۇ كىشى خەلىپىدىنمۇ ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ.

## خەلىپىنىڭ ئۈممەتكە قارىتا ئادا قىلىش لازىم بولغان ۋەزىپىلىرى

ئىسلام چاقىرىقىنى ھەممە يەرگە كەڭ يېيىش ۋە ئادىللىق ئۆلچەملىرىنى ئىجرا قىلىش، دىنىنى چەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىدىن ۋە بىدئەتتىن (ئىچكى بۇزۇلۇشتىن) قوغداش، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئوچۇق كۆرستىلمىگەن مەسىلىلەرنى كېڭەش ۋە مەسلىھەت يىغىنى ئارقىلىق ھەل قىلىش قاتارلىقلار خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

خەلىپە ئۆز ۋەزىپىسى تەرىپىدىن جاۋابكار بولىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن ھەرقانداق كىشى ”خەلىپە خاتا قىلدى“ دەپ قارىغان ئىش توغرۇلۇق خەلىپىگە بىۋاستە پىكىر بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. پارلامېنت ۋەكىللىرى خەلىپەدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «دۆلەت رەئىسى پادىچىدۇر (يەنى پادىچىغا ئوخشاش). پادىچى ئۆز پادىلىرىغا مەسئۇلدۇر».

اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: ﴿اللّٰه سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىسىگە ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. خەلق ئارىسىدا بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلماقچى بولساڭلار ئەدلى بىلەن (ئىككى تەرەپنى باراۋەر كۆرۈش بىلەن) ھۆكۈم قىلىشىڭلارغا بۇيرۇيدۇ﴾[1].

ئاسىراش ۋە تېگىشلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇش لازىم بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئامانەتتۇر. شۇڭا ئومۇمىي خەلققە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىمۇ رەئىسنىڭ گەدىنىدىكى ئامانەتتۇر. ئۇنى ئۆز جايىغا تاپشۇرۇش (ھوقۇقىنى توغرا، ئادىل يۈرگۈزىشى) لازىم. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىمۇ رەئىسكە ئامانەت. ئۇنى ئۆز يولىغا (دىنغا، دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق ئورۇنلارغا) خەجلىشى لازىم. شەخسىي پۇخرانىڭ ۋە جامائەت (تەشكىل) لەرنىڭ ئىسلام يولىغا قويغان ھوقۇقلىرىمۇ رەئىسكە ئامانەت. رەئىس ئۇلارنىڭ ئۇ ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئوچۇق كۆرستىلگەن ئادالەت بولسا، اللّٰه تائالا چۈشۈرگەن ھۆكۈم بويىچە ھۆكۈم قىلىش، ھەرقانداق ھەقنى ئۆز جايىدا ۋە ئۆز ۋاقتىدا ھەق ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىسلامدا باي بولۇش ياكى يۇز ئابرۇي تېپىش غەرىزى بىلەن ”مەن ھۆكۈمەتكە خادىم بولاي“ دەپ تەلەپ قىلغان كىشىگە خىزمەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىزمەت تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئادەمگە: «بىز بۇ خىزمەتنى، تەلەپ قىلغان كىشىگە ياكى ھېرىسمەن كىشىگە بەرمەيمىز» دېگەن ئىدى.

## ئىسلامدا ئەۋۋەلقى خەلىپە قانداق تاللانغان؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممىتىنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئوچۇق كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆزى قىلىدىغان بىر ھالەتتە قويۇپ ۋاپات قىلدى. ھەتتا چوڭ ساھابىلاردىن پالانى ماڭا ئىزباسار بولىدۇ، دەپ بەلگىلەپ

[1] سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت.

بەرمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز تاۋابىئاتىمۇ بىخەۋەر قالغان ھالدا تۇيۇقسىز ۋاپات قىلغان ئىدى. بەزى كىشىلەر ئۆز دىنىدىن ئېزىپ كېتىشكىمۇ تاس قالدى. شۇنداق بىرخەتەرلىك پەيتتە ئەبۇ بەكرى سىددىق دەرھال مۇنبەرگە چىقىپ ئۈممەتكە خىتاب قىلىپ: ئى خالايىق! كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، مۇھەممەد ۋاپات بولدى. كىمكى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، اللە تائالا دائىم تىرىك ۋە ھەرگىز ئۆلمەيدۇ (ئىككىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق)، دېدى. ئاندىن كېيىن اللە تائالانىڭ: ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللە غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اللە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن ساھابىلار ئەقلى ھوشىنى تېپىپ توغرا پىكرنى ئەسلىگە كەلتۈرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھوجرىسىدا يېپىپ قويۇپ مەلۇم بىر ساھابىنىڭ ھويلىسىغا توپلاشتى. خەلىپە تەيىنلەش ئۈچۈن مەسلىھەتلەشتى. بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ئەبۇ بەكرىنى خەلىپە قىلىش پىكرىدە ئورتاقلاشتى. ھەممە كىشى ئەبۇ بەكرىگە ئاۋاز بېرىپ بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق سۆز قىلدى: "ئى خالايىق! مەن سىلەرگە خەلىپە بولۇپ سايلاندىم، مەن سىلەردىن ياخشىراق كىشى ئەمەس ئىدىم. سىلەرگە ياخشى ئىش قىلسام ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر خاتا كەتسەم رۇسلاپ قويۇڭلار! راستلىق ئىشەنچلىك بولغانلىقتۇر. يالغانچىلىق خىيانەت قىلغانلىقتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئاجىز (ئېتىبارسىز) كىشى مەن ئۇنىڭ كىشىدىكى ھەققىنى ئېلىپ بېرىپ بولغۇچە مېنىڭ ئالدىمدا كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتلىكتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتلىك ئادەم ئۇنىڭدىن كىشىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىپ بولغۇچە مېنىڭ ئالدىمدا ئاجىزدۇر. ئىنشا ئاللاھ! مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم جىھادنى تاشلىمىسۇن، قايسى بىر مىللەت جىھادنى تاشلىسا ئۇ مىللەتنى اللە تائالا خار (مەھكۇم) قىلىۋېتىدۇ. مەن اللە تائالاغا ۋە اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغىنىم داۋامىدا، سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار! ئەگەر مەن اللە غا ئاسىي بولسام سىلەرنىڭ ماڭا ئىتائەت قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. ئورنىڭلاردىن تۇرۇپ نامازغا بېرىڭلار! اللە سىلەرگە رەھىم قىلسۇن".

ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئىگىسىدىن مۇسۇلمانلار قولىغا ئاڭلانغان بىرىنچى قېتىملىق سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنى ئويلاپ كۆرگەن كىشى، بۇ سۆزدە دېمۇكراتىيە ئۇسۇلىنىڭ كەمتۈكسىز ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ھالبۇكى ئۇتكەنكى مىللەتلەردە ياكى شۇ زاماندا بولۇپمۇ ئەرەب مىللەتلىرىدە دېمۇكراتىيە دېگەن نەرسە نەدە ئىدى؟

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

كىم رەئىس بولۇشقا تېگىشلىك دېگەن مەسىلىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلار توپلىشىپ كېڭىشىپ سايلاش ئۇسۇلى بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپە سايلانغانلىقى ۋە ئۇ، سايلانغاندىن كېيىن پۈتۈن خەلق بىر ـ بىرلەپ بەيئەت قىلغانلىقى شۇنى ئېلان قىلىدۇكى، ئىسلامدا ھوقۇق مۇسۇلمانلار جامائىتىدىدۇر. ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولسا خەلقنىڭ خادىمىدۇر. خەلىپە بولىدىغان كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەيىنلەپ بەرمەسلىكى بولسا، باشلىق تەيىنلەش ھوقۇقى كۆپچىلىك جامائەتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تەكىتلەيدۇ.

ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئۆز سۆزىدە ”ياخشى ئىش قىلسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار! خاتالىشىپ كەتسەم رۇستلاپ قويۇڭلار“ دېگەن سۆزى مىللەت خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ھەققى بارلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرىدۇ. مىللەت ياخشى سايلايدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ. خاتالاشقۇچى باشلىقنى تۈزىتىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

ئەبۇ بەكرىنىڭ: ”مەن اللە غا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغىنىم داۋامىدا ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار! ئەگەر مەن اللە غا ئاسىي بولسام سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار“ دېگەن سۆزى، ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقەررەر قانۇن ئىگىسى ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تەرىقىدە ئېلان قىلىشتۇر. ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنى قۇرئان بىلەن ھەدىستۇر. ئەبۇ بەكرى نۇرغۇنلىغان گۇۋاھلار ئالدىدا بۇنى قەيت قىلىپ ئۆتتى. ھەتتا شۇنى ئوچۇق سۆزلىدىكى، ھۆكۈمەت ئەگەر قانۇننى توغرا ئىجرا قىلمىسا ئۈممەتنىڭ ھۆكۈمەتنى رەت قىلىش ھەققى بار. بۇ تاپشۇرۇقلار توغرا دېمۇكراتىيەنىڭ مۇقىم ئاساسلىرىدۇر. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز ئىسلامدىكى ئەۋۋەلقى خەلىپەنىڭ دېمۇكراتىيىسىدىن بىر مىسال. ئەگەر سۆزىمىز ئۇزىراپ كەتمىسە ئىدى، ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خۇلەپائۇرراشىدىن (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئىزباسارلارز يەنى ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار) ھەققىدە نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولاتتۇق.

# يىگىرمىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈم

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: سەرمايەدارلىق (كاپىتالىستىك) ئىقتىساد، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك (سوتسىيالىستىك) ئىقتىساد. ئىسلامدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئىقرار قىلىشى، سەرمايىنىڭ ئاشقان قىسمىنى تىزگىنلەش، بۇنىڭ يوللىرىنىڭ زاكات بېرىش ۋە مىراس بېرىش تۈزۈمى ئىكەنلىكى، ۋەسىيەت قىلىش، ئولجا غەنىمەتتىن بىر قىسمىنى موھتاجلارغا بېرىش، مالنى (ئالتۇن - كۈمۈشنى) چىقىم قىلماي بېسىۋېلىشنى مەنئىي قىلىش، ئاممىنىڭ ۋە شەخسنىڭ مال مۈلكىنى ئاسراش، بۇنىڭ يوللىرىنىڭ ئەقلىسىز ئادەملەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويماسلىق (بۇزۇپ - چېچىشىدىن توسۇش)، يېتىم بالىلارغا ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى قولغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناپ بېقىش، نىسىي سودا پۇلىنى ۋە گۆرەگە قويۇلغانلارنى خاتىرىگە يېزىش ياكى ھۆججەتلىشىش، ئۆسۈمگە قەرز بېرىشنى مەنئى قىلىش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى يولسىزلىق بىلەن يەپ كېتىشنى مەنئى قىلىش، قىمارنى مەنئىي قىلىش، ئېلىم - سېتىمدا، ئۆتنە مۇئامىلىدە، تارازىدا، كىلو ۋە كەمچىدە زىيادە قىلىپ ساختا قىلىشنى مەنئى قىلىش، پۇل - مالنى ئورۇنسىز چىقىم قىلىپ ئىسراپ قىلىشنى تەنقىد قىلىش ۋە كەمبەغەل - موھتاجلارغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۇنيادا ئىقتىسادى كىرزى باش ئورۇندا تۇرماقتا. چۈنكى ئۇ بۈگۈن پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئالدىغا سېلىۋالغان چوڭ مەسىلە. غەربنىڭ ماددىي تەرەققىياتى بىر تەرەپتىن دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىگە مۇقىمسىزلىق ھالەت پەيدا قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوخشاشمىغان قاتلاملار ئارىسىدا تالاش - تارتىش پەيدا قىلماقتا.

غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى يېڭى ۋەزىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلالمىغانلىق سەۋەبىدىن كۆپ مۈشكىللەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇ مۈشكىللەر بولسا، ئىشچىلار بىلەن سەرمايىدارلار ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ھەل قىلىنمىغۇچە ئىجتىمائىي ھاياتلىقتا ھەرگىزمۇ تىنچلىق بولمايدۇ.

مۇشۇنداق ھالەتتە تىنچلىقنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئامىل ئىسلامنىڭ قولىدىدۇر. چۈنكى، ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىساد تۈزۈمى ئىشچىلار بىلەن ئىش ئىگىلىرىنى كېلىشتۈرەلەيدۇ ۋە تىنچلىقنىڭ ئومۇملىشى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈش تەلەپ قىلىنغان ئىسلاھاتنى تەقدىم قىلالايدۇ.

ئىسلام ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ باشقا تۈزۈملەردە تېپىلمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئۆتىمىز. لېكىن بىز ئىسلام ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن سەرمايەدارلىق

(كاپىتالىستىك) ۋە ئۇمۇمىي مۇلۇكلۈك (سوتسىيالىستىك) ئىككى خىل ئىقتىسادىي تۈزۈمگە بىر نەزەر تاشلىماي تۇرالمايمىز.

## سەرمايىدارلىق (كاپىتالىستىك) ئىقتىسادىي تۈزۈم

سەرمايىدارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈم بولسا، ھەر بىر شەخس ئۆزى خالىغان تىجارەت ياكى سانائەت، يا باشقا ئىشلارنى قىلىپ باي بولۇشتا ئەركىن بولۇش ۋە ئۆزى خالىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز خالىغان مىقداردا كۆپىنىڭ يېتىشچە ئىشلەپ چىقىرىش ۋە باشقىلار بىلەن چەكسىز ئەركىن مۇئامىلە قىلىشنى ئاساسىغا قۇرۇلغان.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سەرمايىدارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈم بولسا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەك ئۇچۇقلۇق سىياسىتىگە مەركەزلىشىدۇ.

سەرمايىدىچىلىق ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ توغرا بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئاساسقا يۆلەنمەي بولمايدۇ.

1 ـ شەخسىي مەنپەئەت ئاساسىي نىشاندۇر. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئىشلەشكە تۈرتكى بولىدىغان شەخسىي مەنپەئەتتۇر. ئەگەر شەخسىي مەنپەئەت بولمىسا ھېچبىر ئادەم ئىشلىمەيدۇ.

2 ـ بەسلىشىشنى (رىقابەتلىشىشنى) ۋاستە قىلىش. چۈنكى ئىنسان ئەقلى ۋە ھۇشيارلىقىغا ئەگىشىپ مېڭىشتىن بەكرەك خۇيى ئادىتىگە ئەگىشىپ ماڭىدۇ. شۇڭا ئىشلەشنىڭ جاپاسىنى يېڭىش ئۈچۈن ئادەم بىلەن رىقابەتلەشكۈچى بولۇشى لازىم.

3 ـ ئەركىن بولۇش شەرت. چۈنكى ئەركىنلىك بولمىسا، رىقابەتلىشىش روھىي بولمايدۇ. قىزغىنلىق يوقىلىدۇ. شەخسىي مەنپەئەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئەگەر خەلقلەر شەرتسىز ئىقتىسادىي ئەركىنلىكتىن ئىبارەت بولغان مۇھىتقا قويۇۋېتىلسە، بولۇپمۇ قول بىلەن ئىشلەش ئورنىغا ماشىنىلاشقان ھالەتتە مۇتلەق ئەركىن قويۇۋېتىلسە، نۇرغۇن چوڭ ئىقتىسادىي مۇشكۇللۇك تۇغۇلىدۇ.

ئۇنىڭ بىرسى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ھاجەتتىن تاشقىرى كۆپ ئىشلىنىپ بازارلاردا بېسىلىپ قېلىشى ۋە باھانىڭ چۈشۈپ كېتىشى كېلىپ چىقىدۇ.

يەنە بىرى، زاۋۇت، فابرىكا ۋە كارخانىلارنىڭ تاقىلىشى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ھالدا ئادەتتە ئىشچىلار ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىغا خەجلىگى پۇل تاپالماسلىق ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. زاۋۇتلارنى چاقىدۇ. ئوت قويىدۇ. سەرمايىدارلار ۋە بايلارغا ھالاكەت يۈزلەندۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى بايلاردىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

## ئۇمۇمىي مۈلكچىلىق (سوتسىيالىستىك) ئىقتىسادىي تۈزۈم

بايلار بىلەن ئىشچىلار زىددىيىتىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئېغىر كەسكىن ۋەزىيەتتە ئىشچىلارغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئورنىدىن قوپۇپ سەرمايىدارلىق تۈزۈمىگە ھۇجۇم باشلاپ ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرىنى پاش قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدا ئېيتقان سۆزلىرىدىن بىر قىسمى شۇ بولدىكى، "ئىقتىسادتا شەخسىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى، ئاخىرى پۈتۈن بايلىق ئازسانلىقنىڭ قولىغا يىغىلىپ بېسىلىشقا ۋە كۆپچىلىك خەلقنى ئاز سانلىقنىڭ بويسۇندۇرۇشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا باشلاپ بارماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك سەرمايە كەمبەغەللەرگە خاپىلىق ۋە زۇلۇم كەلتۈرمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن بازار تالىشىش ئاخىرى مەھسۇلات كۈچلىرىنى ئىسراپ قىلىشقا ۋە پايدا شېرىكلىرىنى يوقسۇللاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا رىقابەتلەشكۈچىلەرنىڭ قوراللىرىنىڭ باراۋەر ئەمەسلىكىمۇ رىقابەتلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىدۇر. شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي ئەركىنلىك باشباشتاقلىقتىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. چۈنكى باشباشتاقلىق ھەر شەخسنى قانداق تۇردىكى ۋە قانچە كۆپ سانائەت ماللىرىنى ئىشلەپ چىقىرىشتا ئەركىن قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچىلارنىڭ ياردەمچىلىرى (پۈرولىتارلار پارتىيىسى) ئىقتىسادنى ئومۇمىلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىدا قويدى. ۋە مۇنداق ئاساستا قۇرۇپ چىقتى:

1 ـ شەخسلەرنىڭ چوڭ سەرمايە ۋە كەڭ زېمىن ئىگىلىكىنى بىكار قىلىش. ئۇنى ئامما خەلق مەنپەئەتىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن دۆلەتكە تاپشۇرۇش. شەخسلەر بولسا، دۆلەتكە ئىشچى بولۇپ ئىشلەش. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىگە قاراپ ھەق ئېلىش.

2 ـ تۇرمۇشقا سەرپ قىلىپ، تۈگىتىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى شەخسلەرگە ھاجىتىگە چۇشلۇق تەقسىم قىلىپ بېرىش.

3 ـ ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانىنى ۋە تۈرىنى ئامما خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا چۇشلۇق ئىشلەش بىلەن چەكلەش پرىنسىپىنى ئورنۇتۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يۇقىرىقىدەك قىلىنسا شەخسلەر ئارىسىدا پەرق تۈگەيدۇ. جەمئىيەتتىكى يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىلەر تۈگەيدۇ ۋە شەخسلەر باراۋەر بولىدۇ. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار يوقىلىدۇ. بايلار بىلەن يوقسۇللار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك، قىزغانچۇقلىقلار يوقىلىدۇ. دۇنيادا قېرىنداشلىق، ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە تىنچلىق بىلەن ياشاشلا قالىدۇ.

## ئىسلام خۇسۇسىي ئىگىلىكنى توغرا دەپ قارايدۇ

ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈملەر ئارىسىدا ئىسلامنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى تەڭدىشى يوق دەرىجىدە توغرا ۋە ياخشىدۇر. چۈنكى سەرمايىدارلىقنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئىسلامدا بار. ئەمما ئۇنىڭ ناچار تەرەپلىرى ئىسلامدا يوق. ماركسىزىمچە بولغان ئومۇمىي

مۈلۈكچىلىكنىڭمۇ ئەۋزەللىكلىرى ھەم ئىسلامدا بار. ئەمما ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرى ئىسلامدا يوق.

ئىسلامنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىقتىسادىي تۈزۈمى خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت. لېكىن ئىسلام خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ئۆز ئىزىدا ئەركىن قويۇۋەتمەيدۇ. ئىسلام دىنى خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يامان تەرەپلەردىن قۇتقۇزۇش مەقسەت قىلىنغان بىر قانچە شەرتلەرگە باغلانغان ئەھۋال ئاستىدا مۇقەررەر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، سەرمايىدارلىق (كاپىتالىزملىق) تۈزۈمىگە مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن ئوخشاشمايدۇ.

1 ـ ئىسلام بايلىقنىڭ ئاز ساندىكىلەر قولىغا توپلىنىپ بېسىلىپ يېتىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئىقتىسادنى ئوتتۇراھال ياكى ئاز ھالدا سەرماي قىلىشقا قوشۇلىدۇ. بۇنى بىز ”سەرمايىدارلىقنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى يەڭگىللىتىش“ دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

2 ـ ئىسلام ئوتتۇرىدا قويغان ئىقتىسادىي قانۇن بولسا، ئاممىنىڭ ۋە شەخسىينىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

3 ـ ئىسلام كەمبەغەل تەبىقىلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ئاساسىي ئىبادەتلەر قاتارىدا كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندە بۇ تەرەپلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەيمىز:

## سەرمايىدارلىقنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش

ئىسلام بايلىق ئىگىلىرىگە ئۆز بايلىقنىڭ بىر بۆلۈكىنى كەمبەغەللەر مەنپەئەتىگە خەجلەپ بېرىشىنى قەتئىي بۇيرۇش بىلەن سەرمايەدارلىقنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. بۇ بىر بۆلۈك ئىقتىسادقا ”زاكات“ دېگەن ئىسىم بېرىلدى. ئىسلام دىنى زاكاتنى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە قويغان تۆلەملىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئادا قىلمىسا بولمايدىغان بىر ۋەزىپە قىلغانىدەك، ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسەتتى.

زاكات شەخسلەر ئۆزلىرى ئىگە بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، نەخ پۇل، تىجارەت مېلى، تېرىلغۇ مەھسۇلات ۋە يايلاق چارۋىلىرى قاتارلىقلاردىن شۇ شەخسنىڭ يىللىق زۆرۈر تۇرمۇش چىقىمىدىن ئاشقان قىسمىدىن ھەر يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ يوقسۇل ۋە ئاجىز مېيىپلىرىغا تارقىتىلىدۇ.

زاكاتنىڭ مىقدارى، ئالتۇن كۈمۈش، نەخ، پۇل ۋە تىجارەت ماللىرىدىن يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت، چىقىمسىز سۇغۇرۇلغان زىرائەت مەھسۇلاتىدىن يۈزدە ئون پىرسەنت ئېلىنىدىغان بولۇپ، زاكات دەپ ئايرىلغان نەرسىنى ھاجەتمەنلەرگە، ماكانسىزلارغا، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلارغا، قۇللۇققا تۇتۇلغانلارغا ۋە دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى قىلغۇچىلارنىڭ چىقىملىرىغا بېرىلىدۇ.

## مىراس بېرىش تۈزۈمى

بايلىقنىڭ ئازسانلىق بايلارنىڭ قولىغا توپلىنىشىپ قېلىشىنى مەنئىي قىلىپ ئىنسانلار قاتلاملىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى چەكلىك دائىرىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام مىراس بېرىش قانۇنىنى بەلگىلەپ بەردى.

ئىسلامنىڭ مىراس بېرىش قانۇنى ۋاپات بولغان كىشىنىڭ بايلىقىنى مۇمكىن قەدەر كۆپ ئەۋلادقا تەقسىم قىلىشقا ۋە ئىقتىساد بىلەن پايدىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ياردەم قىلغۇچى قانۇندۇر. چۈنكى ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مىراستا ھەققى بار. بۇ ھەرگىزمۇ ئەنگىلىيە قانۇنىغا ئوخشىمايدۇ. ئەنگىلىيە قانۇنىدا دادىنىڭ مىراسى بىرلا چوڭ ئوغلىغا يالغۇز بېرىلىپ، ئىقتىسادنى ئائىلە ئىچىدىن بىرلا ئادەم بېسىپ ئالىدۇ.

ئىسلامدىكى مىراس بېرىش پرىنسىپى بولسا، مىراس ئالغۇچىغا بالا ـ قازا بولسۇن ئۈچۈن ئەمەس، نېمەت بولسۇن ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. شۇڭا مىراس قالدۇرغۇچى (ۋاپات بولغۇچى) نىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىقتىسادىدىن كۆپرەك قەرزى بولسا، ئۇنى مىراسخور ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام دىنى بۈگۈنكى بەزى يېڭى قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ. ھەم ۋاپات بولغۇچى بەزى مىراسخورغا مىراس بەرمەسلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس (مەن ئۆلگەندىن كېيىن پالانىغا مىراس بەرمەڭلار دېيەلمەيدۇ). شەرىئەت بەلگىلىگەن مىراسنى ھەر كىم تولۇق ئالىدۇ. مىراس قالدۇرۇش مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ خالىغى بويىچە بولمايدۇ. ھەركىم شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە مىراس تەقسىم قىلىشقا مەجبۇردۇر.

ئىسلام قانۇنى مىراس ئالغۇچىلارنى ئىككى خىلغا بۆلدى. بىرىنچى خىلى بالىلار، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئاياللاردۇر. ئىككىنچى خىلى ئوغۇل ۋە قىز بىر تۇغقانلاردۇر. بىرىنچى خىلدىكىلەر بىۋاستە مىراس ئالغۇچىلاردۇر. ئەمما ئىككىنچى خىلدىكىلەر بولسا، بىرىنچى تەبىقىدىن ھېچكىم بولمىغاندا ياكى كۆپرەك بولمىغاندا مىراس ئالىدىغانلاردۇر. ئىككى خىلدىكىلەرنىڭ ھەرقايسىسى يەنە بىر قانچە تۈرلۈككە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئوغۇللىرى بولمىسا، ئوغلىنىڭ بالىلىرى ئۇ ئوغلىنىڭ ئورنىدا مىراس ئالىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا، چوڭ ئانا ۋە چوڭ دادىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىدا مىراس ئالىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئوغۇل ۋە قىز بىر تۇغقانلىرى بولمىغاندا، دادا تەرەپتىن بولغان تاغىلار ۋە قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى مىراس ئالىدۇ. شۇ يول بىلەن ئىسلام ۋاپات بولغان مۇسۇلمان بايىنىڭ بايلىقىنى كۆپ كىشىگە تەقسىم قىلىدۇ. فرانسىيەلىك پروفېسسور دوكتور ”جوستاف لوبون“ ئۆزىنىڭ ”ئەرەب تەرەققىياتى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: ”قۇرئان ئوچۇق سۆزلىگەن مىراس پرىنسىپلىرى ئادىللىق ۋە ئىنساپنىڭ چوڭ تەرىپىدىدۇر“ ئۇ يەنە داۋام قىلىپ: ”ئىسلام قانۇنى مۇسۇلمانلار ياخشىلىق بىلەن بىللە ياشىمايدۇ، دەپ گۇمان قىلىنغان ئاياللارغا مىراس ئېلىش ھەققىنى بېرىدۇ. مۇنداق ھەق بېرىشنى بىزنىڭ قانۇنىمىزدا تاپالمايمىز“ دېگەن. ئىسلام قانۇنى ئېرى ۋاپات بولغان ئاياللارغا مىراس نىسبىتىنى تەيىن قىلىپ، ئۆلگەن ئەرنىڭ بالىسى بولسا، ئايالى پۈتۈن

مۇلۇكىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ. ئەرنىڭ پەقەت بالىسى بولمىسا، ئايالى مۇلۇكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

مىراس ھەقدە تەپسىلىي سۆزلەيدىغان ئايەتلەر بۇلاردۇر: ﴿الله بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇچاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ ( ئاتا - ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا -ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار الله تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا -ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ الله تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾[1].

---

[1] سۈرە نىسا 11 ــ 12 - ئايەتلەر.

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «الله ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ (يەنى مىراسنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)، ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرەكىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ، ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»﴾[1].

سەن ئەگەر ئىسلامنىڭ خۇسۇسىي مۈلكنى ھۆرمەت قىلىشتىكى ۋە مىراس توغرىلىق ئومۇمىي قائىدە بەلگىلىشىدىكى ھېكمىتىنى (پەلسەپىسىنى) ئويلاپ كۆرسەڭ، شۇنى تونۇۋالايسەنكى، مۇشۇ ئۇسۇل ئىقتىساد ئىگىلىرىنى ئىقتىسادنى تېخىمۇ كۈپەيتىشكە ۋە مەھسۇلات ئاشۇرۇشقا قىزىقتۇرىدىغان چوڭ تۈرتكە بولىدۇ. مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھوشيار تۇرۇشقا ۋە ئىقتىساد كۆپەيتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشقا چاقىرىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئۇسۇل مال ـ مۈلۈكنى بۇزۇپ چېچىشتىن ساقلايدۇ.

چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچىنى ۋە ئەقلىي پىكرىنى ئىشلىتىپ مىڭ جاپا بىلەن تاپقان ئىقتىسادنىڭ ئاخىرى دۆلەتكە كېتىدىغانلىقىنى، بالىچاقىسى بىۋاستە سەرپ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتسە، ئۇ ئىنساندا ئىقتىسادنى ئاسراپ يىغىشقا ۋە ئاياپ ساقلاشقا سەۋەب بولىدىغان بىر تۈرتكە بولمايدۇ.

(خۇسۇسىي ئىگىلىك ھۆرمەت قىلىنسا، كىشىلەر تاپقان دۇنياسىنى بالا ـ چاقىسىغا قالدۇرالىسا، بار كۈچى بىلەن باي بولۇشقا تىرىشىدۇ. مەھسۇلاتىنى ئاشۇرىدۇ. بار نەرسە ھەركىمگە ئەسقاتىدۇ).

شۇنىڭ ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ شەخسىي ئىگىلىكنى يوقاتقاندىن كېيىن ئىقتىسادتا چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. رۇسىيە ھۆكۈمىتى، خەلقلەر ئۆزىنىڭ كۈندىلىك زۆرۈر ئېھتىياجىنى ھەل قىلالىسا ئىشلەشكە قىزىقمايدىغان، ھورۇنلىشىپ ئۇخلايدىغان، ئادەملەر قىلغان ئەمگىكىگە چۈشلۇق دارامەت ئېلىپ ھەممە كىشى باراۋەر ھايات كەچۈرىدىغان بولغاندا يەڭگىل ئىشلارنى قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى. شۇڭا روسلار بۇ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ 1936 ـ يىلى كىچىك خۇسۇسىي ئىگىلىككە يول قويىدىغان قانۇن چىقاردى. ”ھەر كىم كۈچىگە لايىق ئىشلەش ۋە ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ھەق ئېلىش“ دېگەن مەشھۇر قائىدىنى ئۆزگەرتىپ: ”ھەركىم كۈچىگە چۈشلۇق ئىشلەش، ئەمگىكىگە لايىق ھەق ئېلىش ۋە ئىشلىمىگەنلەرنىڭ نان يېيىش ھەققى يوق“ دېگەن قانۇننى چىقاردى. (خۇسۇسىي ئىگىلىككە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى)

---

[1] سۈرە نىسا 176 ـ ئايەت.

## ۋەسىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك چېگرىسى

بـايلىقنىڭ ئازسـانلىق شەخسـلەرنىڭ قولىغـا توپلـىنىپ قېلىشـىنىڭ يامـانلىقىنى ئـازايتىش ئۈچـۈن ئىسـلامدا بىرجـانلىق ئـامىل بـار. ئـۇ بولسـىمۇ ۋەسـىيەتتۇر. ھـەر بىـر مۇسۇلمان ئـادەمنىڭ ئـۆز ئىقتىسـادىنىڭ مـەلۇم قىسـمىنى كەمبەغەللەرگـە بېرىشكە ۋە ئامما ئومومىي خەلىققە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارغا خەجلەشكە ۋەسىيەت قىلىش ھەققى بار.

قۇرئـان كـەرىم ۋەسـىيەتنى جـايىدا ئـادا قىلىشـنىڭ لازىملىقىـدا ئۇنـى قـەرز قاتارىغا تىـزىپ ئىسلام قانۇنىدا ئۇنىڭغا ئۈستۈن ئورۇن بەردى. مېيىتنىڭ مىراسىنى تەقسىم قىلماي تۇرۇپ قەرزىنى بېرىش لازىم بولغانىدەك ۋەسىيەتمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ.

(مېيىتنىـڭ قالغـان مـال ـ مۈلكىنىـڭ ھەممىسـى كەتسـىمۇ قـەرزى بېرىلىدۇ. لېكىـن ۋەسىيەتكە مـال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىـن بىرقىسمى يېتىشچە بېرىلىدۇ. قالغان ئىككى قىسمى مىراس ئۈچۈن تەقسىم قىلىنىدۇ)

شۇڭا الله تائالا يۇقىرىقى مىراس ئايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(بـۇ تەقسـىمات) مېيىتنىـڭ ۋەسـىيىتى ئورۇنلانغـان ياكـى قـەرزى تـۆلىنىپ بولغـاندىن كېيىـن ئېلىـپ بېرىلىدۇ﴾.

لېكىـن ئىسـلام دىـنى ۋەسـىيەتنى مۇتلـەق قىلمىـدى. بـەلكى مىراسخورىغا (مىراسـتىن تاشـقىرى) بىـر نەرسە بېرىشكە ۋەسـىيەت قىلىشـنى مـەنئى قىلـدى. چۈنكـى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىراس ئـالغۇچى ئۈچۈن ۋەسـىيەت قىلىش يوق» دېگەن. مۇنداق بولۇشى بىـر ئـادەم ئىككـى تەرەپـتىن نەسـىبە ئالمىسۇن (ھـەم مىراسـتىن، ھـەم ۋەسـىيەتتىن نەسـىبە ئالمىسۇن)، دېگەنلىكتۇر.

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى ۋەسىيەتنى قالغان بايلىقنىڭ ئۈچتىـن بىرىدىن زىيادە بولۇشـنى مـەنئى قىلدى. مال ـ مۈلۈكنىڭ قالغان ئىككى قىسمىنى مىراس قىلىپ تەقسىم قىلىشنى مەجبۇرىيەت قىلدى. ئىسلام بۈگۈنكى بەزى مەدەنىي قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ. ئـۇ قـانۇنلار مـەيلى مىراسخورغا بولسۇن، مـەيلى باشقا ئادەمگـە بولسـۇن مـال ـ مۈلۈكنىـڭ ھـەممىنى ۋەسـىيەت قىلىـپ بېرىۋېتىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. ھەتتاكى ئىت، مۈشۈك ۋە باشقا ھايۋانلار ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، دەيدۇ. ئىسلام قانۇنى بۇنداق قىلىشقا قارشى بولـۇپ ئـۇ مىـراس ھەسسىسـىنى كـەڭ تەقسـىم قىلىشقا بۇيـرۇيدۇ. شـۇڭا مېيىتنىـڭ يېقىـن تۇغقانلىرىغا مەجبۇرىي ھالدا پەرقلىق بولغان ھەسسىلەرنى بېرىدۇ. بايلىق ئىگىسىگە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈچتىـن بىـرىدىن كۆپرەك ۋەسـىيەت قىلىشقا يـول قويمـايدۇ. بۇنـداق قىلىشى ئىقتىسادىي تەڭشىلىشنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر.

## كەمبەغەللەرنىڭ ئولجا، غەنىمەتتىن ئالىدىغان نەسىۋىسى

سەرمايە (كاپىتال) نىڭ چېكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم جەڭ باشلىقلىرىنى ۋە جەڭچىلەرنى ئالغان ئولجا ـ غەنىمەتلەردە مىللەت ئېھتىياجىنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىدىن ئۈستۈن قويۇشقا ۋە مىللىي مەنپەئەتنى كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئۈچۈن ۋە ئاجىز ۋە

جەڭگە قاتنىشالمايدىغان بىچارىلەرنى شېرىك قىلىشقا چاقىردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر﴾[1].

الله تائالانىڭ: ﴿غەنىمەتتىن بەشتىن بىرى الله غا . . . خاستۇر﴾ دېگەن سۆزى دۇنيا ئەللىرىنى ئىسلامغا چاقىرىش ۋە ئىسلام ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك دىنغا پايدىلىق ئىشلارغا ۋە الله رازى بولىدىغان ئىشلارغا خەجلەش كېرەك دېمەكتۇر. الله تائالانىڭ: ﴿غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى . . . پەيغەمبەرگە . . . خاستۇر﴾ دېگەن سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئۈممەتنىڭ رەھبىرى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغاچقا كەسىپ قىلىشقا ۋاقتى يەتمىگەچكە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا چۈشلۇق خىراجەت بېرىش كېرەك، دېمەكتۇر. بۇ خىراجەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا، چېگرا مۇستەھكەملەشكە ۋە شەرئەت ئىلىملىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئالىملارنىڭ تۇرمۇشىغا سەرپ قىلىنىدۇ.

يېتىم، مىسكىن، مۇساپىرلەر ۋە ئاجىز بىچارىلەر تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەڭگە قاتنىشالمايدۇ. لېكىن الله تائالا ئۇلارنىڭ غەنىمەتتىن مەھرۇم قېلىشىغا يول قويمىدى. ئۇلارغىمۇ ئۇلۇم دېڭىزىغا چۆمگەن جەڭچىلەر بىلەن بىر قاتاردا غەنىمەتتىن ھەسسە بەردى. شۇڭا غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى مەزكۇرلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. قالغان تۆت ھەسسىسى جەڭچىلەرگە، نەتىجىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىناتتى. بۇ تەقسىمات بولسا ئۇرۇش قىلىپ تارتىۋېلىنغان غەنىمەتكە قارىتاردۇر. ئەمما ئۇرۇشسىز قولغا چۈشكەن ئولجىغا كەلسەك، بۇ ئولجىدىن پەقەت بىر ھەسسىلا جەڭچىلەردىن باشقىلارغا ئەمەس بەلكى ھەممىسى باشقىلارغا تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇپ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەستىلىكى ئۈچۈن، الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى﴾[2].

مۇنداق تەقسىم قىلىشقا سەۋەب كۆرسىتىپ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرۈيدىغان مال بولۇپ قالمىسۇن، دېدى﴾. دېمەك، بۇ ھەممىسى غەنىمەت ئېلىپ تۇرىدىغان باي جەڭچىلەرگە خاس بولۇپ، باشقىلارغا تەگمەي قالمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

(1) سۈرە ئەنفال 41 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت.

# ئىقتىسادنى يىغىپ بېسىپ يېتىشنى مەنئى قىلىش

ئىقتىسادنى بېسىپ كۆمۈپ ساقلاشنى ئىسلام هارام قىلدى. چۈنكى ئۇنداق قىلىنسا جەمئىيەتنىڭ ئېهتىياجى، مىللەتنىڭ بايلىقنى كۆپەيتىش ۋە ۋەتەنىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولغان ھەرخىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋە كىرىم مەنبەلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشقا سېلىش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش توسۇلۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئىقتىسادنى بېسىپ يېتىشنى ۋە كۆمۈپ ساقلاشنى هارام قىلدى. ئالتۇن كۈمۈش ۋە پۇل ـ مالنى يۈرۈشتۈرمەي بېسىپ ياتقۇچىلارنى الله تائالا قورقىتىپ ئۇلارنىڭ زاپاس ساقلىغان ماللىرى ئاخىرەتتە ئوت بولۇپ ئۇلارنىڭ جىسىملىرىنى كۆيدۈرىدۇ ۋە ئەزالىرىنى يەيدۇ، دېگەن مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئى مۆمىنلەر! هبىرلەر ۋە راهىبلەر (يەهۇدىي ۋە ناسارا ئالىملىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن هارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[1] ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان چەكلەش بولسا، مال ـ مۈلكلەرنى ئامبارغا قاچىلاپ ساقلاش ۋە ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەسلىكتۇر.

ئىقتىسادنى يىغىپ بېسىپ ياتقان ئادەم مال ـ مۈلكتىن ھەر يىلى بىر قېتىم قىرقتىن بىرىنى ئايرىپ كەمبەغەللەرگە بېرىش لازىملىقىنى بىلسە، يىللار ئۆتۈش بىلەن زاكات ئىقتىسادنى تۈگىتىۋاتمىسۇن دەپ ئىقتىسادنى تىجارەت ئارقىلىق كۆپەيتىشكە تىرىشىدۇ.

ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقى شەخسلەرنىڭ توپلاشقان بايلىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە شۇنىمۇ تونۇپ يېتىمىزكى، بايلار ئۆز ئىقتىسادىنى ساندۇقلىرىدا توشلىتىپ قويماي ئاممىغا پايدىلىق يەرلەرگە ماڭدۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

ئەگەر چوڭ بايلار بايلىقنى بېسىپ يېتىشىدا داۋام قىلىپ تۇرىۋالسا، ئىسلام هۆكۈمىتى ئۇ بايلىقنى تارتىپ ئېلىپ ئەسلىنى ئىگىسى ئۈچۈن ساقلاپ قالغان، پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىسىگە ۋە قالغان قىسمىنى پايدا تاپقۇچى بولغان تىجارەتچىگە بېرىش شەرتى بىلەن تىجارەت قىلغۇچىغا بېرىدۇ. تىجارەتتە زىيان كۆرۈلگەن ۋاقىتتا ئەگەر ئامما خەلقنىڭ مەنپەئەتى تەلەپ قىلسا، زىياننى مال ئىگىسى كۆتىرىدۇ.

ئىسلامنىڭ نىشانى جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنى ھەددىدىن ئاشقان بىسىمدار باي بولۇۋېلىشتىن ساقلاش ۋە هاجەتمەن تەبىقىنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن كىچىك

---

(1) سۈرە تەۋبە 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر.

ئىگىلىك تۈزۈمىنى پەيدا قىلىشتۇر. لېكىن بۇنىڭغا قارىماي ئىسلام كىچىك ئىگىلىكلەرنى ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي ئۆلچەم بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈپ مەقسەتلىك ھالدا ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىدى.

بىز بۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئاشكارا كۆرۈۋالايمىز:

## ئۈممەت (ئومۇمىي مىللەت) نىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئاسراش

ئەقىلسىزلەرنى ئىقتىساد باشقۇرۇشتىن چەكلەش.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار﴾[1]

ئەخمەقلەر بولسا ئۆز ئىقتىسادىنى نا توغرا خەجلەپ بۇزۇپ چاچىدىغانلار بولۇپ يا ئەخلاقسىز، يا ئەقلى كام، يا پىلانى يوق ئادەملەردۇر.

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى ئەخمەقلەرنىڭ قولىنى ئۆز ماللىرىنى قالايمىقان سەرپ قىلىشقا ئەركىن قويۇۋېتىشتىن توستى. بۇ ئايەتتە ئەقىلسىزلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراپ بېرىشكە ۋە بۇزۇپ چېچىشىدىن ساقلاشقا مۇسۇلمانلارنى قوزغىتىدىغان مۇنداق كامىل ئىككى تۈرلۈك ئىشارەت بار:

1 ـ ئىشارەت. الله تائالانىڭ: ﴿ماللىرىڭلارنى﴾ دېگەن سۆزىدە بولۇپ ئەخمەقلەرگە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بەرمەڭلار دېمەستىن ماللىرىڭلارنى بەرمەڭلار، دېدى. سەۋەب: مۇسۇلمانلار ئەقىلسىزلارنىڭ ماللىرىنى پۈتۈن مىللەتنىڭ مېلى، ئۇنى ئاسراش لازىم ۋە ئەقىلسىزلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماسلىق لازىم ئىكەنلىكىگە نەزەر سالسۇن. چۈنكى ئەخمەقلەرگە مال ـ مۈلۈك تۇتقۇزۇپ قويۇلسا، ئۇلار ئاز كۈندە بۇزۇپ تۈگىتىپ، كەمبەغەل بولۇپ جەمئىيەتكە ۋە شەخسلەرگە خەتەرلىك يۈك بولىدۇ. شۇڭا بىر ـ بىرىگە مەسئۇل بولغان ھالدا تۈپلىشىپ ياشاش بولسا، ئەقىلسىزلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى ھېسابلاپ ھەممە كىشىدىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2 ـ ئىشارەت. الله تائالانىڭ: ﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان﴾ دېگەن سۆزىدىدۇر. چۈنكى پۇل ـ مال دېگەن ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ ئۇل ـ ئاساسىدۇر. ئەقىلسىزلارنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى زايا قىلىشى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنىڭ ئاساسىنى بۇزغانلىقتۇر. ئەقىلسىز مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ئۇنى كېرەكسىز يەرلەرگە خەجلەپ تۈگەتسە ۋە بۇزۇپ چاچسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن مىللەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ چاچقان، ھاياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھاياتىنى يوقسىزلىك خەتىرىگە دۇچار قىلغان، ھېسابلىنىدۇ. خۇسۇسەن كۈنىمىزدە كۆرگىنىمىزدەك باشقا دۆلەتلەرگە زىيارەت قىلىپ بېرىپ ئۇ يەردە پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قىمارلارغا، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ھاراق ـ شارابقا خەجلەپ پۇلنى بۇزۇپ مال ـ

---

[1] سۈرە نىسا 5 ـ ئايەت.

مۈلۈك ياتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى شۇ يوقسۇللۇق خەتىرىگە گىرىپتار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇل كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئادەملەرنىڭ تەسەررۇپىلىرىغا چەكلىمە قويۇش ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا چۇشلۇق بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مەسئۇل كىشىلەرگە يەتكۈزۈش لازىم. بىرەر كىشىنىڭمۇ بۇ مال ـ مۈلۈك مېنىڭ، مەن ئۇنى خالىغىنىمچە ئىشلىتىمەن دېيىش ھەققى يوقتۇر. چۈنكى، مال ـ مۈلك پۈتۈن ئۇممەتنىڭ مال ـ مۈلكىدۇر. ئۇلار ئۇ مالنى توغرا شەكىلدە توغرا يولغا ئىشلىتىش بىلەن پايدىلىنىدۇ. شۇڭا بىرەر كىشى بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ ئىسراپچىلىق قىلسا، يا ئورۇنسىز يەرلەرگە خىراجەت قىلسا، ياكى بېسىپ يېتىۋالسا، ئۇنىڭ تەسەررۇپىلىرىغا چەكلىمە قويۇلىدۇ.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، كۆنىمىزدە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بۇ تەلىماتنىڭ قارىشىغا ئىش قىلىدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ياكى كۆپ قىسمىنىڭ ئەقىلسىزلارنىڭ قوللىرى بىلەن پايدىسىز يەرلەرگە خەجلىنىپ بۇزۇپ چېچىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىرەرمۇ كۆزەتچى يوقلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى خەجلەشتە ئۇلارغا چەكلىمە قويۇلمىغانلىقىنى كۆرۈمىز.

## يېتىم باللارغا مال ـ مۈلۈكلىرىنى قوللىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ بېقىش

مال ـ مۈلۈكنىڭ توغرا ۋە ياخشى بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىلىپ بۇزۇلۇپ چېچىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى يېتىملەرگە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ بېقىشقا بۇيرۇدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يەۋالماڭلار.(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن)كىمكى باي ئىكەن(ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن)يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، اللّٰه ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴾[1] يەنى يېتىملەرنى تەربىيىسىگە ئالغان ئى ئادەملەر! تەربىيىڭلاردا بولغان يېتىملەرنى بالاغەت يېشىغا يەتكەنگە قەدەر بەزى كىچىك سودا ـ سېتىقلار بىلەن سىناپ كۆرۈڭلار. ئەگەر ئۇلاردا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇلارغا بېرىڭلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولسۇن. ئەگەر ئۇلاردا

---

[1] سۈرە نىسا 6 ـ ئايەت.

بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەت بايقالمىسا، ئۇلارغا ماللىرى تاپشۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

ئاندىن الله تائالا يېتىملەرنى تەربىيەسىگە ئالغان كىشىلەرنى يېتىملەرنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ چېچىپ يەۋېلىشتىن توستى. چۈنكى، يېتىملار چوڭ بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ يېتىملەرگە بېرىدىغان ماللىرىنى بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا خىتاپ قىلىپ ئەگەر ئۇلار يېتىملەرنىڭ مېلىغا ئېھتىياجى يوق باي كىشىلەر بولسا، يېتىمنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ھەق ھېسابلاپ يېتىملەرنىڭ ماللىرىدىن بىر نەرسە ئېلىشتىن ئۆزلىرىنى ساقلىسۇن، ئۇلار بۇ ئىشلىرىدا ئىنسانپەر ۋە مەرت بولسۇن، دەپ بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇلار ھەق ئېلىشقا موھتاج بولۇپ قالسا، ئۆرپ - ئادەت بويىچە نورمال ھەق ئالسۇن، ئىنساپتىن چىقىپ كەتمىسۇن، دېدى. ئاندىن كېيىن الله تائالا يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى قولىغا بېرىش ۋاقتىدا بىر قانچە كىشىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى، مۇنداق قىلغاندا ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبى پاك كىشىلەر ئىكەنلىكى گۇۋاھچىلار ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ. ھەم يېتىملار كېيىنكى كۈنلەردە (مەن مال - مۈلكىمنى ئالمىدىم دەپ) تېنىۋالالمايدۇ. دەۋا ۋە تالاش - تارتىش ئىشلىرى يۈز بەرمەيدۇ.

## ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنى خاتىرىگە يېزىپ قويۇش

ئىقتىسادىي مۇئامىلە ۋە توختاملارنى خاتىرىلەشنىڭ پايدىسىنى يېقى ئەسىر ئوچۇق كۆرسەتتى. چۈنكى مۇئامىلىلەر دەپتەرگە يېزىپ قويۇلسا، مۇئامىلە قىلىشقان ئىككى تەرەپ ياكى ئۇلارنىڭ مىراسخورلىرى ياكى شۇ مۇئامىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق كىشى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ھەققىنى ۋە مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى بىلەلەيدۇ.

يازمىغاندا زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ئىشلارنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ھەققە تېنىۋېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يولسىزلىق بىلەن يەپ كېتىش ئىشلىرى يۈز بېرىدۇ. مۇئامىلە قىلغۇچىلار ئارىسىدا كېيىنلەردە ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم قەرزلەرنى ۋە نېسىي ئېلىش بېرىشلارنى خاتىرىگە يېزىپ قويۇشقا، ھەم ئىككى ئەركىشىنى ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال كىشىنى گۇۋاھچى قىلىشقا ۋە شۇنىڭ بىلەن مال - مۈلۈكنىڭ زايا بولۇشىدىن ۋە تېنىۋېلىشتەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا بۇيرىدى.

ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىن قەرز ۋە نېسىي سودىدىن باشقىلىرىنىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش خاتىرىگە يېزىلىشقا تېگىشلىك، بەلكى بەزىسى قەرزدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

زېمىن ئۆيۋاخلارنى ئالغان ياكى ساتقان ئىشلار، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسىلەر ۋە بىر ئىش قىلىپ بېرىشكە قىلىنغان توختاملار ۋە باشقىلارمۇ خاتىرىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە

قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم - زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (اللہ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن (قەرزدار) پەرۋەردىگارى اللہ دىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئالغۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدبىن، ئەقىلسىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى ناھايىتىمۇ قېرى) بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۈپەيلىدىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقتىدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن. قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىشتىن ئېرىنمەڭلار. اللہ نىڭ نەزىرىدە (يەنى ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپاتلىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر)، گۇمانلانماسلىقىڭلارغا ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قولمۇ قول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆزئارا سودا قىلىشقان ۋاقىتىڭلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈكچىگىمۇ گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن: ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، اللہ نىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، اللہ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)، اللہ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. ئەگەر سىلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ خەت يازالايدىغان ئادەمنى تاپالمىساڭلار، بۇ چاغدا (قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا) گۆرۈ قويىدىغان نەرسىنى تاپشۇرساڭلار بولىدۇ؛ ئاراڭلاردا بىرىڭلار بىرىڭلارغا ئىشىنىپ ئامانەت قويسا، ئۇ چاغدا ئامانەتنى ئالغۇچى ئادەم ئامانەتنى تاپشۇرسۇن (يەنى قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىغا ئىشىنىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى گۆرۈ ئالمىسا، قەرزدار قەرزنى دېيىشكەن ۋاقتىدا قايتۇرسۇن)، (قەرزدار ئامانەتكە رىئايە قىلىشتا) پەرۋەردىگارىدىن قورقسۇن. گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەققەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. اللہ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾[1].

بۇ ئىككى ئايەتتىن ئىقتىسادىي ھەقلەرنى ئاسراش (ئېسىدە تۇتۇش) لازىملىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتىن چىقىدىغان يەتتە مەزمۇننى تۆۋەندە تەرتىب بىلەن بايان قىلىمىز.

---

[1] سۈرە بەقەرە 282 ــ 283 ـ ئايەتلەر

1 ـ مۇئەييەن ۋاقىتتا باغلانغان قەرزنى يېزىپ قويۇشنى فىرانسىيە قانۇنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇشۇ نەزەرىيەنى ئاساس قىلىپ تۇتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېچىكتۈرىلىدىغان قەرزنى يېزىپ قويۇشنى شەرت قىلدى. ياۋرۇپانىڭ باشقا قانۇنلىرىمۇ شۇ پرىنسىپنى قوللاندى.

2 ـ قەرز ھۆججىتىنى ياكى باشقا ئىقتىسادىي ھەقلەرنى ئىككى تەرەپكە ئوخشاش قارايدىغان ۋە يېزىلىدىغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەر ھەققىدىكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىلىدىغان كاتىبنىڭ يېزىپ بېرىشى لازىملىقىدۇر. ئادالەت بىلەن يېزىش ئۈچۈن كاتىبنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورپ ـ ئادەتنى بويىچە ياكى قانۇنلاردا كۆرسىتىلگەن بويىچە ھەقلەرنى ئېسىدە تۇتۇپ ئاسىراش ئۈچۈن يېزىلىدىغان ھۆججەت ئەھۋاللىرىنى بىلىدىغان بولۇشى كېرەكلىكىدە شەك يوق. بۇ ئايەتتە ئۈممەت ئىچىدە مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلارنى بىجىرىدىغان مەخسۇس كىشىلەر (ئادۋوكاتلار) بولۇشى لازىملىقىغا ئىشارەت بار.

3 ـ ھۆججەتكە يازىدىغان سۆزنى كاتىبقا سۆزلەپ بېرىشنى قەرز ئالغۇچى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بۇنىڭدىن مەقسەت قەرز بەرگۈچى ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش ۋاقتىدا قەرزدارنىڭ ئالدىدا قويۇپ تۇرۇپ ئېلىشى ۋە قەرزدارنىڭ ھۆججەتكە يېزىپ بەرگەن سۆزى ئۆزىگە دەلىل بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر قەرزدار كىشى كاتىبقا ئېيتىپ بېرەلمىسە (تىلسىز بولسا) ياكى مۇئامىلە ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بولسا، ئۇ كىشىگە قارايدىغان يېقىنى بۇ كىشىگە ۋاكالىتەن سۆزلەپ بېرىدۇ. مۇنداق قىلىشى قەرزدارغا كۆيۈنگەنلىك ۋە ئۆزىگە ئۆزى زىيان كەلتۈرۈشتىن قورقانلىقتىندۇر.

4 ـ ھۆججەت يېزىپ بولغاندىن كېيىن توغرا نىيەتلىك ۋە راست سۆزلۈك ئەرلەردىن ئاز بولغاندا ئىككى كىشىنى گۇۋاھچى قىلىپ ھۆججەتكە قول قويدۇرۇش لازىم. ئىككى ئەركىشى تېپىلمىغاندا بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال (جەمئىي ئۈچ كىشى) گۇۋاھ بولسىمۇ بولىدۇ.

گۇۋاھلىق ئىشىدا ئىككى ئايال كىشىنىڭ بىر ئەرنىڭ ئورنىدا قىلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئايال كىشىنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى ئىشىدا خاتالىشىپ قېلىشى كۆپ. مۇنداق بولۇشى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، پەقەت ئايال كىشىنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلە ئىشلىرىغا ئارىلىششى ئاز بولغانلىقتىن ۋە كۆنمىگەنلىكتىندۇر.

5 ـ قۇرئان كەرىم نىسىي تىجارەت ئىشىنى يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن ئايرىۋالدى. يەنى قىسقا مۇددەتلىك نېسىي سودىلارنى ھۆججەتكە يازماي باشقا يول بىلەن ئىسپاتلاشقا رۇخسەت قىلدى. سەۋەبى، تىجارەتتىكى سودا ـ سېتىق پۇلنى تېزلىكتە ساقايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ قويماسلىق لازىم. تىجارەت ھەم مۇئامىلىلىرى سانى ھەم تۈرى كۆپ بولغان بىر ئىش. بۇنىڭغىمۇ قەرزدەك ھۆججەتلىشىپ تۇرۇشنى شەرت قىلىۋېلىش تىجارەتتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ئالغۇچىنىڭ كەسىپ قىلىشى ۋاقتى زايا بولىدۇ، ياكى ساتقۇچى چىقىمغا ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى ئادەملەر تۈزگەن قانۇنلار مۇشۇ بويىچە ماڭماقتا.

6 ـ قۇرئان كەرىم ھەققىياتنى ئاسىراش يوللىرىدىن يەنە بىر تۈرلۈك يولنى كۆرسەتتى. ئۇ بولسا، گۆرۈگە قويۇشتۇر. مۇئامىلە قىلىشقان ئىككى كىشى سەپەر ئۈستىدە بولسا

ھۆججەت يېزىپ بەرگىلى كاتىپ تاپالمىسا، كاتىبنىڭ ۋە گۇۋاھچىنىڭ ئورنىنى گۆرۈگە قويۇش ئالىدۇ. (قەرز ئالغان ياكى نېسىي قالغان پۇلنىڭ ئورنىغا قەرزگە باراۋەر كەلگۈدەك بىرنەرسىنى ھەق ئىگىسىگە ئامانەت قويۇش كېرەك)

الله تائالانىڭ: ﴿سەپەر ئۈستۈدە بولۇپ﴾ دېگەن سۆزى ئۆز يۇرتىدا نېسىي مۇئامىلە قىلغانلار گۆرۈگە بىر نەرسە قويسا بولمايدۇ، دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۆمۈر كىيىمنى گۆرۈگە قويۇپ بىر يەھۇدىيدىن قەرز ئالغان. سەپەردە بولسۇن خاھى يۇرتتا بولسۇن كاتىب بولسۇن ـ بولمىسۇن مۇسۇلمانلار بىر نەرسىنى گۆرۈگە قويۇش مۇئامىلىسىنى داۋام قىلىدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئايەت پەقەت سەپەرنىڭ ھالىتىدەك كاتىب تېپىلىش ئاسان بولمايدىغان ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتىلغاندۇر.

7 ـ قۇرئان ھەر قانداق بىر مۇئامىلىگە گۇۋاھ بولغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلغاندا گۇۋاھلىقدىن باش تارتىشىنى ھارام قىلدى. چۈنكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتىش، كىشىنىڭ ھەققىنى كۆيدۈرۈشنى ۋە مۇئامىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنماي چىگىلىپ قېلىشىنى ۋە ھەققىياتنىڭ كېچىكىشىنى كەلتۈرىدۇ. ئاممىۋي مەنپەئەت بولسا كىشىلەرنىڭ ھەققىياتلىرىنى ئاسىراشقا ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇئامىلىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يېڭى تۈزۈم قاتارىدا ھېسابلانغان ھەققىياتنى ھۆججەتلىشىش ئىشىنى ئىسلامنىڭ مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن يولغا قويغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ دەل بۈگۈنكى ئوخشاشمىغان مەھكىمىلەردە ھەققىياتنى ھۆججەتكە بېكىتىشتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان تۈزۈمگە تامامەن ئوخشايدىغان بىر تۈزۈمنىڭ ئىسلامدا بارلىقىنى كۆرىمىز.

## جازانە (ئۆسۈم) نى ھارام قىلىش

ئىسلام جازانىنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىنسانىدىكى بىر ـ بىرىگە شەپقەت قىلىش تۇيغۇلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. دېمەك، قەرزگە ئۆسۈم ئالغۇچى ئۆزىنىڭ مىڭلارچە دوللار پۇلىغا بىر سوم قوشۇلۇشىنى چاغلىسا قەرزدارنى پۈتۈن ئىقتىسادىدىن ئايرىۋېتىشتىنمۇ ئىككىلەنمەيدۇ (ۋىجدانى ئازابلانمايدۇ).

ئىسلامنىڭ كۆز قارىشىدا ئىقتىساد ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان كىشىنىڭ قولىدا ئامانەتتۇر. ئىقتىساد ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئاما مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىش يولىدا سەرپ قىلىش ۋەزىپىسى باردۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ خەلقلەرنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان پەيتنى كۈتۈپ تۇرۇپ قەرز بېرىپ كۆپرەك ئېلىشقا يول يوق. ئىسلام دۆلىتى موھتاجلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش لازىم. چۈنكى شۇنداق قىلىش ئۆزئارا دوستلۇقنى زىيادە قىلىدۇ. بايلار پېقىرلاردىن ئىبارەت جامائەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ھەمدەمدە بولۇشىغا كېپىللىك قىلىدۇ. جازانىخورلۇق بولسا شەخسلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئىسلام دىنى جازانە يېيىشنى ئىقتىسادىي يولىدىكى گۇناھى ئېغىر بولغان يامان ئىش، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسلامنىڭ موھتاجلارغا ساداقەتلىك ياردەم قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت تەلىمگە زىت

كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله جازانە قىلىنغان مالنى يوقىتىدۇ. سەدىقە قىلىنغان ماللارنى كۆپەيتىدۇ﴾[1].

يەنە الله تائالا جازانىدىن قورقىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله ( نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار بىلىڭلاركى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر (جازانە قىلىشتىن) تەۋبە قىلساڭلار، (قەرز بەرگەن) سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزەڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر. ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتلەر جازانىنى كەسكىن ھارام قىلدى. ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئۆسۈمگە بەرگەن قەرزدىن قەپقالغىنىنى (ئۆسۈم قىسمىنى) الله تائالا بۇيرۇغاندەك تاشلىمىساڭلار، سىلەر الله غا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشۇۋاتقان ھالەتتە سىلەر، دېگەنلىكتۇر. ئاندىن الله تائالا: ﴿ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار قەرز بەرگەن ئەسلى سەرمايەڭلەر ئۆزەڭلىگە قالىدۇ﴾ دېدى. بۇ ئايەت ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى، قەرز بەرگۈچىنىڭ پەقەت ئۆزى قەرز ئۈچۈن پۇلنى، ئۇنىڭغا بىر نەرسە قوشماي ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ئېلىش ھەققى بار. ئاندىن كېيىن الله تائالا: ﴿ئەگەر قەرز ئالغۇچى قىيىنچىلىقى بار كىشى بولسا، قەرزنى ئادا قىلغۇدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولغۇچە مۆھلەت بېرىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بىلىدىغان بولساڭلار قەرزنى ئالماي قەرزدارغا سەدىقە قىلىۋاتقىنىڭلار ياخشى﴾ دېدى. بۇ ئايەتتىمۇ قىيىنچىلىق بار قەرزدارغا قەرزنى بېرەلىگۈدەك ۋاقىت كەلگۈچە پۇرسەت بېرىشكە، بەلكى قەرزداردىكى ھەققىنى قەرزدارغا سەدىقە قىلىۋېتىشكە چاقىرىش بار.

قۇرئاندا جازانىنى ھارام قىلىش توغرىسىدا يەنە مۇنداق بىر ئايەت بار: ﴿ئى مۆمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله دىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[3].

بۇ ئايەتلەر ئۆسۈمگە قەرز بېرىشنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى ۋە بۇنىڭدا قاتتىق زۇلۇم بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. جازانخور ئادەم كىشىلەرگە بەرگەن قەرزنى نەچچە ھەسسە ئاۋۇتۇپ ئالىدۇ. قەرز ئالغۇچىلارنىڭ تولىسى ئاز پايدا تۇپەيلىدىن پۈتۈن مۈلكىدىن ئايرىلىدۇ. ئۆسۈم ئاز بولسىمۇ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپىيىپ قەرز ئالغۇچى ئەسلى

[1] سۈرە بەقەرە 276 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 278 ـ 280 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە ئال ئىمران 130 ـ 132 ـ ئايەتكىچە.

قەرز ۋە ئۆسۈم سەۋەبى بىلەن كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر يۈكنى يۈدۈۋالىدۇ. قەرزنى تۆلەشكە كۈچى يەتمەيدۇ نۇرغۇن مۇشكۈللۈك ۋە زىيانغا دۇچار بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا جازانە يېگۈچىلەرنى جازانىدىن ساقلانسۇن ۋە جازانىنى تاشلىسۇن دەپ قاتتىق ئازاب بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. قۇرئان ھارام قىلغان جازانە بولسا، قەرزنى ئارقىغا تارتقانغا قارىتا قوشۇلىدىغان جازانىدۇر.

جەسساس ئىسمىلىك ئالىم ئۆزىنىڭ ”قۇرئان ھۆكۈملىرى“ ئىسىملىك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ”ئەرەبلەر تونۇيدىغان ۋە قىلىدىغان جازانە بولسا، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشقان ئۆسۈم بويىچە تەڭگىلەرنى قەرز بېرىپ، قەرزنى تۆلەش قانچە كېچىكسە شۇنچە ئۆسۈم ئارتىدىغان يول بىلەن قىلىدىغان قەرز ئېلىپ - بېرىشتىدۇر. ئەرەبلەر ئادەتلەنگەن مەشھۇر جازانە مۇشۇ خىلدا بولاتتى“.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”مەلۇمكى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندىكى جازانە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆسۈم كۆپىيىش شەرت قىلىنغان قارارلىق قەرز ئىدى. الله تائالا بۇ جازانىنى بىكار قىلىپ تاشلىدى ۋە ھارام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر قەرزگە ئۆسۈم ئېلىشتىن قايتىپ پۇشايمان قىلساڭلار، ئەسلى سەرمايەڭلا سىلەرنىڭ بولىدۇ﴾. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قەيەقالغان ئۆسۈمنى تاشلاڭلار﴾ كېچىكتۈرۈلگەن قەرزنىڭ ئۆسۈمى ئاشكارا جازانە دېيىلىدۇ.

ئىبنۇلقەييۇم مۇنداق دېدى: ”ئاشكارا جازانە قەرزنى تەخىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالىدىغان ئۆسۈمدۇر. ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە قىلىدىغان جازانە ئاشۇنداق جازانە ئىدى. مەسىلەن: ”قەرز ئارقىغا سۈرۈلگانسېرى ئۆسۈم كۆپىيىپ ھەتتا يۈز تەڭگە قەرز مىڭلارچە تەڭگە بولۇپ كېتەتتى“.

يەنە بىر تۈرلۈك جازانىخور بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بايان قىلدى. ئۇ زىيادە ئېلىپ تېگىشىش جازانىسى دېيىلىدۇ. ئۇ بولسا، بىر خىل بولغان ئىككى نەرسىنى تېگىشىشتە بىر تەرەپ زىيادىراق ئېلىپ تېگىشىش بولۇپ، بىزنىڭ زامانىمىزدا مۇنداق مۇئامىلە ئاز بولغاچقا بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمىدۇق.

(مەسىلەن ئۈرۈغلۈق دەپ 18 جىڭ بۇغداينى 20 جىڭغا تېگىشىش جازانىدۇر، ھارامدۇر باشقا نەرسىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش)

جازانىنىڭ بەزى زىيانلىرى، جازانە ئېلىش كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەتكە سەۋەب بولۇدىغانلىقتىن، ھەم ئۆزئارا ياردەملىشىشنى توسۇپ قويىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىسلام ئۇنى ھارام قىلدى. شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ جازانىنى چەكلەشتىكى مەقسىتى جاپا كەش ئاممىغا زىيان ئۇرۇش ھېسابىغا سەرمايىدار بايغا يان بېسىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. شەخسلەر ئارىسىدا باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشتۇر. چۈنكى جازانىخور ئۆزىگە پايدىلىق ئىش قىلىش ئورنىغا، باشقىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ ھېسابىغا ياشايدىغان ئېغىر يۈك بولىدۇ. قۇرئان ھالال ئەمگەكنى شەرەپلىك دەپ، جازانىنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله ھارام قىلغان

ئىشنى ھالال بىلىپ «سودا ـ سېتىق، جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى. الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى﴾[1].

ئىلىم ـ سېتىم بولسا، ئىشلەشنى، ماھارەتنى ۋە شەخسنىڭ روھىنىڭ مەنىۋى ئۈستۈنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. جازانە بولسا، جەمئىيەتكە ئىشلىمەي راھەت كۆرىدىغان مۇستەبىد، تەييار تاپ بىر تەبىقە پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جاپاسىز ۋە ئىش ھەرىكەتسىز كۆپىيىپ كېتىۋېرىدۇ. ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر.

جازانە بولسا، خەلقلەرنى كۆتەرگۈسىز ئېغىر نەتىجىلىك ئۈرۈش ماجرالارغا ئىتتىرىدۇ. تىجارەتچى ئۆز قولىدىكى مال بىلەن تىجارەت قىلىپ ئەھۋالنى ياخشىلاش ئورنىغا تىجارىتىنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن مال قەرز ئالىدۇ. بىر ئاز پايدا تاپقان بولىدىيۇ لېكىن مال باھاسى چۈشۈپ كەتسە ئېغىر ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ. ئالغان قەرز پۇل ۋە ئۇنىڭ ئۆسىمى گەردىنىگە مىنىپ ئىقتىسادىدىن ئۈزۈل ـ كېسەل ئايرىلىدۇ. شۇنىڭدەك جازانە بولسا، ئۆسۈمگە پۇل بەرگۈچى ۋە ئالغۇچىغا ئوخشاشلا روھىي بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ.

جازانە قىلىش بولسا مىللەتنىڭ مۇستەملىكە ۋە بەتبەخت بولۇشىغىمۇ ۋاستىدۇر. جازانە مۇئامىلىسىنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادى كۈرەش ئەسكەر كۈچى بىلەن بېسىۋېلىشنىڭ ئۆتكۈر تەييارلىقى بولۇپ شەرق دۆلەتلىرىنىڭ تولىسى شۇ سەۋەبتىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. شەرق ھۆكۈمەتلىرى غەرب دۆلەتلىرىدىن ئۆسۈمگە قەرز ئالدى. ئەجنەبى جازانىخورلارغا ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىشكىنى كەڭ ئېچىپ بەردى. بىر قانچە يىل ئۆتمەيلا مەملىكەت خەلقىنىڭ بايلىقى ياتلارغا ئېقىپ كەتتى. ئاخىرى ھۆكۈمەتلەر بۇنى تۆيۈپ قېلىپ مەملىكەت خەلقىنى ۋە ئىقتىسادىنى قوغدىماقچى بولىۋېدى. مەزكۇر ئەجنەبىلەر دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقنى قوغداش نامى بىلەن بېسىپ كىردى. ئاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ يۇرتلارنىڭ مەنپەئەت ۋە مەھسۇلاتىنى تارتىشقا قول قويىدى. (سىياسىي جەھەتتىن مەھكۇم بولدى).

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانە يېگۈچىگە، جازانە يېگۈزگۈچىگە (قەرز ئالغۇچىغا) جازانە مۇئامىلىسىنى يېزىپ بەرگۈچىگە، گۇۋاھ بولغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇدى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتتە باراۋەر دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

ئۆسۈمگە قەرز بەرگۈچىگە لەنەت ئوقۇلدى. جازانى بىلەن قەرز ئالغۇچىغا لەنەت ئوقۇلدى. كاتىب بىلەن گۇۋاھلار الله تائالا توسقان جىنايەتكە ياردەم قىلغاچقا لەنەت ئوقۇلدى.

بەزىلەر قارشى پىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز ياشىۋاتقان بۇ زاماندا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىسلام يولىنى تولۇق ئىجرا قىلالايدىغان، قانۇن، ھۆكۈملەردە ئىسلامغا ئوخشىمايدىغانلاردىن بىھاجەت بولىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلىرى يوق. پۈتۈن دۇنياغا ھەممە

---

[1] سۈرە بەقەرە 275 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بايلىقنى قولغا چۈشۈرگەن ماددىي دۆلەتلەر غەلبە قىلماقتا. باشقا مىللەتلەر ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ ئاز ئۆسۈمگە ئۇلاردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولماقتا.

ئۆسۈم ئاز بولسىمۇ جازانىدۇر. بۇنىڭغا ئىسلامنىڭ كۆز قارىشى نېمە؟ بەزى ئىسلام ئالىملىرى قاتتىق قىسىلغان شارائىتتا مۇنداق جازانىگە رۇخسەت قىلىپ، قۇرئاندىكى: ﴿ھەركىم ئادىل ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقمىغان، تاجاۋۇز قىلمىغان ھالدا ھارام يېمەككە مەجبۇر بولۇپ، يېسە، ئۇ كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلدى، دېيىشىدۇ.

مەزكۇر ئالىملار رۇخسەت قىلغان زۆرۈرىيەت بولسا، بىرەر شەخسىنىڭ قارىشىدىكى زۆرۈرىيەت بولماي، مىللەتنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىبارەت ھوقۇقدارلار، مىللەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تونۇيدىغان، مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، سانائەت، تىجارەت ئىشلىرىغا مۇتەخەسسىس بولغان زىيالى ئالىملار قارار قىلغاندا، ئۇ زۆرۈرىيەت ھېسابقا ئېلىنىپ ئاندىن قەرز ئېلىش رۇخسەت بولىدۇ.

## جازانىنى تۈگىتىشنىڭ ۋاستىلىرى

ياخشى قەرز (ئۆسۈمسىز ئۆتنە بېرىش) جازانىنى مەنئى قىلىشنىڭ بىر يولى.

ئىسلام بايلارنىڭ زاكىتىنى سەرپ قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى گۇناھ قىلمىغان ۋە ئىسراپ قىلمىغان ھالدا قەرزدار بولۇپ قېلىپ قەرزنى بېرەلمىگەن كىشىنىڭ قەرزىنى زاكاتتىن ئادا قىلىپ قويۇشتۇر. قەرز ئالغىلى بىر كىمنى تاپالمىغان موھتاجلارغا زاكات پۇلىدىن قەرز بېرىشمۇ مۇشۇ قاتارىدادۇر. دېمەك، زاكاتنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاجرىتىپ موھتاجلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

بالا ـ چاقىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى ياكى باشقا ھاجەتلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئۆسۈمسىز قەرز بەرگۈچىنى تاپالماي ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشقا مەجبۇرلانغان كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ. بۇ كىشىنىڭ گۇناھى ئۆسۈمگە قەرز بەرگۈچىنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆز گۇناھىغا قوشۇپ يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شەرىئەت ھۆكمىنى ئىجرا قىلمىغان كىشىلەرگىمۇ يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ زاكاتلىرىنى تەرتىپلىك ۋە تەشكىللىك يىغىپ ئۇ زاكاتلارنىڭ بىر قىسمىنى موھتاجلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشى لازىم ئىدى. ئەگەر ھۆكۈم بۇ شەكىلدە ئىجرا قىلىنسا، ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا ھېچكىم مەجبۇر بولۇپ قالمايتتى.

ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن بىرى، شەخسكە ۋە ئاممىغا ياخشىلىق قىلىش يولىدا ياردەملىشىشكە چاقىرىشتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە اللە غا ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىڭلار﴾ دېدى. اللە تائالانىڭ بۇ ئەمرى تىرىكلىك ئىشلىرىغا، ھۈنەر كەسىپ ئىشلىرىغا ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارغىمۇ ياردەملىشىشكە ئومۇمىيدۇر. شۇنىڭدەك ھەر دۆلەتتە دۆلەت تەرىپىدىن مالىيە بىلەن تەمىنلىنىدىغان ياردەم جامائەسى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇلار ئۆز تارماقلىرى بىلەن شەھەرگە

ۋە كەنتلەرگە تارقىلىپ دىھقانلارغا، تىجارەتچىلەرگە ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ئۆسۈمسىز پۇل تارقىتىشى، زىرائەت مەھسۇلاتى ۋە سانائەت مەھسۇلاتىنى باشقۇرۇشقا جامائەت ئارىلىشىپ ياردەم قىلغۇچىلارغىمۇ مەلۇم نىسبەتتە پايدا ئايرىپ بېرىشنىڭ كېرەكلىكىنىمۇ كۆرستىدۇ.

ئېھتىياجغا ئىشلىتىش ياكى تىجارەت قىلىپ پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشنىڭ ھەر ئىككىسى ھارامدۇر.

”شارىل جىيد“ ئىسىملىك ئالىم مۇنداق دەيدۇ: ”جازانىنى ھارام قىلىش ئۆتكەن ئەسىرلەردە زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن ئىدى. بۇ زاماندا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىشمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇرۇنلاردا خىراجەت قىلىنىش ئۈچۈنلا قەرز ئېلىناتتى. ھازىر بولسا تىجارەت قىلىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن قەرز ئېلىنىدۇ“.

شارىل جىيد گەرچە خىراجەت قىلىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەزر ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى زاماندا ئۆسۈم بېرىشكە ئالغان قەرزلەرنىڭ ھەممىسى تىجارەت قىلىپ پايدا ئېلىش ئۈچۈنلا ماڭامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. ھازىرمۇ ئۇ بىر قىسىم قەرزلەر زۆرۈر بولغان ئېھتىياجغا خىراجەت قىلىنىپ تۆگىتىلىدۇ. ماقۇل بىز پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش پايدىلىق ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇقمۇ دەيلى، لېكىن بۈگۈن دۇنيا دۆلەتلىرىدىن قايسى بىر دۆلەت شارىل جىيدنىڭ پىكرىگە ئاساسەن پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشقا رۇخسەت قىلىپ ئېھتىياجغا خەجلەپ تۆگۈتۈش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئېلىشنى ھارام قىلدى؟ مۇنداق قانۇننى بىر دۆلەتكە تەتبىقلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى قەرز ئالغۇچى قەرز ئالغان پۇلنى خاس پايدا كۆپەيتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە قەرز ئېلىپ نېمىگە سەرپ قىلغىنىنى بىلمەي تۇرۇپ ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشتا كىشىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئىشلىتىشىگە كەڭ يول بار. شۇڭا ئىسلام جازانىنىڭ ھەرقانداقىنى ھارام قىلدى. مەيلى ئېھتىياجغا خەجلەش ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى تىجارەتكە سەرمايە قىلىپ پايدا تېپىش ئۈچۈن بولسۇن ئوخشاشلا ھارام. چۈنكى ئۆسۈمگە قەرز ئېلىش ئەگەر ئۆزىنىڭ زۆرۈر قىيىنچىلىقىغا خەجلەپ تۆگىتىش ئۈچۈن بولسا، بۇ پۇل قەرزدارنىڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىدىغان نەفقە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قەرزدارنى ھەم ئەسلى قەرزنى ھەم ئۆسۈمنى بېرىشكە قىستاش توغرا ئەمەس. ئەگەر قەرزدار ئەسلى قەرزنى قايتۇرالغۇچىلىك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان ۋاقىتتا ئەسلى قەرزنىلا بەرسە بولدى. ئەگەر پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئالسا، ئەمەلىيەتتە پايدا تاپسىمۇ قەرز ئالغۇچى ئۇ پايدىنى ئۆزىنىڭ جاپاسى ۋە ئەمگىكى بىلەن ھاسىل قىلدى. ئۇ پايدىنى قەرز ئېلىنغان پۇلنىڭ ئۆزى تاپمىدى. جاپا تارتمىغۇچە ساندۇقتا شۇك تۇرىدىغان پۇل پايدا تاپالمايدۇ.

ئۆسۈمگە پۇل تارقىتىشنى يوللۇق دەپ قوللىغۇچىلار قارشى پىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پايدا تېپىش ئۈچۈن ئۆسۈمگە قەرز ئالغان ئادەمنىڭ تاپقان پايدىسى، قەرز ئالغان پۇل بىلەن تىجارەتچىنىڭ جاپا ئەمگىكىنىڭ بىرلەشمىسىدىن قولغا كېلىدۇ. تىجارەتچىنىڭ ئەمگىكىگە پايدا بېرىپ سەرمايە پۇلغا پايدا بەرمەسەڭلار بولامدۇ؟ پايدىدا ئىككىسى شېرىك بولغاندىن كېيىن قەرز بەرگۈچىلەرگىمۇ پايدا بېرىلىشى كېرەك.

بۇ سوئالغا جاۋاب شۇكى، قەرز مۇئامىلىسىنى توختام قىلىشىپ، قەرز ئالغۇچى قەرز پۇلنى قولىغا ئالغاندىن كېيىنلا پۇل بىلەن ئەمگەك بىر ئادەمنىڭ قولىدا بولىدۇ. قەرز بەرگۈچىنىڭ بۇ پۇل بىلەن ھەرگىزمۇ ئالاقىسى بولماي پەرۋاسىز يۈرىدۇ. قەرز ئالغۇچى ئۇ پۇلنى پىلانلىق خەجلەشكە، پايدا ـ زىيانغا خاسلا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. پۇل ـ مال ئاپەتكە ياكى زىيانغا ئۇچراپ يوقالسا زىيان خاس قەرز ئالغۇچىغا بولىدۇ. بىز ئەگەر قەرز بەرگۈچىنى پايدىغا شېرىك قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇرماقچى بولساق، زىيانغىمۇ شېرىك قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق ھەققە قارىتا ۋەزىپە بار. جىڭنى خاس بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىدىغان قىلىپ قويساق تەبىئەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ئەگەر بىز سەرمايە ئىگىسى بىلەن تىجارەتچىنىڭ پايدىغىمۇ زىيانغىمۇ شېرىك بولۇشىنى قوبۇل قىلساق، بۇ ئىش ئۆسۈمگە قەرز بېرىش مەسىلىسى بولماي باشقا مۇئامىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بولسا سەرمايە بىلەن ئەمگەك ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى پايدا ـ زىيىنىغا تەڭ شېرىك بولۇش تىجارىتىدۇر. بۇ ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىقتۇر.

## پاي قوشۇشنىڭ پايدىسى

بەزى دۆلەتلەردە پوچتا خانىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا قويۇلغان ساندۇقلار بولۇپ كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇللىرىنى پاي سېلىپ قويىدۇ. پوچتا خانىلار بۇنىڭدىن توپلانغان پۇلنى تىجارەت قىلىپ كۆپەيتىپ پاي سالغۇچىلارغا پايدا ئايرىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ساندۇق (پۇل كۆپەيتىش ساندۇقى) دېيىلىدۇ. بۇ ساندۇققا پۇل پاي سېلىش توغرىسىدا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قارىشى بىر خىل ئەمەستۇر.

بۇ ھەقتە مىسىرنىڭ ئەزھەر ئالىي ئورگان قارىمىقىدىكى پەتۋا بېرىش ھەيئىتىنىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىمىز. بۇ ھەيئەت ”پۇل كۆپەيتىش ساندۇقى“ غا ياكى بانكىلارغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ پايدىسىنى ئېلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ قۇرئان، ھەدىس ۋە ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارارى بويىچە ھارام قىلىنغان جازانە جۈملىسىدىندۇر، دەيدۇ.

ئەمما ئەزھەر جامىئەسىنىڭ بۇرۇنقى شەيخلىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇد شەنتۇت بۇ ساندۇقنىڭ پايدىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ”ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيدىغان ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى بۇ پايدىنى ھارام دەيدۇ. چۈنكى بۇ پايدا ساندۇققا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ئۆسۈم پايدىسى ياكى قەرز بەرگەن سەۋەبتىن كەلگەن پايدا (شۇڭا ئۇ جازانە بولىدۇ. ھارام بولىدۇ، دېيىشىدۇ).

بىرىنچىدە بۇنى شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ۋە توغرا پىقھى قائىدىلىرىگە ئۇدۇللاشتۇرغاندا بۇ پايدا ھالالدۇر. بۇنىڭدا ھاراملىق يوق. سەۋەب، ساندۇققا ئامانەت قويۇلغان پۇل ئۇكىشىنىڭ ساندۇققا قەرز بەرگەن پۇلى بولمايدۇ. ساندۇق بۇ كىشىدىن قەرز ئالمىدى. پۇلنى ئۇ كىشى ئۆزى ئىختىيار قىلىپ ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن پوچتىنىڭ مەنپەئەتىگە بېغىشلاپ قويىدۇ. ساندۇققا تاشلانغان پۇلدا پوچتاخانا تىجارەت قىلىپ كۆپەيتىشنى، ئەگەر

پەۋقۇلئاددە ئاپەتكە ئۇچرىمىسا تىجارەتتە زىيان تارتمايدىغانلىقنى ئۇ كىشى بىلىپ تۇرۇپ قويىدۇ. ساندۇققا ئامانەت قويۇشتىكى بىرىنچى مەقسىتى: ئىقتىسادىي يوقۇلۇشنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزىنى پۇل ئىقتىساد قىلىپ ئاۋۇتۇشقا كۆندۈرۈشتۇر. ئىككىنچى مەقسىتى: پۇل مال كۆپەيتىپ تىجارەت سەرمايىسىنى ئاۋۇتۇپ مۇئامىلە يولىنى كېڭەيتىپ پايدىسىنى كۆپرەك تېپىشتۇر. بۇ چاغدا بۇنىڭ ئىشچىلارغىمۇ، ۋەتەنداشلارغىمۇ ۋە ھۆكۈمەتكىمۇ پايدىسى يېتىدۇ. ساندۇقنى باشقۇرغۇچىلار قاچانكى مۇناسىپ ھالدا پاي سالغۇچىغا نىسبەتەن پايدا ئايرىپ بەرسە، بۇ ئىش كۆپچىلىك بىر - بىرىگە ياردەملىشىش ئاساستىكى پايدىلىق مۇئامىلە بولىدۇ. بۇنىڭدا بىركىمگە ئازراقمۇ ناھەقچىلىق بولمايدۇ. ياكى بىركىمنىڭ موھتاج بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئىش پەقەت مال كۆپەيتىشكە ئۆزئارا ياردەملىشىشكە غەيرەتلەندۈرۈش بولۇپ بۇنى شەرىئەت ياخشى كۆرىدۇ، دېدى.

(كۆپچىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ ۋە ساندۇق پايدىسىمۇ ھارامدۇر، دەيدۇ).

## خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا، پارا بەرمەڭلار﴾[1].

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: بەزىلىرىڭلار بەزىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋالماڭلار. بۇ ئىش بولسا يېگۈچىنىڭ ئۆز جېنىغا قىلغان جىنايىتى ۋە ئۆز مىللىتىگە قىلغان جىنايىتى. مىللەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەر بىر جىنايەتنىڭ زىيىنىنىڭ بىر قىسمى مىللەتكە يېتىدۇ. شۇڭا اللہ تائالاھ ”كىشىنىڭ مېلىنى يەۋالماڭلار دېمەستىن ئۆزەڭلارنىڭ مېلىڭلارنى ناھەق يەۋالماڭلار“ دېدى.

بۇ سۆز پۈتۈن ئۇممەت بىر. ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىمۇ بىر. ئۆز ئارا بىر - بىرىگە كېپىل بولۇش كېرەك. شەخسلەرنىڭ مېلى بولسا پۈتۈن ئۇممەتنىڭ مېلى، مال بولسا مىللەتنىڭ جان تومۇرى، شۇڭا پۈتۈن مىللەت ئىقتىساد ئاسراشقا بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشى لازىم، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. اللہ تائالانىڭ ”ھوقۇقدارلارغا بىر بۆلۈك مال بەرمەڭلار“ دېگەن سۆزى، خەلقنىڭ بىر بۆلۈك مېلىنى بىلىپ تۇرۇپ جىنايەت يولى بىلەن (ناھەق) يەۋېلىش ئۈچۈن پارا بەرمەڭلار، دېمەكتۇر.

كىشىنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىدىن ياردەم سوراش ھارامدۇر. چۈنكى ھوقۇقدارنىڭ بۇيرۇپ بېرىشى بىلەن ھەقىقەت ئۆزگۈرۈپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇ مال - مۈلك بۇيرۇپ بەرگۈچىگە ھالال بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 188 - ئايەت.

اﷲ تائالا خەلقنىڭ نەرسىسىنى ناھەق يەۋېلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ھارام قىلغاندىن باشقا بەزى يەرلەردە مەلۇم تۈردىكى كىشىلەرنىڭ مېلىنى يېۋېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى. بۇنىڭ بىرسى،يېتىم بالىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق يەپ كېتىشنى مەنئى قىلىش ۋە بۇنى قىلغۇچىغا ئاخىرەتتە ئازاب بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[1] خەلقلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يولسىزلىق بىلەن يەيدىغان دىنىي ئادەملەرنى اﷲ تائالا سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلەردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقسىزلىقتا ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) اﷲ نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اﷲ نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن﴾[2].

بۇ ئايەت خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق (ئالداپ يەۋالىدىغان يەھۇدىي موللىلىرى، خرىستىئان راھىبلىرىدىن بىرىنى ھەزەر قىلدۇرىدۇ. كۆپىنچى مۇسۇلمانلار بىر كىشىنى ئىبادەتچى ئۇلۇغ كىشى دەپ ئىخلاس قىلىپ، ھاجەتلىرىمىزنى اﷲ تائالادىن تىلەپ بېرىدۇ، دەپ سەرپ قىلغان ئىقتىسادلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن پۇل ئالماي خالىس دۇئا قىلىنىشى لازىم. دۇئا قىلىپ بېرىپ ۋە مېيىت نامىزى ئوقۇپ بېرىپ ھەق ئېلىش ھالال ئەمەس. بۇ يولسىز يېگەنلىكتۇر. ئەمما دۇئاغا، ئىبادەتكە بەدەل قىلماي بېرىلگەن ۋە غەرەزسىز ھەدىيەلەر ھالالدۇر. شۇنىڭدەك تەقۋادارلارنىڭ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ قەۋرىسىگە شەيخ ۋە خىزمەتچى بولغانلارغا تەۋھىدنى بىلمەيدىغان ئاۋام خەلقنىڭ بەرگەن نەزرە ھەدىيەلىرىمۇ ھالال ئەمەس. يەھۇدىي موللىلىرىنىڭ يېگىنىگە ئوخشاش يولسىز يېگەن نەرسىدۇر. ئىسلام مۇنداق ئىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

## قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشى

اﷲ تائالا قۇرئاندا قىمارنى "مەيسىر" دېدى. مەيسىر بولسا ئەرەبلەرنىڭ ئوينايدىغان قىمارىدۇر. شەرتسىز ھالدا ھەممىنى ئۇتۇش ياكى ھەممىنى ئۇتتۇرۇش ئېھتىمالى بار تىكىشىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىش قىمار ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پۇل تىكىپ ئوينايدىغان قەرتمۇ قىماردۇر. ئوغلاق ئويۇنىغىمۇ تىكىشىش ھارامدۇر. ئىسلام قىمارنىڭ ھەممە تۈرلىكىنى ھارام قىلدى. (تىكىشىپ توخۇم چېكىشمەكمۇ قىمارغا كىرىدۇ.)

اﷲ تائالا قىمارنى ھارام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن

[1] سۈرە نىسا 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 34 ـ ئايەت.

پـال سـېلىش شـەيتاننىڭ ئىشـى، پاسـكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكـە ئېرىشىشـىڭلار ئۈچـۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾[1] قىمار بولسا قىمارۋازلارنىڭ تۇرمۇش ئۈچۈن تونغرا كەسىپ قىلىشتىن توسۇپ هورۇنلۇققا ۋە خىيالى يولدىن رىزىق كۆتۈشكە كۆندۈرىدۇ. مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان هۈنەر، سانائەت، تىجارەت ۋە دېهقانچىلىقتەك پايدىلىق ئىشلارنى تاشلاش بىلەن ئەقىل نېمىتى ئاجىزلىشىدۇ. ۋاقىت پايدىسىز زايا بولىدۇ. قىمار سەۋەبىدىن تويۇقسىزلا باي ئادەم كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ ئۆي ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. ئەزىزلىق بىلەن باي ۋە شاد ياشاپ ئۆسكەن كۆپ ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە باشلىقى بىر كېچىدە پۈتۈن بايلىقنى قىمارغا ئۇتتۇرۇپ ئەڭ ناچار تۇرمۇش كۆچۈرۈشقىمۇ كۈچى يەتمەيدىغان يوقسۇل ئائىلە بولۇپ قالغان ئەهۋاللار ناهايىتى كۆپ. شۇڭا ئىسلام قىمارنى هارام قىلدى. قىمار هەم مىللەتكە نۇرغۇن زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

## كەمچە، جىڭ ـ تارازنى ئېغىر ـ يېنىك قىلىشتىن هارام قىلىش

شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئاسراپ ساقلاش ۋە ئۇلارنى ئۆز هەقلىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىسلام جىڭ، تارازا ۋە كەمچىلەرنى تەرتىپ تۈزۈملىك قىلىشنى، ئۇنى قالايمىقان قىلماسلىقنى يولغا قويدى. ئىسلام دىنى ئۆز ئەزاسى بولغان مۇسۇلمانلارنى خەلقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بېرىپ شەرىئەت بەلگىلىگەن هەقلىرىدىن توسۇپ قويۇشتىن هەزەر قىلدۇردى. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[2]

الله تائالا جىڭ ـ تارازنى ئېغىر ـ يېنىك قىلىدىغان ئادەملەرنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتىدىن هەزەر قىلدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ هوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۆلەتلىرى بازارلاردا جىڭ ـ تارازىدا ۋە ئۆلچەمگە نازارەت قىلىپ جىڭ تۈتۈپ قۇرئاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان مەخسۇس بىر بۆلۈك خادىملارنى تەيىنلىشى لازىم.

---

[1] سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.
[2] سۈرە رەهمان 9 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇتەففىفىن 1 ـ 6 ـ ئايەتكىچە.

## ئىسراپچىلىقتىن توسۇش

شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئاسراش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم پۇل ـ مېلىنى بۇزۇپ چېچىشتىن ۋە ئورۇنسىز يوللارغا خەجلەشتىن توستى. چۈنكى ئىسراپ ئەڭ ئاخىرىدا ئىقتىساد ئىگىسىنى يوقسۇزلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا قۇرئاننىڭ ئىسراپخورلارنى، خەلقلەرنى يولدىن ئازدۇرىدىغان ۋە يەر يۈزىدە بوزۇق ئىشلارنى كېڭەيتىدىغان شەيتانلارغا ئوخشاتقانلىقىنى كۆرىمىز. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى﴾[1] ئىقتىسادنى بۇزۇپ چاچقۇچىلار ئىسراپ سەۋەبى بىلەن ئۆزۈنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزىدۇ. ئاسراش ۋە ئۆز ئورنىغا سەرپ قىلىش لازىم بولغان نەمەتنى تونمايدۇ. نەمەتنى تونۇش، ئاسراش ۋە ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش بولسا، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئىسراپخورنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴾[2].

الله تائالا خىراجەتتە ئىسراپ قىلىشنى ھارام قىلغانلىقىغا ئىسراپخورنىڭ خەلق تەرپىدىن مالامەت قىلىنىدىغان، باشقىلارنىڭ ياردەمىگە موھتاج بولۇپ قالىدىغان ۋە ئىقتىسادنى بۇزغىنىغا ھەسرەت چېكىدىغان بولۇپ قېلىشىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

## موھتاجلارغا ياخشىلىق قىلىش

جامائەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي چوڭ پەرقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قۇرئاندا ئالىي چاقىرىق بار. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ يولىدا (دىن ئۈچۈن) پۇل خەجلەشكە ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە قوزغىدى. بۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ چىقىم قىلغۇچىلارغا ئاخىرەتتە ياخشى ساۋاب ۋە كاتتا ئەجىر بارلىقىغا ۋەدە قىلدى.

## ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلىش

الله يولىدا پۇل ـ مال خەجلەش بولسا، ئىسلامنىڭ سۆزىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكە، ئىسلامنى قوغداشقا، ئىسلامنى خەلق ئارىسىغا كېڭەيتىشكە، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا

---

[1] سۈرە ئىسرا 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 27 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا 29 ـ ئايەت.

قىلىشقا، الله رازىلىقىغا ئۇلۇشۇشقا چىقىم قىلىنىغان پۇل ـ مالنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چىقىمنىڭ مەنپەئەتى ئۇمۇمىدۇر. ئىلىمنى كېڭەيتىپ بىلىمسىزلىكنى تۈگەتكەنگە، ئاجىزلارغا ياردەم قىلغانغا ۋە ھۈنەر ـ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرغانغا ئوخشاش ھەر جەھەتتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل ـ مال الله يولىدا خەجلەنگەن پۇل ـ مال ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندا الله تائالا يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا چاقىرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. تۆۋەندىكىسىمۇ شۇلاردىندۇر: ﴿الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۈتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر) پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ. ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم قايغۇ بولمايدۇ﴾[1]

الله تائالا بىزگە بىزنىڭ الله يولىدا خەجلىگەن نەرسىمىزنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ ئەجرى بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. الله يولىدا خەجلىگەن نەرسىمىز بىزگە دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ پايدىلىق بولغان ئىكەن، الله تائالا بىزگە مۇنداق ئەجرى بېرىشكە مىننەت ۋە دىل ئازار قىلماسلىقىمىزنى شەرت قىلدى. مىننەت قىلىش دېمەك، ياخشىلىق قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى ياخشىلىق قىلىنغۇچىغا سۆزلەپ (پىشانىسىگە تاقاپ) ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئازار قىلىش بولسا، مىننەتتىن يامانراقتۇر. كىشىگە قىلغان ياخشىلىقىنى باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش ياخشىلىق قىلغۇچىغا ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم الله يولىدا پۇل خەجلەشنى قىيامەت كۈنى ئىگىسىگە مەنپەئەت بېرىدىغان كۆپ مەنپەئەتلىك تىجارەت، دەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر﴾[2].

## ھاجەتمەنلەرگە خىراجەت بېرىش

ياردەمگە ئېھتىياجى بار مۇسۇلمانلارغا پۇل ۋە باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ياردەم قىلىشمۇ الله تائالا يولىدا پۇل خەجلىگەنلىك بولىدۇ. لېكىن قۇرئان كەرىم سەدىقە، ئېھسان قىلىشقا ۋە بارنى تەڭ ئىشلىتىشكە ئەڭ موھتاج كىشىلەرنى بەلگىلەپ كۆرسىتىپ بەردى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 261 ـ 262 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە سەف 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.

شۇڭا ياخشى ئىشلارنىڭ بىرسى، تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرستىلگەن موھتاج كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتۇر. اللّٰه تائالا مەزكۇر كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرنىڭ غەرب تەرەپكە ۋە شەرق تەرەپكە يۈزلىنىشىڭلار ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى اللّٰه غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، اللّٰه نىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەن، اللّٰه غا مۇھەببەت قىلغانلىغا ئاساسەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرىغا، يېتىملارغا، مىسكىن (يوقسۇل) لارغا، پۇل مالىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا، ياردەم سوراپ كەلگۈچىلەرگە، قۇللارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇشىغا پۇل ـ مال ياردەم قىلغان كىشىنىڭ بۇ ئىشلىرى ياخشىلىقتۇر﴾[1].

اللّٰه تائالا ياخشى كىشىلەرنى يەنە بىر ئايەتتە سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار مۇنداق دەيدۇ) «سىلەرگە بىز اللّٰه نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز﴾[2].

اللّٰه تائالا ئىسلامنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى يېتىملارغا باغرى قاتتىق بولۇش، كىشىلەرنى مىسكىنگە يېمەكلىك بېرىشكە رىغبەتلەندۈرمەسلىك، دەپ كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردىڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر﴾[3].

قىيامەت كۈنى ئوتقا تاشلانغانلاردىن، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئازابقا دۇچار بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە دەپ سورىلىدۇ. ﴿ئۇلار (جاۋابەن) مۇنداق دەيدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق﴾[4].

## سەدىقە ۋە ياردەمنى ھالال، پاكىزە ۋە ياخشى مالدىن قىلىش

مۇسۇلمانلار خورمىنىڭ ياخشىلىرىنى خىللاپ ئايرىۋېلىپ ئاجىزلار كەلسە ئۇلارغا ناچار خورمىدىن بەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، اللّٰه (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر﴾[5] يەنى، ياخشى مالدىن سەدىقە قىلىڭلار، ناچار، پۇلغا يارىماس نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىشنى قەست قىلماڭلار، دېمەكتۇر. اللّٰه تائالا، كىشىلەر ھەققە ھېسابلاپ بەرسە ئالغىسى كەلمەيدىغان، مەيلى دەپ كۆز يۇمسا ئالىدىغان

---

(1) سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ئىنسان 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
(3) سۈرە مائۇن 1 ـ 3 ـ ئايەتكىچە.
(4) سۈرە مۇددەسسىر 42 ـ 43 ـ ئايەتلەر.
(5) سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت.

ناچار نەرسىلەرنى ئۆشرىگە، زاكاتقا، سەدىقىگە ۋە ياردەمگە ھېسابلاپ بەرگۈچىلەرنى تەنقىد قىلىپ كايىدى.

الله تائالا يەنە مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر. (الله نىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

## پۈتۈن مال ـ مۈلۈك ئاللاھ تائالانىڭ مۈلۈكىدۇر

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ نەزىرىسىنى پۈتۈن ئىقتىساد الله تائالانىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىگە قارىتىدۇ. مال ـ مۈلكنى سەرپ قىلىشتا ئىنسان الله تائالاغا ئورۇنباساردۇر. شۇڭا الله تائالا ئىنسانغا ئامانەت قويغان مال ـ مۈلكنى ئىنساننىڭ الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدىغان يوللارغا خەجلىشى ياخشى ئەمەس. ئى ئىنسان! بىز تەرتىپ بويىچە كەلتۈرگەن ۋە شۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئوياپ كۆرگىن.

الله تائالا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىگىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[2]. ھەممە خەلققە رىزىق بېرىدىغان زات الله تائالادۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، الله دىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (الله نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[3]

كىشىلەر الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى الله تائالا يولىدا چىقىم قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ھەقىقەتتە پۈتۈن مال ـ مۈلك ئىنسانلارنىڭ ئەمەستۇر. ئىنسانلار پەقەت ۋاكالەتچى ئورنىدىدۇر. الله تائالا كىشىلەرنى مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، الله سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە سەدىقە قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ﴾[4]. ﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا

[1] سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران 189 ـ ئايەت.
[3] سۈرە فاتىر 3 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ھەدىد 7 ـ ئايەت.

رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىشلار﴾[1]. ﴿سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار﴾[2].

مەزكۇر ئايەتلەرگە ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ الله تائالا ئۇلارغا ئامانەت ئورنىدا بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردە الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئارقىغا چېكىنمەسلىكى ياخشىدۇر. بىر بۆلۈك موھتاج كىشىلەرگە مال ـ مۈلۈكتىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، بۇيرۇلغۇچىلارنىڭ بۇ بۇيرۇقنى ئالدىراپ قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## ئاجىزلارغا قىلغان ياخشىلىق ئاللاھقا بەرگەن قەرز ھېسابلىنىدۇ

قۇرئان كەرىم ئاجىز ـ موھتاجلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئاجايىپ گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن تەرغىب قىلدى. جۈملىدىن الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى الله غا قەرزي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. الله (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[3] دېگەن سۆزى شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ سۆزدىن الله تائالانىڭ نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.؟ چۈنكى الله خەيرى ـ ئېھسان قىلغان كىشىنى الله تائالاغا قەرز بەرگەن ئورۇندا قىلدى. ھالبۇكى موھتاج كىشى باشقا بىرسىدىن قەرز ئالىدۇ. الله تائالا ئالەم خەلقىنىڭ ھەرقاندىقىدىن بىھاجەتتۇر. ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن مەخلۇقنىڭ ئىگىسى الله تائالادۇر. بۇ ئىبارەتنىڭ مۇشۇ سۈرەتتە كېلىشى ئاجىز ۋە موھتاجلارغا ئورۇن باسار بولۇش ۋە ئۇلارنى قوغداش ئاساسىدىدۇر. ھەممە مال ـ مۈلۈكنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا قەرز بەرگۈچىگە نەچچە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئىگىسىگە بىر بۆلۈك مېلىنى قەرزگە بېرىشكە بېخىللىق قىلغان ئادەمنىڭ نېمە ئېتىبارى بار؟

ئاندىن كېيىن الله تائالا بۇ ئايەتنى: ﴿الله (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. چۈنكى الله خالىسا كەمبەغەلنى باي قىلىدۇ. باينى كەمبەغەل قىلىدۇ. پۈتۈن ھوقۇق الله نىڭ ئىلكىدىدۇر.

---

[1] سۈرە مۇنافىقۇن 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەت.

## كەمبەغەللەرگە قىلىنىدىغان ياردەم يوللىرىنىڭ كۆپلىكى

ئىسلام، جىنايەت جازاسى ئورنىدا بولىدىغان ياكى كەمچىلىككە تۈزىتىش ئۈچۈن بولىدىغان كەففارەت يولىدىن كەمبەغەللەرگە كىرىم كىرىلىدىغان كۆپلىگەن ئورۇنلارنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭ مىسالى، بىر ئادەم بىر ئىشنى قىلىمەن، دەپ ياكى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ پىكرىدىن يانىدۇ. (قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلمايدۇ، ياكى قىلمايدىغانلىنى قىلىدۇ). بۇ كىشى كەففارەت ئۈچۈن ئادەتتە ئۆزى يەيدىغان نورمال تاماقتىن ئون مىسكىنگە تاماق يېگۈزىدۇ، ياكى كىيىم كىيگۈزىدۇ، ياكى بىر قۇل ئازاد قىلىدۇ. بەزى ئادەم كېسەل يا قېرى بولغاچقا رامىزاندا روزا تۇتالمايدۇ. ئۇ كىشى بۇنىڭ ئورنىغا ھەر بىر كۈن روزا ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە بىركۈن تاماق يېگۈزىدۇ. ھەج قىلىۋاتقان كىشى ھەج ئىشلىرىدىن بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ كەففارىتىگە بىر مال بوغۇزلاپ ئاجىزلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. روزا ھېيتتا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ پىترە سەدىقىسىنى بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك قۇربان ھېيتا قۇربانلىققا كۈچى يەتكەن كىشى بىر مال بوغۇزلاپ گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجىزلارغا بېرىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار الله ئۈچۈن بىر نەرسە نەزىر قىلىدۇ. ئۇنى ئادا قىلىشنى ئىسلام پېقىرلارغا ياردەم ۋە ياخشىلىق بولسۇن دەپ ۋاجىب قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىلاجىسىزلىق سەۋەبى بىلەن تۇرمۇشى ئۈچۈن كەسىپ قىلالمايدۇ. ئۇ ھالدا ئىسلام ئۇ كىشىنى تەمىنلەشنى ئۇنىڭ باي تۇغقىنىغا ۋاجىب قىلىدۇ. بالا ئاتا - ئانىسىنى، ئاتا بالىسىنى، ئوغۇل بىر تۇغقان قىز قېرىندىشىنى ۋە ئەر كىشى ئايالىنى تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلام بىر بۆلۈك يەرلەرنى ۋەقپى قىلىپ مەھسۇلاتىنى ئاممىغا ياخشىلىق يوللارغا سەرپ قىلىشنى يولغا قويدى. مانا بۇلار ئىسلامنىڭ بەزى ئىقتىسادىي قانۇن پرىنسىپلىرى بولۇپ، بۇنىڭ غايىسى ئىقتىسادتا ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي چوڭ پەرقلەرنى تەڭشەش ئارقىلىق كەمبەغەللىكنى تۈگىتىشتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن كۆرسەتمىلەرنى كەڭرەك شەرھىلىمەكچى بولساق، بۇ كىتاب تار كېلىدۇ. لېكىن بىز ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە قۇرئاننىڭ الله تائالا تەرەپتىن چۈشكەن كىتابلىقىغا ۋە مۇشۇ ئۇسۇل - قائىدىلەرنىڭ ھەر يەرگە، ھەر زامانغا مۇناسىب ئىكەنلىكىگە دەلىل بولۇشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئەسلى قائىدىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاممىبابلىرىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

# يىگىرمە بىرىنچى بۆلۈم

## زاكات

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمونلار، ئىسلامدىن بۇرۇنقى مىللەتلەردىكى ئالۋاڭ ـ سېلىقلار، زاكاتنىڭ مەنىسى، كەمبەغەللىكنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى، زاكاتنىڭ ئەھمىيتى، زاكاتنىڭ مەجبۇرىيەتلىكى، زاكاتنىڭ تۈرلىرى، زاكاتنىڭ شەرتلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتى، تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى، تېرىلغۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكىتى (ئۆشرىسى)، تۆگە، كالا ۋە قويلاردىن ئىبارەت يايلاق چارۋىلىرىنىڭ زاكىتى، مەدەن ۋە كۆمۈلگەن بايلىقنىڭ زاكىتى ۋە زاكاتقا ھەقلىق كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى قاتارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىسلامدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەردىكى ئالۋاڭ ـ سېلىقلار

ئىسلامدىن بۇرۇنقى ھۆكۈمەتلەر ئالۋاڭ سېلىقنى يوقسۇللارغان ۋە ئوتتۇرا ھاللارغا تاڭاتتى. ئەمما پادىشاھلار، ھۆكۈمەت خادىملىرى، دىن ئادەملىرى ۋە بۇلارغا ئالاقىسى بولغانلار ئىقتىسادىي ۋەزىپىلەرنىڭ ھەرقاندىغىدىن كەچۈرىم قىلىناتتى. پېقىر كىشىلەر پۈتۈن مەنپەئەت ۋە ئىېتىباردىن مەھرۇم ھالدا ياشايتتى. بەلكى ھوقۇقدارلار بىلەن بايلارغا قۇل ئورنىدا ياشايتتى.

شۇڭا شەخسىي پۇقرالار قەدىمقى زاماندا ھۆكۈمەتنى ئۆزىگە ياكى ئۆزىنىڭ ئاممىۋىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈمەتنى پەقەت خەلقنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى بۇلايدىغان، قېنىنى شورايدىغان ياۋۇز دۈشمەن، دەپ تونۇيتتى. شۇڭا ھەر شەخس ھۆكۈمەت تاڭغان ئالۋاڭ ـ سېلىقنى پايدىسىز ۋە ئېغىر يۈك ھېسابلاپ كۈچى يەتسىلا ئۇنىڭدىن قېچىش لازىم، دەپ قارايتتى.

قەدىمقى زامانلاردا خەلقلەر ھۆكۈمەت ئىقتىسادىغا كىرىم تەرەپتىنمۇ، چىقىم تەرەپتىنمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى. چۈنكى بۇ ئىقتىسادنى پادىشاھقا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا خاس بولىدىغان بايلىق دەپ ھېسابلايتتى. قەدىمقى ھۆكۈمەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىدە پادىشاھ خەزىنىسىگە مال كۆپەيتىشتىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بۇ يولدا مەيلى يوللۇق، مەيلى يولسىز بولسۇن كۈچى يەتكەن ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالاتتى. ھازىرقى دېمكراتىيەنى ياقلايدىغان يېڭى خەلققە ئالۋاڭ قويۇشتا ئادىل ـ توغرا ئىش قىلىشقا چوڭ ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى خەلقلەرگە مۇناسىپ ھالدا تەقسىم قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە ئارام ۋە راھەت بەخش ئېتىدىغان ئىشلارغا خەجلەشكە كۆڭۈل بۆلۈنمەيتتى.

ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللار ئەكسىگە ئۆرۈلدى. ئىسلام يوقسۇل ۋە موھتاجلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بايلارغا سىلىق بەلگىلىدى. ئۇنى ”زاكات“ دەپ ئاتىدى. زاكاتنى يىغىش ۋە چىقىم قىلىشتا ھازىرقى يېڭى تۈزۈملەرنىڭ ھېچ قايسىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئادالەتلىك ۋە تەرتىپلىك ئاساسىي پرىنسىپلارنى بېكىتتى.

## زاكاتنىڭ مەنىسى

زاكات سەدىقىدۇر. سەدىقە زاكاتتۇر. ئىسىم باشقا ئەمما مەقسىتى بىردۇر. ئەرەب تىلىدا زاكاتنىڭ مەنىسى: پاكىزلىق، دېگەنلىك بولۇپ الله تائالا تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان سەدىقە زاكات (پاكلاش) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆڭۈلنى پاكلايدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[1] دېگەن ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

الله تائالانىڭ سەدىقە مۆمىنلەرنى (گۇناھتىن) پاكلايدۇ، دېگەن سۆزى ھەربىر شەخسكە ۋە جامائەتكە ئومۇمىيدۇر. چۈنكى، زاكات شەخسلەرنى گۇناھتىن، بېخىللىق، پەسكەشلىك، باغرى قاتتىقلىق، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ۋە تەمەخورلۇقتەك پاسكىنا خۇي ـ ئادەتتىن ۋە باشقا بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، دۈشمەنلىشىدىغان، تاجاۋۇز قىلىشىدىغان، بالايى ئاپەت ۋە ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولىدىغان يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى بولىدىغان ئىجتىمائىي رەزىللىكلەردىن پاكىزە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ ياخشىلىقلار، ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئەمەلىي بەرىكەتلىك ئىشلارنى قىلىشى بىلەن روھىنى ئۆستۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھلىرى دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەخت سائادىتىگە ئېرىشىشكە لايىق بولىدۇ.

## موھتاجلىقنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى

جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى بىكار تەلەپ موھتاج ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى يامان كېسەل ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى موھتاجلىق بولسا قىيىنلىچىلىق ئاستىدا قالغانلارنى يېمەك ۋە ئىچمەكتىن ئىبارەت ھاياتنىڭ ئەڭ زۆرۈر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلارنى ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى قورساق ئېچىپ كەتكەندە ئۇلار ھەر تۈرلۈك جىنايەتلەرنى قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدۇ ۋە ئۇ ئىشنى يوللۇق ئىش ھېسابلايدۇ. يوقسۇللۇق كېڭەيگەن ۋەزىيەتلەردە ھەر تۈرلۈك يامانلىقلار ئەۋج ئالىدۇ. ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ۋەھشىي قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يوللۇق ھېسابلايدۇ.

---

[1] سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياۋرۇپالىقلار بۇ جەھەتتە كەمبەغەللىكنىڭ ئاۋاتلىققا ۋە تەرەققىياتقا زىيانلىق بولغان يامان تەرەپلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىنى تېتىپ ئۆتتى. يەنى بۇ كەمبەغەللىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان نازارىلىق دەسلاپ قالايمىقانچىلىقتىن خالى باشلىنىپ ئاخىردا ئادەم تاللىماي ئۆلتۈرىدىغان قانلىق قوزغىلاڭلار بىلەن نەتىجىلەندى.

## زاكاتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

الله تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپ جايلىرىدا مۇسۇلمانلارنى زاكات بېرىشكە بۇيرۇدى. قۇرئاندا نامازغا چاقىرىدىغان ئايەت كەلسە، ئۇ ئايەت بىلەن زاكات بېرىشكە چاقىرىپ كەلگەن ئايەتمۇ بىللە كەلدى. چۈنكى زاكات بىلەن ناماز ئىسلام قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلىدۇر. ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ كەلگەن ئايەت بىلەن زاكات بېرىشكە بۇيرۇپ كەلگەن ئايەتنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى الله تائالانىڭ: ﴿نامازنى توغرا ئوقۇڭلار! زاكات بېرىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالايمىز.

شۇنىڭدەك مۇسۇلمان ئادەم ناماز ئوقۇماي ۋە زاكات بەرمەي تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىندىشى بولالمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر)﴾[2].

الله تائالا زاكات ئادا قىلىشتىن باش تارتقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (زاكات، سەدىقە) بېرىشكە بېخىللىق قىلغانلار ئۇ ئىشنى ئۆزلىرىگە ياخشىلىق، دەپ هەرگىز گۇمان قىلمىسۇن، بەلكى ئۇ، ئۇلارغا يامانلىقتۇر. بېخىللىق قىلغان مال ـ مۈلكى يېقىندا (قىيامەت كۈنىدە) ئۆز بوينىغا ئوق ـ ئىشكەل قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ زاكات بەرمىگۈچىلەرنى قورغاقچىلىق ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقلارنىڭ كېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «قايسى بىر قەۋم (مال ـ مۈلكىنىڭ) زاكىتىنى بەرمەيدىكەن، ئۇ قەۋمگە ئاسمان تەرەپتىن قار ۋە يامغۇر ياغدۇرۇلمايدۇ. ئەگەر هايۋانلار بولمىسا ئىدى، ئۇلارغا يېغىن ياغدۇرۇلمايتتى» دېگەن ئىدى.

---

[1] سۈرە هەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## زاكات بېرىش مەجبۇرىي ۋەزىپىدۇر

ئىسلام دىنى پەرز زاكاتنى بېرىشنى خالىسا بېرىدىغان، خالىسا بەرمەيدىغان بىر نەرسە قىلىپ شەخسلەرنىڭ ئىختىيارىغا قويمىدى. ئەكسىچە ئۇنى مەجبۇرىي بېرىدىغان ۋەزىپە قىلدى. چۈنكى زاكات ئاللاھ تائالانىڭ بايغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەردىكى پېقىرنىڭ ھەققىدۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ﴾[1] ئۇ ھالدا ھەر شەھەردىكى ئىسلام ھۆكۈمەت باشلىقى كەمبەغەللەرنىڭ بايلاردىكى (ئۆشرە ـ زاكاتتىن ئىبارەت) ھەققىنى يىغىپ، كەمبەغەللەرگە ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىپ بېرىش لازىمدۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتنى يىغاتتى ۋە ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى باشقىلارنىمۇ زاكاتنى بايلاردىن يىغىپ كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئەبۇ بەكرى سىددىق خەلىپىلىككە سايلىنىپ ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىلگەندىن كېيىن بەزى باي ئەرەبلەر ”زاكات بەرمەيمىز“ دەپ ئېلان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە خەلىپە بىز بىلەن ئۇرۇشۇشنى راۋا كۆرمەس، دەپ گۇمان قىلدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى (ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كاتتا ساھابىلارنى يىغىپ كېڭەشتى ۋە زاكات بەرمىگۈچىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا قارار قىلىشتى. ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ چىقىپ زاكاتقا قارشى تۇرغانلارنى بېسىقتۇرۇپ، ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىسلامنىڭ قۇرئان ئېلىپ كەلگەن ئالىي تەلىماتلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

بۇ ئۇرۇش كەمبەغەل تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلىنغان ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ، ياۋروپادا كەمبەغەل تەبىقىلەر ئۈچۈن قىلىنغان يەرلىك ئورۇشلارنىڭ ھېچ بىرىدە، ئىخلاس ۋە پاكىزلىقتا بۇ ئۇرۇشقا تەڭ كېلىدىغان بىر ئۇرۇشنى تاپالمايمىز. چۈنكى ياۋروپادا كەمبەغەل تەبىقە مەنپەئەتى ئۈچۈن كەمبەغەللەر ئۆزى ئورۇشتى. ئۇلار ئېھتىياجىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇرۇشتى. ئەمما خەلىپە ئەبۇ بەكرى زامانىدا كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئۇرۇشقانلار ساھابىلارنىڭ كاتتىلىرى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ھەل قىلىدىغان، قارار توختام قىلىدىغان سىياسىي رەھبەرلەر بولۇپ بۇلارغا خەلىپە ئەبۇ بەكرى ئۆزى باش بولغان ۋە مۇنداق دېگەن: ”ئاللاھ غا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئەگەر بايلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كەلگەن زاكاتتىن بىر ئوغلاقچىلىك نەرسىنى ماڭا بەرمەي قويسا، شۇ قارشىلىقىغا ئاساسەن ئۇلار بىلەن سوقۇشىمەن“.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپە ئەبۇ بەكرىنىڭ زاكات ھەققىدىكى ئىجراسىدىن شۇ مەلۇمكى، زاكات شەخسنىڭ شەخسكە ئىختىيارى ھالدا ئۆزى بېرىدىغان ئېھسانى ئەمەس. بۇ ھەقتە زاكاتنى شۇنداق دەپ قاراش زاكاتنى ئۆز مەزمۇنىدىن ئايرىۋەتكەنلىكتۇر. بەلكى زاكات مەجبۇرىي سېلىق بولۇپ، ئۇنى ئىسلام ھۆكۈمىتى يىغىپ، موھتاج تەبىقىلەرگە سەرپ

---

[1] سۈرە مەئارىج 23 ـ 25 ـ ئايەتكىچە.

قىلىپ بېرىدۇ. ئەسلى قائىدىدە دۆلەت باشلىقى ئۆزى يېغىپ، ئۆزى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى﴾[1] دېدى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭغا ئاساسەن ئىسلام ئۆلىمالىرى: زاكاتنى يىغىپ تەقسىم قىلىشقا ئۆزىگە زاكات بېرىش پەرز بولغان باي كىشىلەر مەسئۇل بولمايدۇ، دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلدى. بۇ قارار موھتاجلارغا خارلىق كەلتۈرىدىغان شەخسىي ئېهسان تۇيغۇسىنى بىكار قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەمما دۆلەتنىڭ هاجەتمەنلەرگە، هاجەتمەنلەر بىر نەرسە تىلەپ كەلمىسىمۇ بەرسە ۋە بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلمىسا، كەمبەغەللەرگە خارلىق يۈزلەنمەيدۇ. بەلكى بۇ ئېسىل ياردەم ۋە هاجەتمەنلەرنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلغانلىقتۇر.

كۆپ ساندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى شۇنى قارار قىلدىكى، بىر ئادەم ئۆز گەدىنىدىكى زاكاتنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ زاكات ئۇ كىشىنىڭ قويۇپ كەتكەن مىراس مۈلكىدە قەرز بولۇپ، مىراسخورلار بۇ قەرزنى تۆلىمەي تۇرۇپ مىراس ئۈلۈشمەيدۇ. ئۇ خۇددى ئۆلگەن كىشىدە بىرەرسىنىڭ قەرزى قالغانغا ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭ قەرزىنى بەرمەي تۇرۇپ مىراس ئايرىشقا بولمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

## زاكاتنىڭ تۈرلىرى

شەرىئەتتە زاكات ئايرىش پەرز بولىدىغان مال بەش تۈرلۈكتۇر.

1 ـ ئالتۇن ـ كۈمۈش.

2 ـ تىجارەت ماللىرى.

3 ـ تېرىلغۇ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە ـ چېۋىلەر.

4 ـ تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت يايلاقتا بېقىلغان چارۋىلار.

5 ـ مەدەنلەر ۋە كۆمۈلگەن بايلىقلار.

بۇ بەش تۈرلۈكتىن باشقا ماللارغا زاكات كەلمەيدۇ. يەنى ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئۆيۋاخلار، هاجەت ئىچىدىكى كىيىم ـ كېچەكلەر، ئۆي سەرەمجانلىرى، ئۆزى مىنىدىغان ئۇلاغلار ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىللار، قوراللار، زىننەت بويۇملىرى، ئاياللارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولغان زىننەت بۇيۇملىرى، قىممەت پۇللۇق تاشلار، قول هۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرى، دېهقانچىلىق سايمانلىرى، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش قوراللىرى قاتارلىقلارغا زاكات كەلمەيدۇ. ئەمما يۇقىرىقىلاردىن قايسىسى تىجارەت مېلى قىلىنسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ.

ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقا قىممەت باهالىق مەدەنلەرنى پەقهى ئۆلىمالىرى زاكات كەلمەيدىغان نەرسىلەر قاتارىدا هېسابلىدى. لېكىن ئەمەلىيەت شۇكى، مۇنداق مەدەنلەرگە ئالتۇن، كۈمۈش قاتارىدا هۆكۈم بېرىپ ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش لازىم. بۇلارنىڭ بازار نەرقى

---

[1] سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پۇلى زاكات كېلىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ پۇلغا باراۋەر كەلسە بۇنىڭغا زاكات ۋاجىب بولىدۇ.

## زاكاتنىڭ شەرتلىرى

يۇقىرىقى ماللارغا زاكات ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن مۇنداق تۆت تۈرلۈك شەرتنىڭ تولۇق تېپىلىشى لازىم.

1 ـ مال ئۆز ئىگىسىنىڭ تولۇق ئىلكىدە بولۇشى. يەنى مال، ئىگىسىنىڭ قولىدا نەخ بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا باشقا كىشىنىڭ ھەققى ئارىلاشمىغان، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىش ئەركىنلىكى بولۇشى ۋە پايدىسى ئۆزىگە بولۇشى لازىم. شۇڭا ۋەقپە قىلىنغان ياكى ئىگىسى سەرپ قىلالماي توختىتىپ قويۇلغان مالغا زاكات كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك قەرزدارنىڭ گەردىنىدە بولغان ۋە قەرزدارنىڭ بېرىشىدىن ئۈمىد يوق مالغىمۇ زاكات كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك بىر كىمگە گۆرۈگە قويۇلغان مالغا ۋە (ساقچى ئورۇنلىرىدەك يەرلەردە ساقچىلار تەرىپىدىن ساقلىنىۋاتقان ۋە ھەققىدە تالاش ـ تارتىش بار بولغان ماللارغا ئوخشاش ئىگىسى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالمايدىغان ماللارغا تاكى ئۇ ماللار ئىگىسىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلگىچە ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ.

2 ـ زاكات كېلىدىغان مالنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى شەرت. يەنى يۇقىرىقى ماللارنىڭ ھەر بىر تۈرلۈكىنىڭ شەرىئەت توختام قىلىپ بەرگەن مىقدارغا يېتىشى لازىم. بۇ شەرتكە ئاساسەن ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان ئاز مالغا زاكات كەلمەيدۇ. چۈنكى، زاكات مال ئىگىسىنىڭ نەخ ھاجىتىدىن ئارتۇق بولغان مالغا كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن﴾[1] دېگەن.

3 ـ زاكات ئۆلچىمىگە يېتىدىغان مال ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىغا بىر يىل ئۆتۈشى شەرت. بۇ شەرتكە ئاساسەن زاكات ئۆلچىمىگە يېتىدىغان مال، ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا ئالتە ئاي ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ مال بىر يىل توشماي تۇرۇپ ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتسە ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ. زىرائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە يەر ئاستى كان مەھسۇلاتلىرىدىن باشقىلىرىدا يىل توشقاندا زاكات كېلىدۇ. ئەمما تېرىلغۇدىن يىلدا قانچە قېتىم مەھسۇلات ئېلىنسا، شۇنچە قېتىم ئۆشرە زاكات كېلىدۇ. مەدەندىن ھەرقېتىم قېزىپ ئېلىنغان نەرسىگە زاكات كېلىدۇ.

4 ـ زاكات ئايرىلىدىغان مال، ئىگىسىنىڭ زۆرۈر ھاجىتىدىن ۋە قەرزىدىن ئېشىپ تۇرۇدىغان مال بولۇشى شەرت. بۇ شەرتكە ئاساسەن بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى بار، ئەمما ئۇ مال ئۆزىنىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ (بېقىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ) تۇرمۇش خىراجىتىگە چۈشلۇق بولىدىغان بولسا، ياكى ئۇ مالنىڭ ھەممىسى قەرزىگە كېتىدىغان

[1] سۈرە بەقەرە 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا، ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىب بولمايدۇ. زاكات بىر يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدۇ. چۈنكى مالنىڭ ئاۋۇشى بىر يىل ئۆتكەندە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ھۆكۈم مۇقىم ئەمەس مۈلۈكلەرگە قارىتىلغاندۇر. ئەمما زىرائەتنىڭ زاكىتى (ئۆشرىسى) يەردىن قاچان ھوسۇل ئېلىنسا، شۇ چاغدا ۋاجىپ بولىدۇ.

نارسىدە يېتىم بالىنىڭ، ساراڭنىڭ، ياكى گالۋاڭ ئادەمنىڭ زاكات ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك مېلى بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كېلىدۇ. بۇ مالنىڭ زاكىتىنى مەسئۇل بولۇپ ساقلاپ بەرگەن كىشى ياكى ئۇ بالىنى تەربىيىسىگە ئالغان كىشى بېرىدۇ. زاكات ئەر كىشىگە، ئايال كىشىگە، قاماقتىكى كىشىگە ۋە ئازاد كىشىگە ئوخشاش مىقداردا كېلىدۇ.

زاكات دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۆلچىمىگە تەدبىقلانمايدۇ. ھەر شەھەر ۋە ھەر يۇرتنىڭ زاكىتى ئايرىم باشقۇرۇلۇشى كېرەك. دۆلەتنىڭ دائىرىسى كەڭ بولسا، زاكاتنى يېغىش، تەقسىم قىلىپ بېرىش ھوقۇقىنى ھەر شەھەر ۋە ناھىيەنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھەر شەھەر ئايرىم يىغىپ ھاجەتمەنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتى

ئالتۇن كۈمۈش، مەيلى تەڭگە قويۇلغان بولسۇن، مەيلى خام كېپەك شەكلىدە بولسۇن، مەيلى ئېرىتىلگەن كەسمە ھالىتىدە بولسۇن، بىر يىل توشسا ئۇنىڭدىن ئوخشاش زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ. زاكاتنىڭ مىقدارى يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت. زاكات، زاكات كېلىش ئۆلچىمىگە يەتكۈدەك ئالتۇنغا يا كۈمۈشكە ئىگە بولغان ئادەمدىن ئېلىنىدۇ. ئالتۇندىن زاكات بېرىش باشلىنىدىغان ئۆلچەم يىگىرمە مىسقالدۇر. يا يىگىرمە تىللادۇر. (ئالتۇن يىگىرمە مىسقالغا يەتمەيدىغان ئادەمنىڭ ئالتۇندىن باشقا كۈمۈش، يا قەغەز پۇل، يا تىجارەت مېلىغا ئوخشاش بىر نەرسىسى بولمىسا، ئۇ ئادەمگە زاكات كەلمەيدۇ).

كۈمۈشنىڭ ئۆلچىمى ئىككى يۈز تەڭگىدۇر. بۇ يەردە ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، كۈمۈشنىڭ زاكات ئۆلچىمى ئالتۇننىڭ ئۆلچىمىدىن ئازراقغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئەسلىدە ھەر ئىككىسىنىڭ باھادا باراۋەر بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

ئۇستاز ئابدۇلۋاھھاب خەللاپ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغان. ئۇ كىشى ”ئىسلام بايرىقى“ ژورنىلىنىڭ 1950 ـ يىللىق سانىدا مۇنداق دېدى: ”يۇقىرىقى ئۆلچەمگە ئاساسەن شەرىئەت قانۇنى تەلىم قىلىنغان زاماندا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاماندا) يىگىرمە تىللا ئالتۇننىڭ مالىيە باھاسى ئىككى يۈز تەڭگىنىڭ مالىيە باھاسىغا تەڭ باراۋەر ئىدى. شەرىئەت ھۆكۈملىرى بۇنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بىر تىللانىڭ باھاسى 10 تەڭگىگە تەڭ كېلىدۇ، دېمەكتۇر. چۈنكى شۇ چاغدا سەھۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتى مىڭ تىللا ياكى 10 مىڭ تەڭگىگە قارار قىلىنغان ئىدى. بۇ ھېسابتا يىگىرمە تىللا ئىككى يۈز تەڭگىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. لېكىن مۇنداق ئۇدۇل كېلىش بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ. بەلكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇدۇل كېلىشمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ“.

ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام قانۇنى يولغا قويۇلغان ۋاقتىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا) مالىيە ئۆلچىمىنى توختام قىلىش، كۈمۈش باھاسىنى ئالتۇنغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بولغان (يەنى ئالتۇن ئۆلچەم قىلىنغان). بۇ سېلىشتۇرۇش زامانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ، يېڭى ۋەزىيەتلەرنىڭ ۋە تەلەپلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە زاكات ئۆلچىمىنى توختام قىلىشتا يالغۇز ئالتۇننى ئاساس قىلىش كېرەك. ئۇ ھالدا زاكات ئۆلچىمى 20 مىسقال ئالتۇن (يەنى ئىككى سەر ئالتۇن) ياكى شۇنىڭ باھاسىغا توغرا كېلىدىغان كۈمۈش بولىدۇ.

ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا نەرسىدىن مەسىلەن قوغۇشۇندىن ۋە باشقا مېتاللاردىن قويۇلغان پۇللارنىڭ قىممىتى يىگىرمە مىسقال ئالتۇن باھاسىغا سۇندۇرۇلۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن زاكات ئايرىلىدۇ. تۇرلۇك قەغەز پۇللارنىڭ قىممىتى ئىككى سەر ئالتۇن باھاسىغا يەتسە زاكات كېلىدۇ.

نەخ پۇللارنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىلكىدە بولغان داۋامىدا ھۆكمى ئاشۇنداق بولىدۇ. نەخ پۇللار مەيلى بانكىدا، ياكى شەخسىيلەرنىڭ قولىدا ئامانەت قويۇلغان بولسۇن، ياكى ئۆيىدە زاپاس ساقلانغان بولسۇن، ياكى پايدا ـ زىيىنىغا شېرىك بولىدىغان تىجارەتكە بېرىلگەن بولسۇن، ياكى بىر كىشىگە ئۆتنىگە بېرىلگەن بولسۇن ئۇ پۇللارغا زاكات كېلىدۇ.

## تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

تىجارەت ماللىرىغا زاكات بېرىش لازىم. ھەر خىل ماللارنىڭ زاكىتىنى شۇ مالنىڭ ئۆزىدىن ئايرىپ بېرىش لازىم ئەمەس. بەلكى مالنىڭ بازار باھاسىدىكى پۇلغا زاكات بېرىش لازىم. شۇڭا تىجارەت مېلىنىڭ زاكات ئۆلچىمى ئالتۇن ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. مالنىڭ قولغا كىرىشىگە يىل توشقان بولۇشى شەرت ئەمەس. مالنىڭ پۇلغا يىل توشسىلا زاكات پەرز بولۇۋېرىدۇ. بىر يىل ئىچىدە نەچچە مىڭ خىل مال ئالماشسىمۇ كېرەك يوق. تىجارەتكە سەرمايە قىلىنغان پۇل يىل بېشىدا ياكى يىل ئاخىرىدا ئۆلچەمگە يەتسە بولىدۇ. يىل ئوتتۇرىسىدا ئاۋۇپ ياكى ئازىيىپ كەتكىنى ھېساب ئەمەس (يىل توشقاندا ئومۇمىي مال ۋە نەخ ـ نېسىي پۇلنىڭ ھەممىسىنى جەملەپ ھېسابلاپ 40 تىن بىرىنى زاكات ئايرىپ سەدىقە قىلىش (يەنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ زۆرۈر ۋە جىددىي بولغان ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىش لازىم).

تۇغۇپ ئاۋۇتۇش ئۈچۈن چىقىمسىز يايلاق ئوت ـ چۆپلىرىدە باققان چارۋىلىرىمۇ تىجارەت مېلى قاتارىغا كىرىدۇ. ئېلىپ سېتىپ پايدا تاپىدىغان ھەرقانداق مال تىجارەت مېلى ھېسابلىنىدۇ.

زاكات بېرىشتە ئەسلى سەرمايىگە پايدىنى قوشۇپ ھېسابلاپ بېرىش كېرەك. تىجارەت ماللىرى زاكات بېرىش ۋاقتىدىكى بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

## تېرىلغۇ مەھسۇلاتىنىڭ زاكىتى (ئۆشرىسى)

تېرىلغۇ مەھسۇلاتىنىڭ زاكىتى (ئادەتتە ئۇ ئۆشرە دېيىلىدۇ) سايمانسىز سۇغۇرۇلسا، 100 دە ئون يەنى ئون چارەكتىن بىر چارەك ئۆشرە ئايرىلىدۇ. ئېقىن سۇ يا يامغۇر يا بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەتلەرنىڭ ھۆكمى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر زىرائەتلەر سايمان ياكى تۇلۇك كۈچى بىلەن سۇغۇرۇلسا، 100 دە يىگىرمە بويىچە يەنى يىگىرمە چارەكتىن بىر چارەك ئۆشرە ئايرىلىدۇ. ئەگەر زىرائەت يازنىڭ بەزىسىدە ئېقىن سۇ بىلەن بەزىسىدە سايمان كۈچى بىلەن سۇغىرىلسا، يازنىڭ كۆپرەكىدە سۇغىرىلغىنى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئىككى خىل سۇغۇرۇش باراۋەر بولسا، يىگىرمىدىن بىرى يەنى يىگىرمە چارەكتىن بىر چارەك ئۆشرە ئايرىلىدۇ.

زىرائەتنىڭ ئۆشرەسى يەرگە تېرىلغان ھەرقانداق نەرسىگە ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ، مەيلى ئادەم يەيدىغان تېرىلغۇ بولسۇن، مەيلى باشقىسى بولسۇن ئوخشاش. تېرىلغۇ مەھسۇلاتىنىڭ ئاز كۆپلۈك ئۆلچىمى يوق. مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن يەردىن نېمە چىقسا، ئۇنىڭدىن ئۆشرە ئايرىلىدۇ. بىر يازدا قانچە قېتىم ھوسۇل ئېلىنسا، ئۇنىڭدىن شۇنچە قېتىم ئۆشرە بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە(نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈنىدە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار﴾[1].

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد ئەبۇ زۆھرى ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆينى زىرائەت قاتارىغا قوشتى. ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: فىقھشۇناسلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆي ـ ۋاخلارغا زاكات كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق قارىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ زامانىسىدا ئۆيلەر ئىجارىلەرگە بېرىلمەيتتى. ھەركىمنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئۆي سېلىناتتى. مۇنداق ئۆيلەرگە ئۆشرە كەلمەسلىك يىقھى ئىجتىھادىدا ئىجتىمائىي ئادالەت بولغان ئىدى. ئەمما بىزنىڭ بۈگۈنكى زامانىمىزدا ئىمارەتلەر كۆپىيىپ كەتتى. قەۋەتلىك ئۆيلەر ناھايىتى مۇستەھكەم سېلىندى ۋە ئىجارىگە بېرىلىدىغان بولدى. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ كىرىمى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. شۇڭا بۇ ئۆيلەرنىڭ كىرىمىدىن زاكات ئېلىش زىرائەت يەرلىرىدىن زاكات ئېلىنغانىدەك توغرا ۋە پايدىلىق بولۇپ قالدى. چۈنكى ھەر ئايدا ئۆي ئىجارىسى يىغىدىغان ئۆي ئىگىسى بىلەن بىر يىلدا بىر قېتىم مەھسۇلات ئالىدىغان يەر ئىگىسىنىڭ پەرقى يوق. ئەگەر بىز زىرائەت يەرلىرىگە زاكات بېرىش لازىم دەپ ئۆي ئىمارەت ۋە زېمىنلاردىن زاكاتنى كۆتىرۋەتسەك چوقۇم بۇ زۇلۇم بولىدۇ".

---

[1] سۈرە ئەنئام 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېمەك، باشقا ئادەملەر ئولتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىمارەتلەر (مېھمانخانىلار) نىڭ ئىجارىسىدىن كىرگەن ھەر قىتىملىق كىرىمگە زاكات بېرىش لازىم. ئۆي - ۋاخ ۋە سارايلارنىڭ ئىجارە كىرىمى قانچە ۋاقىت توختاپ قالسا، زاكاتنىڭ ئېلىنىشىمۇ شۇنچە ۋاقىت توختايدۇ. كىرىم بولۇپ تۇرىدىغان ئۆيلەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ زاكىتى كىرىمگە ئەگىشىدۇ. يەنى ھەر ئايدا بىر قېتىم كىرىم بولسا ھەر ئايدا بىر قېتىم زاكات بېرىلىدۇ. يىلدا بىر قېتىم كىرىم بولسا زاكىتىمۇ يىلدا بىر قېتىم كېلىدۇ. ئۆي ئىجارىلىرىدىن بېرىلىدىغان زاكات بولسا كىرىمنىڭ يىگىرمىدىن بىرى بولىدۇ. (ئۆيلەر ۋە سارايلار يەرگە سېلىنغان يەر بولغاچقا، يەر مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ)

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەد ئەبۇ زۆھرە: "زاۋۇت كارخانىلىرىدىكى سانائەت سايمانلىرىنىمۇ مەزكۇر يەرگە قىياس قىلدى. زاۋۇت ۋە كارخانىلاردىكى سايمانلار خاس ئۆز ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلمەي سايمانلىرى ئارقىلىق كىرىم بولۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كىرىمىدىن زاكات بېرىش لازىم. بۇ زاۋۇت فابرىكا (ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، شال ئايرىش زاۋۇتى، رېمونت كارخانىسى) قاتارلىقلارنىڭ كىرىمنى يىلدا بىر قېتىم ھېسابلاپ ئومۇمىي كىرىمدىن 20 دىن بىرىنى زاكات بېرىشى لازىم. كىرىم بار يەردە كەمبەغەللەرنىڭ ھەققى بار" دېدى.

## يايلاقتا بېقىلغان تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكۈ قاتارلىقلارنىڭ زاكىتى

يايلاق چارۋىلىرى دېگەنلىكتىن مەقسەت بىر يىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئىگىسى يوق ئاممىۋي ئوتلاقتا بېقىلغان، يىمكى ئۈچۈن چارۋا ئىگىلىرى چىقىم تارتمايدىغان چارۋىلار دېمەكتۇر. ئەمما ئىگىلىرى پۇلغا ئوت - چۆپ ئېلىپ باقىدىغان ۋە ياكى كەنتلەردە باققان چارۋىلارغا زاكات كەلمەيدۇ. چارۋىچىلارغا ئىسلام ھېچقاچان ئوت - چۆپ ۋە بوغاز چىقىمغا زاكات ۋەزىپىسى ئارتمايدۇ.

مەزكۇر (تۆت خىل) چارۋىنىڭ ھەر بىر تۈرلۈكىنىڭ ئايرىم ئۆلچىمى بار ئەگەر چارۋىلار مەزكۇر ئۆلچەمگە يەتمىسە، ئۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ. دېمەك، تۆگە بەشتىن ئاز بولسا، تۆگىگە زاكات كەلمەيدۇ. قوي ياكى ئۆچكە 40 دىن ئاز بولسا، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ. كالا 30 دىن كەم بولسا زاكات كەلمەيدۇ. تۆگە بەش بولسا بىر دانە قوي زاكات بېرىش لازىم. قوي 40 بولسا، زاكات ئۈچۈن بىر قوي بېرىلىدۇ. كالا 30 بولسا، زاكات ئۈچۈن بىر دانە مۇزاي بېرىلىدۇ. (بىر ياشنى تۈگىتىپ ئىككىنچى يىلغا قەدەم قويغان مۇزاي بېرىلىدۇ). ئەركەك تۆگە بىلەن چىشى تۆگە زاكات ئايرىلىش سانىنى نىسپەتلەشتۈرۈشتە باراۋەر. قوي بىلەن ئۆچكە ئوخشاش، سۇ كالىسىمۇ كالىغا ئوخشاش ھېسابتا. بۇ ئۈچ تۈرلۈكتىن باشقىسى يايلاقتا بېقىلسىمۇ زاكات كەلمەيدۇ. دېمەك ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرگە زاكات ۋاجىپ كەلمەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ، تۆگە، كالا ۋە قويلار توغۇش بىلەن ھەم سۈتلىرى بىلەن كۆپىيىدۇ. ئاۋۋغان نەرسىگە زاكات كېلىدۇ. چۈنكى بۇلار نەسلى ۋە سۈتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ.

پىقھى ئالىملىرىنىڭ ئىپتىشىچە ئات، قېچىر ۋە ئېشەكلەرگە زاكات كەلمەسلىكتىكى سەۋەب، بۇلار ئېھتىياج ئۈچۈن بېقىلىدۇ. يەنى ئات ئۇرۇش ئۈچۈن، ئېشەك ۋە قېچىر بولسا مىنىش ۋە يۈك ئارتىش ۋە باشقا ھاجەتلەر ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئەگەر بۇلار نەسىل كۆپەيتىش ئارقىلىق پايدا ئېلىش ئۈچۈن بېقىلسا، ئۇ چاغدا بۇلاردىنمۇ زاكات ئېلىش پەرز بولىدۇ.

## كانلار ۋە كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقلارنىڭ زاكىتى

يەر ئاستىدا بولغان نېفىتقا ئوخشاش مەدەنلەر ئومۇمىي مۇسۇلمانلار خەزىنىسىگە مۈلۈك (دۆلەت مۈلكى) بولىدۇ. ئەمما بىر يۇرتتىن ئۇ يۇرت ئىسلام قولىغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى يەرگە كۆمۈلگەنلىكى ئېنىق بولغان ئالتۇن - كۈمۈش چىقسا، تېپىۋالغان ئادەم بەشتىن بىرىنى ئىسلام ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ قالغان تۆت ھەسسىسىنى ئۆزى سەرپ قىلىدۇ ۋە بىر يەردىن ئۇ يەر ئىسلام ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن يەرگە كۆمۈلگەنلىكى ئېنىق بولغان ئالتۇن - كۈمۈش تېپىلسا، ئۇنىڭ ئىگىسى بىلىنسە ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى بىلىنمىسە، ئۇ ئالتۇن - كۈمۈش دۆلەت مۈلكى بولىدۇ (تېپىۋالغۇچىنىڭ بولمايدۇ). چۈنكى ئۇ يوقالغان نەرسىلەر قاتارىدىدۇر. يوقالغان نەرسىلەر مەخسۇس خەزىنىدە ساقلىنىدۇ. بىر ئادەم ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ مىراسىنى ئالغىلى بىر كىم بولمىسا، بۇ كىشىنىڭ مال - مۈلكىمۇ مەزكۇر مەخسۇس خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ خەزىنىگە جۇغلانغان ئىقتىسادلار زاكات ئالىدىغان يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ.

دېڭىزدىن چىقىدىغان ئەنبەر، مەرۋايىت ۋە بېلىق قاتارلىقلارنى كىم سۈزۈپ ئالسا، ئۇنىڭدىنمۇ بەشتىن بىرى دۆلەتكە ئېلىنىدۇ. بۇ سۆز بولسا مىسىردىكى زاكات قانۇنى لاھىيەسىنى تۈزگۈچى ئالىملارنىڭ توغرا دەپ تاللىغان سۆزىدۇر. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام پىقھى يەنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئالىملىرىنىڭ پىكرىچە دېڭىزدىن سۈزگەن بېلىقلاردىن بەشتىن بىرى ئېلىنمايدۇ. بۇ سۆز پىقھشۇناسلارنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ھۆكمىدۇر. چۈنكى ئۇ زاماندا دېڭىز ئىگىلىكى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ھەم بېلىق تۇتىدىغانلار (ئاددىي قاماق، تورلاردا) كۆندىلىك ئوزۇققا چۈشلۇق تۇتاتتى. ھەم بېلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ بېقىلمايتتى. بېلىق تۇتۇدىغان ئورۇنلار ۋە قوراللارمۇ بۈگۈنكىدەك ئىلغار ئەمەس ئىدى. ئەگەر بىزنىڭ ئاشۇ رەھبىرى ئۆلىمالىرىمىز بىز ياشىغان زاماندا ياشىغان بولسا ئىدى. بىز قارار قىلغان ھۆكۈمنى قارار قىلغان بولاتتى. دېمەك، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا زامان ئوخشاشماسلىقى بار. بىراق دەلىل - ھۆججەت ئوخشىماسلىقى يوق“.

كۆمۈلۈپ قالغان ئەسەرلەر (ئاسارە ئەتىقىلەر) نىڭ تارىخىي قىممىتى بولغاچقا ۋە ئىلمىگە پايدىلىق بولغاچقا، ئۇلار دۆلەت مۈلۈكى بولۇپ ساقلىنىدۇ.

## زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغۇچىلار

ئىسلام دىنى زاكات ئىشىنى ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ توختام قىلىشىغا تاشلاپ قويماي زاكاتنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئېنىق ئىبارىتى بىلەن تەيىنلەپ بەردى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

زاكاتنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا تېگىشلىك تەبىقىلەرنى الله تائالا سانى بويىچە كۆرسەتتى. ئۇلار بولسا:

1 ـ موھتاجلار، يەنى ئۆزىنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكىدەك ئىقتىسادى يوق، بەلكى ئىقتىسادى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزلىرى تولۇق قامدىيالمايدىغان دەرىجىدە ئاز بولغان ئادەملەردۇر. بەزى ئۆلىمالارنىڭ پىكرىچە موھتاجلاردىن كۆندىلىك يەيدىغان يېمەكلىكلىرىگىمۇ تولۇق ئىگە بولالمايدىغانلار، كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2 ـ مىسكىنلەر. بەزىلەر: مىسكىنلەرنى تىلەمچىلەر، دېسە. بەزىلەر: پېقىردىن بەكرەك موھتاج كىشى مىسكىن بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇللۇقتىن ئازاد قىلغان ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پېقىرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ موھتاجلىرىدۇر. مىسكىنلەر ئىسلام ھۆكۈمىتىگە باش ئىگىپ يۇخرا بولغان يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ موھتاجلىرىدۇر. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: "مىسكىنلەرنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئاجىزلىرى" دەپ تەپسىر قىلغانلىقى بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قارىغۇ زىممىنىڭ (ئىسلام يۇخراسى بولغان خرىستىئاننىڭ) مەدىنىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا تاشلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئۆمەر: ساڭا نېمە بولدى؟ دېۋىدى. ئۇ: خوجايىنلار مېنىڭ تۆلەيدىغان كىرىمىم ئۇچۇن ئەمگەك كۈچۈمنى سېتىپ خەجلىدى. ئەمدى كۆزۈم تۇتۇلغاندا مېنى تاشلىۋەتتى. مېنى بىر نەرسە بىلەن يوقلايدىغان ھېچكىمىم يوق، دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئەلفارۇق ئۇنىڭغا: ئىنساپسىزلىققا ئۇچراپسەن، دېگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ئوبدان ئۆتكىدەك مائاش بەلگىلەپ بەردى. ۋە بۇ ئادەم الله تائالا قۇرئاندا: "سەدىقىلەر موھتاجلارنىڭ، مىسكىنلارنىڭ ھەققى" دەپ كۆرسەتكەنلەرنىڭ قاتارىدىكى ئادەم، دېدى. يەنە "مىسكىنلەر ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار) ئىچىدىكى ماخالماسلار، ئاپەتكە ئۇچراپ كەسىپ قىلالمايدىغانلار ۋە ساقىيىشى ئۈمىد قىلىنمايدىغان كېسەللەردۇر" دېدى.

---

[1] سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى، زاكاتنى ئىشلىيەلمەيدىغان زىممىيلارغا (ئىسلام ھۆكۈمىتىگە پوخرا بولغان غەيرى مۇسۇلمان ئاجىزلارغا) بېرىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرى مۇسۇلمان ئەمەس ئادەمگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدىغان كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

3 ـ ئۆشرە ـ زاكات يىغىش ئۈچۈن ئىشلىگەن خادىملار. بۇلار بولسا زاكات بېرىدىغانلارنىڭ بەرگەن زاكىتىنى يىغىپ، زاكات ئالىدىغان ئاجىزلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلاردۇر. بۇلارغا قىلغان خىزمىتىگە قاراپ تەخداشلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا تەڭ تۇرمۇش كەچۈرگىدەك ئىش ھەققى زاكاتتىن بېرىلىدۇ. بۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىدۇر. باي بولسىمۇ ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

4 ـ قەلبى ئىسلامغا مايىل قىلىنغۇچىلار. بۇلارنى ياكى بۇلارنىڭ تاۋابىئاتلىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا زاكات بېرىلىدۇ. مۇسۇلمان بولسىمۇ لېكىن دىنىدا ئىككىلىنىپ قالغانلارنىڭ دىلىغا ئىمانىنى بېكىتىش ئۈچۈنمۇ زاكات بېرىلىدۇ. ”ئەبۇ يەئلا“ ئىسملىك ئالىم ئۆزىنىڭ ”ھاكىمىيەت ھۆكۈملىرى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ”دىلى ئىسلامغا مايىل قىلىنغۇچىلار تۆت تۈرلۈكتۇر. بىر بۆلىكى قەلبىنى مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىشقا مايىل قىلدۇرغۇچىلاردۇر، يەنە بىر بۆلىكى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن يېنىش ئۈچۈن ئىسلامغا جەلب قىلىنغۇچىلار. يەنە بىر تۈركۈمى ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈلگۈچىلەر. يەنە بىر خىلى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قەۋمى ـ جامائەتلىرىنى ئىسلامغا تەرغىب قىلىشى ئۈچۈن مايىل قىلىنغۇچىلار. بۇلارغا مەيلى بۇلار مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى مۇشرىك بولسۇن ئىسلامغا دىلى مايىل قىلىنغۇچىلارغا بېرىلىدىغان زاكاتتىن بېرىلىدۇ. بۇلارغا زاكات بېرىش ئىسلامنى قوغدىغان ۋە كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرغان جۈملىسىدىندۇر. بۇگۈنكى كۈندە بۇ ”دىئايە“ (چاقىرىق) دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەشۋىقاتى ۋە ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئىقتىساد سەرپ قىلىشنى زاكات سەرپ قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرسى قىلىپ تەيىنلىشىمىز ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرىشىمىزگە ھەقلىقمىز.

5 ـ قۇللارنى ئەسىرلىكتىن ئاجرىتىش ئۈچۈن. ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە خوجايىن ئۆزىنىڭ قۇلىغا پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ئاندىن كېيىن قۇل خوجىسىغا مەلۇم مىقداردا پۇل ئۆتكۈزسە، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىۋېتىش بار ئىدى.

الله تائالا قۇللار ۋە ئەسىر قۇللۇقتىن ئازاد بولسۇن ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن ياردەم بېرىشكە ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنى بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا قۇللۇق تەخمىنەن يوقالدى. بۇ يەردە شۇنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكچىمىزكى، ئىنسانىيەت ئالىمدە قۇللۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان بىرىنچى دۆلەت ئىسلام دۆلىتىدۇر. يېتەرلىك پاكىت شۇكى، ئىسلام دۆلىتى بىر بۆلۈك ئىقتىسادنى قۇللارنى قۇتقۇزۇشقا ئاجراتتى. ئۆتمىش تارىخ بۇ توغرىدا ئىسلامنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر سىياسي ياكى پەلسەپىۋي تۈزۈمنىڭ گېپىنى قىلمىدى.

6 ـ قەرزگە بوغۇلغۇچىلار. ئۇلار بويىنىغا قەرز مىنىپ قالغان، قەرزگە بەرگىلى نەرسىسى يوق ئادەملەردۇر. بۇلار ئۆچكە بۆلۈنىدۇ:

1 ـ ھالالغىمۇ، ھارامغىمۇ پۇل خەجلەپ ھاماقەتلىك ۋە ئىسراپخورلۇق يۈزىدىن قەرزگە بوغۇلغانلار. كۆپىنچە پىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ پىكرىچە مۇنداق ئادەملەر تەۋبە قىلىپ تۈزەلمىگۈچە، الله تائالادىن قورقۇشقا ۋە پىلانلىق خىراجەت قىلىشقا يۈزلەنمىگىچە، بۇلارنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلمەيدۇ.

2 ـ ئۆز ئىشى ئۈچۈن قەرز ئالغۇچىلار. ئۆزى تىجارەت ئۈچۈن قەرز ئالغان، پۇلنى پىلانلىق خەجلىگەن، لېكىن ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇق بىر خىل بولمىغاچقا (بازار باھاسى مۇقىم بولمىغاچقا) تىجارەتتە زىيان تارتىپ پۈتۈن مېلىنى قەرز قورىشىۋالغان ۋە بارلىق پۇل ـ مېلى قەرزگە يەتمەي قالغان ئادەملەر. بۇلارنىڭ ئۈستىدە قالغان قەرزلىرىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

3 ـ ئامما خەلق مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىش يولىدا قەرزدار بولغانلار. مەسىلەن دۈشمەنلەشكەنلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن دىيەت (قان بەدىلى) نى ئۈستىگە ئېلىپ قەرزدار بولغان ئادەمگە ئوخشاش. پىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ ئېيتىشىچە: مۇنداقلارنىڭ قەرزى زاكاتتىن تۆلۈنىپ قويۇلىدۇ. گەرچە قەرزدىن ئېشىپ يەنە زاكات كەلگۈدەك مېلى قولىدا قالدىغان باي بولسىمۇ مەيلى. مۇنداق قىلىش كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئادەمگەرچىلىك قىلىشقا، ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. قەرزدار ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ ئۇ كىشىدىن قالغان ئىقتىساد ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە يەتمىسە، ئاشقان قەرزى زاكاتتىن ئادا قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىسلام توغرا يول بىلەن بوغۇلغان قەرزلەرنى زاكات خەزىنىسىدىن ئادا قىلىنىدىغان قىلدى. بۇ ئىش بىلەن ئىسلام بارلىق ئىنسانىي قانۇن ـ تۈزۈملەردىن ناھايىتى يىراققا ئىلگىرىلەپ كەتتى. خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياغا كەلگەن زامان بىلەن زاماندىش بولغان قانۇنلاردىن ئېشىپ كەتتى.

شۇنىمۇ بىلىشىمىز كېرەككى، روما ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قانۇنى بەزى دەۋرلەردە قەرزدارنى قەرز بەرگۈچىنىڭ قۇل قىلىۋېلىشقا يول قويياتتى. ئەمما ئىسلام قىيىنچىلىققا قالغان قەرزدارنىڭ قەرزىنى دۆلەت ئادا قىلىپ قويىدىغان قىلدى. بۇ ئىشتا كىشىلەرنى ئادىمگەرچىلىككە ۋە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى مال ئىگىسى ئۆز مېلىنىڭ ھەرگىز يوقالمايدىغانلىقىنى بىلسە، ياخشى قەرز (ئۆسۈمسىز قەرز) بېرىدۇ. بۇنىڭغا قىياس قىلىپ يىغىلغان زاكاتتىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى زاكاتتىن توغرا قەرزلەر ئادا قىلىنغان يەردە قەرزدارلارغا ئىسلام خەزىنىسىدىكى زاكاتتىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكە ئەلۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قەرز ئاخىردا يەنىلا خەزىنىگە قايتۇرىلىدۇ.

7 ـ سەپەر ئۈستۈدىكى ئادەم. يەنى خىراجەتتىن ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىر بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇرتىغا بېرىۋالغۇچىلىك بىر نەرسە يوق. مۇنداق ئادەمگە يۇرتىغا بېرىۋالغۇچىلىك يول خىراجىتى زاكاتتىن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆز يۇرتىدا باي بولسا، غەزنىدىن قەزر بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەم يۇرتىغا ۋە قەۋمى ـ قېرىندىشى قېشىغا بېرىۋالغاندىن كېيىن قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

8 ـ الله يولىدىكىلەر. يەنى ئىسلام جەڭچىلىرىگە ۋە چېگرا ساقلاش ئۈچۈن تەييار تۇرغۇچىلارغا زاكاتتىن چىقىم قىلىنىدۇ. ئەسكەرلەر الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان جەريانىدا ئەسكەرلەرگە ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك چىقىملارغا زاكات خەجلىنىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار ”الله يولىدا“ دېگەن سۆزنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ھەممە ئىشقا ئومۇملاشتۇرۇپ تەپسىر قىلدى.

ئىمام پەخرۇررازىنىڭ ”كاتتا تەپسىر“ كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن: ”الله يولىدا دېگەن سۆزنىڭ جەڭچىلەرگە خاس بولۇشى لازىم ئەمەس“.

بۇ مەنىگە ئاساسەن ”قەپپال“ ئىسىملىك ئالىم بۇ ئايەت ھەققىدە بەزى فىقھشۇناسلاردىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ”فىقھشۇناسلار سەدىقىلەرنى ئۆلۈكلەرگە كېپەن ئېلىش (دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن) سېپىل ياساش ۋە مەسجىد سېلىشتەك ياخشىلىق يوللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىشلىتىشنى توغرا كۆردى. چۈنكى، الله تائالانىڭ ”الله يولىدا“ دېگەن سۆزى ھەممىگە ئومۇمىيدۇر“.

الله يولىدا دېگەن سۆز خەلقلەرنى ئىسلامغا چاقىرغۇچى ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى، كەڭچىلىكىنى ئاشكارىلاش، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈش، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە رەددىيە قىلىش ئۈچۈن تەشۋىق قىلغۇچى كىشىلەرنى تەييارلاپ ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى زاكاتتىن بېرىش ۋە بۇ يولغا خىزمەت قىلىدىغان كىتابلار (يېزىش، بېسىپ ۋە تارقىتىش چىقىملىرى) غا زاكاتتىن چىقىم قىلىشقىمۇ ئومۇمىيدۇر.

شۇنىڭدەك زاكات ياخشى ئىشلار قۇرۇلمىلىرىغا، مەسىلەن: پۇلسىز داۋالاش ئورۇنلىرى، يېتىم باللارنى بېقىش، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە پۇلسىز مەدرىسىلەردەك ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ قۇرۇلۇشلار كەمبەغەل تەبىقىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

## ھەر بىر زاكات، زاكاتقا ھەقلىقلەرنىڭ ھەممىگە بېرىلەمدۇ؟

ئىمام شافىئىيدىن باشقا كۆپچىلىك فىقھشۇناسلارنىڭ پىكرىچە زاكات بەرگۈچى زاكاتنى قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەبىقىلەرنىڭ ھەممىگە تەگكۈزمىسىمۇ بولىدۇ. زاكات پەقەت ئۇلاردىن بەزىسىگە بېرىلسە، زاكات ئادا بولىدۇ. رەھبەر بولغان كىشى زاكاتنى تەقسىم قىلغاندا ئالدى بىلەن ناھايىتى مۇھىمىنى، ئاندىن كېيىن مۇھىمنى كۆزدە تۇتۇپ تەقسىم قىلىش لازىم.

## زاكات ئىجتىمائىي ھۆددىگەرلىكتۇر

زاكات توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىزكى، ئەگەر ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ئىسلام يولىغا قويغان زاكاتنى تەرتىپلىك يىغىپ پىلانلىق چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت قائىدىگە ئەمەل قىلسا ئىدى، زاكات كىرىمى مىليونلارچە تىللالارغا يېتىپ پاراۋان تۇرمۇشتىن مەھرۇم قالغان موھتاج تەبىقىلەرنىڭ ھاجەتلىرى ھەل بولۇپ كېتەر ئىدى.

بۇ زاكات بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆتكەن ئەسىردىن باشلاپ خەلقىدىن يىغىپ كەلگەن باج ـ سېلىقلار ئادا قىلغان ئىشلارنى ئادا قىلالىغان بولاتتى. ياۋروپا دۆلەتلىرى بايلارنىڭ سەرمايىلىرىگە قاراپ باج ئېلىشنى قارار قىلىپ، بۇنى ئىجتىمائىي ھۆددىگەرلىك دەپ ئاتىغان ئىدى. كۆپلەپ كىرىم قىلىدىغانلارغا باجدىن باشقا سېلىقلارمۇ قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئالۋان بەزى دۆلەتلەردە كىرىمنىڭ 90% نى ئىشغال قىلغان. ئەگەر بۇ ئىشلارنى قىلىپ (جەمئىيەتتىكى كەسىپسىز يوقسۇللار تەمىنلەنمىگەن بولسا) مەھرۇم تەبىقىلەردىكى قوزغىلاڭلار توختىمايتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، زاكات بولسا، ئىجتىمائىي ھۆددىگەرلىكتۇر. يەنى جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغانلارنى تەمىنلەشكە ھۆددىگەر بولۇش ئاساسىدۇر. مۇنداق قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بىرىنچى بولۇپ دۇنيا ئەللىرىدىن ئىلگىرىلەپ كەتكىنى پەقەت ئىسلام تۈزۈمىدۇر.

## يىگىرمە ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا ئاياللار ۋە ئائىلە مەسىلىسى

بۇ بۆلۈمدىكى ماۋزۇلار، بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ ئاياللىرى، ئىسلامنىڭ ھەممە ئاياللارنى ئازاد قىلىشى، ئىسلامنىڭ خۇسۇسەن ئەرەب ئاياللىرىنى ئازاد قىلىشى، قۇرئاننىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان كۆز قارىشى، ئىسلامدىكى ئۆيلىنىش ئۇسۇلى، ئەر - ئايالنىڭ باراۋەرلىكى، مۇسۇلمان ئايال ۋە ئۇنىڭ ئورۇنۇش مەسىلىسى، بىردىن كۆپ ئايالنى ئېلىشقا رۇخسەت بېرىش مەسىلىسى، تالاق، ئىددەت مەسىلىلىرى، ئايال كىشىنىڭ شەخسىي ھەقلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئاياللار توغرىسىدا ھېچ بىر ئەسىردە ھازىرقى زاماندىكىدەك كەڭ دائىرىدە سۆزلەنمىگەن ئىدى. ئاياللارنىڭ بۇنداق ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاياللار كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يارىتىلغان ئويۇنچۇق ئەمەس. بازاردا سېتىلىدىغان مال ئەمەس ياكى ھوقۇقسىز يۇقرا ئەمەس. ئۇ چوقۇم ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدا ئاساسلىق ئورۇنغا ئىگە بولغان ئادەمدۇر.

ئاياللار كۆپ ھوقۇقلارغا ئىگە بولغان ۋە ئىجتىمائىي چوڭ سەكرىشىدە سەكرىگەندىن كېيىن ئاياللار توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ سۆزلىمەكچى بولغان زاماندىشىمىز شۇنى كۆرۈشى كېرەككى، قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ قايسىسى ئاياللارغا ئەڭ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن؟ يەنە ئويلاپ كۆرسۇنكى، ئىسلام ئاياللارنى ئازاد قىلدىمۇ، ئېزىز قىلدىمۇ، ئاسىرىدىمۇ ياكى ئاياللارنى قۇل قىلىشقا ۋە خارلاشقا ھۆكۈم قىلدىمۇ؟!

ئىسلامنىڭ ئاياللارنى ئازاد قىلغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن بۇرۇن، قەدىمقى مىللەتلەردىكى ئاياللارنىڭ تۇتقان ئورنىغا بىر قاراپ باقساقلا! بۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىكى ئاياللارنىڭ مەرتىۋىسىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

## قەدىمقى مىللەتلەردە ئاياللار

يۇنانلىقلار قەدىمقى مىللەتلەر ئىچىدە مەدەنىيىتى يۇقۇرراق بولغان مىللەت ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇلار ئايال كىشىنى ئېتىۋارسىز ۋە تاشلاندۇق نەرسىلەر قاتارىدا كۆرگەچكە، ئاياللار بازاردا سېتىلاتتى ۋە سېتىۋېلىناتتى. ئۇلار ئاياللارنى شەيتان ئىشلەپ چىقارغان نىجاسەت، دەپ قارايتتى. ئاياللارنى ئۆي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە بالا بېقىشتىن باشقا ھەرقانداق ھوقۇقتىن چەكلەيتتى.

ھىندىلارنىڭ قانۇن تۈزۈملىرىدە: ”ۋەبا كېسىلى، ئۆلۈم، دەۋزەخ، زەھەر، زەھەرلىك يىلانلار ۋە ئوت قاتارلىقلارمۇ ئايال كىشىدىن ياخشىراق“ دەپ كۆرسىتىلگەن.

تەۋراتنىڭ نۇسخىللىرىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ ئاياللارغا ھىندى قانۇنلىرىدىن رەھىمدىلرەك ئەمەس ئىدى. تەۋراتنىڭ ”جامىئ“ قىسمىدا مۇنداق يېزىلغان: ”مەن پايدىلىق ئىلىم ۋە ئەقىل ئىزدەش، سۈرۈشتۈرۈش ۋە بىلىش ئۈچۈن جاھاننى قەلبىم بىلەن كەزدىم. ھەم بىلىمسىزلىكنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكىنى، ئەخمەقلىقنىڭ سارائلىق ئىكەنلىكىنى تونۇش ئۈچۈن ئايلاندىم. ئاندىن ئايال كىشىنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ ئاچچىق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئايال كىشى بولسا (ئادەمنى ئوۋ قىلىدىغان) سىرتماق، ئۇنىڭ قەلبى قىسماق ۋە ئۇنىڭ ئىككى قولى كىشەندۇر. مىڭ ئادەم ئارىسىدىن كېرەكلىك بىر ئادەم تاپالىدىم. ئەمما مىڭ ئايال ئىچىدىن كېرەكلىك بىرىنىمۇ تاپالمىدىم“.

رومىنىيەدە چوڭ بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ يىغىندا ئايال كىشى توغرىسىدا، تالاش - تارتىش بولغان ئىدى. يىغىن شۇنى ماقۇللىدىكى: ”ئايال كىشى بولسا روھسىز بىر مەخلۇق. شۇڭا ئۇ ئاخىرەت ھاياتىغا ھەرگىز ئىگە بولالمايدۇ. ئايال كىشى پاسكىنا، ئۇنىڭ گۆش يېمەسلىكى، كۈلمەسلىكى، بەلكى گەپ قىلماسلىقى لازىم. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ناماز، ئىبادەت ۋە ئەر خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈشى لازىم“. ئۇلار ئايال كىشىنى گەپ قىلىشتىن چەكلىگەنلىكىدىن ئاياللارنىڭ ئاغزىغا تۆمۈر قۇلۇپ سېلىپ قويۇشاتتى. ئاياللار مەيلى ئەڭ يۇقىرى ئائىلىدىن بولسۇن، مەيلى تۆۋەن تەبىقىدىن بولسۇن، بازارلاردىمۇ ئۆيدىمۇ ئەتىگەندىمۇ كەچتىمۇ ئاغزىغا قۇلۇپ سېلىقلىق يۈرەتتى.

بۇ جازا تېخى ”ئاياللار شەيتاننىڭ ئازدۇرۇش قورالى، شەيتان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئاياللارنى خىزمەتكە سالىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ئاياللارغا يۈرگۈزىدىغان تەن جازاسىدىن باشقا بىر جازا ئىدى“.

ئەمما مىلادىيە **586** - يىلى فىرانسىيەنىڭ بەزى ۋىلايەتلىرىدە يىغىن ئېچىلغان ئىدى. يىغىندا ئايال كىشى توغرىسىدا سۆز ئېچىلىپ ”ئايال كىشى ئىنسان ھېسابلىنامدۇ؟ ياكى ئىنسان ئەمەسمۇ؟ دېگەن ھەقتە توختىلىش بولدى“. ئاخىرىدا يىغىن، ئايال كىشى ئىنسان لېكىن ئەر خىزمىتىگە يارىتىلغان ئىنسان ئىكەن“ دېگەن قاراشنى ماقۇللىدى.

ئەمما گېرمانىيەدە پادىشاھ **8** - ھېنرى، ئاياللارنىڭ مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇپ كۆرۈشىنى چەكلەشكە بۇيرۇق چىقارغان. شۇنىڭدەك ئەنگىلىيەنىڭ **1850** - يىلىدىكى ئومۇمىي قانۇن بويىچە ئاياللار ئەنگىلىيە گەرىژدانلىرىدىن ھېسابلانمايتتى. ئۇلارنىڭ شەخسىي ھوقۇقلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۆزىنىڭ تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان مال - مۈلۈكلىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھەققىمۇ يوق ئىدى.

ئەمما ئەرەب يۇرتلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇن ئاياللار كۆپ ئەھۋاللىرىدا خارلىناتتى. بۇنى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## ئىسلامنىڭ بارلىق ئاياللارنى ئازاد قىلىشى

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئاياللارنىڭ ئەھۋالى يۇقىردا دېيىلگەندەك ئىدى. ئىسلام كېلىپ ئاياللارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن زۇلۇم ۋە كەمسىتىشلەردىن قۇتۇلدۇرغىلى باشلىدى. ئۇلارنى مەدەنىيەت تەرەققىياتلىرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىمۇ يېتەلمىگەن يۇقىرى مەرتىبىگە كۆتۈردى.

ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا ۋە باشقىلاردىمۇ ئايال كىشىنى هايۋان قاتارىدا كۆرىدىغان ياكى قوغلاندى شەيتان جۈملىسىدىن هېسابلايدىغان بىر ۋەزىيەتتە ئىسلام "ئايال كىشىنىڭ دۇنياغا ئىنسان كۆپىيىدىغان ئىككى ئاساسى ماددىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئايال كىشىنىڭ ئەرلەرگە بېرىلگەن نىمەت ۋە ئىلتىپات ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن قورقۇڭلار﴾[1].

بەزى ئادەملەر ئايال كىشىنىڭ بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدىغان، ھەتتا ئۇلار ئاياللارنى مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن مەنئىي قىلىدىغان بىر ھالەتتە، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ياخشى ئىشلىرىغا ئەرلەرگە ئوخشاش ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴾[2].

شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەقىدە ۋە ئەۋزەل ئەخلاق تەكلىپلىرىگە ئەرلەرنى بۇيرۇغاندەك بۇيرىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە الله نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى﴾[3] دېدى.

ئايال كىشىنىڭ جاۋابكارلىقى ئەركىشىنىڭ جاۋابكارلىقىدىن ئايرىم بولغاچقا، ئايال كىشى ياخشى تۆزۈك بولسا ئەرنىڭ بۇزۇق ئىشلىرى ۋە يولدىن چەتنەشلىرىدىن ئايال كىشى

[1] سۈرە نىسا 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 124 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت.

ھېساب بەرمەيدۇ. ئايال كىشى بۇزۇق ناچار بولسا، ئەرنىڭ ياخشى تۈزۈكلىكىنىڭ ۋە خۇدادىن قورقۇشىنىڭ ئايالىغا پايدىسى بولمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله كۇففارلارغا (ئۇلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن تۇغقانچىلىقىنىڭ پايدا بەرمەسلىكىدە) نۇھنىڭ ئايالىنى ۋە لۇتنىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار بولسا بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن ئىككى ياخشى بەندىمىزنىڭ ئەمرىدە ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئەرلىرىگە (ئىمان ئېيتماسلىق بىلەن) خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى (يەنى نۇھ بىلەن لۇت) (پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق) ئۇلاردىن الله نىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمىدى. (ئۇ ئىككىسىگە) «دوزاخقا كىرگۈچىلەر بىلەن بىللە كىرىڭلار» دېيىلدى. الله ئىمان ئېيتقانلارغا پىرئەۋننىڭ ئايالىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! دەرگاھىڭدا ماڭا جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلغىن، مېنى پىرئەۋندىن ۋە ئۇنىڭ يامان ئەمەلىدىن قۇتۇلدۇرغىن، مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن» دېدى﴾[1].

زالىم پىرئەۋننىڭ جىنايىتى ئۇنىڭ ئايالىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە توسالغۇ بولمىدى. شۇنىڭدەك ئىسلام، رەھبەرگە بەيئەت قىلىش ھوقۇقتا ئەر بىلەن ئايالنى باراۋەر كۆردى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ ئاڭلاش، بويسۇنۇش ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەيئەت ئالغان ئىدى. شۇنىڭدەك ئاياللاردىنمۇ الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىشقا بەيئەت (ئەھدىنامە) ئالدى.

بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز باللىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

بىز بەزى مىللەتنىڭ ئاياللارنى پەس كۆرۈپ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا لايىق ئەمەس، دەپ قاراۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى كېلىپ ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ،

---

[1] سۈرە تەھرىم 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇمتەھىنە 12 ـ ئايەت.

زاكات بېرىدۇ، الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتە مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرىنى دوست ۋە يېقىن تۇتىدىغانلىقىغا ئىسپات بار. يېقىن بولۇشۇش ئۇلارغا ياخشىلىقى بار ئىشلاردا بىر ـ بىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملىشىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك بۇ ئايەت ئاياللارنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە ياخشى گۈزەل ئىشلارنى ئىشلەش ھەققى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ بولسا، ئىسلامنىڭ ئاياللارغا ياخشى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھەققىنى بېرىدىغانلىقىنىڭ ئۇچۇق دەلىلىدۇر.

## ئىسلامنىڭ ئەرەب ئاياللىرىنى ئازاد قىلىشى

بەزى ئەرەبلەر قىز باللارنى تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. ئىسلام قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى ھارام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئايال ۋە قىزلارغا ھايات ھەققىنى بەردى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (ئايالىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى اللەغا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!﴾[2].

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾[3].

ئەرەبلەر ئايال كىشىلەرگە ۋە ئۆلگەن كىشىنىڭ نارىسىدە بالىلىرىغا مىراس بەرمەيتتى. پەقەت دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ جەڭدە سوقۇش قىلالايدىغانلارغا مىراس بېرەتتى. ئىسلام ئاياللارغا مىراس بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئۇلار مەيلى ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى بولسۇن ، ياكى ئانىسى بولسۇن ۋە ياكى قىز قېرىندىشى بولسۇن مىراستىكى ھەققىنى بايان قىلدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (الله نىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ﴾[4].

---

[1] سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 58 ـ 59 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئىسرا 31 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نىسا 7 ـ ئايەت.

ئەرەبلەر ئايال كىشىنى مەجبۇرى مىراس قىلىپ ئالاتتى. ئۇ ئىش مۇنداق ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلاتتى. مېيىتنىڭ مىراسىنى ئالىدىغان كىشى كېلىپ مېيىتنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىگە كۆينىكىنى تاشلايتتى. ئاندىن كېيىن ”ئۆلگەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مىراس ئالغىنىمغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ مىراس ئالدىم“ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى مەزكۇر ئايالغا، ئايالنىڭ ئۆزىدىنىمۇ بەكرەك ھەقلىق بولۇپ قالاتتى. ئاندىن ئىختىيار قىلسا ئۇنى ئۆزىگە ئايال قىلاتتى، ياكى باشقا ئەرگە بېرىپ تويلۇقىنى ئېلىۋالاتتى. ياكى ئەرگە تەككىلى قويماي قىستاپ بىر بۆلۈك مال بېرىپ ئۆزىنى مەندىن قۇتقۇزارمىكىن، دەپ ياكى ئۆلسە مىراسىنى ئالارمەنمىكىن دەپ تەمە قىلىپ تۇتۇپ تۇراتتى. ئىسلام دىنى بۇنداق قىلىشتىن توستى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار﴾[1].

بەزى ئەرەبلەر ئايال قۇللىرىنى پاھىشە قىلىپ پۇل تېپىشقا زورلايتتى. ئىسلام ئۇلارنى بۇ ئىشتىن مەنئى قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار﴾[2].

بەزى ئەرەبلەر ئۆز دادىسىنىڭ ئاياللىرىنى (ئۆگەي ئانىسىنى) مال ـ مۈلك قاتارىدا مىراس قىلىپ ئۆزىگە ئايال قىلاتتى. ئىسلام بۇلارنى بۇنداق يامان ئىشتىن ناھايىتى قاتتىق توسۇپ كەلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ). بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!﴾[3].

شۇنىڭدەك كۆپلىگەن مىللەتلەردە ئادەت بولۇپ قالغان ۋە ئەخلاقسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن كۆپلىگەن يۇرتلاردا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن نىكاھلىنىشتىكى بۇزۇق ئۇسۇللارنى ئىسلام مەنئى قىلدى.

## قۇرئاننىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان كۆز قارىشى

### قۇرئان تونۇتۇشتىن بۇرۇن ئۆيلىنىشنىڭ ئۇقۇمى قانداق ئىدى؟

---

(1) سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە نىسا 22 ـ ئايەت.

ئۆيلىنىش تۇرمۇشتا شېرىكلەشكەن ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى تىجارەت سودىسىمىدى؟ ياكى ئۇ بەندىنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ شەيتانىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن قۇتقۇزۇش ۋاستىلىرىدىن بىرسىمىدى؟ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلار جەمئىيەتلەرنىڭ ۋە ئىدىيۋى تونۇشلىرىنىڭ قۇرئان كېلىشتىن بۇرۇنقى ئۆيلىنىش خىيال تەسەۋۋۇرلىرىدىن بىر تەسەۋۋۇر ئىدى. لېكىن قۇرئاننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ئۆيلىنىش جەمئىيەت تەرەپتىنمۇ ۋە شەخسىي تەرەپتىنمۇ ئۆزىنىڭ توغرا نىشانىسىدا ئىنسانىي ئۆيلىنىشتۇر. چۈنكى ئۆيلىنىش جەمئىيەتنىڭ كۆز قارىشىدا ئىنسان نەسلىنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش رولىغا ئىگە ئىجتىمائىي بىر زۆرۈرىيەتتۇر.

شەخسىي تەرەپتىن ئېيتقاندا ئۆيلىنىش كۆڭۈل ئاراملىقىدۇر ۋە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدا مۇھەببەت ۋە رەھىم ـ شەپقەت ئورنىتىش ۋاستىسىدۇر.

شۇڭا قۇرئان ئۆيلىنىش ھەققىدە كىشىلەرنىڭ شەخسلەرگە ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن كىشىلەرگە مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ: ﴿ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسۇق بولمىسۇن)، الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾[1].

گەرچە بۇ خىتاب ئۆيلىنەلمىگەن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئىگە ـ چاقىسىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىتاب باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ئورتاق بولۇپ، تۇل ئاياللارنى ۋە ئايالسىز ئەرلەرنى ئۆيلەپ قويۇشقا ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىكى توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقىقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتىدىن باي قىلىشقا كېپىل بولىدى. ئەمما ئۆيلۈنەلمىگەن ئەر خىراجىتىگە ھېچ نەرسىسى يوق ئاجىز كىشى بولسا، الله تائالا ئۇ كىشىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە تاكى الله تائالا ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتكۇدەك مال ـ مۈلۈك رىزقى بەرگىچىلىك ئۆزىنى گۇناھتىن ساقلىشىغا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆيلىنەلمەيدىغانلار الله ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن﴾[2]. ئۆيلىنىش ئىسلامدا ئەرئايال ئارىسىدىكى ئەھدى توختامدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا﴾[3].

بۇ ئايەت ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن مۇستەھكەم ئەھدى ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەھدى بولسا، بىر ـ بىرىگە جۈپ بولغانلىقىدۇر. بۇ ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ئەھدى بولۇپ ھەر بىرى يەنە بىرىگە قارىتا ئەھدى توختام بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ.

”ئاياللار سىلەردىن چىڭ ئەھدى ئالدى“ دېگەن ئىبارەتنىڭ ئەھمىيتى بىر ـ بىرىنى ئاسراش، سۆيۈش، رەھىم قىلىش مەنىلىرىگە ئىشارەت قىلىشتۇر. نىكاھ ئەھدىسى ئىلىم ـ

(1) سۈرە نۇر 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە نۇر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە نىسا 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سېتىم ئىجارە توختاملىرىدەك بىرسى ـ بىرىگە مۈلك بولۇپ قېلىش توختامى ئەمەس. ياكى بىر خىل قۇل قىلىش ئەمەس. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى ئۆيلىنىش ئالاقىسى بولسا، جانلار راھەتلىنىدىغان، دوستلۇق ۋە رەھىم شەپقەت باغلىنىدىغان خاتىرجەملىك ئالاقىسىدۇر.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللە نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ ئايال ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللە نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1].

بۇ ئايەت ئەر بىلەن ئايالغا شۇنى ئاگاھلاندۇردىكى، اللە تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭ دەلىللىرىدىن بىرى ۋە كەڭچىلىكىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئەرگە ئايالنى ئۇنىڭ قېشىدا كۆڭلى ئېچىلسۇن دەپ ئەرنىڭ جىنسىدىن يارىتىپ بەردى. بۇ ئايەتتە سۆزلەنگەن ”كۆڭۈل ئېچىلىش“ بولسا، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىدىن سېزىدىغان، مۇھەببەت ۋە رىغبەت ئىشتىياق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تاتلىق ھېس ـ تۇيغۇدىن ئىبارەتتۇر. بۇ تۇيغۇ بولسا كۆڭۈلدىكى ۋە ئەقىلدىكى تەبىئي بىئاراملىق يوقىلىپ كېتىدىغان ۋە ئۇنىڭسىز ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى راھەتلەنمەيدىغان بىر تۇيغۇدۇر. شۇنىڭدەك بۇ ئايەت بىزگە سۆزلەپ بەرگەن اللە تائالانىڭ مەرھەمىتىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، اللە تائالا ئەر ـ ئايال ئارىسىدا مۇھەببەت دوستلۇقى، مېھرىبانلىق ۋە رەھىم ـ شەپقەت ئورناتتىكى، ئۇ ھەرگىز يوقالماي مۇستەھكەم تۇرىدۇ. بۇ ئەر ـ ئاياللىقتىن باشقا شەھۋانىي يول بىلەن دوست بولۇشقانلارنىڭ دوستلىقىدەك ۋاقىتلىق دوستلۇق ئەمەستۇر.

قۇرئاندا اللە تائالا: ﴿ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر)﴾[2] دېدى.

بۇ ئايەت ئەر ـ ئايالنىڭ ھەر بىرىنى كىيىمگە ئوخشاتتى. چۈنكى ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنى كىيىم ئورىغىنىدەك ئورايدۇ ۋە قوغدايدۇ. دېمەك، ئەر ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئېھتىياجى كىيىم ـ كېچەككە بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشىغان ئېھتىياجدۇر( چۈنكى ئىنسان كىيىمسىز يۈرەلمەيدۇ). ئەگەر ئادەم بەدىنىنىڭ ئەيبلىرىنى يۆگەش ۋە ئۇنى ئەسكى نەرسىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش ۋە چىرايلىق زىننەتلەش ئۈچۈن كېرەك بولسا، ئەر ـ ئايالمۇ بىر ـ بىرىگە شۇنداقتۇر. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ شەرىپىنى قوغدايدۇ. ئابرۇيىنى ساقلايدۇ. راھىتىنى ۋە تەن ساغلىقىنى تولۇقلايدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىدىن كۆڭلى راھەتلىنىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولسا، ئىككىسىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە ۋە ئەخلاقتا

---

[1] سۈرە رۇم 21 ـ ئايەت

[2] سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ بولۇشتۇر. بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ قۇرئان كەرىم: ﴿يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر﴾[1] دېدى. بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ مەنىسى: پاسكىنا ۋە ناچار ئاياللار ئۆزىدەك يامان ئەرلەردىن باشقىسىغا لايىق بولمايدۇ. ئېسىل روھلۇق بولغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسان نىيىتى بىلەن خاتالىق ۋە جىنايەت ئورۇنلىرىدىن ئۆزىنى تارتىدىغان كىشىنىڭ ئەخلاقى، پاسكىنا تاشلاندۇق ئاياللارغا بېرىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئايال قىلىش ئەقلىگە يىراقتۇر. شۇنىڭدەك ئۇسال ئەرلەر پەقەت ئۇسال ئاياللارغا لايىقتۇر. ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلايدىغان، نومۇسچانلىق تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئايال كىشى، ئادىمگەرچىلىكتىن چۈشۈپ قالغان ۋە روھىي چۈشكۈن ئادەمگە ئايال قىلىپ بېرىلىشتىن سەسكىنىدۇ. ئىككى تەرەپتىن ھۆرمەت ئىگىسى بولغان تەرەپ پەسكەش ئادەم بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتىن باش تارتسا، شەرەپتە ۋە پاكىزلىقتا ئۆزىگە تەڭ كېلىدىغان ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقتا ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان كىشى بىلەن ئائىلە قۇرۇش شارائىتى ئۇنىڭغا تەييار بولىدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ ھەم شۇدۇر.

خۇددى ئادەتتە بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ بولۇشتىن قولغا كەلگەن دائىملىق كۆڭۈل ئارامى بولسا، توغرا دىنى تەربىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ. ئۇنىڭ مېلىنى، نەسەبىنى، جامالىنى ۋە دىنىنى. سەن ديانەتلىك ئايالنى تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ (قىلغان ئەمگىكىڭگە مەنپەئەت يوقىدۇ)[2]»[3]. كىشىلەر ئايالغا خېرىدار بولۇشتا ئىزدەيدىغان مۇھىم سەۋەبلەر بۇلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ كىشىلەرنىڭ شۇ سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىغا مۇقەررەر قىلىۋاتىدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا دىنىي تەرەپىنى ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا قويغاچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالغا خېرىدار بولغۇچىغا دىندار ئايالنى باشقىسىدىن ئارتۇق كۆرۈشنى تەكىتلىدى ۋە ئۆزىگە جۈپ قىلماقچى بولغان ئايالنىڭ باشقا تەرەپتىن بۇرۇنراق دىنىي تەرەپكە قاراپ بېقىشىنى تاپىلىدى. دىندار ئايال دېگەنلىكتىن مەقسەت، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە روزا تۇتىدىغان ئەمما ئەخلاقىي ناچار ئايال مەقسەت قىلىنماستىن بەلكى دىنىي تەربىيە ئۇنىڭ ئەخلاقىنى تۈزگەن، ھاياسىنى ساقلىغان، ئۆزىنىڭ تەربىيىسىنى دىنىنىڭ روھىدىن ۋە ئەدەب قائىدىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئايال مەقسەت قىلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە نۇر 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇ ھەدىستىن شۇنى كۆرىۋالىمىزكى، ئەرلەر ئۆيلىنىشتە ئاشۇ تۆت خىسلەتنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆزلەيدۇ. ئەگەردە بىر مۇسۇلمان ئەر ئۆزى تويلاشماقچى بولغان لايىقىنىڭ ديانىتىنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك، بەركەتلىك، پەرزەنتلىرىمۇ ديانەتلىك بولىدۇ.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئايال تاللاش بولسا، نىكاھلاپ ئېلىشقا ئىسلام رۇخسەت قىلغان ئاياللارغا خاس. نىكاھقا ئېلىش هارام قىلىنغان ئاياللاردىن تاللاشقا بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، هەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ هەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلار نىڭ هەمشىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، هەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش هەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش هارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار هېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى هەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار هارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاهىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىندۇ. الله هەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناهايىتى مېهرىباندۇر﴾[1].

## ئىسلامدا ئۆيلىنىشنىڭ قائىدىلىرى

ئىسلامدا ئۆيلىنىش باشقا توختاملاردەك بىر پۈتۈشكەن توختامدۇر. ئۇنىڭدا دىنىي ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشى شەرت ئەمەس ۋە كۆپىنچە دىنلاردا پەيدا بولغان دىنىي بىر يىغىلىشنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىمۇ شەرت ئەمەس. چۈنكى ئىسلام ئۆيلىنىشنى ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ پىكرى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا توختام قىلىنغان بىر ئەهدى هېسابلايدۇ. ئەر ـ ئايال بولۇشنىڭ شەرتى قوبۇل (يەنى ئىككىيلەننىڭ بىرسى قوبۇل تەلەپ قىلىش، يەنە بىرسى قوبۇل قىلىش) ۋە ئىككى نەپەر گۇۋاهنىڭ شۇ يەردە نەق بولۇشىدۇر. ئەگەر خېرىدار بولغان ئەر ۋە تەگمەكچى بولغان ئايال ئىككىسى بىللە تۇرۇپ ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى شەرئەتتە گۇۋاه بولالايدىغان ئىككى گۇۋاه ئالدىدا ئېلان قىلسا، يەنى ئالدىم، تەگدىم، دېسە ۋە ئۇ يەردە بۇلارنىڭ ئېلىپ ـ تېگىشىشىگە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر سەۋەب بولمىسا، بۇ هالدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نىكاه ئورنىتىلىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ ”ئالدىم، تەگدىم“ دېيىشى كىشىلەرنى ئۆيلەشكە رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم قېشىدا بولسۇن، مەيلى قازى ئالدىدا بولسۇن ياكى ئۇ بولماي توي خېتى يېزىپ بېرىشكە هۆكۈمەت تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن ئادەمنىڭ قۇلى بىلەن بولسۇن، بۇ خىل نىكاه دىنىي تەرەپتىن توغرا دەپ هېسابلىنىدۇ. (ئىككى نەپەر گۇۋاه ئالدىدا ئالدىم، تەگدىم دېيىشمىسە، توي خېتى ئېلىش بىلەنلا نىكاه چۈشمەيدۇ).

ئىسلامدىكى ئۆيلىنىش قانۇنى باشقا قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ، بۇ غەيرى قانۇنلاردا نىكاھلىنىش دىنىي سۈپەتلەرنىڭ هەر قاندىغىدىن خالىي بولىدۇ. ئىسلام شەرئىتى بولسا ئۆيلىنىشنى دىنىي مەسىلىلەردىن هېسابلايدۇ. دېمەك، ئىسلامدا ئىسلامنىڭ ئۆيلىنىش

---

[1] سۈرە نىسا 23 ـ ئايەت.

قائىدىلىرى دىندىن ئېلىنىدۇ. دىنمۇ ئۆيلىنىشكە تەرغىب قىلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئى ياشلار جامائەسى! قايسىڭلارنىڭ ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتسە ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىش (يات ئاياللاردىن) كۆزنى يۇمدۇرىدۇ. شەھۋەت ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتمىگەن كىشى روزا تۇتسۇن. روزا ئۇ كىشىنىڭ شەھۋىتىنى كەسكۈچى (زىنادىن) ساقلىغۇچىدۇر» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ئۆيلىنىش مەسلىسىدىن كۆپ ھۆكۈملەر چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى، مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس ئەرگە تېگىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ۋە مۇسۇلمان ئەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئاندىن باشقا مۇشرىك ئايالنى ئېلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ۋە شۇنىڭدەك ئېمىلدەش ئادەم بىلەن ئېلىپ تېگىشمەسلىك قاتارلىقلاردۇر. ئېمىلدەشلىك نىكاھنى ھارام قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار ئىسلام قانۇنىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بۇ قانۇنلار يۇقىرىقى ئىسلام ھارام قىلغان نىكاھلارنىڭ ھەممىسىگە رۇخسەت قىلىدۇ.

## ئايالغا خېرىدار بولۇش

توي قىلىشتىن بۇرۇن ئايالغا خېرىدار بولۇنىدۇ. ئۇ بولسا، ئەركىشىنىڭ ئۆيلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئايالغا تەلەپ قويۇشى بولۇپ ئايالغا ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشتىن ۋە نىكاھلىنىش توغرىسىدا ئەرنىڭ تەلەپلىرى ۋە ئايالنىڭ تەرەپتىكىلىرىنىڭ تەلەپلىرى توغرىسىدا پىكىرلىشىشتىن ئىبارەت.

خېرىدار بولغان ئەرنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالنى كۆزى بىلەن كۆرىشى ۋە ئايالنىڭمۇ ئەرنى كۆرىشى ياخشىدۇر. چۈنكى، بىر - بىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۇلار بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. مۇھەببەت باغلىنىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلىشمايدۇ.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى بىر ئايالغا خېرىدار بولغان ئىدى. ئۇ كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايالنى كۆرگىن! كۆرۈپ ئېلىشىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىش ھاسىل بولۇشقا پايدىلىق» دېدى.

ئەگەر قىز بالا بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشى ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى ئۆزىگە - ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدىن ھەقلىقراقتۇر. نارىسىدە قىزدىنمۇ رۇخسەت سورىلىدۇ. ئۇنىڭ جىم تۇرۇۋالغانلىقى رۇخسىتى ھېسابلىنىدۇ»

ئالماقچى بولغان ئەر، تەگمەكچى بولغان ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن يېنىۋېلىش ئەركىنلىكى بار. ئەگەر ئەركىشى يېنىۋالسا ياكى ئايال كىشى رەت قىلسا، ئالدىن ئېلىپ كەلگەن زىننەت بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئايال كىشى ئەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر يوقىتىلغان بولسا، يېمەك - ئىچمەكتىن باشقىلىرىنى تۆلەپ بەرسىمۇ، يېمەك - ئىچمەك زىياپەتلىرىنى ۋە ئۈپپا - ئەڭلىكلىرىنى ياندۇرۇپ

بەرمەيدۇ. خېرىدار بولۇۋاتقان زامانلاردا ئىككىسىنىڭ خالىي يەردە موھدىشىپ تۇرۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا قارىتا يات ئادەم ھېسابلىنىدۇ. خېرىدار بولۇش ئۆيلۈنۈشكە ۋەدىلىشىش بولۇپ ئۇ ئۆيلەنگەنلىك ئەمەستۇر. (سىناشتۇق دەپ مەخپىي موھدىشىش گۇناھتۇر.)

## ئەر - ئايالنىڭ باراۋەرلىكى

توي قىلىش ئۈچۈن ئەركىشىنىڭ ئايالغا نىسبەتەن مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن تەڭ باراۋەر بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. يەنى ئائىلە، كېلىپ چىقىش جەھەتتە ۋە ئىقتىسادتا باراۋەر بولۇش كېرەك. ئىلمىنىڭ شەرىپى ئاتا - بوۋىنىڭ شەرىپىدىنمۇ ئۈستۈندۇر. ئىقتىسادتا باراۋەرلىكتىنمۇ ئۈستۈندۇر. ئىقتىسادتا باراۋەر بولۇش دېگەنلىك ئەركىشىنىڭ ئايالغا تويلۇق ئېلىپ كېلىشكە ۋە يېمەك - ئىچمەك خىراجىتىگە كۈچى يېتىدىغان بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. باي بولۇشى شەرت ئەمەس. بەلكى ئايالنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى بېرەلىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى ئەرنىڭ ئاتا - بوۋا شەرەپتە، دىن يولنى تۇتۇشتا ۋە ئىقتىسادتا تەڭ كېلەلىشىگە سەل قاراپ (شەرتى توشمىغان كىشىگە) تەككەن بولسا، ئايالنىڭ ئىگە چاقىسى بولغان كىشىنىڭ نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار.

## تويلۇق

ئىسلام دىنى ئەر كىشىگە ئۆيلىنىش ۋاقتىدا ئايالغا تويلۇق بېرىشنى ۋاجىپ قىلدى. تويلۇقنى الله تائالا "سەدۇقە" دەپ ئاتىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاك ھالال بىلىپ) يەڭلار﴾[1].

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەر ئاياللارنىڭ ئۆز تويلۇقىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمايتتى. دېمەك، ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشى (دادىسى يا باشقىسى) ئايالنىڭ تويلۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالسا، تويلۇقنى تويى بولغۇچى ئايالغا بەرمەيتتى. ئەگەر بەرسە ئايالنىڭ ئېرى ئۇنى ئايالدىن سورىماي سەرپ قىلىپ كېتەتتى. ئىسلام بۇ ئادەتنى يوقۇتۇپ ئاياللارنىڭ تويلۇقىنى ئۆز قولىغا بېرىشكە بۇيرۇدى.

---

[1] سۈرە نىسا 4 - ئايەت.

بۇ ئۇلۇغ ئايەت ئەر كىشىنىڭ ئايالنىڭ تويلۇقىنى ئايالنىڭ ھەققى دەپ تونۇپ كۆڭلى بىلەن رازى بولغان ھالدا بېرىشنى تەكىتلەپ ”نىھلە“ دېدى. ئايال كىشى چىن كۆڭلى بىلەن رازى بولۇپ ئۆزى قايتۇرۇپ بەرمىگەن تەقدىردە تويلۇق ئايالنىڭ ئېرىگىمۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغىمۇ ھالال ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى. ھەر قانداق مال ئىگىسىنىڭ ھەققى شۇنداق ھۆرمەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر ھۆكۈملەر بىلەن قۇرئان كەرىم ئاياللارغا ئەرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا بولمىغان توغرا ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقىنى مۇقەررەر قىلىدۇ.

بەزى ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان ئايالنى تويلۇقىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئالغىلى، ساتقىلى بولىدىغان ئايال قۇل قىياپىتىدە تەسۋىرلىدى. ئەرنىڭ ئايالغا تويلۇق بېرىشتىكى پەلسەپىسىنى، ئۇلار تويلۇق ئەرنىڭ ئۆي ھاياتىنى قۇرۇشتىكى ۋەزىپىسى، دەپ چۈشەنمىدى. ھەم تويلۇقنىڭ يالغۇز ئەرگە يۈكلىنىشىنى ئەرنىڭ ئايالنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغانلىقتىن ۋە تەبىئىي ھالدا ئەركىشى ھايات ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى بولغانلىقىدىن، دەپ چۈشەنمىدى.

ياۋرۇپادا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئايال كىشى ئۆزىگە خېرىدار بولغان ئەرگە كەلگۈسىدە ئىككىسىدىن بارلىققا كېلىدىغان ئائىلە ئۈچۈن بىر ئۆي جابدۇق تەييارلىشى لازىم. ئايال كىشى ھايات كەچۈرۈشكە كۈچىنىڭ يېتىشىدە ئەردىن تۆۋەن تۇرۇغلۇق ئائىلىۋي ئۆينى قورۇشنى ئۆز ئۈستۈگە ئېلىپ تەبىئىي ھالەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئىسلام ئېلىشنى ۋاجىپ قىلغان تويلۇقنىڭ قىممىتىگە چەكلىمە بەلگىلىمىدى. تويلۇقنىڭ مىقدارى ئەرنىڭ ئىقتىسادىي ئىقتىدارىغا قاراپ ياكى ئەر ـ ئايالنىڭ پۈتۈشكىنى بويىچە ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ قەدەر پەرقلىقكى، بىر كەمبەغەل ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەت بويىچە تويلۇق بېرىپ ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتمىگەنلىكى توغرىسىدىن ھال ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «بىر دانە تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تېپىپ كەلگىن» دېدى. [ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتى]

قارارلاشقان تويلۇقنىڭ ھەممىنى نىكاھنى قىلىدىغان ۋاقىتتا نەخ تاپشۇرۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى يا بەزى قىسمىنى قارارلىق نېسىي قالدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ياكى ئەر ـ ئايال كېلىشىپ پارچە ـ پارچە تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. ئايال ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق ئايال بولسا نىكاھتىن كېيىن تويلۇقنىڭ ھەممىنى ياكى بەزى قىسمىنى ئەردىن كەچۈرىم قىلىۋەتسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى تويلۇق ئايالنىڭ ھەققىدۇر.

ئەمما ھازىرقى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز قىزلىرىغا ناھايىتى ئېغىر تويلۇق شەرت قىلىشى سەۋەبىدىن كېرىمى چەكلىك بولغان ياش ئوغۇللار بۇنداق ئېغىر تويلۇقنى ئورۇنداشقا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت شەكىللىنىۋاتقان ئادەت قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا خىلاپتۇر. قۇرئاندا الله تائالا: ﴿ئەگەر ئۇلار يوقسۇز بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلۇقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا

توسۇق بولمىسۇن)، اللّٰه ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ﴾[1] دېدى. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاچانكى سىلەرگە ئۇنىڭ دىيانىتىگە ۋە ئەخلاقىغا رازى بولىدىغان كىشى خېرىدار بولۇپ كەلسە، قىزلىرىڭلارنى تويى قىلىپ بېرىڭلار! (كەمبەغەل كۆرمەڭلار) قاچانكى ئۇنداق قىلمىساڭلار، شۇ يەردە خاپىلىق ۋە بۇزۇق ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىتنىڭ دىنى ۋە ئەخلاقى توغرىسىدا توختالدى. ئەمما يىگىت تەرەپنىڭ پۇل ـ مېلىنىڭ كېيىنى قىلمىدى ۋە بىزنى شۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردىكى، ئەگەر قىزلىرىمىزنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق خېرىدارغا دەرھال بەرمىسەك شۇ يەردە ئېغىر ھادىسە ۋە چوڭ پاساد يۈز بېرىدىكەن. بۇنداق پاساد ئەھۋالنى بىز بۈگۈن جەمئىيەتنىڭ ئىسلام روھىغا خىلاپ ھالدا قويۇلغان ئېغىر تويلۇقنى ئورۇنداشقا كۈچى يەتمىگەن سەۋەبتىن ھارام ئىشلارغا (پاھىشىگە) كۆنۈپ كەتكەن ياشلاردا ئۇچرىتىۋاتىمىز.

## ئەر بىلەن ئايالنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى

ئائىلە بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بەختلىك ئىكەنلىكى ئائىلىگە قانات ياپقان بەختىگە قاراپ مۆلچەرلىنىدۇ. ئۆي ـ ئائىلىلەرنىڭ تىنچ ئامانلىقى جەمئىيەتنىڭ تىنچ ئامانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ دەلىل ئىسپاتىدۇر.

ئائىلە ئادەتتە بىر ئەر بىلەن بىر ئايالدىن قۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئەر ـ ئايال ئۆزىنىڭ ئورنىنى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىشلىرىگە قاراپ ئائىلە ئىشى خاتىرجەملىككە ۋە تۈزۈلۈشكە قاراپ ماڭىدۇ.

جەمئىيەت ئەزالىرى ئايالنىڭ ئورنىنى توغرا تونۇيالماي ئۇزۇن بىر زامانلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كۆپىنچە خەلقلەرنىڭ قارىشىدا ئۆيلىنىش ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بىرخىل قۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، دېگەندەك بىر ئاڭ شەكىللەنگەن ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىم ئەر بىلەن ئايالنىڭ ۋەزىپىلەردە ۋە ئورپ ـ ئادەتتىكى ھوقۇقلاردا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىللە، ئەر ـ ئايال بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت شىركەتنىڭ رەئىسلىك ھەققىنى ئەرگە بەردى. قۇرئاندا اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى:﴿ئاياللىرى ئۇستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۇستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾[2].

بۇ ئايەت ئۇمۇمىي بىر قائىدە بولۇپ، ئاياللار ئەرلەر بىلەن ھەممە ھەقلەردە باراۋەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئايەت ئەركىشىگە بارلىق ئىشلار ۋە ئەھۋاللاردا ئۆز

---

[1] سۈرە نۇر 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايالغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمنى كۆرسىتىپ بەردى. قاچانكى ئەركىشى ئۆز ئايالىنى بىرەر ئىش سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتماقچى بولسا، ئۆزى ئۇستىدىمۇ ئايالغا قارىتا شۇنداق جاۋابكارلىق بارلىقىنى ئەسلەيدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرسى بىرىگە زوراۋان بولۇۋېلىپ خارلاپ قارشى تەرەپنى خاسلا ئۆز پايدىسىغا ئىشقا سېلىشى ئادىللىق ئەمەس. خۇسۇسەن ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە هۆرمەت قىلمىغىچە ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغىچە بارلىققا كەلمەيدىغان بىرلەشمە ھاياتقا كىرگەن يەنى نىكاھ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە لايىقىدا هۆرمەت قىلماسلىق تېخىمۇ ئادىللىق ئەمەس.

بۇ ئايەت ئەر ـ ئايالنىڭ ھوقۇقتا ۋە مەسئۇلىيەتتە باراۋەر ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى بۇنىڭدىن ئايرىۋېلىپ، ئۇنى الله تائالا: ﴿(ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە﴾ دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ دەرىجە الله تائالانىڭ: ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن)ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈلگەندۇر.

ئەرنىڭ ئايالنى باشقۇرۇش ھەققى ئەرنىڭ قابىلىيىتىدىكى تەبئىي ئۇستۇنلۇكتىن كەلگەن. ھەم ئەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئۇستىگە ئېلىشى ۋە ئۆي ھاياتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۇستىگە ئېلىشىدىن كەلگەن. چۈنكى ئەر ھايات كۈرەشلىرىگە ئايالدىن كۆچلۈكراقتۇر. گەرچە ئايال ئەقلىدە ۋە بەدەن، قۇۋۋىتىدە ئەر بىلەن باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن، ئايال ھايات كۆرىشىدە ئەر بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئايال قورساق كۆتۈرگەن ۋە بالا ئېمىتكەن ۋاقىتلىرىدا تۇرمۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتا نائىلاج توختاپ قالىدۇ. ئايالنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭ ئۆي ئىچىدە باللىرىنى تەربىيىلەشكە ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشكە، ئۆيدىكى كۆڭۈل ئارامى ۋە راھىتىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشقا پۈتۈنلەي ئەر كىشى كېپىلدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ئايال كىشى ھەر ئايدا بىر قېتىم مىجەزى بۇزۇلۇش (ھەرئايدا بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش) ھالىتىدە بىرەر ھەپتىدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭدەك ئەر ـ ئاياللىق ھايات ئورتاق ھايات بولۇپ، ھەر بىر ئورتاق ھاياتنىڭ بىر باشلىقى بولۇشى لازىم. چۈنكى بىرلەشكەنلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە قىزىقىشلىرى بەزى ئىشلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. بىر ئادەم يەنە بىرسىنىڭ زىتىغا ئىش قىلىپ سېلىپ بىرلىك تۇتقۇسى پارچىلانماسلىقى ۋە قائىدىلەر بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن قارىمۇ ـ قارشى پىكىرلەردە ھەممە كىشى ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر باشلىق بولماي تۇرۇپ بىرلەشكەنلىكنىڭ

---

[1] سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەنپەئەتى قولغا كەلمەيدۇ. ئەركىشى بولسا، ئائىلە مەنپەئەتىنى بەكرەك بىلىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ئىقتىسادى ئىش بىجىرىشكە كۈچلۈكرەك بولغانلىقىدىن ئائىلىگە باشلىق بولۇشقا ئەر كىشى ئايال كىشىدىن بەكرەك ھەقلىقتۇر.

## ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش

ئىسلام شەرىئىتى ئايالغا چىرايلىق ئۇبدان مۇئامىلە قىلىشنى تەرغىب قىلىدۇ.

قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارغا بىر سەمىمىي ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾[1]. يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار. ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار﴾[2].

ئەركىشىنىڭ ئۆز ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئىقتىسادىنى بۇزمىغان ۋە چەك قىسىۋالمىغان ھالدا ئالغىنىنى كەڭ تۇتۇپ خىراجەت قىلىپ بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم الله نىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). الله ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ). الله قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)﴾[3].

ئايال كىشى بويۇنتاۋلۇق ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ خاپا قىلسا، ئەركىشى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ ئوچۇق كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتسە بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار﴾[4].

بۇ ئايەت شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى، قاچانلا ئەركىشى ئۆز ئايالىنىڭ يۇغانلىق قىلىشى ۋە ئاياللىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۈمەسلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەرنى كۆرسە ئەۋۋەل باشلاپ ئۇنىڭ جېنىغا تەسىر قىلغۇدەك نەسىھەت قىلىشى لازىم. نەسىھەت ئايالنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئەرنىڭ ئىلمىلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. قاچانكى ۋەز ـ نەسىھەت كار قىلمىسا، ياتاقتا بىللە ياتماسلىق جازاسىنى قوللىنىپ باقىدۇ. ياتاقنى ئايرىشتىكى

---

[1] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 231 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تالاق 7 ـ ئايەت
[4] سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەۋەب: بىر ئۆيدە تۇرۇپ ئايرىم يېتىۋېلىش بىر قانچە كۈن ياكى بىر قانچە ھەپتە بەدەنني لەززەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇشلا ئەمەس بەلكى ئايالىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان روھىي جازادۇر. چۈنكى، ئايال ئەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلسىمۇ ئېرىنى ئۆزىگە مايىل قىلالايدىغانلىقىنى، ئەرنى ئالداش بىلەن ئۇنى يېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ رىغبىتىنى ۋە ئىشتىياقىنى قوزغايدىغان ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تولدۇرۇشقا كۈچىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى بىلگەندە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا قايغۇرمايدۇ. ئەركىشى قانچىكى كۈچلۈك بولسا، ئايالنىڭ ھىلىسى ۋە ئالدامچىلىقىمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. ئايالنىڭ ئاجىزلىقىغا ئەڭ چوڭ تەسەللى بولىدىغان ئىش ئۇنىڭ تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئەرنى ئۆزىگە تارتىشىدۇر. قاچانكى ئايال ئېرىنىڭ يېنىدا يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ۋاقتىدا، ئەر ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ۋە ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىشلىرىغا ئالدانماي ئايالغا ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋالسا، ئايالنىڭ پىكرىگە نېمىلەر كېلىدۇ؟ ئۇ ئۆز كۆڭلىدە شۇ ئەرنىڭ سۆيگۈسى ئىككەنلىكىدىن شەكلىنىدۇ. ئىرى ئەڭ كۈچلۈك، ئايالنىڭ ئۇنىڭغا باش ئىگىشىگە ۋە ئەيمىنىشىگە تېگىشلىك ئىككەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇڭا ئەركىشى ئايالغا قارىتا ئۆز ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە. ئايال ئەرگە تەسلىم بولماي چارە يوقلىقىغا ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە ئەمەسلىكىنى ئايال چۈشىنىدۇ. بۇ ياتاقتا ئايرىش جازاسى ئايالنىڭ ئەرگە ئاسىيلىق قىلىشىنى بىكار قىلىپ تاشلايدۇ. ئاسىيلىق، ھېچ ئىش بىلەن ئاسىي ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئاجىزلىقىنى ۋە ئاسىيلىق قىلىنىغۇچىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىككەنلىكىنى سېزىشى بىلەن يوقالغاندەك يوقالمايدۇ.

ئايالغا نەسىھەت قىلىشمۇ ۋە ياتاقنى ئايرىشمۇ پايدا بەرمىگەندە ئۇنى ئۇرۇشقا يول قويۇش بولسا، ھەرقانداق ھالەتتە ھەرقانداق ئايالنى ئۇرسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. (ئۇرمىغان تەقدىردە تالقىنى بېرىش توغرا كېلىپ قالسا. بىر ئاز ئۇرۇپ ياۋاشلىتىش ئارقىلىق تالاقتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا يول قويۇلغان). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋەلقىسى تورۇقلۇق ئايالنى ئۇرۇشنى يامان كۆرەتتى ۋە ئەيىبلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىچىڭلاردىكى ياخشى كىشىلەر ئاياللىرىنى ئۇرمايدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «بىرىڭلار ئايالىنى قۇلىنى ئۇرغاندەك ئۇرۇشتىن ھايا قىلمامدۇ؟ ئەتتىگەندە ئۇرۇپ، كەچتە ئۇ ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلغىلى خىجىل بولمامدۇ؟» دېگەن. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىر ئايالنى ئۇرمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەدەب بېرىش ئۈچۈن ئايالنى ئۇرغان كىشىنىڭ يەڭگىل ئۇرۇشى ۋە زەخىملەندۈرمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ. زۇرۇر بولمىغاندا ئۇرۇشقا ھەرگىز رۇخسەت يوق. پەقەت بىر ئاز ئۇرۇپ ئەدەب بەرمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىغاندا ئاندىن ئۇرۇشقا رۇخسەت بار. ئۇ چاغدا ئۇرۇپ ئەدەبلەش تالاقنى بېرىپ ئەدەبلىگەندىن ياخشىراق. چۈنكى ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى يالغۇز ئايال تارتىدۇ. تالاقنىڭ زىيىنىنى بولسا ئايالنىڭ بالىلىرى ۋە تالاق قىلغانلىقى ئۈچۈن رەنجىيدىغان ئايالنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ تارتىدۇ.

بەزى ئاياللار باشقا ئىش بىلەن تۈزۈلمەي تاياق بىلەن تۈزىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارنى بىر ئاز ئۇرۇشقا يول قويۇلىدۇ. ئېرىگە چوڭچىلىق قىلىدىغان بۇنداق ھاكاۋۇرلار تاياق يېيىشنى يامانمۇ كۆرمەيدۇ. ئۆزىگە خارلىقمۇ ھېسابلىمايدۇ.

ئايال خانىملارنىڭ مۇنداق كاژ ۋە يوقۇملۇق كېسەلدەك تاياق خومار ناچار ئايالLاردىن بولۇشى، بەزى كېسەللەر ھەرخىل قىينىلىشنى كۆڭلى تارتقاندەك تاياق خالايدىغان بولۇۋېلىشى زۆرۈر ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۆزلىرىنى ئايىغىنى ياخشى.

## مۇسۇلمان ئايال ۋە ئورۇنۇش مەسىلىسى

غەرب يازغۇچىلىرى تەنە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان روياشلىق مەسىلىسىدە قۇرئان كەرىم پەقەت ئايالLارنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئىززەت ئابرۇيىنى ساقلايدىغان يول بىلەنلا سۆزلىدى. سەۋەبى جىنسىي شەھۋەتلەرنىڭ خەتىرى بولسا، بەزى ئەھۋاللاردا ”ئەركىنلىكنى بوغۇپ قويىدى“ بۇ بوغۇشتىن بۇنداق زىيانلار چىقىدۇ، دەپ قانۇن ئارقىلىق توسماقچى بولغان ئاشۇ زىيانلارنىڭ خەتىرىدىن يامانراقتۇر. ئايالLارنىڭ ئورۇنۇشى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نا مەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئايالLاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا ئايالLارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئايالLارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله غا تەۋبە قىلىڭلار﴾[1].

الله تائالا بۇ ئىككى ئايەتتە ئىسلامغا ئىشەنگۈچى ئەرلەرنى ۋە ئايالLارنى بەزى تەرەپتىن كۆزنى يۇمۇشقا بۇيرۇدى. كۆزنى يۇمۇش دېگەنلىكتىن كۆزنى شەھۋەت بۇيرىغان يەرگە قاراپ مەيلىگە قويۇپ بەرمەي يەرگە قارىۋېلىش، دېگەنلىك بولۇپ بۇ ھەرگىز بېشىنى ساڭگىلىتىۋېلىپ ھېچ قانداق ئايالغا پەقەت قارىمىسۇن، ياكى ئايال كىشى ھېچقانداق ئەرگە پەقەت قارىمىسۇن، دېگەنلىك ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇنداق بولۇۋېلىش قىيىندۇر. ھەتتا مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا الله تائالا كۆزنىڭ بەزى قىسمىنى يۇمۇشقا، يەنى شەھۋانىي

[1] سۈرە نۇر 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر.

غەرەزلەر بىلەن قاراشتىن يۇمۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراش ھارام قىلىنغان ۋە شەھۋەتنى قوزغايدىغان يەرلەرگە قاراشنى داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەك، دەيدۇ.

الله تائالانىڭ: ﴿مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾ دېگەن ئايىتىدىكى ”مۇنداق قىلىش“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ”ئەزكا“ دېگەن ئەرەبچە سۆز ”ئۆسكەن“ دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: شەھۋەتلەردىن كۆز يۇمۇش ئىنسانغا بېرىلگەن پەزىلەتلەرنى ئۆستۈرىدۇ، كۆڭلىنىڭ مايىللىقنى كەلگۈسىدە مىللەتكە چوڭ پايدا كەلتۈرىدىغان پايدىلىق ئىشلار تەرىپىگە قارىتىدۇ، كۆزنى شەھۋەت تەرەپكە قويۇپ بېرىش كىشىنى ئالىي ئىشلاردىن ياندۇرىدۇ ۋە ھەم ئاقىۋەتى ياخشى بولمايدىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ”ئەزكا“ دېگەن سۆز پاكىزە دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. نامەھرەمگە قاراشتىن كۆزنى ساقلاش ۋە كۆزنى پاكىزە تۇتۇش رەھنىڭ پاكىزە بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئايەتتىكى الله تائالانىڭ: ﴿تاشقى زىنىنەتلىرىدىن باشقا زىنىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئايال كىشىنىڭ، يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۈچۈق تۇتۇش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھەۋەس پەيدا قىلىپ قويمايدىغان شەرت ئاستىدا رۇخسەت، دېگەنلىك بولىدۇ. چاچنى ئوچۇق قويۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھشۇناسلار ۋە ئالىملىرىنىڭ ئورتاق پىكرىدۇر.

ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىبىدە، ئىمام شافىئىينىڭ ئىككىنچى پىكرىدە ۋە ئىمام مالىك مەزھىبىدىمۇ بېرىلگەن پەتىۋا شۇكى، ئاياللار يوللاردا ۋە يات ئەرلەر ئالدىدا يۈزىنى ۋە ئىككى ئالقىنىنى ئوچۇق تۇتسا بولىدۇ. بۇ پىكىرنىڭ ئىگىللىرىنىڭ كۆز قارىشىچە، ﴿تاشقى زىنىنەتلىرىدىن باشقا زىنىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئاياللار ئادەتتە تاشقى ئەزاسى ھېسابلىنىدىغان يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئېچىشتىن چەكلىنىدۇ ۋە ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە ئالقىنىنى ئۈچۈق تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنىش بولسا ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن ئالقىنىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىدە غەيرى بىر ئوي پىكىر پەيدا بولۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەندۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا ئايال كىشىگە باشقا ئەزالىرىنى ۋە بەدەننى يۆگەش ۋاجىپ بولغىنىدەك يۈزىنى ۋە ئالقىنىنىمۇ يۆگەش ۋاجىپ بولىدۇ. تولا جەلىپكارلىقى بىلەن ياشلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىۋالىدىغان ياش ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى يۆگۈشى ھەم ئاددىيراق كىيىم بىلەن سىرتقا چىقىشى لازىمدۇر.

مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۈنىۋېرسىتىنىڭ ئۇستازلىرى ئۇيۇشمىسىغا تەۋە پەتىۋا ھەيئىتى مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام دىنىنىڭ ئاسان ۋە كەڭلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە بۇزۇلۇش ۋاستىلىرىنى توسۇش“ دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قائىدە بويىچە ماڭماقچى بولغان پەتىۋا ھەيئىتىنىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ يۈزىنى ۋە ئىككى ئالقىنىنى يات ئەرلەر ئالدىدا ئېچىشى ئاياللارنىڭ ئاممىۋي ۋە شەخسىي مۇئامىلىلىرىدە جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچرىماسلىقنى نەزەردە تۇتۇش لازىم بولغاچقا گۇناھ ئەمەس. شۇنداقلا ئاياللار ئەگەر يۈزلىرىنى ۋە قوللىرىنى ئوچۇق تۇتقاندا خاتالىشىپ قېلىشقا سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن قورقسا، يامان

ئىشلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئاياللارنىڭ يۈز ۋە قوللىرىنى باشقا ئەرلەر ئالدىدا يۆگۈشى لازىم.
ھەيئەت شۇ چاغدا مۇنداق قارار قىلدى، ئاياللارنىڭ مەلۇم بۇياغلار بىلەن بۇيالغان يۈزىنى ۋە قوللىرىنى ئېچىشى يامان كۆرىلىدىغان ۋە قاتتىق ئىنكار قىلىنىدىغان ياسىنىش جۈملىسىدىن بولىدۇ. يۈزلەر ۋە ئالقانلار الله تائالا ياراتقان كۆرۈنۈشى بىلەن تۇرغاندا، خېنى ۋە ئۇپپا ـ ئەڭلىك رەڭلەردىن خالىي بولغاندا ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.
بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كۈيۈنىش يۈزىسىدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئۆز ئاياللىرىغا ۋە ياش قىزلىرىغا ئىسلامنىڭ مۇشۇ ئەدەب ـ قائىدە بويىچە نازارەت قىلىشلىرى، ئۇلارغا مۇشۇ ئەدەبكە خىلاپلىق قىلىش الله تائالانىڭ غەزىپى ۋە كايىشىنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىنىڭ ئەخلاقىي مەۋجۇدىيىتىنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش لازىم.
خۇلاسە شۇكى، قۇرئان كەرىم ئاياللارنى يات ئادەملەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بەدىنىنى زىننەتلەپ سىرتقا چىقىشتىن توسىدۇ. مۇنداق ھالەتتىن ساقلانغاندىن كېيىن ئايال كىشى ئائىلە ئۇلتۇرۇشلىرىغا يىغىلغان، ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئايال زىنەتلىرىنى كۆرسەتسە بولىدىغان ئەرلەردىن ئۆزى خالىغان كىشى بىلەن ئۇچراشسا ۋە ئۇ ئەرلەر بۇ ئاياللارغا قارىتا خاتا پىكىرگە كېلىپ قالمايدىغان بولسا رۇخسەت بولىدۇ.
قۇرئان كەرىمنىڭ ئاياللارنى ياسىنىپ سىرتقا چىقىشتىن توسۇشىنىڭ سەۋەبى جىنسىي ھەۋەستىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. جىنسىي ھەۋەستىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىنىنىڭ چارە قوللىنىشىنىڭ لازىملىقىنى بەزى كىشىلەر بىلسە كېرەك. كۆرۈۋاتىمىزكى قۇرئان بۇنىڭغا ناھايىتى ئۈنۈملۈك چارە كۆرسىتىپ بەردى.

## بىردىن كۆپ ئايال ئېلىش مەسىلىسى

ئىسلامدىكى كۆپ ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ياۋروپانىڭ شەرقشۇناسلىرى ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى تەرەپتىن كۆپلىگەن ماقالىلەر نەشىر قىلىندى. ھەممىسى بۇ ئادەتنى قەبىھ ساناشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا بۇ ئادەتنى تاشلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلماقچى بولىدۇ. بەلكى بەزىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپتىن تەرەققىي قىلىشىنى بۇ ئادەتنى بىكار قىلىشقا باغلايدۇ.
ئەمەلىيەت شۇكى، كۆپ ئاياللىق بولۇش ئادىتىنى ئىسلام پەيدا قىلمىغان. كۆپ ئاياللىق بولۇش نۇرغۇنلىغان قانۇنلاردا بۇرۇندىن تارتىپ بار ئىدى. ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە باشقا ئۇممەتلەردىن كۆپرەك ئايال ساقلايدىغان خەلق ئىدى. ئىسلام بۇ ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى يولغا قويۇپ كۆپ ئاياللىق بولۇشقا چەك ـ چېگرا توختىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇشقا يول قويمىدى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان

زىيانلارنى يوقىتىدىغان شەرتلەرنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى. بۇنى بىز تۆۋەندە ئوچۇق بايان قىلىمىز.

## بىردىن كۆپ ئايال ئېلىش ئاياللارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر

ئىسلام بىردىن كۆپ ئايال ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە سۆزلىگۈچى غەربلىكلەرنىڭ خىيالىغا ئىتتىك كەلگەندەك قەتئىي بۇيرۇق قىلغىنى يوق. بەزى غەربلىكلەرنىڭ ئىسلامدىكى ئۆيلىنىش ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ئىسلام ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بىر قانچە ئاياللىق بولۇشىنى ۋاجىب قىلىدىغان ئوخشايدۇ ۋە پۈتۈن ئۆمرىدە بىر ئايالغا قانائەت قىلىشنى يامان كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ خىيال قىلىپ قالىسىز.

ئىسلام بىر ئادەمنىڭ بىردىن تۆتكىچە ئايال ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى يولغا قويدى. چۈنكى ئىسلام ئىجتىمائىي ئىسلاھات توغرىسىدا ئالەمدە كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەردىن باشقىلار بىلمەيدىغان ناھايىتى چوڭقۇر نىشانغا ئوق ئېتىۋاتىدۇ. ئۇ نىشان شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ئەرلەر ئىچىدە شەھۋىتىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ كېتىشتىن ھېچكىم توسالمايدىغان نەپسى يامان ئادەملەر بار. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرگە بىردىن كۆپرەك ئايال بىلەن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئايالىنى قۇتۇلالماس خاپىلىقتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن يول قويدى. چۈنكى مۇنداق شەھۋانىي ئادەملەر قوش ئاياللىق بولۇشقا يول قويمايدىغان غەرب مەملىكەتلىرىدە ئۆزىگە باشقا ئاياللارنى ھەمراھ قىلىۋالىدۇ، ياكى دوست قىلىۋالىدۇ. مۇنداق كىراكەش ئاياللار بەدىنى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ۋە ئەر ئاياللىق ھەقلىرىدىن مەھرۇم قالغان رەسۋالار قاتارىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مۇنداق ئاياللار ئەمەلىيەتتە قانۇنسىز ئايال بولغانلاردۇر.

مۇنداق يولسىز مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئايال كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان زىياننىڭ ھەددى ھېسابى يوق. چۈنكى ئۇ ئايال جەمئىيەتتە قوغلاندى بولىدۇ. تۇغقان باللىرىنى بىرەر دادىغا نىسبەت بېرىدىغان ھوقۇقى بولمايدۇ. (باللىرى مۇئەييەن دادىسىز قالىدۇ).

بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنىڭ غايىسى ئاياللارنى ئىجتىمائىي كاپالەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قوغداشتۇر ۋە تاشلاندۇق ئاياللار قاتارىغا تىزىلىپ قېلىشتىن ئاسراپ قېلىشتۇر.

ئىسلام ئاياللارغا، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋال ئاستىدا قانۇنلۇق ۋە ھوقۇقلۇق ئايال ھېسابلىنىپ مۇئامىلە قىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىككى ئىشنىڭ قايسىسى ئاياللار ئۈچۈن پايدىلىق ۋە ھۆرمىتىنى ناھايىتى ساقلايدۇ؟ ئايالنىڭ بىر ئەرگە ئىككىنچى ئايال بولۇپ ئۆزىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ چىقىم - خىراجەتلىرىنى ئەردىن تەلەپ قىلىپ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان ۋە قاچان ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆزى ۋە باللىرى ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدىغان بولغىنى پايدىلىقمۇ، ياكى يولسىز ھەمراھتىن بىرمۇ ھەق تەلەپ قىلالمايدىغان خار ۋە

دەپسەندە ئائىلىلار قاتارىدا بولۇپ، ئۆزىمۇ ۋە بالىلىرىمۇ ئۆنىڭدىن مىراس ئالالماي تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچار بولۇپ ئاخىرى جەمئىيەتكە يۈك بولغىنى پايدىلىقمۇ؟

## بىردىن كۆپ ئائىللىق بولۇشنى ئاقلىغۇچى ئىلمىي دەلىللەر

كۆپ ئائىللىق بولۇشنى ئاقلايدىغان ئىلمىي دەلىللەر كۆپ بولۇپ، ئۇنى تەبىئەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى بەلگىلەيدۇ.
مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئائىلىلار سانى تىنچلىق ۋەزىيەتتىمۇ ئەرلەردىن كۆپتۇر. ئائىلىلارنىڭ سانى ئۇرۇش ۋەزىيەتلىرىدە بولسا تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.
ياۋروپانىڭ ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن كۆپىنچە دۆلەتلىرىدە ئائىلىلارنىڭ سانى ئەرلەردىن زىيادىدۇر. ياۋروپانىڭ ئادەتتىكى ھاياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان قورقۇنۇچلۇق ئۇرۇشلار ئائىلىلار سانىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولماقتا. كۆپىيىۋاتقان ئائىلىلار توپىلىمىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ياۋروپادىكى ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە مەجبۇر بولغان بىر سوئال بولۇپ قالدى. ئىنسانلار تەبىئىتى ئائىلىلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ توۋلىماقتا.
مۇناسىپ ۋاقتتا بۇنىڭ چارىسى يولغا قويۇلۇپ ئالدى ئېلىنمىسا پات يېقىندا ياۋروپا ئائىلىلىرىنىڭ پېشانىسىگە قارا داغ بولۇپ قالغان بۇزۇقچىلىقنىڭ يامانلىقلىرى كېڭىيىپ كېتىدۇ.
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى مەجبۇر قىلغان قوش نىكاھ بولۇشنى ئاقلايدىغان دەلىللەر شۇكى، ئائىل كىشى بەزى چاغدا داۋاسىز كېسەلگە دۇچار بولىدۇ. ياكى تۇغماس چىقىدۇ، ياكى ئائىلىدىن جىنسىي مۇناسىۋەتنى قوزغايدىغان ھېسسىيات ۋە روھىي ھالەتلەر يوقىلىدۇ. ياكى ئەركىشىنىڭ مىجەزى جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ قىلىشقا زورلايدىغان بولۇپ، ئەر ئۆزىنى گۇناھتىن ساقلاش ئۈچۈن بىر ئائىل بىلەن كۇپايە قىلالمايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئائىل كىشىنىڭ مىجەزى ئەرنى خالىمايدىغان بولىدۇ. ياكى ئائىلنىڭ ھەيز كۈنلىرى ھەرئايدا ئون كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام مۇنداق ئەرگە بىردىن زىيادە ئائىل ئېلىشقا رۇخسەت قىلمىسا، ئەركىشى دىنغا زىد بولغان جىنايەتلەر ئىشلەپ سالىدۇ. ياكى ئائىلىنى تالاق قىلىشنى خالاپ قالىدۇ. مۇنداق ھالەتلەردىكى ئائىلغا ئىرىدىن ئايرىلىشنىڭ زىيىنى ئىرىگە باشقا ئائىلنىڭ شېرىك بولۇشىدىن كېلىپ چىققان زىياندىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

## ئىسلامنىڭ بىردىن زىيادە ئائىل ئېلىش توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرى

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك كۆپ ئائىللىق بولۇش ئەرەبلەر ياشىغان زېمىنلاردا ئىسلامدىن بۇرۇن كۆپ ۋە ئاشكارا ئىدى. شۇنىمۇ قوشۇپ قويماقچىمىزكى، مۇسۇلمان بولغان ئەرەبلەردىنمۇ كۆپ كىشىنىڭ نىكاھىدا كۆپ ئائىل بار ئىدى. نىكاھىدا ئون ئائىل بار

ھالىتىدە مۇسۇلمان بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئىسلام كەلگەندە بۇ ئادەتنى تۈپتىن بىكار قىلىپ تاشلىمىدى. لېكىن ئۇنى تەڭشىدى ۋە تۈزدى. بۇرۇن كۆپ ئايال ئېلىش چەكلەمسىز مۇتلەق رۇخسەت ئىدى. ئىسلام ئۇنىڭغا سان جەھەتتىنمۇ ۋە سۈپەت جەھەتتىنمۇ چەكلەم قويدى. سان جەھەتتىن چەكلىمە قويۇپ رۇخسەت بولىدىغان ساننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىنى توختىتىپ بەردى. سۈپەت جەھەتتىن چەكلىمە قويۇپ كۆپ ئاياللىق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىش ئۈچۈن زۇلۇمدىن خالىي بولۇشنى شەرت قىلدى. بۇ چەكلىمىلەر قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىندى:

﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر ئايال بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[1]

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: نىكاھلاپ ئېلىش ھالال قىلىنغان ۋە كۆڭلىڭلار مايىل بولىدىغان ئايالدىن بىردىن تۆتكىچە ئالساڭلار بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار. ئەگەر بىردىن زىيادە ئايال ئالغان تەقدىردە ھەممىنى باراۋەر كۆرۈپ بىردەك مۇئامىلە قىلالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار بىر ئايالغا قانائەت قىلىڭلار. ياكى قولۇڭلاردىكى قۇل ئاياللارغا قانائەت قىلىڭلار. بىر ئايال ئېلىش سىلەردىن ئاياللىرىڭلارغا ۋە سىلەرنىڭ تاۋابىئاتلىرىڭلارغا زۇلۇم كېلىپ قالماسلىقىغا ئەڭ يېقىندۇر، دېگەنلىكتۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە كۆپ ئاياللىق بولۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ رۇخسەتكە ھەممە ئايالنى ھەممە جەھەتتىن باراۋەر كۆرۈشنى ۋە ئاياللارنىڭ زۇلۇم قىلىنىشتىن خالى بولۇشنى شەرت قىلدى. ئاياللارغا ئادىل بولۇش بولسا، ھەممىسىنى باراۋەر كۆرۈشتۇر. باراۋەر كۆرۈش دېگەنلىك بولسا ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئوخشاش بولۇش دېگەنلىكتۇر. يەنى تۇرمۇش خىراجىتىدە، ئۆي تۇتۇپ بېرىشتە، ئۇلارنىڭ قېشىدا قونۇشتا، ياخشى مۇئامىلە قىلىشتا ۋە ئەر ـ ئاياللىق سەۋەبىدىن يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشتە باراۋەر كۆرۈش، دېمەكتۇر.

شۇنىڭدەك بۇ ئايەت كۆپ ئاياللىق بولۇشقا ئاياللارنىڭ قايسى بىرىگە زۇلۇم قىلىپ سالماسلىقنى شەرت قىلدى. ئەمما زۇلۇمغا چېگرا كۆرسەتمىدى. شۇڭا ئەركىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا زۇلۇم قىلىشتىن قورقسىمۇ، ياكى ئايالنىڭ يېقىنلىرىغا زۇلۇم قىلىشتىن، ياكى ئەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتىن، ياكى ئاياللىرىغا خىراجەت ۋە ئۆي تۇتۇپ بېرىشتە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشتا قانداقتۇر باراۋەر مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن قورققان تەقدىردە بىردىن زىيادە ئايال ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ شەرت قىلدى.

---

[1] سۈرە نىسا 3 ـ ئايەت.

بىردىن زىيادە ئايال ئېلىشقا رۇخسەت بەرگەن ئايەت توغرىسىدا بىر نەزەر تاشلاش لازىم بولغان يەر شۇكى، ئايەت بىر ئايالغا قانائەت قىلىش لازىم بولۇشىنى ئايالغا زۇلۇم قىلىشتىن ئەندىشە قىلىشقا باغلىدى ۋە ئۇنى زۇلۇمنى چوقۇم قىلىپ سېلىشقا، ياكى ئۇنىڭ ئېھتىمالىنىڭ كۆپرەك بولۇشقا باغلىماي ﴿ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ﴾[1] دېدى. بۇنىڭدىن بىزگە روشەن ۋە بۇراشقا ھاجەتسىز ھالدا شۇ مەلۇم بولىدۇركى، قۇرئان ئايىتى بىر قانچە ئايالىق بولۇش دائىرىسىنى قاتتىق تارلاشتۇردى. چۈنكى ئىسلام بىرەر ئايالغا ناھەقلىق قىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنى بىردىن كۆپ ئايال ئېلىشنى ھارام قىلغۇچى ۋە بىر ئايالنىلا نىكاھىغا ئېلىشنى ۋاجىب قىلغۇچى ئامىل قىلدى. ئىسلام تۆھمەتتىن يىراقتۇر. ئىسلامغا تۆھمەت قىلىدىغان ھەر قانداق ئادەم بۇنى ئوبدان كۆرۈشى ۋە بىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بەزى ساھابىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھىدا بىر قانچە ئايال ساقلىغان بولسا، ئاياللىرىغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى اللہ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلغان ھالدا ساقلىغان. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ ئىككىسىنىڭ بىرىگە بەكرەك بېرىلىپ كەتسە قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى بىر يېنى سىڭايان ھالدا كېلىدۇ» دېگەن ۋەسىيتىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

تەلەپ قىلىنغان ئادالەت تاشقى ئادالەت بولۇپ ئەرنىڭ قەلبىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مايىللىق بولۇش شەرت ئەمەس. بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ دىلىنىڭ مايىل بولۇشىدا ھەممە ئايالىنى باراۋەر كۆرەلمەيتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسىدىكى نۆۋەتكە رىئايە قىلاتتى ۋە باراۋەر پوزىسىيەدە بولاتتى. ھەم: «ئى اللہ! مېنىڭ كۈچۈم يېتىدىغان ئىشتا مەن مۇشۇنىڭچىلىك قىلالايمەن. سەن ئىگە بولىدىغان ۋە مەن ئىگە بولالمايدىغان ئىشتا (يەنى دىلىنىڭ مايىللىقىدا) ماڭا مالامەت قىلمىغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

قۇرئان كەرىممۇ دىلىنىڭ مايىللىقىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار﴾[2].

ئىنساندا تېپىلمايدىغان ئادالەت دىلىنىڭ ئادالىتىدۇر. شۇڭا اللہ تائالا ئۇنى تەلەپ قىلمىدى. ئۇنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىغا اللہ تائالانىڭ: ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ

---

[1] سۈرە نىسا 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نىسا 129 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر﴾ دېگەن مەزكۇر سۆزى دالالەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا يۈرەك سۆيگۈسىدە باراۋەر بولالماسلىقىغا ئىجازەت بەرسىمۇ، ئەمما بىرىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ كېتىپ يەنە بىرىنى ئېسىپ قويغاندەك يەنى ئېرى يوقتەك ۋە تالاقمۇ قىلىنمىغاندىكىدەك مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقمۇ قىلمىغان ھالدا تاشلاپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

بۇنىدىن باشقا، ئىسلام بىر قانچە ئاياللىق بولۇشتىكى مۇشكىلللىكلەردىن ۋە ئاياللاردىكى قىزغىنىش ۋە كۆنلەش ئەھۋاللىرىدىنمۇ بىخەۋەر بولمىغاچقا بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىز قېرىندىشىنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنى ھارام قىلدى. بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى، ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھەمشىرىسىنى، ياكى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىدا بىرلا ۋاقىتتا ساقلاشنى ھارام قىلدى. بۇ پەقەت ئائىلە ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

ئەرەب يۇرتلىرىنىڭ ھازىرقى دەۋرىدە كۆپ ئاياللىق بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا مۇنداق ئۈچتۈرلۈك كۆز قاراش بار: بىرىنچى قاراش، بىردىن زىيادە ئاياللىق بولۇش مەسىلىسى دىنىي ھۆكۈملەر تۈزۈمىدە تۇتىدۇ.
ئىككىنچى قاراش، كۆپ ئاياللىق بولۇشنى مۇسۇلمانلارغا مەسىلەن: ئاياللارغا زۇلۇم قىلىپ سېلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنى بېرەلمەسلىكتىن قورقۇشتەك ئەندىشىلەرنىڭ بولماسلىقىغا ئوخشاش شەرتلەر ئاستىدا يولغا قويىدۇ. ئۈچىنچى قاراش، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ نىكاھلىق بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىسلامىي مۇزاكىرە كېڭىشى قاھىرەدە ئېچىلغان ئىككىنچى كېڭەش يىغىنىدا بىر قانچە ئاياللىق بولۇشقا رۇخسەت بېرىش، ياكى ئۇنى چەكلەش، بىر قانچە ئاياللىق بولۇشنى قازىنىڭ (ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ) رۇخسەت بېرىشىگە باغلاش، ياكى ئەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ خىراجىتىنى بېرىشكە ۋە ئادالەت قىلالىشىغا كۈچى يېتىشكە باغلاش توغرىسىدا ئېيتىلغان سۆزلەرنى تالاش - تارتىش قىلىپ شۇ قارارنى چىقاردىكى: "بىردىن زىيادە ئايال ئېلىش قۇرئاننىڭ ئوچۇق كۆرسەتمىسىچە قۇرئاندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىش ئاستىدا رۇخسەتتۇر. بۇ ھوقۇق ئەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. قازىدىن ئىزنى ئېلىشنىڭ ئېھتىياجى يوق.

## تالاق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى

تالاق دېمەك، ئىسلام فىقھىسىدە (ئىجتىمائىي قانۇنىدا) بىر ئەرنىڭ ئايالى بىلەن بولغان نىكاھ باغلىنىشىنى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە يېشۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ "سەن تالاق" دېگەندەك ئوچۇق سۆز بىلەن ياكى "سەن ماڭا ھارام" دېگەندەك يېپىق سۆز بىلەن ياكى ئايالنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قازىنىڭ ئايرىۋېتىشى بىلەن بولىدۇ.

تالاق قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن تالاق قىلىشقا يول قويغان قانۇنلاردا تالاققا يول قويۇشنىڭ ھېكمىتى بالىلىق بولۇش ئارزۇسى بار كىشىنى بالىلىق بولۇشتىن مەھرۇم قىلماسلىقتۇر، دەپ بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى بەزەن ئاياللار تۇغماس كېلىدۇ. ئايالنى ئىككى قىلىشقا بەزى ئەرلەرنىڭ مەبلەغ جەھەتتە كۈچى يەتمەيدۇ. بۇنىڭغا قارىماي ئەرنىڭ قېرىغاندا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھەم نام نىشانىسى يوقالماسلىقى ئۈچۈن بالام بولسىكەن، دېگەن ئارزۇسى بولىدۇ. مۇنداق ھالەتتە ئەركىشى قوش نىكاھلىنىشقا رۇخسەت بېرىدىغان شەرىئەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم بولسىمۇ تۇغماس ئايالنى ئۇبدان رازى قىلىپ قويۇپ بېرىپ تۇغىدىغان ئايالنى ئالسا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك تالاقنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى، ئەر - ئايالدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى يوقىتىشتۇر. چۈنكى ئارىلىرىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالغان ئەر بىلەن ئايالدىن چوقۇم بىرىنىڭ ئەخلاقى ناچار بولىدۇ، ياكى بۇزۇق تەربىيىلەنگەن بولىدۇ، ياكى ديانىتى (دىنغا ئەمەل قىلىشى) ئاجىز بولىدۇ. يا ئىككىسىنىڭ مىجەز تەبىئىتى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولىدۇ، ياكى مەقسەتلىرى بىر - بىرىگە زىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىدىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە قاملىشالمايدۇ. ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدا مۇھەببەت بولمىسا ۋە مۇناسىۋەتلىرى كېلىشىش ئارقىلىق چېكىتلىمىسا ئائىلەنىڭ ئاساسلىرى چوۋۇلۇپ قۇرۇلۇشى ۋەيران بولىدۇ. بۇ ھالدا ئەر ئايال ئايرىلماي بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرىۋاتىمىزكى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ تولاراقى بۇرۇن ئىسلامغا قارىتا ئىنكار قىلغان تالاق ئىشىنى ئاخىرى ئۆزلىرى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. تالاققا يول قويىدىغان مەدەنىي ئۆيلىنىشنى قارارلاشتۇردى. گەرچە تالاق ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا خىلاپ بولسىمۇ، ئۇنى خۇسۇسىي ئىشلار قانۇنىدا بېكىتىپ مەدەنىيەت ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس قىلدى.

تالاق بولسا، ئەمەلىيەتتە قانۇن سىياسەتلىرىگە يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ قەدىمكى ئۈممەتلەردىن تارتىپ بار نەرسە. بۇرۇنلاردا ئەر كىشى مۇتلەق ئەركىنلىكى بىلەن تالاق قىلىۋېرەتتى. ئايالنىڭ ھېچ قانداق شارائىتتا ئەردىن تالاق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. روم دۆلىتى زامانىغىچە ئەھۋال ئاشۇنداق داۋام قىلغان بولۇپ، ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ناھايىتى ئاجىز ۋە تالاق قىلىش كۆپ بولۇپ كەلگەن. كونا ئىبرانىي قانۇنلار ۋە يۇنان قانۇنلىرى مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن.

كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ ئۇنىڭ شەرىئىتى يولغا قويۇلغاندا ئاياللارنىڭ ئەھۋالى سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئايالنىڭ زىنا قىلىشى، يا تۇغماسلىقى، يا ئەخلاقى ناچارلىقى، يا تەن قورۇلۇشىدا ئەيىب بولۇشىدىن ئىبارەت سەۋەبلەرنىڭ بىرى بىلەن ئايالنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن ئىدى. خرىستىئان دىنىدا بولسا، چېركاۋ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدىكى كۈچلۈك قاراش بويىچەك ئايال كىشى زىنا قىلغان ھالەتتىمۇ تالاق قىلىش چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى خاتالاشقان ئايالى بىلەن، ئۇ ئايال قاچان پۇشمان قىلىپ تەۋبە قىلسا قايتا يارىشىۋېلىشى لازىم. لېكىن ئەر، خاتالىقتا داۋام قىلغان ئايالدىن يىراق تۇرۇشقا ھەقلىق، بەلكى لازىم.

شۇنىڭدەك ئەرنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىش ھەققى يوق. دېمەك ئايال زىنا قىلغان تەقدىردە ئەر تەلەپ قىلسا جىسمانىي تەرەپتىن ئايرىم تۇرىدۇ. ئەمما ئەر زىنا قىلسا ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. جىسمانىي تەرەپتىن ئايرىم تۇرۇش ئەر - ئايالنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنى ئۈزمەيدۇ. پەقەت ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مەسئۇلىيىتىنى بىكار قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەرنىڭ ئايالنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتى يوقالماي داۋام قىلىدۇ.

چىركاۋ ئادەملىرى يولغا قويغان ئەر - ئايال جىسمانىي جەھەتتە ئايرىلىش ئىشى تالاقتىن پەرقلىق ئەمەس. پەقەت ئەرنىڭ ئەرلىك ئىسمى يوقالماسلىقىدا پەرقلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەر - ئايالىق يوقىلىدۇ. چۈنكى، ئەر - ئايال بىر - بىرىدىن يىراق تۇرۇپ ياشايدۇ. ئەر - ئايال ئارىسىدا ئەر - ئايالىق ئىشلىرىدىن پەقەت ئىككى ئىش قالىدۇ. بىرسى، ئايالنىڭ ئېھتىياجى بولسا ئەرنىڭ خىراجەت بېرىشىنىڭ ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئىپپىتىنى ساقلىشىنىڭ لازىملىقىدۇر. بۇنىڭ ئۈستىگە ئەر - ئايال دېگەن ئىسمىنىڭ ساقلىنىشى ھەر ئىككىسىنى ئۆيلىنىشتىن توسىدۇ. خۇددى مىسيوبلانيول (فىرانسىيەنىڭ مەدەنى قانۇننى تۈزگۈچى) نىڭ دېگىنىدەك ئەر بىلەن ئايال پۈتۈن ئۆمرىدە ئاررۇسىزلىق قۇربانى بولىدۇ. ئۆزىنى مەجبۇرىي ھالدا ئەرسىز ۋە ئايالسىزلىقتا مەھكۇم بولغان ھالدا كۆرىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”كۆپىنچە ۋاقىتتا ئەر - ئايالنىڭ قالغان ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىككىسىنىڭ ياكى بىرسىنىڭ زىنا قىلىشى سەۋەب بولىدۇ. ئىككىسىنى ئايرىۋاتقان تەقدىردە ئىككىسى يولسىز ئالاقىسىدىن خالىي بولىدۇ، دەپ گۇمان قىلىنامدۇ؟ ئاندىن كېيىن تاشلانغان ئايالنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى نېمە بولىدۇ؟ قاچان ئۇ ئايال ئەرنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزۈپ ئەرنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ نامىنى ھەر يەردە بولغاپ يۈرسە، ھەم پۇل بەر، دەپ ئەرگە ئېسىلىپ ئەرنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويسا، ياكى يېڭى رەسۋالىقلارنى پەيدا قىلىشتىن ئەرنى قورقۇتسا ئەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى نېمە بولماقچى؟

ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دېدى: جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىلىش بىر دەردنى يوقاتسا ئورنىغا يەنە بىر دەردنى پەيدا قىلىدۇ. بىللە ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان ئەر - ئايال ئارىسىدا ئەر - ئايالىق ھاياتىنىڭ مەنىۋىيتى قەتئىي تېپىلمايدۇ. لېكىن يەنە بىر ئەرنى ئۇمىدسىزلىنىشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئاشكارا رەسۋالىقلار تېپىلىدۇ. ھەتتا ئەر - ئايال جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىككىسى بۇرۇنقىدىن كوپرەك جىنايەتلەر سادىر قىلىشى مۇمكىن.

## ئىسلامدا تالاقنىڭ روھى

ئىسلام تالاقنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى نەپرەتلەندۇرۇش بىلەن بىللە تالاققا رۇخسەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «اللہ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان ھالال ئىش تالاقتۇر». (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

ئىسلامدا تالاقـقا رۇخسەت بېرىش بەزىلەر گۇمان قىلغاندەك. مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى كۆڭۈل ئارزۇسىغا ئەگىشىپلا تالاق قىلىش ھەققى بار، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئىسلامنىڭ تالاقـقا يول قويغانلىقىنى قەبىھ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم تالاق قىلىشنى لازىم قىلىدىغان بىر قانچە سەۋەبلەرگە ئىشارەت قىلدى. لېكىن ئۇ سەۋەبلەرنىڭ سانىنى توختاتمىدى ۋە مۇئەييەن ھادىسىلەرگىمۇ باغلىمىدى. تالاق قىلىشنى ئېتىراپ قىلغان غەرب مىللەتلىرى تالاقنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتا بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. ئۇنداق بولسا، ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا، كۆز قاراش ۋە مەدەنىيەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەتلەرگە ”دىن“ بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىسلامدەك ئاممۇۋي دىندا تالاقنىڭ زامانلار، ئورۇنلار ۋە ئىنسانلار تەبىئىتىگە قاراپ ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ تۇرىدىغان سەۋەبلىرىنى قانداقمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟

تالاقنىڭ قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن سەۋەبلىرى بولسا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا ۋە بىللە ياشىماسلىققا ھەقىقىي قوشۇلۇشتۇر. قۇرئان تالاقـقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق كېلىشەلمەسلىكنى دېمەكچى ئەمەس. قۇرئاننىڭ دېمەكچى بولغىنى پەقەت ئەر - ئايال داۋاملىق كېلىشەلمەي ئەر - ئاياللىق ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ مۇمكىن بولماسلىقىدىن ئىبارەت. مۇنداق كېلىشەلمەسلىكنى قۇرئان كەرىم ”شىقاق“ دەپ ئاتىدى. شىقاق دېمەك، ئىككىگە ئايرىلىش دېمەكتۇر. اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، ئايالنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ھۆكۈم قىلىشقا ئەۋەتىڭلار، بۇلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئەر - ئايال ئەگەر ئەپلىشىشنى خالىسا اللہ تائالا ئەر - ئايالغا تەۋپىق بېرىپ ئىناقلىق پەيدا قىلىدۇ﴾[1]

قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە ئەر - ئايالنىڭ تالاق ئىشىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. چۈنكى، اللہ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەر - ئاياللىق ھاياتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار، كېلىشەلمەسلىك ئەر - ئايالنىڭ بىرسىنىڭ خوي ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن ياكى مىجەزى - تەبىئىتىدە بىر - بىرىدىن سەسكەنگەنلىكتىن بولسا ئەر - ئايالنىڭ بىللە ياشىشى مۇمكىن بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئاندىن كېيىن ئەر - ئايال پەقەت كېلىشەلمىگەن شارائىتتا ئەر - ئايال بىۋاستە ئۆزى ئەر - ئاياللىق باغلىنىشىنى بىكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەۋۋەل ئەر - ئايال ئارىسىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرۇپ بېقىش لازىم. ئەر ۋە ئايال تەرەپتىن ياخشى ئادەملەرنى بەلگىلەپ ئۇلارنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەر ئايالنىڭ ئويلاپ كۆرىشى ئۈچۈن ۋە كېلىشىپ قېلىشقا پۇرسەت تېپىپ ئۆز پىكرىدىن يېنىپ ئەسلىگە كېلىۋېلىشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش كېرەك. قۇرئاننىڭ: ﴿ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، اللہ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى

---

[1] سۈرە نىسا 35 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ﴾ دېگەن يۇقىرىقى ئايىتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىككى تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئەر ئايالنى ياراشتۇرۇشقا بار كۈچىنى چىقىرىش كېرەك. يەنە بۇ ئايەت ئەر ـ ئايالنى كېلىشتۈرگىلى بولمىغاندا ئايرىۋېتىلسا بولىدۇ، دېمەستىن ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ نىيىتى ئەر ـ ئايالنى مۇمكىن قەدەر ئىسلاھ قىلىش بولسا، الله تائالا ئۇلارغا ئىسلاھ قىلىشنىڭ شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، دېگەن ئاجايىب گۈزەل يولنى كۆرسەتتى. ئەھۋال ئۇنداق بولغاندا ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىدىن سەسكىنىشى ۋە ئارىلىرىدىكى ئىناقسىزلىق بەكلا چوڭقۇرلۇشۇپ كەتمىگەن تەقدىردە تالاق يۈز بەرمەيدۇ. لېكىن تالاقنى كىم قىلىدۇ؟ قازى ئىگە بولامدۇ؟ ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆزىلا بىرى يالغۇز ئىگىمۇ؟ ياكى ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ئىگىمۇ؟

## تالاق قىلىش ئەرنىڭ ھەققىدۇر

ئىسلام دىنى ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى قازىغا تاپشۇرماي ئەرگە تاپشۇردى. لېكىن ئايال تەلەپ قىلغاندا ئاندىن ئەر تالاق قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر، ئەر ـ ئايال ئايرىلىشقا پىكرى بىرلىككە كېلەلمىگەن تەقدىردە تالاق ھوقۇقى يالغۇز ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ قولىدا بولماي قازىنىڭ قولىدا بولۇشى ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇر. چۈنكى قازى بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ قالمىغان نازارەتچىدۇر. ئەر ـ ئايالغا بىر مۇنچە مەسئۇلىيەتلەرنى پەيدا قىلغان نىكاھ توختامنى بىر شەخسنىڭ ئىرادىسى بىكار قىلالمايدۇ. ھەم تالاق قىلىش ھوقۇقى ئەر ـ ئايالنىڭ بىرىگە تاپشۇرۇلغاندا تۇيۇقسىز كەلگەن ئاچچىق بىلەنلا نىكاھ تۈتقۇسى ئۈزىلىدۇ. كېيىن پۇشمان قىلسا پايدىسى يوق. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. بۇ سۆز بىر ئاز ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

بەزى قانۇنلار بۇنىڭغا ئەمەلمۇ قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىش ھەممە جەھەتتە توغرا بولمايدۇ. پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئىشلار ۋە يۈرىكىدىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارا دەلىل بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن بولغان ۋاقىتتا ئاندىن توغرا بولىدۇ. چۈنكى قازى ھەر ئىشتا ئالامەتلەر ۋە دەلىللەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قازىنىڭ ھۆكمى ھەق بىلەن ناھەقكە نازارەت قىلىپ، ھەقنى بېكىتىش ۋە زۇلۇمنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئەر ـ ئاياللىق مەسىلىسى بولسا زۇلۇم قىلغۇچى بىلەن زۇلۇم قىلىنغۇچى مەسىلىسى ئەمەس. ئۇ پەقەت ئەر ـ ئايال دوستلۇقى داۋام قىلىشى مۇمكىن بولۇش سەۋەبى بىلەن ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ياكى داۋام قىلماسلىقىغا دائىر مەسىلىدۇر. مەسىلەن: ئەر كىشى ئايالىغا ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن سەۋەبىدىن ھەم ئەركىشى ئايالى بىلەن كېلىشىشكە تىرىشىپ بېقىپ مەقسىتى ھەل بولمىغان سەۋەبىدىن ئەر كىشى ئايالىدىن بۇرۇن تالىقىنى تەلەپ قىلسا، قازى دەرھال ئايرىۋېتەمدۇ؟ يا ئايرىمامدۇ؟ ھالبۇكى مۇنداق ھالەتتە تالاق قىلماي چارە يوق. لېكىن قازىنىڭ تالاق قىلىشى بىلەن ئەر كىشىنىڭ ئۆزى تالاق قىلىشىنىڭ نېمە پەرقى بار؟ بەربىر ئوخشاش.

ئەگەر تالاقنىڭ سەۋەبى ئۆچلۈك ياكى ئامراقلىق بولماي باشقا سەۋەب بولسا، بۇ ئائىلەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى قازى مەھكىمىلىرىدە ئاشكارىلاپ خاتىرلىتىپ قالدۇرۇش ئىجتىمائىي جەھەتتىن پايدىلىقمۇ؟ ياق، كىشىلەرگە ئاشكارىلىتىش ئەسلا توغرا بولمايدىغان سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ.

## ئايالنىڭ تالاقتىكى ھەققى

ئايال كىشىنىڭ قازىنى ۋاستە قىلماي ئەرنى تالاق قىلىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئايال كىشىدە ھېسسىياتقا ئاسانلا بېرىلىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىش چوڭ ئىشلاردا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرسا چوقۇم زىيانلىق بولىدىكى ھەرگىز پايدىلىق بولمايدۇ. تالاقمۇ چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى، ئۆزىنى ئۆزى تالاق قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئاياللارنىڭ بۇ ھوقۇقنى توغرا ئىشلەتمەي يامان شەكىلدە ئىشلىتىشى ۋە ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېلىشى ئاياندۇر.

ئەركىشى بولسا، ئۆيلىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىقتىسادىي چىقىملىرى ۋە تالاقتىن كېيىن كېلىدىغان چىقىم ۋە مەسئۇلىيەتلەر، پەرزەنتلىرىگە بولغان ئامراقلىقى ۋە تالاقتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر ھەققىدە كۆپ ئويلايدۇ. بۇلارنى تالاق قىلىشقا قەدەم باسماي تۇرۇپ مۆلچەرلەيدۇ. ئايالدىن ئايرىلىشنىڭ كۈچلۈك سەۋەبى تېپىلمىغىچە تالاق قىلىشقا يۈگۈرمەيدۇ. ئەگەر بىز تالاق قىلىش ھوقۇقىنى ئايالغا تاپشۇرساق، ئەرنىڭ توي ۋە ئائىلە قۇرۇش چىقىملىرى ئۈچۈن خەجلىگەن كۆپ ئىقتىسادىنى زايە قىلىش بىلەن ئەرگە زۇلۇم قىلىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئايالنىڭ قازىنى ۋاستە قىلماي تالاق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئايالنىڭ قازىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تالىقىنى ئېلىش ھەققى بار. بۇ ھالدا بۇ تالاققا ئەرنىڭ رازى بولۇشى ۋە ئايالنىڭ ئەر بەرگەن تويلۇقنىڭ بەزىلىرىنى ياكى ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىشى شەرتتۇر. بۇ ئىش ”خۇلئە“ يەنى نىكاھنى بىكار قىلىش، دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەيس ئوغلى سابىتنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ: ”ئى اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى! ئېرىم سابىتنىڭ ئەخلاقىنى ياكى دىيانىتىنى ئەيىبلىمەيمەن. لېكىن ئىسلامدا تۇرۇپ كۇفرىلىق قىلىشنى يامان كۆرىمەن (ئېرىمگە ئۆچ بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ مەندىكى ھەققىنى ئادا قىلىش جەھەتتە خاتالىشىپ، ئاسىي بولۇپ كېتىشىمدىن قورقىمەن، شۇڭا ئايرىلاي دەيمەن)، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «سابىتنىڭ ساڭا تويلۇق قىلىپ بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟» دېۋىدى. ئۇ ئايال: ماقۇل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتقا: «باغنى تاپشۇرۇپ ئال، ئايالىڭنى بىر تالاق قىلغىن» دېدى.

لېكىن بۇيەردە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئىتتىك كېلىدىغان بىر سوئال بار. ئۇ بولسا، ئەركىشى ئايالىنى تالاق قىلىشنى ئىختىيار قىلمىسا، ئايال كىشى مەھكىمىدىن تالاق تەلەپ قىلىشقا شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىغۇدەك سەۋەبى بولسا، باشقا ھەقنى تەلەپ قىلغاندەك تالاقنىمۇ تەلەپ قىلالامدۇ؟ دېگەن سوئالدۇر.

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئەر كىشى ئايالنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قىلىپ بېرىشتىن ئاجىز كەلگەندە، ئىسلام ئايال كىشىگە ئېرىدىن تالىقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا يول قويىدى. بۇ ئىش بولسا، ئىمام مالىك ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەلۇم بىر ساھابىگە: «ئايالىڭ سەن مەسئۇل بولىدىغانلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ساڭا: ماڭا يېمەكلىك بەرگىن، بولمىسا مەندىن ئايرىلغىن، دېيەلەيدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ تۇتقان يولىدۇر.

ئايال كىشىگە ئېرىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلىشقا يول بېرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا، ئايال كىشى ئېرىدە قوتۇلالمايدىغان بىر ئەيىب بارلىقىنى، ياكى ئۇزۇن زاماندىن كېيىن قوتۇلالايدىغان ئەيىبنىڭ بارلىقىنى بىلسە، يەنى ئېرى ساراڭ، ياكى ماخاۋ، ياكى ئاق كېسەلدەك كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئايالى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشقا رازى بولمىغان بولۇشىدۇر.

شۇنىڭدەك ئېرى بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت يوق بولۇپ كەتسە (ئايالىنى نەپىقىسىز تاشلىۋەتسە) ۋە ئېرىگە خەت ئەۋەتىش مۇمكىن بولسا، قايتىپ كېلىشىنى ياكى مېنى قېشىغىزغا ئېلىپ كېتىڭ ياكى تالىقىمنى بېرىڭ دەپ خەت يازىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى بۇ تەلەپلەرگە جاۋاب بەرمىسە قازى ئۇ ئايالغا مۇنچىلىك ۋاقىت توختاپ باق دەپ قارار توختىتىپ بېرىدۇ. قارار توشقاندىن كېيىن قازى ئۇلارنى ئايرىۋېتىدۇ. ئەگەر يوقالغان ئەرگە خەت ـ تىلگىرام يەتكۈزۈش مۇمكىن بولمىسا، قازى ئايالنىڭ تالىقىنى بېرىۋېتىدۇ. چۈنكى ئايال ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىدىن ئايرىلىپ زىيان تارتىدۇ. ئەمما ئايال كىشى شۇ سەۋەبلەرگە قارىماي مەزكۇر ئەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇشقا رازى بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت داۋام قىلىۋېرىدۇ.

## تالاق قىلىشنى مەنئىي قىلىدىغان ئامىللار

ئىسلام ئايالنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى قازىغا بەرمەي ئەرگە بەردى. ئەگەر بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سەۋەبلەر بىلەن ئايال كىشى قازىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلسا، قازى ئۇلارنى ئايرىۋېتەلەيدۇ. لېكىن ئىسلام بۇنىڭغا قارىماي ئەرلەرگە ئاياللىرى بىلەن ياخشىلىقچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە، ئاياللاردىن كۆرۈلگەن يېقىمسىز ئىشلارغا چىداشلىق بېرىشكە ۋە ئۇششاق ئىشلار بىلەن تالاق قىلىشقا ئالدىرىماسلىققا تەۋسىيە قىلىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[1].

شۇنىڭدەك ئىسلام ئەرلەرنىڭ ئايالنى ھەيز ھالىتىدە تالاق قىلىشنى توستى. چۈنكى ئۇ ھالەتتە ئەر ـ ئايال ئارىسىدا جىنسىي قىزغىنلىق ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

---

[1] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا ئايالىنى ھەيز ھالىتىدە تالاق قىلغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوغلىنىڭ ئىشىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە: «ئوغلۇڭنى ئايالى بىلەن يېنىۋېلىشقا بۇيرۇغىن، يېنىۋېلىشقاندىن كېيىن ئايالىنى نىكاھىدا تاكى ھەيزدىن پاكىزە بولغۇچە چىڭ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن يەنە ھەيز كۆرۈپ يەنە پاكىزە بولسۇن، ئاندىن كېيىن خالىسا نىكاھىدا ساقلىسۇن، خالىسا يېقىن كەلمەي تۇرۇپ تالىقىنى بەرسۇن، مانا بۇ اللہ تائالا ئاياللارنى ئىچىدە تالاق قىلىشنى بۇيرىغان ئىددەتتۇر» دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

ئىسلام يولغا قويغان تالاق قىلىشقا بولۇشى لازىم بولغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، ئايالىنى تالاق قىلغانلىقىغا كىشىلەرنى گۇۋاھ قىلىشتۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿(يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار﴾[1] دەيدۇ. ئايالىنى تالاق قىلغاندا راستچىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشى ئەرنى تالاقتىن بۇرۇن ئۆزى بىلەن ئۆزى كېڭىشىپ كۆپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شىئە مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرى شۇنى قارار قىلىدۇكى، تالاقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن كىشىلەرنى گۇۋاھچى قىلىش شەرت. بۇ خۇددى نىكاھ ئۈچۈن گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى شەرت بولغاندەك تالاقتىمۇ شەرتتۇر. بۇ مەسىلە قۇرئاندا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن.

ئەگەر ئەر ـ ئايال، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ تالاقنى ئىختىيار قىلىشى بىلەن ئايرىلىشىشنى قارار قىلىشسا، بۇ قارار كۈچكە ئىگە بولىدۇ. غەربنىڭ مەدەنىي قانۇنلىرىنىڭ تولىسى مۇشۇ بويىچە مېڭىۋاتىدۇ.

## تالاقنىڭ تۈرلىرى

تالاق ئۈچ تۈرلۈكتۇر.

1 ـ رەجئىي تالاق. يەنى ئايالنىڭ ئىددىتى ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشىپ قېلىشقا بولىدىغان تالاق.

2 ـ كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق.

3 ـ چوڭراق بولغان كەسكىن تالاق.

[1] سۈرە تالاق 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئايالنىڭ ئىددىتى ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشىپ قېلىشقا بولىدىغان تالاق

ئايالنىڭ ئىددىتى ئىچىدە نىكاھسىز يېنىشىپ قېلىشقا بولىدىغان بولسا، ئەركىشى ئايالنى تالاق قىلغاندىن كېيىن يەنە قايتا نىكاھىمۇ قىلماي ۋە تويلاقمۇ بەرمەي ئۇ ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ياندۇرىۋالسا بولىدىغان تالاقتۇر. بۇ تالاق بىلەن ئەر ئايالنىڭ يوقالمايدۇ (ئايال ئىددىتى توشمىغىچە ئەرنىڭ ئىگىلىكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئەر يېنىۋالدىم دېسە ئۇ ئايال ئەرنىڭ بولىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ئەر قاچان خالىسا يېنىۋالالايدۇ. ئىددەت بولسا ئەر ـ ئايالنىڭ تەسىرىنى كۆڭۈلدىن چىقىرىش ئۈچۈن شەرىئەت تەيىن قىلغان مەلۇم زاماندۇر. ئەر ـ ئايال تالاق سەۋەبى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسىمۇ، ئايرىلىش بىلەنلا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ـ ئايالىق مۇناسىۋەت ھەممە جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئايال كىشى ئىسلام توختىتىپ بەرگەن ئىددەت توشمىغىچە باشقا ئەرگە تەگمەي كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئىددەت مەسىلىسىنى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىمىز:

يېنىشقىلى بولىدىغان تالاقنى ئىسلام يېڭىدىن پەيدا قىلغان ئەمەس. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىمۇ ئەرەبلەرنىڭ ئايالنى تالاق قىلىدىغان يەنە ئىددەت ئىچىدە يېنىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇلاردا تالاقنىڭ توختىمى ۋە سانىمۇ يوق ئىدى. دېمەك ئايال كىشى ئەرنىڭ قولىدا بىر قونچاق بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەر ئاياللىرىنى تالاق قىلىپ ئويناش بىلەن ئۆزى خالىغان زىيانلارنى يەتكۈزەتتى. ئىسلام كېلىپ تالاقنى ئىككى قېتىم قىلىشقىچە رۇخسەت قىلدى. قۇرئاندا: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (ئايالنى) چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾(1) دەپ كەلدى. بۇ ئايەتتىكى تالاقتىن يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ تالاقنى ئەر كىشى جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان ۋە ھەم بۇرۇن پەقەت تالاق قىلمىغان ياكى بىر قېتىملا تالاق قىلغان ئايالغا قىلالايدۇ. بۇ خىل تالاق بىلەن تالاق قىلىش ئەر ئايالىق باغلىنىشىنى پۈتۈنلەي يوقاتمايدۇ. شۇڭا ئىددەت ئىچىدە ئەرنىڭ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەرنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى تالاقنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىدۇ. ئىددەت توشۇشتىن بۇرۇن ئەر ـ ئايالنىڭ بىرى ۋاپات بولسا، ھايات قالغىنى ۋاپات بولغۇچىدىن مىراس ئالىدۇ. ئەر كىشى ئىددەت ئىچىدە ئايالنىڭ خىراجىتىنى بېرىشى ۋاجىپ. ئايالنىڭ ئەردە نېسىي قالغان تويلۇقى بولسا، ئايال ئۇ تويلۇقنى ئىددىتى توشقاندىن كېيىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ.

ئەر كىشى ئايالنى يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلغان بولسا، ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن، ئەر ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن، ياكى "سىزنى ئۆز قولۇمغا قايتۇرۇۋالدىم" دېگەندەك سۆز بىلەن قايتۇرۇۋالالايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە:

---

(1) سۈرە بەقەرە 229 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

﴿ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾[1] دەيدۇ.

ئەركىشى ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپ بولغىچە يېنۇالمىغان ۋە ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپ كەتكەن بولسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا يېنۇالالمايدۇ. ئەگەر ئەر ئۇ ئايال بىلەن قايتا ياراشماقچى بولسا، ئايالنىڭ قوشۇلۇشى، قايتىدىن يېڭى نىكاھ قىلىش ۋە تويلۇق سېلىش بىلەن ئاندىن يېنىشالايدۇ.

الله تائالانىڭ تالاق ئىككى دېمەي ”تالاق ئىككى قېتىم“ دېگەن سۆزىدە تالاق بىردىن - بىردىن بولۇشى كېرەك. ئىككى تالاقنى بىرلا قىلماسلىق كېرەك، دېگەنگە ئىشارەت بار. شۇنىڭدەك ئېغىز بىلەن سان بەلگىلەپ قىلىدىغان تالاق ئايەتنىڭ ئوچۇق كۆرسەتكىنىدەك بىرتالاقلا بولىدۇ، دېگەنگە ئىشارەت بار.

بىرىنچى قېتىملىق ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تالاق بولسا، ئەر - ئاياللىق ئالاقىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۇرسەت ۋە ئورۇن قالدۇرۇش بىلەن بىللە ئايرىلىشنى تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايال بىر ھۆيلىدا ياشىشى كېرەك. بۇ جەرياندا ئەر دۇرۇسلۇقتا قايتسا، ياكى تالاق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلسا ئايالنى قولىغا قايتۇرۇۋالىدۇ.

## كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق

بۇ تالاق ئەر - ئاياللىقنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ تالاق چۈشۈش بىلەنلا ئەرنىڭ ئايالدىكى ھەقلىرى ئۈزۈلىدۇ. ئۇ ئايال بىلەن يېڭىدىن ئەر - ئايال بولماقچى بولسا، قايتا نىكاھ ۋە قايتا تويلۇق لازىم بولىدۇ. بۇمۇ تېخى تالاق ئۈچكە بېرىپ قالمىغان ئەھۋالدا شۇنداق بولىدۇ.

كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئەھۋال ئاستىدا كۆرۈلىدۇ:

1 - ئەركىشى ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىپ، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلماستىن تالاق قىلسا، يېنىشۇالغىلى بولىدىغان تالاق بولماي كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھالدا ئايالنىڭ يېرىم تويلۇقىنى ئايالنىڭ قولىغا بېرىش ۋاجىپ ۋە ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم بولمايدۇ.

2 - ئەر - ئايال جىنسى - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئايال كىشى ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرگە تويلۇقنى ياكى باشقا بىر نەرسىنى بېرىشكە قارارلىشىپ ياكى ئىددەت نەپىقىسىنى ياكى نىسبي قالغان تويلۇقنى ئالماسلىققا قارارلىشىپ تالاق قىلىنسا، ئايال كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھالەتلەردە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى لازىم.

---

[1] سۈرە بەقەرە 228 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

3 ـ ئەردە بىرەر ئەيب نوقسان بولغانلىقتىن، ياكى ئەر تۈرمىگە سولانغانلىقتىن، ياكى ئىزى يوق بولۇپ كېتىپ ئايالىنى تاشلىۋېتىپ ئايال زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن ئايال قازىدىن تالىقىنى تەلەپ قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن قازى ئۇنىڭ تالىقىنى بەرسە، بۇ تالاق كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق بولىدۇ. ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ۋاجىپ. قازى ھۆكۈم قىلسا تويلىقىنى ئەر تەرەپنىڭ بېرىشى ۋاجىپ.

4 ـ يېنىشقىلى بولىدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىرى يېنىۋالماي ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇپ كەتسە، بۇمۇ كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاققا ئايلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئەرگە ئايالنىڭ نىسىي قالغان تويلۇقىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

كىچىكرەك بولغان كەسكىن تالاق قىلىنغان ئايال ئەردە نىسىي قالغان تويلۇقىنى دەرھال تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالمايدۇ. لېكىن ئەركىشى ساقايماس كېسەل بولۇپ قېلىپ ئايالىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن ئۇنى تالاق قىلغان ۋە ئايالنىڭ ئىددىتى توشۇشتىن بۇرۇن ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئەرنى ئايالغا مىراس بېرىشتىن قاچقۇچى دەپ ھېسابلاپ ئايالغا مىراس ئايرىپ بېرىلىدۇ.

## چوڭ بولغان كەسكىن تالاق

چوڭ بولغان كەسكىن تالاق بولسا، ئەركىشى ئايالىنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان تالاق بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى پۈتۈن مۇناسىۋەت كېسىلىدۇ. بۇ ئايال ئەرنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئىرىگە يول ئېچىشنى مەقسەت قىلماي، يېڭى ئىرى بىلەن مەڭگۈ بولۇشۇشنى مەقسەت قىلىپ ئاشكارا نىكاھلاپ باشقا بىر ئەرگە تەككەن ۋە يېڭى ئىرى بىلەن جىنسى ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يېڭى ئىرى تالاق قىلسا، بۇ ئەرنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئىرىگە ھالال بولىدۇ (بۇ شەرتلەر تولۇق تېپىلمىسا، ئۇ ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئىرىگە قايتا تېگىشكە بولمايدۇ). بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق ھۆججەت الله تائالانىڭ بۇ سۆزىدۇر: ﴿ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى ئايالىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (ئايال) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ، كېيىنكى ئەر ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن (ئىددىتىنى توشقۇزۇپ)، بۇرۇنقى ئەر بىلەن قايتا ياراشسا، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾[1].

ئۈچ تالاق قىلغان ئەرگە ھالال قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىشنى مەقسەت قىلىپ ۋاقىتلىق ئەرگە تېگىش بىكار ئىش ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئىرى بىلەن يېنىششقا بولمايدۇ. بۇ تالاقنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسلام ئەر بىلەن ئايالغا بىرىنچى قېتىم بىر تالاق قىلغاندىن كېيىن ئىددەت ئىچىدە، يا ئىددەت توشقاندىن كېيىن ئەر ـ ئاياللىق ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ئالاقىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ھەققىنى بەردى. شۇنىڭدەك ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىنمۇ شۇ ھەقنى بەردى. لېكىن ئۈچۈنچى قېتىم تالاق قىلغاندىن

---

[1] سۈرە بەقەرە 230 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

كېيىن يېنىشىشنى هارام قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەركىشى ئايالنى ئىككى قېتىم تالاق قىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ياراشماقچى بولسا، پۈتۈن ئۆمرى بويىى ياخشى ئەر ئايال بولۇپ ياشاشقا ياكى مۇشۇ قېتىم تولۇق ئايرىلىپ كېتىشكە كەسكىن ئىراده باغلىشى لازىم. شۇنىڭدەك ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال باشقا ئەرگە تېگىپ، كېيىنكى ئېرى ئۇنى تالاق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئەۋۋەلقى ئېرى بىلەن يېنىشىش مۇمكىن. ئۇ چاغدا هەر قايسىسى ئىككىنچى قېتىملىق يارىشىشتىن دەرس ۋە تەجربە ئالغاچقا تۇرمۇش هاياتىدا ئىناق ئۆتىدۇ.

”ئەسسىرمۇير“ ئىسىملىك كىشىنىڭ ”مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تەرجىمهالى“ دېگەن كىتابىدا بۇ ئۈچ تالاقنىڭ هۆكۈملىرىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىغانلىقى خاتادۇر. ئۇ كىشىگە شۇ ئېنىق بولماي قالغانكى، ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرىگە يېنىشىدىن ئىلگىرى باشقا ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىش بولسا، ئەرەبتەك كۆنلەش ۋە قورۇش تەبىئىتى قاتتىق دەپ تونۇلغان مىللەتكە نىسبەتەن ئايالنى ئۈچ تالاق قىلىشقا چوڭ توسالغۇدۇر. تالاق دېگەن نەرسىگە ئۇرۇنىشتىن قايتۇرىدىغان چوڭ ئامىلدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئەرەبتەك ئايالنى قاتتىق كۆنلەش ۋە ئىززەت ـ شەرىپىنى ساقلاش بىلەن مەشهۇر بولغان مىللەتنى تالاقتىن توسۇشنىڭ چوڭ ئامىلىنى ئېلىپ كەلدى.

## ئىددەت توغرىسىدا

ئەر ـ ئاياللىق ئالاقىلەرنى ئۈزۈش يولىغا بىر قانچە داۋانلار تىزىلىپ تۇرىدۇ. بۇ داۋانلارنى پەيدا قىلىشتىكى مەقسەت ئەر ـ ئايال ئارىسىدا تالاققا سەۋەب بولىدىغان كېلىشمەسلىكلەر يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشتۇر. چۈنكى هەر تالاقتىن كېيىن ئايالنىڭ ئەرگە تېگىشىنى كېچىكتۈرۈدىغان زامان بار. بۇ ئىددەت زامانى، دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئاندا: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق هالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار﴾[1] دەپ كەلدى.

ئايالنى ئەرگە تېگىشتىن كېچىكتۈرۈشنىڭ زامانى (يەنى ئىددەت زامانى) ئايالنىڭ ئەهۋالىغا قاراپ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقتا ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتي مۇنداق:

1 ـ هامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى بالىسىنى تۇغقاندا توشىدۇ. بۇ هەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿هامىلدار ئايالنىڭ ئىددىتى (ئېرىدىن ئاجراشقان بولسۇن، مەيلى ئېرى ۋاپات قىلغان بولسۇن) بالىسىنى تۇغۇش بىلەن توشىدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە تالاق 1 ـ ئايەتتىنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تالاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

2 ـ ئېرى ئۆلگەن ئەمما ھامىلدار ئەمەس ئاياللارنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۈر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾[1].

3 ـ ھامىلدار ئەمەس ھالەتتە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ ھەيز كۆرىدىغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ ۋە ئۈچ قېتىم پاكىزە بولۇشتىن ئىبارەت. يەنى ئۈچ دەۋرىنىڭ ئۆتىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بەچچىدانلىرىدىكى الله ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس﴾[2].

2 ـ ھەيزدىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن ئاياللار. بۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەردىن (يەنى يېشى چوڭ بولغانلىقتىن ھەيز كۆرمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن) شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، (كىچىكلىكتىن) ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر﴾[3].

بالاغەتكە يېتىش يېشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ھەيز كۆرمىگەن ئاياللارمۇ مەزكۇر ئاياللاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، نىكاھلاپ ئېلىپ جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇتلەق ئىددەت يوق. چۈنكى الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك، ئۇلارغا ئاز ـ تولا نەرسە بېرىڭلار، ئۇلارنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرىڭلار﴾[4] دەپ بۇيرىدى.

ئايال تالاق قىلىنىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئەر ـ ئايال داۋاملىق بىر ھۆيلىدا ئولتۇرىدۇ. ئەر داۋاملىق ئايالنىڭ خىراجىتىنى بېرىدۇ. ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئەخلاقى بۇزۇق بولمىغاندا، ئەركىشى قويۇپ بەرگەن ئايالنى ئىككىسى بىللە ئولتۇرغان ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك (ئىددىتىنى شۇ ئۆيدە توشقۇزىدۇ).

قۇرئاندا: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ

---

[1] سۈرە بەقەر 234 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەر 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تالاق 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەھزاب ـ 49 ـ ئايەت.

(ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾[1] دەپ بايان قىلىنغان.

بۇ ئايەتنىڭ روشەن بىر غايىسى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەر - ئايالنىڭ ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەيداننى كەڭ تۇتۇش ۋە كېلىشەلمەسلىكنىڭ تېزلىكىنى ئاستىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. قاچان بۇ يەردە يارىشىشتىن بىر ئاز ئۈمىد ياكى مۇھەببەت بار بولسا، ئىددەت داۋامىدا بۇنىڭ تەسىرى ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلپەت مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ۋاستە بولىدۇ.

ئىددەتنىڭ بىر قانچە ھۆكۈملىرى بار. مۇھىمراقى شۇكى، ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا باشقا بىرىكىمنىڭ خېرىدار بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. يەنە بىرى: قاتتىق زۆرۈرىيەت بولمىغىچە ئايال ئۆيىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ. تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ۋە ھەم خىراجىتىنى بېرىدىغان ئادىمى بولغان ئايال شۇنداق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆي ئىچىدە زىننەتلىنىپ يۈرۈشى مەنئىي قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ جابدۇنۇپ يۈرۈشى ئېرى بىلەن قايتا ئەر - ئاياللىق ھايات قۇرۇشقا ئەرنى قىززىقتۇرىدۇ. ئەمما ئېرى ۋاپات بولۇپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال قاتتىق زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ ئۆيىدىن سىرتقا چىقمايدۇ. زىننەتلىنىش ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئىشلارنى قىلىش ھارام.

ئىددەت تۇتۇشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ھېكمىتى (پەلسەپىسى) بار. بىرى، ئىسلام ئەر - ئاياللىقنىڭ ئەبەدىي داۋام قىلىشىنى قوللايدۇ. تالاق سادىر بولۇپ قالغاندا ئىددەت تۇتۇش، ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىدىن ئەرنىڭ ئايالغا يېنىشىغا سەۋەب بولىدىغان تەرەپلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى ئىددەت ئەر - ئاياللىق ھاياتى بۇزۇلۇشتىن بۇرۇن چوڭقۇر ئويلىنىۋېلىش زامانىسىدۇر.

ئىددەتنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى شۇكى، ئىددەت داۋامىدا ئايالنىڭ ھامىلدارلىقى ياكى ئەمەسلىكى ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ، نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۆپ پايدىسى بار. يەنە بىرى، ۋاپات بولغان ئېرى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش. چۈنكى ئەرنىڭ ۋاپاتى ئايال ئۈچۈن چوڭ زىيان. چۈنكى ئايال ئائىلە باشلىقىدىن ۋە ياردەمچىسىدىن ئايرىلدى. ئىددەت تۇتۇش بىلەن بىر زامان ئەرگە تېگىشتىن باش تارتىشى ئايالنىڭ ۋاپادارلىقىدۇر.

## ئايالنىڭ شەخسىي ھوقۇقلىرى

ئىسلام قانۇنى ئاياللارغا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇق بېرىشتە داۋاملىق يېڭى قانۇنلارنىڭ ئالدىدا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى ئەر بىلەن ئايالنى ئىقتىسادقا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ۋە سودا - سېتىق، قارار - توختاملارنى قىلىشتا باراۋەر قىلدى. قىز بالا ئەرگە تېگىش يېشىغا يەتسە ۋە ئەقلى ھۇشى ساق بولسا، ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزى گەپ - سۆز ۋە ئەمەلى - ھەرىكىتى بىلەن مۇستەقىل باشقۇرۇش ھوقۇقىغا

---

[1] سۈرە تالاق 1 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىگە بولىدۇ. ئېلىش ـ سېتىش، ئىجارىگە بېرىش ـ ئېلىش، شىركەت قۇرۇش، قەرز بېرىش ـ ئېلىش، گۆرۈگە قويۇش، ئامانەت قويۇش، ھەدىيە قىلىش، ۋەسىيەت قىلىش ۋە ۋەسىيەت قوبۇل قىلىش ۋە باشقىلاردەك ئىجتىمائى مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ. بۇ ئىشلارغا ئۆزى خالىغان كىشىنى ۋەكىل قىلالايدۇ. ۋەكىل بولالايدۇ. دادىسى ياكى ئېرى يا باشقىلار ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ.

**14** ئەسىردىن بۇيان مۇسۇلمان ئاياللىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق. ياۋرۇپا ئاياللىرىغا قاراپ بېقىڭ. ياۋرۇپانىڭ كۆپۈنچە دۆلەتلىرىدە ئاياللارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى ئەرگە تەككەندىن باشلاپ ئېرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئەنگىلىيەدە ئومۇمىي قانۇن قارىشىدا ئايال كىشى ئەر بىلەن ئىككىسى بىر شەخس بولۇپ قالغاچقا، ئايال كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز ھالدا بىر نەرسىگە ئىگە بولۇش، ياكى مەسئۇل خىزمەتلەرگە ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاندىن كېيىن **1882** ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن قانۇن ئەرگە تەككەن ئاياللارنىڭ ئۆز مۈلكىگە ئىگە بولۇشقا يول قويىدى. بۇرۇن مەھرۇم قىلىنغان ھوقۇقلىرىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئايال كىشى ئۆزىنىڭ مەخسۇس مۈلۈكلىرىنىڭ مىقدارىغا قاراپ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلەرگە جاۋابكار بولىدىغان بولدى. لېكىن قانۇن ئەرنى ئايالنىڭ تەسەررۇپلىرىدىن جاۋابكار بولۇشتىن خالىي قىلمىدى. چۈنكى، ئايالغا بىرەر مۇئامىلە توغرۇلۇق دەۋا قىلغۇچىنىڭ خالىسا ئايالنى يالغۇز جاۋابكار قىلىش، خالىسا ئېرىنى قوشۇپ جاۋابكار قىلىش ھوقۇقى بار. ئايالنىڭ مەخسۇس مىلى بولمىسا دەۋاگەر ئادەم ئەرنى ئەرلىك سۈپىتى بىلەن ئايالنىڭ باشقۇرۇشلىرىدىن مەسئۇل قىلىپ جاۋابكار قىلىشى مۇمكىن.

ئەمما فىرانسىيە ئاياللىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا كەلسەك، فىرانسىيەنىڭ قانۇن گېزىتى **1938** ـ يىلى **20** ـ فېۋرالدا ئەرگە تەككەن ئاياللارنى تۆۋەندىكىلەردىن مەنئىي قىلىشقا چاقىردى:

**1** ـ ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ۋەكالەتلىرىنى ھۆججەتلىشىشتىن.

**2** ـ ھەر قانداق ئىقتىسادىي قارارلارنى بېكىتىشتىن.

**3** ـ ھەرقانداق ئىقتىساد باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ئايالنىڭ دائىملىق ھېساب ئېچىشىدىن.

**4** ـ ئايالنىڭ قازىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بىۋاسىتە مىراسقا ئىگە بولۇشتىن. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەنئى قىلىشقا قانۇن چىقىرىلدى. بۇلاردىن كېيىن شۇنى ئېيتالايمىزكى، ئاياللارغا ئىقتىسادنى شەرتسىز باشقۇرۇشتىن ئىبارەت دېمۇكراتىك ئەركىنلىكنى ياۋرۇپا **20** ـ ئەسىردە قولىغا كەلتۈرگەن بولسا، مۇسۇلمان ئاياللار **7** ـ ئەسىردىن تارتىپ مەزكۇر دېمۇكراتىك ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەرەپلىنىشى كېرەك.

ئىسلام ئەر بىلەن ئايالنى مەخسۇس ئىقتىسادى باشقۇرۇشلاردا باراۋەر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، مىراستا ئەر بىلەن ئايالنى باراۋەر قىلمىدى. بىر ئەرنىڭ ھەسسىسىنى ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بىلەن تەڭ قىلدى. مۇنداق بولۇشى پەقەت ئادىل ۋە توغرا بىر ھېكمەت

بىلەن بولدى. ئۇ بولسا، بۇ ھاياتتا ئەركىشىنىڭ مەسئۇللۇقى ماددىي تەرەپتىنمۇ ۋە باشقا تەرەپتىنمۇ ئائىلىنىڭ مەسئۇللۇقىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، ئىسلام ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىغىر يۈكلىرىنى ئەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيدۇ. ئايالنى بۇ مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەكلىپ قىلمىدى. ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. چۈنكى ئايالنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئەرگە تەگمىگەن بولسا، دادىسىنىڭ ياكى دادىسى ئورنىدا باشقۇرغۇچىنىڭ ياكى يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەرگە تەككەندىن كېيىن ئېرىگە يۈكلىنىدۇ. ئايال كىشى ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان كەمبەغەل بولسىمۇ، تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان باي بولسىمۇ ئايالنىڭ خىراجىتى يەنىلا مەزكۇر كىشىلەرگە يۈكلىنىدۇ. ئېرىمۇ يوق، باققۇچىسىمۇ يوق ئاياللارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى بېرىش ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە ۋاجىب. شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ خىراجىتىنى بېرىش دادىسىنىڭ ئۈستىگە ياكى يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئادىل ۋە مۇۋاپىق قانۇن بولۇپ قويۇپ مىراستا ئايال بىر ھەسسە، ئەر ئىككى ھەسسە مىراس ئېلىش بىلەن ئىقتىسادىي تەڭلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئەرنىڭ ئۈستىگە شۇنچە مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەن ئاياللاردىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن تۇرۇپ يەنە مىراسنى باراۋەر بېرىش ـ ئەرگە زۇلۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

## مۇسۇلمان ئايال ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىق

بۇ مەۋزۇنى دوكتور جوستاف لوبۇننىڭ مۇسۇلمان ئايالنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ئوتتۇرىدا قويۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ”قۇرئاننىڭ ئاياللار ئەھۋالىغا قىلغان تەسىرىنىڭ دەرىجىسىنى بىلمەكچى بولساق، ئەرەبلەرنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلغان كۈنلەردە ئاياللارنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىشىمىز لازىم بولىدۇ. تارىخچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ زاماندىكى ئاياللارنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارلىق ئەھۋالى ئېسىل تەبىئەت ۋە گۈزەل خۇلۇقلىرىنى ئىسپانىيە ئەرەبلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان ياۋروپالىقنىڭ ئاياللارغا بولغىنى ئادەتلىرىدە يېقىندىن قولغا كەلتۈرگەن ھۆرمەت ۋە ئېتىبارلىق ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئىدى. يۇقىرىقى نەزىرىيەمىزدە شۇنى سۆزلىگەن ئىدۇقكى، ياۋروپالىقلار ھەر ئىشقا چوڭقۇر قارايدىغان ماھىرلىقنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپى بويىچە ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئەرەبلەردىن ئۆگەنگەن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئاياللارنى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن خارلىق ۋە چۈشكۈنلۈكتىن يۇقىرى كۆتۈرگىنى خرىستىئان دىنى ئەمەس بەلكى ئىسلام دىنىدۇر. قاچانلا سەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تارقاق ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بولغان خرىستىئانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىساڭ، ئاياللارغا قىلچە ھۆرمەت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن. شۇ زاماننىڭ تارىخ كىتابلىرىنى چوڭقۇر تەكشۈرسەڭ بىلىسەنكى، تارقاق ھۆكۈمەتلەر زامانىسىنىڭ خرىستىئان ئەرلىرى ئەرەبلەردىن ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئاياللارغا قارىتا قوپال، يىرىك ۋە باغرى قاتتىق ئىدى“.

ئەرەبلەرگە ئىزباسار بولغانلار زامانىسىگە كەلگەندە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ شولىسى ئۆچتى. خۇسۇسەن تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرىدە مەدەنىيەت چۈشكىنلىشىپ ئاياللارنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارى ئازايدى. باشقا يەردە بايان قىلىمەنكى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى شۇنداق تۇرۇپ ياۋرۇپادىكى ھەمشىرىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەۋزەلدۇر.

ھەر ھالدا يۇقىرى دەلىللەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاياللارنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنىڭ كەمىيىپ كېتىشى قۇرئانغا خىلاپ ھالدا يېڭىدىن پەيدا بولدى. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قۇرئان سەۋەب بولمىدى. شۇنى تەكرار ئېيتىمىزكى، ھەممىدىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى كۆپ يۇقىرى كۆتۈرگەن ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ مەرتىبىسىنى تۆۋەن چۈشۈرۈشتىن بىزاردۇر. بۇ كۆز قاراشنى ئاۋۋال بىز مەيدانغا چىقارمىدۇق. بىزدىن بۇرۇنمۇ ”كوسان دوبىرسىفال“ ۋە ”مىسيوبارتىلمى سان ھىيلىر“ قاتارلىق ئالىملارمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدىكى ئۇرۇش تۈزۈمى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: ئۇرۇش قىلىش ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئۇرۇشقا بولغان كۆز قارىشى، ئىسلامنىڭ تىنچلىققا چاقىرىشى، ئۇرۇشنىڭ جانىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ بولىدىغانلىقى، الله تائالا يولىدىمۇ بولىدىغانلىقى، ئىسلام دىنى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش قانۇنلىرىنى سېلىشتۇرۇش، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، ئۇرۇش داۋامىدىكى ئۇمۇمىي تەۋسىيەلەر، مەنۋىي كۈچ، جىزيە (باش بېجى) مەسىلىسى، ئامانلىق تەلەپ قىلغۇچىلار، ئەھدى توختامىلار ۋە ئىسلامنىڭ ئۇرۇش غەلىبىسى توغرىسىدا غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىسىنىڭ گۇۋاھلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇرۇش بولسا، ئىككى دۆلەت ياكى بىر نەچچە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر دۆلەت يەنە بىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇرۇن مەيدانغا چىقىپ يەنە بىرىنى ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇرۇش دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىنى ياكى ئىقتىسادىنى، ياكى يۇرتىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

## ئۇرۇش ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت

ئۇرۇش ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئىنسانلار جامائەتچىلىكى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشقا باش ئەگمەيدىغان بەزى ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنى ئۇرۇشقا يۈزلىنىپ ھەل قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئىنسانلار جامائىتى ئۆزىنى ماددىي مەقسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ قان تۆكۈشكە يوگىرىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ئارىسىدا قوزغالغان ئۇرۇشلار بولمىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتتا ئىلگىرىلىشى بېكار بولاتتى.

كومونىزم باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان ”ھېيجىل“ نىڭ پىكرىچە: ھەر قانداق مەيداندا بولىدىغان ئۆزگىرىش بىر ـ بىرىگە گىرەلەشكەن ۋە بىر ـ بىرىگە زىد بولغان كۈچلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ ئۈستۈنراق نەتىجە چىقىرىشى ئۈچۈن قىلىدىغان كۆرەشلىرى نەتىجىسىدىلا پەيدا بولىدۇ.

بۇ پەلسەپىنى كېيىنلەردە ماركس بىلەن ئىنگىلس ئۆز پىكرى قىلىپ ئوتتۇرىدا قويدى. قۇرئانغا شۇنى ھۆكۈم قىلىش لازىمكى قۇرئان خېلى بۇرۇنلا بۇ ھەقىقەتنى مۇقەررەر قىلدى. يەنى بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن: ﴿الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)،

لېكىن الله (يامانلىقنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[1] دەپ ئىلان قىلغان ئىدى.

دېمەك، زالىم كۈچلەر توغرا چاقىرىقنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان بىردىن ـ بىر توسالغۇ بولغان چاغدا ئىسلام ئۇرۇشنى ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنىڭ بەزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قاراپ ئۇرۇشنى ئېتىراپ قىلدى.

غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شۇنچە ئالىي ئىلمىي مەدەنىيەت ۋە تەرەققىي قىلغان ماددىي مەدەنىيەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۇرۇشنى قەست قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھالبۇكى دىنىي تەرەپتىنمۇ ۋە ئىجتىمائىي تەرەپتىنمۇ ئومۇمىي ھالدا پەيدىن ـ پەي يۈكسىلىشنى ئىسلام مەقسەت قىلىۋاتقان تۇرسا، ئىسلامنىڭ بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئۇرۇشنى چەكلىشى ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟

بۇ بولسا، ئىسلام دىنىنى ئۇرۇش دىنى، ئۇ قىلىچ بىلەن تارقالغان، دەپ تەنە قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان دەلىللەردۇر. مۇنداق تەنىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامنى خەلققە يامان كۆرسىتىشكە قورال قىلىۋالدى. شۇ جۈملىدىن ”دائىرەتۇل مائارىپ ئەلئىسلامىيە“ دېگەن كىتابتا ماكدونالدنىڭ: ”قىلىچ بېسى ۋە كۈچ بىلەن ئىسلامنى كېڭەيتىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ۋەزىپىسىدۇر“ دېگەن سۆزى بار. مۇشۇ ناھەق سۆز بىزنى بۇ ماقالەنى يېزىپ مەزكۇر يالغان تۆھمەتكە رەددىيە بېرىشكە ۋە ئۇنى ھەر تەرەپتىن يېشىشكە مەجبۇر قىلدى.

## يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى قارىشى

قەدىمكى دىنلارغا نەزەر سالساق، يەھۇدىي دىنى ئۆز بارلىقىنى ساقلاش، زېمىندا مەھكەم ئورۇنلىشىش ۋە يۇرتلارنى كەڭ ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرىگە ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ۋە ئۇرۇش تەلىماتلىرىنىڭ قارشى تەرەپنى ئومۇمىيۈزلۈك قىرىشنى ۋە قولغا ئېلىنغان يۇرتنىڭ يەرلىك خەلقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. زەبۇرنىڭ بەشىنچى كىتابىدا: ”پەرۋەردىگارىڭ سېنى بىر زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىڭ ئۈچۈن كىرگۈزسە، سەن كىرىشتىن بۇرۇن الله كۆپ ئۇممەتنى ھالاك قىلغان بولسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تۈگىتىپ يوقاتقىن. ئۇلارغا تىنچلىق ئەھدىنامە بەرمە ۋە ئۇلارغا قارىتا دىلىڭ يۇمشاپ قالمىسۇن“ دېگەن ئىبارىلەر بار.

خرىستىئان دىنى بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنجىل مەتتادا: ”ئەمما مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، يامانغا قارشى تۇرماڭلار، بەلكى بىر كىم ئوڭ ئېڭىكىڭگە كاچات ئۇرسا، ئۇنىڭغا سول ئېڭىكىڭنى تۇتۇپ بەرگىن“ دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشنى قەتئىي چەكلەپ

---

[1] سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەلدى. شۇنىڭدەك ئۇرۇشنى شەرتسىز چەكلەشكە قايىل بولىدىغان پىكىرنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر، ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىس بەتىرىسكە ”قىلىچىڭنى جايىغا ئاپىرىپ قوي. چۈنكى قىلىچ تۇتقۇچىلار قىلىچ بىلەن ھالاك بولىدۇ“ دېگەن سۆزىگە يۆلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن خرىستىئان دىنى ئۇرۇشنى ھارام قىلغان بولىدۇ.

خرىستىئانلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى ئۇرۇشنى چەكلەشنى چىڭ تۇتۇش يولىغا سەرپ قىلدى. بەلكى ئەسكەرىي سانائەتنى چەكلەشكە تىرىشتى. يەنە بىر بۆلۈكلەر ئىنجىلنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن دۆلەتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى ئورتاق نەزەردە تۇتۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن رۇخسەت بولغان ئۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن ئۇرۇشنى پەرقلەندۈرۈپ چىقتى.

توغرا ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تالاش - تارتىش قوزغىدى. توغرا ئۇرۇشقا شۇنى ئۆلچەم قىلدىكى، ئۇرۇشنى قوماندان ئېلان قىلىشى، ئادىل ئۇرۇش بولۇشى ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلغان باشلىقنىڭ نىيىتى توغرا، راستچىل، تەمەخور ئەمەس ۋە ۋەھشىي ئەمەس بولۇشى لازىم دېيىشتى. خرىستىئان دىنى 4 - ئەسىردە يەنى رومالىق ”قۇستەنتىن“ دېگەن ئىمپېراتورنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بۇتپەرەسلىك يىلدىزىنى تۆمۈر ۋە ئوت بىلەن (چېپىش، كۆيدۈرۈش بىلەن) روما مەملىكىتىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدى.

ئىسلامدىن بۇرۇنقى دىنلار، ئۇرۇشسىز ھېچ ئىشنى ھەل قىلماي ۋە ئامال - چارە تاپالماي ئۇرۇشقا يۈزلەنگەن تۇرسا، ئىسلامغا تەنە قىلغۇچىلار ئۇرۇشنى چەكلىمەكچى بولامدۇ؟ ئىسلامغا ئەگەشكۈچى مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇشنى چەكلەپ، ئۆزىنى ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا ھايات مەجبۇرلىسا چەكلىمىگە قارىماي ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ باشقا دىنلارنىڭ ئادەملىرى شۇنداق قىلدى ئەمەسمۇ؟

## ئىسلامنىڭ تىنچلىققا چاقىرىشى

دۆلەت قانۇنى تۈزگۈچى ئالىملار ھەر بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە قارىتا ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ۋەزىيەتلىرىدە ئىشلەيدىغان ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن بىر قانچە قائىدە تۈزۈپ چىقتى. ئالىملارنىڭ بىرىنچى قارار قىلغان قائىدىسى شۇكى، ھەر بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىسى تىنچلىق كېلىشىم ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ كامىللىقى دەرىجىسىگە يېتىشىگە ياردەملىشىشى ئاسان بولىدۇ.

ۋە شۇنى قارار قىلدىكى، ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئامالسىز زۆرۈرىيەت بولمىغىچە تىنچلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بولمايدۇ. زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا تىنچلىق ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەندە ئامالسىز ئۇرۇشۇشقا بولىدۇ، دەپ قارار قىلىشتى.

ئىسلام شۇنىڭغا ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى كېلىشىم ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاساسىدا بولۇشىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بەردى. شۇڭا ئىسلام ھېچكىمنى باشقا دىنغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈشكە يول قويمايدۇ. ھەم مۇسۇلمانلارغا باشقا دىن ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا ئەقىدىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇرۇشۇشقىمۇ رۇخسەت بەرمەيدۇ. بەلكى مۇسۇلمانلارنى باشقا دىندىكىلەرگە قارىتا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە مەنپەئەتلەر ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ مەزمۇن الله تائالانىڭ بۇ سۆزىدە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

يەنە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تەسلىم بولسا، الله سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ﴾[2]. ئىسلام تىنچلىققا قاتتىق ئامراق (باشقىلار مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلمىسا مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن توسىدۇ). بۇ مەزمۇن الله تائالانىڭ بۇ سۆزىدىن ئوچۇق مەلۇمكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[3] بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئى ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەنلەر! ئىمانىڭلار سىلەرنىڭ ئومۇمىي تىنچلىققا داخىل بولۇشۇڭلارنى لازىم قىلىدۇ. سىلەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان ۋە سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىغان بىرسىگە تاجاۋۇز قىلماڭلار، دېگەنلىكتۇر.

تىنچلىققا چاقىرىدىغان ئايەتلەرنىڭ بىرى، الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، الله غا تەۋەككۈل قىلغىن الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[4] دېگەن سۆزىدۇر. مەزمۇنى: ئى پەيغەمبەر! سەن دۈشمەنلىرىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان چېغىڭدا ئۇلار ئۇرۇشتىن يۈز ئۆرۈپ تىنچلىققا ۋە كېلىشىمگە بۇرۇلسا، سەنمۇ قوبۇل قىلغىن، دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايەت تىنچلىق دەرۋازىسىنىڭ ئىككىلى قانىتىنى ئاچىدۇ ۋە بۈگۈنكى زامانىنىڭ ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قارارلاشتۇرۇلغان ئۇسۇللىرى بىلەن مۇۋاپىقلىشىدۇر.

بىر نەزەر سېلىشقا تېگىشلىك نەرسە شۇكى، ئىسلام دىنى تىنچلىققا ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مەزھەبلەر ھېرىس بولمىغان دەرىجىدە ھېرىستۇر. شۇڭا ئىسلام

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 90 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 208 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنفال 61 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كۈنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشقاندا بىر قانچە قېتىم ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ (سىلەرگە تىنچلىق بولسۇن!) دېگەن سۆزنى مۇسۇلمانلارنىڭ سالاملىشىش سۆزى قىلىپ بەردى. شۇنىڭدەك ھەر نامازنىڭ ئاخىرىدا ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ (سىلەرگە تىنچلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن!)“ دېگەن سۆزنى دەپ نامازدىن چىقىشنى ۋاجىپ قىلدى. ناماز ئوقۇغۇچى ناماز ئاخىرىدا بىللە ناماز ئوقۇغان قېرىنداشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ (سىلەرگە تىنچلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن!)“ دەيدۇ.

## ئىسلامنىڭ ئۇرۇشقا يول قويۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار ۋە ئۇرۇشتىن مەقسەت

ئۇرۇش جاننى قوغداش ئۈچۈنمۇ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون نەچچە يىل خەلقنى ئىسلامغا چاقىرىش بىلەن مەككىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ زۇلۇم زەربىلىرىگە چىداپ ئۇرۇش قىلماي تۇردى. ساھابىلىرىنىڭ بەزىلىرى كاپىرلار تەرەپتىن ئۇرۇلغان، بەزىلىرى يارىلانغان ھالدا شىكايەت قىلىپ كېلىپ دۈشمەنگە ئوخشاش مۇئامىلە بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «چىداشلىق بېرىڭلار. چۈنكى مەن اللە تائالا تەرەپتىن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلمىدىم، دەيتتى. ھەتتا ساھابىلىرىنىڭ بەزىسى داۋاملىق ئازاب سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ئەممارنىڭ ئانىسى سۇمەييە، دادىسى ياسىر بولۇپ ئۇلار ئىككىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇغىرەنىڭ بالىلىرى ئازابلاپ مۇسۇلمانلىقتىن ياندۇرماقچى بولغان. ئۇلار مۇسۇلمانلىقتىن يانماي ئازاب ئاستىدا ئۆلگەن. كېيىن مۇشرىكلارنىڭ يېڭى يىلان چارىلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ مۇسۇلمانلارنى قىيناشتا خىلمۇ خىل چارە ۋە ئۇسۇللارنى ئىشلەتتى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەقستىنى بىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەدىنە خەلقى قىزغىن كۈتۈۋېلىش كەيپىياتى بىلەن ئالدىغا چىقىپ مۇسۇلمان بولۇپ بەيئەت قىلدى.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلىش بىلەنلا قالماي، باشقا كاپىر قەبىلىلەرنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى بىكار قىلىش ۋە يوقىتىش ئۈچۈن قۇترىتىپ يىغدى. شۇ چاغدا اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى.

قۇرئاننىڭ اللە تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا بۇيرۇشىنى ئوچۇق كۆرسىتىدىغان ئايەتلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سالساق، شۇ ئايەتلەرنىڭ ئۇرۇشنى تاجاۋۇزنى توسۇش ۋاستىسى، دەپ سۆزلىگەنلىكىنى ۋە ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ كۆپىنچە ھالەتتە زۇلۇم قىلىشقا، قارشىلىق قىلىشقا ۋە كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە قارشى تاجاۋۇز قىلىشقا تارتىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، اللہ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اللہ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر اللہ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللہ نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللہ نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللہ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، اللہ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1] دەيدۇ.

بۇ ئىككى ئايەت سوقۇشقا رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ رۇخسەتنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزغا ئۇچرىغانلىقى ۋە يولسىزلىق بىلەن ئۆز ۋەتەنلىرىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئاندىن كېيىن اللہ تائالا شۇنى بايان قىلدىكى، ئەگەر اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆمىنلەرگە ھەر زاماندا ئۇرۇش قىلىشنى يولغا قويۇپ بەرمىگەن بولسا، چوقۇم ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدىكى ئۈممىتىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى يىقىتىپ تاشلىناتتى. يەنى راھىبلار ئىبادەت خانىلىرى، خرىستىئانلار چېركاۋلىرى، يەھۇدىيلار ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ اللہ تائالانىڭ ئىسمىنى كۆپ ئوقۇيدىغان مەسجىدلىرى ۋەيران قىلىناتتى.

ئاندىن كېيىن اللہ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردىن كېيىن، غەلىبە قىلغان مۆمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(اللہ نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللہ غا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللہ غا قايتىدۇ)﴾[2].

ياردەم بېرىشتىن مەقسەت، مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر قىلغاندەك ئىگىلىكنى كېڭەيتىش ئەمەس، بايلىق مەنبەلىرىگە قولتىقشىمۇ ئەمەس. بىر جىنستىكىلەرنىڭ يەنە بىر جىنستىلەردىن، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈن بولۇش ئۈچۈن ئۈستىنلىكنى ئىگەللەشمۇ ئەمەس. لېكىن مۆمىنلەر ئەگەر غەلىبە قىلسا نامازنى تولۇق ئەركىن ئادا قىلىدۇ. يەنى ئۇلار اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە روھىنى پاكلاشتىن ئىبارەت روھىي ئۈستۈنلىككە يۈزلىنىدۇ. زاكات بېرىدۇ. يەنى ئۇلار مۇشۇ ھاياتتا ھاجەتمەنلەرگە ئۆز ھەققىنى بېرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ياخشىغا بۇيرۇيدۇ. يەنى خەلق ئارىسىغا ياخشى ئىشلارنى ۋە ھەق يولنى كېڭەيتىدۇ. ياماندىن توسىدۇ. يەنى يامانلىق، بۇزۇقلۇق ۋە بۇزۇقلۇققا قارشى كۆرەش قىلىپ ئۇنى جەمئىيەتتىن يولۇپ تاشلايدۇ.

---

[1] سۈرە ھەج 39 ـ 40 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ھەج 41 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاجاۋۇزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سوقۇشۇشقا الله تائالا تەرەپتىن بۇيرۇلغان ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: سۈرە بەقەرە **190** ، **191** ۋە **192** - ئايەتلىرىدە: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرام ئەتراپىدا) ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان كاپىرلارغا قارشى الله يولىدا ئىسلام ئۈچۈن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇيدۇ. كاپىرلار بۇرۇن مۇسۇلمانلارغا قىلغاندەك ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ تارمار قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دىنغا چېقىلمىغانلارغا تاجاۋۇز قىلىشتىن توسىدۇ. بۇ توسۇش الله تائالانىڭ تاجاۋۇزچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئاندىن كېيىن كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ئايرىش ئۈچۈن قورقىتىپ ئازار ۋە زەربە بېرىپ يۇرتتىن چىقىرىۋېتىشتەك ئىشلار ئۆلتۈرگەندىن يامانراق ئازاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئورنىشىپ كەتكەن دىنىي ئېتىقادقا قارشى قىيىن - قىستاپ ۋە ئازار - تەنقىد بەرگەندىن قاتتىق بالا يوق. شۇڭا بۇنداق ئىشلارنى قىلغان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە ئېلىشىش لازىم. ئاندىن بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھتەك مۇقەددەس جايلاردا ئۇرۇش قىلىشتىن توسىدۇ. ئەگەر دۈشمەنلەر مۇقەددەس جايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياغ - ئاستى قىلسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىنى قايتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئايەتلەر ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غايىسىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ بولسا، ھېچبىر مۇسۇلمانغا دىن توغرىسىدا قىستىلىش بولماسلىقى، الله تائالانىڭ دىنى (ئىسلاملا) دىن بولۇپ تۇرۇشى ۋە كىشىلەر سىقىلماستىن ئەقىدە ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. يەنى، كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئەقىدە قىلىشتا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى قىز - ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىشتە، ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا دىندىكىلەرگە تەشۋىقات ۋە نەشرىيات ئارقىلىق بىلدۈرۈشتە ۋە دىنىي مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇتلەق ئەركىن بولۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. باشقىلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق ئەركىنلىكىگە توسالغۇ بولمىسا ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاش ئۈچۈن ئورۇشۇشقا بولمايدۇ. ھەر

---

[1] سۈرە بەقەر 190 ــ 192 - ئايەتكىچە.

ئىنسان مۇتلەق ئەركىن ياشىشى لازىم. الله تائالانىڭ: ﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەقسىتى شۇدۇر.

## ئۇرۇش ئاللاھ يولىدىمۇ بولىدۇ

مۇسۇلمانلار يەر يۈزىدە ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغۇچىدۇر. بۇ تەكلىپنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى يەردە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىك بولسا ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىشى لازىم. زۇلۇمنىڭ سەۋەبلىرىنى يوقىتىش كېرەك. بۇ كۆرەش زېمىن ئىگىللەش ئۈچۈن ئەمەس. مەنپەئەتلەرنى ئۆزگە تارتىش ۋە ئادەملەرنى بوزەك قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئەمەستۇر. ھەر قانداق غەرەزدىن خالىي ھالدا يەر يۈزىدە الله تائالانىڭ سۆزىنى سۆز قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ كۆرەش ئىسلامدا "الله تائالا يولىدا جىھاد قىلىش" ۋە "الله تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىش" دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان الله تائالا يولىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

يەنە قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿اللەنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار﴾[2].

الله تائالانىڭ يولى ھەق يولدۇر. دىن ئۈچۈن ۋە دىنىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان ھەر قانداق ئۇرۇش الله يولىدىدۇر. زۇلۇمنى توسۇش ۋە زالىملارغا قارشى تۇرۇپ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، ھەقكە ۋە توغرىغا ياردەم بېرىشلەرمۇ الله يولىدىكى ئۇرۇش جۈملىسىدىندۇر. ھەقكە يېتىش، ھەقنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەقنى قوغداش ئۈچۈن ماڭغان ھەرقانداق يول الله تائالانىڭ يولۇدىدۇر.

قۇرئان كەرىم كۆپ ئايەتلەردە دۇنيالىق ھەر قانداق غەرەزدىن خالىي ھالدا الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىكى چاغدا چۈشكەن تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراپ بېقىڭ. ئۇ ئايەتلەر ئۇرۇشنىڭ نىشانلىرىنى بايان قىلىدۇ.

﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر﴾[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە 244 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت.

بۇ ئىككى ئايەتتە شۇنىڭغا مەخپىي ئىشارەت باركى، ئىسلامدا ئۇرۇش ھاكىمىيەت ئىگىللەپ خەلققە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئىنسانلارنى قۇل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ، الله نىڭ دىنىنى تولۇق ئەركىن قىلىش ۋە مەككىدە كاپىرلار خارلاپ ۋە ئازار بېرىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىلى قويمىغان دىن توغرىسىدا قىينالغان، ياردەمچى تاپالمىغان ۋە الله تائالاغا نالە ـ پەرياد قىلغان ئامالسىز مۇسۇلمانلاردەك زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بولىدۇ. شۇڭا سىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇنداق زۇلۇم ۋە دىنى سىقىلىش ئاستىدىكى بىچارە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشىڭلار ۋە ئۇلاردىن زۇلۇمنى يوقىتىشىڭلار لازىم، دېگەندىن ئىبارەت.

الله تائالا مەزكۇر ئىككى ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾[1]. يەنى ئىنساننىڭ ئۆز ھودۇدى ۋە ئۆز چېگرىسىدىن چىقىپ ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ داۋاملىق بۇزۇق ئىشلارنى قىلىشى، ئازسانلىق ئاجىز خەلقنى قۇل قىلىپ سىياسىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۆز زېمىنىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ۋە بايلىقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشى ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇش "شەيتان يولىدا قىلىنغان ئۇرۇش" بولۇپ الله تائالا بۇنداق ئۇرۇشنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇنى كاپىرلارنىڭ شۇئارى قىلدى.

ئەمما الله تائالا يولىدىكى ئۇرۇشنىڭ نىشانى، الله تائالانىڭ ئادىل قانۇنىنىڭ بايرىقىنى ئالەمگە لەپىلدىتىشتۇر. بۇ ئۇرۇشتا شەخسىي غەرەز بولمايدۇ. ياكى خۇددى الله تائالانىڭ: ﴿ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر﴾[2] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغىنىدەك يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

ھەدىستە كېلىشىچە، يېزىلىق بىر مۇسۇلمان ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "بەزى ئادەم ئولجا غەنىمەت ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ، بەزى ئادەم نام ـ شۆھرەت ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ، بەزى ئادەم ئۆز مەرتىۋىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ. (بۇلارنىڭ ئىچىدىن) كىم الله يولىدا ئۇرۇشقان ھېسابلىنىدۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «الله تائالانىڭ سۆزىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى، الله يولىدا ئۇرۇشقان ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، ئىسلام پۈتۈن يەر يۈزىدە الله تائالانىڭ سۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن. يەنى پۈتۈن ئىنسانىنى بەختكە يەتكۈزۈشكە يارامىلىق قانۇن تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرش ئۈچۈن توختىماستىن داۋاملىق كۆرەش قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇنيادا شەخسلەر بولسۇن، جامائەتلەر بولسۇن پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىدىن ئۇلارنىڭ رەڭلىرى، جىنسلىرى ۋە دىنلىرى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر زۇلۇمنى يوقىتىشقا چاقىرىلغاندۇر.

---

[1] سۈرە نىسا 76 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 83 ـ ئايەت.

اللہ تائالا مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[1] دېمەكچىدۇر.

يەنى سىلەر مۇسۇلمانلار باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئۆز دىنىدا يېتەرسىزلىك، ئاشۇرۇۋاتقان ۋە ئۆزگەرتىۋاتقان يەرلىرىگە گۇۋاھ بولۇشۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ خاتاسىنى تۈزۈتۈشۈڭلار ئۈچۈن ياخشى ئۈممەت قىلدۇق، دېمەكتۇر.

بۇ ئىشتا بىر ئۈممەتنىڭ يەنە بىر ئۈممەتتىن ئەۋزەللىكىنى ئاشكارىلاش ياكى بىرەر ئۈممەتنىڭ كاتتىلىقىنى تەنقىد قىلىش مەقسەت ئەمەس. چۈنكى، اللہ تائالا بۇ چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بىرەر مىللەتنى ئايرىپ قالمىغان ۋە بىرەر جىنسغىمۇ خاس قىلمىدى. بۇ چاقىرىقنى قايسى رەڭ ۋە قايسى جىنستىكى جامائەت بولسا بولسۇن، ئىسلامنىڭ تۇتقۇلۇق ئىشلىرىغا بويسۇنۇپ ئەمەل قىلىدىغان جامائەت قىلدى.

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئوچۇق مەزمۇنى ئىسلامنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە ئومۇم بولغان دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. اللہ تائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللہ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى اللہ غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللہ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ اللہ غا ۋە اللہ نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۈممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنياغا اللہ تائالانىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب قورۇقلۇقىغا قوشنا بولغان سەككىز پادىشا ۋە باشلىققا ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۇ پادىشاھ ۋە باشلىقلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىپ يازغان خەتلىرىنى ئاپىرىپ بەردى. بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ بەزىسى چاقىرىقنى رەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ بولدى. ئەلچىگە تەھدىد سېلىش بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى يىرتىپ تاشلىغانلارمۇ بولدى. بۇلارنىڭ ئىسلامغا چاقىرغۇچىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى قىيناپ دىن توغرىسىدا قىيىن ـ قىستاققا ئالغانلىقى ۋە ئۇلارنى زۇلۇم سىياستى بىلەن باشقۇرغانلىقى ئېنىق بىلىنگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى لازىم بولدى.

ئەرەب مۇسۇلمان دۆلىتى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىران ۋە شەرقى روما ئىمپېرىيەسى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان زامانلاردا بۇ ئىككى دۆلەت دۇنيانىڭ شۇ چاغدا مەشھۇر مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئۆلۈشۈۋالغان ئىدى. لېكىن بۇ ئىككىسى

---

[1] سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەت.

سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن چىرىپ يوقۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن داۋام قىلغان ئۇرۇش راسا جازالىدى. بۇلار ھوقۇق ـ ھاكىمىيەتتىن پەقەت قالدۇقى قالمىغان ھالدا ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خۇي ـ ئادەتتى پۈخرالارنى مۇنقەرىز قىلىدىغان ئالۋاڭ سېلىق بىلەن قىيناپ قورقىتىدىغان ۋە خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدىن ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا كۆيۈنۈش رەھنى ئۆلتۈرىدىغان زالىمانە سىياسەت يۈرگۈزۈش ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت خەلقى ياخشى كۆرۈنۈش بىلەن پەردىلەنگەن بۇزۇق ئەقىدىلەرگە باغلانغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پارس خەلقىنىڭ مىراس دىنى بولغان زەردۇشتى دىنىي زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز ئاساسىدا تۇرىدىغان سېھىرلىك مەجۇسىي دىنىغا ئايلىنىپ قالغان. ئىچكى جەھەتتە ھېچكىم ياقتۇرمايدىغان تاشلاندۇق بولۇپ قالغان ئىدى. خرىستىئان دىنى بولسا شەرقتە بۇددا دىنىنىڭ شەكىللىرى يۆگىگەن ۋە كېيىنكى يۇنانلىقلاردىن مىراس ئالغان قۇرۇق جېدەل مۇنازىرىلەر بىلەن بۇزۇلغان. شۇنىڭ بىلەن مەجۇسىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ھەر ئىككىسى چوڭ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىكنى مىراس قالدۇرغان. بەزىسى بەزىسىنىڭ قولى بىلەن ئازابلانغان. بۇ پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇرتلارنى بېسىپ كىرىپ ئىشغال قىلغۇچىلارنىڭ بەرگەن پايدىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھېچيەردە خەلق تەرەپتىن قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئىراق خەلقى خىراجنى (يەر بېجىنى) بىزانتىنىيىگە بەرسىمۇ، ياكى مەدائىنغا بەرسىمۇ، ياكى مەدىنىگە بەرسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. قاچان ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولۇش، ياكى ئىرانلىققا تەۋە بولۇشقا ئىختىيار بېرىلسە، ئۇلار ئەرەبلەرگە تەۋە بولۇشتا بىئارام بولمايتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلار خەلققە ياخشىلىق قىلغۇچى، پاكىزە، ئادىل ۋە رەھىملىك ئىدى.

## ئۇرۇش ھەققىدە ئىسلام بىلەن باشقا دۆلەتلەر قانۇنىنى سېلىشتۇرۇش

ئىسلام دىنى ئۇرۇشقا يول قويىدى. لېكىن ئۇنى يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ يېتەلمىگەن بەلكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنراقىنمۇ قىلالمىغان رەھىم ـ شەپقەت قورشاۋى بىلەن قورشىدى. چۈنكى ئىسلام ئۇرۇشنىڭ پالاكەتلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن بىر قانچە ھۆكۈملەرنى يولغا قويۇپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنى بويرىدى. ئۇ ھۆكۈملەر ئىنسانغا رەھىم قىلىش قانۇنلىرىنىڭ ياخشىراقىدۇر. ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلاردا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى بىلەن بىرلىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن ئىسلام ھۆكۈملىرى دىن يولغا قويغان دىنىي ھۆكۈملەر بولۇشى ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي مەسئۇللىقى بولۇشى جەھەتتىن دۆلەتلەر قانۇنىغا ئوخشىمايدۇ. دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئىجراسىغا كېپىللىك قىلىدىغان مەنىۋىي كۈچى يوق. ھەتتا بەزى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە دۆلەت ھۆكۈملىرىنى" قانۇن" دەپ ئاتاشمۇ بىر تۈرلۈك كۆز يۇمۇشنىڭ بىر خىلىدۇر. چۈنكى دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى قوغدايدىغان ۋە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋىي كۈچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ

ھۆكۈملەر قانۇن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. دۆلەتلەر قانۇنىي ھۆكۈملىرىنىڭ دۆلەتلەرنى باش ئەگدۈرىدىغان بىرمۇ كۈچى تېپىلمايدۇ.

ئىسلامنىڭ ئۇرۇشقا دائىر ھۆكۈملىرى ئادالەت ۋە رەھىم ـ شەپقەتنى نىشان قىلىش بىلەن بىللە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماندىن ئىبارەت ئۇنى يۈرگۈزۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىجرائىيە كۈچكە ئىگە. ئىسلامدا ھەربىي ھۆكۈملەرمۇ شۇ ئاساستا يولغا قويۇلدى. تۆۋەندە بىز بۇ توغرىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز.

دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ قارارىدا، بىر دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇرى بولغان دۆلەتنىڭ ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن قارشى دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى لازىم ۋە ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى يەنە بىر تەرەپ ئويلاپ بېقىش لازىم. ئالدىن ئېلان قىلىپ قويۇشتىكى مەقسەت قارشى تەرەپنى ئالداشتىن ۋە تۇيغۇزماي يېڭۈېلىشتىن ساقلىنىشتۇر.

ئىسلام قانۇنىدا مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن ئىسلام چاقىرىقىنى يەتكۈزۈشى لازىم. شۇ خەۋەر ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دۈشمەن قەۋم بىلەن ئۇرۇشماقچى بولسا ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئالدىن چاقىرماي تۇرۇپ ئۇرۇشمايتتى. ئۇرۇش قوماندانلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ئىمام مۇسلىمنىڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلەر توپلىمى كىتابىدا شۇ باركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى قوماندانلىرىغا: «مۇشرىك دۈشمەنلىرىڭگە جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىساڭ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىگە قايىل بولۇشقا چاقىرغىن. ئۇچىنىڭ قايسى بىرىنى قوبۇل قىلسا ماقۇل دەپ ئۇرۇشتىن قول يىغقىن. بۇ ئۈچ ئىش بولسا مۇسۇلمان بولۇش ياكى سىياسىي جەھەتتىن باش ئېگىپ باج تاپشۇرۇش ياكى ئۇرۇش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت» دېدى.

جىزيە (باش بېجى) بولسا، يەڭگىل بولغان ئىقتىسادىي سېلىق بولۇپ، ئۇنى تاپشۇرغان ئادەم مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىسلام ھۆكمىگە بويسۇنغان بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەيمىز:

دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ قارارىدا، ئەسكەر ئىچىدىكى ئىنتىزامسىز خەلقلەر جەڭچى ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. جەڭچىلىك سۈپەت ھەر بىر ئەسكەرگە ياكى جەڭچىگىلا خاس دېيىلگەن.

ئىسلام قانۇنىمۇ شۇنى قارار قىلغان ئىدى. قۇرئاندا اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى اﷲ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى اﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[1]. دۈشمەنلەرنىڭ باللىرى، ئاياللىرى، كېسەللىرى، قېرىلىرى ۋە دىنى ئادەملىرىدەك ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلار بىلەن ئۇرۇشۇش تاجاۋۇزچىلىق قىلغانلىقتۇر.

رەبىئە ئىبنى رىباھ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ كىشى بىر جەڭگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى مەيداندا ئۆلتۈرۈلگەن بىر

---

[1] سۈرە بەقەرە 190 ـ ئايەت.

ئايال قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختاپ مۇنداق: «بۇ ئايال ئۇرۇشىدىغان ئايال ئەمەس ئىدىغۇ؟» دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىنىڭ يۈزىگە قاراپ ئۇلارنىڭ بىرىگە: خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتقىن، كىچىك باللارنى، خىزمەتچىنى ۋە ئايال كىشىنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىسۇن» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئتە سوقۇشىغا ماڭدۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرگە تاپشۇرۇق بېرىپ: «ئايال كىشىنى، ئاجىز نارىسىدە بالىنى ۋە كۆچىدىن قالغان قېرىلارنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەڭلار. خورمىغا ئوت قويماڭلار. دەل ـ دەرەخلەرنى يۇلماڭلار ۋە ئۆيلەرنى يىقماڭلار» دېدى.

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولسا: «ئىبادەت قىلىۋاتقان راھىبلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دەيتتى.

دۆلەتلەر قانۇنى يارادارلارنى ئۆلتۈرۈشنى، ئەسىر چۈشكەن دۈشمەننى قىيناشنى، تۈيۈقسىز ئۆلتۈرۈشنى، دۈشمەننى ناھايىتى ئازابلايدىغان زەمبىرەك، بومبا قوراللارنى ئىشلىتىشنى، قۇدۇقلارنى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى زەھەرلەشنى مەنئى قىلدى. شۇنىڭدەك ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەن جەسەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، قايسى جىنستىن بولسا بولسۇن سۈرىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى.

ئىسلاممۇ بۇ ئىشلارنى مەنئىي قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرگە ياكى پارتىزان قوشۇنغا بىركىمنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىسە، ئۇنىڭغا مەخسۇس الله تائالادىن قورقۇشنى ۋە بىللە بارغان مۇسۇلمانلارغا (ئەسكەرگە) ياخشىلىق قىلىشنى تاپىلايتتى. ئاندىن كېيىن «الله نىڭ ئىسمى بىلەن الله يولىدا جەڭ قىلىڭلار. الله تائالاغا تانغانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، جەڭ قىلىڭلار، ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، گوللىماڭلار، قولاق ـ بۇرۇنلىرىنى كەسمەڭلار، نارىسىدە بالىنى ئۆلتۈرمەڭلار! دەپ ئومۇمىي تاپشۇرۇق بېرەتتى.

ھەتتا دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنى قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ سۈرىتىنى ئۆزگەرتسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنداق قىلماسلىقى ياخشىدۇر. رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋە باشقا ساھابىلەرنىڭ سۈرىتىنى ئۆزگەرتكەن، قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ قورسىقىنى يارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاماننىڭ قايسى بىر كۈنىدە الله تائالا بىزگە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە بەرسە، ئەرەبتىن ھېچكىم قىلمىغان ئۆزگەرتىشنى قىلىمەن» دېۋىدى. الله ئايەت چۈشۈرۈپ: ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴾[1] دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەلكى سەۋر قىلىمىز، دېدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ھېچكىمنىڭ جەسىتىنى كەسمىدى.

---

[1] سۈرە نەھل 126 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ تۈنجى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۆزى بەلگىلىگەن قوماندان ئۇسامىگە تەۋسىيە قىلىپ: ”خىيانەت قىلماڭلار، ئاشۇرۇۋەتماڭلار، گوللىماڭلار، سۈرىتىنى ئۆزگەرتمەڭلار، نارەسىدە بالىنى، قېرى ئادەمنى ۋە ئايال كىشىنى ئۆلتۈرمەڭلار، خورمىلارنى كەسمەڭلار، ئوت قويماڭلار، مېۋىلىك دەرەخنى كەسمەڭلار، قوي ـ كالا، تۆگىلەرنى يەيدىغان ۋاقىتتىن باشقا چاغدا بوغۇزلىۋەتمەڭلار“ دېگەن.

دۆلەت قانۇنى ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، زىيانكەشلىك قىلماسلىق توغرىسىدا قائىدىلەر قارار قىلىپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش، يارىدار قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەسىرلەر تەسلىم بولسا، ياكى ئەركىنلىكى چەكلەنسە ئۇلارغا يامان مۇئامىلە قىلىش ۋە ھاقارەتلەش توغرا ئەمەس“ دېدى.

ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنى) ئومۇمىي ئەسىرلەرگە ھۆرمەت قىلىشقا تەرغىب قىلدى. ئۇ ئىشنى ئىماننىڭ ئالامەتىدىن بولغان ياخشىلىق جۈملىسىدىن ھېسابلىدى. ئەسىرلەرگە ياخشىلىق قىلغان مۆمىنلەرنى الله تائالا مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار مۇنداق دەيدۇ) «سىلەرگە بىز الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز. سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تاپشۇرۇپ ”ئەسىرلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار“ دېدى.

ئىسلام دىنى قوماندانلىغا ئەھۋالنىڭ تەلىپىگە قاراپ ئەسىرلەرنى بىكارغا قويۇپ بېرىش ياكى بىر قەدەر پۇل تۆلىتىپ قويۇپ بېرىش ئىختىيارلىقىنى بەردى. بۇ ھەقتە قۇرئاندا: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار﴾[2] دەپ بايان قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئەسىرلەرگە ياخشىلىق قىلىپ بىر نەرسە ئالمايمۇ قويۇپ بەرگەن ئىدى. پۇل ئېلىپمۇ قويۇپ بەرگەن ئىدى. ئەسىرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى شەرت قىلىپمۇ قويۇپ بەرگەن ئىدى.

## ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە

ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ئىسلام ئەمەلىيەتنى تۇتقۇ قىلىدىغان دىن بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئەمەلىي تەھلىل قىلىش بىلەن قارشى ئالىدۇ. شۇڭا

---

(1) سۈرە ئىنسان 8 ـ ئايەت.

(2) سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشى تەسىرلىك نەسىھەتلەر زۇلۇمنى ۋە تاجاۋۇزنى توسالمىسا، ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوبدان قوشنا بولۇشقا، ئەقىدە ئەركىنلىكى ۋە ئىنساپ ئادالەتنى ئاساس قىلغان تىنچلىق توختامغا رازى بولمىسا، (بىسۇۋالغىلى، بوزەك قىلغىلى باشلىسا) ئۇرۇش چوقۇم بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام مۇسۇلمانلارنى دائىم ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە ۋە شارائىتنى تولۇق قىلىشقا بۇيرۇدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

بۇ ئايەتتە الله تائالا مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەرگە قارشى بار كۈچى بىلەن تەييارلىق كۆرۈشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇق بىر زامانغا ياكى بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارغا خاس ئەمەس. "كۈچ" دېگەن سۆز ئۇمۇمىي سۆز بولۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچ بولىدىغان ھەممە نەرسە، ھەرقانداق ئۇرۇش قورالى، سېپىل، ئىستىھكام، تاڭكا، قۇرۇقلۇق، ھاۋا دېڭىز قوراللىرى، زامان ۋە ئورۇننىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇش سايمانلىرى، زاپاس قورال زاۋۇتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا يارايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەربىي مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۈشمەننى قورقىتىدىغان بارلىق چارىلارنى تەييارلاپ تۇرۇشقا قىلىنغان بۇيرۇقتۇر.

الله تائالانىڭ: ﴿جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾ دېگەن سۆزى ئاتلارنى ئوبدان بېقىپ تەييارلاپ تۇرۇش دېمەكتۇر. الله تائالانىڭ ئات تەييارلاشقا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئات جەڭ ئۇلۇغى ئىدى.

زامان ئۆزگىرىپ ئۇرۇش ئۇلۇغى ھەربىي كېمىلەر، ئايروپىلانلار ۋە تاڭكىلار بولغاندا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇلارنى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

مۇنداق ئۇرۇش كۈچلىرىنى تەييارلاپ تۇرۇشتىكى مەقسەت، دۈشمەننى ئەيمەندۈرۈپ مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىغا ۋە ھەق ـ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇتۇشتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىدا تىنچ ـ ئامان ياشاشى ئۈچۈندۇر. مۇنداق تەييار تۇرۇشنى بۇ زاماندا قوراللانغان تىنچلىق ۋاقتى دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋروپالىقلار بۇنى تونۇشتىن بىر قانچە يۈز يىل بۇرۇن ئىسلام دىنى شۇنداق تەييار تۇرۇشقا تاپىلىغان ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا: ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر﴾[2] دېگەن ئىدى.

---

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە ئىسلام مۆمىنلەرنى الله يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ الله بۇيرۇغان ئەسكىرى كۈچنى تەييارلاشقا ھەرىكەتلەندۈردى. چۈنكى، ئىقتىساد بولماي ھېچ نېمە تەييارلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا الله تائالا: ﴿الله يولىدا ھەر نەرسە خەجلىسەڭلار، تولۇق ئەجرى بېرىلىسىلەر، زۇلۇم قىلىنمايسىلەر﴾ دېدى. دېمەك الله تائالا مۆمىنلەرگە الله يولىدا مەيلى ئاز بولسۇن مەيلى كۆپ بولسۇن ئىشقىلىپ بىر نېمە خەجلىسە، شۇنداق قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

قۇرئان كەرىم يەنە بىر ئايەتتە الله يولىدىكى كۆرەشكە پۇل ـ مال ياردەم قىلماسلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھالاك بولۇشىغا (دۈشمەنلەرگە مەھكۇم بولۇپ، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە سىقىلىپ، ئارام ـ راھەتتىن ئايرىلىپ، خار، بىچارە بولۇشقا) سەۋەب بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ: ﴿الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾[1] دېدى.

ئايەتنىڭ مەنىسى: دىن ئىسلام ئۈچۈن جان ـ مال سەرپ قىلىشنى تاشلاش بىلەن ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، دۈشمەن غالىپ بولۇۋالمىسۇن. چۈنكى ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن پۇل ـ خەجلىمەسلىك سىلەرنى ئاجىز قىلىپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا دۈشمەنلەر سىلەرنى بېسىۋېلىشنى تەمە قىلىدۇ. ئاخىرى بېسىۋېلىپ ۋە ئىنسانىي ھاياتىڭلارنى يوقىتىدۇ، دېمەكتۇر.

## ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئومۇمىي تەۋسىيەلەر

مۇسۇلمانلارغا ئىسلام پەرز قىلغان تەلىماتلار ئىچىدە مۇنداق بىر ياخشى تەرەپ بار. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسىي شۇ تەلىماتقا ئەمەل قىلىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. (پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2] دەيدۇ. بۇ ئايەت مۇنداق بەشتۈرلۈك تەۋسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز ئۇچراشقاندا مۇستەھكەم تۇرۇش. جەڭ مەيداندىن قاچماسلىق. بۇ زاماندىكى ئۇرۇش قائىدىسى جەڭدىن قاچقان ئەسكەرنى قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. مۇنداق قىلىشى ئۇنىڭ قېچىش كېسىلىنىڭ باشقا ئەسكەرلەرگە

---

[1] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال 45 ـ 46 ـ ئايەتلەر.

يوقۇپ، جەڭچىلەر سىپىدە تەۋرەش ۋە بىئارام بولۇش پەيدا بولۇپ مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

2 ـ الله تائالانى كۆپ ياد ئېتىش. شۇنداق قىلىشنىڭ غەلىبە قىلىشقا چوڭ تەسىرى بار. چۈنكى، جەڭچىنىڭ الله غا بولغان ئىمانىي ئۇنى ماددىي كۈچىگە كۈچ قوشىدىغان مەنىۋى كۈچ بىلەن كۈچەيتىدۇ. ماددىي كۈچكە ئارقا تىرەك بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن جەڭدە غەلىبە ھاسىل بولىدۇ.

3 ـ بويسۇنۇش. ئەۋۋەل الله غا بويسۇنۇش. بۇ بولسا، الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تاپشۇرغان بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش، الله تائالاغا ئاسىي بولماسلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇپ ئۇرۇش ئەھۋاللىرى ھەققىدە بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت. كاپىرلارغا قارشى قىلىنغان جەڭلەرنىڭ تولاراقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا جەڭدە ئۆز قوماندانلىرىغا بويسۇنۇشنى ۋاجىب قىلىندى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[1]. باش قوماندانغا بويسۇنۇش غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس بولغان تەرتىپ تۈزۈمنىڭ تۈۋرىكىدۇر.

4 ـ ئىختىلاپ قىلىشماسلىق. سوقۇش ھالىتىدە چىقىشالماسلىق كۈچتىن ئايرىلىشنىڭ سەۋەبى ھەم دۈشمەننىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

5 ـ قىيىنچىلىقتا چىداش. دۈشمەننىڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلىشىدىن ۋە سانىنىڭ كۆپلىكىدىن كەلگەن زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىش. الله تائالا جەڭدە چىداشلىق بەرگەنلەرگە ياردەم ۋە قۇۋۋەت بېرىپ ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. جەڭدە چىداپ مۇستەھكەم تۇرۇش غەلىبە قىلىشنىڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەسىيەت قىلىپ: «جەڭ دېگەن تاكتىكىدۇر» دېگەن ئىدى. بۇ تاپشۇرۇقتا جەڭدە ئېھتىياتنى چىڭ تۇتۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە كاپىرلارغا ھىلە ئىشلىتىشكە (ئاز چىقىم بىلەن غەلىبە قىلىشقا پىلان ئىشلىتىشكە) چاقىرىش بار. بۇ كۈندە بۇ ئۇرۇش تېخنىكىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىپ ھەربىي ئالىي مەكتەپلەردە دەرس قىلىپ ئوقۇلىدۇ ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ چوڭ ياردەمچىسى قاتارىدا سانىلىدۇ.

## ئۇرۇشتىكى مەنىۋى كۈچ

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان قورالى ئىككى تۈرلۈك يەنى ماددىۋى ۋە مەنىۋىيدىن ئىبارەتتۇر. مەنىۋى قورال بولسا، يۈرەككە ئورۇنلاشقان ۋە كۆڭۈلگە بېكىلگەن نەرسىدۇر. بىلىش كېرەككى ئۇ، الله تائالاغا كامىل ئىشىنىش ۋە ئۆزىنىڭ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر. بۇ مەنىۋى تەييارلىق بىر قانچە ئىشقا يۆلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا اﷲ تائالا ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ ياردەم بېرىدۇ. ھەم اﷲ تائالا دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئۇرۇشتا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ. اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە, مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى﴾[1].

اﷲ تائالانىڭ بىللە بولىدىغانلىقىنى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىكىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن اﷲ تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئاز جامائەت دۈشمەنلىرى بولغان كۆپ گۇرۇھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. دېگەن شىجائەتلەندۈرۈش ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان قوشۇن ھەققىدە قانداق قارايسەن؟

اﷲ تائالا، اﷲ تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان ئاز جامائەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كۆپ گۇرۇھ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) اﷲ غا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «اﷲ نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. اﷲ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾[2].

﴿ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (اﷲ نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[3].

يىگىرمىسى ئىككى يۈز دۈشمەننى ۋە بىر يۈزى، مىڭ دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قىلىدىغان بۇ كىشىلەر كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئاز جامائەدۇر. چۈنكى بۇلار بولسا، ساندا ئازلىقىدىن ئىبارەت ئاجىزلىقنى يوشۇرىدىغان روھىي قورال بىلەن قوراللانغان ۋە ئۇ قورال ئۇلارنى ساندا كۆپ بولغان دۈشمەندىن ئۈستۈن قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

مەنىۋي تەييارلىقنىڭ يەنە بىرى شۇكى، اﷲ تائالا يولىدا جىھاد قىلىدىغان قوشۇنلارنىڭ ئالدىغا، اﷲ تائالا ئۇلارغا تەييارلىغان چوڭ ئەجرىنى ۋە ئۇ ئەجرىنىڭ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۈمىد دەرۋازىسىنى ئېچىپ قويۇۇشىدۇر. اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اﷲ نىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغپىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان

---

(1) سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەت.

جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن». بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) اﷲ تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار﴾[1].

يەنە بىرى شۇكى، اﷲ تائالا مۆمىنلەرنى اﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا تەرغىب قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۇرۇشنى ياخشى كۆرسەتتى. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشتىن ساق چىقسىمۇ، شېھىت بولسىمۇ ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى پايدىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ھايات قالسا ۋەتەنگە ھاكىم بولىدۇ.

اﷲ تائالا بۇ توغرىدا: ﴿اﷲ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى﴾[2] دېدى.

قاچانكى ئۇلار شېھىت قىلىنسا ئۇلارغا جەننەت بار. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا: ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر اﷲ يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە اﷲ تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر﴾[3] دېدى. ئاندىن كېيىن قۇرئاننىڭ جانلىرىغا راھەت بېرىدىغان، بىئاراملىقنى توختىتىدىغان ئۆلگەندىن كېيىن يەنە ھايات بارلىقىغا مۇستەھكەم ئىشەنچ بېرىدىغان، جىھادتا شېھىت بولۇش ئەبەدى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى بۇ شېھىتلەر اﷲ ئالدىدا تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان باشقا بىر سۆز سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈمىز. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿اﷲ نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)﴾[4] دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم جىھادقا تەرغىب قىلىش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ مەزمۇندا تۇرلۇك ئۇسلۇب بىلەن سۆزلىدى. بۇنىڭ بىرى اﷲ تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، اﷲ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اﷲ نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اﷲ نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اﷲ دىنمۇ ناھايىتى ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اﷲ دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر﴾[5] دېگەن سۆزىدۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 195 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئال ئىمران 157 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەت.
[5] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ئايەتتە جىھادنىڭ مەنىسىنى كۆڭۈلگە يېقىنلاشتۇرۇپ، خەلقلەر ئادەتتە مۇئامىلە قىلىدىغان تىجارەتكە ئوخشىتىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. لېكىن بۇ باشقىچە تىجارەت بولۇپ، الله تائالا سېتىۋالغۇچىدۇر. بەندە ساتقۇچىدۇر. ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئەھدىدە ۋە ۋەدىسىدە الله تائالادەك راستچىل ئەمەستۇر. مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ جانلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلسا، جەننەتتىن ئىبارەت پۇلنى ئالىدۇ، دېدى.

شۇنىڭدەك الله تائالا مۆمىنلەرنى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا تەرغىب قىلدى. ئۇرۇشقا نىسبەتەن مۇھەببەتنى قوزغىدى. ئاخىرەت ساۋابىغا ۋە ياخشى مۇكاپاتقا قىزىقتۇردى. يەنە بىر قانچە ئايەتتە الله تائالا مۆمىنلەرنى الله يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلاشتىن ھەزەر قىلدۇردى. دۇنيا ھاياتىغا رازى بولۇشتىن قورقىتتى. دۇنيادىكى ئورۇن مەرتىبە ئاخىرەتتىكى ئورۇنغا قىياس قىلىنمايدۇ، دەپ بايان قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يەرتۇتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر﴾[1] ئاندىن كېيىن الله تائالا ھەزەر قىلدۇرۇشقا يۈتكىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەرجىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[2].

قاچانكى مۆمىنلەر جىھاد چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىپ جىھادقا چىقىشتا بىپەرۋالىق قىلسا، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب كېلىشتىن، خارلىق ـ قۇللۇقتىن ئىبارەت ئازابقا دۇچار بولۇشتىن، ئىگىلىك ۋە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ باشقا قەۋمگە يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئۇرۇش قىلىش ئادەمنىڭ روھىغا ياقمايدىغان قورقۇنچلۇق نەرسە بولغاچقا الله تائالا ئۇرۇشنى ياخشى ئىشلارغا ۋاستە ئىكەنلىكىنى، جىھادنىڭ ئارقىسىدا الله تائالانىڭ سۆزىنى (قانۇنىنى) ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىش ۋە زۇلۇمنى توسۇشتىن ئىبارەت كۆپ ياخشىلىقلار يوشۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ مەزمۇندا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) الله بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار﴾[3].

---

[1] سۈرە تەۋبە 38 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 39 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت.

## جىزيە (باش بېجى) مەسىلىسى

ئىسلام دۆلىتى يەنە بىر دۆلەتكە ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇش، ياكى جىزيە (مەلۇم مىقداردا باش بېجى) تاپشۇرۇش ياكى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن مەيدان هازىرلاپ چىقىشتىن ئىبارەت. باش بېجى ئېلىشتىكى مەقسەت، قارشى تەرەپتىكى دۆلەتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خاتىرجەم بولۇشى، شۇ دۆلەت خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىش ئەركىنلىكى ئۈچۈن مەيدان هازىرلىشى، ئىسلام تەشۋىقلىرىنى هەر تەبىقە خەلقىگە ئىختىيارى هالدا يەتكۈزۈشى ۋە ئىسلامغا چاقىرغۇچى ئۆلىمالارنىڭ ۋە تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدىن خاتىرجەم بولۇشىدىن ئىبارەت.

باش بېجىنى يولغا قويۇشتا ئاساسىي هۆججەت الله تائالانىڭ: ﴿سىز مۇسۇلمانلار يەهۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن الله تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە الله تائالا ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام) هارام قىلغان نەرسىنى هارام بىلمەيدىغان ۋە هەق دىننى (ئىسلامنى) ئۆزىنىڭ دىنى قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار هالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇشۇڭلار﴾[1] دېگەن سۆزىدۇر. (يەهۇدىيلار ئۇزەير پەيغەمبەرنى، خرىستىئانلار ئىسا پەيغەمبەرنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئەقىدە قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاللاهقا قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىز دېگىنى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇلار كاپىر هېسابلىنىدۇ).

باش بېجى بولسا، هەر بىر ئادەم بېشىغا يۈكلەنگەن ئالۋاڭ ـ سېلىق بولۇپ، ئىسلام ئۇنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرىدىن باشقا پۇخرالىرىغا يۈكلىگەن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ تاپشۇرىدىغان باش بېجى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان زاكاتنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا دۆلەت پۇقرالىرىدىن، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەرپ قىلىنىدىغان ئىقتىسادتىن بىر هەسسىسىنى ئادا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان هەر بىر شەخس ئۆزىگە يۈكلەنگەن هەسسىنى ئادا قىلىدۇ. ئۆزى پۇخرا بولغان دۆلەتنىڭ بەرگەن هوقۇقىدىن پايدىلانغانىنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغانلاردىن باش بېجى ئېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زاكات ئېلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا ئادەمگەرچىلىك قىلىش ۋە رەهىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇنۇتمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاجىز يوقسۇللارغا باش بېجى قويۇشقا يول قويمايدۇ. هىرە شەهرىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس پۇقرالىرىغا ئىسلام قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يازغان خېتىدە: ”ئىشتىن قالغان قېرى ئادەملەر، قانداقتۇر بىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئادەملەر، بۇرۇن باي بولسىمۇ كېيىن موهتاج بولۇپ قېلىپ ئۆز دىنىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىدىغان

[1] سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت.

بولۇپ قالغانلارنىڭ باش بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ھەم ئۇلار كۆچۈپ كەلگەن ئىسلام يۇرتىدا تۇرسىلا ئۇلار دۆلەت خەزىنىسىدىن تەمىنلىنىدۇ» دەپ يازغان.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ «خىراج» ئىسىملىك كىتابىدا مۇنداق دېدى: «ئاياللار ۋە نارىسىدە باللارغا باش بېجى قويۇلمايدۇ. كىشىلەر تەرىپىدىن سەدىقە بېرىلىدىغان يوقسۇللاردىن، ھۈنىرى يوق، كەسپى يوق قارىغۇلاردىن، سەدىقە بېرىلىدىغان زىممىدىن (ئىسلام دۆلىتى ھىمايىسىگە كىرگەن غەيرى مۇسۇلماندىن) ۋە ئولتۇرۇپ قالغان ئادەملەردىن باش بېجى ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئولتۇرۇپ قالغان ئادەم ۋە تۇكارنىڭ مال ـ دۇنياسى بولسا، ئۇلاردىن باش بېجى ئېلىنىدۇ. قارىغۇنىڭمۇ ھۆكمى مۇشۇنداق. ئەگەر ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىدىغان راھىبلارنىڭ مال ـ دۇنياسى بولسا، ئۇلاردىنمۇ باش بېجى ئېلىنىدۇ. بولمىسا ئېلىنمايدۇ».

باش بېجىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: كەمبەغەللەرگە **12** تەڭگە، ئوتتۇرا ھالغا **24** تەڭگە، بايغا **48** تەڭگە (**7** پۈتلۈق كۈمۈش پۇل) باش بېجى قويىلىدۇ.

زىممىيلەر قاچان باش بېجىنى تاپشۇرسا، ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشى، قوغدىشى، دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىشى، ئۆز دىنىدا ئەركىنلىك بېرىشى، مۇسۇلمانلارغا قىلغاندەك ئادالەت ۋە باراۋەرلىك مۇئامىلىسىنى قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئۇلارنى زىممىي دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىممىسىگە (ھىمايىسىگە) كىرگەنلىكىدىندۇر. ئۇلارغا يۇقىرىقى ھوقۇقلار بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلار رەھبەرلىرى زىممىي ئادەملەرگە مۇئامىلە قىلىشتا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ دەمەشق زىممىيلىرى بىلەن قىلىشقان ئەھدە ـ توختامىغا قاراڭ!

دەمەشق پۇخرالىرى ئىسلام ھۆكۈمىتى ھىمايىسىگە كىرگەندە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسى: «ئۇلارنىڭ جېنىغا مال ـ مۈلكىگە، ئىبادەتخانىلىرىغا خاتىرجەملىك بېرىلىدۇ. شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرى يېقىلمايدۇ. ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋېلىنمايدۇ. ئۇلارغا مۇشۇ ھوقۇقلارنى بېرىشكە اللّٰه نىڭ ئەھدىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى، خەلىپىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئەھدىسى بار. ئۇلار باش بېجى بېرىپ تۇرسا، ئۇلارغا يامانلىق بىلەن چېقىلىشقا بولمايدۇ. دېگەندىن ئىبارەت.

باش بېجى بولسا ئىسلام ھۆكۈمىتى زىممىلەرنى دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدىغىنى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى قوغدىغان ئەسكەرلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۆلەيدىغان ئاز بىر تۆلەمدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى بىلگەنلىكىگە ۋە ئەمەل قىلغانلىقىغا چوڭ بىر دەلىل شۇكى، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ «خىراج» ئىسىملىك كىتابىدا سۆزلىگەن مۇنداق بىر سۆزىدۇر. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە باش قوماندان ئەبۇ ئۇبەيدە شام خەلقى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈپ، باش بېجى ۋە يەر بېجى قاتارلىقلارنى يىغقاندىن كېيىن روملۇقلارنىڭ ئەبۇئۇبەيدىگە قارشى ئەسكەر توپلىغانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ سوقۇش خەۋىرى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ۋە ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئېغىر كەلدى. ئەبۇئۇبەيدە كېلىشىم

تۈزۈشكەن زىممىيلەرنىڭ شەھەرلىرىگە باشلىق قىلىپ قويغان ۋالىيلىرىغا خەت يېزىپ زىممىيلاردىن يىغىلغان باش بېجى ۋە يەر بېجىنى ئۇلارنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە ۋالىيلارغا: سىلەر زىممىيلارغا مىلىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى روملۇق دۈشمەنلەرنىڭ بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلى ئەسكەر توپلىغان خەۋەر كەلدى. سىلەرنى قوغدىشىمىزنى شەرت قىلىپ بىزگە تەۋە بولغان ئىدىڭلار. بىز ئەمدى سىلەرنى قوغداپ قالالمايدىغاندەك تۇرىمىز. شۇڭا سىلەردىن ئالغان باش بېجىنى قايتۇرۇپ بەردۇق، ئەگەر دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزغا الله تائالا ياردەم قىلسا، يەنە بۇرۇنقى شەرتىمىز شەرت. توختىمىز توختام بولىدۇ، دەڭلار، دەپ خەت يازدى. زىممىيلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ الله تائالا سىلەرگە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە بەرسۇن! الله سىلەرنى بىزگە ياندۇرۇپ بەرسۇن! دەپ دۇئا قىلىشتى.

زىممىيلەرگە قويۇلغان باش بېجىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر نەرسە ئىكەنلىكىگە ئەللامە (دوكتور) دەرەيبىرنىڭ ”ئىلىم بىلەن دىن ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش“ دېگەن كىتابىغا يازغان مۇنداق سۆزىدىن بەكراق چوڭ بىر دەلىل يوق: ”مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلارغا مەغلۇب بولۇپ تەۋە بولغان مۇسۇلمان ئەمەس پۇخرالىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر نەرسە ئالاتتى. ئالىدىغىنى ئۆزىنىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ئالىدىغان ئالۋاڭدىن خېلىلا ئاز ئىدى“.

قانۇنچى ”مونتىسكىيو“ ئۆزىنىڭ ”قانۇنلارنىڭ روھى “ دېگەن كىتابىدا ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالۋاڭ - سېلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”مۇسۇلمانلار پەتھى قىلغان شەھەرلەر ۋە شۇ شەھەرلەرنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس خەلقىغە قويغان ئالۋان سېلىقنىڭ يەڭگىللىكى ئۇلارنىڭ شەھەرلەرنى ئاجايىپ ئاسان قولغان كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولدى. خەلقلەر خرىستىئان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز خىيالىچە ئاچكۆزلۈك بىلەن خەلققە قويغان، ئارقا - ئارقىدىن كېلىدىغان تۈگىمەس ئالۋاڭلارنى تۆلىگەنىنىڭ ئورنىغا ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى مۇسۇلمانلار ھىمايىسىگە كىرىپ ئاسان تۆلەپ كەتكىلى بولىدىغان يەڭگىل باش بېجىنى تۆلەشنى توغرا كۆردى“.

## ئامانلىق تەلەپ قىلغۇچىلار

ئىسلامنىڭ ئۇرۇش داۋامىدا قىلىدىغان كەڭچىلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىر تۈزۈمى شۇكى، ئىسلام، ئىسلام دۆلىتى بىلەن ئۇرۇشىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ پۇخرالىرىدىن بىر شەخس ياكى بىر جامائە مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا كىرىشىگە ۋە ئىسلام قانۇنىدا ”ئامانلىق“ دەپ تونۇلغان قانۇننىڭ ھىمايىسىدە ئىسلام شەھەرلىرىدە تۇرۇشىغا يول قويىدۇ. ئامانلىق تىلەپ كىرگۈچىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن تىنچ - ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مۇقەررەر قىلىدۇ ۋە ئۇلار ئىسلام يۇرتىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى قوغداش ۋاجىپ بولىدۇ. بەلكى ئۇلارغا بۇنىڭدىنمۇ ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان بەزى ھۆكۈملەر ئۇلاردىن كەچۈرۈلىدۇ.

ئىسلامنىڭ بۇنداق ئامانلىق بېرىشنى يولغا قويۇشتىكى مەقسىتى، ئىسلام دۆلىتىگە كىرگۈچى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا ۋە ئىسلامنىڭ نىشان مەقسەتلىرىنى يېقىندىن چۈشىنىشكە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىشتۇر. ئىسلام چاقىرىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ ئىش كۈچلۈك ۋاستە بولىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسىي ھۆججىتى الله تائالانىڭ: ﴿ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىر كىم سەندىن ئامانلىق تەلەپ قىلسا، الله تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانغا قەدەر ئامانلىق بەرگىن (ئىسلام يۇرتىدا تىنچ ـ ئامان تۇرغىلى قويغىن) ئاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ تىنچ ياشايدىغان يېرىگە (يۇرتىغا) يەتكۈزۈپ قويغىن﴾[1] دېگەن ئايىتىدۇر.

ئايەتنىڭ مەزمۇنى: ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلاردىن بىر كىم الله نىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭدىن سەن چاقىرغان ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن ياكى قانداقلا بولمىسۇن سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئامانلىق تەلەپ قىلسا، ئۇنى ھىمايەڭگە ئېلىپ الله نىڭ سۆزى (قۇرئاننىڭ مەزمۇنى) ئاڭلىغانغا قەدەر ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېرىشىڭ لازىم. بۇ بولسا، دىنىى يەتكۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ بىر پۇرسىتىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم الله تائالانىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن توغرا يولغا كىرسە ۋە ئىسلامغا ئۇنىڭ دەلىللىرىنى بىلىپ ۋە قانائەت قىلىپ ئىشەنسە، تېخى ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇنى غەم يېمەيدىغان بىخەتەر يەرگىچە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭ لازىم، دېمەكتۇر.

بۇ توغرىدا ئىسلام ناھايىتى كەڭ يول تۇتتى. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن مەلۇم بىر شەخس دۈشمەن تەرەپتىن بىرەر كىشىگە ياكى بىر نەچچە كىشىگە ئۆز ئالدىغا ئامانلىق بېرىشكە يول قويىدۇ. ھەم ئۇ مۇسۇلماننىڭ دۈشمەن تەرەپتىكى كىشىلەرگە بەرگەن ئامانلىقى ۋە قىلىشقان ئەھدىسى ھۆرمەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر كىشىنى ھىمايىسىگە ئېلىش مەرتىۋىسى ئوخشاش. ئەڭ تۆۋەن مۇسۇلمانمۇ شۇ ئەھدى ئاساسىدا ئىش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە » دېدى.

شۇنىڭدەك ئىسلام مۇسۇلمان ئايال كىشىنىڭمۇ بىر كىمنى ھىمايىسىگە ئېلىشىنى ئېتىراپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەمشىرىسى ئۇمموھانىيغا: « سەن قوغدىغان كىشىنى بىزمۇ قوغدايمىز ئى ئۇمموھانىي! » دېگەن ئىدى. ئىسلام بۇ قانۇندا مۇسۇلمانلارنىڭ سالامەتلىكىگە كېپىل بولىدىغان ئىشلارنىلا شەرت قىلدى. مەسىلەن: ئىسلام يۇرتىغا ئامانلىق تىلەپ كىرگۈچى دۈشمەن ئادىمىنىڭ يېنىدا ئەسكەر كۈچى بولماسلىقى، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان قورال نەرسە كېرەكلىرى بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭدا سىياسىي بۇزغۇنچىلىق سېلىش مەقسىتىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلمەسلىكى ۋە مۇسۇلمانلارغا جاسۇسلۇق قىلىش ئېھتىمالى بولماسلىقى شەرت. بۇ كەڭچىلىكنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ دۆلەت رەئىسىنىڭ بىر مۇسۇلمان ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقىنى بىكار قىلىش ھەققى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. ھۆكۈمەت رەھبىرى شەخسىي مۇسۇلماننىڭ ئومۇمىي

[1] سۈرە تەۋبە 6 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئامانلىقنى ۋە ھىمايىسىنى بىكار قىلىپ تاشلىيالايدۇ.

## ئىسلامدىكى ئەھدى ـ توختاملار

كېلىشىم ـ ئەھدىنامىلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلەرنى ئۆز جايىغا چۈشۈرۈش، مۈشكۈل مەسىلىلەرنى ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك تىنچلىق توختاملار ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئىشەنچ يوقالسا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى تىنچلىق ئاساسلىرىنىڭ مۇھىمى يىقىلغان بولىدۇ.

ئىسلام تىنچلىق توختاملىرىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلدى. ئىسلام مۇسۇلمانلار ئۈستۈگە كېلىشىملەرنى ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن، كۆڭۈل ئىستەكلىرىدىن ۋە كۆڭلى مايىل بولىدىغان ئىشلاردىن ئۈستۈن كۆرىدىغان دەرىجىدە مەسئۇللۇقلارنى يۈكلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قانۇنىدا مۇسۇلمانلار ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ بىر قانچە زاماننى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى "مۇسۇلمان بولۇش ياكى باش بېجى بېرىش يا ئۇرۇشقا مەيدانغا چىقىشقا تەلەپ قىلىش" تىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرىگە تەكلىپ قىلىش زۆرۈر ئەمەس. دۈشمەنلەرگە قارىتىلغان بۇ ئۈچ ھالەت مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئامىلىسىدە قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قوشنا مىللەتلەر بىلەن بۇ ئۈچ ھالەتنىڭ بىرىنى شەرت قىلماستىن ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشۈپ ۋە تىنچلىقتا ياشىغانلىرىنى كۆرىۋاتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن تۈزگەن نەچچە تۈرلۈك توختام قارارلىرى ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ئومۇملاشقان بىرلا نىشاننى كۆرىمىز. ئۇ بولسىمۇ ئىسلام چاقىرىقىنى ئەتراپقا يېيىشنى ۋە بۇ چاقىرىق ئارقىلىق تىنچلىق يول بىلەن ئىسلامنىڭ ھەممىگە ئاشكارا بولۇشىنى ۋە كېڭىيىشىنى مەقسەت قىلىشتۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا تىنچلىق توختامغا ئەمەل قىلىشنى كۆپ ئايەتلەردە ۋاجىپ قىلدى. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1].

اللہ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ھەقىقىي سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾[2]. قۇرئان كەرىم ئەھدى توختامدا تۇرۇشتىن ئىبارەت پەزىلەتتىن چىقىپ كېتىشنى ئىنسانلىق پەزىلىتىنىڭ ھەممىسىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن ئوخشاش ھېسابلىدى.

---

[1] سۈرە ئىسرا 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۆئمىنۇن 8 ـ ئايەت.

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىكلىرى ئۈستىدە) مۇئاھىدە تۈزدۈڭ، ئۇلار بولسا ھەر قېتىمدا مۇئاھىدىسىنى بۇزىدۇ، ئۇلار اللہ دىن قورقمايدۇ﴾[1].

ئىسلام باشقىلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىم تۈزۈشكەندىن كېيىن باشقىلاردىن كۈچلۈك ۋە ئۈستۈن بولۇش ئۈچۈن، بىرەر يۇرتقا غالىب بولۇۋېلىش ياكى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئىشلارنى تەلەپ قىلمايدۇ. مىللەتلەرگە خىيانەت قىلىش، يا ئالداش ئۈچۈن چارە ئىزدىمەيدۇ. پەقەت تىنچلىقنى مۇقەررەر قىلىش ئۈچۈنلا ئەھدى تۈزىشىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، اللەنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمڭلارنى (اللەنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر اللەنى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، اللە قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپنى چۇۋۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن ئايالدەك بولماڭلار. بىر جامائە (سان ۋە مال - مۈلۈك جەھەتتە) يەنە بىر جامائەدىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەسەمڭلارنى ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىسىلەر (يەنى ئۆز ئارا ياردەملىشىش ئۈستىدە بىر جامائە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەندىن كېيىن، سانى، پۇل - مېلى كۆپرەك يەنە بىر جامائەنى كۆرۈپلا ئىلگىرىكى جامائە بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنى بۇزۇپ، كېيىنكى جامائە بىلەن ئەھدى تۈزىسىلەر)، اللە سىلەرنى ھەقىقەتەن بۇنىڭ (يەنى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئەمرى) بىلەن سىنايدۇ﴾[2].

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئەھدىلىرىڭلارنى بۇزۇش ئاندىن كېيىن يېڭىدىن تۈزۈشتە، يىپنى پىششىق ئىگىرىپ بولۇپ چۇۋۇپ تاشلىغان ئەخمەق ئايالدەك بولماڭلار. بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادىدا ئۈستۈن بولۇش ئۈچۈن ئارىنى بۇزۇش ۋە خىيانەت قىلىش ئاساسىدا ئەھدى تۈزۈشۈشلار توغرا ئەمەس، دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىم ئەھدى - توختامغا ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇدى. گەرچە ئەھدىدە تۇرۇش، مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدى تۈزۈشكەن كاپىر قەۋمنىڭ قولىدىكى دىنىي قېرىنداشلىرىغا ياردەم بەرمەسلىككە ئېلىپ بارسىمۇ يەنىلا ئەھدىدە تۇرۇش لازىم. قۇرئان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى جىنسى باشقا ۋە يۇرتى باشقا بولسىمۇ بىر ئۇممەت ھېسابلىغان تۇرۇپ بىر بۆلۈك ياكى بىر مىللەت مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان تاجاۋۇز پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتىگە قىلىنغان تاجاۋۇز ھېسابلىنىدىغان تۇرۇپ يەنە مەزكۇر ئەھدىگە تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ ۋە بۇ ھەقتە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا،

---

[1] سۈرە ئەنفال 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نەھل 91 ـ 92 ـ ئايەتلەر.

ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك﴾(1).

ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدى قىلىشقانلار ئەھدى توختامغا خىلاپلىق قىلسا، مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق﴾(2).

شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىدىن خىيانەتنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزسە، ئۇ چاغدا مۆمىنلەرنىڭ ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇپ ئەھدىنى بۇزۇشىغا بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾(3).

مەزمۇنى: ئەگەر سەن بىلەن ئەھدى توختام تۈزۈشكەن قەۋمنىڭ خىيانەت قىلىشى ۋە ئەھدىنى بۇزۇشىدىن قورقساڭ ۋە ئۇلاردا خىيانەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، توغرا ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھدىسىنى تاشلاپ بەرگىن. ئەھدىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىڭنى ئۇلارغا ئېلان قىلغىن. ئۇلار ئەھدىنىڭ بارلىقىنى گۇمان قىلىپ تۇرغان ھالىتىدە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچما، ئۇنداق قىلساڭ سەندىن خىيانەت كۆرۈلگەن بولۇپ قالىدۇ. الله تائالا خائىنلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىسىنىڭ گۇۋاھلىقى

بىز بۇ يەردە ئىسلامغا ھېچبىر مۇناسىۋىتى بولمىغان تارىخچى ۋە يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى گۇۋاھ قىلىپ كەلتۈرمەكچىمىز. ئۇلار پەقەت ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بولۇپ، ھادىسىلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە ئىشلارنى ئۆز ئۆلچىمىدە باھالايدىغان ئالىملاردۇر.

دوكتور جوستاۋ لوبون ئۆزىنىڭ «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ”بىز ئەرەبلەرنىڭ مەملىكەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى توغرىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ غەلىبىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، كىتابىمىزنى ئوقۇغۇچى: ”قۇرئاننىڭ دۇنياغا تارقىلىشىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئامىل بولمىغانلىقىنى، ئەرەبلەر مەغلۇپ بولغان خەلقلەرنى ئۆز دىنىدا ئەركىن قويغانلىقىنى كۆرىدۇ. بەزى خرىستىئان مىللەتلەر

(1) سۈرە ئەنفال 72 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە تەۋبە 12 - ئايەت.
3 سۈرە ئەنفال 58 - ئايەت.

ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ (مۇسۇلمان بولۇپ) ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ تىلى قىلىدىغان ئىش پەيدا بولغان بولسا، غالىب بولغان ئەرەبلەر ھېچ كىمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەر تۈرلۈك ئادالەتنى ئۆزىگە سۈپەت قىلغانلىقىدىن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلاردا كۆرۈلمىگەن ئاسانلىقلارنى يارىتىپ بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىدىندۇر“.

ئۇ يەنە بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: ”ئەرەبلەرنىڭ دەسلەپكى غەلىبىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىپ قويۇپ، يۇرتلارنى ئىشغال قىلغۇچىلار ئادەتتە ئىشلەيدىغان زۇلۇملارنى ئۇلارنىڭمۇ ئىشلىشى ۋە يېڭىلغانلارغا يامان مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە كېڭەيكۈسى بولغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن ئىدى. (لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى) ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلغان بولسا، تېخى ئۇلارغا باش ئەگمىگەن پۈتۈن مىللەتلەر توپلىشىپ ئۇلارغا قارشى تۇراتتى. ئۇلارغىمۇ ئەھلى سەلىب ئادەملىرىگە، ئۇلار ئەڭ كېيىن سۈرىيىگە كىرگەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھادىسە يۈز بېرەتتى. لېكىن يېڭى دىنلارغا خەلقنى چاقىرغۇچىلاردا تېپىلمايدىغان ماھىرلىقى ۋە ھوشيارلىقى بولغان بۇرۇنقى ئىسلام خەلىپىلىرى شۇنى بىلگەن ئىدىكى، قانۇن ـ تۈزۈملەر، دىنلار بىر كىمگە زورلاپ تاڭىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇلار سۈرىيە، مىسىر ۋە ئىسپانىيە خەلقىگە ۋە ئۆزلىرىگە ئىگە بولالايدىغان باشقا يۇرتلار خەلقلىرىگىمۇ كاتتا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ خەلقلەرنى ئۆز قانۇن ـ تۈزۈملىرى ۋە ئۆز ئېتىقادلىرى بىلەن ياشىغىلى قويدى. ئۇلارنى ھىمايە قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىنچلىق ساقلاپ بەرگەنلىكى بەدىلىگە ئاز بىر قىسىم باش بېجىدىن باشقا ئۇلارغا ھېچقانداق مەجبۇرىيەت تاڭمىدى. ئەمەلىيەت شۇكى، ”ئىنسانلار ئەرەبلەردەك رەھىم قىلغۇچى، كەڭچىلىك قىلغۇچى ۋە يۇر ئالغۇچىنى كۆرۈپ باقمىدى“.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئىسلام پاتىھلىرىنىڭ، مەغلۇب بولغان كىشلەرگە رەھىم قىلىشى ۋە كەڭچىلىك قىلىشى ئۇلارنىڭ پەتھى قىلغان يەرلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ۋە نۇرغۇن ئۇممەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا ۋە ئىسلامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ۋە ئەرەب تىلىنى قوبۇل قىلىشقا سەۋەب بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلى ئەرەبلەر دۇنيا سەھنىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ساقلىنىپ قىلىنغان. بۇنىڭغا بەزى تارىخچىلار ئىنكار قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولغان. مىسىر خەلقىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. مىسىر خەلقى ئەرەبلەر ئېلىپ كەلگەن دىن ۋە قانۇننى ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلدى. ھالبۇكى ئەرەبلەردىن بۇرۇن مىسىرنى ئىشغال قىلغان پارس، ئىغرىق ۋە روم ئىشغالچىلىرى پىرئەۋندىن قالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تۈزۈم ـ قائىدەلەرگە زورلاشقا كۈچى يەتمىگەن ئىدى“.

ئۇ يەنە بىر يەردە مۇنداق دەيدۇ: ”مۇسۇلمان ئەرەبلەرنىڭ بۇ كەڭچىلىكىگە ياۋرۇپانىڭ ئەرەب تارىخىغا چوڭقۇر نەزەر سالغان ئازساندىكى ئىنساپلىق ئالىملىرى ئىقرار قىلدى. روبېرتسون ئۆزىنىڭ ”شارلىكىن تارىخى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: ”جىھاد بىلەن مەغلۇب بولغان باشقا دىنلار تەۋەلىرىگە كەڭچىلىك قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ئۆز دىنىنىڭ

پائالىيەتلىرىنى يۇرگۈزۈشكە ئەركىن قويۇشنى بىرلەشتۈرگەنلەر يالغۇز مۇسۇلمانلاردۇر». دېمەك، يۇقىرقىسى جۇسافنىڭ سۆزىدۇر.

مىشۇد ئىسمىلىك ئالىم ئۆزىنىڭ «سەلىب ئۇرۇشى تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: «جىھادغا بۇيرۇغان ئىسلام دىنى باشقا دىنلار تەۋەلىرىگە كەڭچىلىك قىلغۇچىدۇر. ئىسلام دىنى خرىستىئان دىنى باشلىقلىرىنى، راھىبلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى باج ۋە ئالۋاڭ - سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلدى. خۇسۇسەن راھىبلارنى، ئۇلار ھەمىشە ئىبادەتكە مەشغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قۇددۇسنى پەتھى قىلغاندا خرىستىئانلارغا يامانلىق يەتكۈزمىگەن ئىدى. ھالبۇكى سەلىب خرىستىئانلىرى قۇددۇسقا كىرگەندە مۇسۇلمانلارنى بوغۇزلىغان ۋە يەھۇدىيلارنى كۆيدۈرگەن ئىدى».

كونت ھىنرى دى كاستىرى ئۆزىنىڭ «ئىسلام خاتىرلىرى ۋە سەھۋانلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر دىندار بولۇپ قۇرئانغا ئىشەنگەن ۋە يۇرەكلىرى ھەق دىنىنىڭ نۇرى بىلەن يورىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار پۈتۈن يەرشارى ئىنسانلىرى ئالدىدا يېڭى بىر قىياپەتتە مەيدانغا چىقتى. ئۇ قىياپەت بولسا، تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش ۋە مۇئامىلىلەردە پىكىر ئەركىنلىكى بېرىشتىن ئىبارەت. دىنىدىن چىققان قەبىلىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغان ئايەتلەر چۈشكەندىن كېيىن كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئارقا - ئارقىدىن چۈشتى. ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپىلەر بۇ تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئىدى. مۇشۇ ئەھۋال بىزنى روبىرتسۇن دېگەندەك: خەلقلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش بىلەن ئۆز دىنىنى كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرگەنلەر يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلاردۇر، دېيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەرەبلەرنىڭ يۇرتلارنى پەتھ قىلىشقا تۇرتكۇ بولغىنى بۇ مۇھەببەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئۆزىنىڭ غالىب قوشۇنى ئارقىسىدا ئىككى قانىتىنى يايدى. ئۇلار شامغا ھۇجۇم قىلدى. قىزىل دېڭىزدىن شىمالىي ئافرىقىغا ئۆتۈپ ئاتلانتىك دېڭىزىغىچە يىلدىرىمدەك مېڭىپ كەلدى. ئۇلار ئۆز يولىدا زۇلۇمنىڭ تەسىر قىلىشىغا يول قويمىدى. پەقەت ھەر قانداق جەڭلەردە بولماي قالمايدىغان بەزى ئىشلار بولدى. دېمەك ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ئۆلتۈرمىدى».

«ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىتئەدە ئىسلامنىڭ تېز كېڭىيىشىگە ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتىگە باش ئېگىشىگە يەنە بىر سەۋەبمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، قوستەنتىن (ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان شەرقى روما ئىمپېراتۇر) ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەبىتلىكىدۇر. چۈنكى ئۇ زۇلۇمدا چېكىگە يەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى جانلارغا زىخ بولغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئىسلام كەلگەن زامان ئۇلارنىڭ خەلقلىرى ئېغىر ئالۋاڭلىرىدىن ۋە مال - مۈلكلەرنى بولاش - تالاشلىرىدىن قېچىپ ئىسلامغا ئۆزلىرىنى ئاتتى».

بۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىنىڭ خۇددى خرىستىئان دىندىكىلەرنىڭكىدەك مەخسۇس دىن تارقاتقۇچىلىرى يوق ئىدى. ناۋادا ئىسلام دىنىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئالدىن ئىسلامغا چاقىرىدىغان ۋە چاقىرىلغۇچىلارغا ئىسلامنىڭ باش ۋەزىپىلىرىنى ئۆگىتىدىغان ئادەملىرى بولغان بولسا، ئىسلامنىڭ قانداق قىلىپ شۇنچە تېز ئىلگىرىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۇللۇك ئاسانلاشقان بولاتتى. پادىشاھ شارلىماننىڭ قىلغان ئۇرۇشلىرىدا داۋاملىق ئۆزى بىلەن بىللە خرىستىئان ئالىملىرىنى ۋە راھىبلارنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭغىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ خەلقلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا بىۋاستە خىزمەت قىلغانلىقىنى، شارلىماننىڭ ئۆزى شەھەرلەر مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قاتنىشىپ خەلقلەرنى، كىچىك بالىنى قىرىۋېتىدىغان ئۇرۇشلار بىلەن كۆيدۈرگەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۇق. لېكىن ئىسلامنىڭ بىرەر دىني يىغىن ئاچقىنىنى، ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەلچىلەر ئەۋەتكىنىنى، ياكى شەھەرلەرنى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن ئىبادەتچىلەر ئەۋەتكىنىنى بىلمەيمىز. ئىسلام دىنى ھېچكىمنى قىلىچ بىلەن ياكى تىل بىلەن مۇسۇلمانلىققا زورلىمىدى. بەلكى ئىسلام كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىشتىياق ۋە ئىختىيارى بىلەن كىردى. بۇ پەقەت قۇرئانغا بېرىلگەن تەسىر ۋە يۈرەكلەرنى ئۆزىگە تارتىش كۈچىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بولدى“.

كۆپلىگەن تارىخچىلارنىڭ ئېقرارىچە شەرقىي كەنىسە (خرىستىئان چېركاۋلىرى) خرىستىئانلىرى ئارىسىغا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ھىلىنىيە روھىنىڭ ئىيسا پەيغەمبەرنى ئىلاھ ئەقىدە قىلىشقا تارتقان سەپسەتە مەزھىبىنىڭ ناچارلىقىنى سېزىپ قېلىشىنىڭ نەتىجىسى بولدى. ھەم ئىسلامدا ئۇلارغا ياخشىلىق بارلىقىنى ۋە ئىسلام ئارقىلىق ئۇلار قالايمىقانلىشىپ كەتكەن باشباشتاقلىقىدىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى سەۋەب بولدى.

ئەمما روشەن ئوقۇملۇق پىكىرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ تونۇلغان شەرقىي دۇنيا خەلقىگە ھىلىنىيە مەدەنىيتى، دىني جەھەتتىن يامان بىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىنىشلىك ئالىي تەلىماتلىرىنى شەك ـ شۈبھىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن قىيىن مەزھەبلەر بىلەن قورشالغان ئەقىدىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىشنى ئېلىپ كەلدى. بەلكى دىني ئەقىدىنىڭ ئۇل ـ ئاساسلىرى مۇقىم بولالمىدى. ئاخىرى ئەرەبىستان سەھراسىدىن يېڭى ۋەھيىنىڭ خەۋەرلىرى تۈيۈقسىز ئاۋاز چىقىرىۋېدى، ئىچكى بۆلۈنىشلەر بىلەن پارچىلانغان، ئاساسلىق قائىدىلىرى مۇقىم بولمىغان ۋە بۇ شەك ـ شۈبھىلەر سەۋەبىدىن ئادەملىرىگە ئۈمىسىزلىك ئېلىپ كەلگەن شەرقتىكى خرىستىئانلار مەنىسىز شەك ـ شۈبھىلەرنى بىر پەشۋا بىلەن ۋەيران قىلىدىغان يېڭى دىنىنىڭ قوزغىشىغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى. ئۇ يېڭى دىن (ئىسلام دىنى) ئۆزىنىڭ تاكاللىششقا بولمايدىغان چۈشىنىشلىك روشەن پرىنسىپ ۋە باش ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىدا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۇلۇغ ماددىي ئۇتۇقلارنى تەقدىم قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا شەرقىي خرىستىئانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تاشلاپ ئەرەب پەيغەمبىرىنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى“ تارىخچىلارنىڭ سۆزى تۈگىدى.

”يېڭى ئىسلام دۇنياسى“ دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: ”ئەرەبلەر يۇرتلارنى پەتھە قىلىشتىن ئولجا ـ غەنىمەت جۇغلاشنى ياكى بەلگىلىك يەرلەرنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلمىغان ئىدى. بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنى سۆيىدىغان ئېسىل خەلقنىڭ بالىلىرى بولغان ۋە بۇرۇنقى مەدەنىي مىراسلارغا ھۆرمەت قىلاتتى. غالىب بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن مەغلۇپ بولغان خرىستىئانلار ئارىسىدا قۇدا ـ باجا تۇغقانلىقى گىرەلەشكەن. دىنىي قېرىنداشلىق ئىككى تەرەپنىڭ يۈرەكلىرىگە چىگىلگەن ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى تەرەپ ئىنسانلارغا يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ كەتتى. ئۇ بولسا، يۇناننىڭ، پارسىنىڭ ۋە رۇمنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى تىرىلدۈرگەن ئەرەبنىڭ ئۆتكۈر ئىرادىسى ۋە ئىسلامىي ماھىرلىق تەبئىتى بىلەن خۇيلاندۇرۇلغان ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر.

مانا بۇلار بەزى تارىخچىلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىسلام پەتھىسى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدۇر. بۇ ئەخلاق دۇنيا مىللەتلىرىدىن ھېچبىر مىللەتنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمەيدىغان ئەخلاق بولۇپ، قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا قۇرئاندىن بۇرۇنقى ھېچ بىر كىتابتا تېپىلمايدىغان تەسىرى بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن قۇرئان اللّٰه تائالادىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە روشەن ھۆججەت كۆرسىتىدۇ.

# يىگىرمە تۆتىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدىكى جازالار

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى تىنچلىق ھالىتى، جىنايەت ۋە ئۇنىڭ جازاسى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسى، سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسى، ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتنىڭ جازاسى، بۇلاڭچىلىقنىڭ جازاسى، زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىشنىڭ جازاسى، لەنەت ئېيتىششنىڭ جازاسى، زىنانىڭ جازاسى، بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى، ئوغرىلىقنىڭ جازاسى، ئادىل ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ جازاسى، ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى، دىندىن يېنىشنىڭ جازاسى، تەئزىر ئۇرۇش، تىنچلىق ساقلاش ئۇچۇن ئومۇمىي تەۋسىيەلەر، جازادا باراۋەرلىك ۋە ئىسلامنىڭ جازالىرىنىڭ ئادىللىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تىنچلىق ھالەت

خەلقنىڭ تىنچلىقى تۇراقسىز، ھەممە تەرەپتىن باش ـ باشتاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن جاھىللىق تەرەپبازلىقى، يامان ئىشلارنىڭ ئەڭ قەبىھلىرىنى ئىشلەش، بولاش، ئۆلتۈرۈش ۋە تاجاۋۇز ئەۋج ئالغان، بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ مال ـ مۈلكىنى بولاش، ھوقۇق ئەركىنلىكىنى تارتىۋېلىش، ئابرۇيلىرىغا تاجاۋۇزۇ قىلىش، زالىم، بۇلاڭچى كۈچىنىڭ يەتكىنىنى قىلغىنىنى توغرا تونۇشتەك ۋەھشىيلىك ھۆكۈم سۈرگەن زاماندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىندى. ئەينى چاغلاردا ئەرەب يېرىم ئارىلىقىدا ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. ئەرەبىستان ئەتراپىدىكى خەلقلەرمۇ ئەرەبلەردىن بەختلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ خەلقلەرنى ياراتقان الله تائالانىڭ ئىرادىسى ئۇلارغا تىنچلىق بېرىشنى خالىدى. ئاندىن جەمئىيەت خەلقىنىڭ بەختى ۋە راھىتىنىڭ يوللىرىنى ئۆزىگە جوغلىغان قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىندى. ئىسلامنىڭ تىنچلىق ۋە ئامانلىقىنى ساقلاشقا ئالاقىدار قانۇنىغا ۋە جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان جازا قانۇنىغا ئەتراپلىق نەزەر تاشلىشىمىز لازىم. چۈنكى جىنايەت، جىنايەتچىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشقان بوزۇقلۇقنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى ۋە جازالاش بولسا جىنايەتچىنى تۈزۈش ياكى جەمئىيەتنى ئۇنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن ساقلاش ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ.

## جىنايەت ۋە جازا

جىنايەتلەر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تونۇشىدا ئىسلام قانۇنىدا چەكلەنگەن ئىشلار بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭدىن مۇقىم جازا توختام قىلىش ئارقىلىق ياكى مۇقىم ئەمەس جازا ئارقىلىق

تۇسقان ئىشلاردۇر. چەكلەنگەن ئىشلار بولسا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىش، ياكى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلماي تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئىسلام قانۇنى ئىنسانلار تەرەپتىن تۈزۈلگەن يېڭى قانۇنلار بىلەن جىنايەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇشتا تولۇق بىرلىشىدۇ. قانۇنلارنىڭ تونۇشتا جىنايەت دېمەك، قانۇن چەكلىگەن ئىشنى قىلىش، ياكى قانۇن ھۆكۈم قىلغان ئىشتىن باش تارتىشتۇر. ئادەملەر تۈزگەن قانۇنلارنىڭ قارىشىدا بىر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماي قويۇش جازاغا تېگىشلىك بولمىغاندا جىنايەت ھېسابلانمايدۇ.

## چەكلەش ۋە جازالاشنىڭ سەۋەبى

قىلىش ياكى قىلماي قويۇش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان ئىشلار بولسا، ئۇنى قىلىش ياكى قىلماي قويۇش جامائەت تەرتىپىگە زىيانلىق بولغان، يەنى كۆپچىلىكنىڭ ئەقىدىلىرىگە، ياكى شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا، يا مال ـ مۈلكىگە، يا ئىززەت ئابرۇيىغا، ياكى ئاڭ سېزىم ئەزالىرىغا، يا ئۇنىڭدىن باشقا جامائەتنى ساقلاش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئىشلەش لازىم بولغان ئىشلارغا زىيانلىق بولغان ئىشلاردۇر.

خەلقلەرنى جىنايەت ئىشلەشتىن توسۇش ئۈچۈن جىنايەتكە جازا بېرىش يولغا قويۇلىدۇ. چۈنكى خەلقلەرنى بىر ئىشنى قىلىشقا، يا بىر ئىشتىن ئۆزىنى تارتىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇپ قويۇش، يا توسۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. جازالاش بولمىسا بۇيرۇق ۋە چەكلىمىگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بىر تۈرلۈك بىكار ئىش بولىدۇ.

جىنايەتلەرنى بېكىتىش ۋە ئۇنىڭغا جازا بېرىشتىن مەقسەت كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، جامائەت تەرتىپىنى ساقلاش ۋە جامائەتنىڭ داۋاملىق ھاياتىغا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە ئىسلام قانۇنى بىلەن دۆلەتلەر قانۇنى بىرلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا قاتىللاردىن قىساس ئېلىش (ئۆلتۈرۈش) سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾[1].

## جىنايەت بولىدىغان ئىشلارنى ئۇچۇق ئۇقتۇرماي تۇرۇپ جىنايەت تۇرغۇزۇش ۋە جازالاش يوق

بۇ قائىدە ئىسلام قانۇنىدا مۇندىن 13 ئەسىر بۇرۇن قۇرئاننىڭ ئوچۇق ئايەتلىرى چۈشكەندىن كېيىن بېكىتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلار تۈزگەن

[1] سۈرە بەقەرە 179 ـ ئايەت.

قانۇنلاردىن ئالاھىدە ئايرىم تۇرىدۇ. ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار بۇ قائىدىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تونۇغان ۋە 1789 ـ يىلى ئوتتۇرغا چىققان ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ئېلان قىلىش ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم بۇ قائىدىنى قارار قىلغان. ئاندىن كېيىن بۇ قائىدە فىرانسىيە قانۇنىدىن باشقا قانۇنلارغا يۆتكەلگەن. بۇ پىرىنسىپنى قارار قىلىشتىكى سەۋەب، شەخسلەر جازالايدىغان جىنايەتلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى تونۇسۇن، بۇ تونۇش ئۇلارنى جىنايەت ئىشلەشتىن توسسۇن، دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك بۇ پرىنسىپ ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ جىنايەتكە جازا ھۆكۈم قىلىشتا ۋە دۆلەتنىڭ باشقا دىكتاتورلىرىدا زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. شۇڭا بىر خىل جىنايەت ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئىككى خىل جازالاش، ياكى جىنايەتتىن كېيىن بېكىتىلگەن جازا بىلەن مەزكۇر جىنايەتكە جازا بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بۇ قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلام قانۇنى چوڭ جىنايەتلەرگىلا جازا توختام قىلدى. چوڭ جىنايەتلەر، جەمئىيەت كىشىلىرىنى تىنچسىز قىلىدىغان ۋە جەمئىيەتنى بۇزىدىغان ئىشلاردۇر. قۇرئاندا ئالتە تۈرلۈك جىنايەتكە جازا بەلگىلىدى. ئۇلار بولسا، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يول توسۇش (بۇلاڭچىلىق قىلىش)، زىنا دەپ قىلدى دەپ قارىلاش، زىنا قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە ئادىل ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قاتارلىقلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوچۇق كۆرسەتكەن جازالارمۇ بار. ئۇ بولسا، ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى ۋە ئىسلام دىنىدىن يانغاننىڭ جازاسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا جىنايەتلەرگە شەرىئەتتە جازا توختام قىلىنمىدى. ئۇ جىنايەتلەرگە جازا قوللىنىش، ياكى قوللانماسلىق ھۆكۈمەت خادىمىغا ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك ئالىملارغا تاپشۇرۇلدى. بۇلار جىنايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى ۋەزىيەتكە ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ كېلىدىغان چارىلارنى ئويلاپ كۆرىدۇ. تۆۋەندە ھەر جىنايەتنىڭ جازاسىنى قىسقىچە سۆزلەيمىز:

## قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى

مەقسەتلىك ھالدا ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەممە جىنايەتنىڭ خەتەرلىكراقى ۋە تىنچلىقنى بەكرەك بوزۇدىغان جىنايەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ جازاسى شەرىئەتلەردىمۇ ۋە قانۇنلاردىمۇ ھەممە جازانىڭ ئەڭ قاتتىقراقىدۇر. كۆپۈنچە قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ جىنايەت ئىنسانلار جامائەسى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ بار. بۇ جىنايەتنى قەدىمقى دىنلارنىڭمۇ ھەممىسى قەبىھ سانايدۇ.

قەدىمكى رۇم قانۇنىغا قارىساق قاتىللىق جىنايىتىنى ئۆتكۈزگۈچى يۇرلۇك ۋە كاتتا ئادەملەردىن بولسا، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ قاتىللىق جىنايىتىنى كۆتۈرۈۋېتىپ يۇرتىدىن پالاشقا قانائەت قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگۈچى ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەردىن بولسا، بېشىنى كەسكەنلىكىنى ۋە ئەگەر قاتىل تۆۋەن قاتلامدىن بولسا،

دارغا ئاسقانلىقىنى، كېيىنكىلەردە بۇنى ئۆزگەرتىپ يىرتقۇچ هايۋانغا تاشلاپ بېرىپ يېگۈزگەنلىكىنى ۋە كېيىن بۇنىمۇ ئۆزگەرتىپ گىلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭمۇ ئادەتلىرى ۋە تۈزۈملىرى بولۇپ، شۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭ بىرى، قاتىلنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. لېكىن بۇلار بۇ پرىنسىپنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا بەك ئاشۇرۋاتاتتى. ئادىللىقنى قەست قىلمايتتى. مەسىلەن قاتىلنىڭ ئورنىغا گۇناھسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، بىر ئادەمنىڭ قىساسىغا كۆپ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى كۆپ قىلاتتى. بەلكى كۆپ ۋاقىتتىدا هايۋان ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى. جاراھەتلەندۈرگەنلەرنى جازالاشتىمۇ ۋە سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدىن دىيەت پۇلى ئېلىشتىمۇ ئاشۇنداق ئاشۇرىۋېتەتتى. دېمەك، ئۆزىنىڭ قان تۆلىمىنى ۋە جاراھەت تۆلىمىنى قارشى تەرەپنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئالاتتى. بۇ ناھەقچىلىق سەۋەبىدىن ئۇرۇش بولۇپ كېتەتتى. ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ ئۇزۇن داۋام قىلاتتى. ھەتتا ئۇرۇش بەزى قەبىلىنىڭ ئادەملىرى قىرىلىپ تۈگۈگەندە توختايتتى. ئاندىن كېيىن ئىسلام قاتىلنى جازالاشتا ئۆزىنىڭ ئادىل قانۇنىنى ئېلىپ كەلدى. اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىني) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)﴾[1].

بۇ خىتابنى اللە تائالا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا قاراتسىمۇ، ئۇنى ھاكىم، يا ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ئىجرا قىلىدۇ. قىساس دېمەك، قاتىل نېمە ئىش قىلسا، قاتىلغا شۇنى قىلىشتۇر. ئاندىن كېيىن اللە تائالا: ﴿ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ دېدى. بۇ ھۆكۈم ئەرەب قۇرۇقلۇقىدا جارى بولۇپ كەلگەن ئادەتنى يەنى كۈچسىز قەبىلىدىن بىر ئادەم كۈچلۈك قەبىلىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، كۈچلۈك تەرەپ ئاجىز تەرەپتىن قاتىلغا قوشۇپ ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈرمەي رازى بولمايدىغان ئادەتنى بىكار قىلدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 178 ـ 179 ـ ئايەتلەر.

ئىسلام قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەت ئۈچۈن قاتىلنى ئۆلتۈرۈشنى كەسكىن بۇيرۇق قىلمىدى. بەلكى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە قاتىلنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلۈمنى ئەپۇ قىلىپ، قان بەدىلىگە مەلۇم ھەق ئېلىشقا ئىختىيارلىق بەردى. بۇ ھەقتە قۇرئان: ﴿قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىنداشلىق تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم﴾ دەپ بايان قىلدى. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىدىن بىر كىشى قاتىلنى ئەپۇ قىلسا، قىساس ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە دىيەت (قان بەدىلى) تۆلىتىلىپ ئېلىنىدۇ. الله تائالانىڭ قاتىلنى ئەپۇ قىلغۇچى كىشىنى ”دىنىي قېرىندىشى“ دېگەن ئىبارەت بىلەن سۆزلىشى ئىنسانلىقتا ھەم دىندا قېرىنداشلىقنى ئەسلىتىشنى مەقسەت قىلغاندۇر. ھەم بىر - بىرىگە مېھرىبانلىقنى قوزغاپ ئەپۇ ۋە رەھىم قىلىشقا تەشەببۇس قىلىشنى مەقسەت قىلغاندۇر.

قاتىلدىن قىساس تەلەپ قىلىش ھەققى بار كىشىلەر ئىختىيار قىلسا ئەپۇ قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىللىرىگە بەردى. ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن نەسەبى تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ قاتىلنىڭ جېنىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. چۈنكى ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ھەل قىلمىسا ۋە قىساس ئېلىپ بەرمىسە، بەزىدە ئۇلار ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ھىلە - مىكىر قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىلەن قاتىلنىڭ ۋە ئۇنىڭ جامائەسىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك كەڭىيىدۇ. ھازىر بۇ كۆز بىلەن كۆرۈلىۋاتقان ئەھۋالدۇر. خۇسۇسەن بۇ ئەھۋال قەبىلە ھالىتىدە ياشايدىغان ئۈممەتلەردە كۆپتۇر. ئەمما قاتىلنى ئەپۇ قىلىش ئىشى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىدىن كەلسە، زىيان - زەخمەتلەر يۈز بەرمەيدۇ. خۇسۇسەن ئەپۇ قىلىش قاتىل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق شەپقىتىنى قوزغىشى بىلەن مەرھەمەت تەلەپ قىلىش سەۋەبىدىن بولسا، تېخىمۇ تىنچ ئامانلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى چاغدا قاتىللىق جىنايىتى سادىر بولسىمۇ، قاتىلنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىش زىيانلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنىنى بىرەر سەۋەبتىن ئۆلتۈرگەن ۋە بۇ قاتىل شۇ بىر ئائىلەنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل ئادەم بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك ياخشى بولىدۇ.

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىللىرى قىساس تەلەپ قىلىپ تۇرسا، ھۆكۈمەت ئۆزى باش بېشىچە قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئەپۇ قىلىشقا رازى بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئەپۇ قىلغىلى ئونۇماي تۇرۇۋېلىشىغا بولمايدۇ. لېكىن قاتىلنى ئەپۇ قىلىپ ئەركىن قويۇۋېتىش جامائەت ئامانلىقىغا ئەندىشە پەيدا قىلسا، ئۇ چاغدا ھۆكۈمەت قاتىلنى جازالىسا بولىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىدىن توساپ قالسا بولىدۇ. قاتىلدىن ئۆلۈمنى ئەپۇ قىلغاندا قاتىلنىڭ دىيەت بېرىشى لازىم. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم﴾.

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىللىرىگە الله تائالا تەرەپتىن تەۋسىيە شۇكى، قاتىلدىن ئەپۇ قىلغىنىغا ئەگەشتۈرۈپ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە دىيەتنى تەلەپ قىلىپ ئىغىرلاشتۇرماي ئېلىشى لازىم. الله تائالانىڭ قاتىلغىمۇ قىلغان تەۋسىيەسى شۇكى، دىيەتنى ياخشىلىق بىلەن كەينىگە تارتماي قىسىۋالماي ۋە شەرىئەت بۇيرۇغان بويىچە ئادا قىلىشى لازىم.

ئەمما الله تائالانىڭ: ﴿بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن ) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر﴾ دېگەنلىكى، الله تائالا بەندىلىرىگە بۇ قانۇننى يولغا قويۇشتا ئەپۇنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ۋە دىيەتكە قانائەت قىلىدىغان يولنى كۆرسەتكەن نېمىتنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى بۇ يول قاتىلغا جازانى يېنىكلىتىش ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىللىرىگە پايدا يەتكۈزىدۇ. ئاندىن كېيىن الله تائالا بۇ ئايەتنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ يېقىنلىرى قاتىلنى ئەپۇ قىلىپ بولۇپ ئاچچىقىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قاتىلدىن ئىنتىقام ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ قاتىلنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەزەر قىلدۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾. يەنى دۇنيادا قىساس، ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ جازاسى بولغان دوزاخ ئازابى بار.

## قاتىلغا ئاخىرەتتىكى جازا

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتنى قۇرئان كەرىم قىساس ئېلىشقىلا تاشلاپ قويماي قاتىلغا ئاخىرەتتە ئەبەدىي ئوت ئازابى بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[1].

قۇرئان مۇتلەق ھالدا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن مەيلى بىرسى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن، مەيلى باشقىسىنى ئۆلتۈرسۇن، ھەزەر قىلدۇردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى مۇسۇلمان ئىككى قىلىچ بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۇچراشسا، ئۆلتۈرگۈچىمۇ، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوزاختا تاشلىنىدۇ» دېگەن ئىدى. بىر كىشى سوئال سوراپ: قاتىلغۇ دوزاختا كىرسۇن، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمىشقا كىرىدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇمۇ يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىققان ئىدى» دېدى.

---

(1) سۈرە نىسا 93 ـ ئايەت.
(2) سۈرە فۇرقان 68 ـــ 69 ـ ئايەتلەر.

## سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى

سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ مەسىلىسىنى قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق﴾[1].

مەزمۇنى: مۆمىن ئادەمنىڭ بىرەر مۆمىننى ئۆلتۈرۈشى مۆمىننىڭ مۆمىنلىكىگە لايىق ئىش ئەمەس. مۆمىننىڭ ئەخلاقىمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ، بۇ جىنايەتنى سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالىدۇ. مەسىلەن: جاڭگال ھايۋىنىغا ئوق ئاتىدۇ، ياكى نىشانغا قارىتىپ ئاتىدىيۇ ئوق مۆمىن ئادەمگە تېگىپ كېتىدۇ. مۇنداق بولغاندا قاتىلنىڭ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى تەرەپكە دىيەت تۆلىشى لازىم.

دىيەت بولسا، يېشى ئوخشاش بولمىغان تۆگىدىن 100 تۆگە، ياكى 100 تۆگىنىڭ پۇلىنى بېرىشتۇر. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى دىيەتنى ئالمىسا، قاتىلدىن دىيەت چۈشۈپ كېتىدۇ.

## ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتنىڭ جازاسى

قول ۋە كۆزدەك ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتكە كەلسەك، ئىسلام قانۇنى بۇ جىنايەتنىڭ جازاسىنى، جىنايەتچى نېمە ئىش قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ئىشنى قىلىش، دەپ كۆرسەتتى.

الله تائالا قۇرئاندا: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ﴾[2] دېدى.

لېكىن بۇنداق قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئىككى ئەزا ئوخشاش بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالغاي كۆزنى قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭ ساق كۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇۋېتىلمەيدۇ.

---

(1) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

باشقا ئەزالارمۇ مۇشۇنداقتۇر. بۇ بولسا شەتسىز ئادالەتتۇر. قۇرئاندا: ﴿بىر يامانلىقنىڭ جازاسى ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر﴾ دەپ كەلدى. شۇنىڭدەك جاراھەتلەنگۈچىنىڭ قۇرئان تەشەببۇس قىلغان ئەپۇ قىلىش ۋە كەچۈرۈملۈك قىلىش يولىغا مۇۋاپىق بولۇش ئۈچۈن جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلىپ، قىساس تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىش ئىختىيارى بار. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿ھەر كىم ئەپۇ قىلىپ، ئارىلىقنى ئىسلاھ قىلسا الله تائالا ئۇ كىشىگە ئەجرى بېرىدۇ﴾ دېدى. جاراھەت قىلىنغۇچى ئەگەر قىساس ھەققىدىن كەچسە، ئۇ كىشىگە جاراھەتنىڭ دىيىتىنى بېرىش لازىم. ئەزالارنى جاراھەتلەندۈرۈشنىڭ دىيىتىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلىمالار پىقھ كىتابلىرىدا بايان قىلدى.

ئىنسانلار تەرەپتىن تۈزۈلگەن يېڭى قانۇنلار قىساس جازاسىغا ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە يۈرگۈزىدۇ. دېمەك، قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. لېكىن جاراھەتلەرگە قىساس جازاسى بەرمەيدۇ. يەنى قولغا قولنى، پۇتقا پۇتنى ئۇدۇللىمايدۇ. ئەزالارنى جاراھەتلەندۈرۈشنىڭ جازاسى ئۈچۈن جىنايەتچى پۇل تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ھەم قاملىدۇ، ياكى ئىككىنىڭ بىرسىنى قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئىسلام قانۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن جاراھەتلەندۈرۈشنىڭ جازاسىنى بىرخىل (جانغا جان كۆزگە كۆز، قۇلاقىقا قۇلاق ئالىدىغان) قىلغىنى ئۈچۈن قىساس قائىدىگە ۋە تەبىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار بىلەن قائىدىنىڭ ۋە شەيئىلەرنىڭ تەبىئەتنىڭ ئارىسى ناھايىتى يىراق. چۈنكى ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىدى. ھالبۇكى ئۆلتۈرۈش ۋە جاراھەت قىلىش جىنايىتى بىر خىل سەۋەبتىن يۈز بېرىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتىدا ئۇرماي ۋە جاراھەتلەندۈرمەي تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش بولمايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبى بىر تۇرلۇك غەزەپ ۋە بىر خىل سەۋەبتىن بولغان ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسى بىر خىل بولۇشى لازىم ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىدى.

## يولنى ئۈزۈش (بۇلاڭچىلىق) نىڭ جازاسى

بۇلاڭچىلار قوراللىق بىر گۇرۇھ بولۇپ كېچىدە، يا كۈندۈزدە يولدىن ئۆتكۈچىنى مارايدۇ. تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋىدۇ ۋە بولايدۇ. بۇلارنىڭ ئەھۋالى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

---

(1) سۈرە مائىدە 33 ـ 34 - ئايەتلەر.

بۇلاڭچىلارغا ئىسلام قانۇنىنىڭ ھۆكمى مۇنداق:

1 ـ بۇلاڭچىلار ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش.

2 ـ ھەم ئۆلتۈرگەن ھەم مال ـ مۈلۈك بولغان بولسا، ئۆلتۈرۈش ھەم دارغا ئېسىش.( دارغا ئېسىشتا بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپى بار).

3 ـ يولۇچىلارنى ئۆلتۈرمەي مال ـ مۈلكىنى بولغان بولسا، ئوڭ قول ۋە سول پۇتىنى ياكى سول قول ۋە ئوڭ پۇتىنى كېسىش.

4 ـ يولۇچىنى ئۆلتۈرمىگەن، مال ـ مۈلكىنى بولىمىغان، لېكىن قورقۇتقان بولسا، يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىش، (بەزى ئالىملار قاماش كېرەك) دەيدۇ.

ھۆكۈمەت ئۇلارنى تۇتۇشتىن بۇرۇن ئۆزلىكىدىن تەۋبە قىلغانلاردىن جازا ئەمەلدىن قالىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرى ئۇلارنىڭ گەردىنىدە قالىدۇ. مال بولغۇچى تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئالدىغا كېلىپ تەۋبە قىلسا، مال ئۆز ئىگىسىگە تۆلىتىپ بېرىلىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. يەنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۆلۈمنى ئەپۇ قىلسا، دىيەت تۆلەيدۇ. بولمىسا قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## "زىنا قىلدىڭ" دەپ تۆھمەت چاپلاشنىڭ جازاسى

قارا چاپلاش، بىركىشىگە زىنا قىلدى دەپ يالغاندىن ئاشكارا تۆھمەت چاپلاش، ياكى پالانى بالا باشقا ئادەمنىڭ بالىسى دىگەندەك يېپىق ھالدا ئايالنى قارىلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداق يالغان تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنىڭ جازاسى ئەگەر ئۇنىڭ، ئۇ كىشىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىپ تۇرغىنىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن تۆت نەپەر گۇۋاھچىسى بولمىسا، سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇش بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ. قارا چاپلىغۇچى مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن جازا ئوخشاش بولىدۇ. قارىلانغۇچى ئەر بولسىمۇ، ئايال بولسىمۇ ئوخشاش، بۇ جازانىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ: ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)﴾[1] دىگەن ئايىتىدۇر.

بۇ ئايەت يۇقىرىقى شەرتلەردىن مۇھىم بىر شەرتكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ بولسا، قارىلانغۇچىنىڭ مۇسۇلمان، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ھوشى جايىدا، ئەركىن ۋە ھاياتىدا زىنادىن ساقلانغان پاكىزە بولۇشتۇر. بۇ شەرتتە ئەر ـ ئايال ئوخشاش. ئەگەر ئۇ بۇرۇن زىنا قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان ئادەم بولسا، ئۇنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان ئادەم تۆھمەت قىلغۇچى بولمايدۇ. (يەنى سەكسەن دەررە ئۇرۇلمايدۇ).

---

[1] سۈرە نۇر 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە تائالا ئايەتتە ئاياللارنى قارىلىغانلىقلىرىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ، ”ئەلمۇھسىنات“ دېدى. چۈنكى ئايال كىشى زىنا قىلسا ياكى قارىلانسا، ئۇنىڭ زىيىنى خاس ئايالغىلا بولۇپ قالماي ئائىلە ۋە جەمەتلىرىگىچە ئەيىب - نومۇس پەيدا قىلىدۇ. ئايال كىشى تۆھمەتتىن ئاقرىپ بولغۇچە ئائىلە ۋەيرانچىلىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەركىشى قارىلانسا ئىش ئۇنچە ئەمەس.

شۇنىڭدەك اللە تائالا تۆھمەت قىلغۇچى ئەرلەرنىڭلا گېپىنى قىلىپ: ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان﴾ دېدى. چۈنكى ئاياللار ئادەتتە ھايالىق بولۇپ ئەرلەرنى زىنا قىلدى، دەپ قارىلاپ جار سالالمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەرلەر ئاياللارغا تۆھمەت قىلىدۇ.

زىنا بىلەن كىشىگە قارا چاپلىغانلىق ئۈچۈن جازالىنىشتا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوخشاشلىقىنى ۋە جازالىنىش ئۈچۈن قارىلانغۇچىنىڭمۇ ئەقلى ھۇشى جايىدا بولۇش، ئەركىن، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ھاياتىدا زىنادىن پاكىزە بولۇشى شەرتلىرىدە ئەر - ئايالنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھەدىس ئوچۇق كۆرسەتتى. بۇلار پىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى. كىشىنى زىنا بىلەن قارىلاپ تۆت گۇۋاھچىنى ھازىر قىلالمىغان كىشى سەكسەن دەررە ئۇرۇلۇشتىن باشقا ئۆمرى بويىچە بىرەر ئىش ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا ) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار﴾.

## لەنەت ئېيتىشىش مەسلىسى:

يۇقىرىقى جازا ئارىسىدا ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى يوق ئادەملەرنىڭ جازاسىدۇر. ئەمما ئەركىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ بىرسى بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى كۆرسە ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆت گۇۋاھچىسى بولمىسا، ئەرگە دەررە جازاسى بۇيرۇلماستىن بەلكى ئەرگە چىقىش يولى بېرىلىدۇ. بۇ يول بىلەن ئەركىشى بىر تەرەپتىن ئاچچىقىنى باسالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە يۈزلەنگەن نومۇسنى قوغداپ قالالايدۇ. بۇنىڭ بايانى مۇنداق: يات بىر ئادەم زىنادىن پاكىزە يات بىر ئايالنى يا ئەركىشىنى ”زىنا قىلدى“ دەپ قارىلىغان ۋە ئۇنىڭ بۇنى كۆزى بىلەن كۆرگەن تۆت نەپەر ئەر گۇۋاھچىسى بولمىسا، بۇ ھالدا قارىلىغۇچى سەكسەن دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئۆمرى بويىچە بىرەر ئىش ھەققىدە ئۇنىڭ بەرگەن ھەرقانداق گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. قارىلىغۇچى ئايال بولسىمۇ ھۆكۈم ئوخشاش.

ئەمما بىر ئەركىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى زىنا قىلدى، دەپ دەۋا قىلسا، شەرىئەت ئۇنى تۆت گۇۋاھچى بىلەن ئىسپاتلاشقا بۇيرۇمىدى. چۈنكى ئەقلى بار ئەركىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالىنى گۇمان بىلەن قارىلاپ زىنا قىلدى، دەپ جار سېلىشى ئۆزىگە پايدىلىق ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭ ئەيىب نومۇسى ئەرنىڭ ئۆزىگىلا بولماستىن ئوغۇللىرى، قىزلىرىغىمۇ يۈكلىنىدۇ. ئوغۇل - قىزلىرى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى يۈز - ئابرۇيى چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىشى ئۆز ئايالىنى زىنا قىلدى دەپ قارىلىغان ھالەتتە ئەر بىلەن ئايال

مەھكىمىدە بىر ـ بىرىگە لەنەت ئېيتىشىدۇ. دەسلاپ ئەركىشى قازى ئالدىدا: ”اللە نىڭ ئىسمى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: بۇ ئايالىم زىنا قىلدى دېگەن سۆزۈم راست“ دەپ بۇنى تۆت قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ: ”ئەگەر مەن يالغان ئېيتقان بولسام اللە ماڭا لەنەت قىلسۇن“ دەيدۇ. ئاندىن ئايال كىشى: ”اللە نىڭ ئىسمى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: ئەرنىڭ مېنى زىنا قىلدى، دېگەن سۆزى يالغان“ دەپ تۆت قېتىم تەكرارلايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ: ”ئەگەر ئېرىمنىڭ مېنى زىنا قىلدى دېگەن سۆزى راست بولسا، اللە تائالا ماڭا غەزەپ قىلسۇن“ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەركىشى تۆھمەت جازاسىدىن قۇتۇلىدۇ. ئەر ـ ئايال ئايرىلىپ كېتىدۇ. مەڭگۈ بىر ئۆيدە بولالمايدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىلى اللە تائالانىڭ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللە نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا اللە نىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللە نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللە نىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇ﴾[1] شۇنىڭ بىلەن ئەر ئايال ئايرىلىدۇ. ئەبەدىي يارىشالمايدۇ. ئەر قارىلىغان بالا ئانىسىغا قالىدۇ.

## زىنانىڭ جازاسى

ئىسلام شەرىئىتى (قانۇنى) زىنا قىلغۇچىغا جازا بېرىشتە مەيلى ئەر كىشى بولسۇن، مەيلى ئايال كىشى بولسۇن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان ئادەم بىلەن توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈردى. توي قىلغان ئەر ياكى ياتلىق بولغان ئايال زىنا قىلىپ سېلىپ، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى تۆت گۇۋاھچى بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ ئىقرارى بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇ 100 دەررە ئۇرۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىلى اللە تائالانىڭ: ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، اللە نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار. ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴾[2] دېگەن سۆزىدۇر.

ئەمما مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن بىر مۇسۇلمان ئادەم تۇرمۇشقا چىقىپ بولۇپ زىنان قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسى كۆپچىلىك ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تاش كېسەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ جىنايەتنىڭ بىرسىنى قىلمىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە

---

[1] سۈرە نۇر 6 ــ 9 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە نۇر 2 ـ ئايەت.

بولمايدۇ. ئۇ ئۈچ جىنايەت بولسا: ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەندىن كېيىن دىندىن يېنىۋېلىش، ئۆيلەنگەندىن كېيىن زىنا قىلىش ۋە ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت» دېدى. زىنانىڭ جازاسى ئەمەلىيەتتە زىنا قىلغۇچىنىڭ ئىقرارىغا باغلىقتۇر. زىنا قىلغان ئادەم ئۇنى ئۆزى ئىقرار قىلمىسا، زىنانى گۇۋاھ بىلەن ئىسپاتلاشقا مۇمكىن بولمايدۇ. گۇۋاھ بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن راست گەپ قىلىدىغان تۆت ئادەمنىڭ زىنانىڭ ئەمەلىيىتىنى ھەر بىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش لازىم. بۇ ئىش مۇمكىن ئەمەس بولسىمۇ ناھايىتى قىيىن. شۇنىڭدەك تۆت گۇۋاھچىنىڭ بىرى ئوچۇق گۇۋاھلىق بېرەلمىسە، قالغان ئۈچى تۆھمەتچى ھېسابلىنىپ تۆھمەت جازاسىغا تارتىلىدۇ.

زىنا جىنايىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنداق چوڭ شەرت قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى، خەلقلەر بىر ـ بىرىنى پەرۋاسىز ھالدا تۆھمەت بىلەن قارىلاپ ئابرۇيىنى چۈشۈرمىسۇن دېگەنلىك ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ زامانىسىدا زىنا قىلغۇچىنى تاش ـ كېسەك قىلغان ئەھۋاللار توغرىسىدا ئىلىپ بارغان تەكشۈرۈشلەردىن شۇنى بىلدۇقكى، زىنا قىلغۇچىنى جازالاش تۆت گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن بولغان. ھەتتا ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ ئىقرارىدا گۇمان كۆرۈلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمدىن ئۇنى جازادىن ساقلىنىپ قالسۇن، دەپ بىر قانچە قېتىم سوئال سوراپ ئىقرارىنىڭ راست ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلارشتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىدىن «زىنا قىلماي بەلكى سۆيۈپ سالغانسەن، بەدىنىنى تۇتۇپ سالغانسەن، دەپ سورىغان» دېمەك، شۇ قەبىھ گۇناھتىن ئۆزىنى پاكلىماقچى بولغان كىشىگىلا جازا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇلمايدۇ. تېنىۋالسا جازالانمايدۇ.

## بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى

بەچچىۋازلىق ئەخلاقىي جىنايەتلەردىن بولۇپ ئىنسانغا لايىق ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەتكە ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىقتۇر. شۇڭا الله تائالا ئۇنى زىناغا ئوخشاش پاھىشە (چېكىدىن ئاشقان قەبىھ قىلىق) دېدى. بەچچىۋازلىق كەڭ كۆلەمدە تارقالغان لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لۇتنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەۋمىگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس﴾[1].

ئاندىن كېيىن الله تائالانىڭ ئۇلارنى يامان قىلىقىغا ئاساسەن جازالىغانلىقىنى قۇرئان بىزگە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلىقلىرى

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 28 ـ ئايەت.

ئۇچۇن، ئۇلارغا بىز چوقۇم ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرىمىز﴾[1]. بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى ئىسلام قانۇنىدا زىنا جازاسى بىلەن ئوخشاش. بەزى ئالىملارنىڭ پىكرى شۇدۇر. بەزى ئالىملار: ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ۋە ئىنسانلارنى مۇنداق قەبىھ قىلىقتىن توسىدىغان ئىبرەت بولغىدەك شەكىلدە جازالايدۇ، دەيدۇ. بەزىلىرى: بەچچىۋازلىق قىلغان ھەر ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش لازىم، دەيدۇ.

## ئوغرىلىقنىڭ جازاسى

ئوغرىلىقنىڭ جازاسى ھەققىدە اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋەئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، اللہ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. اللہ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى: «ئوڭ قولى كېسىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلىپ بەرگەن.

## قول كېسىش جازاسى بېرىلىدىغان ئوغرىلىقنىڭ مۇنداق بىرقانچە شەرتلىرى بار

1 ـ ئوغرى ئەقلى ھوشى جايىدا ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولۇشى شەرت. ساراڭ ياكى كىچىك بالا ئوغرىلىق قىلسا قولى كېسىلمەيدۇ. بۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ھەم ئوغرىغا ئەدەب بېرىدۇ.
2 ـ ئوغرى ئۆزىنىڭ ئازراقمۇ ھەققى قوشۇلۇپ قالمىغان باشقا كىشىنىڭ مۈلكىنى ئوغرىلىغان بولۇشى شەرت. ئەمما ئوغرى ئۆزى شېرىكلەشكەن مالنى ئوغرىلىسا ئۇ، ئوغرىلىق ھېسابلانماي خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قول كېسىش جازاسى بېرىلمەي باشقا جازا بېرىلىدۇ.
3 ـ ئوغرىلىغان مالنى ئىگىسى ئاسراپ خەۋەر ئېلىپ تۇرغان يەردىن ئوغۇرلىشى شەرت. شۇڭا ئىگىسى يۇتتۇرۇۋاتقان نەرسىنى ئوغۇرلىغان، ياكى ئەتراپى توسالمىغان باغدىن مېۋە ئوغرىلىغان، ياكى باققۇچىسى يوق چارۋىنى يايلاقتىن ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا باشقا جازا بېرىدۇ.
4 ـ ئوغرىلانغان مالنىڭ بازار نەرقى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئاز بولماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسە ئۈچۈن قول كېسىلىدۇ» دېدى. بۇنى ئۆلچەم قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، شەرىئەت بىر قەدەر قىممىتى بار نەرسە ئوغرىلاشنى قول كېسىشنىڭ سەۋەبى قىلدى. شۇڭا بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئاز پۇللۇق نەرسىنى ئوغرىلىسا قولى كېسىلمەيدۇ. ئۇرۇش، ياكى بىر ئاز

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەت.

ۋاقىت قاماشتەك جازا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئوغرى بىر نەرسە ئوغرىلاش مەقسىتى بىلەن تام تەشسە، ياكى تامدىن ئاتلىسا، ئاندىن كېيىن بىرەر توسالغۇ سەۋەبىدىن نەرسە ئوغۇرلىيالمىسا، قولى كېسىلمەيدۇ.

5 ـ ئوغرىلىق قىلىش قاتتىق ئاچ قالغاندەك زۆرۈر ئېھتىياج سەۋەبىدىن بولماسلىقى لازىم. ئەگەر مۇنداق ئامالسىزلىقتىن ئوغرىلىق قىلغان بولسا، قولىنى كەسمەي يەڭگىلراق جازا قوللىنىش كېرەك. چۈنكى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئاچارچىلىق يىللاردا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى مەنئىي قىلغان ئىدى.

## قوزغىلاڭچىنىڭ جازاسى

ئىسلام ئىچكى تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئادىل بىر قانۇننى يولغا قويدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى الله نىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

مەزمۇنى: مۆمىنلەردىن ئىككى جامائە بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا ئىككى تەرەپنى الله تائالانىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا چاقىرىش بىلەن ئىسلاھ قىلىڭلار! ئەگەر ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرى الله نىڭ ھۆكمىگە قايىل بولغىلى ئۇنىمىسا، يەنە بىر تەرەپ قوبۇل قىلسا، الله نىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلماي تاجاۋۇز قىلغان تەرەپ بىلەن الله تائالانىڭ ھۆكمىگە باش ئەككەنگە قەدەر ئۇرۇشۇڭلار! ئەگەر سىلەر ئۇرۇشقاندىن كېيىن تاجاۋۇزدىن يانسا يەنە ئىككى تەرەپنى ياخشىلاشتۇرۇڭلار، ئادىل بولۇڭلار، الله تائالا ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

## ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى

ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسى قىرىق دەررە ئۇرۇشتۇر. چۈنكى ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكۈچىنى خورمىنىڭ نوتا شېخى ۋە كېپىشلەر بىلەن قىرىقنى ئۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاراق ئىچكۈچىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قىرىقنى ئۇرغان، ئەبۇ بەكرىمۇ (خەلىپە ۋاقتىدا) قىرىقنى

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ ئايەت.

ئۇرغان، ئۇمەر سەكسەننى ئۇرغان. بۇنىڭ ھەر بىرى (يەنى ھاراق ئىچكەن ئادەمنى مەيلى قىرىقنى ئۇرۇش مەيلى سەكسەننى ئۇرۇش تۇتىسا بولىدىغان) بىر سۈننەتتۇر. مەن سەكسەننى ئۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ ئىبرەت ئۈچۈن قىرىقتىن سەكسەنگىچە دەررە ئۇرۇش ھەققى بار. ھاراق ئىچكىنىگە راستچىل ئىككى ئادەم گۇۋاھلىق بەرسە ياكى ئۆزى ئىقرار قىلسا، ھەم ھاراق ئىچىشى داۋا ئۈچۈن ئىچكەندەك زۆرۈرىيەت ئۈچۈن بولمىسا ئاندىن جازالىنىدۇ.

## ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىقنىڭ جازاسى

ئىسلام دىنىغا ئىشىنىپ بولۇپ يېنىۋالغۇچى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى دىنىنى باشقا دىنغا ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھۆكمىنىڭ سەۋەبى، ئىسلام دىنى ھەرخىل ھەۋەس ۋە خىيالچىلارنىڭ دىنىنى زاڭلىق ئېتىپ، بىرەر مەقسەت ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇپ، يەنە بىرەر مەقسەت ئۈچۈن دىنىدىن چىقىپ يۈرۈشكە يول قويمايدۇ. مۇنداق قىلىشنى دىنىنى ئويۇنچۇق قىلغانلىق ۋە دىندارلارنى دىنىدىن ئازدۇرۇش دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا قۇرئان دىنىدىن يېنىشنى قاتتىق ئادەم ئازدۇرۇش دەپ ھېسابلىدى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن كۇفرىدا ئەزۋەيلىگەن (يەنى شۇ كۇفرى بىلەن ئۆلگەن) كىشىلەرنى اللہ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا (يەنى جەننەتكە) يېتەكلىمەيدۇ﴾[1].

## تەئزىر (مۇقىم ئەمەس جازا)

مۇقىم ئەمەس جازا بولسا، ھۆكۈمەت جىنايەتچىلەرنى ”جىنايەتتىن قول يىغىدۇ“ دەپ قارىغان مىقداردا ئەدەبلەشتىن ئىبارەت. كىم قۇرئاندا ياكى ھەدىستە جازاسى بەلگىلەنمىگەن بىر جىنايەتنى ئىشلىسە، ياكى جازاسى مۇئەييەن بولغان بىر جىنايەتنى قىلسىمۇ جازالاشنىڭ بەزى شەرتلىرى تولۇق بولمىسا، ھۆكۈمەت شۇ جىنايەتچىنى تەكرار جىنايەت قىلىشتىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئەدەبلەشكە كۇپايە قىلىدىغان جازا بىلەن ئەدەبلەيدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە ئۆزىنىڭ بىر رىسالىسىدە مۇنداق دېدى: ”جازالار ئىچىدە مىقدارى تەيىن قىلىنمىغان جازالارمۇ بار. بۇ، تەئزىر (مۇقىم ئەمەس جازا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. جىنايەتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە جىنايەت قىلغان ھالەتنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل جازا نەچچە خىل بولىدۇ. بەزىسى كايىش، بەزىسى يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىش بىلەن بولىدۇ. بەزىسى ئۇرۇش بىلەن

---

[1] سۈرە نىسا 137 ـ ئايەت.

بولىدۇ. ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدە مەخسۇس ئورۇنلاردا ئىقتىسادى جازا بېرىش (جەرىمانە قويۇشمۇ) يولللۇقتۇر.

مۇقىم ئەمەس جازا لازىم بولغان جىنايەتنىڭ بىرسى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ياكى بىر كىم ـ بىركىمگە ھىلە ـ مىكىر قىلىش ياكى گوللاش ياكى مىسقال، تارازىنى ئېغىر ـ يېنىك قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

تەئزىر (يەنى مۇقىم ئەمەس جازا) بېرىش كەڭ دائىرىلىك ئىش بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى ئەسكىنى ئوڭلاش، ئۇنىڭ خەتىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى توسۇش بولسىلا توغرا كۆرگەن كىشىگە ئەدەب بېرەلەيدۇ. مۇشۇ جازا قانۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئاللاھتىن چۈشكەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ئىنچىكىلىك بار. زامان ۋە ئورۇنلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قارىتا خەلقنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا مەخسۇس بىر ھالەتتىكى بىر جامائەگە مۇناسىپ كەلگەن جازا ئەھۋاللىرى، ئادەتلىرى باشقا بولغان بىر جامائەگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدا مۇددىتى توختالمىغان جازا، تېنچلىق ساقلاشنىڭ ئاساسلىق ئاملى ھېسابلىنىدۇ. ھەم ئۇ چارە جىنايەتلەرگە ئىنسان پسىخولوگىيەسى ئىلمى ۋە ئىلىم ئاساسىدا چارە قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىدىندۇر.

## تىنچلىق ساقلاش ئۈچۈن ئومۇمىي تەۋسىيەر

قۇرئاندا ۋە ھەدىستە تىنچلىق ساقلاشقا ئالاقىدار ئومۇمىي تەۋسىيەلەر بار. بۇنىڭ بىرى گۇۋاھلىقنىڭ راستىنى بېرىش. راست گۇۋاھلىقنى يوشۇرماسلىق توغرىسىدا قۇرئاندا كەلگەن ئايەتتۇر. چۈنكى جىنايەتلەرنىڭ تولىسىنى ئىسپاتلاش ئۇنىڭ گۇۋاھچىسىنىڭ بولۇشىغا باغلىق. شۇڭا قۇرئاندا: ﴿گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. الله قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾[1] دېدى.

يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى شەرىئەت چوڭ گۇناھلاردىن قىلىپ، ئۇنى الله غا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش جىنايىتى بىلەن بىر قاتاردا كۆرسەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش الله تائالاغا شېرىك قىلىشقا باراۋەر قىلىندى، دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ بولۇپ: ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

يېقىندا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىنچلىق ساقلاش ۋە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن جازالارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەسىيەتلەرنى ئوتتۇرىدا قويىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] سۈرە بەقەرە 283 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ھەج 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر خەلقلەرگە دەۋا قىلغان نەرسىنى بۇيرۇپ بېرىلىدىغان بولسا چوقۇم خەلقلەر كىشىلەرنىڭ قانلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىمۇ دەۋا قىلىدۇ. لېكىن دەۋا قىلغۇچىنىڭ ھۆججەت گۇۋاھى بولۇشى لازىم. تانغۇچى قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئادەمگە مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ـ مۈلكىگە تېگىش ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈش ھارام».

«ھەركىم ئۆز مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىشقا، بالىسىدىنمۇ، دادىسىدىنمۇ ۋە بارچە خەلقدىنمۇ ھەقلىقراقتۇر»، «كىشىگە زىيان ئۇرۇش يوق. بىر ـ بىرىگە زىيان ئۇرۇش يوق» ۋە «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن سەھۋەن قىلغان گۇناھلىرى، ئۇنتۇپ قالغان ئىشلار مەجبۇر قىلىنىپ قىلغان گۇناھلار كۆتۈرۈۋېتىلدى» دېدى.

## جازادىكى باراۋەرلىك

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قەدىمقى قانۇنلاردىن ئايرىملىقى، جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا ئايرىماستىن باراۋەر جازا بېرىشتۇر. بۇ بولسا ئىسلام قانۇنىنىڭ ئادىللىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. روم دۆلىتىنىڭ جازا قانۇنى خەلقلەر قاتلاملىرىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ئۇ قانۇن مۇنداق دەيدۇ: ”ئەخلاقىي تۈزۈك تۇل ئايالغا، ياكى قىز بالىغا چېقىلغان ئادەم ئېسىل ۋە كاتتا ئائىلىدىن بولسا، ئۇنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تۆۋەن تەبىقىدىن بولسا، ئۇنىڭ جازاسى دەررە ئۇرۇش ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىشتۇر“.

ئەمما ئىسلام دىنى جازانى ھەممە ئادەمگە باراۋەر يۈرگۈزدى. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇركى، قۇرەيشلەرنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايال كىشىنىڭ ئىشى غەمگە سېلىپ قويىدى. ئۇلار: بۇ ئايال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىم گەپ قىلالايدۇ؟ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىشكە ئۇسامە ئىبنى زەيددىن باشقىسى جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇ ھەققەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەك يېقىن، دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇسامە بۇ توغۇرلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللہ نىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن (جىنايى ھۆكۈملىرىدىن) بىرىگە شاپائەت تەلەپ قىلامسەن؟» دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبىگە چىقىپ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر، ئەگەر ئىچىدىن ئابرويلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلىرى ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان ئىدى. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتتىم»[1]. ئەسلەپ كۆرۈشكە تېگىشلىك شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام قانۇنىنى ھەممە كىشىگە ھەتتا ئۆزىنىڭ قىزى بولسىمۇ

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئوخشاش يۈرگۈزۈشتىن چېكىنمەيدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى. بۇ شەكسىز راست. ئەگەر قانۇن ئاجىز بىلەن كۈچلۈككە يۇقىرى بىلەن تۆۋەنگە ئوخشاش نىسبەتتە يۈرگۈزۈلمىسە، بۇ ئىش كۈچلۈكلەرنى ئاجىزلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىشقا، تاجاۋۇز قىلىشقا، جازادىن خاتىرجەم ھالدا دەپسەندە قىلىشقا قۇترىشى بولىدۇ. بۇ چاغدا يۇرتلارنىڭ ئاۋاتلىقىنىڭ ئۇللىرىنى چوۋۇپ تاشلايدىغان باش ـ باشتاقلىقنىڭ ئۆزى دەل ئۇ بولىدۇ.

## ئىسلامنىڭ جازالىرىنىڭ ئادىللىقى

بۇ بەھسىمىزنى، ئىسلامنىڭ جازالاشلىرى قاتتىق، مەدەنىيەت روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، زىنا قىلغۇچىنىڭ ئېرى ياكى ئايالى بولسا تاش كېسەك بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆيلەنمىگەن زىناخور **100** دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، ھاراق ئىچكۈچى **40** دەررە ئۇرۇلىدۇ، دەپ قارايدىغان شۈبھىلەرنى رەت قىلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرىمىز.

بۇ شۈبھەنى يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، الله تائالا تەرەپتىن چۈشكەن شەرىئەتلەر ۋە ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىشانى بەش تۈرلۈك زۆرۈر نەرسىنى مۇھاپىزەت قىلىشتۇر. يەنى جانىنى، ئەقلىنى، مال ـ مۈلۈكنى، نەسل ـ ئەۋلادنى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇينى مۇھاپىزە قىلىشتۇر. چۈنكى بۇ بەش تۈرلۈكنى ئاسراشتا يېتەرسىزلىك قىلىش ياكى تاجاۋۇز قىلىش بولسا، تالاش ـ تارتىش زىددىيەتكە، قان تۆكۈشكە، تىنچلىقنىڭ يوقلىشىغا، يامانلىق ۋە بوزۇقلۇقلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇزۇقلۇقنىڭ قۇيرىقىنى كېسىدىغان چارە بىلەن مەزكۇر بەش نەرسىنى ئاسراپ قېلىشقا كۈچى يەتمىدى. چۈنكى قانۇنلار زىنانى مۇئەييەن ھالەتلەردىن باشقىسىدا چەكلىمىدى. كۆپىنچە ھالەتلەردە ئىككى تەرەپ رازى بولۇشسا رۇخسەت قىلدى. شەخسىي ئەركىنلىكنى باھانە قىلىشتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى تاشلانغان بالىلارنىڭ كۆپ بولۇشى، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ياشلارنىڭ ئۆيلىنىشتىن باش تارتىشى قاتارلىقلار بولدى. شەخسىي ئەركىنلىكنى باھانە قىلىش رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مەشھۇر قائىدىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيان كەلتۈرمەيدىغان ئىشلاردا شەخسىي ئەركىنلىكى بار. تەجرىبە ۋە كۆزدە كۆرۈش بىلەن شۇ ئىسپاتلاندىكى زىنا بولسا، زىنا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە تەن ـ سالامەتلىكى جەھەتتىن ۋە ئەدەب جەھەتتىن زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئائىلە ـ جەمەتلىرىگىمۇ زىيىنى يېتىدۇ. ئۇ، زىيان بولسا، ئىككىسىنىڭ ئابرۇيى ئىناۋىتىنى جىنايەت رەسۋالىقى بىلەن قارا قىلىشى بولۇپ، شەرقىي دۇنيا ئەللىرى ئالدىدا ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش تونۇلىدۇ. شۇڭا شەرق ئەللىرى ئۆزىنىڭ شەرىپىنى قوغداش يولىدا كىشىلەردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن زىنا تۈپەيلىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى كۆپەيدى.

شۇنىڭدەك ئادەملەر تۈزگەن قانۇنلار شەخسىي ئەركىنلىكنى باھانە قىلىپ مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت بەردى. بۇلار دوختۇرلارنىڭ مەست

قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ بەدەنگە زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى قارار قىلغان گۇۋاھلىقىغا ئاساسەن مۇنداق ئەركىنلىكنىڭ ئىنسانىيەتكە ئىشلەنگەن جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بۇ تېخى ئىقتىسادنى پايدىسىز يەرلەرگە خەجلەپ يوقىتىش زىيىنىدىن باشقا زىياندۇر. مەست قىلغۇچى نەرسىلەر ئەقىلغىمۇ زىيان قىلىدۇ. بۇ بولسا چوڭ بۇزۇقلۇقلارغا ئېلىپ بارىدىغان ئېغىر يامانلىقتۇر. بەزى چاغدا مەست ئادەم باشقا بىر كىمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئايالىنى ھەيدىۋېتىدۇ. ئۆيىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇنچە بالايى ئاپەتلىك جىنايەتلەردىن كىشىنى قاماش ياكى جەرىمانە قويۇش ياندۇرالامدۇ؟ تەن جازاسى بەرمىگىچە بۇ چارىلەر ياندۇرۇلمايدۇ. تەن جازاسى جانغا قاتتىق تېگىدۇ. تەن جازاسى بۇ جىنايەتچىلەرنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ جىنايەتتىن ياندۇرۇشقا ناھايىتى كامىل چارىدۇر.

بىر كىشىنى زىنا بىلەن قارىلىغۇچىنى 80 دەررە ئۇرۇشمۇ ئادىل جازادۇر. چۈنكى، زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىش كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىش بولۇپ، ئابرۇيلارنى ساقلاشنى پۈتۈن تۈزۈملەر تەلەپ قىلىدۇ. سەۋەب، پاكىزە ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلاش ئائىلىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ. مەخپىي ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە تېخى ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بولسا خەلقلەرنى شۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان قاتتىق جازاغا لايىق يامانلىقتۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشمۇ ئادىل قانۇندۇر. چۈنكى ئوغرى كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەخپىي ئالىدۇ. مال ئىگىسى بىخەۋەر قالغاندا ئۇنىڭ مېلىغا تاجازۇۋز قىلىدۇ. قورقىتىپ تۇرۇپ تاجاۋۇز قىلىدۇ. ئەڭ ئەتىۋار نەرسىسىنى بۇلايدۇ، بەزىدە مال ئوغرىلاش بىلەن بىللە مال ئىگىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. بەزى چاغدا ئوغرى، ئوغرىلىقنى تاماملاپ، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرۈپ قالغان باشقا ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار قوللانغاندەك ئوغرىغا قاماق جازاسى بېرىلسە، ئوغرى، ئوغرىلىق قىلىشتىن يانامدۇ؟ ئوغرىنى بىر مۇددەت قاماش بىلەن خەلقلەرنىڭ جانلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. شۇڭا ئوغرىلارنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى ھەتتا ئازايمىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەكسىچە ئوغرىلار بارغانچە كۆپەيمەكتە. چۈنكى جازالار ئۇلارنى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زاماندا ئوغرىلار ئىنتىزاملاشقان قوراللىق گۇرۇھ بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى ھۆكۈمەتتەك بولماقتا. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئەمەلىيەتلىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىز.

ئەگەر ئوغرىنىڭ جازاسى قولىنى كېسىش بولغان بولسا، ئوغرىلارنى قورقىتىپ ئوغرىلىقتىن توسالايتتۇق. تۈرمىلارمۇ ئوغرىدىن خالىي بولاتتى. جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىمۇ ئارام ئالالايتتى. مەھكىمە باشلىقلىرىمۇ بۇ تۈگىمەس بىئاراملىقتىن قۇتۇلالايتتى.

ئەگەر ئوغرىلىق جىنايىتىگە ئىسلام قانۇنى يۈرگۈزۈلسە ئىدى، ئوغرىلىق يامانلىقى يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ تاشلىناتتى. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىدە بۇنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن ئەرەبىستاندا تىنچلىق دېگەن نەرسە يوق،

ھېچكىم ئۆزىنىڭ جېنىدىن ۋە مال ـ مۈلكىدىن كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. سەئۇدىي ھۆكۈمىتى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى بىر قانچە قېتىم يۈرگۈزگەندىن كېيىن دۆلەت بۇ جىنايەتنىڭ تەكرارلىنىشىدىن خېلى دەرىجىدە خاتىرجەم بولدى. كېيىنلەردە لىۋىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئىسلام شەرىئىتىگە مۇۋاپىق، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئىنساپلىق ھەر قانداق كىشى ئىسلام يولغا قويغان جازالارنىڭ پەلسەپىسىگە مۇۋاپىق، شەخسلەر مەنپەئەتى ۋە جامائەتلەرنىڭ بەختى سائادىتى تەلەپ قىلغان جازالار ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ جازالارنى مۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئىجرا قىلىشقا يارىغاندەك بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىجرا قىلىشقا راسا يارايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

# يىگىرمە بەشىنچى بۆلۈم

## ئىسلامدا تەن ـ سالامەتلىك مەسىلىسى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: تەن ساقلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، پاكىزلىق، كىچىك تاھارەت ئېلىشنىڭ پايدىسى، مۇنچىغا كىرىشنىڭ پايدىسى، چىشنى تازىلاش، چاچنى ۋە تىرناقنى ئېلىپ تۇرۇش، نىجاسەتتىن ئۆزىنى تازىلاش، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەش ۋە تاپىنىڭ تۈرلىرى، يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋاننىڭ ۋە يىرتقۇچ ئۇچارلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ زەرەرلىرى، قان يېيىشنىڭ زەرەرلىرى، توڭگۇز گۆشىنى يېيىشنىڭ زەرەرلىرى، مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ زەرەرلىرى، كۆپ يېيىشتىن توسۇش، روزىنىڭ پايدىلىرى، ھەسەلنىڭ پايدىلىرى، داۋالىنىش، ساغلاملىققا زىيانلىق نەرسىلەردىن مەنئىي قىلىش، ھەيزدار ئايالدىن ئۆزىنى تارتىش، زىنانىڭ زەرەرلىرى، ئىتنىڭ نىجىسلىقى، نامازنىڭ پايدىسى ۋە جاننى قىيناشتىن توسۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

## تەن ـ سالامەتلىككە ئەھمىيەت بېرىش

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ بەدىنىنى ھەرخىل ئىللەت ۋە كېسەللەردىن ساقلايدىغان مەخسۇس يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى جان بىلەن تەننىڭ كۈچلۈك مۇناسىۋىتى بار. كېسەل ئادەم ھايات كەچۈرۈشتە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. دېمەك، كېسەل ئادەم ئىرادىسى ئاجىز، ئەزالىرى بوشاڭ، پىكرى چېچىلاڭغۇ ۋە مىجەزى سۇس بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەت ئادەملىرى ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدۇ. تېنى ساق ـ كۈچلۈك ئادەملەردەك جەمئىيەتكە ھەسسە قوشالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا قۇرئاندا بەدىنى كۈچلۈك، كۆڭلى پاك، ئەخلاقى تۈزۈك ئادەمنى مەدھىيلەپ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللارنىڭ) بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر»﴾[1].

شۇنىڭدەك ئىسلام بەدەن كۈچلۈكلىكىنىڭ ياخشى بىر ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە قۇرئاندا يەنە بىر ئايەت بار. الله تائالا تالۇت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«الله ھەققەتەن

[1] سۈرە قەسەس 26 ـ ئايەت.

سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى، الله سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر»﴾[1].

بۇ ئايەتتىكى خىتاب بەنى ئىسرائىلغا قارىتىلغان، الله تائالا تالۇتنى قوماندانلىققا تاللىشى ۋە باشقىلاردىن ئەۋزەل كۆرۈشى ئىككى سەۋەبتىن بولۇپ، بىرى ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، يەنى پىكىر ئۈتكۈرلۈكى ۋە خەلق ئىشلىرىنى پىلانلىق باشقۇرۇشقا يېتەرلىك ئىلملىك بولۇشى، ئىككىنچى بەدەن چوڭلۇقى، يەنى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئۈتكۈر بولۇدىغان دەرىجىدە بەدىنى تولغان بولۇشتىن ئىبارەت.

ھەدىس شەرىپمۇ كۈچلۈك مۆمىننىڭ ئەۋزەللىكىگە ئىشارەت قىلىشتىن خالىي ئەمەس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله غا كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە سۆيۈملۈكتۇر، ھەممىسىدە ياخشىلىق بار».

ئىسلامنىڭ تەن ساقلىقىغا ئالاقىدار كۆرسەتمىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن كىشى شۇنى كۆرەلەيدۇكى، ئىسلام مۇسۇلمانلارنى بۈگۈنكى يېڭى تىبابەت ئىلمى كۆپ كېسەللەرنى، ئۇ كېسەللەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىشقا يارايدىغان ۋە كېسەل بولغاندا ئۇنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى چەكلەيدىغان ئۇسۇل ـ قائىدىلەر دەپ ھېسابلىغان ئىشلارغا رىئايە قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئىسلام دىنى كېسەلدىن ساقلىنىش يوللىرىغا ئەھمىيەت بەردى. ئاندىن كېسەللەرنى يېڭىكلەشتۈرىدىغان يوللارغا ئەھمىيەت بەردى. بۇنى تۆۋەندىكى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ساقلىقنى ساقلاش يوللىرى، كېسەلنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر. كېسەل بولۇشتىن ساقلىنىشتۇر. دوختۇرلارنىڭ دەيدىغىنىمۇ شۇ. يەنى كېسەل بولغاندىن كېيىن دورا قىلغاندىن كېسەلدىن ساقلانغان ياخشى. شۇڭا مەدەنىيلەشكەن دۆلەتلەردە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى بارغانسېرى راۋاجلانماقتا. بۇ دۆلەتلەردە مەملىكەت خەلقىگە ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسە قاتارىدا دەرس بېرىلىدۇ. ئىسلامدا ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرى چوڭ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ھەر بىرىنىڭ تارماقلىرى بار. تۆت قىسىمنىڭ بىرى، پاكىزلىق. ئىككىنچىسى، يېمەك ـ ئىچمەككە دىققەت قىلىش، ئۈچىنچىسى، ئومۇمىي ساغلىق. تۆتىنچىسى، بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## تازىلىق

ئىسلام پاكىزلىققا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «تازىلىق ئىمان جۈملىسىدىن» دەپ كۆرسەتتى. ئىسلامنىڭ پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى مۇنداق ئىشلاردىن ئاشكارا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

1 ـ كىچىك تاھارەت ئېلىشنىڭ پايدىسى.

---

[1] سۈرە بەقەر 247 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسلامدا نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش يولغا قويۇلدى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتنىڭ پەرزلىرىگە قوشۇپ، ئېغىزنى چايقاشنى ۋە بۇرۇننى چايقاشنى، ئىككى قۇلىقىغا مەسھى قىلىشنى، تاھارەتتە يۇيىلىدىغان ئەزالارنى سىلاپ يۇيۇشنى، پۇت ۋە قول بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ يۇيۇشنى ۋە ھەر بىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇشنى يولغا قويدى.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشى ۋە ھەر ناماز ئۈچۈن تاھارەتنىڭ بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى كۈندە بەش قېتىم يا ئۈچ قېتىم يا ئىككى قېتىم تاھارەت ئالىدۇ. ھەركۈنى بىر قانچە قېتىم پاكىزە سۇ بىلەن كۆزنى يۇغاچقا كۆز ئاغرىقىدىن ساقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇرۇننى سوغاق سۇ بىلەن تازىلاش زۇكامدىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى. يۈز، قول ۋە پۇتلارغا ھەرخىل توپا - چاڭلار قونۇشى تېرە كېسەللىكلىرىگە ۋە ياللۇغلىنىشقا گىرىپتار بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇلارنى پات - پات يۇيۇپ تۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ. ھەر كۈنى بىر قانچە قېتىم بۇ ئەزالارنى يۇيۇش ئارقىلىق كېسەلدىن ساقلىنىشقا بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ئايدىڭلاشتىكى، نۇرغۇن مىكروپلار ئادەمگە تەر تۆشۈكچىلىرىدىن كىرىدۇ. ئەزالارنى تەكرار يۇيۇپ تۇرۇش كېسەلدىن كۈچلۈك قوغداپ قالغۇچىدۇر. تېرىنىڭ تاشقى قەۋىتى ھەر قانداق مىكروپنى بەدەن ئىچىگە كىرىشتىن توسىدۇ. ئەمما ئېغىز ئارقىلىق كىرىدىغان مىكروپلار پەقەت قولنىڭ پاكىزە ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن كىرىدۇ. قول داۋاملىق يۇيۇلغۇق پاكىزە تۇرسا ھەرقانداق مىكروپلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## چوڭ تاھارەت ئېلىشنىڭ پايدىسى

ئىسلام ئەر - ئايال جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كېيىن ياكى ئېھتىلام بولۇپ قالغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشنى بۇيرۇدى. قۇرئاندا: ﴿ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)﴾[2] دەپ بايان قىلىندى.

چوڭ تاھارەت (بەدەننى يۇيۇش) ئەر بىلەن ئايالغا ئوخشاشلا پايدىسى كۆپ ئىشتۇر. دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ۋە ئەمەلىيەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئاخىرلاشقاندا ئادەمنىڭ بەدىنى ئۆزىنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ بىرقىسمىنى يوقىتىدۇ. شۇ چاغدا ئادەمگە يوقالغان ماغدۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشتىن باشقا پايدىلىق ئىش يوق. بەدەن ئەزالىرى ئايرىم - ئايرىم سىلاپ سۈرۈپ يۇيۇلسا، ماغدۇر ئەسلىگە كېلىدۇ.

(1) سۈرە مائىدە 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە مائىدە 6 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## چىشلارنى تازىلاش

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى چىشلىرىنى مىسۋاك، يا باشقا نەرسە بىلەن تازىلاپ تۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «ئەگەر ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق بولۇپ قالمىسۇن دېمىگەن بولسام، ھەر نامازنىڭ ئالدىدا مىسۋاك قىلىپ چىشىنى تازىلاشقا بۇيرۇيتتىم» دېگەن. مىسۋاك دېمەك، ئىراك دەرىخىنىڭ ياغىچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۇششاق تۈۋتى بار. بۇ تۈۋتلار چىش تازىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تىببىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىراك دەرىخى خىمىيە جەھەتتە سىلىلوز تۈۋتلىرىدىن ۋە ياغ ماددىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدا خۇش پۇراق ۋە مەدەن تۇزلىرىدىن، كلوروروسسوديوم، كلوربوتاسىيۇم ۋە گەژ كېسلاتالىرىمۇ بار. مىسۋاك بولسا تەبىئىي چۆتكا بولۇپ مەدەن تۇزلىرى ۋە ئەتىرە ماددىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغانلىقتىن چىشنى تازىلاشقا ياردەم بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇن تەبىئى چىش چوتكا ئىشلەتكەن. ھالبۇكى باشقا ئەللەر چىش تازىلاش ئۈچۈن مىلادىيە 1800 ـ يىلىدا بىرىنچى قېتىم چىش چۆتكىسى ئىشلەتتى.

ئىنسان چىشىنى تازىلاپ تۇرمىسا، چىشى پۇرايدۇ. قۇرتلايدۇ. چىشىدىن بەدەنگە زەھەرلىك مىكروپلار تارقىلىدۇ ۋە باشقا كۆپ كېسەللەرگە سەۋەب بولىدۇ. چىش چوتكىسى ئىشلەتىشمۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

چىش تازىلاشنىڭ مۇھىملىقىنى باشقا ئەللەر تەجرىبە ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 18 ـ ئەسىردە بىلگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللہ تائالانىڭ ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن 7 ـ ئەسىردە بىلگەن ۋە مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلغان.

## تىرناق ۋە چاچلارنى قىرقىپ تۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەن ۋە باشقا ئەزالارنىڭ تازىلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇپ، بەدەندىكى زىيادە تۈكنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشقا ۋە تىرناقنى ئېلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «تەبىئى ئادەتتەك بولۇپ قالغان بەش تۈرلۈك سۈننەت بار. ئۇلار بولسا، كىندىكنىڭ ئاستىغا ئۈنگەن تۈكلەرنى ئۇستۇرا بىلەن تازىلاش. ئوغۇل بالىنى خەتنە قىلىش. بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش. قولتۇق تۈكىنى يۇلۇش ۋە تىرناقلارنى ئېلىپ تۇرۇش قاتارلىقلاردۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستىكى "تەبىئى ئادەتتەك" دېگەن سۆزى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى بىردەك ئەمەل قىلىپ كەلگەن قەدىمىي سۈننەت بولۇپ خەلقلەرگە اللہ ياراتقان خۇي ـ تەبىئەتتەك بولۇپ قالغان ئىشلار، دېمەكتۇر. بەزىلەر: مەزكۇر سۆزدىن "دىن" كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەيدۇ.

## نىجاسەتتىن ئۆزىنى پاكىزە تۇتۇش

ئىسلامدا مىكروپقا ئارىلاشقان ھەر قانداق نەرسىلەر ۋە ئىنسانغا يۇقۇملۇق كېسەلگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەر نىجاسەت نەرسىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام بۇ نەرسىلەردىن ئۆزىنى پاكىزە تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. قاننىڭ نىجىسلىقىنى، ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يوللىرىدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ نىجاسەت ئىكەنلىكىنى، بەدەندىن چىققان يىرىڭنىڭ نىجىسلىقىنى، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋان تاپىسىنىڭ ۋە كېسەللىك مىكروپ بار باشقا ماددىلارنىڭ نىجىسلىقىنى بايان قىلىشمۇ ئىسلامنىڭ بۇ نەرسىلەردىن ئۆزىنى پاكىزە تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىقىنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى ناماز ئوقۇغاندا كىيىم ـ كېچەكنىڭ نىجاسەتتىن پاكىزە بولۇشىنى ۋاجىپ قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿كىيىمىڭنى پاك تۇت﴾[1] دېدى.

تازىلىق ئۈچۈن ئىسلام يولغا قويغان ئىشلارنىڭ بىرى، ئىنسان ئۆزىنىڭ چوڭ ۋە كىچىك تەرىتىنى پاكىز سۇ بىلەن تازىلاش. سۇ يوق ياكى سۇ زىيان قىلىدىغان شارائىتتا تاش، چالما ـ كېسەك ۋە قەغەزدەك نەرسىلەر بىلەن تەرەتنى تازىلاش. تەرەتنى تازىلاش ئۈچۈن سول قولنى ئىشلىتىشنى بۇيرۇشى، ئوڭ قولنى تاماق يېمەك ۋە كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن دائىم پاكىزە ساقلاشنى يولغا قويۇشى ئىسلامنىڭ ھېكمىتىدىن بىرسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن قايسىڭلار بىر نەرسە ئىچسە، قاچىغا تىنمىسۇن. خالاغا كىرگەندە ئەۋرەتنى ئوڭ قول بىلەن تۇتمىسۇن. ئوڭ قول بىلەن ئېيتمىسۇن» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئىككى قولنى يۇيۇشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانسا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇماي تۇرۇپ قاچىغا تىقمىسۇن. چۈنكى ئۇخلىغاندا قولى قەيەردە تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكىزلىق ھەققىدە قىلغان تەۋسىيەلىرىنىڭ بىرى، «بىرىڭلار ئاقمايدىغان سۇغا كىچىك تەرەت قىلىپ ئارقىدىن ئۇ سۇدا ھەرگىز يۇيۇنمىسۇن» دېگەن تەۋسىيەسىدۇر.

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلھارسە كېسىلىگە ۋە باشقا كېسەللەرگە ئىشارەت قىلدى. چۈنكى بىر كىم ئاقمايدىغان سۇغا سىيسە، بولۇپمۇ بىرەر كېسىلى بار ئادەم سىيسە باشقىلارغا كېسەل يوقتۇرىدۇ. بۇ تېبىي سۇنى سېسىقلاشتۇرۇشنىڭ سىرتىدا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاقمىغان سۇغا سىيمەڭلار دېيىشىدە يەنە بىر ھېكمەت شۇنى، ئېقىن سۇغا سىيسە كېسەل يۇقمايدۇ ياكى يۇقۇش ئاز بولىدۇ.

---

(1) سۈرە مۇددەسسىر 4 ـ ئايەت.
(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم.

## يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە

ئىنسان بەدىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن تولۇق غىزالىنىشقا موھتاج. شۇڭا ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلارنى الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ پاكىزە ۋە ياخشىلىرىنى يېيىشكە، پاسكىنىلىرىغا يېقىن كەلمەسلىككە بۇيرۇغىنىنى كۆرىمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار! الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى﴾[1]. دېمەك قۇرئان ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننى، قانلارنى ۋە توڭگۇز گۆشىنى يېيىشنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

## ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننى يېيىشنىڭ زىيانلىرى ۋە ئۇ ھايۋاننىڭ تۈرلىرى

ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ تاپىسى گەرچە سەۋەبسىز ئۆلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ ھايۋان بىرەر سەۋەبسىز ئۆلمەيدۇ. ئەگەر كېسەل بولغانلىقىدىن ئۆلسە، ئۇنىڭ بەدىنى ئادەمگە زىيانلىق بولغان غەيرى تەبىئى ماددىلار بىلەن زەھەرلەنگەنلىكى نەتىجىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھەتتا زەھەرلىك مىكروپلار ئوت ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ زىيانلىق تەسىرى تۈگىمەيدۇ. مۇنداق ھالەتتە ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ئېچىپ قالغان تاماقتەك بولۇپ ھەر قانچە قىزىتىلىپ مىكروپلاردىن تازىلانسىمۇ، يەنىلا ئادەمگە داۋاملىق زىيان قىلىدۇ. ئۇنى يېيىش بەزى چاغدا ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر ھايۋاننىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆلۈشى قېرىغانلىقتىن بولسا، ئۇنىڭ زىيانلىق دەرىجىسىمۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن ھايۋان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى قېرىش دېمەك، بەدەن توقۇلمىلىرىنىڭ بىرسى يەنە بىرىدىن بۇرۇن ئۈزۈپىرىشى بولۇپ بەدەننىڭ ھۈجەيلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. توقۇلمىلارنىڭ بىرىنىڭ چۈۋۇلۇشى شۇ ھايۋاندا تەبىئىي ئاجىزلىقتىن ياكى شۇ ھايۋاننىڭ گۆشلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان تەدرىجىي كېسەللىك سەۋەبىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان گۆشىنىڭ ئادەمگە ئۇزۇقلۇق بولۇش قىممىتى ئازىيىدۇ، ياكى تەس سىڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بەزى كىشىلەر، ھاۋاسى سوغۇق يۇرتلاردا ئۆزلىگىدىن ئۆلگەن ھايۋان گۆشى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېيىلىدۇ، قانمۇ شۇنداق. ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى بوغۇزلىماستىن ۋە قاندىن ئايرىماستىن يېيىلىدۇ. بۇنىڭ بىرەر ئادەمگە زىيان قىلغانلىقىنى كۆرمىدۇققۇ؟ دېيىشى مۇمكىن.

---

[1] سۈرە بەقەر 172 ـ 173 ـ ئايەتلەر.

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، گۆشنىڭ قانغا ئارىلىششى سەۋەبى بىلەن زىيانلىق بولۇپ قېلىش ئەھۋالى ھاۋا كېلىماتى سوغۇق يۇرتلاردا ناھايىتى ئاز، ئىسسىق يۇرتلاردا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئىسلام بولسا پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن دىن بولغاچقا، گۆش ناھايىتى تېزلىكتە سېسىپ قالىدىغان ئىسسىق يۇرتلاردىكى ئەھۋالنىمۇ نەزەردە تۇتقان. تىببىي ئىلىمنىڭ تەكشۈرۈشىچە بوغۇزلاپ قانلىرىدىن ئوبدان تازىلانغان ھايۋان گۆشىنىڭ ياخشى غىزا بولۇشىدا ۋە زىيان قىلماسلىقىدا، ئەمما قانغا ئارىلىشىپ قالغان گۆشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

ئۆزى ئۆلۈپ ھايۋانلار بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئىسلام بىرەر ھادىسە يۈزىدىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىمۇ ھارام قىلدى. قۇرئاندا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشنى يېيىش) ھارام قىلىندى﴾[1].

گېلى بوغۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ناھايىتى تېز سېسىيدۇ. بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى تىببىي جەھەتتىنمۇ يېيىشكە يارىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ گۆشىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ. يومشاپ قارامتۇل بولۇپ قالىدۇ. سېسىق پۇرايدىغان شىلىمشىق بولۇپ قالىدۇ.

ئۆلگۈچە ئۇرۇپ تاشلاپ قويۇپ كېيىنرەك ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىمۇ ۋە دەرھال ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىمۇ ئوخشاشلا ھارام. ئېگىز يەردىن ۋە تاغدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ھايۋان گۆشىمۇ ھارام. ھايۋانلار ئۈسكەن سەۋەبتىن ئۆلگەن ھايۋان گۆشىمۇ ھارام. قۇرئان بۇلارنى ئالاھىدە ئوچۇق سۆزلىدى. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېگىز يەردىن يىقىلىپ ئۆلگەن ۋە ھايۋانلار ئۈسۈپ ئۆلتۈرۋاتقان ھايۋانلارنىڭ گۆشى قارا، شىلىمشىق ۋە بۇزاغ بولۇپ قالغاچقا دوختۇرلارمۇ بۇلارنى يېمەسلىكنى قارار قىلدى. ئەمما قاندىكى ياكى يىرىڭدىكى مىكروپلار ئېگىزدىن يىقىلغان ياكى ئۈرۈلگان سەۋەب بىلەن ھايۋان بەدىنىگە پەيدا بولغان جاراھەتكە يەتسە، بۇ تېخىمۇ زەھەرلىنىشنى زىيادە قىلىدۇ. جاراھەتلەرگە "غەنغرىنا" مىكروپى تارقالسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

## يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يەپ ـ ئېشىپ قالغان گۆشنى يېيىشنىڭ زىيانلىرى

ئىسلام دىنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ ئېشىپ قالغان گۆشنى يېيىشنى ھارام قىلدى. يىرتقۇچ ھايۋان بولسا يايلاق چارۋىلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ بىرەر ئىككىنى تۇتۇۋېلىپ يەيدىغان، مالچىلار ئۇنىڭدىن مالنى قوغداپ ھەمىشە پەخەسلىك بىلەن خەۋەر ئالىدىغان ھايۋانلاردۇر. يىرتقۇچلار چارۋىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ياكى بىر قىسىم گۆشىنى

---

[1] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېگەندىن كېيىن مالچىلار يىرتقۇچ ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىپ ئۇلاردىن ھايۋاننىڭ قالغان قىسمىنى تارتىۋېلىدىغان ئىشلار بولىدۇ. قانداقلا بولسا ئەسلىدە بوغۇزلاپ يېيىش ھالال بولغان مالنى يىرتقۇچ ھايۋان ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنى يېيىش ھارام. چۈنكى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا مىكروپلۇق قان ئارىلىشىدۇ. ياردار قىلىپ ئۆلتۈرسە، قان ئاققان بولسىمۇ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ زەھەرلىك مىكروبى ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىگە تارايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەتتە كېسەل تاپىلارنى يەيدۇ. ئۇنىڭ مىكروبى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئۆلگەن ھايۋاننىڭ تېنىگە تارايدۇ.

## يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋە يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ زىيانلىرى

تىرىك جانۋارلارنى تۇتۇپ يەيدىغان چاڭگال تىرناقلىق يىرتقۇچ ئۇچارلىقلارنىڭ ۋە مەرگەن چىشلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئىسلام ھارام قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنىڭ پەيلىرى قاتتىق، گۆشى بىرخىل رەڭلىك ۋە پۇرىقى سېسىق يېيىشسىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «چاڭگال تىرناقلىق جانۋار، مەرگەن چىشلىق ھايۋاننىڭ ھەرقانداقىنىڭ گۆشى سىلەرگە ھارام قىلىندى». بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ئىنساننىڭ ئاشقازىنىغا مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى بۇلار باشقا ھايۋانلار ۋە ئۇچارلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلىش بىلەن پەيلىرى ۋە گۆشلىرى قېتىپ كېتىپ ئاسان سىڭمەس بولۇپ قالغان.

## قاننى ئىستېمال قىلىشنىڭ زىيانلىرى

ئىسلام دىنى قاننى ئىستېمال قىلىشنى ھارام قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەر خىل مىكروپلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ، تۇغۇلىشىنىڭ ۋە تارقىلىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. ھەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن زەھەرلىك ماددىلار ئارىلاشتۇر. ئەگەر كېسەل ھايۋاننىڭ قېنى ئىشلىتىلسە، ئۇ قان تېخىمۇ چوڭ ھادىسىلەر كەلتۈرىدۇ. قان قەتئىي ھالدا غىزا ھېسابلانمايدۇ. قان ئىچىدىكى زەرداپ سۇمۇ ئەڭ ناچار نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

## توڭگۇز گۆشى يېيىشنىڭ زىيانلىرى

ئىسلام توڭگۇز گۆشىنى ھارام قىلدى. مۇسۇلمانلارنى توڭگۇز گۆشىنىڭ قۇرتىغا يېقىن كېلىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدى.

”بىتى ۋدىكسون“ دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: ”توڭگۇز گۆشى قۇرتىنىڭ ئاپەتكە يولۇقۇش بولۇپمۇ فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ئەنگلىيەدەك يەرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك بولدى. لېكىن بۇ ئاپەت شەرقىي يۇرتلاردا (ئىسلام دۇنياسىدا) ئاز تېپىلىدۇ. چۈنكى ئۇ يۇرتلاردا خەلقنىڭ دىنى توڭگۇز گۆشى يېيىشنى ھارام قىلغان. شۇنىڭدەك توڭگۇز گۆشى

ئادەمگە تېرىخىن كېسەللىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ كېسەل ھەققىدە تۆۋەندىكى ئەمەلىي دەلىللەرنى سۆزلىسەك كۇپايە قىلار:

1 ـ ھېچبىر مۇتەخەسسىس دوختۇر توڭگۇزنىڭ ھەر بىر پارچە پەي ۋە ئۇستىخانلىرىنى مىكروسكوپتا ئايرىم تەكشۈرمەي تۇرۇپ پالان توڭگۇزدا تېرىخىن مىكروپى يوق دېيىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقمۇ قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىمەن دېسە، بۇ ھايۋاننىڭ گۆشى تۈگەپ كېتىدۇ.

2 ـ توڭگۇز گۆشىدىكى مىكروپلارنىڭ ھەر بىر دانە چىشىسىدىن بىر قېتىمدا **1500** دانە ئۇرۇغ تۇغۇلىدۇ. ئۇلار توڭگۇز گۆشىنى يېگەن ئادەمنىڭ ئۈچەيلىرىدىكى پوتلا پەردىسىگە تۆكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىشى مىكروپلاردىن تۇغۇلغان مىليونلارچە مىكروپ قان ئايلىنىش يولى بىلەن پۈتۈن بەدىنىگە تارقايدۇ. مىكروپ باللىرى گۆش پەيلەرگە تويلىشىپ قاتتىق ئاغرىشقا ۋە ياللۇغلىنىشقا سەۋەب بولۇپ ئاخىرى پەي تۇقۇلمىلىرىنىڭ قاتتىق ئىششىپ قېلىشى ۋە قېتىپ قېلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

3 ـ بۇ كېسەلگە داۋالاش پايدا بەرمەيدۇ. بۇنىڭ چارىسى تېپىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا توڭگۇز گۆشى ئادەمگە بەزى سېسىق مىكروپلارنى يۇقتۇرىدۇ. ھەم ئىنساننىڭ تېز زەھەرلىنىشكە، قىزىپ كېتىشكە ۋە ئاشقازاننىڭ ئېچىشىش دەردىگە سەۋەب بولىدىغان باراتىفوت مىكروپىنى يۇقتۇرۇش بىلەن بىر قانچە سائەتتە ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## توڭگۇز گۆشى ۋە كولستىرول

يەنە بىر تەرەپتىن يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈش ئالىملىرى گۆشلەرنى خىمىيلىك تەركىبى جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، توڭگۇز گۆشىنىڭ باشقا گۆشلەردىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ياغلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن توڭگۇز گۆشى يېگۈچىلەرنىڭ بەدىنىگە كۆپ مىقداردا ياغ ئورناپ قالىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئالىملار شۇنى بىلدىكى، كولستىرول ماددىسى بولسا مەلۇم مىقداردا قان ئىچىدە ئېقىپ يۈرۈيدىغان بىر خىل ياغ بولۇپ، ياغ ۋە قايماقنى كۆپ يېگەندە قان تەركىبىدە كولستىرول كۆپىيىدۇ. كولستىرول بولسا تومۇر قېتىشىش كېسەللىنى ۋە يۈرەك كېسەللىنى پەيدا قىلىدۇ.

## ھاراق ئىچىشنىڭ زىيانلىرى

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن كېسەللەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ھاراقنى ھارام قىلدى. قۇرئاندا الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى،

پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾[1] دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھاراق، ھەممە ھاراق ھارام» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھاراققا، ھاراق ئىچكۈچىگە، ئىچۈرگۈچىگە، سېتىۋالغۇچىغا، ھاراق ساتقۇچىغا، ھاراق سىققۇچىغا، ھاراق سىقتۇرغۇچىغا، ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ بەرگۈچىگە، ئەكېلىپ بېرىلگۈچىگە الله تائالا لەنەت قىلدى». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ئۇ، پۈتۈن يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر».

ھاراقنىڭ ئاساسى، ئوخشاش بولمىغان مىقداردىكى كۇھۇل ماددىسى بولۇپ، بۇ ماددا ئىنسان بەدىنىدىكى ھەزىم قىلىش ماددىلاردىمۇ ئاز مىقداردا تېپىلىدۇ. بۇ ماددىنىڭ تىببىي جەھەتتىن پايدىسىمۇ بار. ئۇ ماددا ناھايىتى ئاز بولغاندا پايدىسى كۆرىلىدۇ. ئەگەر كۆپ بولۇپ قالسا، زىيان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھاراقنى ئۇزۇن مۇددەت ئىچكەندە بەكرەك زىيان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نېرۋىلەرگە ۋە بۆرەككە ياللۇغ پەيدا قىلىدۇ. قان تومۇرنى قاتۇرىدۇ. جىگەرنى قاترىدۇ. يۈرەكنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

بەزى كىشىلەر: نېمىشقا ھاراقنى ئاز ئىچىشمۇ چەكلىنىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن. جاۋاب شۇكى، كۇھۇل ماددىسى باشقا ماددىلارغا ئوخشىمىغانلىقىدىن، گەرچە ئۇ ئاز بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ۋە ھۆكۈم قىلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى بۇ ئادەم بۇرۇنقىدىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىرادىسى تەبىئىي ئىرادىسىدىن باشقا بولىدۇ. ئۇ ئادەم ھاراققا ئادەتلەنگەندە كۆپ ئىچىشنىڭ زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاز ئىچكەننىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنى توسۇشقا ئىگە بولالماي كۆپ ئىچىۋېتىدۇ. ئاز ئىچكەن ھاراقمۇ بەزىدە قوزغۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. (مەست قىلىدۇ) لېكىن ئىرادىنىڭ ئاجىزلىقى ئادەمنى ھاراق ئىچىش ئادىتىگە قۇل قىلىپ تاشلايدۇ. ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايدۇ. ھاراقنىڭ تەسىر قىلىشى ئادەمنىڭ قېنىغا **10** گىرام كۇھۇل ماددىسى يېتىشى بىلەن باشلىنىدۇ. **10** گىرام كۇھۇل ماددىسى بىر پىيالە ھاراقتا تېپىلىدۇ.

بەزى ئادەم ھاراق ئىچكەنلىكىدىن مەست بولمىسىمۇ ھاراق ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئەقلىگە، ۋە بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ. ھاراقنى ئاز ئىچكەن ئادەمنىمۇ تەكشۈرسەك ئۇنىڭ بىر نەرسىنى بىلىش ۋە مۆلچەرلىيەلىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە بىلەلەيمىز. مەسىلەن: ئۇ كىشى قەلەم، يا باشقا خەت يېزىش ئەسۋابلىرى بىلەن خەت يازسا يازغان خېتىدە خاتالىق ئادەتتىكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. ماشىنا ھەيدىسە مېخىش قائىدىسىگە ئوبدان رىئايە قىلالمايدۇ. ئىنىقلانغان ساندىن قارىغاندا قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ **13%** نى شوپۇرنىڭ ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن بولۇشى چوقۇم. ھاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىشمۇ قان بېسىمىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كۆتۈرۈلۈشنىڭ زىيىنى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇ ئادەمدە ئەسلىدە قان بېسىمى يۇقىرىلىقى بار بولسا، بۇنىڭدىن كېلىدىغان

---

[1] سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.

زىيىنى ھەسسىلەپ زىيادە بولىدۇ. ھاراقنى كۆپرەك ئىچسە قان بېسىمىغا قوزغۇلۇش پەيدا قىلىپ يېلىكتىكى تومۇر يېرىلىش بىلەن قولى ياكى پۇتى تۇتماس بولۇپ قالىدۇ. داۋالىنىش بىلەن بىر ئاز ساقىيىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن كۆپ قىسىم ئادەملەر ساقىيالمايدۇ. قان بېسىمى يۇقىرى ئادەمنىڭ دائىم ئارام ئېلىشىنىڭ لازىملىقى ھەممىگە مەلۇم. چۈنكى قوزغىلىش قان بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاندىن تومۇر يېرىلىش يۈز بېرىدۇ. مەست ئادەم ئۆزىنى باشقۇرالماي خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇشقا كېپىللىك قىلالمايدۇ.

ھاراققا ئادەتلەنمىگەن ئادەم ئىچسە ئاشقازىنىغا زەرداپ سۇ يىغىلىپ كۆڭلىنى ئايلاندۇرىدۇ ياكى قەي قىلدۇرىدۇ. كۆپرەك يۇتسا ئاشقازانغا ئېچىشىش پەيدا قىلىپ تاماق تەس سىڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

بەزى دوختۇرلارنىڭ قارىشىچە: ھاراقنى ناھايىتى ئاز ئىچكەندىمۇ ئاشقازان تىۋىتلىرىدىكى كېسەللىكلەرگە زىيانلىق. تاماقنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئۈچۈن بۇ كېسەللىكلەرگە ناھايىتى زۆرۈردۇر.

ھاراقنىڭ يامان تەسىرى بالىلارغىمۇ يوقىدۇ. چۈنكى مەست يۈرۈيدىغان ئادەمنىڭ بالىلىرىنىڭ تەن ساقلىقى ناچار. بەدەن قۇرۇلۇشى ئاجىز. ئەقلى كام. يامان ئىشلارغا ۋە جىنايەتلەرگە كۆڭلى يۈگۈرىدىغان بولىدىغانلىقى ئېنىقلانماقتا. تىببىي كىتابلارنى تەكشۈرگەن ئادەم ھەر خىل كېسەللەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوقۇپ كۆرگەندە ئەجەپلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى كېسەللەرنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ھاراق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يېڭى ئىلىمنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھاراق بىلەن داۋالىنىشنىڭ پەقەت پايدىسى يوق. ھاراق بىلەن داۋالىنىش پىكرى خاتادۇر. ئىسلام دىنى بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن كۆرسەتكەن. تارىق ئىبنى سۇۋەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: تارىق ئىبنى سۇۋەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھاراق توغرىسىدا گەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى ھاراقتىن توستى. ئۇ كىشى: ھاراقنى داۋا ئۈچۈنلا ياسايمەن! دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ھاراق دېگەن داۋا ئەمەس. بەلكى ئۇ كېسەل» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

غەربلىك يازغۇچىلارنىڭ بەزىسى ئىسلامنىڭ ھاراققا قارىشى كۈرەش قىلىش قانۇنىنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ماختىدى. ”بىتنام“ ئىسىملىك يازغۇچى ئۆزىنىڭ ”قانۇنلارنىڭ ئاساسلىرى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: ”دۇنيانىڭ شىمالىدىكى دۆلەتلەردە ھاراق ئىنسانىنى گالۋاڭدەك قىلىپ قويىدۇ. جەنۇبىي دۆلەتلىرىدە ساراڭغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مۇھەممەدنىڭ دىنى مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنىڭ ھەممىنى ھارام قىلدى. بۇ ئىش مۇھەممەدنىڭ دىنىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بولىدۇ“.

## ئاش ـ تاماقنا ئاچكۆزلۈك قىلىشتىن توسۇش

ئىسلام شۇنىڭدەك ئاشقازان كېسەللىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئومۇمىي بىر باش ۋەزىپىنى كۆرسىتىپ بەردى. اللّٰه تائالا قۇرئاندا: ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1] دېدى.

بۇ قىسقا سۆز ساقلىنىش ساقلاش قانۇنلىرىدىن بىر قانۇندۇر. ھەر كىم بۇ قانۇننىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش قىلسا ئۆزىنىڭ ساقلىقىغا ۋە بەدىنىنىڭ كېسەلدىن يىراق بولۇشىغا كېپىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەزمۇندا مۇنداق دېدى: «ئادەم بالىسى ئۆزىنىڭ قورسىقىدىن يامان قاچا توشقۇزمايدۇ. ئادەم بالىسىغا بەلنى تىكلىگۈچىلىك بىر قانچە لوقما تاماق كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك يېيىشكە توغرا كەلسە، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تاماق يېسۇن، يەنە ئۈچتىن بىرىگە سۇيۇقلۇق ئىچسۇن، ئۈچتىن بىرى نەپەسنىڭ يۈرۈشۈشى ئۈچۈن قالسۇن».

ئادەم تاماقنى كۆپ يېسە، تاماقنى ئاشقازان ئاسان ھەزىم قىلالمايدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى تاماق سىڭمەس بولۇپ قالىدۇ. ئاشقازان كېڭىيىش ھادىسىمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە كۆڭلى غىزا تارمايدىغان ئىشتىھاسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر زورلاپ يېسە، ئۇنى سىڭدۈرەلمەي بەزىدە قەي قىلىش، ئىچى سۈرۈش ياكى قەۋزىيەت بولۇپ قىلىش ۋە ياكى باش ئاغرىشتەك ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تاماق يېگەندە ئىسراپ قىلىش (يەنى تويسىمۇ يەنە يېيىش) ئەگەر ئاشقازان كېسىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ بەدەننى سەمرىتىپ قويىدۇ. ئاندىن يۈرەك كېسىلى، قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسىلى، بۆرەك كېسىلى ۋە شېكەر كېسىلى قاتارلىقلار كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## روزا تۇتۇشنىڭ پايدىلىرى

نۇرغۇن كېسەللەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلام روزا تۇتۇشنى يولغا قويىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار روزىنىڭ يەنە تۆۋەندىكى كېسەللەرگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئىپنىقلاپ چىقتى.

1 ـ بەلغەم ماددىلىرى ۋە كىراخمال ئاقسىل ماددىلىرىدىكى ئېچىتقۇ بىلەن بىرلەشكەن سۇزۇلما ئۈچەي بىئاراملىقى كېسىلى بولۇپ، بۇنىڭغا روزا تۇتۇش پايدىلىق. بولۇپمۇ ئىككى قېتىملىق تاماق ئارىلىقىدا سۇ ئىچمەسلىك پايدا قىلىدۇ. ھەم ئىككى ۋاخ تاماق ئارىسىدا ئۇزۇنراق ۋاقىت ئۆتۈشى لازىم. مەسىلەن رامىزان روزىسىنىڭ ۋاقتىدەك.

2 ـ تاماقنى كۆپ يەپ ھەرىكەتنى ئاز قىلىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئېغىرلىق كېسىلى بولۇپ، بۇنىڭغا ئىپتاردا تاماقنى نورمال يەپ، سوھۇردا پەقەت سۇ نىلا ئىچىپ، روزا تۇتۇش باشقا ھەرقانداق داۋادىن پايدىلىق.

[1] سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3 ـ ۋۇجۇتتىكى سىقىلىش كېسىلى بولۇپ، بۇ كېسەل تۇرمۇش راھىتى كۆپىيىش ۋە ئاسان ھاياجانلىنىش بىلەن بارغانچە كېڭىيىدۇ. بۇ كېسەل ئۈچۈن رامىزان روزىسى نېمەت ۋە بەرىكەت بولىدۇ.

بولۇپمۇ كىشىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى نورمالىقتىن ئېغىرراق بولۇپ قالغاندا روزا پايدىلىقتۇر.

4 ـ شېكەر كېسىلى بولۇپ، بۇ كېسەل قان بېسىم كېسىلىدەك كېڭەيمەكتە، دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بەدەننىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى ئېشىش بىلەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا روزا تۇتۇش پايدىلىق. چۈنكى ئۇرۇقلاشقا باشلاش بىلەن شېكەر تەركىبى ئازىيىدۇ ۋە قاندىكى شېكەر ماددىسى تاماق يەپ بەش سائەت ئۆتكەندە يەڭگىلرەك شېكەر سىيىش ھالەتلىرىدىكى تەبئىي ئۆلچەمدىن ئازىيىدۇ. تاماقتىن ئون سائەت كېيىن خېلى كۆپ تۆۋەن چۈشىدۇ. غىزا ـ تامىقىنى ئۆلچەملىك يېيىشكە دىققەت قىلىش بىلەن روزا تۇتۇش بولسا، بۇ كېسەلگە ھەتتا ئىنزولىن (ئاشقازان ئاستى بېزى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىنمۇ ئەڭ ئۇنۇملۇك چارىدۇر.

بولۇپمۇ كىشىنىڭ بەدىنى ئادەتتىكىدىن ئېغىرلاشقاندا ۋە بۇ كېسەلگە ئىنزولىن تەرىپىدىن چارە تېپىلمىغاندا روزىدىن باشقا داۋا يوق.

5 ـ بۆرەكنىڭ ياغلىشىش ۋە ئىششىق تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان ئۆتكۈر ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىق بۆرەك ياللۇغى كېسەللىرىگە روزا پايدا قىلىدۇ.

6 ـ يۈرەك ئىششىقى كېسەللىرىگە روزا پايدا قىلىدۇ.

7 ـ نېرۋىدىكى سوزۇلما ياللۇغلىنىشلار، بولۇپمۇ خانىملارنىڭ 40 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن سەمرىپ كېتىش تۇپەيلىدىن كەلگەن بوغۇملار ياللۇغى كېسەللىكلىرىدەك كېسەللەرگە روزا مەنپەئەتلىك.

بەزى كىشىلەر، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا روزىنىڭ ئۈنۈملۈك دورا بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىر كېسەلگە دوختۇرنىڭ يول كۆرسىتىشىگە ئېھتىياج بار. ھالبۇكى مۇسۇلمانلارغا پەرز (قەتئىي بۇيرۇق) قىلىنغان روزا بولسا تېنى ساقلارغا پەرز قىلىندى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

ئەمما ساغلام ئادەملەرنىڭ روزا تۇتۇشى مەزكۇر كېسەللەرنىڭ ئالدىن ساقلىنىشقا پايدىلىق. چۈنكى بۇ كېسەللەر ئادەمگە دەسلەپتە سەزگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇ كېسەللەردىن ساقلىنىش چارىسى روزا تۇتۇش ئىكەنلىكىنى تىبابەت تەكىتلەيدۇ. بەلكى كېسەل ئالامەتلىرى ئاشكارىلىنىشتىن بۇرۇن قىلىنغان ساقلىنىش چارىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىز ئىنىقلانغان ساندىن مەلۇم بولۇشىچە، سېمىزلىكنىڭ ئارتىشى شېكەر سىيىش كېسىلىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھەم قان بېسىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشى ۋە سوزۇلما بوغۇملار ياللۇغى ۋە باشقا كېسەللەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇرۇقلاش ۋە بەدەن ئېغىرلىق ئۆلچىمىنىڭ ئازىيىشى بىلەن بۇ كېسەللەرنىڭ تەييارلىقى ئازىيىدۇ (ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ).

## ھەسەلنىڭ پايدىلىرى

ھەسەلنىڭ پايدىلىرىنىڭ مۇقەررەرلىكى ھەققىدە اللّٰه تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن. ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل ـ چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن». ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (اللّٰهنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾[1].

قۇرئان مۇقەررەر قىلىدۇكى، ھەسەل ھەرىسى قورسىقىدىن چىقىدىغان ھەسەل ئىنسانلارنىڭ بەزى كېسەللىرىگە شىپا بولىدۇ. بۇ بولسا قۇرئاننىڭ يېڭى تىبابەت ئىسپاتلىغان ئىلمىي مۆجىزىسىدۇر. ھەسەلنىڭ تەركىبىنى خېمىيەۋى تەھلىل قىلساق **40%** دىن **25%** غىچە گىلوكوز بارلىقىنى بىلدۇق.

ھەسەلدىكى گىلوكوز ئاساسلىق گىلوكوز بولۇپ، تىبابەتنىڭ كۆپ كېسەلگە قوللىنىش قورالىدۇر. تىبابەت ئالغا باسقانسېرى ھەسەل ئىشلىتىش كۆپەيمەكتە. ھەسەلنى ئېغىز بىلەنمۇ كىلىزما بىلەنمۇ تىرىگە ۋە تومۇرغا ئۇكۇل قىلىش بىلەنمۇ بېرىلىدۇ. قۇۋۋەت ئۈچۈنمۇ ۋە غىزا ئۈچۈنمۇ بېرىلىدۇ. جىگەر كېسەللىدىن كېلىپ چىققان سۈيدۈك، زەھەرلىنىش، ئاشقازان، ئۈچەي بىر ئارامىلىقى سەۋەبىدىن سۈيدۈك زەھەرلىنىشتەك بەدەندىكى ئەزالار كېسىلى سەۋەبىدىن زەھەرلىنىشكە قارشى ئىشلىتىلىدۇ.

ھەسەلنىڭ ئېغىز سويۇقلىقىنى ۋە شۆلگەينى كۆپەيتىش رولى بولۇپ، تاماقنى تەس يۇتۇش ۋە گال قۇرۇش، قۇرۇق يۆتەللەرگە پايدا قىلىدۇ. شۇڭا ھەسەلنى تىببىي جەھەتتىن كۆپىنچە غەرغەرە دورىسى، يۆتەل دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئەتتىگەندە بىر قوشۇق ھەسەلدە ناشتا قىلىش ھەم غىزادا سىڭىشلىق ھاسىل بولىدۇ.

## ئومۇمىي ساغلاملىق

مۇقىملاشقان ئىلمىي نەزەرىيەنىڭ بىرى شۇكى، ”كېسەل بولۇشتىن ساقلىنىش داۋالانغاندىن ياخشىدۇر“ نەزەرىيە بولۇپ ئىسلام بۇ نەزەرىيەنى تۆۋەندىكى ئىشلارنى يولغا قويۇش بىلەن مۇقەررەر قىلغان ئىدى.

**1** ـ داۋالىنىشقا چاقىرىش. دېمەك ئىسلام ئىنسانلارنى داۋالىنىشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر كېسەلنىڭ داۋاسى بار. قاچانكى داۋا كېسەلگە نەخ كەلسە، كېسەل اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىدۇ».

---

[1] سۈرە نەھل 68 ـ 69 ـ ئايەتلەر.

ئىسلام دىنى ساھىر ۋە سېھىرگەرلەرگە ئىشىنىشكە، ئاساسسىز سۆزلەرگە ۋە ۋەھىمە ـ خىياللارغا ئىشىنىشكە قارشى كۈرەش قىلدى. تىلسىملارنى ۋە جىنكەشلەرنىڭ سۆيكەشچىلىرىنى بىكار قىلدى. بەزى كېسەللەرنى جىندىن ۋە ئالۋاستىدىن كەلدى دەپ قارىغان ئادەملەرنى ئەخمەق ۋە ئەقىلسىز ئادەملەر دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى كېسەللەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تونۇشقا ۋە داۋالاش يولىنى تېپىشقا ئىنسانلارغا كەڭ يول قويىدى.

## ساغلىقنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى ئىشلاردىن توسۇش

ساغلىقنى ساقلاش ئۈچۈن قىسمەن ئىشلاردىن مەنئىي قىلىش قانۇنىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام يولغا قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام يېڭى تىبابەتتىن بۇرۇن ئىلگىرلىگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداق يەردە تائۇن (يۇقۇملۇق كېسەل) بارلىقىنى ئاڭلىساڭلار. ئۇ يەرگە كىرمەڭلار! سىلەر بار يەرگە ۋابا كېسىلى چۈشسە ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار!» دېگەن ئىدى. ياۋرۇپالىقلار بۇ قانۇننى بىلگەن بولسا ۋە ئۇلارنى مىلادىي 14 ـ ئەسىر ئوتتۇرىسىدا ۋابا ـ تائۇن تۇگىتىپ ئۆلتۈرگىلى تۇرغاندا ئۇلار بۇ قانۇنغا ئەمەل قىلغان بولسا، جانلىرىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ زىيىنى ئازراق بولغان بولاتتى. بۇ ۋابانىڭ ئۇلاردىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادىمى 25 مىليون دەپ مۆلچەرلەنگەن.

بۇ كېسەلنى موڭغۇللار جەنۇبىي روسىيەگە يۆتكەپ ئەكېلىشى بىلەن مىلادىيەنىڭ 1346 ـ يىلىدا ياۋرۇپاغا تارىلىشقا باشلاپ 1370 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان. ۋابا ـ تائۇن ياۋرۇپانى ئۆلتۈرۈگىلى باشلىغاندا مىلانو بىلەن بىندقىيە ھۆكۈمىتى بۇ كېسەلگە قارشى قانۇن چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قانۇننى راجوسا جۇمھۇرىيىتى بىر قەدەر تۈزۈپ قوللىنىش بىلەن سىرتتىن كىرگەن گۇمانلىق ئادەملەرنى توختىتىش ئۈچۈن شەھەردىن يىراق يەرلەرگە مېھمان كۈتۈشلەر تەييارلاپ، گۇمانلىق ئادەملەر بىر ئايدىن 40 كۈنگىچە بۇ يەردە توختىتىپ قويۇلدى.

شۇنىڭدەك ئىسلام ھايۋانلارنىڭمۇ يوقۇملىنىشتىن قوغداش ئۈچۈن چارە كۆرسەتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كېسەل ھايۋاننى ساق ھايۋان سۇ ئىچىدىغان قودۇقتا سوغۇرۇلمىسۇن» دېدى. بۇ ساق ھايۋان بىلەن كېسەل ھايۋان ئۇچرىشىپ قالمىسۇن، كېسەلى يۇقۇپ قالمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

كېسەلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ماخاۋ كېسىلى بولغان ئادەمدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قاچ!» دېگەن سۆزىدۇر.

## مېيتنى دەرھال دەپنى قىلىشقا ئالدىراش

ئىسلامنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن چارىلەرنىڭ بىرى مېيتنى ئۇنىڭ جان ئۈزگەنلىكى چوقۇم بولغان زامانىنىڭ ئۆزىدە دەپنى قىلىشقا ئالدىرىتىشىدۇر. چۈنكى

مېيتىنىڭ جەستى ناھايىتى تېز بۇزىلىدۇ. ساق كىشىلەرگە كېسەل ۋە ۋابا يوقىشى تېز بولىدۇ. شۇڭا مېيتنى ئۆزۈن ساقلىماي دەپنى قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يولغا قويغان سۈننىتىدۇر.

## ھەيزدار ئايالدىن ئۆزىنى تارتىش

كېسەلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەنئى قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشتۇر. قۇرئاندا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾[1] دەپ بايان قىلىندى.

ئىنسان بەدىنىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان نەرسىلەر ئىككى خىل بولىدۇ. بىر قىسمىنىڭ بەدەنگە پايدىسى بار. مەسىلەن: تاماق سىڭدۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغان سۈيۈقلۇقتەك، بالا نەسىللىنىشكە ۋاستە بولىدىغان مەنىي سۈيۈقلۇقىدەك ياكى بەدەن قورۇلمىلىرى، توقۇلمىلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان سۈيۈقلۇقتەك. بۇ تۈرلۈكى "سەكرەتسئون" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۈيۈقلۇقلار ھاياتقا زۆرۈردۇر. بۇلارنىڭ زىيانلىقى يوق. پايدىسىز يەنە بىر تۈرلىكى بار بولۇپ، ئۇنى بەدەندىن تاشقىرىغا چىقىرىۋېتىش لازىم. بۇلار زەھەرلىك ماددىلاردىن تەركىبلەنگەن بولۇپ بەدەندە تۇرسا زىيان كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: سۈيدۈك، ئارقا تەرەت، تەر، ھەيزدەك. بۇ تۈرلىكى "ئەشكرەتسئون" دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەيزدار ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى ھارام قىلغان ئايىتى ئىسلامنىڭ ئىلمىي مۆجىزىسىدۇر (ھەركىمنى يېڭەلەيدىغان ئىلمىي پاكىت). چۈنكى بۇ ئايەت ئىنسانلارغا بەدىنىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ قانچە تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە قايسىسىنىڭ پايدىلىق قايسىسىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلمەيدىغان زاماندا ھەيزنىڭ پاسكىنا ۋە بەدەنگە پايدىسىز نەرسە ئىكەنلىكىدىن تەلىم بەردى.

بۇ ئايەتنىڭ: ﴿ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار﴾ دېگەن ئىككىنچى بۆلىكىگە كەلسەك، تىبابەتمۇ ئەرنىڭ ئايال بىلەن ھەيز ھالىتىدە مۇناسىۋەت قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتىكى مۇناسىۋەت ئەرگىمۇ ئايالغىمۇ ھەر ئىككىسىگە زىيانلىق سەۋەبتۇر. چۈنكى، ھەيز دېگەن بۇزۇق قان ۋە نىجىستۇر. ئۇنىڭدا بىر قانچە خىل زەھەرلىك مىكروپ بار. يېقىن كەلگەن ھامان ئەركىشىگە قىزىش ۋە تۇخۇش ياللۇغى پەيدا قىلىدۇ. ھەم ھەيز كۆرگەندە ئايال ئەزاسىنىڭ ئىچكى پەردىسى تاقىلىدۇ. ئەركىشى يېقىن كېلىپ قالسا بۇ پەردە يېتىلىپ ئۇ يەردىكى مىكروپلاردىن يوقۇملۇق كېسەل تارقىلىدۇ. مىكروپلار بالا

---

[1] سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياتقۇدىن ئۆتۈپ، ئايالنىڭ ئىچكى ئەزاسىغا كىرىپ ساقلىقنى يوقىتىپ زىيان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بەزىدە ھەيز توسۇلۇپ قالىدۇ. بەزىدە نىرۋە قوزغۇلۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇغان قېرىندىشىم! بۇگۈنكى تىبابەت قۇرئان ئارقىسىدىن قۇرئان باشلىغان يول بىلەن قانداق مېڭىۋاتقىنىنى ئويلاپ كۆرۈڭ!.

## زىنانىڭ زىيانلىرى

كۆپلىگەن جىنسىي مۇناسىۋەت كېسەللىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلام زىنانى ھارام قىلدى. چۈنكى، زىنا زىددىيەتكە، ئاتىسىز بالىغا، ئائىلە ۋەيرانلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ تىنچسىزلىقىغا ۋە باشقا پالاكەتلەرگە سەۋەب بولۇشتىن باشقا ئۇرغۇن كېسەل كەلتۈرۈپدۇ.

الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1].

زىنادىن ئىبارەت قەبىھ قىلىقنى ئىسلامنىڭ ھارام قىلىشى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئۈچۈنلا ئەمەس. بەلكى زىنانى ھارام قىلىشقا جىسمانىي ۋە روھىي ۋە ئەخلاقىي كېسەللەرگە زىنانىڭ سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەدەننىڭ پەي، قان ئايلىنىش، لىمفاۋى، تاماق سىڭدۈرۈش ۋە نەسىللىنىش ئەزالىرىدەك بەدەن قورۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە يېتىدىغان زەھىرى كېسىلى ۋە سۆڭەكلەرگە، سۆڭەك پەيلەرگە، بەدەننىڭ ھۆجەيرىلىرىگە، تېرىگە، كۆزگە، قۇلاققا سانسىز دەرت پەيدا قىلىدىغان خەتەرلىك زەھۋى كېسىلىنىڭ زىنانىڭ تەسىرىدىن كېلىدىغانلىقى، زىنانىڭ يامانلىقىغا يېتەرلىك ئىسپاتتۇر.

زىنا يەنە بۇنىڭدىن باشقا كەڭ تارقىلىدىغان يەل يارا ۋە جىنسى ئەزالىرىنىڭ يارىلىنىشى قاتارلىق كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ تەن ساقلىقىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن بۇ كېسەللەرنىڭ خەتەرلىرىنى ۋە قانداق يېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان مەخسۇس كىتابلارنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا زىنا يەنە سىزلام (ئەيدىز) كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ كېسەل چوڭ زېمىنى بىلەن دۇنيانى قورقۇتماقتا. بۇنىڭ مىكروبى ناھايىتى كىچىك بولۇپ پەقەت مىكروسوپ بىلەنلا كۆرىنىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى جىنسىي ئالاقە بولۇپ، ئەردىن ئايالغا، ئايالدىن ئەرگە يۇقىدۇ.

---

[1] سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت.

## ئىتنىڭ نىجىسلىقى

ئىسلامنىڭ تەن ـ سالامەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن سۆزلىگەن ھېكمەت (پەلسەپە) لىرىدىن بىرى ئىتنىڭ مۇقەررەر نىجىسلىكىنى ئوقتۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالىسا، قاچىدىكى نەرسىنى تۆكۈۋېتىپ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇسۇن، بىرىنچى قېتىمنى توپا بىلەن سۈرسۇن».

ئىت يالاپ ئاغزى ـ بۇرۇنى بىلەن پاسكىنا قىلغان ۋە ھەرخىل مىكروپ ۋە كېسەللەرنى يۇقتۇرغان قاچىدا ھېچكىم بىر نەرسە يېمىسۇن، دېگەنلىكتۇر.

بۇ بولسا ئىسلامنىڭ يېڭى تىبابەتتىن ئۇزۇن زامان بۇرۇن بېكىتكەن ئىلمىي مۆجىزىسى بولۇپ ئىتنىڭ ئادەمگە نۇرغۇن كېسەل يوقتۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

گېرمانىيەدە چىقىدىغان ”كوسموس“ ژورنىلىدا دوكتور ”جراد فىنستر“ نىڭ ”ئىت بېقىشتىن ياكى ئىتقا يېقىن كېلىشتىن پەيدا بولىدىغان خەتەرلەر“ دېگەن ئىسىم بىلەن يازغان ماقالىسىدا مۇنداق سۆزى بار: ”بۈگۈنكى زامانلاردا خەلقلەرنىڭ ئىت بېقىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىغان بولۇۋېلىشى بىزنى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلەرگە قاراپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىت بىلەن ئوينىشىش، ئىتنى سۆيۈش، قوللىرىنى يالىغىلى قويۇش، قاچىدا ئېشىپ قالغان تاماقنى يېگىلى ۋە يالىغىلى قويۇش خەتەرلىرىنى ئويلاپ كۆرىشىمىز كېرەك بولدى. مۇنداق ئىشلار ئىنسان تەبىئىتىدىن يىراق، ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت بولغاندىن تاشقىرى ساقلىقنى ساقلاش قانۇنلىرىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىشلىرىغا يول قويۇش سەۋەبىدىن ئىنسان ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان خەتەرلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىتلاردا ”شەرتى“ ئىسىملىك مىكروپ قۇرتى بار. ئىنسانغا يوقىدۇ. ھاياتىنى يوقىتىدىغان ساقايماس كېسەلگىمۇ دۇچار قىلىدۇ. ئىتنىڭ ھەر قانىدىقىدا ھەتتا ئەڭ كىچىك كۈچۈكىدىمۇ بۇ شەرتى قورتىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى“.

گوللاندىيەنىڭ فىرلىند ئۆلكىسىدە ئىتلارنى خىزمەتكە سالىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە ھەر بىر يۈز ئادەمدىن ئون ئىككىسى ئىتتىن يۇققان كېسەلگە دۇچار بولغانلىقى كۆزدىن كۆچۈرۈلدى. ئىسلاندىيە ئاھالىسىنىڭمۇ يۈزدە 43 ئادەم دۇچار بولغان. ئاۋىستىرالىيىدىمۇ ئاشۇ نىسبەتتە دۇچار بولغان. باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئىتقا ئارىلىشىش نۇرغۇن كېسەللەرگە بىۋاستە سەۋەب بولغان.

مەزكۇر دوكتور يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ رىئايە قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىرى، ئىت بىلەن ئويناشماسلىق، ئۇششاق باللارنى ئىتتىن قېچىشقا ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىتنى باللارنى قولىنى يالىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. باللارنىڭ تازىلىق ئورۇنلىرىدىن، بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدانلىرىدىن ئىتنى يىراق قىلىش لازىم. ئادەم تاماق يەيدىغان قاچىلاردا ئىتقا تاماق بەرمەسلىك، يېمەك ـ ئىچمەك بازارلىرىغا، ئاشخانىلارغا ۋە ئاممىۋي بازارلارغا ئىتنى كىرگىلى قويماسلىق لازىم.

ئومۇمەن، ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك يەرلەرگە ئىتتىنى يېقىن كەلتۈرمەسلىك لازىم.

## بەدەن چېنىقتۇرۇش

نامازنىڭ پايدىلىرى، ئىسلامدىكى ناماز بەندە بىلەن ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئارىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا قۇللۇق ۋە شۈكرى ئادا قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئىنساننى سەت قىلىق ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. (يەنى ھەر كۈنى بەش قېتىم الله بىلەن نامازدا كۆرۈشۈپ، تەلەپ ئىلتىجالىرىنى تىلەپ، مۇھەببەت بىلدۈرگەن مۇسۇلمان، الله تائالا ھەممە ئىشنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئىشىنىپ تۇرۇپ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ ۋە قورقىدۇ).

نامازنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە پايدىلىرىمۇ بار. بۇنى بۇ يەردە سۆزلەش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بولۇش تەسرەك. دېمەك ناماز ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەجبۇرىي بەدەن چېنىقتۇرۇش بولۇپ مۇسۇلمان بىر ئادەم ئۇنى ھەركۈنى جاپا تارتماستىن ۋە قىينالماستىن ئادا قىلىدۇ. بەدەننى چېخشتىدۇ. نامازدىكى ھەرىكەتلەرنى ئويلاپ كۆرسەڭ، ناماز بەدەن چېنىقتۇرۇشتا ھەربىي مەشىقكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەربىي مەشىق ۋە گىمناستىكا ھەرىكىتى پەيدا بولغىلى تېخى يۈز يىلدىن ئاشمىدى. نامازدىكى ھەرىكەت تەرتىپى يولغا قويۇلغىلى 1400 يىل بولدى. نامازدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن گىمناستىكا ھەرىكىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، نامازدىكى بەدەن ھەرىكىتى ھەرقانداق تۇردىكى چوڭ ـ كىچىك ئادەملەرگە ئوخشاش مۇناسىپ ۋە ھەم پۇختا ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ناماز "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئىككى قولنى كۆتۈرۈش ۋە ئىككى تاغاقنى بەدىنىنىڭ ئۈستۈگە مىدىرلىتىش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ بولسا "نىزام سۈۋەيد" دىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چېنىقتۇرۇشتۇر. "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ باشلاپ فاتىھە ۋە سۈرە ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆز تېنىنى ئالدىغا ئېگىپ ئىككى قولىنى تىزىغا تاقاپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلاردا بەل سوڭەكنىڭ گىرەلىرىنى چېخىتىش ۋە تىزنى ئارقىسىغا ئىتتىرىش ھەرىكەتلىرى بەدەنگە پايدىلىقتۇر. چېنىقتۇرۇش تۈزۈملىرى بەدەننى ئومومىي يۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھەرىكەتتە تەننى ئالدىغا ئېگىشنى يولغا قويىدى. لېكىن نامازدىكىدەك ئىككى ھەرىكەتنى بىللە ئېلىپ بارالمىدى. بۇ بولسا ناماز ھەرىكەتلىرىدىكى كامىل پەلسەپىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

سەجدىمۇ پايدىسى كۆپ بولغان بىر ھەرىكەت. سەجدىدە تېزنى ئېگىپ پۇتنى ئارقىغا چىقىرىش بولسا تىزنىڭ بەدەندىكى سۆڭەكلەرنىڭ قېتىۋېلىشىنى توسۇشقا پايدىسى بار. بەدەننى يەرگە ئېگىپ پىشانىنى يەردە قويۇش ئاشقازان ۋە تاماق سىڭدۈرۈش ئەزالىرىغا سۈركۈلۈش پەيدا قىلىپ تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋە قەۋزىيەت بولماسلىققا پايدىلىق ھەرىكەتتۇر.

سەجدە قىلىش خانىملارغىمۇ پايدىلىق. چۈنكى ئۇ بالاياتقۇنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇش رولى بار. بۇنىڭ بىلەن بالا ياتقۇ تولغۇشۇپ قېلىشتىن ۋە مايماق بولۇپ قېلىشتىن قوغداپ قېلىنىدۇ. سەجدە قىلىش ئاشقازاننىڭ تۆۋەن چۈشۈپ كەتكىنىنى قايتۇرۇشقىمۇ پايدىلىق. ھازىرقى زامان دوختۇرلىرى ئاشقازان تۆۋەنگە چۈشۈشنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى سەجدە ئىكەنلىكىنى قارار قىلىشتى.

بەدەن قورۇلمىلىرىنى ۋە مۇسكۇللارنى چېنىقتۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشنى ناماز ئارقىلىق ئادا قىلىشقا يۈيرۈشمۇ ئىسلامنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامىزىنى ئوغرىلايدىغان ئادەم ئوسال ئادەم» دېدى. نامازنى ئوغرىلاش دېگەن ئۇرە تۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش ۋە ئولتۇرۇشلارنى ئەستايىدىلىق بىلەن كامىل قىلماسلىقتىن ئىبارەت. بۇ ھەرىكەتلەرنى كامىل قىلىش يۇرەك بىلەن الله تائالادىن ئەيمىنىپ تۇرۇش ۋە الله نى دائىم ئەسلەپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ. الله تائالا نامازدا بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلمىغان كىشىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)﴾[1].

كۈندۈلۈك چېنىقىشنىڭ ياخشىسى ئادەمگە قىيىن كەلمەستىن پۈتۈن ئۈستىخانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگىلى بولىدىغان، ھەر يەردە ئاسان ۋە داۋاملىق بېجىرگىلى بولىدىغان، ھەم كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، چۈشتىن كېيىن ۋە كۈن پېتىش ئالدىدا كۈن پاتقاندىن كېيىن ۋە ئۇخلاش ئالدىدا ئۆتەيدىغان، ئىش - ھەرىكەت مەشغۇلىيەتلىرىگە تاقاشمايدىغان ۋاقىتلىرىغا بۆلۈنگەن ۋە ھەم بەدەن تازىلىقىغا رىئايە قىلىنىدىغان ھەرىكەتتۇر. ئۇ بولسا نامازدۇر.

## ئۆزىنى قىيناشتىن توسۇش

ئىسلام دىنى بەدەنگە چېنىقىش ھەققىنى بېرىشنى ۋە كۆپ چېنىقىشقا كەڭ ئورۇن قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى. لېكىن چېنىقىشنى ھەقىقىي مەقسەتتىن چىقىرىۋاتىدىغان دەرىجىدە جېنىنى قىيناماسلىقنى شەرت قىلدى. الله تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[2].

ناماز بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن بىللە جاننىڭ ئىبادىتى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى تېنى ساق ئادەمنىڭمۇ كېسەل ئادەمنىڭمۇ ئوخشاش ئادا قىلىشى لازىم. لېكىن كېسەل ئادەمگە نامازنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنىڭدىن ۋەزىپىنى يەڭگىللەشتۈردى. ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مەندە بوۋاسىر كېسىلى بار. نامازنى قانداق قىلىمەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «نامازنى ئۇرە تۇرۇپ

---

[1] سۈرە نىسا 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەر 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوقۇغىن، ئەگەر كۆچۈك يەتمىسە ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچۈڭ يەتمىسە يېنىڭچە يېتىپ ئوقۇغىن» دېدى. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

شۇنىڭدەك ئىسلام كېسەلگە ۋە مۇساپىر ئادەمگە رامىزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[1].

شۇنىڭدەك ئىسلام ھەج ئىشلىرىنى ئادا قىلىشقا جىسمانىي قۇۋۋىتى يەتمەيدىغان ئادەمدىن ھەجنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كېسەل ئادەمدىنمۇ جىھادنىڭ پەرزلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ﴾[2].

ئىسلامغا ئەمەل قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي بەخت سائادىتى ھەم جىسمانىي راھىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ روھىي مەنپەئەتلىرى بىلەن جىسمانىي مەنپەئەتلىرىنىڭ يوللىرىنى بىرلىكتە بايان قىلىدىغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.

بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئەمەلىيەتتە ئەقلىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بەزىلەر: ''ساغلام ئەقىل ساغلام تەندە بولىدۇ'' دېيىشتى. پات يېقىندا پۈتكۈل خەلقلەر ئىسلامدا تىنىنى كۈچلەندۈرۈشكە چوڭ چاقىرىقنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزدىن بىز شۇنى سۆزلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمىزكى، قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە كەلگەن، تىبابەت ئىلمى تېخى يېقىن زاماندىن تارتىپ كەشپ قىلىشقا باشلىغان ئىلمىي ۋە تىببىي مۆجىزىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە (الله تائالانىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن سۆزلىگەنلىكىگە) چوقۇم كۈچلۈك دەلىللەرنىڭ بىرىسىدۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە 184 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فەتىھ 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# يىگىرمە ئالتىنچى بۆلۈم

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئەقلىي دەلىللىرى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تەرجىمھالى، ئۆز جامائەسى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان تۈزۈتۈشلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قارىتىلغان گۇمانلارنى پاچاقلاپ تاشلاش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى اللہ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىزلىقى، پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولدا ماڭغاندا ۋە ھەر قانداق يەردە رىياكارلىق قىلمايدىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ ساھابىلىرىدا ئەكسى ئېتىشى، اللہ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللاپ كۈچ بېرىشى ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ راستلىقىنى ئىسپاتلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى ھاياتى

ھېچبىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھېچبىر شەرىئەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدەك كەسكىن ئەقلىي دەلىل ۋە ھۆججەت بىلەن ئىسپاتلانغان ئەمەس. سىزگە اللہ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن دەلىلنى بايان قىلىمىز:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىز خەلقى ئارىسىدا ساۋاتسىز ھالدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى، كىتاب ئوقۇپ باقمىغانلىقى، شېئىر ئوقۇپ باقمىغىنى، ئاممىۋى تەشۋىق سۆزلىمىگەنلىكى، بىرەر قەبىلىگە باشلىق بولۇپ باقمىغانلىقى، جىنكەشلىك قىلىپ باقمىغانلىقى ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدىن ۋە دىنلىرىدىن ھېچنەرسە تونۇمايدىغانلىقى دەلىل بىلەن ئىسپاتلاندى. ئەگەر مەزكۇر ئىشلاردىن بىرەرسىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا ئىدى، ئۇنى ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا رىۋايەت قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ئاڭلىغان ۋە بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى رىۋايەت قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ياكى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىشقا باھانە ۋە سەۋەب قىلىش ئۈچۈن جاھانغا تارقىتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگۈچە ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلدى. ھەر كىم قايىل بولىدىغان ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەمەلىيەت شۇكى، قايسى بىر شەخسنىڭ بىر قانداق ئىلىمدە كامىللىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەكچى بولسا، ياشلىق دەۋرىدە

ئۇنىڭ تەسىرى كۆرۈندۇ. ھالبۇكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا 40 ياشتىن بۇرۇن ھېچبىر ئىلىم - ئىرپانىنىڭ ئەسىرى كۆرۈنمىگەن، ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بار خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۆز جەمەتلىرىگە ھاياسىز ئىشلاردا، ئويۇن تاماشىلاردا ۋە بۇتقا چوقۇنۇشتا قوشۇلماي ئايرىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر قىلىندى. ئاندىن كېيىن خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشتىن ئىبارەت پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قۇرئان بىلەن كۈچلەندۈردى. قۇرئان ئۆتكەن زاماندىكى ۋە كەلگۈسىدىكى غەيب خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم ئەقلىي ۋە ئىلمىي ھۆججەتلەر بىلەن كۈچەيتىلگەن ئەقىدىلەرنى، ئەخلاقىي ۋە روھىي پەزىلەت قانۇنلىرىنىڭ راست ۋە توغرىراقىنى، روھىي ۋە جىسمانىي مەنپەئەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئىبادەتلەرنى ۋە سىياسىي قانۇن قائىدىلەرنىڭ ئادىلراقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس كىتابتۇر. بۇلارنى مۇشۇ كىتابتا باشتا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىسلاھاتى

ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتتە ۋە ئارقىمۇئارقا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن بارلىققا كەلسە ئەقىلغا سىغىدىغان، بولمىسا ئەقىلغا سىغمايدىغان چوڭ ئەھۋاللار قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن بارلىققا كەلدى.

ئۇ ئەھۋاللار:

1 - بىر - بىرىگە دۈشمەن قەبىلىلەر بولغان ئەرەبلەرنى بىرلەشتۈرۈش.

2 - ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ مىراس بولۇپ كەلگەن بۇت پەرەسلىك دىنىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسانىي ئۈستۈن مەرتىبىگە كۆتۈرىدىغان الله تائالادىن چۈشكەن دىنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش.

3 - ئەرەبلەرنىڭ خۇيلىنىپ كەتكەن جاھالەت ئەخلاقىنى ۋە ئۇلاردىكى ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاياق ئاستى قىلىش، جىسمانىي ھەۋەسكە چۆكۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئاجىز بىلەن كۈچلۈككە، ھوقۇقدار بىلەن ھوقۇقسىزغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئادالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىسلاھات پەيدا قىلىش بولدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەر بىرسى شۇ ئىشنىڭ ئۇلىنى قۇرغۇچىنى ئالاھىدە مەرتىۋىگە كۆتۈرىدىغان باشقا بىرى ئۇ مەرتىبىگە يېتەلمەيدىغان ۋە ئۇ كىشى ئۇچۈن تارىخىي كاتتا ئادەملەر ئارىسىدا ئەبەدىي نام قالدۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ قولى بىلەن بارلىققا كەلگىنىگە نېمە دەپ قارايسىز؟

بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئادەمنىڭ كۆڭلى قانائەت قىلىدىغان سەۋەب كۆرسىتىشكە موھتاج. ئالدىمىزدا پەقەت ئىككى پەرەزنىڭ بىرسى بار. ئۇنىڭ بىرى: قۇرئان كەرىم ئوچۇق

كۆرسەتكەندەك ۋە غەرەزدىن خالىي ئەقىل قۇۋۋەتلىگەندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە تەسلىم بولۇش. يەنە بىرى: مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمەس، يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە پىلان ـ تەدبىرى ۋە ياخشى باشقۇرۇشى بىلەن ئېرىشكەن دەپ تونۇشتىن ئىبارەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قارىتىلغان گۇمانلارنى پاچاقلاپ تاشلاش

ئەگەر بىر كىشى ئىككىنچى پەرەزگە يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر ئەمەس دەيدىغان قاراشقا مايىل بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشمىز ۋەدەللىللەشمىزكى، سىزنىڭ پەرزىڭىزگە تۆۋەندىكىلەرنىڭ بولۇشى لازىم.

1 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىنى راھىبلاردىن (خرىستىئان ئىبادەتچىلىرىدىن) ياكى يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان بولۇشى لازىم.

2 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتاب ئوقۇشنى ۋە خەت يېزىشنى ئوبدان بىلىدىغان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ دىنىي بۇرۇنقى قانۇن شەرىئەتلەردىن تاللاپ ئالغان بولۇشى لازىم.

3 ـ يالغاندىن ”مەن پەيغەمبەر“ دەپ دەۋا قىلغان بولۇشى لازىم.

4 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق ۋە ئىبادەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كۆرۈنۈشىدە رىيا بولۇشى، يەنى خەلقلەر كۆرسۇن، دەپ يالغاندىن سۈپەتلەنگەن بولۇشى ۋە شۇ رىيا بىلەن پۈتۈن ئۆمرىدە چاندۇرماي بىرخىل چىڭ تۇرۇش كۈچىگە يەتكەن بولۇشى لازىم.

5 ـ بۇ يالغاننى ۋە رىيانى ھەر شەخستىن ھەتتا ئۆزىنىڭ مەخسۇس دوستلىرىدىن ۋە ئاياللىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتۇشقا كۈچى يەتكەن بولۇشى لازىم.

6 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنچە يالغانچى ۋە رىياكار بولۇپ تۇرسىمۇ يەنە الله تائالا ئۇنى قوللىغان، دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە بەرگەن ۋە ھەممە ئىشقا ياردەم بەرگەن بولۇشى لازىم.

7 ـ باشقا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن كامىللىقلاردىن كۆپرەك كامىللىقلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان تۇرۇپ يەنە ”مەن پەيغەمبەر“ دىگەن سۆزنىڭ يالغان بولۇشى لازىم.

بۇ پەرەز ـ تەخمىنلەرگە غەرەزدىن خالىي ئەقىل بىلەن دەلىل ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىمىز.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ مەنبەئى الله تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى خرىستىئان راھىبلىرىنىڭ ياكى يەھۇدىي موللىلىرىنىڭ بىرىدىن ئۆگىنىۋالغان بولۇشتىن ئىبارەت بىرىنچى پەرەزگە كەلسەك، ئۇنى تارىخىي ئەمەلىيەت ھەممە تەرەپتىن رەد قىلىپ پاچاقلاپ تاشلايدۇ.

بەزى غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە قارىتا ئوتتۇرىغا چىقارغان شەك ـ شۈبھىلەرنىڭ بىرى بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى شامنىڭ بۇسرا شەھرىدە ئولتۇرۇپ قالغان راھىب بۇھەيرادىن ئۆگەنگەن. ئۇ نەستۇر مەزھىبىدە بولۇپ تەۋھىد ”ئارىيۇسقا“ ئەگەشكۈچىلەردىن ئىدى، دېگەن گۇماندىن ئىبارەت. بۇ دەلىلسىز يالغان دەۋاغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئېيتىمىز: تارىخ كىتابلىرى ۋە تەرجىمىھال كىتابلىرى شۇنى مۇقەررەر قىلىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇتالىب بىلەن شامغا بارغاندا توققۇز ياشتا ئىدى. بەزىلەر ئون ئىككى ياشتا ئىدى، دەيدۇ. شۇ چاغدا راھىب بۇھەيرا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى بىلەن بىللە كۆرگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر پارچە بۇلۇتنىڭ سايە تاشلاپ ئاپتاپنى توسۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەن. ئۇ راھىب ئەبۇتالىبقا: بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئالاھىدە شان ـ شەرىپى بولىدۇ، دېگەن. ھەم يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىغان. تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا مۇھەممەد بۇھەيرادىن ئۇنىڭ دىنى ۋە ئەقىدىسى توغرۇلۇق بىر نەرسە ئاڭلىغان، دېگەن بىر دەلىل يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىمدا خەدىچەنىڭ تىجارەت مېلىنى ئېلىپ شامغا بارغان. شۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 25 ياشتا ئىدى. بۇ جەرياندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كىمدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن ياكى باشقا ئىش ئۈچۈن مەيسىرەدىنمۇ ۋە باشقا سودىگەرلەردىنمۇ ئايرىلىپ يالغۇز بىر يەرگە بارمىغان. بۇسرا شەھرىدە تۆت ـ بەش كۈن تۇرۇپ ئېلىم ـ سېتىمنى تۈگىتىپ تېزلا قايتىپ كەلگەن.

مانا بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇھەيرا مۇناسىۋىتى ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغاندۇر. ھېچبىر تارىخ كىتابىدا ياكى خەۋەردە بۇنىڭدىن باشقا بىر قانداق پىكرى مۇناسىۋەتنى بولغانلىقىنى كۆرمەيمىز. لېكىن بۇنى بۇ تەرەپتە قويۇپ، بۇ مەسىلىگە يەنە بىر تەرەپتىن نەزەر سالايلى!

كۆرۈمىزكى، مەزكۇر غەرەزلىكلەرنىڭ يۇقىرىقى گۇمانى ۋە دەۋاسى قوبۇل قىلارلىق بىر ئەقلىي دەلىل بىلەن بارلىققا كەلمىگەن. بەلكى بۇ گۇمانلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغان بىر مۇنچە ھەقىقىي دەلىللەر بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەقىقىي دەلىللەر بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇھەيرا راھىبتىن، يا باشقىسىدىن ئىلىم ـ مەرىپەتكە دائىر بىر نەرسە ئۆگەنگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مۇھەممەدنىڭ بىرەر قېتىم قىلغان ئىشىنىمۇ ۋە بىرەر ئېغىز سۆزىنىمۇ خاتىرىلەپ ھەدىس كىتابلىرىغا ۋە تەرجىمىھال كىتابلىرىغا يېزىپ بېكىتىدىغانلار ئەلۋەتتە بۇنى رىۋايەت قىلغان بولاتتى.

2 ـ ئەگەر غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ گۇمانى ئىسپاتلىق بولسا ئىدى، بۇنى مۇھەممەدنىڭ مۇشرىك دۈشمەنلىرى ئالاھىدە ئىگىللەپ: ”مۇھەممەدنىڭ الله دىن كەلگەن ۋەھيى“ دېگەن سۆزى شاملىق يەھۇدىيلاردىن ۋە خرىستىئانلاردىن ئۆگىنىۋالغان سۆز، دەپ جار سېلىپ ئۆزىنىڭ گۇمانىغا ھۆججەت قىلاتتى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېگىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مۇشرىكلارنىڭ بىرلا گۇمانى مۇھەممەد مەككىدە بىر خرىستىئان تۆمۈرچى قېشىدا

بەزى چاغدا ئۆلتۈرىدۇ. بۇ خرىستىئان مۇھەممەدكە ئۆز تىلىدا تەۋراتنى، يا باشقا كىتابنى ئوقۇپ بەرسە كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرئان ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر﴾[1].

3 ـ قۇرئان بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زاماندىكى دىن ئادەملىرى تونۇيدىغان ئىلىمنىڭ كامىلراقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك راھىب بۇھەيرادىن ۋە باشقىسىدىن ئۆگىنىش مۇمكىن بولمايدىغان ھۆكۈم ۋە قانۇن يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەلكى قۇرئان كۆپ مەزمۇنلاردا: "ئەھدى قەدىم، ئەھدى جەدىد" (كونا زامان، يېڭى زامان) دەپ ئاتالغان خرىستىئانلار كىتابلىرىدا سۆزلەنگەن تارىخىي ۋە دىنىي ھادىسىلەرگە قارىمۇ قارشى كېلىدۇ.

4 ـ قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەرگە قارىتا چۈشكەن. قۇرئاننىڭ چۈشۈش مۇددىتى 23 يىل. دېمەك قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئادەتتە مۇئەللىپلەرنىڭ بىر مۇددەت ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى بىر قاتار چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ تەھقىقلىغاندىن كېيىن، ئوقۇپ كۆرگۈچىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان كىتابلىرىدەك بىر پۈتۈن چۈشمىگەن. مۇشۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ بىركىمدىن ئۆگىنىۋالغان ياكى مۇھەممەدنىڭ ئۆز تالانتىدىن كېلىپ چىققان بىر كىتاب بولۇشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چوقۇم ئۇ، الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى (مەخپىي تەلىم) ئارقىلىق چۈشۈرگەن كىتابتۇر.

5 ـ بۇھەيرانىڭ يۇرتى شام، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى ھىجاز (ئەرەبىستان). ئىلىم ئۆگىنىش دېگەن مەخپىي ھالەتتە ياكى بىر قېتىم يا بىر نەچچە قېتىم ئولتۇرۇش بىلەن تولۇق ھاسىل بولمايدۇ. ئوقۇغۇچى كىشى ئۇستاز قېشىغا ئۇزۇن مۇددەت بېرىپ كەلگەندە ئاندىن ئىلىم ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولغان بولسا، ئەرەبلەر ئىچىدە "مۇھەممەد پالانىدىن ئىلىم ئۆگىنىۋاتىدۇ" دېگەن سۆز مەشھۇر بولۇپ كېتەتتى. مۇنداق سۆز تارىختا ھەم سۆزلىنىپ باققىنى يوق.

6 ـ راھىب بۇھەيرا ئەرەبلەرنىڭ پەسىھ ۋە بەلىغ (قابىلىيەتلىك سۆزلىگۈچى) لىرىدىن ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ (پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن) ئەرەبنىڭ بالاغەتلىكلىرىدىن ئىكەنلىكىمۇ مەشھۇر ئەمەس. ئۇنداق بولسا، ئەرەبلەرنىڭ پۈتۈن بالاغىتىدىن ئۈستۈن تۇرغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئەرەبلەرنىڭ بالاغەتلىك (شائىر، گەپدان، تالانتلىق يازغۇچى) لىرىنى قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرغان ۋە ئۇلار قۇرئانغا ئوخشاش سۆز ئويلاپ تېپىشتىن ئاجىز كەلگەن قۇرئاننىڭ بالاغىتى نەدىن كەلگەن؟ بۇنىڭغا قۇرئان ئالاھىدە چۈشكەن ۋەھيى دېمەي باشقا بىر سەۋەب كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس.

7 ـ ناۋادا راھىب بۇھەيرانىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتتىن شۇنچە چوڭ ئورنى بولسا، نېمىشقا راھىب بۇھەيرا ئۇ زاماندا چوڭ مەرتىبە تېپىپ، داڭقىنى چىقىرىپ، ئۆز قەۋمى ئارىسىدا

---

[1] سۈرە نەھل 103 ـ ئايەت.

يۇقىرى مەرتىبىگە ئىگە بولمىغان؟ نېمىشقا باشقىلارنىڭ ئايىغ ئاستىدا قىلىشقا رازى بولغان؟ ئاندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەلىبە قىلغاندىن كېيىن باشقىلاردەك مۇھەممەدنىڭ غەلىبىسى مېنىڭ ئۇتۇقلۇقۇم، دەپ دەۋا قىلىشتىن ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىم - مەرىپەتتە ئارتۇقلۇقىنى ئاشكارا قىلىشتىن نېمە توسقان؟

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى

غەرەزلىكلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتاب ئوقۇيالايتتى ۋە خەت يازالايتتى، دەپ گۇمان قىلغان پەرزى ھېچبىر تارىخىي ئىسپات ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغان ساۋاتسىزلىقى دەلىل - پاكىت بىلەن ئېنىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ياكى پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئۆيۈدە يا ئۆيىنىڭ سىرتىدا بىرەر ئەسەر ماقالە يېزىش ئۈچۈن قەلەم ياكى قەغەز ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەن بىر كىم يوق.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋاتسىز تۇرۇپ، ھېچكىم ئوخشىشىنى سۆزلىيەلمەيدىغان قۇرئاننى دۇنياغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساۋاتسىز پەيغەمبەر دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپتىن چۈشكەنلىكىنى نۇرغۇن ئەرەبلەر بار يەردە چۈشەندۈردى. اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپتىن يەنە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: ﴿ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلگىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ﴾[2].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇيالمايدىغان ۋە خەت يازالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان بۇ ئىككى ئايەتنى ئەرەبلەرمۇ، باشقىلارمۇ بىلىدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلسە ئىدى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 48 ـ 49 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەئراف 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ئايەتنى رەت قىلىشقا يول تېپىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يالغان دېيىشكە دەلىل قىلىغان بولاتتى.
ئاندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ باقايلى، ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەرەبلەر ئارىسىدا ”مۇھەممەد پالاندىن ئىلىم ـ خەت ئۆگىنىۋاتىدۇ“ دېگەن خەۋەر مەشھۇر بولغان بولاتتى. چۈنكى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېرەك. ئىلىمنى مەخپىي ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدۇ. قۇرئاندا بار ئىلىملەر ناھايىتى كۆپ. ئۆگەتكۈچى كىشى چېكىدىن ئاشقان ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشى بولمىسا ئۇنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئەرەب ئىچىدە بىر ئادەمگە ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇ ئادەمنى مۇشۇ دەرىجىگە يەتكۈزەلەيدىغان بىرى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ كىشىگە ھەممە ئادەملەر ئىشارەت قىلىدىغان ۋە نەزەر سالىدىغان بولغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ كىشىنى ساھابىلارنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ زىيادە ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۆگەتكۈچى ئۇ ئادەممۇ بۇنى سەھۋەن، يا قەستەن بەزى ئادەملەرگە دەپ سالغان بۇلاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈزبەرمىدى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىشى

ئەمما ئۈچىنچى پەرز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغاندىن پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشى بولۇپ، بۇ پەرەزمۇ تەكشۈرۈش ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلىك چوڭ ئىشتۇر. يالغاندىن ”مەن پەيغەمبەر“ دەپ دەۋا قىلىش ئۈچۈن دەۋا قىلغۇچى يۈرىكى قاتتىق، تەمەلىرى كۆپ، بۇزۇق ۋە الله تائالاغا قارىتا قارامىلىق قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇنداق ئادەمنىڭ ھاياتى بىر تۇتاش جىنايەت بىلەن ئۆتىدۇ. گۇناھنىڭ قاپقىنى بولىدۇ. ھەرقانداق ياخشىلىقتىن يىراق بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆسۈپ يېتىشىش تارىخىدا مۇشۇنداق ئادەملەردىن بولغانمىدى؟ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتتىن يۇقىرى ئورۇن ئالغانلىقىغا، ھەتتا زامانداشلىرى ئۇنى ئىشەنچلىك ئادەم، دەپ ئات قويغىنىغا، ھاياتىدا بىرەر جىنايەت قىلغىنى ۋە ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش قىلغىنىنى بىلگەن ئادەم يوقلىقىغا ئۇنىڭ تارىخىي گۇۋاھلىق بەرمەمدۇ؟ ياشلىق ھاياتى شۇنداق پاكىزە ئۆتكەن كىشى قانداقمۇ 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئەكسىگە ئۆرۈلۈپ قالىدۇ؟ مەخلۇقلاردىكى قانۇنىيەت ئۆزگەرگەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپتىن ۋەھيى ئارقىلىق ئىسلام يولىنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ قەلبلىرىنى ئىشەنچى بىلەن توشقۇزىدىغان دەلىل ـ پاكىت ۋە ئالامەتلەرنى كۆرىدۇ. شۇ جۈملىدىن سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا مۇسۇلمان بولغان ۋە بۇ چىراي ھەرگىز يالغانچىنىڭ چىرايى ئەمەس، دېگەن ئىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچىمۇ ئۇنىڭ راستچىل ۋە ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى

بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم“ دېگەن ئىدى. خەدىچە جاۋاب بېرىپ: ”اللە نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، اللە سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ. چۈنكى سەن تۇغقانلىرىڭغا سىلە - رەھىم قىلىسەن، راست سۆزلەيسەن، ئاجىزلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈسەن، مېھمانىنى ياخشى كۈتىسەن، يوقسۇلنىڭ بىرەر ئىشقا ئۇلىشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىسەن، توغرا بولغان ئىشلارغا ياردەمدە بولىسەن“ دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئىشىدا رىيا قىلمىغانلىقى

ئەمما تۆتىنچى پەرز. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇنداق ئېسىل خىسلەتلەر، تېپىتوغرا سۈپەتلەر بىلەن كۆرۈنىشى رىيا ئۈچۈن (يالغاندىن ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن) بولغان، دېگەن پەرزگە كەلسەك. ئەمەلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش ئاساسىدا بۇ پەرز ئىككىنچى پەرزدىنمۇ ئاجىزدۇر. چۈنكى، رىياكارلىق قىلىش مەلۇم غەرەز ئۈچۈنلا بولىدۇ. غەرىزى دەرھال يا كېيىنرەك قولغا كەلسە رىياكارلىق ئاجىزلىشىدۇ. ئارقىسىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلماس بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، رىياكارنىڭ روھىي ناھايىتى چۈشكۈن ۋە رەزىل بولۇپ ئۇمىدى ھەل بولۇشنىڭ ئازراق شولىسى چۈشسە ئۈچۈپ كېتىدۇ. غەلىبىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنسە قىزىپ كېتىدۇ. ئاندىن يالغانلىقى چېنىپ قېلىپ رەسۋا بولىدۇ.

ئەگەر رىياكارلىقتىن غەرىزى ماددىي مەنپەئەت بولسا، قولغا كەلگەن مەنپەئەتتىن پايدىلانغىلى باشلايدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا بايلىقى قولىدا تۇرۇقلۇق كەمبەغەللىكتە ياشاپ، كەمبەغەللىكتە ۋاپات بولغانلىقى ئۇنىڭ دۇنيالىقتىن بىر نەرسىنى قولىدا تۇتمىغانلىقى ئەمەلىي دەلىل - ھۆججەت بىلەن ئىسپاتلاندى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېپەكتىن تىكىلگەن تۆشەكتە ياتمىدى. يىپەك كىيىم كەيمىدى. ئالتۇن بۇيۇملىرى بىلەن زىننەتلەنمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى ئاددىي - ساددا تۇتۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىملىرىمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇراھال ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىدەك ئىدى.

ئەگەر رىياكارنىڭ غەرىزى يۈز ئابرۇي تېپىش بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ، كىشىلەر بىلەن ماڭسا ئالدىدا ماڭاتتى. ”ھەممە كىشى ماڭا ۋاي دېسىكەن“ دەپ يۈرەتتى. بەلكى كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلىپ يېقىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھالبۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىك ئولتۇرغان يەرگە كەلسە ئۇلارنى ئورۇن بوشاتقۇزماستىن قەيەردە بىكار يەر بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى. يول ماڭسا ساھابىلىرى ئارىسىدا ماڭاتتى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىمدا ساھابىلىرى قېشىغا ھاسا تايانغان ھالدا كىلىۋېدى ساھابىلىرى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەرەبتىن باشقا مىللەتلەر ئۆزىنىڭ پادىشاھلىرىغا ئورنىدىن قوپقاندەك ماڭا ئورنىڭلاردىن قوپماڭلار! مەن پادىشاھ ئەمەس» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىمنىڭ ئۇنى يۇزىگە قاراپ تۇرۇپ ماختاشنى يامان كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختاشتا ئاشۇرۇۋېتىشتىن مەنئىي قىلاتتى ۋە شۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنى خرىستىئانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى مۇبالىغە بىلەن ماختىغاندەك ئاشۇرۇپ ماختىماڭلار! مەن بولسام الله تائالانىڭ قۇلى، سىلەر مېنى الله نىڭ قۇلى ۋە پەيغەمبىرى، دەڭلار!».

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ رىياكارلىق قىلىشى پادىشاھلىققا يېتىش ئۈچۈن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھوقۇق ـ ھاكىمىيەتتە ۋە ساھابىلىرىغا تەسىر كۆرسۈتۈشتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى ئەگەر ساھابىلىرىنى پۇخرالار پادىشاھىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار شۇنداق قىلغان بولاتتى. ھەتتا ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرىۋەردى. تاماقنىڭ تۈرىنى كۆپەيتمىدى. كىيىم ـ كېچەكنى ئۆزگەرتمىدى. ئۆزىنى قوغدىغىلى كۆزەتچى تەيىنلىمىدى. ئۆزىگە خاس خادىملارنى بېكىتمىدى ۋە سىياسىي ئىشلارنى ئۆز پىكرى بىلەنلا قىلمىدى.

سەھرالىقلار كېلىپ: ماڭا سەدىقە بەرگىن، دەپ تۇنىدىن تۇتۇپ تارتاتتى. قوپال يېرىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ساھابىلىرى توسقىلى قوپسا "چېقىلماڭلار" دەپ ئۇلارنىڭ توسۇشىغا يول قويمايتتى. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھە قىلغان كۈنىدە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قورقۇپ تىترىگەن ھالدا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەندىن قورقۇپ ئەندىشىلەنمە! مەن پادىشاھ ئەمەس، مەن قۇرەيشنىڭ قورۇتقان گۆش يەيدىغان ئاياللىرىنىڭ بىرسىنىڭ بالىسى مەن» دېگەن.

ئەبۇۋەلىد دېگەن ئادەم ئۆز قەۋمى ئىچىدە كاتتا ۋە بوي سۇنۇلغۇچى ئادەم بولۇپ ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن "دىن" توغرىسىدا پىكىرلەشكىلى توپلاشقان قۇرەيشنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن مۇھەممەد قېشىغا بېرىپ گەپ قىلسام، ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنى ئوتتۇرىدا قويسام، ئۇ ئەگەر بەزى سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭغا قوبۇل كۆرگىنىنى بەرسەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزدىن ئۆزىنى يىغىۋالسا، نېمە دەيسىلەر؟ دېگەن. ئۇلار: ئى ئەبۇۋەلىد! بۇ ئىشنى سەن قىلىشقا تېگىشلىك، دېيىشتى. ئەبۇۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى بۇرادىرىم (ئابدۇللاھ) نىڭ ئوغلى! سەن بۇ ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرغا قويۇش بىلەن مال ـ دۇنياغا ئېرىشمەكچى بولساڭ، بىز ساڭا مال توپلاپ بېرەيلى، ھەتتا ھەممىمىزدىن بەكرەك باي بولۇپ كەت. ئەگەر نام شەرەپ تاپماقچى بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە خوجايىن قىلايلى! سەندىن سورىماي ھېچئىشقا قارار قىلمايلى. ئەگەر پادىشاھ بولۇش مەقسىتىڭ بولسا، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى. ئەگەر ساڭا كەلگەن بۇ ئىش جىن تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن نەرسە بولسا، ئۇنى ئۆزەڭ ياندۇرالمىغان بولساڭ ساڭا تېۋىپ ئىزدەيلى، سەن ساقايغۇچە قانچىلىك پۇل كەتسە چىقىم قىلايلى. چۈنكى كېسەلگە داۋا قىلىپ بولغۇچى كەينىگە كىرىۋالغان جىن ـ شەيتانلار كىشىنى يېڭىۋالىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇۋەلىد! گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟» دېۋېدى. ئۇ: ھەئە تۈگىدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى ماڭا قۇلاق سالغىن»

دەپ سۈرە فۇسسىلەتنىڭ بېشىدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇپ بەردى. ئەبۇۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ يالۋۇرغان ھالدا، توختا بولدى ئەمدى، دەپ ئاستا قايتىپ كەتتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا قارالسۇن).

ئامېرىكىلىق تارىخچى ”ۋاشىنگتون ئەرفەنج“ دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىي ھاياتى توغرىسىدا ماقالە يېزىپ مۇنداق دېدى: ”مۇھەممەد بايمىدى؟ ياق، بەلكى پېقىر ئىدى. لېكىن ئۇ خەدىچە بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئازراق ئىقتىسادلىق بولغان ۋە بايلىقنى كۆپەيتىشكە تىرىشقان. مۇھەممەد مەشھۇر ئادەممىدى؟ ھەئە، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە خېلى شان ـ شەرىپى بار ئىدى. ھوشيار، ئىشەنچلىك كىشى ئىدى. نۇپۇزى كۈچلۈكمىدى؟ ھەئە، ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتلىرى كەبىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ۋە مۇقەددەس شەھەر مەككىنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى بولغان ئېسىل ئەخلاقلار ئۇنى ئىشەنچلىك ئورۇندا بولۇشقا لايىقلاشتۇرۇلغان ئىدى. لېكىن ئۇ، قاچانكى خەلقنى ئىسلامغا چاقىردى. شۇ چاغدىن باشلاپ تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىلىرى بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلدى. ئۆزىگە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى تارتىپ ئەكەلدى. چۈنكى، بۇتلارنى چېقىش قۇرەيشنىڭ كەبىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە كەبە ئارقىلىق ھاجىلاردىن ئۇلارغا كېلىدىغان مەنپەئەتلەرنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن جەبرى ـ جاپاغا ئۇچرىدى. نۇرغۇن پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭ چاقىرغان دىنىنىڭ راستلىقىغا شەك قىلدى. بىر قانچە يىللار چوڭ غەلىبىلەرگە ئېرىشەلمەي ئۆتتى. الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيىنى خەلققە يەتكۈزۈش ئارىلىقىدا كۆپلىگەن ھاقارەت، دۈشمەنلىك ۋە قىيىن ـ قىستاشلارغا دۇچ كەلدى. بەلكى يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈپ بارىدىغان يەر ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى.

دەسلەپ ۋەھيى چۈشكەندە ئۇ 40 ياشتا ئىدى. ئىسلامنى ئۆز قەبىلىسىدىكى شەخسلەرگە كېڭەيتىش يولىدا نەچچە يىل كۆپ جاپا تارتتى. مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا پەيغەمبەرلىككە 13 يىل بولغان ئىدى. مەدىنىگە كۆچۈش بىلەن باي سودىگەردىن يوقسۇل مۇھاجىرغا ئايلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆتۈپ تۇرغان زور تۈركۈمدىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئىجتىمائىي كۈچكە ئېرىشىشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇ، پىكرىنى پەقەت ئاشكارا ناماز ئوقۇغىلى ۋە ئىسلامغا خەلقنى چاقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كۈچى يەتكۈدەك بىر مەسجىد سېلىشقا قاراتقان ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇسى تىنچلىق ۋە ئازادە بىر مۇھىت ئىچىدە ئىسلام چاقىرىقىنى تارقىتىش ئىدى.

مەزكۇر تارىخچى يەنە: ”پەيغەمبەر مۇھەممەد ئۆز ئىشلىرىدا ئۆز شەخسىيىتىنى ئونۇتقان ئىدى. رەھىملىك ئىدى. باي بولۇش ياكى ماددىي مەنپەئەتلىرىنى ئويلىمايدىغان كىشى ئىدى. بەلكى روھىي ۋە مەنىۋىي ئىشلاردا ماددىي مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلغان ئىدى“ دەيدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغان يولىنىڭ ساھابىلىرىدا ئەكس ئېتىشى

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى يالغاندىن پەيغەمبەر كۆرسەتكەن رىيانى ئۆزىنىڭ مەخسۇس سەپداشلىرى ۋە ئاياللىرىغىمۇ سەزدۈرمەي يوشۇرۇشقا كۈچى يەتكەن بولۇشى مۇمكىنمىدۇ؟ بەشىنچى بۇ پەرەز بولسا دەلىل ئالدىدا بۇرۇنقى پەرەزلەردىنمۇ ئاجىزدۇر. چۈنكى، تارىخ بىزگە ھەر قانداق بىر يولباشچى ۋە بىر ۋەزىپىگە باش بولغۇچىنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزىگە ئوخشاش سەپداشلىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. رىياكار بولغان ئادەمنىڭمۇ پىكىر بىرلىكى بولغان مەخسۇس تەرەپدارلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ مەقسىتىگە يېتىشكە ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاشقان پايدا ـ غەنىمەتكە شېرىكلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇنىڭ ئەڭ خاس يېقىنلىرى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار دۇنيالىق مەنپەئەتنى سۆيمەسلىكتە، الله يولىدا پىداركارلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يولدا ئىدى. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپە بولۇشتى. ھالبۇكى ھوقۇق ھاكىمىيەت بۇلارنى ئەسلى ھالىتىدىن ياندۇرمىدى. تۇرمۇش ھاياتىنى ئۆزگەرتمىدى. بەلكى ئۇلار ئۆزى ئىدارە قىلغان خەلقنىڭ خادىملىرى بولدى. خەلقتىن ئاددىي كىيىم كىيەتتى. خەلقتىن تۆۋەن تائام يەيتتى. كېچىلىرىنى الله غا رۇكۇ قىلىش ۋە سەجدە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولسا، كامىللىق ۋە پەزىلەتنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۇنيالىق راھەتنى سۆيمەسلىكتە ۋە ئەقىدە ئەخلاق گۈزەللىكىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىدە ئىدى. ئۇلار ۋاپات بولغانغا قەدەر شۇ ھالەتتە ئۆتكەن. بۇ قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن قانداق رىيا؟ ئېنىقكى بۇلار رىيا ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى دېيىش ئەقىل ئىگىسىنىڭ سۆزى ئەمەستۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر (خۇدانىڭ ئەلچىسى) ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى شۇكى، مەزكۇر ساھابىلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە ئازراق شەكلەنگەن بولسا ئىدى، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى ۋە ئەگەشمىگەن بولاتتى.

## ئالللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈچلەندۈرۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق رىياكار ۋە ئالدامچى بولۇپ تۇرۇپ يەنە الله تائالا ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن بولۇشتىن ئىبارەت ئالتىنچى پەرز يۇقىرىقى بارلىق پەرەزلەردىن ئاجىز. چۈنكى قاچان ۋە قايسى تارىختا الله تائالانىڭ رىياكارلارنى ۋە يالغان گەپ ئويدۇرۇغۇچىلارنى قوللاپ مەدەد بەرگەنلىكى، ئۇلارغا خەلقنىڭ دىللىرىغا ئىگە بولۇشقا ئىمكانىيەت بەرگەنلىكى، خۇسۇسەن پەيغەمبەر دېگەن نامنى ئۆزىگە تاقىغان يالغانچىلارنى

كۆچلەندۈرگەنلىكى تونۇلغان؟ ”پەيغەمبەرلىك“ دېگەن ئالەمدە يۈز بېرىدىغان پۈتۈن هادىسىلەرنىڭ ئەڭ چوڭى تۇرسا؟

ئەنگىلىيەلىك يازغۇچى ”توماس كارلىل“ نىڭ «قەهرىمانلار» دېگەن كىتابىغا يازغان سۆزى نېمىدېگەن راستچىل ھە! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”مۇشۇ ئەسىرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدە ھەر قانداق مەدەنىيەتلىك بىر شەخسنىڭ: ”ئىسلام دىنى يالغان“ ۋە ”مۇھەممەد بولسا ئالدامچى“ دەپ قىلىنغان گۇمانغا قۇلاق سېلىشى شۇ شەخسكە ئەڭ چوڭ نومۇس ئىش بولۇپ قالدى. بىزنىڭ، ھازىر تارقىتىلغان كىشىنى خىجىل قىلارلىق مۇشۇنداق پىچەك ئەپسانە سۆزلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. چۈنكى بۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا يەتكۈزگەن ئەلچىلىكى، بىزگە ئوخشاش الله تائالا ياراتقان ئىنسانلاردىن ئىككى يۈز مىليون ئىنسانغا ئون نەچچە ئەسىر ئىچىدە نۇر بەرگەن چىراغ بولۇپ كەلدى. قايسى بىرسىڭلار شۇنچە سان ـ ساناقسىز ئىنسانلار ئېتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ياشىغان ۋە شۇ ئەقىدە مۇھەببەت بىلەن ئۆلگەن ئەلچىلىكنى يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق، دەپ گۇمان قىلالايسىلەر؟ ئەمما مەن بۇنداق كۆز قاراشقا كېلىشكە ھەرگىز قادىر بولالمايمەن. ئەگەر يالغانچىلىق بىلەن ئالدامچىلىق الله نىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە مۇشۇنداق راۋاج تاپقان، خەلقنىڭ شۇنچە ئىشىنىشىگە ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان تەقدىردە خەلقلەر ھەممىسى ئەقىلسىز ۋە ساراڭ بولغان بولۇشى لازىم. بۇ ھاياتمۇ ئېتىبارسىز، پۇچەك، پايدىسىز ۋە ئازغۇن ھايات بولۇپ مۇنداق ھاياتنىڭ يارىتىلماسلىقى ياخشىراق بولۇشى لازىم“.

ئۇ كېيىن يەنە مۇنداق دېدى: ”ئى كۆپچىلىك قېرىنداشلار! سىلەر بىر يالغانچى ئادەمنىڭ بىر يېڭى دىنىنى ئىجاد قىلىپ، دۇنياغا كەڭەيتكەنلىكىنى كۆرگەنمۇ سىلەر؟ الله غا قەسەمكى، ئەجەبا قورۇلۇش ئىشلەشنى بىلمەيدىغان بىر يالغانچى پىششىق قىشتىن ئۆي سالالامدۇ؟ ئەگەر ئۇ، ھاك، گەنج، سېمونت ۋە سىغىزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلمىسە ئۇنىڭ ياسىغان ئۆيى ئۆي بولمايدۇ. ئۇنىڭ سالغان ئۆيى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بىر دۆۋە بولۇپ، چوۋۇلغىلى تەييار بىر نەرسە بولىدۇ. ساق تۇرغاندىمۇ تۈۋرۈك تاملىرى ئون نەچچە ئەسىر داۋام قىلىدىغان ۋە ئىككى يۈز مىليون ئىنسان دائىم ئورۇن ئالىدىغان ھالەتتە تۇرالمايدۇ. لېكىن ئۇل ئاساسلىرى يېقىلىپ پەقەت ئۆي يوقىتىكىدەك ۋەيران بولىدۇ“.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەلچىلىكىنى تەستىقلىغۇچىدۇر

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى داۋا قىلغۇچى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن كامىللىقلارنى، ياخشىغا بۇيرۇش، يامانىدىن توسۇش ۋە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئىشلارنى ئېلىپ كەلدى. يەنى ئۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى ئىجرا قىلدى، دېگەن پەرەزمۇ دەلىل ۋە پاكىت ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى ئالەمنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەنلىك بولىدۇ. سەۋەب، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغاننى توقۇغۇچى دەپ پەرەز قىلىنىدىيۇ ئاندىن

ئۇنىڭدىن بارلىق ئالەمگە پەيدا بولغان قانۇن ۋە شەرىئەتلەرنىڭ ئادىلراقى ھېسابلانغان ئىسلام شەرىئىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كۆتۈلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بولسا مۇتلەق ئادالەتنىڭ ئۇل ئاساسلىرىنى، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتقا كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھالبۇكى دوكتور ”جوستاف لوبون“ ئۆزىنىڭ ”ئەرەب مەدەنىيىتى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: ”قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ ئاساسلىرى باشقا بارلىق دىنلارنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ “. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”مۇھەممەدنىڭ ئەرەب يۇرتلىرىدا ئىسلامدىن بۇرۇن مەيدانغا چىققان دىنلارنىڭ ھەممىسى (يەھۇدىي دىنىمۇ ۋە خرىستىئان دىنىمۇ) يېتەلمىگەن نەتىجىلەرگە يەتكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا مۇھەممەدنىڭ پۈتۈن ئەرەبلەرگە بولغان پەزىلىتىنىڭ چەك ـ چېگراسىنىڭ يوقلىقىنى كۆرەلەيمىز“.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئىنسانلار، ئۇلۇغ ئىشلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلسا ”مۇھەممەد“ تارىخ تونۇغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ. دىنىي تەرەپبازلىق غەرب تارىخچىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئەقلىي كۆزىنى ”مۇھەممەدنىڭ“ ئارتۇقچىلىقىغا ئىقرار قىلىشتىن قارغۇ قىلىپ قويغان بولسىمۇ، غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىسى مۇھەممەدكە قارىتا ئىنساپ قىلىشقا باشلىدى. ”بار تىلمى سىنت ھىيلىر“ ئىسىملىك ئالىم مۇنداق دېدى: مۇھەممەد بولسا، ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەبلەرنىڭ زېرەك، داناراقى، دىن يولىنى تۇتۇشتا مۇستەھكەمراقى ۋە رەھىمدىللىكتە چوڭراقى بولغان ئىدى. مۇھەممەد پۈتۈن ئەرەبلەردىن ئۈستۈن بولغان ئارتۇقلۇقى بىلەن چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلقلەرنى ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرغان دىنىنىڭ، ئۇ دىنغا ئىشەنگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە نېمەتى چوڭدۇر“.

مانا بۇ يۇقىرىقىلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دەۋا قىلغان گۇمانلىرىنى يوقىتىپ تاشلاش مەقسەت بىلەن ئوتتۇرىدا قويغانلىرىمىزدۇر. بۇ دەلىللىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكىدىن ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىدىن تۇتقان ئۇرنىنى ئوچۇق كۆرسەتتۇق. ئەمدى ئالدىمىزدا بىرلا پەرەز قالدىكى ئۇ بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى الله تائالا تەرەپتىن تەيىنلەنگەن ”پەيغەمبەر“ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش پەرزىدۇر.

# يىگىرمە يەتتىنچى بۆلۈم

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ئىكەنلىكى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلار، ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى، ھەدىسنى توپلاپ يېزىش، ھەدىسكە قارىتىلغان سۇيىقەست، ھەدىسنىڭ راستىنى ۋە يالغىنىنى ئايرىشتا ئىلمىي ئۇسلۇبقا يۆلىنىش، ھەدىسنىڭ سەنەدى. (ئېغىزدىن ئېغىزغا رىۋايەت قىلغۇچىلار) ۋە ھەدىسنىڭ قىسىملىرى، ھەدىسنىڭ راستلىقتىكى دەرىجىلەر، ھەدىسلەرنىڭ ئىبارىلىرىنى تەكشۈرۈش، ئىشەنچىلىك مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى ۋە ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىبارەت.

### ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلەشكەن قارارى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىكى راست دەپ بېكىتىلگەن ھەدىس ئىسلام دىنىدا ھۆججەت ۋە ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرىدىن بىرسى بولىدۇ. شۇ ھەدىسكە ئەگىشىش، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. قۇرئان بۇنى كۆپلىگەن ئايەتلەردە بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾(1).

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا)ئېيتقىنكى « ئەگەر سىلەر الله نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (ئۆتكەنكى )گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئېيتقىنكى «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ﴾(2).

يەنە الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنى ئۇلارنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) دەلىللەر ۋە مۇقەددەس كىتابلار بىلەن (ئەۋەتتۇق)، بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان

(1) سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت.
(2) سۈرە ئال ئىمران 31 ــ 32 ـ ئايەتلەر.

قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾[1].

ھەدىس بولسا ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرى ۋە ئېتىقاد ئىشلىرىنىڭ قانۇنىي ھۆكۈملىرىنىڭ مەنبەلىرىدىن 2 ـ مەنبە بولۇپ، ھۆججەت ھېسابلىنىشتا ھەدىسنىڭ ئورنى قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھەدىسنىڭ قۇرئان كەرىم مەنىلىرىنى چۈشىنىشتە، قۇرئاننىڭ ئومۇمىي مەنالىرىنى خاس قىلىشتا، ئومۇمىي مەزمۇنلۇق ئىبارىلىرى ۋە قائىدىلىرى ئىچىگە بىرىكتۈرۈلگەن ھۆكۈملىرىنى ئوچۇقلاشتا ۋە نۇرغۇن ئايەتلەرنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا چوڭ ئەھمىيىتى بار.

ھەدىس بولمىغان بولسا قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ھۆكۈملىرى بىزگە ئوقۇمسىز يېپىق ھالدا قالاتتى. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سانى 6000 دىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن ھۆكۈملەرگە ئالاقىدار ئايەتلەرنىڭ سانى 200 ئەتراپىدىدۇر. ئەمما ھۆكۈملەر ھەققىدىكى ھەدىسلەر 4000 غا يېقىنلىشىدۇ.

ھەدىسلەر قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ ئىنچىكىلىرىنى ئايرىپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. مۇشكۇل يەرلىرىنى ئوچۇقلايدۇ. ئومۇمىنى خاسلاشتۇرىدۇ. مۇتلەق يەرلىرىنى شەرتكە باغلايدۇ. مەسىلەن: قۇرئان ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىگە تاھارەت ئېلىشنى بۇيرۇدى. ھەدىس بولسا، تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلىنى، سۇ بىلەن ئالىدىغان تاھارەتتىن ۋە تۇپا بىلەن ئالىدىغان تاھارەتتىن (يەنى تەيەممۇمدىن) ئىبارەت ئىككى خىل تاھارەتنى بايان قىلدى.

قۇرئان كەرىم ناماز ئوقۇشنى بۇلغا قويدى. لېكىن نامازنىڭ سانىنى، رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ سانىنى بىلدۈرمىدى. نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنىمۇ ئىنچىكە تەرتىپدە كۆرسەتتى. ھەدىسلەر نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقلىرىنى سۆز ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەپسىلىي تەلىم بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى ۋە ”نامازنى مېنىڭ ئوقۇغىنىمدەك ئوقۇڭلار“ دەيتتى.

قۇرئان نۇرغۇن ئايەتلەردە زاكات بېرىش لازىملىقىغا ئىشارەت قىلدى. لېكىن بۇ ئايەتلەردە زاكاتنى تەپسىلىي بايان قىلمىدى. قانچىدە قانچە پىرسەنت بېرىشنىمۇ بىلدۈرمىدى. بۇنىڭ ھەممىنى ھەدىس بايان قىلدى. سۆزنى ئۇزارتىۋېتىشتىن قورقۇپ ھەدىس تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن قۇرئان ھۆكۈملىرىدىن مەزكۇرلارنىلا مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا دۇچ كەلگەن ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلاتتى. سوئاللارغا جاۋاب بېرەتتى. ئېلىم ـ بېرىم، ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇرۇش، تىنچلىق ۋە كېلىشىم تۈزۈش ئىشلىرى توغرىلىق بەزىدە قۇرئان ئايىتى چۈشەتتى. بەزىدە چۈشمەيتتى. (ئايەت چۈشمىگەن مەسىلىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرەتتى). شۇڭا ھەدىسلەر قانۇن

---

[1] سۈرە نەھل 44 ـ ئايەت.

تۆزگۈچىلەرنىڭ بىر مەنبەئىي بولدى. بۇ ئېھتىياجلار ھەدىسلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

## ھەدىسلەرنى توپلاپ يېزىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھەدىسلەر قۇرئاندەك توپلاپ - يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ئايەتلىرى اللہ تائالادىن چۈشكەن ھامان ئۇلارنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە خاتىرلىگۈچىلەرنى تەيىنلىگەن ئىدى. لېكىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن باشقا ئۆزى سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خاتىرلەپ قالدۇرۇشقا خاتىرلىگۈچى تەيىنلىمىگەن ئىدى. ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ توپلاشنى چەكلىگەنلىكىنى بىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زانانىسىدا ھەدىسلەرنى توپلاپ يېزىپ قالدۇرماسلىقنىڭ ھېكمىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ھەدىسلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇشى ئىدى. ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ۋەھيى چۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا ھەدىسلەرنى توپلاپ يېزىپ قالدۇرماسلىققا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن توپلاپ يېزىپ قالدۇرۇلغان كىتاب بىرلا قۇرئان كەرىم بولدى.

ھەدىسلەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېغىز ئارقىلىقلا نەقىل قىلىنغان. ھەدىسلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋاراقلاردىن ئەمەس ئەسلەپ تۇتۇش قۇۋۋىتىدىن نەقىل قىلىناتتى. قۇرئاندا ھۆكمى كۆرسىتىلمىگەن بىرەر يېڭى مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقسا، ساھابىلار شۇ مەسىلىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان بىرەر مەسىلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بىلسە، ئۇلار ئۇ ھۆكۈمنى بايان قىلغان مەزكۇر ھەدىسنى نەقىل قىلاتتى. شۇنىڭدەك ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يۈزبەرگەن ئۇرۇشلار، ۋەدىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارغا دائىر ھەدىسلەرنى نەقىل قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تاكى ئۆمەۋىيلەرنىڭ زامانىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەنگە قەدەر ھەدىسلەر ئېغىز ئارقىلىق نەقىل قىلىنىپ كەلگەن ئىدى.

خەلىپىلىك ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزغا كەلگەندە ئۇ كىشى ئۆز قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىنى ھەدىسنى توپلاپ يېزىشقا بۇيرۇدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى ئۆز كىتابىنىڭ «كىتابۇل ئىلىم» دا شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ بەكرى ئىبنى ھەزمىگە خەت يېزىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن نېمە بولسا كۆزۈتۈپ قاراپ يېزىپ قويغىن. ئىلىمنىڭ يوقۇلىشىدىن ۋە ھەدىس بىلىدىغان ئالىملارنىڭ دۇنيادىن كېتىشىدىن قورقۇپ قالدىم“ دېگەن.

بىلگىنىمىزگە قارىغاندا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھىجرىيە تارىخىنىڭ 99 - يىلىدىن 101 - يىلىغىچە (ئىككى يىل) خەلىپە بولغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەدىسلەرنى توپلاپ

يېزىش تەخمىنەن ھىجرىيە 100 ـ يىلىدا باشلانغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنە ۋالىيسىغا خەت يېزىپلا قالماستىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەت يېزىپ، قەيەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى بولسا قاراپ ئۇنى يېزىپ توپلاشنى تاپشۇرغان.

## ھەدىسكە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە ئۇرۇنۇش

ئەۋۋەلقى ئەسىرلەردە ھەدىسلەر مەخسۇس كىتابقا يېزىپ توپلانمىغان، ئەستە تۇتۇۋېلىشقىلا قانائەت قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى داۋامىدا قىلغان ئىشلىرى ۋە سۆزلىگەن ھەدىسلىرىنىڭ سانىنى مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن بولغان سەۋەبلەر بىلەن بىر بۆلۈك ئادەملەر ئۆز خىيالىدىن ھەدىس توقۇپ، ئۇنى يالغاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىپ قويۇشنى يوللۇق كۆردى. بەلكى بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى بار چاغدىمۇ يۈز بەرگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قەستەن مەن دېمىگەننى مېنى دېدى دەپ يالغان ئېيتسا، ئۇ جايىنى دوزاختىن تەييارلىۋالسۇن» دېگەن سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان توقۇغان بىرەر ھادىسىگە قارىتا سۆزلەنگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ ئىش تېخىمۇ ئاسانلاشتى. ئىسلام غەلىبە قىلىپ يۇرتلار پەتھە قىلىنغاندىن كېيىن ۋە پەتھە قىلىنغان يۇرتلاردا پارىسلىقلار، رۇملۇقلار، بەربەرلەر، مىسىرلىقلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئادەملەرنىڭ سانى ۋە مىللىتى كۆپەيگەنلىكتىن، بۇلار ئارىسىدا ئېيتقان ئىمانى تېخى بۇغۇزىدىن ئۆتۈپ قەلبىگە ئورۇنلاشمىغان (يالغان مۇسۇلمان) لارمۇ بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان ھەدىس توقۇش كىشىنى ئېچىندۇرغىدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كەتتى. توقۇلغان يالغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنى ئىسلام يولىدىن ئازدۇرۇش مەزمۇنىدا بولۇپ، مەخلۇقنى بەزى سۈپەتلەردە الله تائالاغا ئوخشىتىش ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان. قانچىلىك يالغان ھەدىس توقۇلغىنىغا شۇنى دەلىل قىلىش كۇپايىكى، قۇرئانغا تەپسىر قىلىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر توغرىسىدا ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان تەپسىرى ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن بىرەرسىمۇ مېنىڭچە راست ئەمەس. ھالبۇكى بۇ ھەدىسلەردىن مىڭلارچىسى توپلانغان. ئىمام بۇخارىينىڭ ھەدىس كىتابى (سەھىھۇلبۇخارى) نىڭ ئومۇمىي ھەدىسى 7000 بولۇپ، ئۈچ مىڭى تەكرارلانغان ھەدىستۇر. ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسلەرنى ئۆز زامانىدا قولىدىن قولغا سۇنۇشۇپ يۈرگەن 60 مىڭ تال ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ ئالغان.

يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارنى يالغان ھەدىس توقۇشقا چاقىرغان بىر قانچە سەۋەب بار. ئۇلاردىن مۇھىمراقى تۆۋەندىلەردۇر:

1 ـ سىياسىي زىددىيەت. دېمەك ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئارىسىدىكى ۋە ھەزرىتى ئەلى بىلەن مۇئاۋىيە ئارىسىدىكى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئارىسىدىكى ئاندىن كېيىن ئابباس خەلىپىلەر بىلەن ئۇمەۋىيە خەلىپىلىرى

ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر، ھەر گۇرۇھ ئۆزىنى قارشى تەرەپتىن ئارتۇق كۆرسىتىش ۋە قۇۋۋەتلەش توغرىسىدا نۇرغۇن يالغان ھەدىس تۇقۇشقا سەۋەبچى بولغان.

ھەدىس توقۇغۇچىلارنىڭ ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىر - بىرىدىن ئەۋزەل كۆرسىتىش توغرىسىدا توقۇغان ھەدىسلىرىمۇ شۇ قاتاردا. بۇنىڭ سەۋەبى، قەبىلىلەر ئارىسىدا رەئىسلىك تالىشىش ۋە پەخرى قىلىشىش ئىشلىرى بولغاچقا ئۇلار يالغان ھەدىس توقۇش يولى بىلەن پەخرى قىلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشتى. شۇنىڭدەك ئەرەبنى باشقا مىللەتتىن ئەۋزەل كۆرسىتىش توغرىسىدىمۇ كۆپ ھەدىس توقۇشقان. شۇنىڭدەك شەھەر يۇرتلارغا تەرەپبازلىق قىلىپ چوڭراق بىر شەھەر تاپسىمۇ، شۇ شەھەرنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە ھەدىس ئويدۇرۇپ چىقىشتى.

2 ـ ئىسلام پەلسەپەسى ئىختىلاپلىرى ۋە پىقھ مەسىلىلەر ئىختىلاپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان ھەدىس توقۇشقا سەۋەب بولدى. مەسىلەن: ئىسلام پەلسەپەسى ئۆلىمالىرى قەدەر، مەجبۇرلۇق ۋە ئىختىيارلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە قارىمۇ ـ قارشى پىكىرلەردە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۆز مەزھىبىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەدىس توقۇشنى راۋا كۆردى. پىقھدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. ئىختىلاپ قىلىنغان بىرەر پىقھ مەسىلە بولسىلا، بۇ مەزھەبنى قوللايدىغان بىر ھەدىس ئۇ مەزھەبنى قوللايدىغان بىر ھەدىس توقۇلدى.

3 ـ موللىلىقنىڭ ئالامىتىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بەزى ئادەملەر پادىشاھ، خەلىپە ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئەگىشىپ، ئۇلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتكە قىزىقىپ ئۇلارغا ئەرزىيدىغان ھەدىسلەرنى يالغاندىن توقۇدى.

4 ـ بەزى ئالىملارنىڭ ھالالنى ھارام قىلىشنى ياكى ھارامنى ھالال قىلىشنى كەلتۈرمەيدىغان ئەۋزەل ئەمەللەرگە ۋە پەزىلەتلىك ئىشلارغا تەرغىب قىلىش توغرىسىدا سەل قاراپ يالغاندىن ھەدىس توقۇشنى راۋا كۆرۈشى بولۇپ، ئۇلار شەخسلەرنىڭ ئۇتۇقلۇقى، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن ھەدىس كىتابلىرىنى توشقۇزدى. ئەبۇ ئىسمەتنۇھ ئەبۇمەريەمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئوخشاشكى، ئۇ كىشى قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى ۋە سۈرىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە: ”ھەركىم پالانى سۈرىنى ئوقۇسا ئۇ كىشىگە مۇنداق ساۋاب“ دېگەن مەزمۇندا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئويلاپ توقۇپ چىققان بولۇپ، بۇ ھەدىسلەر «تەپسىر بەيزاۋىي»، «تەپسىر خازىن» لاردا ھەر سۈرىنىڭ ئاخىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەخلاق كىتابلىرىدا، تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدا، تەرغىب قىلىش ۋە قورقىتىش مەزمۇندىكى كىتابلاردىمۇ يالغان توقۇلما ھەدىسلەرنى كۆرىسىز. مۇشۇنداق يوللار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارىسىغا ناھايىتى كۆپ يالغان توقۇلما ھەدىسلەر كىرگۈزۈلدى.

## ھەدىسلەرنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىشتا ئىلمىي ئۇسلۇبقا يۆلىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە يالغان ھەدىسلەرنى ئارىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت قالايمىقانچىلىق ئىسلامغا سادىق بولغان بىر بۆلۈك ئۆلىمالارنى بىئارام قىلىپ قورقۇتتى. ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ھەدىسلەرنى يالغاندىن تازىلاشقا، مېغىزىنى پوچەكتىن ئايرىشقا قەدەم قويدى. بۇ يولدا ئۇلار ئىنچىكە ئىلمىي تەتقىق يولىنى تۇتقان بولۇپ ھەدىسكە چاقچاق قىلىش ۋە يالغان ھەدىس توقۇش مۇمكىن بولمايدىغان تۈزۈم بېكىتتى. دوكتور ئەسەد رۇستەم ئۆزىنىڭ «تارىخ ئىستىلاھى» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ”ھەدىس ئىماملىرى (يەنى ھەدىس تەكشۈرۈشتە رەھبەر ئالىملار) ئەمەلىي ۋە راست ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن بىر قانچە ئەسىردىن تارتىپ تۈزگەن قائىدىلىرى ماھىيەتتە ۋە يۈزلىنىشتە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئۈنىڭدىن كېيىن تارىخ تەكشۈرۈش ئىلمىنى قۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن قائىدە تۈزۈملىرىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. ئەگەر ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ۋە ھازىرقى ئەسىرلىرىدىكى تارىخچىلىرى ھەدىس تەكشۈرگۈچى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتابلىرىنى كۆرۈپ چىققان بولسا ئىدى، تارىخ تەكشۈرۈش ئىلمىنى قۇرۇشتا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكىپ قالمايتتى. بىزنىڭ غەربتىكى ئاغىنىلىرىمىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۇلار پەخرى قىلغان بۇ ئىلىم ئەسلىدە بىزنىڭ يۇرتىمىزدا پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى تەكىتلىشىمىزگە ئىمكانىيىتىمىز بار.

ھەدىس ئالىملىرى ماڭغان ئىلمىي يوللارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار ھەدىسلەرنىڭ مەنا (تېكىست) لىرىنى بىرسى بىرسىدىن نەقىل قىلغان رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىش ”ئىسناد“ دېيىلىدۇ. ياكى (سەنەد) دېيىلىدۇ. يەنى رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ راستلىقىنىڭ ھۆججىتى دېيىلىدۇ. دېمەك، ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى ”پالانىدىن ئاڭلىدىم، ياكى پالانى پالانىدىن ماڭا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ بەردى“ دەيتتى. شۇنىڭدەك ھەدىسلەر، ھەدىس تەكشۈرۈش كىتابىغا ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئالىمدىن باشلىنىپ، پالانى پالانىدىن، ئۇ كىشى پالانىدىن ئاڭلىغان دەپ زەنجىردەك ئۇلۇشۇپ ھەدىسنىڭ دەسلەپكى مەنبەسىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، يا ساھابىلەرگە) بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىسنادنى ھەقىقىيتىگە يەتكۈزۈش دېمەك، مۇسۇلمانلار ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى كېسىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە خەۋەر نەقلى قىلغۇچىلارنىڭ ئەيىب ـ كەمچىلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى تونۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى چۈشىنىش ۋە دەرىجىلىرىنى ئايرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلاتتى. شۇڭا ئۇلار تەرجىمە ھاللارنى بىلىش ئىلمىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىلىم ”تەنقىد قىلىش ۋە تۈزىتىش ئىلمى“ دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئىلىم ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئۇلار ياشىغان زامانىنى تونۇش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ھاياتىنى، ھازىر بار يېرىنى تونۇش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان. شۇنىڭدەك ئۇلار ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆز رىۋايىتىدە قانچىلىك

ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەدىس تىكىسلىرىنى رىۋايەت قىلىشتا ئىنچىكىلەشىنى ۋە ئىشەنچىلىك بولۇشىنى قانچىلىك مەقسەت قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇڭا ئۇلار ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى راستلىقىدا، دىنغا ئەمەل قىلىشتا ۋە ياخشى ئەخلاقتا كۈچلۈك دەرىجىدە بولمىسا ئۇنىڭ ھەدىسىنى قوبۇل قىلمايتتى. شۇنىڭدەك ئۇلار ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئەخلاقىدا (ئەمەلىي ھەرىكىتىدە) ئازراق گۇمان بولسا، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى. ئەمما ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ راستلىقىغا گۇمانلانسا ۋە ئۇنىڭ بىرەر سۆزدە يالغان سۆزلىگىنىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ رىۋايىتىنى تاشلىۋېتەتتى ۋە ئۇنىڭ ھەدىسىنى "يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس" دەپ ئات قوياتتى. گەرچە ئۇنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا يالغان ئېيتقانلىقى بىلىنمىسىمۇ، باشقا سۆزدە يالغان ئېيتقانلىقى بىلىنسە، ئۇنىڭ ھەدىسى ھەدىس ھېسابلانماي بەلكى "يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس" دېيىلەتتى.

شۇ جۈملىدىن ساھابە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىمام مالىك (179 - يىلى ھىجرىيىدە ۋاپات قىلىنغان) كىشى مۇنداق دەيدۇ: "تۆت تۈرلۈك ئادەمدىن باشقا كىشىلەردىن ئىلىم يەنى ھەدىس ئۆگىنىشكە بولىدۇ. ھەدىس ئۆگىنىلمەيدىغان تۆت تۈرلۈك كىشى بولسا، ئەقلى ئۆتكۈر ۋە ساپ ئەمەس ئادەمدىن ئىلىم ئېلىنمايدۇ. ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆز خاھىشىغا قوشۇلۇشقا چاقىرىدىغان ئادەمدىن ئىلىم ئېلىنمايدۇ. خەلق بىلەن سۆزلەشكەندە يالغان سۆزلەيدىغان ئادەمدىن گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشىدا يالغان سۆزلىمەيدۇ، دەپ تونۇلسىمۇ ئىلىم ئېلىنمايدۇ. باشقا ئالىملاردىن ئارتۇق سالىھ ئابىد ئۇستاز بولسىمۇ، رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنىڭ سەنىدىنى (راست ياكى توقۇلمىلىقىنىڭ دەلىل - ئىسپاتىنى) تونۇمايدىغان ئۇستازدىن ھەدىس قوبۇل قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭدەك ھەدىس ئۆلىمالىرى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ھەدىسىنى ئىسىدە تۇتالىشى ۋە مۇستەھكەم تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە توغرىلاپ ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتىگىمۇ ئۇدۇللاشتۇرۇپ كۆرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ رىۋايىتىدە كۆپرەك خاتالىق بارلىقى ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى بىلىنسە، ئۇنىڭ رىۋايىتى "ئاجىز" دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە ياكى راستچىللىقىغا قارىتا ئەيىبلەشكە تېگىشلىك يېرى بولمىسىمۇ، ئېسىدە ئوبدان تۇتالمىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئاجىز ھېسابلايتتى.

ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرسى، ھەدىسنىڭ ئۆز ئىبارىتىنى (سۆز ئالماشتۇرماي) رىۋايەت قىلىشتىن ئىبارەت. دوكتور ئەسەد رۇستەم مۇشۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "مۇشۇ ئۇسۇل بولسا، ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۆچمەس ئەسىرى. چۈنكى ئۇلار ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئىشەنچە بىلەن سۆزلىدى. ھەدىسنىڭ ئەسلى ئىبارىتىنى بىلىش ئۈچۈن ھەدىسنىڭ ئەسلى

تىكىسىنى ئۇچۇق سۆزلەش لازىملىقىنى كۆزدە تۇتتى. بەزىلەر ھەدىسنىڭ خاتا رىۋايەت قىلىنغان تەرىپىنى تۈزۈتىشنىمۇ ۋە ئۆزگەرگەن يېرىنى توغرىلاپ قويۇشنىمۇ قوبۇل قىلماي ئۆزىنىڭ تۈزۈتىش پىكرىنى كىتابىنىڭ ئەتراپىغا ئەسكەرتىپ قويۇشنى توغرا كۆردى. ھەدىس ئۆلىمالىرى دەسلاپىقى ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن مانا مۇشۇ ئۇسۇل ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى ئالدىدىمۇ تايانچى ئۇسۇلدۇر.

شۇنىڭدەك ھەدىس ئۆلىمالىرى ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بۇرۇندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەڭ توغرا، ئەلا ۋە ئىشەنچىگە تولغان ئىلمىي قائىدىلەرنى تۈزگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ ۋە كېيىنكىلارمۇ قولغا كەلگەن راست رىۋايەتلەر ۋە ئاجىز رىۋايەتلەرنى جۇغلاپ مەزكۇر قائىدە بويىچە رىۋايەتنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى كۆپىنچە ئەھۋالدا بايان قىلىپ يازدى.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدەك بەزى ئالىملار ئۆز كىتابلىرىغا خاس توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسلەرنىلا يازدى. يەنە بەزى ئالىملار كىشىلەرنى يالغاندىن تۇقۇلغان ھەدىسلەردىن ھەزەر قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئوقۇپ قېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغاندىن تۇقۇلغان يالغان ھەدىسلەرنى توپلاپ قويۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ھەم ھەدىسنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ دەلىل ـ ھۆججەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرى، نەسەبلىرى، ئەھۋالى، تەرجىمھالى ۋە تارىخلىرىدىن بىلگەنلىرىنى جۇغلاپ يېزىپ خىزمەت قىلدى ۋە باشقا مىللەتلەردە ئازراق بىر قىسىمىمۇ تېپىلمايدىغان يۈزلەرچە ـ مىڭلارچە چوڭ ـ چوڭ توملۇق كىتابلىرىنى يېزىپ قالدۇردى.

## ھەدىسنىڭ سەنىدى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى

ئالىملار ھەدىسلەرنى ئىسناد يوللىرىغا قارىتا تۆۋەندىكى قىسىملارغا بۆلدى.

**1** ـ مۇتەۋاتىر ھەدىس. بۇ بولسا يالغان سۆزلەش ئۈچۈن بىرلىشىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ ئادەم ۋە شۇنداق كۆپ ئادەممۇ شۇنداق كۆپ ئادەمدىن ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاشقان ھەدىستۇر.

مۇتەۋاتىر ھەدىس ئىككى تۈرلۈك بولۇپ:

بىرىنچىسى، لەۋزىمۇ ۋە مەنىسىمۇ مۇتەۋاتىر بولغىنى. مۇنداق ھەدىسلەر ناھايىتى ئاز.

ئىككىنچىسى، مەنىسىلا مۇتەۋاتىر بولغىنى، بەش ۋاقىت ناماز ۋە ھەر نامازنىڭ رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەردەك. ھەدىس ياد ئالغۇچى ئالىملاردىن بىر جامائەت كىشىلەر مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنى توپلاپ كىتاب يازدى. بۇ ئالىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى چوڭ مۇھەددىس ئەللامە سەييىد مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر كەتانى بولۇپ ئۇ ئۆز كىتابىغا "مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ چېچىلغان جەۋھەرلىرىنى تېزىش كىتابى" دەپ ئات قويدى. بۇ كىتابتىكى مۇتەۋاتىر ھەدىس **500** گە يېتىدۇ.

2 ـ مەشھۇر ھەدىس. بۇ بولسا راستچىل مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ كىشى ياكى كۆپرەك كىشى ئوخشاش رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ بۇ خىلدىكى ھەدىسنىڭ لەۋزى ۋە مەنىسى بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.
3 ـ راستلىقى كۈچلۈك ھەدىس. ئۇ بولسا ئىككى راستچىل ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر.
4 ـ راستچىل بىر ئادەم رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

## ھەدىسنىڭ راستلىقىدىكى دەرىجە پەرقى

ھەدىسلەرنى ئالىملار توغرىلىقى كۈچلۈك بولۇش ۋە ئاجىز بولۇش تەرىپىدىن ئۈچكە بۆلدى.
1 ـ توغرا ھەدىس. ئۇ بولسا خاتالىقتىن خالىي بىر ـ بىرىدىن رىۋايەت قىلغان ئادەملىرىدە بىرەر مەسىلە بولمىغان، راستچىل، ھەم ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ۋە ئىشەنچىلىك ئادەم ئۆزىدەك ئادەمدىن گۇمانسىز ھالدا ئاڭلاپ ئاخىرىغا يەتكەن ھەدىستۇر.
2 ـ ياخشى ھەدىس. بۇ بولسا رىۋايەت قىلغان كىشىلەر ئارىسىدا يالغان سۆزلەيدۇ، دەپ قارالانمىغان ئادەم لېكىن ئۇلار ئارىسىدا ھەدىسنى ئىسىدە چىڭ تۇتۇشتا گۇمانلىق بىرەر كىشى بولغان ئاندىن كېيىن بۇ كىشىدىن يەنە يالغان ئېيتىشى گۇمانلىق بولمىغان راستچىل كىشىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، ھەدىس تەكشۈرگۈچى ئالىمنىڭ كۆڭلىدە بۇ ھەدىسنىڭ مەشھۇر تىگى بار ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولغان ھەدىستۇر.
3 ـ ئاجىز ھەدىس. بۇ بولسا ھەدىسنىڭ ئۆز تېكىستىدە گۇمان بولغان ياكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ۋاستە ئادەملەردىن بىرەرسى ئىشەنچىسىز ياكى بىدئەت ئىش قىلغۇچى دەپ قارىلىندىغان ئادەم بولغان ھەدىستۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس ”يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەرگىز ھەدىس ئەمەس. ئۇنى پەقەت يالغانلىقىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇكى، ھەدىس دەپ كىشىگە سۆزلەپ بېرىش ھارامدۇر.

## ھەدىسنىڭ ئىبارىتىنى تەكشۈرۈش

ھەدىس ئالىملىرى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى تەكشۈرۈش ۋە ھەدىسنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرۈشكىلا توختىلىپ قالماستىن ھەدىسنىڭ ئۆز لەۋزىنىمۇ تەكشۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زاماندىكى سۆزنىڭ ئۆز ئەينىنى تەكشۈرۈش قائىدىلىرىدىن قىممىتىدە ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىدە كەم قالمايدىغان قائىدىلەرنى تۈزگەن ئىدى. بۇ قائىدىلەرنى شاھ ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ «نەخ پايدا» دېگەن كىتابىدا خۇلاسە قىلدى ۋە قوبۇل قىلماي تاشلىنىدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلدى. ئۇ ھەدىسلەر:
1 ـ مەشھۇر تارىخىي ئەمەلىيەتكە زىت كەلگەن ھەدىس.

2 ـ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئادەم بىدئەتچى بولغان ھەدىس. بۇ ھەدىس ساھابىلاردىن قايسى بىرىگە تەنە قىلىدىغان بولسا، ياكى رىۋايەت قىلغۇچى خاۋارىج گۇرۇھىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئەۋلادىدىن بىرەرسىگە تەنە قىلىدىغان بولسا، مۇنداق ھەدىسلەر تاشلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ. ئەمما ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى قايسى بىر گۇرۇھنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكى ئېنىق بولسا، ئۇ ھەدىس قوبۇل قىلىنىدۇ.
3 ـ ھەدىس بىرلا كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ مەزمۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ۋاجىپ بولىدىغان بىر بۇيرۇقنى ئىپادىلىسە تاشلىنىدۇ.
4 ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇن كۆرۈنىشى ئۇنىڭ يالغان ھەدىسلىكىنى كۆرسەتسە، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
5 ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئەقىلغا ۋە ئىسلام تەلىماتلىرىغا زىت بولسا، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
6 ـ ھەدىس بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى راست بولغان تەقدىردە پۈتۈن خەلق بىلىشكە ۋە ئېغىزلاردا رىۋايەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بىر ۋەقەنى سۆزلىسە، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
7 ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئەھمىيەتسىز بىر سۆز بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شەرىپىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بولسا ياكى ئۇ ھەدىسنىڭ جۈملىلىرى پاساھەتلىك بولماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىڭ پاساھىتىگە ئوخشىيالمىسا، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
8 ـ ھەدىس مەزمۇنى كىچىك گۇناھلارغا قاتتىق جازاغا كۆرسىتىدىغان ياكى ئاددىي ياخشى ئىشقا چوڭ ئەجىر ساۋاب كۆرسىتىدىغان بولسا، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
9 ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالىدىن سۆزلەيدىغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەر خالايىقلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ئۆزلىرى بىۋاستە ساۋاب بېرىدۇ، دەپ سۆزلىسە، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
10 ـ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى شۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقىغا ئۆزى ئىقرار قىلسا، ئۇ ھەدىس تاشلىنىدۇ.
مانا بۇ ھەدىسلەر رەت قىلىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## ھەدىس توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەشھۇر كىتابلار

ھىجرىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ توپلاپ كىتاب يازغۇچى جامائەت بارلىققا كەلگەنلىكىنى باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.
ھىجرىيە ئىككىنچى 100 يىلىدا يېزىلغان مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرسى: «مۇئەتتا» نى ھىجرىيەنىڭ 179 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام مالىك يازغان.

ئاندىن كېيىن ھەدىسلەرنى توپلاپ يېزىش ئىشى كۆچىيىپ شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆپەيدى. لېكىن ھەدىسنى توپلاپ يېزىپ ئالاھىدە ئايرىم ئىلىم ھېسابىدا بابلارغا رەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشى 3 ـ ئەسىردە ھاسىل بولدى.

ھەدىس كىتابلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئالىملار ئالدىدا ئەڭ ئىشەنچلىكرەكى تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ”سەھىھۇلبۇخارىي“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 256 ـ يىلى ۋاپات بولغان بۇخارالىق ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىلنىڭ كىتابىدۇر.

2 ـ ”سەھىھ مۇسلىم“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 261 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام مۇسلىم ئىبنى ھەججاجنىڭ كىتابىدۇر.

3 ـ ”ئەبۇداۋۇد سۈننەتلىرى“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 275 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ كىتابىدۇر.

4 ـ ”تىرمىزىي سۈننەتلىرى“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 279 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام تىرمىزىنىڭ كىتابىدۇر.

5 ـ ”ئىبنى ماجە سۈننەتلىرى“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 273 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام ئىبنى ماجەنىڭ كىتابىدۇر.

6 ـ ”نەسەئىي سۈننەتلىرى“. بۇ، ھىجرىيەنىڭ 303 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ئىمام نەسەئىنىڭ كىتابىدۇر.

ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇسلىمنىڭ ئىككى كىتابىغا ئالاھىدە باھا بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى كىتاب ھەم ”ئىشەنچلىك ئىككى كىتاب“ دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ھەممە ھەدىس ئالىملىرى بىردەك قوشۇلغان ھەدىسلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەمما قالغان تۆت كىتاب بولسا، ئىشەنچلىك ھېسابلانغان ھەدىسلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن بەلكى ياخشى دېيىلگەن (ئىككىنچى دەرىجىدىكى) ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ كىتابلارنىڭ مۇسنەدلىرى تاشلىۋېتىلىشكە تېگىشلىك ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغاندىمۇ ئادەتتە كىتابخانلارنىڭ نەزىرىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويىدۇ.

## توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسلەرنىڭ قىسىملىرى

ھەدىس ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى توغرا ھەدىسنى ئۇنىڭ توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان سۈپەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يەتتە قىسىمغا ئايرىدى. ھەر بىر قىسىمى ئۆزىنىڭ كېيىنكىسىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىرىنچىسى ـ ئىمام بۇخارىي بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىس ”بىرلىككە كەلگەن“ ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى ـ ئىمام بۇخارىي يالغۇز رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئۈچۈنچىسى ـ ئىمامىي مۇسلىم يالغۇز رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

تۆتىنچىسى ـ بۇ ئىككى ئىمامنىڭ شەرتىگە توغرا كەلگەن لېكىن ئۇ ئىككىسى كىتابلىرىغا يازمىغان ھەدىس.

بەشىنچىسى ـ ئىمام بۇخارىنىڭ شەرتىگە توغرا كەلگەن ئەمما ئۇ كىتابىغا يازمىغان ھەدىس.

ئالتىنچىسى ـ ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشكەن، لېكىن ئۇ كىتابىغا يازمىغان ھەدىس.

يەتتىنچىسى ـ ئىشەنچلىك ئىماملارنىڭ بىرى، ”ئىشەنچلىك“ دەپ باھا بەرگەن ھەدىس.

## ھەدىس بولسا ئىسلام قانۇنىنى تۈزۈشنىڭ مەنبەسىدىندۇر

فىقھىشۇناسلار ھۆكۈملەرنى پەقەت توغرا ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ھەدىسلەردىن ۋە ياخشى ھەدىسلەردىن ئالىدۇ. ئاجىز ھەدىسلەر ھۆكۈملەرگە دەستەك قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئاجىز ھەدىس بىلەن بىر ئىشقا قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. بەزى ئالىملار گۈزەل ئەخلاققا ۋە ياخشى ئىشقا تەرغىب قىلىدىغان ھەدىسلەردەك ياخشى ئىشلار ھەققىدە كەلگەن ئاجىز ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى دورۇس دەپ قارىدى. ئىمام غەزالى ئۆزىنىڭ: ”ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىن (دىنىي ئىلىملەرنى راۋاجلاندۇرۇش)“ دېگەن كىتابىدا شۇنداق قىلغان.

شۇنى ئاگاھلاندۇرۇشىمىز كېرەككى، ئاجىز ھەدىسلەر ئىچىدە بەزى ھەدىسلەر باركى، ئۇ ھەدىسلەر يالغاندىن توقۇلغان ھەدىس قاتارىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەرىجىسى يالغاندىن توقۇلغان ھەدىستىن ئۇنچە يۇقىرى ئەمەس. بەزى ئاجىز ھەدىسلەر ئەمەلىي ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىدا قويۇشتا قۇرئاننىڭ روھىغا زىت كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. پايدىلىنىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئاجىز ھەدىسلەرنى تۆتۈشتىن ئېھتىيات قىلىش ۋە مۇمكىن قەدەر ئاجىز ھەدىسلەردىن پايدىلانماسلىق ياخشىدۇر.

## ھۆكۈم يالغاندىن تۇقۇلغان ھەدىسلەردىن ئېلىنمايدۇ

ھۆكۈم يالغاندىن تۇقۇلغان ھەدىسلەردىن ئېلىنمايلا قالماستىن ھەتتا بۇنداق ھەدىسلەرنى باشقىلارغا رىۋايەت قىلىپ بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ ھارام. بۇ ھەدىسلەر ھەققىدە سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە، پەقەت ئۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سۆزلەشكە بولىدۇ. ”دائىرەتول مەئارىپىل“ نامدىكى ئىسلام توغرۇسىدا قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر مۇنداق دەيدۇ: ”مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارغا ۋە يامان غەرەز بىلەن تۇقۇلغان ھەدىسلەرنى خەلق ئارىسىدا تارقاتقۇچىلارغا لەنەت ئوقۇپ تۇرۇپ يەنە ئاددىي ئىشلارنى ھېسابقا ئېلىپ بەزى ئەھۋالدا ھەدىس يالغاندىن تۇقۇلغان ھەدىس بولسىمۇ ئۇنى تۆتىدۇ. خۇسۇسەن يالغاندىن تۇقۇلغان ھەدىسلەر بەزى ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ئەخلاق

تەلىماتى ھەققىدە بولسا، ئۇنى ھەدىس دەپ سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش ھەقىقەتكە زىت ۋە ھەدىس ئىلمىگە چاپلانغان بىر بوھتاندۇر. بۇنداق قاراشنى ئالىملار بۇرۇنلا پاچاقلاپ تاشلىغان ئىدى.

”ئىبنى سالاھنىڭ مۇقەددىمىسى“ دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان ھەدىس ئىلىملىرى كىتابىدا يېزىلغان مۇنداق بىر نەچچە ئېغىز سۆز بار: يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلار بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بۇلاردىن ئىسلامغا چوڭراق زىيانلىق بولغىنى دۇنيانى سۆيمەسلىك (زاھىتلىق) نى ئۆزىگە نىشان قىلغان بىر جامائە بولۇپ، بۇلار ئۆز گۇمانىدا ساۋابلىق ئىش قىلدىم، دەپ يالغان ھەدىس توقۇيدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى زاھىد، دەپ ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ توقۇغان يالغان ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارغا بېرىلىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەدىسنىڭ راست يالغىنىنى ئايرىيدىغان ئالىملار قوپۇپ ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىدۇ.

## ھۆكۈملەر بەزى ھەدىسلەردىن چىقىرىلىدۇ ۋە بەزىلىرىدىن چىقىرىلمايدۇ

شۇنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى ۋە ماقۇل كۆرۈپ قارارلاشتۇرغانلىرىدىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپتىن رىۋايەت قىلىنغان ۋە كىتابلارغا يېزىپ توپلام قىلىنغان ھەدىسلەر مۇنداق بىر قانچە قىسىم بولىدۇ:

1 ـ ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇخلاش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، بىر ـ بىرىنى يوقلاش، ئىككى شەخسنىڭ ئارىسىنى ئادەت بويىچە ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇش ۋە ئېلىم ـ سېتىم توغرۇلۇق خەۋەردار بولۇشتەك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى ھەققىدىكى ھەدىسلەردۇر.

2 ـ تەجرىبىلەر، شەخسىي ئادەت ۋە جەمئىيەت ئادەتلىرى ھەققىدىكى ھەدىسلەر بولۇپ، زىرائەت ۋە تىبابەتچىلىككە ئوخشاش مەزمۇنلاردىكى ھەدىسلەردۇر.

3 ـ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئەسكەر يوللاش. ئەسكەر سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك مەخسۇس ئەھۋال ۋە ۋەزىيەتلەر ئۈستىدە پىلان قىلىشتەك مەزمۇنلاردىكى ھەدىسلەردۇر. بۇ ئۈچىنچى تۈرلۈك ئىشلار ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر. ئۇ ئىشلارنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن بۇيرۇق ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىنسانلىق ئېھتىياجى يۈزىدىن قىلىنىدىغان، يا قىلىنمايدىغان ئىشلار بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ئىشلىرى قانۇن ئەمەس ۋە قانۇن مەنبەسىمۇ ئەمەس. (يەنى بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلماي، ئۇلارنى ئۆز زامانىسى، ئۆز شارائىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە باشقىچە قىلغان كىشىگە ھېچقانداق گۇناھ يوق).

## ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىدىن ئومۇمىي ھۆكۈم ۋە بەزىسىدىن خۇسۇسىي ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ

ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ھەدىسلەرمۇ مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اﷲ تائالانىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن اﷲ تائالانىڭ ئەمرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سۆزلىگەن ھەدىسىدۇر. مەسىلەن: قۇرئاندا ئىخچام بولۇپ، تەپسىلىي كۆرسىتىلمىگەن مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاپ بەرگەن، ياكى قۇرئاندا ئومۇم بولغان ھۆكۈمنى خاس قىلغان، ياكى مۇتلەق سۆزنى شەرتكە باغلىغان، ياكى ئىبادەتلىرىدىكى بىرەر مەسىلىنى بايان قىلغان، ياكى ھالال، ھارام، ئەقىدە ۋە ئەخلاق، يا بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىگەن ھەدىسلەردەك.

بۇ خىل ھەدىسلەرمۇ مۇسۇلمانلارغا قىيامەتكىچە قانۇن دەستۇر بولىدۇ. بۇ خىل ھەدىسلەردە مۇسۇلمانلار بىرەر ئىشقا بۇيرۇلغان بولسا، ھەر شەخسنىڭ ئۆزى ئۇ ئىشقا قەدەم سېلىشى لازىم. ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرەر ئىشتىن مەنئىي قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى لازىم.

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمىي مۇسۇلمانلار جامائىتىگە رەئىس ۋە رەھبەر بولغانلىق سۈپىتى بىلەن سۆزلىگەنلىرى. مەسىلەن: ئۇرۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىش، خەزىنە ئىقتىسادىنى يوللۇق چىقىملارغا سەرپ قىلىش، ئىقتىسادنى كىرىم مەنبەلىرىدىن يىغىش، قازى ۋالى (دىنى مەئمۇر رەھبەر) لەرنى تەيىنلەش، چەتئەللەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىم تۈزۈش ۋە بۇنىڭدىن باشقا جامائەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمىي پىلان ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىگەن ۋە ئىشلىگەنلىرىدەك.

بۇلارنىڭ ھۆكمى ئومۇمىي قانۇن ئەمەس (ھەر شەخسنىڭ ئەمەل قىلىشى لازىم بولغان قانۇن ئەمەس). مۇنداق ئىشلارنى رەھبەرنىڭ رۇخستى بولماي ئۆز ئالدىغىلا ئىشلەشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنىنى ياكى قىلىشنى تەلەپ قىلغىنىنى ھۆججەت قىلىپ ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى چاغلاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قازىلىق سۈپىتى بىلەن سادىر بولغان ئىشلاردۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اﷲ تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان ۋە سىياسەتنى پىلانلايدىغان ئومۇمىي رەئىس بولۇشى بىلەن بىللە ئىجتىمائىي زىددىيەت دەۋالارغا ھۆكۈم قىلىدىغان قازى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ئىشلىرىنى رىۋايەت قىلىدىغان ھەدىسلەرمۇ ھەر شەخس ئۆز ئالدىغا قىلىدىغان ئاممىۋىي قانۇن ئەمەس. شۇڭا بىر كىمنىڭ بىر كىمدە ھەققى بولسا، قەرزدار ئۇنىڭغا تېنىۋالغان ۋاقتىدا ھەق ئىگىسىنىڭ ھۆججىتى ياكى گۇۋاھ ئىسپاتى بولسىمۇ، مەھكىمە شەرئىيىگە توغرىلاپ ھۆكۈم قىلدۇرماي ئۆزى چارە قوللىنىپ ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى قەرزدار قەرزگە تېنىۋالغان ۋاقتىدا ئۇنى مەھكىمە ھۆكمى ئارقىلىق ئېلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىكى قائىدە ئىدى.

بارلىق گۈزەل نەتىجىلەر اﷲ تائالاغا خاستۇر!